YILI WENSHI ZILIAO

# ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى

بىرلەشمە توپلام ( 1. ساندىن 5. سانغىچە )



سىياسىي كېڭەش ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق
كومىتېتىنىڭ تارىخ ماتېرىياللار كومىتېتى تۈزدى

ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى

بىرلەشمە توپلام (1. ساندىن 5. سانغىچە)



伊犁文史资料(1–5)
(维文)

伊犁哈萨克自治州政协文史资料委员会编
伊犁金圣经贸有限责任公司印刷厂印刷

新疆维吾尔自治区内部资料准印证第26号

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى

## بىرلەشمە توپلام (1ـ ساندىن 5ـ سانغىچە)

Guynurjan Osman



سىياسىي كېڭەش ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتىنىڭ

تارىخ ماتېرىياللار كومىتېتى تۈزدى

2009ـ يىل 12ـ ئاي ، غۇلجا

باش مەسلىھەتچى: ساۋۇتبېك نۇرلان
باش مۇھەررىر: ئارۇپجان سادىق
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: چيۇ جيەنيۇ
مەسئۇل مۇھەررىر: دولقۇن روزى
كوررېكتور: قەيسەر قېيۇم

# ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى

## ( 1 . 5 )

سىياسىي كېڭەش ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتىنىڭ
تارىخ ماتېرىياللار كومىتېتى تۈزدى
ئىلى جىنشىڭ سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ش ئۇ ئا ر ئىچكى ماتېرىياللارنى بېسىشقا رۇخسەتنامىسى 26 №

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى جارى

قىلدۇرۇپ جۇڭخۇا تارىخىي ماتېرىياللىرىنى تېخىمۇ

بېيىتايلى!

ئابلەت ئابدۇرىشىت

[illegible]-يىل ١١- سېنتەبىر

宏扬民族优秀文化，更加丰富中华文史资料。

全国政协副主席阿不来提·阿不都热西提题词

تارىخىي ماتېرىياللار [illegible] [illegible] كۆرسىتىپ،

ئادەمزاتنىڭ [illegible] مەدەنىيەت جەھەتتىكى [illegible]،

[illegible] تارىخىي ماتېرىياللارنى [illegible] [illegible] [illegible] جارى-

[illegible]!

ئەسھات كەرىمباي ئوغلى

٢٠٠٩-يىلى ١١-[illegible]

增强文史意识，汲取人类优秀文化成果，开创伊犁文史工作新局面。

新疆维吾尔自治区政协主席艾斯海提·克里木拜题词

www.uyghurkitap.com

ىلە تاريحي ماتەريالدارى - ۇلت رۋحىنىڭ
جاۋھارى، زامانىمىزدا بوداۋلار بەرگەنىمىزبەن
پايداسى عاسىرلارعا جالعاسىپ،
ۇرپاقتارعا سايادى، ىنتىماقتىلىقپەن ادام
تاربيەلەۋگە تيىمدى.

ساۋتبەك نۇرلان ۇلى

伊犁文史　民族瑰宝　功在当代
利在千秋　惠及子孙　团结育人

伊犁哈萨克自治州政协主席沙吾提别克・努尔兰题词

# سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىرىنىڭ پائالىيەت سۈرەتلىرىدىن كارتىنىلار



مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق تۈت يۈرۈش رەھبەرلىك ئاپپاراتىدىكىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا، غۇلجا شەھىرىدىكى ئەرزان ئىجارىلىك ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.



مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ساۋۇتبېك نۇرلاننىڭ ھەمراھلىقىدا غۇلجا ناھىيىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.



2007-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماقتا.




ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىلىق سىياسي كېڭەشىنىڭ رەئىسى ساۋۋتبېك نۇرلان سىياسي كېڭەش ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىلىق 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا خۇلاسە سۆزى سۆزلىمەكتە.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## 1 ـ سان


ئىلى گۇلۇڭ ـ بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى..............................تېيىپجان ھادى(1)

ئىلىدىكى ئوقۇش ئىشلىرى ـ ئۇسۇل قەدىم ۋە ئۇسۇل جەدىت توغرىسىدا..........

............................................................مۇھەممەتخان كامالى(50)

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا ئەسلىمە .................. سالاھىدىن سىدىق(56)

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا كۈرەشنىڭ ئازاد قىلىنىشى..................توختى ئىبراھىم (73)

زالالەتتىن ـ سائادەتكىچە ...............................ئابدۇراخمان ناۋائىي(91)

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەسىرى.............................

.............................................................مۇھەممىدىن ئىسلامى(100)


## 2 ـ سان


خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى..............تېيىپجان ھادى(111)

گېنېرال ئىسھاقبېك مونونوف ...............................توختى ئىبراھىم(145)

خەلقنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى دەلىلقان سۇرگۇرابېۋ.............قۇستاي جاقيا ئوغلى(193)

قەلبىمىزدىكى ئۆچمەس يۇلتۇز ئابدۇكېرىم ئابباسوف..............ئابلىمىت ياقۇپ(199)

ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچى لۇجى..................................ئابلىمىت ياقۇپ(216)

ئەكبەر باتۇر ..........................................قوجاي دوقاس(225)

## 3 ـ سان


چۆچەك مائارىپىنىڭ 40 يىلى ..................ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابلىمىت ھاجىيوپ
..........................................رەتلىگۈچى: تاھىر تاشبايېف، ياڭ رېنجى(245)
مىللىي ئارمىيىسىنىڭ خۇيزۇ (تۇڭگان) 10 ـ ئاتلىق پولكى ھەققىدە ئەسلىمە..........
..........................................ھەسەننۇر ھاجىبولۇس(259)
كونا ۋە يېڭى كۈرەدە ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرىم..................سىدىق ئىمىن(272)
ئىلىنىڭ جۇڭگوچە داۋالاش، دورىگەرلىك ئىشلىرى ھەققىدە ئەسلىمىلەر..........
..........................................جۇ باۋلىن(291)


## 4 ـ سان


ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوراللىق كۈچلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدا..........
..........................................قوجاي دوقاس(307)
ئىلى يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى توغرىسىدا قىسقىچە بايان..........
..........................................ئەيساجان مۇسا، ئىمىن ئىبراھىم(327)
ئاشۇ يىللاردا ..................................ئەرشىدىن تاتلىق(349)
ئۇنتۇلماس خاتىرە..................................ئەخمەت تۇردىيوپ(372)
سادىر پالۋاننىڭ يېڭىدىن تېپىلغان قوشاقلىرى ھەققىدە..........تېيىپجان ھادى(377)
جاڭ پېييۇەننىڭ ئىلىدىكى ئۆكتەملىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋېلىشى.....
..........................................سىدىق ئىمىن(392)


## 5 ـ سان


ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى قوزغىلىڭىنىڭ ئۆتمۈش جەريانى توغرىسىدا..........
..........................................ياڭ ليۇفىڭ(413)
جاڭ جىجۇڭ ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى..........................تاۋ تيەنبەي(450)
ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى (ئىلى بىلىم يۇرتى) ھەققىدە..........

www.uyghurkitap.com

مىرغىياس يۈسۈپ ...... (487)

تارباغاتاي ئاياللار مائارىپىنىڭ پېشۋاسى ـ گۈلەندەم خەبىبۇللىنا ......

تاھىر تاشبايېف، ياڭ رىنجى ...... (524)

1950 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئىلىدا چىققان گېزىتلەر توغرىسىدا ......

مەھەممەت توخسۇنوپ، زۇنۇن تاھىر ...... (528)

قەدىمىي يولدىكى ئۆچمەس خاتىرىلەر ...... غوجائەخمەت يۇنۇس (540)

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە كۈرەدە ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىم ......

ۋاڭ جۇنچاڭ ...... (544)

ئاخىرقى سۆز ...... (548)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى

## 1- سان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئىلى گۆڭ ـ بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى

تېيىپجان ھادى

مانجۇ ھاكىمىيىتى(چىڭ سۇلالىسى) پۈتۈن شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، 1762 ـ يىلى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ھەم شىمالىنى باشقۇرىدىغان ھەربىي ـ مەمۇرىي ئورگان ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، بۇ ئورگاننى شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت مەركىزى قىلىپ بېكىتتى. ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي باشلىقى بىر نەپەر جياڭجۈن بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىلى، تارباغاتاي، ياركەن، ئۈرۈمچى ھەم شەرقىي يول (گۇچۇڭ، قۇمۇل، پارىكۆل...) لاردا مەسلىھەتچى، باشلامچى ھەم ئىش بېجىرگۈچى قاتارلىق ئامباللىرى① تۇراتتى. بۇ ئامباللارنىڭ قول ئاستىدىكى شەھەرلەردە يۇقىرىدىقىغا ئوخشىغان ئەمەلدارلار قويۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەنچىڭ ئوردىسى تەرىپىدىن ئالاھىدە يارلىق بىلەن بېكىتىلەتتى. جياڭجۈن مەھكىمىسى تەركىۋىدىكى بۇ ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي ئەمەلدارلار بولۇپ، چېگرا مۇداپىئە، ئىچكى تىنچلىقنى قوغداش، بوز يەر ئېچىش، ئەسكىرىي تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن بىللە ھەر بىر شەھەرلەردىكى يەرلىك ھاكىمىيەت (ھاكىم ـ بەگلىك) ۋە خان ئوردىسى تەرىپىدىن مەخسۇس يارلىق بىلەن تەيىنلەنگەن ۋاڭ، گۇڭ، تەيجى، بېيلى، بېيسىگە ئوخشاشلارنىڭ ئىشلىرىنى بىۋاسىتە باشقۇرغانىدى.

ۋاڭ، گۇڭ، تەيجى ھەم بېيلى، بېيسىغا ئوخشاش مەنسەپدارلار مانجۇ ھاكىمىيىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، يەرلىك مىللەت كىشىلىرىدىن خىزمەت كۆرسىتىپ، مەنچىڭ ئوردىسىنىڭ ئالقىشىغا ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن كىشىلەرگە بېرىلگەن مەنسەپ ھەم ئۇنۋانلار ئىدى.

خەنزۇچە قامۇسنىڭ 970 ـ بېتىدە: «ھاكىمبەگ ـ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە تەسىس قىلىنغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئالىي مەنسەپ ئىسمى بولۇپ، بۇ مەنسەپ ئەۋلاددىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالىدۇ. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن بەگلىك تۈزۈم ھوقۇقىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇلارغا

مەلۇم گە ئۆزگەرتىلىپ، جاساق تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.بەگلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا مەلۇم مىقداردا يەر، يانچى قاتارلىقلار بېرىلدى. بەگلىك تۈزۈمى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 31 شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان. 1883-يىلى (گۇاڭشۈيىنىڭ 9-يىلى) ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن تارقىتىۋېتىلگەن» دەپ كۆرسىتىلىدۇ.

«چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» دە: «ھاكىمبەگلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىنى بېجىرىدىغان مەنسەپ بولۇپ، مەسئۇلىيىتى بىرقەدەر ئېغىر، ئۇنىڭ ئورنىغا بەلگىلەش ئۈچۈن ئادەم چىقمىسا، رەسمىي مەنسەپنى بەلگىلەپ، يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇنۇش لازىم. ناۋادا تەيجىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ئادەم قوشۇمچە ئىلىنىڭ مەھكىمە باشلىقى بولغان بولسا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاكىمبەگلىك ۋەزىپىسى ئۆز قەبىلىسىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا قالدۇرۇلسۇن» ② دەپ خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىدا دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن ئىككى ئابزاستىنمۇ پەرق ئېتىپ تۇرىدۇكى، ۋاڭ، گۇڭ، تەيجى، بېيلى، بېيسىگە ئوخشاش مەنسەپدارلار بىلەن ھاكىمبەگ باشقا-باشقا مەنسەپ-ۋاڭ، گۇڭ، تەيجىلەر چىڭ خاندانلىقى تەرىپىدىن بېرىلگەن مەنسەپلەر بولۇپ، ھاكىمبەگ بۇرۇندىن كېلىۋاتقان ئەۋلادى ۋارىسلىق قىلىدىغان ئورۇندۇر. ھەر ئىككى ئۇنۋان ئىگىلىرى باشقا-باشقا شەخسلەردۇر.

مەنچىڭ خاندانلىقى 1762-يىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىش بىلەن تەڭلا، شۇ يىلى «ئىلى گۇڭ-بەگلىكى مەھكىمىسى» نىمۇ قۇردى. گۇڭ ۋە ھاكىمبەگلىك مەنسىپىنى تولاراق بىر كىشى ئۆتەيتتى پەقەت خالزاتخان تەيجى زامانىدىلا ھاكىمبەگلىكنى باشقا كىشىلەر ۋاقىتلىق بېجىرگەن بولسىمۇ، كېيىن خانلىقنىڭ بۇيرۇقى بويىچە گۇڭ، تەيجى بولغان كىشىلەر ھاكىمبەگلىكنى بىللە ئېلىپ باردى.

1762-يىلدىن شىنخەي ئىنقىلابىغىچە 140 يىل ئىچىدە ئىلى گۇڭ-بەگلىكىنى بىر ئەۋلادتىن توققۇز كىشى ئۆتىدى. بۇ ئائىلە شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ فېئودال ئائىلىلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ يىراقتىكى چېگرىسى بولغان ئىلى ۋادىسىنى ئاۋات قىلىشتا ئۆزىگە چۇشلۇق خىزمەت ئەجىرلىرى بار.

مەن «ئىلى گۇڭ-بەگلىكى» ھەققىدە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆگىنىپ، توپلىغان ماتېرىياللىرىمنىڭ كۆپ قىسمىدىن ئاپەتلىك يىللاردا (مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا - مۇھەررىردىن ئىزاھ) ئايرىلىپ قالغان بولسامۇ، ئېسىمدە قالغان ۋە يېقىندا توپلىغان بەزىبىر ماتېرىياللارغا ئاساسەن بۇ ماقالىنى يېزىپ، ئىلى گۇڭ-بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن بىر قانچە يىلغىچە بولغان ئىش ئىزلىرىنى

www.uyghurkitap.com



كۆرسەتمەكچى بولدۇم. بىراق يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر قانچە ئۈرۈنلار تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن بولماي قېلىشى ئېھتىمال، بۇ تارىخىي ئەھۋالدىن خەۋىرى بار يولداشلارنىڭ ماتېرىيالنىڭ تولۇقلىنىشىغا ياردەم بېرىشلىرىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

## 1. ئىمىن ۋاڭ

ئىلى گۇڭ بەگلىرى ـ ئىلى ھاكىمبەگ غوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمبەگ ئاتالغان بىرىنچى ئاتىسى، مەنچىڭ (مانجۇ) ھاكىمىيىتى دەۋرىدە «لۈكچۈن ۋاڭى» ئۇنۋانىنى ئالغان تۇرپان قاراغوجىلىق ئىمىن ۋاڭدۇر. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئىمىن ۋاڭ 1694 ـ يىلى تۇغۇلغان. «ئۇيغۇر زېمىنى تەزكىرىسى»نىڭ 4 ـ جىلتىدا بۇ زاتنى ۋاڭلىق مەنسىپىگە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى «ئىمىن غوجا تۇرپانلىق ئۇيغۇر، ئەجدادى سوپى غوجىلار بولۇپ، قاراغوجىنىڭ ئاخۇنى، دادىسى نىياز غوجا تۇرپاننىڭ ئاخۇنى، ئىمىن غوجا قەبىلىسى بىلەن لۈكچۈندە تۇرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ مەزگىلدە جەنۇبتا ئاپپاق غوجا، شىمالدا خۇنتەيجى (قۇنتاجىمۇ دېيىلىدۇ ـ مۇھەررىردىن ئىزاھ) ئۆلۈپ، ھەر ئىككى ھۆكۈمدارنىڭ ئوغۇللىرى بىر ـ بىرى بىلەن ئاتىلىرىنىڭ ئورۇنلىرىنى تالىشىپ، ئىچكى جېدەلگە كىرىشىپ كېتىشكەنىدى. ئاپپاق غوجىنىڭ ھاياتلىقىدا بۇنىڭ ھۆكۈمدارلىق ئورنىنى ئېلىش كويىدا بولۇپ كېلىۋاتقان رەقىبلىرى بولۇپ، بۇلار جەنۇبنى نازارەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئاباغازجان تۆرىگە: «ئاپاق غوجىنىڭ باللىرى جۇڭغارلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ھازىرلىنىۋاتىدۇ» دەپ چاقۇ قىلىدۇ. بۇ سۆز بىلەن جۇڭغار ھاكىمدارلىرى ئاپپاق غوجىنىڭ باللىرىدىن گۇمانلىنىدۇ، ئاپپاق غوجا ئەۋلادلىرىدىن ئەخمەت دېگەننى رەنە (تۇرغاق غوجا ھېساپىدا ـ مۇھەررىردىن ئىزاھ) ھېساپىدا ئىلىغا ئېلىپ چىقىپ تۇتۇپ تۇرىدۇ. خۇنتەيجىنىڭ چوڭ ئوغلى داباجى ئۆزىنى «جۇڭغارىيىنىڭ تۆرىسى» دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئىككىنچى ئوغلى غالدان سېرىن قارشىلىق كۆرسىتىپ مالىماتاڭنى كۆچەيتىدۇ. تىنچ ئائىلىلەرگە، شۇلار قاتارىدا تۇرپان ئاھالىسىگە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ تالان ـ تاراج يۈرگۈزىدۇ. بۇ قىلمىشلار خەلقنىڭ، شۇنىڭدەك نوپۇزلۇق زاتلارنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغاپ، جۇڭغار ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش كويىغا چۈشىدۇ. بۇ ئىشقا شۇ چاغدا تۇرپان رايونىدا دىنىي ۋە ئەمەلىي كۈچى خېلىلا چوڭ بولغان ئىمىن غوجا ئاتلىنىدۇ ۋە ئاپاق غوجا ئوغۇللىرىغا ياردەم سوراپ ئەلچى

ئەۋەتىدۇ. ئەلنى «ئاق تاغ»، «قارا تاغ»، (ئاق تۇغ، قارا تۇغ، ئاق تەقىيە، قارا تەقىيە) لىقلارغا بۆلۈپ، ئىچكى يېغىلىققا كىرىشىپ كەتكەن ئاپپاق غوجىنىڭ ئوغۇللىرى ئىمىن غوجىنىڭ ئەلچىلىرىگە بېپەرۋا قارايدۇ. ئەلچىلەر يېنىپ چىقىدۇ.

ئىمىن غوجا ئاندىن مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ مۇشۇ چاغدىكى خانى چيەنلۇڭ خانغا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ھوزۇرىغا ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىدۇ. شىنجاڭغا قوشۇن چىقىرىش چيەنلۇڭ خانىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى چوڭ ئىشلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن يۈرۈش قىلماي كەلگەنىدى. دەل مۇشۇنداق چاغدا ئىمىن غوجا ئەلچىلىرىنىڭ كېلىشى خاننى تولىمۇ خۇرسەن ھەم خاتىرجەم قىلىدۇ. شۇڭا ئەلچىلەرگە ناھايىتى چوڭ ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ كۈتىدۇ ھەم نۇرغۇن سوۋغات بىلەن ئەلچىلەرنى قايتۇرىدۇ.

ئىمىن غوجا مەنچىڭ خاندانلىقىغا تەۋەلىك بىلدۈرگەندىن كېيىن، خانلىق يۈڭجىنىڭ 10-يىلى (1732-يىلى) يارلىق بىلەن ئۇنى «جاساق بەگ» ئۇنۋانى (ئەۋلاددىن-ئەۋلادقا قالىدىغان مەنسەپ ئۇنۋانى) بىلەن تارتۇقلايدۇ. ئىمىن غوجا مۇشۇ ئۇنۋان بىلەن مەنچىڭ ھۆكۈمىتى پۈتۈن شىنجاڭنى تىنچلاندۇرغىچە تۇرپاننىڭ جاساق بېگى- ھاكىمبەگ غوجىسى بولۇپ قالىدۇ.

ئىمىن غوجا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۆز ئاھالىسى بىلەن جۇڭغار ھاكىمىيىتىنىڭ ھەر تەرەپلىمە بېسىمى ۋە زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارغا باشچىلىق قىلىپ، ئۆز ئورۇنلىرىنى ۋاقىتلىق تاشلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ بوز يەر ئاچىدۇ، ئۆزلىرىنى تەمىنلەيدۇ. جۇڭغارلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى قايتۇرۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا يۈڭجىنىڭ 11-يىلى (1733-يىلى) ۋە چيەنلۇڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىلى) ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ پۇگوگۇڭ (دۆلەتكە ياردەم بەرگۈچى گۇڭ)، «جىنگو گۇڭ» (دۆلەتنى تىنچلاندۇرغۇچى گۇڭ) دېگەن ئۇنۋانلار بېرىلىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) جۈنۋاڭ (ۋىلايەت بېگى) دېگەن ئۇنۋاننى بېرىپ، 2-يىلى «جۈنۋاڭ» دەپ رەسمىي يارلىق بىلەن جاكارلىنىدۇ. بۇ ئارىلىقتا تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى جېدەللەر يىلدىن-يىلغا كۆپىيىپ كېتىدۇ. قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق ئورۇنلار خانلىققا تەۋەلىك بىلدۈرگەن قولايلىق ۋەزىيەت ئاستىدا چيەنلۇڭ خان 1757-يىلى شىنجاڭغا قوشۇن چىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇپ، جاۋخۇيىنى قوماندان قىلىپ بېكىتىپ، يۈرۈش قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىمىن گۇڭ تۇرپاندا تەشكىل قىلغان ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن جاۋخۇيىنىڭ ئىلى ۋادىسىغا ئەۋەتكەن قىسىملىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، يۇلتۇز يايلىقى بىلەن ئىلىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. تاغ ئارىسىدا تۇرپان تەرەپكە قاراپ يانغان بىر بۆلۈم مانجۇ چېرىكلىرىنى يولۇقتۇرىدۇ. بۇ چېرىكلەر جۇڭغارلارنىڭ مەنچىڭ قىسىملىرىنى قىستاپ ئابرال تېغى ئۈستىگە چىقىرىپ قويغانلىقىنى، تەمىناتتىن قىسىلغانلىقىدىن تەمىنات ھەم ياردەمچى كۈچ سوراپ كېتىپ بارغانلىقلىرىنى ئېيتىدۇ.③ ئىمىن گۇڭ ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ «ياردەم ئۈچۈن كېتىپ بارغانلىقى»نى بىلدۈرۈپ، يۈرۈشىنى داۋام قىلىدۇ. ئۇ ئىلى ۋادىسىغا كېلىپ، ئابرال تېغىغا سولىنىپ قالغان مەنچىڭ چېرىكلىرىگە ياردەم بېرىپ، جۇڭغارلارنى تازىلاش بىلەن، غۇلجا قارادۆڭ ئۈستىدىكى ئالتۇن سۈمە (جىنىدىڭسى)، ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، چاپچال قاينۇقتىكى مۇنگۈن سۈمە (يىڭدىڭسى)گە تويلانغان جۇڭغار قىسىملىرىنى يوقىتىپ، جۇڭغارلارنى پۈتۈن ئىلى ۋادىسىدىن تازىلايدۇ. مەنچىڭ قوشۇنلىرى بىلەن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، جەنۇبنى تىنچلاندۇرۇش ئىشىغا قاتنىشىدۇ. جەنۇبنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن ئىلىغا قايتىپ چىقىپ، ئابرال تېغىنىڭ كۈنگىيى، قاش دەرياسىنىڭ لېۋىدە سېپىل سوقتۇرۇپ قورغان ياسايدۇ ۋە بۇ يەردە تۇرىدۇ.④

ئىمىن گۇڭ مەسلىھەتچى ئامبال ئاگۇيلار بىلەن قاش سېپىلىدا تۇرۇپ، كەڭ ئىلى ۋادىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مانجۇ چېرىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھىمايىچىسى شىبە، سولۇن ۋە داغۇر قوشۇنلىرىنىڭ تۇرىدىغان يىڭفاڭ (گازارما)جىياڭجۇن مەھكىمە ئورۇنلىرىنى بەلگىلەپ بېكىتىش بىلەن بۇلارنىڭ تەمىناتىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان دېھقانلارنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، دېھقانلار ئۈچۈن تۇراقلىق جاي ۋە تېرىلغۇ مەيدانلىرىنى ۋە بۇلارنى باشقۇرىدىغان مەھكىمە تۇرىدىغان بىر شەھەر (غۇلجا شەھەر) نى قۇرۇشقا خان ئوردىسىغا تەكلىپ بېرىدۇ.

ئىلگىرى ئىلىدا قەدىمدىن بار ئۇيغۇرلارنىڭ(تارانچىلارنىڭ) نوپۇسى ئۇرۇش سەۋەبلىك كېمىيىپ كەتكەنلىكتىن، شۇنچە كۆپ سانىدىكى قوشۇننىڭ يېمەك-ئىچمىكىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، جەنۇبتىن 6000 ئۆيلۈك ئۇيغۇرنى كۆچۈرۈپ چىقىشنى بېكىتىدۇ.

مەنچىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، يوقىرىقى ئىشلارنى قىلىش بىلەن چيەنلۇڭنىڭ 27-يىلى (1762-يىلى) تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى باشقۇرىدىغان ئورۇن مەركىزىنى ئىلى قىلىپ بېكىتىپ،

ھەربىي-مەمۇرىي ئورگان-ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىدۇ. مانجۇ مىللىتىدىن بولغان مىڭرۈينى جياڭجۈن، مەسلىھەتچى ئامبالىلىققىمۇ (سەنزەن داچىنلىقا) يەنە مانجۇ مىللىتىدىن ئاگۈينى بېكىتىدۇ.

چيەنلۇڭ خان ئىمىن گۇڭ غوجىنىڭ خانلىققا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ ساداقەتلىك كۆرسەتكەنلىكى، مەنچىڭ قوشۇنلىرى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ھەم جەنۇبىنى تىنچلاندۇرغانلىقى ۋە ئىلىنى ئاۋات قىلىش خىزمەتلىرىنى يۇقىرى باھالاپ، ئۇنىڭغا ۋاڭلىق ئۇنۋانى بېرىپ، ھەرقايسى ئورۇنلارغا يەرلىكلەردىن ئەمەلدار تەيىنلەشكە توغرا كەلسە، ئىمىن ۋاڭ ئەۋلادىدىن بەلگىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۆۋەندىكى يارلىقنى چۈشۈرىدۇ:

« ... قۇمۇل، تۇرپان ئىككى ئورۇندىكى ئۇيغۇرلار دۆلىتىنىڭ ئىتائەتمەنلىرىدۇر، باشقا ئورۇندىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مەن شىنجاڭنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن ئىتائەتمەنلىك بىلدۈرگەنلەردۇر، ئۇلارنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ كەلگىلى 30 يىل بولدى. بۇلارغا ئايرىم-ئايرىم ئىلتىپاتلار كۆرسىتىمەن. ۋاڭ، بېيلى، بېيسى، گۇڭ ھەم تەيجى ئەمەللىرىنى بېرىمەن.

چيەنلۇڭنىڭ 48-يىلى شۇ تارماقنى كۆرسەتكىنىچە بەزىلىرىگە ئۆمۈرلۈك، بەزىلىرىگە ئەۋلاددىن-ئەۋلادقا قالىدىغان ئورۇن ئىنئام قىلىمەن»⑤.

ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىمىن ۋاڭ تۇرپانغا قايتىدۇ. لۈكچۈندە تۇرۇپ مەشھۇر ۋاڭ ئوردىسى قۇرۇلۇشىنى باشلاپ، ۋاڭلىق خىزمىتىنى بۇ ئورۇندا تۇرۇپ ئىشلەيدۇ.

ئىمىن ۋاڭنىڭ سۇلايمان، ئاقبەگ، مۇسا ھەم ئورانزىپ قاتارلىق 10 غا يېقىن ئوغۇللىرى بولۇپ، سۇلايمان ئەڭ چوڭ ئوغلىدۇر. ئۇ دادىسى ئىمىن ۋاڭ دەسلەپتە مەنچىڭ خانلىقىغا تەۋەلىك بىلدۈرگەندىن كېيىن تۆۋەندىكى ئورۇنغا ئىگە بولغان:

«تۇرپان ئىمىن غوجىنىڭ ئوغلى سۇلايماننىڭ ئولتۇرۇشلۇق جايىدۇر، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئالتە شەھەر بار، بۇلار: تۇرپان، لۈكچۈن، سىڭگىم، پىچان، توقسۇن ھەم قاراغوجا. بۇ ئالتە شەھەرنىڭ ئۇيغۇرلىرى پۈتۈنلەي سۇلايماننىڭ قۇللىرىدۇر.

سۇلايمان جاساق ھاكىمبېگىدۇر. »⑥

شىنجاڭ تىنجىتىلىپ ئالتە يىلدىن كېيىن يەنى 1765-يىلى چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇچتۇرپاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرىلىدۇ. ئىمىن ۋاڭ ئۆز ئوغۇللىرى بىلەن مەنچىڭ چېرىكلىرىگە قوشۇلۇپ بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشتا چوڭ رول ئوينايدۇ. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مۇناسىۋەت بىلەن چيەنلۇڭ خان تۆۋەندىكى يارلىقنى چۈشۈرۈپ:

«چيەنلۇڭنىڭ 30 ـيىلى (1765 ـيىلى)6 ـئاي.

يەنە يارلىق!

ئۈچتۇرپاندا ۋەقە چىققاندىن كېيىن سۇلايمان، مۇسالارنىڭ كۆرۈنەرلىك ئەمگىكى بولغان. بۇگۈن مىڭ رۈينىڭ بەرگەن مەلۇماتىدا ھازىر قاتىللار بىلەن ئېلىشىۋاتقان مەزگىلدە سۇلايمان، مۇسالار ياردەمگە ئېلىپ كەلگەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئوغرىلارنى بېسىپ، ئۇلارنى قوغلاپ، خەتەرلىك جايغا بارغاندا، ئۇلارنى مەغلۇب قىلدى، دەيدۇ.

سۇلايمان، مۇسالار ئىمىن غوجىنىڭ باللىرى بولۇپ، ئۇلار دادىسىنىڭ تەربىيىسىگە بىنائەن ھەقىقىي كۆڭلى بىلەن تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا قوشۇمچە غەمخورلۇق قىلىپ، توگالارنى (تاۋارلارنى) بەرگىنىڭلار توغرا، ھازىر ئىمىن غوجىغا چوڭ ـكىچىك خې باۋ(ھەمىيان) ئالاھىدە تەقدىم قىلىندى ھەم مۇكاپاتلاش توغرىسىدا يارلىق چىقىرىلىپ، ئېخىمۇ رىغبەتلەندۈرۈلدى»⑦ دەپ تەقدىرلىنىدۇ.

ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلىنماستىن ئىلگىرىمۇ ئىمىن غوجىنىڭ باللىرى چيەنلۇڭ خاننىڭ تۆۋەندىكى ئىلتىپاتىغا نائىل بولغان:

«چيەنلۇڭنىڭ 26 ـيىلى (1761 ـيىلى)8 ـئاي.

يارلىق!

ئىمىن غوجا بىر يىلدىن بېرى ئەسكىرىي ئىشلارنى ئىشلەپ تۇردى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايمان، ئىككىنچى ئوغلى مۇسالار تۇرپانلاردا خىزمەت ئىشلىدى. ئۈچىنچى ئوغلى ئورانزىپ يۈڭگۈينىڭ دوكلاتىدا چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغان. بۇلار خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىككى كۆزلۈك ئۈتخان (توز پەي تاج) بېرىلسۇن.»⑧

ئىمىن ۋاڭ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە پۈتۈن ئائىلە تاۋابىئاتى بىلەن تولۇق ساداقەتلىك كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن «چىن ۋاڭ» لىققا مۇشەررەپ بولىدۇ⑨ ۋە شۇ دەۋردە مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق، ئىمتىيازلىق ۋە ئىشەنچلىك ئەربابى بولۇپ تونۇلىدۇ.

ئىمىن ۋاڭ 83 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 1777 ـيىلى ۋاپات بولىدۇ. مەنچىڭ خانى چيەنلۇڭ خان ئالاھىدە يارلىق بىلەن تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

«چيەنلۇڭنىڭ 42 ـيىلى (1777 ـيىلى)10 ـئاي.

يەنە يارلىق!

باۋجىڭنىڭ بايان قىلىشىچە :< ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ جۇنۋاڭى ئىمىن غوجا ۋاپات بولدى> دېيىلگەن.

ئىمىن غوجا كۆپ يىل كۈچ چىقىرىپ خىزمەت قىلغان، بۈگۈن ئالەمدىن ئۆتتى. چوڭقۇر ئېچىنىمىز ھەم ياد ئېتىمىز. دەپنىسىگە 500 سەر كۈمۈش ئىلتىپات قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن باۋجىڭنى ھاراق-چاي نەزىر-سىنى قىلىشقا ئەۋەتتىم. تەقدىم قىلغان كۈمۈشنى سىزلەر تەرەپتىكى خەزىنىدىن چىقىم قىلغايسىزلەر»⑩.

ئىمىن ۋاڭ 83 ياشقا كىرگەن چاغدا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى - تۇرپان بېگى سۇلايمان ئىمىن ۋاڭ ھايات مەزگىلىدە دادىسىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، رىزالىقىنى ئېلىش مەقسىتى بىلەن تۇرپان ناھىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىدە ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئورۇنغا بىر مەدرىس ھەم ئېگىز مۇنار سالدۇرغان. بۇ ھەشەمەتلىك، كۆركەم ۋە ئېگىز مۇنارلىق ئورۇنغا ئىمىن ۋاڭنىڭ جەسىدى دەپنە قىلىنغان بولۇپ، مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىدىغان ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مۇنار ۋە مەدرىسكە ئاتاپ ئورنىتىلغان خاتىرە تاش بار. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 123 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 72 سانتىمېتىر، بۇ خاتىرە تاشقا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىقلاردا ھۆسنخەت ئويۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرچىسىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«ئول ئاللا بىزنىڭ ئىگىمىز،

ھەممە ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج.

زامان پادىشاھلىرى ۋە دەۋرىمىزنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرىسى، ئادالەت ۋە ياخشىلىقنىڭ ئىگىسى، تىنچلىق ۋە ئامانلىقنىڭ سەۋەبچىسى، نۇر چېچىپ تۇرىدىغان پەيغەمبەر شەرىئىتىنىڭ راۋاجلاندۇرغۇچىسى، مۇستاپا تەرىقىتىگە زىنەت بەرگۈچى سۇلايمان II يەنى جاھان پادىشاھى ئىمىن غوجا ۋاڭنىڭ كۆز نۇرى بولغان پەھلىۋان يىگىت بۇ سائادەتلىك نۇرلۇق مەدرىسنى ۋە تەختىدار مۇنارىنى سالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پادىشاھدەك يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئاتىسى، خۇدانىڭ مەرھەمىتى ۋە ياردىمى بىلەن مۇبارەك تەن سالامەتلىكلىرى 83 ياشقا يەتكەن چاغدا، تەشەككۇر بىلدۈرۈش شەرتلىرىنى بىجا كەلتۈرۈپ، ئول يۇقىرى دەرىجىلىك كىشىنىڭ يولىدا ئاتاپ ياخشى نىيەت ۋە ئالىي ھىممەت بىلەن سەدىقە قىلدى. بۇ مەدرىس بىلەن مۇنار تارىخى ھىجرىيە 1181-يىلى، ۋىلايەت ھېسابىدا چاشقان يىلى سېلىنغان بولۇپ، ئۆز يېنىدىن 7000 سەر كۈمۈش خەجلىگەن»⑪.

بۇ مۇنار ۋە مەدرىس ياسالغىلى 200 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، مۇشۇ چاغقىچە بېجىرىم ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇ مۇنار ھەم مەدرىسنى 1957-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتكىنى بويىچە قوغدىلىپ كەلمەكتە.

ئىمىن ۋاڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن لى پەنيۈەن مەھكىمىسى مەنچىڭ ئوردىسىغا ئىمىن غوجىنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايماننى دادىسىنىڭ ئۇنۋانى بىلەن ئورنىغا قويماي، دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ قويۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ. لېكىن بۇنى چيەنلۇڭ خان رەت قىلىپ، تۆۋەندىكى يارلىق بىلەن بېكىتىدۇ:

«چيەنلۇڭنىڭ 42-يىلى (1777-يىلى)10-ئاي.

يارلىق!

لى پەنيۈەن مەھكىمىسىنىڭ بايان قىلىشىچە: «ئىمىن غوجا جۇنۋاڭ ئوغلىنى دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ مەنسەپكە ئولتۇرغۇزۇش، دېگەن مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ئىمىن غوجا جۇنۋاڭنىڭ ئەمىلىنى تۆۋەنلىتىپ ئوغلىنى ئولتۇرغۇزۇش كېرەك ئىدى. لېكىن ئىمىن غوجا قوشۇن ئىچىدە كۆپ كۈچ چىقارغان. شۇڭا ئوغلى سۇلايماننى ئىلتىپاتىم بىلەن يەنىلا جۇنۋاڭلىققا ئولتۇرغۇزۇشقا بۇيرۇق قىلىمەن.»

مەنچىڭ خانى چيەنلۇڭ خان ئىمىن غوجا ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا قىلغان باشتىكى ۋەدە ھەم ئىلتىپاتىغا ئاساسەن سۇلايماننى ئىمىن ۋاڭنىڭ ئورنىغا ئۆز دەرىجىسى بويىچە ۋاڭ قىلىپ، سۇلايمان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى يۇنۇسنى ئۆتكۈزگەن خاتالىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرۈم قىلغان ھالدا ۋاڭ قىلىپ بېكىتىدۇ. ئىمىن ۋاڭنىڭ باشقا ئوغۇللىرىنىمۇ ۋاڭ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ھەم كېيىن ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ گۇڭ-بەگ، تەيجىلىككە تەيىنلەيدۇ.

## 2. مۇسا گۇڭ

مۇسا، ئىمىن ۋاڭنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، ئۇ دادىسى بىلەن تەڭلا مەنچىڭ خانلىقىغا تەۋەلىك بىلدۈرگەن. كېيىن مەنچىڭ قوشۇنلىرى بىلەن تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىنى تىنچلاندۇرۇش يۈرۈشلىرىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، ئوردا تەرەپتىن چيەنلۇڭنىڭ 25-يىلى (1760-يىلى)12-ئايدا پۇگو گۇڭ (دۆلەتكە ياردەم بەرگۈچى گوڭ) ئۇنۋانى بىلەن تۇرپان بېگى قىلىپ بېكىتىلگەنىدى. بەگ قىلىپ

بېكىتىلگەندىن كېيىن كۆچ چىقىرىپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، چيەنلۇڭنىڭ 26-يىلى (1761-يىلى) 8-ئايدا چىڭ ئوردىسى ئۇنى ئىككى كۆزلۈك توز پەي تاجىسى (ئوتخان) بىلەن مۇكاپاتلىدى.

ئىمىن ۋاڭ ئىلىدىكى مەزگىلدە مۇسا گۇڭ بۇيرۇق بويىچە ئاقسۇغا چۈشۈپ، جەنۇبتىن ئىلىغا دېھقانچىلىق قىلىشقا يۆتكەپ چىقىدىغان ئۇيغۇرلار ئىشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەنىدى. ئۇ ئاقسۇدا سەنزەن داچېن شۇخادە بىلەن بەگلەرنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، چيەنلۇڭنىڭ 25-يىلى (1760-يىلى) 6-ئايدا يەتتە ئورۇندىن تەرمىلەپ 500 ئۆيلۈك ئۇيغۇرنى يۆتكىدى. بۇلار 1761-يىلى ئىلىغا يېتىپ چىقتى.

چيەنلۇڭنىڭ 25-يىلى (1760-يىلى) ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىش بىلەن تەڭلا چىڭ ئوردىسى ئۇيغۇرلار ئىشىنى باشقۇرىدىغان مەھكىمە - ئىلى گۇڭ-بەگلىكى-ئىلى ھاكىمبەگلىك ئوردىسىنىمۇ تەسىس قىلىشنى بۇيرۇق قىلىپ، شۇ يىلى مەخسۇس يارلىق بىلەن مۇسا گۇڭنى گۇڭ ۋە ئىلىنىڭ ھاكىمبەگ غوجىلىقىغا تەيىنلەپ، مانجۇ، خەنزۇ ھەم ئۇيغۇرچە خەتلەر ئويۇلغان گۇڭلۇق تامغىسىنى ئەۋەتتى.⑫

مۇسا گۇڭ ئىلىغا كېلىش بىلەن لەڭزەبېشى قارا سۇيىنى ئاساس قىلىپ غۇلجا شەھىرىنى قۇرۇشقا كىرىشىپ، «ئىلى گۇڭ-بەگلىك ئوردىسى»نى شەھەر ئىچىگە (ھازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى بار ئورۇنغا) سالدۇرۇشقا باشلىدى. بۇ شەھەرنى ئۇ چاغدا ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچە ئوخشاشلا «غۇلجا» دەپ ئاتىدى.

ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى جەنۇبتىن ئۇيغۇرلارنى كۆچۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن مۇسا گۇڭنى جەنۇبقا يەنە چۈشۈردى. مۇسا گۇڭ چيەنلۇڭنىڭ 28-يىلى (1763-يىلى) جەنۇبتىن ھەربىر شەھەرلەردىن تەرمىلەپ، ئون شەھەردىن جەمئىي 1500 تۈتۈن ئۇيغۇرنى كۆچۈرۈپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھۈنەرۋەنلەردىن 26 ئائىلىنى بىللە ئېلىپ چىقتى.

مۇسا گۇڭ جەنۇبتىن قايتىپ چىقىپ تېخى تولۇق پۈتمىگەن ئوردىسىدا تۇرۇپ جەنۇبتىن كۆچۈرۈپ چىقىشقا تېگىشلىك بولغان 6000 ئائىلىلىك كۆچمەن ئۇيغۇرنى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ غوللىرىدىن ئېقىپ چىققان ئالتە سۇنىڭ، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغدىن چىققان ئۈچ چوڭ سۇنىڭ جەمئىي توققۇز سۇنىڭ بويىغا ئېلىق-سېلىق ۋە تۈرلۈك ئىشلاردا ئوڭاي ھەم ئىدىتلىق

بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، 100 ئۆيلۈكنى بىر يېزا قىلىپ بېكىتىپ، ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشلۇق ماكان ۋە تېرىلغۇ مەيدانلىرىنى بەرپا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلدى. كۆچۈرۈپ چىقىلغان بۇ ئائىلىلەرنىڭ ھەربىرىگە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىش ئۈچۈن خانلىقتىن (جۇڭغارلاردىن غەنىمەت ئالغان چارۋا ماللاردىن) ئىككى تۇياق ئۇي، بىر يىللىق ئۇرۇق، ئوزۇق ۋە 12 سەر ئاق كۈمۈش بېرىلدى.⑬ بۇ نەرسىلەرنىڭ بەدىلىگە دېھقانلارنىڭ ھەر يىلى خانلىققا تۆت خو بۇغداي (256 كىلوگىرام) غەللە-پاراق ھوسۇلى تاپشۇرۇشىنى بېكىتتى، كۆچمەنلەر دېھقانچىلىققا كىرىشتى. بۇلارنىڭ ئالغان ئاشلىقلىرىنى كۆرگەن جۇڭغار موڭغۇللىرى «تارانچى» (بۇغدايچى دېھقان) دەپ ئاتاشتى. (بۇ «تارانچى» ئاتالغۇسى جۇڭغارلار ئىلىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردىن ئىلگىرىلا بار ئىدى. -- مۇھەررىردىن)

ئىلىغا كۆچۈرۈلۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ قۇرغان يېزىلىرى قاينۇق ھەم بايتوقاي رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىدۇر.

مۇسا گۈڭ يۇقىرىقى ئىشلارنى بىر قاتار ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى «تارانچى»لارغا يەتكۈزۈپ، ئالۋاڭ-ياساق ئىشلىرىنى بېجىرىش، شەرئەت نىزاملىرى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن دىنىي مەھكىمە تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ ئەئلەم، مۇپتى، قازى ھەم مۇھتەسىپلىرىنى (تەپتىش) تەيىنلەش ۋە ئورنىدىن قالدۇرۇش، ئومۇمەن مۇسۇلمانلارغا ئائىت ئىشلارنىڭ ئىجراسىغا مەسئۇل بولدى. غۇلجىدا تۇنجى مەھكىمە شەرئىيە قۇرۇپ، تۇرپانلىق يۇرتدىشى موللا روزى ئاخۇننى ئەئلەم قىلىپ بېكىتتى.

1765-يىلى ئۇچتۇرپاندا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. مۇسا گۈڭ دادىسى ئىمىن ۋاڭ ۋە ئاكا-ئۇكىلىرى بىلەن بۇ قوزغىلاڭنى تىنجىتىشقا چۈشۈپ، خىزمەت كۆرسىتىپ قايتىپ چىقتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن چيەنلۇڭ خان تۆۋەندىكى يارلىق بىلەن مۇكاپاتلىدى:

«چيەنلۇڭنىڭ 30-يىلى (1765-يىلى)6-ئاي.

يەنە يارلىق!

بۇ قېتىم ئۇچتۇرپاننىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئىمىن غوجا ھەم ئۇنىڭ باللىرى سۇلايمان، مۇسالار ئادونىڭ باللىرى ئوسمانلار ... نىڭ بارلىقى خىزمەت كۆرسەتتى. مىكرۇي، ئاگۇيلارغا ئالاھىدە بۇيرۇق بېرىلىپ، ئۇلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە شۇ يەرنىڭ دۇردۇن-تاۋارلىرى بىلەن مۇكاپاتلاپ، ئۇلارنى تەقدىرلىسۇن.»

⑭

مۇسا گۆك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىلىنى ئاۋات قىلىش، جىياڭجۈن مەھكىمىسىگە ياردەملىشىپ مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنى تەمىنات بىلەن قامداش، يىڭپاڭ (گازارما) ۋە ئوردىلىرىنى قۇرۇش ئىشلىرىدا خېلى چوڭ كۈچ چىقارغانلىقى ۋە ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئىشلىرىدا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مۇكاپات يۈزىسىدىن ئىلى ۋادىسىنىڭ شىمالىي تاغ باغرىدىكى سۈپتاي غولىدىن تېكىلىخان غولىغىچە بولغان سۇلۇق 12 غولدىن سۈيى مول، يېرى كەڭرى بىرىنى تاللىۋېلىشىنى ۋە بۇ يەرگە ئۆز يۇرتى تۇرپاندىن 100 ئائىلىلىك يانچى ئېلىپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ يەردىن ئەبەدىي پايدىلىنىشقا بەخشەندە قىلىپ بېرىدۇ. گۆڭلۇق مەنسىپى ئۈچۈن ھەر ئايدا 115 يېرىم سەر كۈمۈش، ئاغچىسىغا 16 سەر كۈمۈش، يىلىغا جەمئىي 1578 سەر ئاق كۈمۈشنى مائاش قىلىپ بېكىتىدۇ.

مۇسا گۆك خانلىقتىن تەقدىم قىلىنغان سۇلۇق غولدىن ھازىرقى چۆلۈقاي غولىنى تاللىۋېلىپ، بۇنىڭغا يۇرتى تۇرپاندىن 100 ئائىلە يانچى ئېلىپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ.⑮ ئۆز تۇغقانلىرىدىنمۇ يىگىرمىگە يېقىن ئائىلىنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ ئولتۇرغۇزىدۇ. بۇلارغا «ئۆز شاخ» دەپ نام بېرىدۇ. خەلق كېيىن «يانچى» سۆزىنى «قارىلار» دەپ، «ئۆز شاخ» نى «پارچە غوجىلار» دەپ ئاتىشىپ كەتتى.

ھازىرغىچە خەلق ئىچىدە ۋە بىر قانچە قولىيازمىلاردا مۇسا گۆك بېيجىڭغا بارغان، دەپ كۆرسىتىش بىلەن تەڭ بىر قانچە رىۋايەتلەر بايان قىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. مۇسا گۆكنىڭ بېيجىڭغا بارغانلىقىغا دائىر ھۆججەتلەرنى ئۇچرىتالمىدۇق. خاننىڭ تۆۋەندىكى يارلىقىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مۇسا گۆك ئاغرىق سەۋەبى بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلالمىغان:

«چيەنلۇڭنىڭ 31 ـ يىلى (1766 ـ يىلى)5 ـ ئاي.

ھاكىمبەگ غوجا مۇسا گۆك بىر نەچچە يىلدىن بېرى كۆپ جاپا بىلەن خىزمەت قىلدى. ھازىر ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پايتەختكە كېلىپ پادىشاھ بىلەن دىدارلىشالماسلىقى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىككى كۆزلۈك توز پەي تاجى مۇكاپات بېرىلدى، تاقىسۇن!»⑯

مۇسا گۆك ئاغرىقىدىن شىپالىق تاپالماي ۋاپات بولدى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن چيەنلۇڭ خان تۆۋەندىكىچە تەزىيە بىلدۈرگەن:

«چيەنلۇڭنىڭ 31 ـ يىلى (1766 ـ يىلى)9 ـ ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مىڭ رويىلەرنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ھاكىمبەگ مۇسا گۆڭ ۋاپات بولغان...
مۇسا بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ناھايىتى ياخشى خىزمەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىنى
ئاڭلاپ ئىنتايىن ئېچىندىم، شۇنىڭ ئۈچۈن 200 سەر كۆمۈش دەپنە خىراجىتىگە
بېرىلسۇن.»⑰

مۇسا گۆڭ ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى ۋە دادىسى ئىمىن ۋاڭنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن
ئۇنىڭ جەسىتى لۈكچۈنگە ئېلىپ بېرىلىپ، ئاستانىغا دەپنە قىلىنغان. مۇسا گۆڭ
ئەلىدا ئاران تۆت يىللا گۆڭ بولۇپ تۇرالىغان.

مۇسا گۆڭنىڭ جەسىدىنى تۇرپانغا ئېلىپ بارغان ئادەم سانى توغرىسىدا تۈرلۈك
رىۋايەتلەر بولۇپ، تولاراق سۆزلىنىپ يۈرگىنى: «جەسەتنى 6000 ئادەم ئېلىپ
بارغان. بۇ چاغدا ئاق ئۆستەڭ چېپىلىۋاتقانلىقتىن، ئۆستەڭنىڭ ئىشى توختاپ
قالغان، ۋاھاكازا...» دېگەنلەردىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى خاتىرىلەردىن كۆردۇقكى، مۇسا گۆڭنىڭ ھاياتلىقىدا ئىلىغا تېخى
6000 ئۆيلۈك ئادەم كۆچۈپ چىقىپ بولمىغان ھەم ئاق ئۆستەڭ توغرىسىدا سۆزمۇ
بولمىغان. مۇشۇ ئىككىلا پاكىت ئۇ سۆزلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى
كۆرسىتىدۇ.

خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، مۇسا گۆڭنىڭ جەسىتىنى تالدىن ئىككى دانە
ئۇزۇن سېۋەت توقۇپ، بىرسىگە سالغان، ئىككىنچى سېۋەتكە بىر قارى ئۆزىنىڭ
كېرەك-ياراقلىرىنى سېلىپ بىر تۆگىگە ئارتىپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ماڭغان. بەش
تۆگىگە ئوزۇقلۇق، كېرەك-ياراغلار ئارتىلىپ، ئاخۇنلار ۋە خىزمەتچىلەر بولۇپ
بارلىقى 40 قا يېقىن كىشى ئاتلىق ئېلىپ بارغان.

### 3. ئورانزىپ گۆڭ (غۇلامزاپ گۆڭ)

ئورانزىپ، ئىمىن ۋاڭنىڭ 3-ئوغلى، مۇسا گۆڭنىڭ ئىنىسى. لېكىن خەلق
ئىچىدە ئورانزىپنى «مۇسا گۆڭنىڭ ئوغلى» دەپ كېلىشمەكتە. مۇسا گۆڭنىڭ
پەرزەنتى بولمىغان. بۇنى بىز تۆۋەندىكى يارلىقتىن بىلىۋالالايمىز:

«چيەنلۇڭنىڭ 31-يىلى (1766-يىلى)9 -ئاي.

مۇسانىڭ پەرزەنتى يوق، ئۇنىڭ ئىنىسى ئورانزىپقا 3-دەرىجىلىك تەيجى ھەم
مۇسانىڭ قالدۇرغان ئەلىنىڭ ھاكىمبەگلىك ئورنى بېرىلسۇن.»⑱

دېمەك، مۇسا گۆڭنىڭ پەرزەنتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ ئوردىسى ئورانزىپنى

1766-يىلى 9-ئايدا ئىلىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەن.

ئورانزىپ گۆڭ ۋاقتىدا جەنۇبتىن يەنە 2000 ئۆيلۈك ئۇيغۇر كۆچۈرۈلۈپ چىققان. بۇلار بىلەن ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن كۆچمەنلەرنىڭ سانى جەمئىي 8000 ئۆيلۈككە يەتكەن. مۇشۇ كۈنگىچە خەلق ئىچىدىكى «ئىلى 8000» دېگەن سۆز مۇشۇنىڭدىن قالغان.

يېڭىدىن كۆچۈرۈلۈپ چىققان 2000 ئۆيلۈكتىن 600 ئائىلىنى ئارابوز (ھازىر ئارۇز ئاتىلىۋاتىدۇ)غا، قالغان 1400 ئۆيلۈكنى نىلقا ھەم توققۇزتارالارغا ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارغا خانلىقتىن ئىلگىرىكى 6000 ئۆيلۈككە بەرگەندەك تېرىلغۇ، ئۇلاغ، ئوزۇق، ئۇرۇقلۇق ۋە تۇرمۇش پۇلى بېرىلمىگەن. «بۇلارغا كونا يۇرتى (ئىلگىرى چىققان 6000 ئۆيلۈك) ئات، كالا، ئۇرۇقلۇق باغلاشىپ (ھەمكارلىشىپ) چىقارغان.» ⑲

توققۇزتاراغا بۆلۈنگەنلەر: تاشتۆپە، گۆرجىلغا، كونا ساڭ، تەممتى، شارغوجىلارغا؛ نىلقىغا بۆلۈنگەنلەر: سۇپتاي، چونجى، ئۇلاستاي... قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلىشىپ، ئىسمى ئاتالغان يۇرتلارنى قۇرۇپ چىققان.

ئورانزىپ گۆڭ غۇلجا شەھرىنىڭ شەرقىدىكى جىرغىلاڭ سۈيى قۇيغۇنىدىن ھازىرقى ناغرىچى مەھەللىسىنىڭ ئاستىغىچە بولغان كەڭ، مۇنبەت يەرلەرنى ئىلى دەرياسىنىڭ لېۋىگىچە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە لەڭزە بېشى سۈيىدىن ئىككى ئۆستەڭ ئېلىشنى پىلانلىغان. بۇ ئۆستەڭلەرنىڭ بىرى، لەڭزە بېشى سۈيىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئېگىز ئاق تۇپىلىق يار بويىنى ئايلاندۇرۇپ، قارادۆڭ قاپتىلى ئارقىلىق گۇلشەنباغ تەرەپكە قاراپ ئاققان ئۆستەڭ بولۇپ، بۇ ئۆستەڭنى «ھېكىم ئۆستەڭ» دەپ ئاتاپ، جىرغىلاڭدىن تاش كۆۋرۈككىچە بولغان، ھازىرغىچە «تۇرك» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان 5000 خولۇق يەرنى ئۆز خۇسۇسىغا ئايرىپ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئايلاندۇرغان ۋە يېقىنقى يىللارغىچە خارابىسى بولغان «ھېكىم ساڭ» (كېيىن كونا ساڭ دەپ ئاتالغان) ساڭنى سالدۇرغان. ⑳

ئۆستەڭنىڭ يەنە بىرى، لەڭزە بېشى سۈيىنىڭ غەرب تەرىپى بىلەن ئېقىپ، خەنزۇ بازىرىدىن ئۆتكىچە بىر پۈتۈن بولۇپ ئېقىپ، ئايدۆڭ، تاشكۆۋرۈك، ناغرىچى تەرەپلەرگە تارماق بولۇپ ئېقىپ كېتىۋاتقان ئۆستەڭ بولۇپ، بۇ ئۆستەڭ «شاغىلىق ئۆستەڭ» دەپ ئاتالدى. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن شاغىبەگكە تەۋە بولغان تاشكۆۋرۈكتىن ئايدۆڭ ئاستىغىچە ئارىلىقتىكى يەرلەر سۇغىرىلىپ، تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇلدى.

www.uyghurkitap.com



شاغىلىق ئۈستەڭدىن ئۈچ تارماق ئۈستەڭ (ئېرىق) ئېلىنىپ، بىرىنچىسىگە «بەگ ئېرىق»، ئىككىنچىسىگە «ئاخۇن ئېرىق» دەپ نام بېرىلىپ، شۇ دەۋردە بېكىتىلگەن بەگلەر ھەم ئاخۇنلارغا بېرىلگەن يەرلەرنى كۆكەرتتى. ئۈچىنچى ئېرىق سۈيى بىلەن ھازىر «قازانچى» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئورۇنغا بىر يېزا قۇرۇپ، ئۇنىڭ يۈز بېگىلىكىگە روزىنى تەيىنلىگەنلىكى ئۈچۈن، روزى يۈزى يېزىسى قۇرۇلدى.

يۇقىرىدىكى ئىككى ئۈستەڭ ۋە تارماق ئېرىق مۇشۇ كۈندىمۇ شۇ چاغدا ئېلىنغان ئىزى بىلەن ئېقىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ جەنۇبىنى كۆكەرتىشتە يەنىلا ئاساسىي ئۈستەڭلەر بولۇپ كەلمەكتە.

بۇ ئۈستەڭلەرنىڭ چېپىلىشى بىلەن شەھەر قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىشتە سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىنغانلىقتىن، غۇلجا شەھىرىدە ئاھالىلەر (ئاساسەن ئۇيغۇرلار) كۆپىيىشكە باشلىغان. شەھەرنىڭ سىرتىدا لەڭزە بېشى ئەتراپىغا مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن خۇلاگىزچىلىق قىلىپ (كۆتۈرۈپ يۈرۈپ تىجارەت قىلغۇچىلار) چىققان تيەنجىنلىك خەنزۇلار ھەم تۇنگان مەسچىتى ئەتراپىدىكى خۇيزۇلار مەھەللىلىرى بارلىققا كەلگەن.

ئورانزىپ گۇڭ تورپاندىكى چېغىدا چوڭ ئىشلارنى باشقۇرمىغانلىقى، ئىلىغا كېلىشى بىلەن ھەمكارلاشقىدەك ياردەمچىلىرى بولمىغانلىقى، گۇڭ-بەگ ئوردىسىنىڭ خىزمىتى كۆپەيگەنلىكى ئۈچۈن، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ خان ئوردىسىغا قىلغان تەكلىپىگە بىنائەن، ئورانزىپنىڭ تورپاندىكى چوڭ ئاكىسى ئاقبەگنى شاغىبەگلىككە (مۇئاۋىن ھاكىمبەگلىككە) بېكىتىش بىلەن گۇڭ-بەگلىك ئوردىسىنىڭ ئىختىيارىدا ئىككى ئوردا بېگى، ئىككى ياساۋۇل بەگ، سەككىز پۈتۈكچى، سەككىز دورغا، 20 نۆكەر ھەم 20 ناغرىچى بېكىتىپ، بۇلارغىمۇ ئۆز لايىقىدا يانچى، يەر-سۇ بېرىپ، بۇ ئائىلىلەرنى ئالۋاڭ-ياساقتىن خالى قىلغان.

شاغىبەگلىككە تەيىنلەنگەن ئاقبەگ ئىلىغا كېلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئورانزىپنىڭ ئاكىسى، تورپان بېگى سۇلايماننى ئىلىغا كېلىپ ياردەملىشىشكە بۇيرۇغان. سۇلايمان كېلىپ بىر يىلدىن كېيىن قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىسىمۇ، چىڭ ئوردىسى ئاز ۋاقىت تۇرۇپ ئىشلەپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلغاندا قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

«چيەنلۇڭنىڭ 33-يىلى (1768-يىلى)2-ئاي:

ئاگۇينىڭ مەلۇماتىدا شاغىبەگ ئاقبەگ خىزمەتكە ۋاقتىدا بارمىغان… سۇلايمان

قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىۋىدى يەنە بىر ـ ئىككى يىل ئىشلەشنى تەكلىپ قىلغاندا، سۇلايمان بۇنى سەمىمىيلىك بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇڭا سۇلايمانغا تۆت توپ تاۋار بېرىلسۇن.» ㉑

مۇسا گۇڭ ۋاقتىدىن باشلاپ شەھەر قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئىقتىساد يار بەرمىگەنلىكتىن ئۇيغۇرلارنىڭ جۈمە ھەم ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇيدىغان چوڭ جامەسى يوق ئىدى. دەسلەپتە ھازىرقى 4 ـ دېۋىزىيە دوختۇرخانىسى ئورنىدا، كېيىن شەھەر ئىچى 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئارقىسىدىكى نىزامباي، بوتابايېپلار قورۇسى ئورنىدا مېھراپ ۋە ئازغىنە جامائەت پاتىدىغان ئاددىي جامە ياسالغان، ئالدىنقى تەرىپىنىڭ ئۈستى ئاددىيلا يېپىلغان بولۇپ، قالغان قىسمى ئوچۇق مەيدان ئىدى. شۇڭا گۇڭ ـ بەگ ۋە پۈتۈن يۇرتنىڭ ئۈمىدى مۇقىم ۋە پۇختا بىر جامە سېلىش ئىدى.

مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ خانى چيەنلۇڭ خان ئۆز تەۋەسىگە ئالغان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ھەربىي ـ مەمۇرىي ۋاستىلەردىن باشقا، «يۇمشاق ئۇسۇل بىلەن ئىدارە قىلىش» سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ھوقۇقىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى بۇيرىدى. ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى خانىنىڭ بۇيرۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن مەسچىد ۋە باشقا ئىبادەتخانىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن پۇقرالارنى باشقۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئورانزىپ گۇڭ ـ بەگكە غۇلجىدا چوڭ ۋە كۆركەم جامە قۇرۇش ئۈچۈن «بىر تۈمەن سەر كۈمۈش بەردى».㉒ ئورانزىپ گۇڭ مەزكۇر پۇل ۋە ھەر يۇرتتىن ئېلىنغان يېمەك ـ ئىچمەك ئەمگەك كۈچى بىلەن ھازىرقى «ئىلى بەيتۇللا» سىنىڭ ئالدىدىكى پەشتاخ ئىچكى مەسچىد مۇنارىنىڭ ئاستىدىكى مۇسىدىلا (ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇن) نى ھىجرىيىنىڭ 1186 ـ يىلى چيەنلۇڭنىڭ 38 ـ يىلى (مىلادىيە 1773 ـ يىلى) ياساپ چىقتى.

ئورانزىپ گۇڭ ئىلىغا ئورۇنلاشتۇرغان يۈزلۈك يېزىلار يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېرىلغۇ مەيدانلىرىنىڭ كېڭەيگەنلىكىدىن تەييار تاغ سۇلىرىنىڭ يېتىشمەيدىغانلىقى ھەم بۇ تاغ سۇلىرىنىڭ مۇقىمسىزلىقى، مۇقىم ئۆستەڭلەرنىڭ بولۇشىنى ھېس قىلىپ، شەرقىتىدىكى ھېدىلىيۈزى (ئەسلى ھېيت ئېلى يۈزى)، خۇداقۇل يۈزى (ھازىر ئالتىئۆي ئاتىلىۋاتىدۇ)، ئۈيىنانيۈزى (ھازىر ئۈنيار ئاتىلىۋاتىدۇ) ھەم ئىسلامىيۈزلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ھازىرقى ئاق ئۆستەڭنىڭ بېشى بولغان «تاش ئۆستەڭ»نى پۈتۈن يۇرتتىن (يۈزلۈك يېزىلاردىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



هاشار ئېلىپ چاپتۇردى.

مۇسا گوڭ ۋاقتىدا ھەر بىر ئائىلىگە بەلگىلەنگەن ھوسۇل (پاراق) تۆت خو بولۇپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە 6000 ئائىلە تۈگەللىنىپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن تولۇق تاپشۇرۇلمىغانىدى. ئورانزىپ گوڭ دەۋرىگە كەلگەندە نوپۇسى تۇراقلىشىپ، 6000 ئائىلە ئۈچۈن 96 مىڭ خو بۇغداي تاپشۇرۇش مۇقىم بەلگىلەندى. بۇ ھوسۇلنى باشتا تولۇق تاپشۇرالمىسىمۇ، 1780-يىللىرىدا تولۇق تاپشۇرۇشقا باشلىدى. ھوسۇل يىغىشتا ئورانزىپ قاتتىق قوللۇق بىلەن ئىشلەپ، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغانلىقتىن، ئىلى جياڭجۈنى يىلىتۇ خان ئوردىسىغا ئورانزىپنى تەقدىرلەش ھەققىدە ئىلتىماس قىلدى. چيەنلۇڭ خان تۆۋەندىكى يارلىق بويىچە ئورانزىپنى مۇكاپاتلىدى:

«چيەنلۇڭنىڭ 45-يىلى (1780-يىلى)11-ئاي.

يەنە يارلىق!

يىلىتۇنىڭ بايان قىلىشىچە: <بۇ يىل ئىلىدىكى دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئۇيغۇرلار تاپشۇرىدىغان ئاشلىقنى تاپشۇرۇپ بولدى. ھاكىمبەگ ئورانزىپقا تاۋار-دۇردۇن قاتارلىق نەرسىلەر بېرىلسە دېيىلگەن> تەلەپ بويىچە ئورانزىپقا تەقدىم قىلىپ رىغبەتلەندۈرۈلسۇن.» ㉓

بەلگىلەنگەن ھوسۇلنى دېھقانلارنىڭ تولۇق تاپشۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى باشتىكى ۋەدىسىدىن يېنىپ، 6000 ئائىلىنىڭ يىللىق مەجبۇرىيىتى بولغان 96 مىڭ خونى ھۆل-يېغىن نورمال بولغان يىللاردا تۆلىسۇن، ئەگەر ھۆل-يېغىن تولاراق بولۇپ، مەھسۇلات ئەدەتتىكىدىن ئۇشۇقراق بولسا، 4000 خو قوشۇپ جەمئىي 100 مىڭ خو ھوسۇل تاپشۇرۇشنى بەلگىلەپ، ئورانزىپ گوڭ باشلىق بەگلەرنىڭ ئېغىدىن ئۆتكۈزۈپ، خانلىقتىن تەستىق ئالدى. مۇشۇ تەستىق بويىچە دېھقانلاردىن ھوسۇل ئېلىشقا كىرىشتى. ئورانزىپ بۇ ۋەزىپىدە سەممىي ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، خان ئوردىسى تەرىپىدىن «گوڭ» ئۇنۋانى بېرىلدى.

«چيەنلۇڭنىڭ 55-يىلى (1790-يىلى)7-ئاي.

ئىلى ھاكىمبېگى، بىرىنچى دەرىجىلىك تەيجى ئورانزىپ ئىمىن غوجىنىڭ ئوغلى، ئىسكەندەرنىڭ ئاكىسى، ئىمىن غوجا بۇرۇندىن تارتىپ خان ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقىرىپ خىزمەت قىلدى، ھازىر ئىسكەندەرمۇ پىداكارانە خىزمەت قىلماقتا. شۇڭا ئورانزىپقا گوڭلۇق مەنسىپى بېرىلسۇن.» ㉔

ئورانزىپ گۇڭ گۇڭلۇق مەنسىپىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئىلى جياڭجۇن مەھكىمىسىنىڭ تۇرلۇك يارلىقلىرى ۋە دېھقانلارنىڭ سۇ قۇرۇلۇش ۋە شەھەرنى ئاۋات قىلىش ئىشلىرىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئورانزىپ گۇڭ ئىلىنىڭ «قوڭغۇر ئوبا» دېگەن يېرىدە كۆمۈر بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، خەلق ۋە چېرىكلەرنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خاڭ كولاشقا تەشەببۇس قىلىپ، 24 ئورۇندا خاڭ كولاتقۇزدى، ئىلى جياڭجۇنى يىلىتو بۇنى خان ئوردىسىغا تۆۋەندىكىچە مەلۇم قىلدى:

«چيەنلۇڭنىڭ 48-يىلى (1783-يىلى)1 -ئاي.

مۇشۇ ئايدا ئىلى جياڭجۇنى يىلىتۇنىڭ بايان قىلىشىچە:

- ئىلى كونگو لوئوبو (قوڭغۇر ئوبا) دېگەن جايدىن تاشكۆمۈر چىقىدىكەن، ھازىر خاڭ كولايدىغانلار پەيدا بولدى. 24 ئورۇندىن كولانغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، باج ئېلىش ئۆلچىمى بىلەن ھېسابلىغاندا، ھەر يىلى 324 سەر كۈمۈش ئېلىنىدۇ. چيەنلۇڭ 47-يىلىدىن(1782-يىلى) باشلاپ ئالىمىز. ۋاقىپ بولۇشىڭىزلار ئۈچۈن سۇنۇلدى.»

ئورانزىپ گۇڭ 39 يىل تەيجى ھەم گۇڭ بولۇپ ئىشلەپ، جياچىڭنىڭ 10-يىلى، مىلادىيە 1805-يىلى ۋاپات بولدى. جەستىنى ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە دادىسى ئىمىن ۋاڭ ۋە ئاكىسى مۇسا گۇڭلارنىڭ يېنىغا يەتكۈزۈپ دەپنە قىلىندى.

## 4. مېلىكزات گۇڭ

مېلىكزات ئورانزىپ گۇڭنىڭ ئوغلى، ئورانزىپ گۇڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىلى جياڭجۇنى سۇڭ جۇن ۋە مەسلىھەتچى ئامباللار ئورانزىپنىڭ ئورنىغا مېلىكزاتنى ئولتۇرغۇزۇش توغرىسىدا خانلىق ئوردىسىغا مەكتۇپ سۇندى. ئوردا تۆۋەندىكى تەپسىلى يارلىق بىلەن مېلىكزاتنى بېكىتتى:

«جياچىڭنىڭ 10-يىلى (1805-يىلى)8 -ئاي.

يارلىق، ھەربىي ئىشلار ۋەزىرلىرىگە:

سۇڭ جۇن قاتارلىقلار «ئىلى ھاكىمبېگى ئورانزىپنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مەنسىپىگە ئوغلى مېلىكزاتنى تەيىنلەشنى، ئىلى ھاكىمبېگى ئورانزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن ھاكىمبەگلىك مەنسىپىنىمۇ تەيجىلىك مەنسىپىگە قوشۇپ ئۇنىڭ ئوغلىغا بېرىشكە تەستىقلەپ بېرىشىمىزنى سورىدى.

ھاكىمبەگ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىنى بېجىرىدىغان مەنسەپ بولۇپ، مەسئۇلىيىتى بىر قەدەر ئېغىر، ئۇنىڭ ئورنىغا بەلگىلەش ئۈچۈن ئادەم چىقمىسا، رەسمىي مەنسەپنى بەلگىلەپ يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇنۇش لازىم. ناۋادا تەيجىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ئادەم قوشۇمچە ئىلىنىڭ مەھكىمە باشلىقى بولغان بولسا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاكىمبەگلىك ۋەزىپىسى ئۆز قەبىلىسىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا قالدۇرۇلسۇن. سۇڭ جۈن يۇقىرىغا ئىلى ھاكىمبېگى مەنسىپىنىڭ ئورنى بوش ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىلتىماس سۇنۇپ، تەستىقلەپ بېرىشىمىزنى سورىدى. مىلىكزات ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلىسە ھەمدە يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرالىسا، سۇڭ جۈن نامىدا بۇنى ئىزھار قىلىپ تەستىقىمىزنى كۈتسۇن. بۇ، تامامەن مۇمكىن.»㉕

جياڭجۈن سۇڭ جۈن خانلىقنىڭ يارلىقىنا كۆرسەتكەن ئىشلىرىنى ئىجرا قىلىپ، خاننىڭ تەستىقىنى ئالدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىلىكزات بىرىنچى دەرىجىلىك تەيجى ئۇنۋانلىق خادىم ۋە قوشۇمچە ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى بولۇپ قالدۇ.

مىلىكزات ھاكىمبەگ بولۇشى بىلەنلا ئەسلى بوربوسۇن سۈيىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بۆلۈكەي يېزىسى بورىبوسۇن سۈيىدىن ئۆستەڭ ئېلىشنى قويۇپ تۇرۇپ، بۆلۈكەي غولى سۈيى بىلەن دېھقانچىلىق قىلىشقا كىرىشكەنىدى. لېكىن بۇ غولنىڭ ئېقىنى بۆلۈكەي تېرىلغۇ يەرلىرىگە كەلگىچە ناھايىتى كەڭ ساي ۋە ھېسابسىز چوڭ تاشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە سايغا سىڭىپ ئازلاپ كەتكەچكە، بۇ يېزىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئانچە راۋاجلىنالماي، ھوسۇل تۆكۈش ۋە ئوزۇق-تۈلۈكتە ناھايىتى قىينالدى. شۇڭا مىلىكزات بورىبوسۇن غولىدىكى تار مەھەللىسىدىن ئېدىر قاپتاللىرىنى كېسىپ، سۇلتان ئۇۋەيىس مازىرىنىڭ ئالدى بىلەن كۈنگەيدىكى ئېدىر ئۈستىنى ئايلاندۇرۇپ بۆلۈكەيگە كەلگىچە ئۆستەڭ ئېلىشنى پىلانلىدى ۋە بۇنى چاپتۇرۇپ، بۆلۈكەي يېزىسىنىڭ دېھقانچىلىقىنى خېلىلا ئىلگىرى سۈردى ۋە يېزىنىڭ باغ-ۋارانلىق بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى.

بۇ مەزگىلدە جەنۇبتىكى ئاقتاغلىق (ئاق تەقىيىلىك) غوجىلارنىڭ ئىخلاسمەن مۇرتلىرىدىن تۇرپاندىن كۆچۈپ كەلگەن پادىشاھ قۇلى خەلپەم قاش كەنتىدە، ھامراھى - نەزەر سوپۇم (قۇمۇللۇق) قاينۇقتا خەلپە ئىدى. بۇلاردىن ئىشانلىق داشلىرىنى قايىنتىۋاتقان پادىشاھ قۇلى خەلپەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئاللا قۇلى خەلپەم تەرىقەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈۋاتقانىدى. مىلىكزات ھېكىم ئىلى ئۆلىمالىرى بىلەن بۇ زاتنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىپ، شەھەرگە يېقىن قادىر

يۈزى (ھازىر ئارىئۆستەڭ دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ) دىن يەر ـ سۇ بېرىپ، شۇ يەردە ماكانلىق بولۇپ، ئۆز ئىشانلىق ئىشلىرىنى ماڭغۇزۇشقا تەكلىپ قىلىپ كۆچۈرۈپ كېلىدۇ. بۇلاق بېشىدا خەلپەم مەھەللىسىنى قۇرىدۇ. ئاللا قۇلى خەلپەم ۋاپات بولۇشى بىلەن «خەلپەم بۇزرۇك مازىرى»نى تۇرغۇزۇپ چىقىدۇ.

مەنچىڭ ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ئىلى ئەتراپىدا قۇرۇلغان مازارلارنىڭ تۇنجىسى مۇشۇ مازار بولۇپ، بارا ـ بارا بۇ مازار مەشھۇر زىيارەتگاھ ئورۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ.

مېلىكىزات گوڭ ئانچە ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرەلمەيدۇ. ئۇ 10 يىلدىن ئوشۇقراق گوڭ، ھاكىمبەگ بولۇپ، تەخمىنەن 1814 ـ يىلى ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە جەسىتى تۇرپانغا يەتكۈزۈلۈپ، دادىسى ئورانزىپ گوڭنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىدۇ. شۇ چاغدا مېلىكىزاتنىڭ جەسىتىنى تۇرپانغا يەتكۈزۈشنى كەڭ خەلق ئاممىسى ئانچە ياخشى كۆرمەيدۇ.

## 5. خۇشنىزات گوڭ

مېلىكىزات گوڭنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، جياڭجۈن سوڭ جۈن، سەنزەن داچىن چاڭ لىڭلارنىڭ خان ئوردىسىغا قىلغان تەكلىپىگە بىنائەن، 1814 ـ يىلى چوڭ ئوغلى خۇشنىزاتنى گوڭ ھەم ھاكىمبەگلىك ۋەزىپىسىنى بىللە ئۆتەشكە تەيىنلىدى. كىچىك ئوغلى نۇرزاتبەگ بەگلىكنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىنى باشقۇردى.

بۇ چاغدىمۇ گوڭ ـ بەگلىكلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ ۋەزىپە ھاكىمىيەت ۋە خەلقنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەر بىر يۈزلۈك يېزىلارنىڭ تېرىلغۇ مەيدانلىرىنى كېڭەيتىش ۋە مۇقىم ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرى يېڭى ئورۇنلاشقاندا بەزىبىر چوڭ بۇلاق ۋە تاغ سۇلىرىدىن ئۇيغۇرلار ھەم مانجۇ چېرىكلىرى تەڭ پايدىلىناتتى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دېھقانلار كەينى ـ كەينىدىن ئۆستەڭ ئېلىش ئىشىغا كىرىشكەنلىكتىن، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى خېلى ئېقىنغا سېلىپ قويغان بۇ سۇلارنى چېرىكلەرگە قالدۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدە ئۆز ئالدىغا ئۆستەڭلەر ئېلىشىنى بۇيرىدى، مانا مۇشۇلاردىن بىرى، يۇقىرىقى ھەم تۆۋەنكى پەنجىم يۈزى ھەم بايانداي قەلئەسىدىكى قوشۇنلار پىلدىچى قارا سۈيى بىلەن دېھقانچىلىق قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. جياڭجۈن مەھكىمىسى مەزكۇر سۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چېرىكلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا قالدۇرۇپ، خۇشىنىزات ھېكىمغا باشقا ئورۇندىن ئۆستەڭ چېپىشنى بۇيرىدى. نەتىجىدە، خۇشىنىزات ھېكىم پەنجىم يۈزى بەگلىرى ۋە مىراپلىرى بىلەن ئىزدىنىپ، جىرغىلاڭ غولىدىكى (جېلىلىيۇزىنىڭ غولى) قارا سۇنى تاغ قاپتاللىرى ئارقىلىق ئۆستەڭ ئېلىپ، تۇرپانيۈزى ئۆستىدىكى ئېدىر ـ قاپتاللارنى بويلاپ يىلىچى ئاغزىدىكى 150 ئۆيلۈك دېھقاننىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. جياڭجۈن مەھكىمىسى بۇنى ئوردىغا تۆۋەندىكىچە بايان قىلدى:

«جياچىڭنىڭ 21 ـ يىلى (1816 ـ يىلى).

جياڭجۈن سۇڭ جۈن، سەنزەن داچېن چاڭلىڭلار مۇنداق بايان قىلىدۇ: ـ ئىلى ... خۇيىنىڭ (باياندايى) شەھىرىدە قوشۇن ۋە ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق قىلىشتا، شەرق تەرەپ تاغدىكى يىلىچى بۇلىقىنىڭ سۈيى بىلەن يەر سۇغىرىپ كەلگەنىدى. بۇلتۇر دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھاكىمبەگ خۇشىنىزات قاتارلىقلار ئۆستەڭ ئېچىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى ... بۇنىڭدىن يېڭى ئېچىلغان ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 170 لىدىن كۆپرەك بولۇپ، غەربىي شىمالدىكى جىرغىلاڭ تاغ بۇلىقىغىچە بارىدۇ. يىلىچىدىكى 150 ئۆيلۈك ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىنى سۇغىرىدۇ.» ㉖

بۇ ئۆستەڭ تاماملانغاندىن كېيىن، خۇشىنىزات گۇڭ جەنۇبتا «چاپچال ئۆستىڭى» نى ئالدۇرىدۇ.

خۇشىنىزات گۇڭ ئارىئۆستەڭدىن ئاللا قۇلى خەلپەمنىڭ ئوغلى خۇدا قۇلى خەلپەم بىلەن قۇدىلىشىپ، خەلپەمنىڭ قىزىنى ئوغلى خالزاتخانغا ئېلىپ بېرىدۇ.

خۇدا قۇلى خەلپەم يۈزلۈك يېزىلاردىن نۇرغۇن مۇرت توپلاپ ئۆز سۆھبىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، غۇلجا شەھىرىدە تەرىقەت (سوپىلىق ـ ئىشانلىق) نىڭ يوقلىقىنى، مۇسۇلمانچىلىق شەنىگە بولغان نۇقسان ھېسابلاپ شەھەردىمۇ تەرىقەت تۇرغۇزۇشنى، بۇنىڭ ئۈچۈن شۇ چاغدا نامى مەشھۇر بولغان بەدەھشانلىق ئىشانشاھ ئەۋلىيانى غۇلجىغا تەكلىپ قىلىپ ئالدۇرۇشنى پىكىر قىلىدۇ. گۇڭ ـ بەگ بۇنى قوبۇل قىلىپ، 20 گە يېقىن مۆتىبەر ئاتالغان زاتلارنى سوۋغا ـ سالام ۋە مەكتۇپلار بىلەن بەدەھشانغا ئەۋەتىدۇ. ئىشانشاھ: مۇرت ۋە تالىپلارنىڭ كۆپلىكى، تەئلىم ۋە دەرستىن بوشىيالمايدىغانلىق ئۆزرىسىنى ئېيتىپ، ئىلى تەرەپكە تىجارەتكە كەتكەن سادىق مۇرتى گارا مۇھەممەتكە ئىرشاتنامە خەت يېزىپ قايتۇرىدۇ. ئىلى گۇڭ ـ بەگلىكى قايتا ـ قايتا ھەر بىر يەرلەرنى ئىزدەش ئارقىلىق، ئۇنى چوڭ كورە (كونا كورە) دىكى چەنتۇ(ئۇيغۇر) دەڭدىن تېپىپ، بەگ ئوردىسىغا ئالدۇرۇپ، ئۇستازىنىڭ ئىرشادىنى

كۆرسىتىدۇ. گارا مۇھەممەت: «بۇ ئىشنى پىرىم ئۆزى كېلىپ باشلاپ بەرمىسە، مېنىڭ ھەددىم ئەمەس» دەپ ئۆزرە ئېيتىدۇ. گۇڭ-بەگلىك، ئەھلى-ئىلىم ۋە يۇرتنىڭ ھەر ساھە زاتلىرى مۇرىت بولۇپ قول بېرىدۇ. مەمىيار يۇزىنىڭ (ھازىر مەمەيۇزى دېيىلىۋاتىدۇ - مۇھەررىردىن) شۇ چاغدىكى يۇز بېگى (مۇھەممەتيار) نىڭ شەھەر ئىچىدە باغلىق قورۇسى بولۇپ، ياشانغان بۇ يۇز بېگىمۇ قول بېرىپ، مەزكۇر قورۇسىنى خانىقا ئۈچۈن ھەدىيە قىلىدۇ.⑰ مەنچىڭ دەۋرىدە غۇلجا شەھىرىدە دەسلەپ قۇرۇلغان خانىقا مەزكۇر خانىقادۇر. ئېشانشاھ ئەۋلىيا ئۈچ ئاي تۇرۇپ، مەزكۇر خانىقاغا گارا مۇھەممەتنى خەلىپە قىلىپ قايتىدۇ. ئۇ ئىلىدىكى مازارلاردىن «تېرەك مازار» نى ئالاھىدىن باغدادىنىڭ مازىرى دەپ ئېلان قىلىدۇ.

خۇشنىزات گۇڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، شۇ چاغدىكى غۇلجىنىڭ ئەئلەم ۋە قازى كالانى ئابدۇلئەزىز ئەئلەم ۋە ئۆز ئوغلىغا ئەگەر ۋاپات بولسا، غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى ئەتراپىنى مەجنۇنتاللار قاپلاپ، ئايلىنىپ سۇ ئېقىۋاتقان ئېگىز بوشلۇق دۆڭ ئۈستىگە دەپنە قىلىشىنى، بۇندىن كېيىن ئەۋلادلىرىدىن ۋاپات بولغانلارنى ئۆزىنىڭ يېنىغا قويۇشنى، جەسەتنى تۇرپانغا ئېلىپ بارماسلىقنى، خەلققە جەبرى بولماسلىقنى ۋەسىيەت قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ھاياتلىقىدا دادىسى مېلىكزاتنىڭ جەسىدىنى تۇرپانغا يەتكۈزۈشتە خەلقنىڭ نارازىلىقىنى ۋە بۇ توغرىدا چىققان قوشاقلارنى ئاڭلىغان خۇشنىزات گۇڭ تەخمىنەن 1818-يىلى ۋاپات بولدى. ئۇ ئۆزى ۋەسىيەت قىلغان ئورۇنغا دەپنە قىلىندى.

## 6. خالزاتخان تەيجى - تاجى ھېكىم

خالزاتخان خۇشنىزات گۇڭنىڭ يالغۇز ئوغلى، ئۇ چىڭ ئوردىسىنىڭ يارلىقى بىلەن 1818-يىلى دادىسىنىڭ ئورنىغا گۇڭ-بەگلىككە تەيىنلىنىدۇ.

ئىلگىرى يۇرت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كۆرمىگەن ياش خالزاتخان دادىسىنىڭ ئورنىغا گۇڭ بولۇش بىلەنلا ئوردا قۇرۇلۇشى ۋە خۇسۇسىي ھەشەمەتلەر ئۈچۈن تولاراق كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلايدۇ. خۇشنىزات گۇڭنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە تۇرپان، قۇمۇللاردىن ياخشى ئۇستىلارنى ئالدۇرۇپ گۇمبەز تۇرغۇزۇپ، «ئالتۇنلۇق» قەبرىستانلىقنى بىنا قىلىدۇ. مەزكۇر ئالتۇنلۇقتا دائىم دۇئا-تەكبىر قىلىپ تۇرۇش ۋە خەلقنىڭ نەزىرلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، يەكەندىن 40 ئۆيلۈك دەرۋىشنى كۆچۈرۈپ چىقىپ، ئالتۇنلۇق ئەتراپىدىن ئۆي-جايلىق يەر بېرىپ، «سوپىۇم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مەھەللىسى»نى قۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن تالىلىق، ئايرودروم ئەتراپىدىكى يەرلەرنى تېرىلغۇلۇق قىلىشقا بېرىپ، ئالۋاڭ-ياساق، غەللە-پاراقتىن كەچۈرۈم قىلىدۇ. بۇ دەرۋىشلەر ھەر پەيشەنبە كۈنى جەندە-كۇلاھلىرىنى كىيىشىپ، ساپايىلار بىلەن پۈتۈن شەھەرنىڭ ئاھالىسى ۋە رەستىلەردىكى ھۈنەرۋەن تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكانلىرىغا بېرىپ، دۇئا-تەكبىر قىلىپ قايتىشاتتى. ئۇلار خەلقنىڭ قولىدىن نەقمۇ-نەق ھەدىيە ئالمايتتى. ھەركىم نەزىر ئۈچۈن ئاتىغان نەرسىلىرىنى ۋە ھېيت-ئايەملەردە سالغان ژىت (يىت ياكى پوشكال) لىرىنى بۇلارنىڭ ئائىلىلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرەتتى. مەزكۇر پوشكاللارنى يەرلىك ئىمام-مەزىنلەر «بىزنىڭ ھەققىمىز ئەمەس» دەپ ئالمايتتى.

1815-يىلى تېرىلغۇ يەرلەرنى كۆپلەپ ئېچىشنى مەقسەت قىلىپ، بۇرۇن چېپىلغان «تاش ئۆستەڭ»نى ئاساس قىلغان ھالدا «ئاق ئۆستەڭ» قۇرۇلۇشىنى باشلاپ، بۇنى باشقۇرۇشنى خالزات گۇڭغا تاپشۇرىدۇ. ئۆستەڭ، سۇچىلىق ئىشلىرىدىن ئانچە تەجرىبىسى بولمىغان خالزاتخان گۇڭ چارە-تەدبىرلەر بىلەن ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئورنىغا، كۆپرەك جەبرى-زۇلۇم بىلەن ئىش يۈرگۈزگەنلىكتىن، دېھقانلار ھەم يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ نەزىرىدىن قالىدۇ. تەخمىنەن 1820-يىلى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى خالزاتخان گۇڭنى شاغىبەگلىككە (مۇئاۋىن ھاكىمبەگلىككە) چۈشۈرۈپ، باقى ئاخۇننى ئورلاڭ ھاكىمبەگ (ۋاقىتلىق ھاكىمبەگ) لىككە تەيىنلەيدۇ. ئۆستەڭ ھەم يۇرت ئىشلىرىنى باقى ھېكىم باشقۇرىدۇ. بۇ كىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دۆلەتنى ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەيدۇ. دۆلەت ھېكىمنىڭ كۆزى تۇتۇلۇپ قالغانلىقتىن چورۇقنى (مەھەممەت ئىمىننى) ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەيدۇ. خالزاتخان ھەر ئۈچ ھېكىمنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ قالىۋېرىدۇ.

چورۇق ھېكىم خەلقپەرۋەر، ئادىل، نەپسى يوق، سۇ ۋە ئۆستەڭ ئىشلىرىنى پۇختا بىلىدىغان زات بولۇپ، ئۆستەڭ ئىشلىرى بۇ كىشىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىن تېز ئىلگىرىلەيدۇ. 1825-يىلى ئۆستەڭ پۈتۈپ، باياندايى قەلئەسىنىڭ جەنۇبىغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئۆستەڭگە سۇ باغلاش مەزگىلىدە، شاغىبەگ خالزاتخان «ئۆستەڭگە سۇ چىقمايدۇ» دەپ جياڭجۈن ئىلى مەھكىمە شەرئىيەنىڭ ئەئىلەمى موللا قەمبەر ئاخۇن، مەھكىمە مۇپتىسى ۋە ئىلى ئۆلىمالىرىنىڭ پېشۋاسى ئاتالغان مەشھۇر مۇددەررىس مەسئۇت ئاخۇنلار باشلىق بىر قانچە كىشىلەرنى چاقىرىپ مەسلىھەت ئالغاندىن كېيىن، چورۇق ھېكىم سۇنىڭ راۋان ئاقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان «دار» ياساپ، ئەمەلدارلارنى

قايىل قىلىش بىلەن، قولۇاقلىق ئۆستەڭ سۈيىدە بىللە ئېقىپ، «ئاق ئۆستىڭىم، ئاق!» دەپ پالاق ئۇرۇپ باياندايى قەلئەسى سىرتىغا ياسالغان شىتەيگە بېرىپ، مۇراسىمنى كۆرۈۋاتقان جياڭجۈنلەرگە خۇشخەۋەر يەتكۈزىدۇ. (خەلق رىۋايەتلىرى بويىچە) چورۇق ھېكىم خانلىقتىن «كۆرمە»[28] بىلەن سوۋغاتلىنىدۇ ۋە بۇ سوۋغات بىلەن تەڭلا جياڭجۈن مەھكىمىسى قىيىنچىلىقلىرىنى ئېيتىپ، ئىلگىرىدىن ئېلىپ كېلىۋاتقان تۆت خو ھوسۇلنى سەككىز خو قىلىپ بېكىتنۇېتىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇنى چورۇق ھېكىم ئانچە قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، خۇشنىزات ھېكىم «جىرغىلاڭ ئۆستىڭى» نى چاپتۇرۇشقا كىرىشكەندە، جياڭجۈن مەھكىمىسى بۇ ئۆستەڭنى چېپىش ئۈچۈن قانچە يىل ۋاقىت كەتسە، ئۆستەڭ پۈتۈپ سۇ باشلىغاندىن كېيىن شۇنچە يىل ئۆستۈرمە سېلىق سالماسلىققا ۋەدە قىلغانىدى. بۇ ئۆستەڭ ئالتە يىلدا پۈتتى. بۇنىڭ پۈتۈشىگە ئاق ئۆستەڭنى چېپىش تەشەببۇس قىلىندى. بۇنىڭغا يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا ۋەدە قىلىنغانىدى. ئىككى ئۆستەڭ 21 يىلدا پۈتتى. دېمەك جياڭجۈن مەھكىمىسى باشتىكى ۋەدىسىگە بىنائەن 21 يىل ئۆستۈرمە سېلىق سالماسلىقى كېرەك ئىدى. شۇڭا چورۇق ھېكىم بۇ خەۋەرنى يۇرتقا، بەگلەرگە يەتكۈزدى. خەلقنىڭ پەريادى كۈچەيدى، بۇنى كەچۈرۈم قىلىش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش توغرىسىدا جياڭجۈن مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇلدى.

چورۇق ھېكىمنىڭ ئاق ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى، خەلقپەرۋەرلىكى، بولۇپمۇ كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى ھاشارغا ئېلىپ بارماسلىق ھەققىدىكى ئەمەلىي ئىشلىرى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ توغرىدا تارتقان ئەرزىيەتلىرى (جاپالىرى) كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە ئادىل ئەمەلدارلارنىڭ بۇ كىشىگە بولغان ھېسداشلىقىنى ئاشۇرىدۇ. سۇنىڭ ئوخشۇشلۇق ئېقىپ، خەلق ئۈستىدىكى ھاشارنىڭ تۈگىشى ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت، مۇھەببەتنى ئۇلغايتىدۇ، لېكىن بىر مۇنچە ھەسەتخورلارنىڭ پۈشقىقىغا پىت چۈشىدۇ.

مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزۈۋاتقان چىرىك سىياسىتى، ئېغىر ئالۋاڭ-ياساقلىرى، ئەمەلدارلارنىڭ قانۇنسىز زورلۇق-زومبۇلۇقى خەلقنىڭ نارازىلىقىنى كۈچەيتىشكە باشلايدۇ. جەنۇبتا جاھانگىرخان قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. قوزغىلاڭنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئىلى جياڭجۈنى چىڭ شياڭ داۋگۇاڭنىڭ 5-يىلى (1824-يىل) 11-ئايدا قەشقەرگە داچىن (ھەربىي مەسلىھەتچى) بولۇپ يۆتكىلىپ، ئۆزى بىلەن بىر قانچە مىڭ چېرىكنى يۆتكەپ چۈشىدۇ. ئۇ، داۋگۇاڭنىڭ 6-يىلى قوزغىلاڭدا ئۆلىدۇ. بۇ چاغدا ھوسۇل ئاشقانلىقتىن، ئىلىدىمۇ ئەھۋال جىددىيلىشىشكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باشلايدۇ. ئىلى جىياڭجۈن مەھكىمىسى شۇ يىلى مۇنداق خەۋپلىك ۋەزىيەتتە، چورۇق ھېكىمدىن گۇمانلىنىدۇ ۋە ئۇنى ھېكىملىكتىن قالدۇرىدۇ. خانلىققا سادىق بولغان خالزاتخان شاغىبەگنى ئەۋلادىدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان «گوڭ» لۇق ئۇنۋانىدىن بىر دەرىجە تۆۋەنلىتىپ «تەيجى» ئۇنۋانى بىلەن ھېكىم ۋە 6 ـ دەرىجىلىك مىرابېگى قىلىپ بېكىتىدۇ. خەلق «تەيجى» سۆزىنى خاتا چۈشىنىپ، «تاجى ھېكىم» دەپ ئاتىشىدۇ. ھازىرقى كۈندىمۇ «تاجى ھېكىم» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان زات مانا مۇشۇ خالزاتخان تەيجىدۇر.

خالزاتخان تەيجى بولۇش بىلەن جىياڭجۈن مەھكىمىسى بۇيرىغان سەككىز خىل ھوسۇلنى تولۇقى بىلەن يىغىپ، يېزا ـ يېزىلارغا ئوردا خىزمەتچىلىرىنى چىقىرىدۇ. كۆپ ئۆتمەيلا مەنچىڭ ئوردىسى خالزاتخاننى «مىراب بېگى» لىق دەرىجىسى بىلەن باشقا يۇرت بەگلىرىنىمۇ قوشۇپ، بېيجىڭغا بېرىپ خاننى تاۋاب قىلىشقا يارلىق چۈشۈرىدۇ.

«داۋگۇاڭنىڭ 5 ـ يىلى (1825 ـ يىل) 12 ـ ئاي.

يارلىق!

... خوتەننىڭ 3 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبېگى خۇدابەردى قاتارلىق تۆت كىشى، قەشقەرنىڭ 4 ـ دەرىجىلىك شاڭبېگى پولات قاتارلىق بەش كىشى... ئىلىنىڭ 6 ـ دەرىجىلىك مىرابېگى خالزاتلار شۇ ۋەمن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىن خاننى تاۋاپ قىلسۇن. بۇلارنىڭ بېيخەيگە بېرىپ مۇز ھۈنەرلىرىنى كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىنسۇن.»㉙

خالزاتخان تەيجى بېيجىڭغا قىلغان سەپىرىدە قومۇلغا چۈشىدۇ ۋە قومۇل جۇنۋاڭى بېشىرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى ۋە ھەشەمەتلىك كۈتۈپ، خاننىڭ ھۇزۇرىغا يولغا سېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۇ بېشىر ۋاڭنىڭ ئايالىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ، بېيجىڭغا بېرىپ خاننى زىيارەت قىلىپ قايتقاندا، يەنە قومۇلدا مەلۇم ۋاقىت تۇرىدۇ. بۇ مەزگىلدە بېشىر ۋاڭغا خالزاتخان كىچىك دادىسىنىڭ قىزى مېھرىبانۇمنى خوتۇنلۇققا بېرىشكە ۋەدە قىلىدۇ. مېھرىبانۇمنىڭ چىراي خۇلقى، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى ئاڭلىغان بېشىر ۋاڭ چوڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن خالزاتخاننى يولغا سالىدۇ. بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن بېشىر ۋاڭ ئۆزى كېلەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن توپلىشىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن كىشىلەرگە خەنجىرىنى ھاۋالە قىلىدۇ. غۇلجىدا بىرقانچە ۋاقىت توي ئېشى بېرىپ خەنجەرگە نىكاھ قىلىدۇ. مېھرىبانۇمنى 50 ئائىلىگە يېقىن تۇغقانلىرى ۋە خىزمەتچىلەر بىلەن

يولغا سالىدۇ. (ھازىر خەلق ئىچىدە ئېيتىلىۋاتقان «پۇچۇنخان ناخشىلىرى» مەزكۇر مېھرىبانۇمنىڭ ناخشىلىرى)㉚

مېھرىبانۇمنىڭ ئانىسى (سومانىخان. ـمۇھەررىردىن ئىزاھ) يالغۇز قىزىنىڭ دېغىدا ھاراقنا ئۆگىنىپ قالغانلىقتىن «شاراپچى خېنىم» دەپ ئاتىلىدۇ.

مېھرىبانۇمنىڭ بىرلا ئاكىسى بولۇپ، ئۇ سىڭلىسىنى بېشىر ۋاڭغا قۇمۇلغا ياتلىق قىلىشقا ئانچە رازى بولمايدۇ. قىزىنىڭ دەردىدە ئاپىسىنىڭ يۇقىرىقى ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا خاپا بولغان بۇ يىگىت (نۇساتبەك ـنۇسرەتبەك) شاراپچى خېنىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خالزاتخان بىلەن ئاچچىقلىشىپ، قۇمۇلغا كۆچۈپ كېتىدۇ ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولىدۇ.

خالزاتخان بۇ داغدۇغىلىق ئىشلار بىلەن ئىككى يىلغىچە مەشغۇل بولىدۇ. جەنۇبتىكى جاھانگىرخان قوزغىلىڭى باستۇرۇلۇپ، 1828 ـيىلى جاھانگىرخان بېيجىڭغا يەتكۈزۈلۈپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. لېكىن جەنۇبتا يەنە مالىماتاڭچىلىق بولىدۇ. بۇنىڭ تەسىرى ئىلىغىمۇ كېلىدۇ. بۇنداق خەتەرلىك چاغدا چورۇق ھېكىمنى كۆزدىن يوقىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئىلى جياڭجۈنى دې يىڭئا ياڭ ۋېي داۋگۇاڭنىڭ 8 ـ يىلى (1828 ـ يىلى) ئۇنى ئاقسۇغا 10 يىللىق پالايدۇ. بۇ ئىشنى خەلق جياڭجۈندىن كۆرە خالزاتخان ھېكىمنىڭ تەكلىپى بىلەن بولغان ئىش، دەپ تونۇپ، كۆڭلى قالىدۇ.

داۋگۇاڭنىڭ 10 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە (1830 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە) جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تۆت شەھىرىدە كۆلىمى ناھايىتى زور بولغان قوزغىلاڭ پارتلايدۇ. بۇنى باستۇرۇش ئۈچۈن مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئىچكىرىدىن ئىلگىرى ـئاخىر بولۇپ 30 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر يۆتكەپ چىقىپ ئاقسۇدا توختىتىدۇ. بۇلارنىڭ ئوزۇقلۇقى ئۈچۈن ئىچكىرىدىن كەلتۈرىدىغان ئاشلىقنى تېجەپ قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇرۇمچى ھەم ئىلىدىن ئاشلىق يۆتكەشنى بەلگىلەيدۇ. كۇچار خەلقى ئۇرۇمچىدىن كەلتۈرۈلگەن ئاشلىقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن 1000 ئادەم، 200 ھارۋا، 500 ئات، 1500 كالا ھەم 1000 ئېشەك ئالۋاڭ بىلەن بۇ ئاشلىقنى ئاقسۇغا توشۇيدۇ.

ئىلى بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقىدا ھارۋا يۈرەلمەسلىكى ھەممىگە مەلۇم، يۇقىرىقى ئاشلىقنى پەقەت ئات ـئۇلاغ كۈچى بىلەنلا يەتكۈزۈش مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى بۇ ئاشلىقنى ئىلى دېھقانلىرىدىن 2000 كىشى ئاجرىتىپ، ھەر بىر كىشى 50 جىڭدىن ئاشلىقنى كۆتۈرۈپ ئاقسۇغا يەتكۈزۈشنى خالزاتخانغا ئەمر قىلىدۇ، خالزاتخان تەيجى بۇنى ئىجرا قىلىدۇ. ئىلى بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقى

www.uyghurkitap.com



1300 چاقىرىمچە يول بولۇپ، ئىلى تەرەپتىكى خان يايلىقىدىن ئاقسۇ تەۋەسىدىكى تامغا تاشقىچە بولغان ئارىلىقتا مەشھۇر مۇز داۋان بولۇپ، ئىلى بىلەن ئاقسۇ ئارىلىقىدا 10 نەچچە ئۆتەڭ بولسىمۇ، بۇ ئۆتەڭلەردە 2000 كىشى ياتىدىغان ئورۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دېھقانلار ئۆتەڭ ئەتراپىدا، ئاي دالىدا يېتىپ-قوپۇپ يول يۈرىدۇ. ئاقسۇغا بارغىچىلا بىرقانچە كىشى ئۆلۈپ، بىرقانچىلىرى كېسەل ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئىلىغا ـئائىلىسىگە قايتىپ چىقالمايدۇ. بۇ ئەھۋاللار سەۋەبىدىن خالىزاتخان تەيجىگە پۈتۈن يۇرت خەلقى ۋە مۆتىبەر زاتلارنىڭ قارشىلىقى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

خانلىق داۋگۇاڭنىڭ 8- يىلى (1828- يىلى) شىنجاڭدا «ئولتۇراقلاشقىلى 10 يىلغا توشمىغان ئەنجانلىقلارنى چېگرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش» ئىشىنى ئېلان قىلدى. سەۋەبى: بۇلار خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك بولغان چاي ۋە ئاشلىقلارنى بېسىۋېلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكۈزگەن، دەپ تونۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككى نۆۋەتلىك قوزغىلاڭدا بۇلارنىڭ قىسمەنلىرى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدە تۇرۇپ پاراكەندىچىلىك سالغانلىقى ئۈچۈن ئەشۇ چارە قوللىنىلغانىدى. مۇشۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن قەشقەر سەنزەن داچېنى سالۇڭئا داۋگۇاڭنىڭ 9- يىلى (1829- يىلى)9 - ئايدا خان ئوردىسىغا مەلۇم قىلىشىچە، پۈتۈن شىنجاڭدىن 2000 ئائىلە ئەنجانلىقنى ھەيدەپ چىقارغان.

ئىلى جياڭجۈنى دې يىڭئا ئىلى-تارباغاتايلاردا ئەنجانلىق سودىگەرلەر بېسىۋالغان 38 مىڭدىن ئارتۇق قارا چاي، 4200 جىڭدىن ئارتۇق رەۋەندىنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلىپ، 18 سودىگەرنى چېگرىدىن ھەيدەپ چىقارغان. غۇلجا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەنجانلىقلارنى ھەيدەپ چىقىرىش ۋەزىپىسىنى خالىزاتخان تەيجىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرغان. بۇنىڭغا ئاساسەن جياچىڭنىڭ 24-يىلى (1819- يىلى) دىن داۋگۇاڭنىڭ 9- يىلىغىچە (1829-يىلىغىچە) ئىلىدا تۇرۇشلۇق ئەنجانلىقلاردىن چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال بولۇپ 1463 كىشى چېگرىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىلگەن.

ئەسلى بەلگىلىمە بويىچە ئولتۇراقلاشقىنىغا 10 يىل بولغان ۋە خانلىق نىزاملىرى بويىچە تىنچ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ چېگرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلماسلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، سالۇڭئا ھەم دې يىڭئالار سۈرۈشتۈرمەي، قارا-قويۇق ھەممىنى ھەيدەپ چىقىرىشنى جېكىلىگەنلىكى ئۈچۈن، خانلىققا ئىتائەتمەن ئەنجانلىقلارمۇ ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ. شۇنداقلا مەشھۇر ئىشان گارا مۇھەممەت خەلپەمنىڭ 11 ياشلىق نەۋرىسى تۇرسۇنمەھەممەت (خەلپەمنىڭ ئوغلى) ھېيىت مەھەممەتنىڭمۇ ئانىلىرى

بىلەن چېگرىدىن چىقىرىۋېتىلىشى خالزاتخان تەيجىگە بولغان غۇلغۇلا، لەنەتنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

خالزاتخان تەيجى تۇرغۇزغان «ئالتۇنلۇق» يەكەندىن شەيخ، جارۇپلارنى ئالدۇرۇش، ئۇلارغا يەر-سۇ بېرىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئادەتتىكى خىراجەت بىلەن بولماسلىقى ئېنىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېھرىبانۇمىنىڭ تويى، سېلىنغان داستىخان ۋە ۋاڭ ئۈچۈن يوللانغان سوۋغا-سالاملار ھەددى ھېسابسىز بولۇپ، بۇلار ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن ئىقتىساد كېرەكلىكى ھەممىگە ئايان.

مۇسا گۇڭ ۋاقتىدىن قانۇنلاشتۇرۇلغان تۆت خو ھوسۇل گۇڭ-بەگلىك ئوردىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا يىغىۋېلىنىپ، جياڭجۇن مەھكىمە بۇيرىغان ئورۇنلارغا يەتكۈزۈلەتتى. تۆت خو ھوسۇل يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن سەۋەبلەر بىلەن يىلدىن-يىلغا كۆپىيىپ، خالزاتخاننىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، 16 خوغا كۆتۈرۈلگەنىدى. خالزاتخان تەيجى ئوردا خىزمەتچىلىرىنى ھەر بىر يۇزلەرگە چىقىرىپ، ھوسۇلنى ناھايىتى قاتتىق قوللۇق بىلەن يىغىپ، بىر قىسمىنى جياڭجۇن مەھكىمىسى ئىختىيارىغا تاپشۇرغان بولسىمۇ، بىر قىسمىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن چىقىملىرىغا ئىشلىتىپ قويىدۇ. لېكىن بۇ ئىشنى جياڭجۇن مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلماي، «ھوسۇلنى دېھقانلار تېخى تولۇق تاپشۇرمىدى» دەپ يالغان مەلۇمات بېرىدۇ. جياڭجۇن مەھكىمىسى «پۈتۈن چارىلەرنى قوللىنىپ، ئەسلى ۋە قوشۇمچە ھوسۇلنى تولۇق ئوندۇرۇۋېلىشنى» بۇيرۇيدۇ. خالزاتخان گۇڭ دېھقانلارغا: «يەنە قوشۇمچە سېلىق سېلىندى» دەپ تۆلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. خەلق ئىلاجىسىز ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ دېگۈدەك سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئىش بىر مۇنچە ئادىل زاتلار ئارقىلىق دېھقانلارغا يەتكۈزۈلگەنلىكتىن، كەڭ دېھقانلارنىڭ خالزاتخان تەيجىگە بولغان ھۆرمىتى يوقاپ، ئۆچمەنلىكى ئاشىدۇ. لېكىن داد-ئەھۋال ئېيتىشالمايدۇ.

خالزاتخان تەيجىنىڭ خىزمەت بېجىرىش جەريانىدا يۇقىرىقىدەك ھامان يۇرتقا پاراكەندىچىلىك سالىدىغان ئىشى-خىزمەتلەر تولا بولغانلىقى، ھۆكۈمەت خانلىق ئىشلىرىدىن باشقا، ئۆزىنىڭمۇ ھەشەمەتلىك دۆڭگە-داراسلىرى خەلقنى بىزار قىلغانلىقى، ۋەزىيەتنىڭ كۆڭۈلسىزلىكى، بۇلارغا قارىماي تەيجى بەجانىدىل بۇ ئىشلارغا كىرىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، خەلق نەزىرىدىن چەتنەپ قالىدۇ، لېكىن خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.

«ئۇ (خالزاتخان) جياڭجۇننىڭ ھېمايىسىدىن جاسارەت ئېلىپ، پۇرسەت

كەلسىلا ئۆز خەلقىدىن بولغانلارنى ئېزىشكە باشلىغانىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن ئۇزاقلاشقانىدى. مۇشۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن جازا بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئاخۇنلارنى كۆپ قېتىم رەت قىلغانىدى. شۇڭا ئاخۇنلار جىياڭجۈنگە بىر ئەلچى ھەيئىتى ئەۋەتىپ، گۇناھكارنىڭ جازالىنىشىنى تەلەپ قىلغان. جىياڭجۈن سەمىمىي قوبۇل قىلغان. بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن يۇقىرى دەرىجىلىك تارانچى مەمۇرلىرىدىن ئىبارەت بەش كىشىلىك بىر كومىسسىيە تەشكىل قىلىشنى بۇيرىغان. كومىسسىيە خالزاتنى گۇناھلىق دەپ تاپقاندىن كېيىن، جىياڭجۈن جازا بېكىتىشنى ئاخۇنلارغا تاپشۇرغان. ئاخۇنلار شەرىئەتكە مۇۋاپىق ھېكىملىكتىن ئېلىپ تاشلاشتىن ئىبارەت جازا بېرىشنى ئېيتىش بىلەن باراۋەر يەنە ئۆزلىرىنىڭ بۇ چارىنى يېنىكلىتىشنى ئۆتۈنگەن. شۇنداق قىلىپ خالزاتنىڭ پۈتۈن دەرىجىلىرى قايتۇرۇۋېلىنغان ۋە ئۆزى تۇرپانغا سۈرگۈن قىلىنغان.» (پروفېسسور ۋىلھېلىم رادلوف «سىبىرىيەدىن تاللانمىلار» 333 ـ بەت.)

خالزاتخان تەيجى تۇرپاندىن قايتىپ چىقىدۇ. يەنە ئۆز ھېكىملىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئاقسۇغا 10 يىللىق پالانغان چورۇق ھېكىممۇ مۇددىتىنى سەككىز يىلدا تاماملاپ 1836 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قايتىپ چىقىدۇ. خالزاتخان تەيجى چورۇق ھېكىمدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ بارمايدۇ. 1837 ـ يىلى چورۇق ھېكىم ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ نامىزىغا غۇلجا شەھىرى ۋە ھەممە يۇرتنىڭ دېھقانلىرى بىرى قالماي دېگۈدەك قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭ جەسىدى گارا مۇھەممەت خەلپەم دەپنە قىلىنغان خەلپەم بۇزۇرۇكۋارغا دەپنە قىلىنىدۇ.

ئىلى ئەئىلىمى قەمبەر ئاخۇنلۇق تەزىيە نۇتىقى سۆزلەپ، چورۇق ھېكىمنىڭ ئۆلمەس ئىش ـ ئىزلىرىنى بايان قىلىدۇ ۋە ھەسەتخورلارنىڭ كەلتۈرگەن ئەرزىيەتلىرىنى قاتتىق سۆكىدۇ.

خالزاتخان تەيجى ھېكىمنىڭ ئۆلۈمىگە مۇشۇ سائەتتە قاتتىق ئېچىنىدۇ. بۇقۇلداپ ياش تۆكىدۇ. گارا مۇھەممەت خەلپەمنىڭ نەۋرىسىگە قىلغان بېھۆرمەتلىكىنى ئەسلەپ ئەپسۇسلىنىدۇ. ھەر ئىككى زاتنىڭ روھىغا ناماقۇللۇق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، تەيجى ئۆزى ۋاپات بولغاندا، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئايىغى ئالتۇقلۇقتا دەپنە قىلماي، گارا مۇھەممەت ھەم چورۇق ھېكىم قەۋرىلىرىدىن 40 چامدام تۆۋەنگە دەپنە قىلىشنى ئوچۇق ۋەسىيەت قىلىدۇ.

خالزاتخان تەيجى 1854-يىلى ۋاپات بولدۇ. ۋەسىيەت ھەم تىلەكى بويىچە گارا مۆھەممەت خەلپەمنىڭ ئاياغ تەرىپىگە دەپنە قىلىندۇ.

## 7. مەزەمزات تەيجى

مەزەمزات، خالزاتخاننىڭ ئارىئۆستەڭدە ئۆتكەن خۇدا قۇلى خەلپەمنىڭ قىزىدىن بولغان ئوغلى بولۇپ، ئۇ چىڭ ئوردىسىنىڭ بېكىتىشى بىلەن دادىسىنىڭ ئورنىغا تەيجىلىك ئۇنۋانى بىلەن ھېكىم بولۇپ ئولتۇردى. بۇ چاغدا جۇڭگو جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرىغان ۋاقىت بولۇپ، ئۇرۇشلار سەۋەبىدىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ھېسابسىز ئاشىدۇ. بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى مەملىكەت ئىچى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت خەلقىغە ئالۋاڭ-ياساقنى كۆپەيتىشكە باشلايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن تەيپىڭ-تيەنگودەك دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى پارتلايدۇ. خانلىقنىڭ چەت ئۆلكىلەردىكى چېرىكلەرگە ئەۋەتىپ بېرىدىغان تەمىنات پۇللىرى توختاپ قالىدۇ. شۇلارنىڭ قاتارىدا ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىگە كېلىدىغان پۇلمۇ توختاپ، جياڭجۈن مەھكىمىسى بۇنى يەرلىك خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ-ياساقلارنى كۆپەيتىپ ئېلىپ تولدۇرۇش مەقسىتىدە، ئىلى دېھقانلىرىدىن ئۈستۈرۈپ ئېلىپ كېلىۋاتقان سەككىز خو ھوسۇلنى بىردىنلار 16 خوغا ۋە 1863-يىلى 32 خوغا كۆتىرىدۇ. ئۈستۈرمە ھوسۇل ئۈچۈن خەلق بارلىق نەرسىسىنى بېرىپ، پەقەت شۇ چاغلاردا ئېيتىلغان:

ئالۋاڭ ھوسۇلۇم تولا،
قۇياي دېسەم ئېشىم يوق.
بۇ ھوسۇلنى قۇيمىسام،
تىرىكلىكتە بېشىم يوق.

دېگەن قوشاقلىرىدا زارلانغىنىدەك، بىساتىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى بەرسىمۇ تۈگىمەيدۇ.

1864-يىلى ئىلى جياڭجۈنى چاڭ چىن، مەنچىڭ ئوردىسىنىڭ تەستىقى بىلەن مەزەمزاتنى «يېڭى ئۈستۈرمە سېلىقلارنى تولۇق تاپشۇرغۇزمىدىڭ» دېگەن سەۋەب بىلەن كورەگە چاقىرتىۋېلىپ زىندانغا تاشلايدۇ. مەزەمزاتنىڭ مۇئاۋىنى ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگنى ھېكىم قىلىپ بېكىتىدۇ. خەلقنىڭ چىداشقا تاقىتى قالمىغانلىقىنى بىلگەن ئابدۇرۇسۇل ھېكىم خۇيزۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، شۇ چاغدىكى قازى

www.uyghurkitap.com



كالان ناسىر ئەئىلەمدىن پەتىۋا ئالىدۇ. ئىلى دېھقانلىرىنىڭ چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلىڭىنى باشلايدۇ. قوزغىلاڭغا پۈتۈن ئىلى ۋادىسىدىكى يېزىلارنىڭ دېھقانلىرى تۇگەل ئاتلىنىدۇ. تېزلىك بىلەن چىلپەڭزە (شىچۈن) قەلئەسىنى ئالىدۇ ۋە باياندايغا يۈرۈش قىلىدۇ.

جىياڭجۈن مەھكىمىسى باشتا قوزغىلاڭنى «ئادەتتىكى توپىلاڭ» دەپ ئانچە پەرۋا قىلمايدۇ. قوزغىلاڭچىلار چىلپەڭزىنى تېزلىك بىلەن ئىشغال قىلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن كۈچ بىلەن باياندايغا يۈرۈش قىلىپ، بۇ قەلئەگە دەھشەتلىك ئوق ياغدۇرغاندىن كېيىنلا، خەلق قوزغىلىڭى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئالدىراشچانلىق بىلەن زىنداندىكى مەزەمزات تەيجىنى بوشىتىپ ئەپۇ سوراش بىلەن، مەزەمزاتنىڭ كۆرە كېمىسىدىن ئۆتۈپ، بەلدىكى يېزىلاردىن (چاپچال ناھىيە تەۋەسى) ئەسكەر ئېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ بېسىقتۇرۇشىنى، بۇنىڭ بەدىلىگە تەيجىلىك ئورنىنى مۇقىم ساقلاپ قېلىش بىلەن كۆپ ئىنئاملار بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى كۆرە كېمىسى ئارقىلىق چاپچالغا يولغا سالىدۇ.

مەزەمزات تەيجى چاپچالغا ئۆتۈپ، ھەر بىر يېزىلاردىن ئەسكەرلىككە ئالماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ غالجاتلىق توقلەك يۈز بېگىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاللىقاچان قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ. [31] سىرىنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي، شۇ كېچىسى دەرياني ئۆرلەپ چاپچال مازارغا بارىدۇ. كېمىدىن ئۆتۈپ چىغلىق مازاردىكى ئەخمەتخان غوجا سىگار كۆزنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ، قوزغىلاڭنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ. ئەخمەتخان غوجا سىگار كۆز ھەقىقى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئورنىغا: كونا ئاداۋەت... ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگ قېيناتىسى ئەخمەتبەگنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن جانابلىرىنىڭ ھاكىمبەگلىك ئورنىنى ئىگىلەش ئۈچۈن بۇ ئۈرۈشنى قوزغىدى. ئەخمەتبەگ خەزىنىچى بەگ بولدى، ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگ پۈتۈن ئىشنى ئەخمەت خەزىنىچى بەگنىڭ مەسلىھەت، يولىيورۇقى بىلەن يۈرگۈزىۋاتىدۇ، دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، مەزەمزات تەيجىنىڭ ئىچىنى ئۆرتەيدۇ. مەزەمزات تەيجى ئەخمەتخان غوجا سىگار كۆزنى ھەمراھ قىلىپ ئارىئۆستەڭ بۇلاقبېشىدىكى تاغىسى شەمشىدىن خەلپەمنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. سىگار كۆزدىن ئاڭلىغان سۆزلىرىنى مەخپىي تۇتۇپ ئېيتمايدۇ.

شەمشىدىن خەلپەم ھەدىسىنىڭ ئوغلى بولغان مەزكۇر مەزەمزات توغرىلىق ئەندىشىدە بولغانلىقتىن، شەھەرگە كىرمەي قوزغىلاڭچىلارغا مەدەت بېرىش يۈزـ

سىدىن ئارىئۆستەلىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن «نىياز باللار» (پىدائىيلار) نى تەشكىللەپ قويغان بولسىمۇ، ئارىلاشماي ئۆيىدە تۇرغانىدى. مەزەمزاتخاننىڭ ئازاد بولغانلىقىدىن خاتىرجەم بولغان شەمشىدىن خەلپەم ئەتىسىلا نىياز باللار ۋە مەزەمزاتخاننى ئېلىپ شەھەرگە ـ قوزغىلاڭچىلار يېنىغا يۈرۈش قىلىدۇ.

چىلپەڭزىنى ئىگىلەش بىلەنلا، رەھبەرلەر مۇقىم رەھبەرلىكنىڭ بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، كېڭەش ئارقىلىق نەزەر بەنتتە تۇرغان مەزەمزاتخاننى سۇلتان، ياگور ئاخۇننى مۇئاۋىن، ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگنى ئەمىر، موللا ناسىر ئەئىلەمنى قازى كالان، موللا شاۋكەتنى قازى ئەسكەر، ئەخمەتبەگنى خەزىنىچى ۋە باشقا ئىش بېشىدىكىلەرنى سايلاپ بولۇشقانىدى. شەمشىدىن خەلپەم تەرىپىدىن ئالدىنئالا بېرىلگەن خەۋەر بويىچە خەنبىڭدە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگدىن باشقا، يۇقىرىقى خادىملارنىڭ ھەممىسى مەزەمزاتخاننىڭ ئالدىغا ـ ھازىرقى ئۆزبېك مەسچىتى تەرەپكە چىقىپ قارشى ئالىدۇ، بىللە شەھەرگە كىرىپ كېتىپ بارغىنىدا، مەزەمزاتخان ئەخمەتخان سىڭار كۆزگە: ئىككى نەۋرىسىنى باشلاپ چىققان ئەخمەت خەزىنىچى بەگنى جايلىۋېتىشنى تاپشۇرىدۇ. سىڭار كۆز ئۆز كىشىلىرى بىلەن بىر ئاز مېڭىپلا ئەخمەت خەزىنىچى بەگنىڭ كاللىسىنى ئۇزۇش بىلەن، چوڭ نەۋرىسىنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ. كىچىك نەۋرىسى قېچىپ خەنبىڭدىكى دادىسى ئابدۇرۇسۇل ئەمىر تەرەپكە ئات سالدۇرۇپ كېتىپ بېرىپ، ھازىرقى تىببىي مەكتەپ ئالدىدىكى سۇغا سېلىنغان كۆۋرۈككە ئېتىنىڭ پۇتى كىرىپ يىقىلىدۇ. سىڭار كۆز ئۆز ئادەملىرى بىلەن قوغلاپ كېلىپ، بۇ بالىنىمۇ چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. مەزەمزاتخان تەيجى خەلپەملەر بىلەن ئۆز ئوردىسىغا چۈشىدۇ ۋە سۇلتانلىقنى تاپشۇرۇۋالىدۇ.

ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگ قېيناتىسى ۋە ئىككى ئوغلىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا كىرىدۇ. ئۇلارنى دەپنە قىلغىچە پەقەت بىر كۈنلا شەھەردە بولۇپ، بارگاھقا يانماق بولغاندا، دادىسى ۋە ئىككى ئوغلىدىن ئايرىلغان ئايالى قاتتىق نالە قىلىپ يىغلاپ، ئىنتىقام ئېلىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ. ئەمىر ئايالىنىڭ نالىسىغا تاقەت قىلالماي «ئۇرۇش تۈگىسۇن، ئاندىن كۆرىمىز!» دەپ، ئۇرۇش سېپىگە كېتىدۇ. بۇ سۆزنى سىڭار كۆز شۇ زامانلا مەزەمزات سۇلتانغا يەتكۈزىدۇ. سۇلتان سىڭار كۆزگە ئەمىر ئابدۇرۇسۇلنى يوقىتىشنى، ئەگەر ئۇ يوقالمىسا، سىڭار كۆز ئىككىسىنىڭ يوقىتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بايانداي ئۇرۇشى مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ. ئاخىرى ئەمىر ئابدۇرۇسۇلنىڭ قوماندانلىقى، سادىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پالۋاننىڭ سېپىلنى تېشىپ پارتلىتىشى بىلەن باياندا<ي> قەلئەسى تولۇق ئېلىنىدۇ. مەزكۇر جەڭنىڭ قاتناشچىسى شائىر موللا بىلال:

باھادىر ئاتالدى بۇ جەڭدە ئەمىر،
نەدۇركىم ئەمىر شاھ ساھىپ سەدىر.
ئەمىردىن ھەممەنى دىلى بولدى شاد،
دۇئا ئەيلىدى تاپتى غەمدىن نىجات.

دېدى بارچە ئادەم يۈرەكلىك ئەمىر،
كى بىزلەرگە دائىم كېرەكلىك ئەمىر.
كى ئابدۇرۇسۇل بەگدۇر دۇرۇست،
دىلى دۇرۇست ئۇچۈن تۇتتى خەلق ئانى دوست. ㉜

دەپ كۆرسەتكىنىدەك، باياندا<ي> ئېلىنىشى بىلەن پۈتۈن خەلق ئالدىدا ئەمىر ئابدۇرۇسۇلنىڭ ئابرويى ئۆسىدۇ. بۇلارنى كۆرۈپ مەزمۇزات سۇلتان بىلەن ئەخمەتخان سىڭار كۆزنىڭ ئەندىشىلىرى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئەمىرنى تېزدىن يوقىتىش كويىغا چۈشىدۇ. يالغاندىن مانجۇچە يېزىلغان خائىنلىق خېتى تەييارلايدۇ. ئەخمەتخان غوجا سىڭار كۆز ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە كەچتە بارگاھ ئىچىدە يېتىش ئالدىدا تۇرغان ئەمىر ئابدۇرۇسۇلنى خەنجەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، ھېلىقى خەتنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويىدۇ، ئەمىرنىڭ يېقىن ئادىمى دەپ، قازى كالان موللا ناسىر ئەئىلەمنى ھەپسىگە ئالىدۇ.

مۇشۇ ئارىلىقتا چەتتىن ئۆزىنى ئۇلۇغ غوجاملار نەسلىدىن قىلىپ كۆرسىتىپ ماخمۇت ئىسىملىك قېرى غوجا پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەۋلىيالىقىنى ئېيتىپ، كۆپىنى ئۆزىگە تارتىپ مۇرىت قىلىۋالىدۇ. ياغاچتىن پو (زەمبىرەك) ياساپ، ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، سۇلتان بولۇشنى نىيەت قىلىدۇ. ياسىغان پوسى ئېتىلىش بىلەنلا پارچىلىنىپ كېتىدۇ. ئاندىن «پوچى غوجا» باشقا ئۇسۇل بىلەن ئۆز مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئىچىدە ئىناۋىتى چوڭ بولغان، ھازىر ھەپسىدە يېتىۋاتقان ناسىر قازى كالاننى ھەپسىدىن بوشىتىۋېلىش كويىغا چۈشۈپ سۇلتاندىن سورايدۇ. سۇلتان قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن پوچى غوجا ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىدىن قوراشتۇرغان ئەسكەرلىرى بىلەن ناسىر قازى كالاننى بوشىتىپ ئېلىپ چىقىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ سۇلتان مەزمەزاتخان قازى كالاننى ئۆلتۈرۈۋېتىش

تەرەددۇتىنى قىلىدۇ. پوچى غوجا سۇلتان مەزەمزاتنى يوقىتىشقا ئالدىرايدۇ. پوچى غوجا مەزەمزاتنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولۇپ كېلىۋاتقان ئەخمەت سىڭار كۆزنى ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ. نەتىجىدە، مەزەمزاتخان ناسىر قازى كالاننى ئۆلتۈرگۈزىدۇ. پوچى غوجا، سىڭار كۆزلەر 1866-يىلى مەزەمزاتخاننى ئۆلتۈرۈش بىلەن بىللە ئۇنىڭ 17 ياشلىق ئوغلى خىزىرخاننىمۇ ئۆلتۈرۈپ، سۇلتان ئوردىسىغا كىرىپ، مەزەمزاتخاننىڭ پۈتۈن مال-مۈلكىنى تالاپ كېتىدۇ. سۇلتاننىڭ كىچىك ئوغلى ئىلياسخان ئامان قالىدۇ. ئۇنىمۇ پوچى غوجىنىڭ ئادەملىرى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، چۈلۈقايدىكى ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە چىقىرىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ سۇلتاننىڭ بۇ ئوغلى ئامان قالىدۇ.

بۇ چاغدىكى ئىلىنىڭ جياڭجۈنى چاڭ چىڭنىڭ مەزكۇر ئۇرۇشنىڭ چىقىشىنى ئالدىنئالا توسيالمىغانلىقى ئۈچۈن، خان ئوردىسىدىن ئۆزىگە جازا بېرىشنى سوراپ يازغان باياناتىغا سالغان تەستىقى ۋە بولغۇسى جياڭجۈن مىن شۈيگە 1865-يىلى 5-ئاينىڭ 25-كۈنى يوللىغان يارلىقىدا: «... ئۆتكەندە چاڭ چىڭنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، مەزەمزاتنىڭ مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئاندىن سوراققا تارتىش تەلەپ قىلىنغان. بۇ قېتىم ئۇيغۇرلار توپىلىشىپ مەزەمزاتنى ۋاقىتلىقچە سايلىماقچى بولىۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىدۇق. مۇشۇ ئىشنى شۇ ئادەم قىلىۋاتامدۇ-قانداق؟ ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلار بېسىمغا چىدىماي قىلىۋاتىدۇ، دېيىشىدۇ. مىن شۈي ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېڭىشىپ كۆرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتسۇن. ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ خان يارلىقىدىن خەۋەردار قىلىنسۇنكى، ئەگەر ئۆتكەندىكى ئەنزە ھەقىقەتەن ناھەق بولغان بولسا، ئاقلاشقا بولىدۇ.» يەنە:

«تۇڭجىنىڭ 4-يىلى 7-ئاي (1865-يىلى 8-ئاينىڭ 29-كۈنى.)

ئىلى ھاكىمبېگى ئابدۇرۇسۇل ئەمەت ئىسيانچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلسۇن».㉝ دەپ يارلىق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، بۇ چاغدا جياڭجۈن مەھكىمىسى مۇھاسىرىدە قېلىپ، سىرت بىلەن ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغانلىقى ئۈچۈن، ھەر ئىككىلا يارلىق يەتكۈزۈلمەيدۇ.

## 8. بوۋاق غوجا - ئىلياسخان تەيجى

مەزەمزاتخاننىڭ چۈلۈقايغا قاچۇرۇپ چىقىرىۋېتىلگەن ئوغلىنىڭ ئىسمى ئىلياسخان بولۇپ، 1853 - يىلى تۇغۇلغان. دادىسى ئۆلتۈرۈلگەندە ئۇ 13 ياشتا ئىدى.

www.uyghurkitap.com



ئىلياسخاننىڭ يەنە بىر قوشۇمچە ئىسمى بولۇپ، «بوۋاق غوجا» دۇر. بوۋاق غوجا دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە كىشىلەر ۋە ئۆز ئەۋلادلىرىنىمۇ مۇشۇ كۈنگىچە: «بۇ بالا مەزمەزاتخان ئۆلگەندە تۇغۇلغانلىقتىن بۇ بالىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ ئات قويماي چۆلۈۋقايغا چىقىرىۋەتكەن. ئۇرۇش ئاخىرلاشقىچە بالىنى باققان يېزىدىكى تۇغقانلىرى ئات قويماي <بوۋاق غوجام، بوۋاق غوجام!> دەپ ئاتىشىپ، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىلياسخان دەپ نام بەرگەن» دېيىشىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمى توغرا بولسىمۇ، تۇغۇلغان ۋاقتى ئالماشتۇرۇلغان.[34]

1864 - يىلى قوزغالغان ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، 1867 - يىلى ئىلى سۇلتانلىقى قۇرۇلدى. بۇ چاغدا ئىلياسخان 14 ياشتا ئىدى. ئىلى سۇلتانلىقى بۇ بالىغا — ئىلياسخانغا ھېچقانداق ئىش بەرمەيدۇ.

1871 - يىلى چاررۇسىيە تاجاۋۇز قىلىپ ئىلىنى قوراللىق بېسىۋالدى. رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئىلىنى باشقۇرغان 10 نەچچە يىل داۋامىدىمۇ، ئىلياسخان ھېچقانداق خىزمەت بىلەن تەمىن ئېتىلمەيدۇ. مەنچىڭ ھۆكۈمىتى چاررۇسىيە بىلەن 10 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سۆزلىشىش ئارقىلىق ئاخىرى «ئىلى - رۇسىيە شەرتنامىسى» ئىمزالىنىدۇ. رۇسىيە دېگەن مۇددەتتە چېكىنىپ كەتمەي ئەڭ ئاخىرى گۇاڭشۈينىڭ 9 - يىلى 1 - ئايدا (1883 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى) قايتىپ چىقىپ كېتىدۇ، ئىلى ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىغا قايتىپ، مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا يېڭىباشتىن ئۆتىدۇ.

خانلىق ئىلى جياڭجۈنلىكىگە جىن شۈننى تەيىنلەيدۇ، جىن شۈن ئۆزى بىلەن 30 مىڭ چېرىك باشلاپ چىقىپ سۈيدۈڭگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئىلىدىكى بارلىق ئەھۋالىنى ئۆگىنىپ خان ئوردىسىغا يوللىغان دوكلاتىغا خان ئوردىسى 1883 - يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى يارلىقى بىلەن: «... كېيىنكى بارلىق ئىشلارنى ئەستايىدىل بىجىرىش بىلەن ھاكىمبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلارنى تاللاپ، تەسىس قىلىش لازىم» لىقى توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىدۇ. ئوردىنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەنزىسى قايتا تەكشۈرۈلمەي قېپقالغان مەزمەزاتخان تەيجىنىڭ ئوغلى ئىلياسخان (بوۋاق ھېكىم) مەزمەزاتخاننىڭ ئورنىغا تەيجىلىك ئۇنۋان بىلەن بېكىتىلىدۇ. بۇ چاغدا بوۋاق ھېكىم 30 ياش مەزگىلى ئىدى.

مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ ۋە چاررۇسىيىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ئىلى خەلقىدىن 10 مىڭ 899 ئائىلە (50 مىڭ 55 جان) يەتتە سۇغا كۆچۈپ

چىقىپ كېتىپ، يۈزلۈك يېزىلاردا ئادەم ناھايىتى ئاز قالدى. ئېتىز-ئېرىق، ئۆستەڭلەر بىرقانچە يىللىق ئۇرۇش سەۋەبى بىلەن خانىۋەيران بولغاچقا، بۇ ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىش ئەڭ مۇھىم ئىشلار قاتارىدا تۇتۇلىدۇ.

ئىلى جياڭجۈنى جىن شۈن ئىلياسخان تەيجى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، «ئۇزۇن يىل تارىلانمىغانلىقتىن لاتقا تېنىپ كەتكەن ئاق ئۆستەڭنى رېمونت قىلىش بىلەن بىللە، 12 تارماق ئۆستەڭ ئېلىپ دېھقانچىلىققا كىرىشىش» توغرىسىدا گۇاڭشۈينىڭ 8- يىلى 7- ئاي (1883- يىلى 9- ئاينىڭ 9- كۈنى) خانلىقتىن تەستىق ئالىدۇ.

بوۋاق غوجا ئىلىدىكى ھەر بىر يۈزلەردە ئادەم سانى ناھايىتى ئاز قالغان دېھقانلار بىلەن يۇقىرىدىكى 12 ئۆستەڭنى چېپىش ئىشىغا كىرىشىدۇ. دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ناھايىتى تەسلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، جياڭجۈن مەھكىمىسىگە تاپشۇرىدىغان يېڭى سېلىقلارنى تەپشۈرۈش ئىشىنى ۋە غۇلجا شەھرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئىشىنى ئىشلەشكە كىرىشىدۇ.

بوۋاق غوجا ئانچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەيدۇ. ئۇ «پوچى غوجا» دادىسى مەزمەزاتخان ۋە ئاكىسى خىزىر غوجىلارنى ئۆلتۈرگەن چاغدا قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغاچقا، ئاخىرى مۇشۇ كېسەل سەۋەبىدىن توققۇز يىل تەيجىلىك قىلىپ، 39 يېشىدا، يەنى 1892- يىلى ۋاپات بولىدۇ. ئالتۇنلۇقتا ئەجدادلىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

## 9. نۇرنىسا خېنىم ۋە غىياسىدىن بەگ

نۇرنىسا خېنىم ئىلياسخان تەيجى (بوۋاق غوجا) نىڭ يالغۇز قىزى.

غىياسىدىن بەگنىڭ دادىسى قۇمۇل ۋاڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆرمەتلىكرەكلىرىدىن بەھرام بەگ غوجا دېگەن زات بولۇپ، ئانىسى ئىلى گۇڭ-بەگلىرىنىڭ چۇلۇقايدىكى «ئۆزشاخ» لىرىنىڭ نوپۇزلۇقى بولغان مۆردىن (مۇھۇرىدىن) شاڭبېگىنىڭ قىزى يۇنىساخان غوجامدۇر.

بەھرامبەگ غوجا قۇمۇلدىن ئىلىغا كېلىپ يۇنىساخان غوجام بىلەن نىكاھلىنىدۇ. ئۈچ قىز، بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتى قۇمۇلغا قايتىپ، شۇ يەردە ۋاپات بولىدۇ. جەسىدى قۇمۇل ۋاڭ ئالتۇنلۇقىدىكى چەنەگۇمبەز ئىچىدە نامى يېزىلغان «مەرھۇم بەھرامبەگ ھەزرەتلىرى» دېگەن مەقبەرىدىدۇر.

غىياسىدىن بەگ 1871- يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. باللىق چاغلىرىنى چۇلۇقاي

www.uyghurkitap.com



ۋە غۇلجىدىكى ئوردىدا ئۆتكۈزۈپ، دىنىي مەكتەپ ۋە خەنزۇچە «شۆتاڭ» دا بىر ئاز ئوقىغان بولۇپ، خەنزۇ تىلىنى خېلىلا پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن.

بوۋاق غوجىنىڭ ئوغۇل پەرزەنتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز هاياتلىقىدا يالغۇز قىزى نۇرنىسا خېنىمنى تەيجىلىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ئويىدا، تۇغقىنىنىڭ ئوغلى غىياسىدىن بەگكە ياتلىق قىلغان.

بوۋاق غوجا ۋاپات بولغان كېچىسى ئوردا خىزمەتچىلىرىدىن سىدىق شاڭيۇ بوۋاق غوجىغا چىڭ خاندانلىقى تەرىپىدىن بېرىلگەن تەيجىلىك مۆھۈرىنى ۋارىسلىق قىلدىغان ئوغلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن كورەدىكى جياڭجۈن مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. مۇسىبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى هېكىم ئاغىچا نامىغا يېڭى تامغا ئويدۇرۇپ، نۇرنىسا خېنىمنى «هېكىم ئاغىچا» قىلىپ تەيىنلەيدۇ. هېكىم ئاغىچا تەيجى ئوردىسىنىڭ دېھقانلار ۋە يۇرت بىلەن بولىدىغان ئىشىغا ئۆزى بىۋاسىتە ئارىلىشالمىغانلىقى ئۈچۈن، يولدىشى غىياسىدىن بەگكە هاۋالە قىلىپ، تامغا بېسىش لازىم بولغاندا تامغىنى ئۆزى يېنىدا تۇتۇپ، ئۆيىدە بېسىپ بېرىپ تۇرىدۇ. غىياسىدىن بەگنى خەلق «هاكىمبەگ غوجا» (هېكىمبەگ غوجىمۇ دېيىلىدۇ) دەپ ئاتايدۇ. غىياسىدىن بەگ تا ۋاپات بولغىچە مۇشۇ هاكىمبەگ غوجا نامى بىلەن دۇنيادىن ئۆتتى.

1911 - يىلى مەنچىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن قوزغالغان شىنخەي ئىنقىلابىغا ئاۋاز قوشۇش يۈزىسىدىن ياڭ زەڭشىنىڭ رەھبەرلىكىدە كورەدە ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى پارتلايدۇ. بەش مىللەتنى ئاساس قىلغان خەلق هۆكۈمىتى (مىنگو) قۇرۇلىدۇ. هاكىمبەگ غوجا هۈسەيىنباي هاجى مۇساباييوپ، ياقۇپباي هاجى باباشۇپلار باشلىق بىرقانچە كىشىنى ھەمراھ قىلىپ، ئىلى مۇسۇلمانلىرىنىڭ كەڭ يېزىلاردىكى 80 شاڭيۇ دېھقانلىرى بىلەن يېڭى هاكىمىيەتنى قوللايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرىدۇ. هۈسەيىنباي، ياقۇپبايلار ئۆز زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن ئاياغ كىيىمدىن يېڭى ئەسكەرلەر ئۈچۈن نۇرغۇن ئاياغ كىيىم، ئىگەر-جابدۇق ۋە پۇل ھەدىيە قىلىدۇ، هاكىمبەگ غوجا ھەربىيلەرنىڭ يېمەك-ئىچمەك ۋە ئاتلىرى ئۈچۈن ئوت-چۆپ، يەم-خەشەكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە ۋەدە قىلىدۇ ۋە بۇنى ئىجرا قىلىدۇ.

خۇشنىزات گۇڭدىن هاكىمبەگ غوجىغىچە بولغان گۇڭ، تەيجىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەت بويىچە مەنچىڭ خاندانلىقىغا ساداقەت بىلدۈرۈش ئالامەتلىرىدىن بىرى بولغان يالغۇز ئۆرمە چاچ قويۇشقان ئىدى. كورەدە يېڭى هاكىمىيەت قۇرۇلۇپ ئاز ۋاقىت

ئۆتكەندىن كېيىن چاچلارنى ئالدۇرۇۋېتىش ئىشى باشلىنىدۇ. ھاكىمبەگ غوجا بىرىنچى بولۇپ ئۆز چېچىنى چۇشۇرىۋېتىدۇ. يېڭى ھاكىمىيەت پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يەرلىك ئەمەلدارلارمۇ چاچلىرىنى ئالدۇرۇۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن 150 يىلدىن كۆپرەك مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئىشەنچلىك يەرلىك ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ كەلگەن ئەجدادىنىڭ بۇ ۋارىسى، يەنىلا يېڭى جۇڭخۇا ھاكىمىيىتىمۇ ئېتىراپ قىلغان يەرلىك ئىلى خەلقىنىڭ مۆتىبەر ئادىمى بولۇپ قالىدۇ.

غۇلجا شەھرىدە كېيىنكى چاغلاردا شيەن يامۇلى (ئامبال مەھكىمە) قۇرۇلغان بولسىمۇ، دوتەي يامۇل (ۋالى مەھكىمە) تەسىس قىلىنمىغانىدى. 1896 - يىلى ئەتراپىدا دوتەي يامۇلى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، ئىش ئورنى (دوتەي يامۇل ئورنى) يوق ئىدى. ھاكىمبەگ غوجا مۇسا گۇڭ ۋاقتىدىن بۇيان ئوردا قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئىلى گۇڭ - بەگلىك ئوردىسىنى دوتەي يامۇلى قىلىش ئۈچۈن تەقدىم قىلىدۇ ۋە شەھەر ئىچى «كەسكەنيار مەھەللىسى » گە ئۆي -جاي سېلىپ كۆچۈپ بارىدۇ. خەلق بۇنى «ئوردا»، كەسكەنيار مەھەللىسىنى «ئوردا مەھەللىسى» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كەسكەنيار مەھەللىسىنىڭ نامى ئۇنتۇلىدۇ.

جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ھاكىمبەگ غوجىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىلغا تەۋە بولغان 80 شاڭيۇ (ئاساسەن غۇلجا ناھىيە يېزىلىرى، چاپچال، توققۇزتارا ۋە نىلقا) ۋە غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، تىجارەت، تۇرلۇك ئالۋاڭ -ياساق، غەللە -پاراق، ئېرىق -ئۆستەڭ، دىنىي مەھكىمە ئاخۇنلىرى، ھەر بىر يۇرتنىڭ شاڭيۇ، مىڭبېگى، دورغا، مىراپقا ئوخشاش بەگ خىزمەتچىلىرىنى بەلگىلەش ھەم قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىشلار ئىدى.

ھاكىمبەگ غوجا دەۋرىدىن باشلاپ غۇلجا شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى يىلدىن - يىلغا كېڭىيىشكە باشلىدى. ھاكىمبەگ غوجا قارادۆڭ ئاقسۇ مەسچىدىدىن گۇلشەن باغقىچە بولغان يولنىڭ ئىككى تەرىپى ۋە قارادۆڭنىڭ باش تەرىپىدىكى قەلەندەر مەھەللىسى (ئازادلىقتىن كېيىن «ئازاد يېزا» دەپ ئۆزگەرتىلدى) ئورۇنلىرىنى جەنۇبتىن چىققان يوقسۇللارنىڭ مەھەللە قىلىپ ئولتۇراقلىشىشى ئۈچۈن ھەقسىز بۆلۈپ بەردى. چۇلۇقاي، تۇرك، توخۇچيۇزى ھەم جىرغىلاڭدىكى تېرىلغۇ يەرلىرىنى مۇۋاپىق ھەق تۆلەش شەرتى بىلەن دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا ئىجارىگە بەردى.

ھاكىمبەگ غوجا ياڭ، جىن(ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن) ھاكىمىيەتلىرى ۋاقتىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلەر كېڭىشى ئەزاسى بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كەلدى.

1934 ـ يىلى «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» بولۇپ، شېڭ شىسەي تەختكە چىقىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى يولغا قويدى. شېڭ شىسەينىڭ دەسلەپتە كۆرۈلگەن ساداقەتمەنلىكىگە بىنائەن، ھاكىمبەگ غوجا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى قوللاپ، ئىلىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بىرقانچە ئىشلاردا تەشەببۇسكارلىق كۆرسەتتى. مەسىلەن:

1. ھەر مىللەت قاتارىدا ئىلىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ـ مائارىپ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قوللاپ، ئۇيۇشما تەرەپتىن قۇرۇلغان شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ راسخوتى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ھەققى ئۈچۈن شەھەر ۋە يېزا دېھقانلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۆلەشكە تېگىشلىك بولغان دىنىي مەجبۇرىيىتى ئۆشرە ـ زاكاتلىرىنى ئۇيۇشما ئىختىيارىغا بېرىشكە دالالەت قىلدى.

2. قۇرۇلغان «كۇلۇب ياساش ھەيئىتى» گە رىياسەتچىلىك قىلىپ، مىللەتلەر كۇلۇبىغا ھەدىيە توپلاپ، كۇلۇبنىڭ ياسىلىشىغا كۈچ چىقاردى.

3. ئىلىدا ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۇن زاۋۇتى ۋە چوڭراق بىر مەكتەپ قۇرۇش مەقسىتىدە ھۆكۈمەت تەرەپتىن قىلىنغان تەشەببۇسقا ئاساسەن، ھەر مىللەت تىجارەتچى، چارۋىچى ۋە چوڭراق يەر ئىگىلىرىنى دالالەت بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، 15 قوينى بىر پاي قىلىپ بېكىتىپ، ئاكسىيىنېر ئۇيۇشمىسى (ھەسسىدارلار شىركىتى) نى تەسىس قىلىپ، 250 مىڭ ئەركەك قوي توپلاپ، بۇنىڭ كۆپ قىسمىنى سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ، ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۇن زاۋۇتىنى ئالدۇرۇپ، ساي بويىدىكى بەش قەۋەتلىك ئۇن زاۋۇتى بىلەن ئېلېكتر ئىستانسىسىنى ياساپ چىقىشقا ئاكتىپ قاتناشتى.

ئاكسىيىنېر شىركىتى يىغقان پايدىن ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە ئۇن زاۋۇتلىرىنى سېتىۋېلىپ ياساش بىلەن، ئاشقان قىسمىغا يەنە قوشۇمچە ياردەم توپلاپ تۇنجى قېتىم كۆركەملىك «ئىلى گىمنازىيىسى» (ھازىرقى 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ) نى ياسىتىپ چىقتى.

4. ھىيلىگەر شېڭ شىسەي ئاينىپ، 1937 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر مىللەت خەلقىنى «خائىن» نامى بىلەن تۇتقۇن قىلىپ، ئۇلارنىڭ قورۇ ـ جاي، بايلىق، مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلغاندا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى سالدۇرغان «مىللەتلەر كۇلۇبى» نىمۇ قوشۇپ ئۇياتسىزلىق بىلەن مۇسادىرە قىلدى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن سېتىۋې-

لىشنى بۇيرۇپ، 10 مىڭ خو بۇغداي (بىر خو 64 كىلوگرام) ۋە 10 مىڭ قويغا باھاسىنى بېكىتتى. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ئۇيۇشمىلىرى بۇنى سېتىۋېلىشقا رازى بولدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى 10 مىڭ خو بۇغداي، قازاق، قىرغىز ئۇيۇشمىسى 10 مىڭ قوي بېرىپ، كۇلۇبنى قايتىدىن سېتىۋالدى. مەزكۇر بۇغداينى ھاكىمبەگ غوجا باشچىلىقىدا ئۇيغۇر ھاللىقلىرى، قازاق، قىرغىز ئۇيۇشمىسى مەسئۇل بولۇپ قازاق، قىرغىز خەلقلىرىنىڭ ھاللىقلىرىدىن ياردەم ئېلىش ھەيئىتى تەشكىللەپ، ئۇلار بۇ ھەيئەتكە رىياسەتچىلىك قىلىپ، يۇقىرىقى بۇغداي ھەم قويلارنى يىغىپ ئۆتكۈزۈپ، كۇلۇبنى قايتۇرىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كۇلۇب «ئۇ-قا-ق» كۇلۇبى (ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز كۇلۇبى) دەپ ئاتالدى.

كۇلۇبنى مۇسادىرە قىلىنغاندا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر يۇرۇش دوخۇۋۇي ئوركېستىر مۇزىكىسىنىمۇ مۇسادىرە قىلىنغانىدى، يولسىزلىق قىلىپ ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمىدى. شېڭ شىسەينىڭ قىيناتىسى چيۇسىلىڭ (ئىلىنىڭ سىلىڭى) سىلىڭبۇغا ئاپىرىپ ئۆزىنىڭ داغدۇغىسى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەندە بۇ مۇزىكا ۋە ئۇنىڭ چالغۇچىلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتتى. (چالغۇچىلىرى ئاساسەن شىبەلەر ئىدى.)

5. ئىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى سانائىنەفىسە بۆلۈمى (سەنئەت بۆلۈمى)1935 -يىلىدىن باشلاپ مەشھۇر «غېرىب-سەنەم»، «پەرھاد-شېرىن» ھەم «قانلىق داغ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويناشقا باشلاپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشى ۋە قىزغىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. پەخرىي بېلەت بىلەن تەكلىپ قىلىنغان ھەر مىللەت مۆتىبەرلىرى ئويۇننى كۆرۈپ خۇش بولۇش بىلەن بىللە، دېكوراتسىيە، گىرىمخانا ۋە كىيىم-كېچەكلەردە بولغان يېتىشسىزلىكلەرنى بايقاپ، ھەر قايسىسى ئائىلىسىدە بار بولغان كېرەكلىك جاھاز-مۈلۈكلەرنى تەقدىم قىلدى. ھاكىمبەگ غوجا پادىشاھ، ۋەزىر، ئاغىچىلار ۋە باش رولدىكىلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ئۈچۈن، ئوردىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان گۆڭ-بەگلەر ۋە ئاغىچىلارنىڭ تاۋار، كىمخاپ قاتارلىق كىيىملىرىنى تەقدىم قىلدى.

6. ياپون جاھانگىرلىكى ۋەتىنىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىنى بېسىۋېلىپ تىنچ جۇڭگو خەلقىگە بالايى-ئاپەت كەلتۈرگەن ئۇرۇش بىلەن ئىچكىرىلەپ كىرىشكە باشلىدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىز بۇ ئاپەتلىك ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ، نېمىسى بىلەن قارشى تۇرالىسا شۇنىڭ بىلەن قارشى تۇردى. مۇشۇ چاغدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«خەي-پايپاق»، «خەت-خالتا» ۋە «پۇل ۋە مىلتىق كۆچ چىقىرىپ» دېگەن چاقىرىقلارغا بىنائەن ئىلىدا قۇرۇلغان «ئىئانە توپلاش ھەيئىتى» نىڭ رەئىسلىكىنى ھاكىمبەگ غوجا ئۈستىگە ئېلىپ، ياردەم توپلاپ ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى كۆرسەتتى.

7. 1940-يىلى (تەخمىنەن) شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن زايوم تارقىتىشنى ئېلان قىلىپ، ھەر بىر ۋىلايەتلەرگە پۇل سانىنى ئېنىق بەلگىلەپ چاقىرىق قىلدى ۋە مۇسابىقە ئېلان قىلدى. ئىلىنىڭ شۇ چاغدىكى ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدارى ياۋشۇن (خەلق ياۋ سىلىڭ دەپ ئاتايتتى). شېڭ شىسەي 1941-يىلى «ياۋشۇن پارتىيىسى» دەپ، ئۇنى ئىلىدا 40 كىشى بىلەن بىرلىكتە قولغا ئېلىپ، ھەممىسىنى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى.) ھاكىمبەگ غوجىنى «زايوم تارقىتىش ھەيئىتى» نىڭ رەئىسلىكىگە تەكلىپ قىلىپ بېكىتتى. بۇ ھەرىكەت ئىلىدا بەس-بەس بىلەن ئېلىپ بېرىلىپ، بەلگىلەنگەن ۋەزىپىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنداش بىلەن شىنجاڭ بويىچە بىرىنچىلىكنى ئالدى. ھاكىمبەگ غوجىنىڭ بۇ ئىشتىكى رولى چوڭ بولدى. بۇ ئىش شۇ چاغدا «ئىلى گېزىتى» ھەم «شىنجاڭ گېزىتى» لىرىدە ئالاھىدە ئېلان قىلىندى.

8. ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي مائارىپ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىش ئورنى ئىلگىرى مىللەتلەر كۇلۇبىدا بولۇپ، بۇ ئورۇننى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى مۇسادىرە قىلىپ كەتكەنلىكتىن ئىش ئورنى بولماي قالدى. 1938-يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۆزىدە بار بولغان پۇل ۋە قالغىنىنى خەلقتىن ياردەم ئېلىش يولى بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشما بىناسىنى ياستىپ چىقتى (غۇلجا شەھەر ستالىن كوچىسىدا). بۇ بىنانىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈنمۇ ھاكىمبەگ غوجا ئۆز نوپۇزى بىلەن چوڭ ياردەم كۆرسەتتى.

9. پەنجىم غولىدىن كېلىدىغان پىلىچى سۈيى شېڭ شىسەي دەۋرىگىچە ئايىرودروم، تاللىقلاردىكى ساي بىلەن ئېقىپ كېلىپ غۇلجا شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، ساي قۇيۇلۇشى دېگەن يەردە ئىلى دەرياسىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. ئەتىياز كەلكۈن كەلگەن چاغلاردا ئات، ھارۋا ئادەملەر ئۆتەلمەي، يېڭى شەھەر (نوۋنيگورت) بىلەن كونا شەھەر ئارىلىقى ئۈزۈلۈپ قالاتتى. بۇ چاغدىكى ئىلىنىڭ ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدارى چيۇ زوڭجۇن جياڭجۇننىڭ ھاكىمبەگكە قىلغان تەكلىپىگە بىنائەن، شەھەر خەلقى ۋە يېزىلاردىكى دېھقانلاردىن ياغاچ، شاخ-پاخال، تاش، ئەمگەك كۈچى ۋە پۇل ياردەم ئېلىپ، پىلىچى سۈيىگە دامبا (توسما) ياسىلىپ، ئاقتۆپە سېيىغا بۇرالدى. بۇنىڭ بىلەن سۇ ئاپىتى تۈگىتىلىپ، ئايىرودرومدىن ئىلى دەرياسىغىچە

بولغان ساي ئورنى، بوش يەرلەرگە مەھەللە، قورۇلۇشلار سېلىنىپ، شەھەر دائىرىسى كېڭەيدى.

10. ھاكىمبەگ غوجا ياڭ، جىن (ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى) ھاكىمىيىتى دەۋرىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغىچە بولغان كۆپ يىللاردا ئاق ئۆستەڭنى بىۋاستە باشقۇرۇپ، ھەر يىلى لوڭكۇدا (قاش دەرياسى بويىدىكى ئۆستەڭ ئاغزىدا ياكى ئېچىق بېشىدا) 2 ـ 3 ئاي يېتىپ ئۆستەڭ بىخەتەرلىكى، كېڭەيتىش، تازىلاش ۋە توما ئۆلچەملىرىنى باشقۇرۇپ، كەڭ يېزا دېھقانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۈچ چىقاردى.

11. ناغرا خۇشنىزات گۈڭ دەۋرىدىن باشلاپ ھاكىمبەگ غوجا دەۋرىگە كەلگىچە ئوردا ئىختىيارىدا بولۇپ، ھېيت ـ ئايەملەردە ئوردا دەرۋازىسى ئۈستىدە چېلىناتتى ۋە ساقلىناتتى. 1934 ـ يىلىدىن باشلاپ ھاكىمبەگ غوجا ناغرىنى خەلق ئىختىيارىغا ئۆتكۈزدى. مەلۇم ۋاقىتلارغىچە ئىلى بەيتۇللا مەدرىسىنىڭ پەشتىقى ئۈستىدە، كېيىنكى چاغدا ئاللاھتەن ياسالغان ناغرىخانىدا چېلىنىدىغان بولدى.

ھاكىمبەگ غوجا 1937 ـ يىلى شۇ چاغدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان غوجا نىياز ھاجىنىڭ ئەلچىلەر ئارقىلىق قىلغان تەكلىپىگە بىنائەن قىزى گۆھەر بانۇمنى غوجا نىياز ھاجىنىڭ ئوغلى سەئىدۇللا ئەپەندىگە چىۋ سىلىڭنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ھەشەمەتلىك توي قىلىپ ئۇزاتتى.

شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپ ئاز كۈندىن كېيىنلا بىر تۈركۈم ۋەكىللەر ئۈمىكى ئارقىلىق خەنزۇچە خەت ئويۇلغان «سىزنىڭ ياردىمىڭىز ھامان يادلىنىدۇ» دېگەن مەزمۇندىكى لەۋھەنى ئەۋەتىپ، ھاكىمبەگ غوجىنىڭ قورۇسى ئىچىدىكى ئۆي ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ تەقدىرلىدى.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەسىس قىلىنىدى. ھاكىمبەگ بۇ ئىنقىلابنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن، مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تەيىنلەندى. 1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى گومىنداڭ بىلەن «11 ماددىلىق بىتىم» نى ئىمزالىدى. ئىلى ۋىلايەت بولدى، بۇ چاغدا ھاكىمبەگ غوجا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى بولۇپ بېكىتىلىش بىلەن، ئازادلىققىچە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىر يىل ۋالىي بولۇپ تۇردى.

1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا دۆلىتىمىز ئازاد بولۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. بېيجىڭدا ئېچىلغان 1 ـ نۆۋەتلىك پۈتۈن مەملىكەتلىك سىياسى مەسلىھەت

كېچىشى يىغىندا ئۈچ ۋىلايەت نامىدىن 2-قېتىم ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان سەيپىدىن ئەزىزى، ئالىمجانلار ئىلىغا كېلىپ خۇشخەۋەر يەتكۈزدى. ئارقىدىنلا لوگوۋاڭخەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم قىسمىنى باشلاپ غۇلجىغا كەلدى. بۇ چاغدا ھاكىمبەگ غوجا ۋالى بولۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى ۋە قىزغىن قوللىدى. 1950-يىلى ھاكىمبەگ غوجا ياشىنىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ۋالىلىق ئورنىدىن چېكىندى، ئورنىغا 4-ئوغلى قىيۇمبەگ غوجا ۋالى بولۇپ تەيىنلەندى.

ھاكىمبەگ غوجا ۋالىلىقتىن چېكىنگەندىن كېيىنمۇ ھۆكۈمەت، يۇرت - جامائەتچىلىكنىڭ ئىشىدىن قول ئۈزمىدى. «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سوراش»، «ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش» مۇناسىۋىتى بىلەن قۇرۇلغان ھەر ئىككىلا ھەيئەتنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىلى خەلقى نامىدىن كۆپ مىقداردا ياردەم توپلاپ تەقدىم قىلىش ئىشىنى بېجىردى. ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈپ كېلىۋاتقان قورۇ-جايى (ھازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق تەپتىش مەھكىمىسى بار قورۇ)نى ھۆكۈمەتكە تەقدىم قىلدى.

1951-يىلى «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ۋە زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەركىتى» داغدۇغىلىق باشلاندى. غۇلجا ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن چاقىرىلغان ھەر مىللەت ھاللىق زاتلىرىغا مەسئۇل خادىم پارتىيىمىزنىڭ سىنىپ ۋە سىنىپ ئايرىش مەسىلىسى توغرىسىدا كەڭ چۈشەنچە بەردى. مەزكۇر يىغىنغا ھاكىمبەگ غوجىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن چوڭ ئوغلى پاشا غوجا (نۇرنىجات) قاتناشتى. يىغىن ئاخىرلاشقاندا يىغىن مەسئۇلى پاشا غوجىنى ئالاھىدە ئايرىپ ئېلىپ قېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىچە، ھاكىمبەگ غوجىنىڭ يەر ئىجارە بېرىشى ئۆلچەمگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن، دادىسى ھاكىمبەگ غوجىنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى جېكىلىدى. كۆپ ئۆتمەي ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ۋە زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ھەركىتى رەسمىي باشلاندى. ھاكىمبەگ غوجا ئىجارە ھەققى ئۈچۈن ئۆزىدە بار بولغان ئاشلىق، نەق پۇل ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى تاپشۇرۇشقا باشلىدى. كېيىن ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىرى ھاكىمبەگ غوجىدىن ئىجارە ھەققى كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىنى بىلدۈردى.

1951-يىلى غۇلجا شەھىرىدە 1-قېتىملىق كەمبەغەل دېھقانلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. ھاكىمبەگ غوجا 40 قا يېقىن ھەر مىللەت زاتلىرىنى ئۆيىگە تەكلىپ

قىلىپ، مەزكۇر قۇرۇلتاينى قولايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن شۇ چاغدا غۇلجا شەھىرىدە بار بولغان بالىنتىسنىڭ خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، 400 كارىۋاتلىق بىر بالىنتسا ياسىتىپ تەقدىم قىلىپ، بۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم ئېچىلغان كەمبەغەل دېھقانلار قۇرۇلتىيىنى قوللاپ خۇشخەۋەر يەتكۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى. تەكلىپ قىلىنغان زاتلار بۇ تەكلىپنى سەمىمىي قوبۇل قىلىشتى. شۇ يەردىلا ھەر مىللەت مۆتىۋەرلىرىدىن 12 كىشىلىك ھەيئەت قۇرۇلدى. ئارقىدىنلا ھاكىمبەگ غوجا بالىنتسا ئۈچۈن ئۆزىگە تەۋە بولغان ئىچىدە بۇلاق سۈيى بولغان مەشھۇر گۈلشەنباغنى تەقدىم قىلدى. قالغانلارنىڭ ئالدى 500 دىن 200 گىچە قوي ئاتاشتى. ھەيئەت بالىنتسا ئۈچۈن كېتىدىغان خامچوتنى تەييارلاشقا ۋەدىلىشىپ تارقالدى ۋە ھەيئەت ۋەكىللىرى يازما لەۋھە تەييارلاپ، قۇرۇلتاي ئېچىلىۋاتقان ئورۇنغا بېرىپ خۇشخەۋەر يەتكۈزدى (تۈرلۈك سەۋەبلەردىن بۇ ياخشى تەشەببۇس ئىجرا بولماي قالدى).

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ھاكىمبەگ غوجا ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلىنىپ، ئۇنىڭ ئوغلى قېيۇمبەگ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىدىن يۆتكىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىقى ھەم ئۆلكىلىك سانائەت نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا بەلگىلىنىپ ئۈرۈمچىدە تۇردى. 1955-يىلى 21-ئاپرىل كۈنى قېيۇمبەگ ۋاپات بولدى. ھاكىمبەگ غوجا 1952-يىلى يىل ئاخىرىدا ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەن بولۇپ، قېيۇمبەگ ۋاپاتى بىلەن ئۇمۇ 1955-يىلى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، 1957-يىلى 8-ماي كۈنى 86 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا - ئالتۇنلۇققا دەپنە قىلىندى.

ھاكىمبەگ غوجا ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىگىلەپ كەلگەن خىزمەت ئورنى جەريانىدا كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ھاكىمبەگلىك ئورنىنى تارتىۋېلىشقا ئورۇنۇشتەك ئەھۋاللارغا دۇچار بولغان. بىز شۇلاردىن بىرىنى ئەسلەش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

1900-يىللاردىن كېيىن، چارروسىيە ئىلىدىكى پۇقرالىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن نۇۋەت بىلەن بىر قانچە ئاقساقاللارنى تىكلىگەن. شۇلاردىن بىرى نۇراخۇن ئاقساقال بولۇپ، بۇ كىشى چارروسىيە پۇقراسى بولغانلىقتىن، ھاكىمبەگلىكنى ئۆزىگە ئېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىدىن، يەرلىكلەردىن (جۇڭگو پۇقرالىرى ئىچىدىن) ئاقساقالنىڭ يولىيورۇقى ۋە كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش بېجىرىدىغان ئىسلامىيۇزلۇك سىدىق («سېسىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



شاگيۇ» مۇ دېيىلىدۇ. ـ مۇھەررىردىن) شاگيۇنى ھاكىمبەگ قىلماقچى بولىدۇ.㉟ بۇنىڭ ئۈچۈن 1912 ـ يىلى (تەخمىنەن) ئىلىنىڭ چوڭ ئەئلىمى موللا مەنسۇر ئەئلەم، مۇپتىسى نىزامىدىن ئاخۇن باشلىق مۆتىبەرلەردىن 100 گە يېقىن كىشىنى ئەته ھېيت دېگەن كۈنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىدۇ. بۇلارغا چوڭ زىياپەت بېرىپ ھەر بىرىگە تون كىيگۈزىدۇ. سىبىق شاگيۇنى ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەشنى ئېيتىپ، ئۆزى ياساتقان مەسچىت (نۇراخۇن ئاقساقال مەسچىتى)㊱ دە ئەتىدىن باشلاپ ھېيت ناغرىسى چېلىنىش بىلەن تەڭ، ئادەت بويىچە ھەر ۋاقىتتىكىدەك ھاكىمبەگ غوجىنى ھېيت نامىزىغا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئوردىغا بارماي، توپتوغرا نۇراخۇن ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، سىدىق شاگيۇنى ھېيت نامىزىغا ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كەلگەنلەر ماقۇل بولۇشۇپ قايتىشىدۇ. تاڭ ئېتىش بىلەن بىرمۇ كىشى بۇ يەرگە كەلمەي توپتوغرا ھاكىمبەگ غوجا ئوردىسىغا بېرىپ، ئادەتتىكىدەك رەسمىي قائىدە بويىچە، ئۇنى ئاتلاندۇرۇپ مەدرىسكە ئېلىپ كېلىدۇ. نامازدىن كېيىن ئوردىغا يەتكۈزۈپ قويۇپ قايتىدۇ. نۇراخۇن ئاقساقال، سىبىق شاگيۇلار تون كىيگۈزگەن كىشىلەر كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھېيت نامىزىغىمۇ بارالماي ۋە ھاكىمبەگلىكنىمۇ ئالالماي شەرمەندە بولىدۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ ناغرا ئىككى ئورۇندا چېلىنىشقا باشلايدۇ.

ھاكىمبەگ غوجىنىڭ ھاياتىغا بىر قانچە قېتىم قاتتىق ئۆلۈم خەۋپى كېلىدۇ. بۇ مەزگىللەردە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تەلەپ ۋە ياردەملىرى بىلەن ئۇ ئامان قالىدۇ. شۇلار ئىچىدىن بىرى: 1934 ـ يىلى ئىلىدىكى توپىلاڭچىلار ھاكىمبەگ غوجىنى ئوردىسىدىن باغلاپ چىقىپ، قورال ئاستىدا تۆپىدەك تەرەپكە ئېلىپ مېڭىپ، خەنزۇ بازىرىغا كەلگەندە شۇ ئەتراپتا بار بولغان پۈتۈن خەنزۇ خەلقىنىڭ قارشىلىقى ۋە قەتئىي تەلەپ قىلىشى بىلەن ئىلاجىسىز قويۇپ بېرىشكە ۋە ئوردىغا يەتكۈزۈپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. خەنزۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ ئامان قالىدۇ.

ھاكىمبەگ غوجىنىڭ نۇرنىسا ھېكىم ئاغىچىدىن چوڭ پاشا (نۇر نىجات)، ئوتتۇرانچى پاشا (خالزات) ۋە كىچىك پاشا (ئەكرەمخان)، ئالتۇن خېنىم، پاشا خېنىملاردىن ئىبارەت ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىزى بولغان. نۇرنىسا ھېكىم ئاغىچا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئالغان رەھىمەخان ئاغىچىدىن قېيۇمبەگ ۋە ئىككى قىزى، 3 ـ ئايالىدىن مىرزاتخانلار تۇغۇلغان.

چوڭ پاشا (نۇرنىجات) فېئودال بالىسى بولسىمۇ، ئۆمۈر بويى ئاتقا مىنمەي،

هارۋىغا چۈشمەي، ئاما بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇپ، 1962-يىلى 12-ئاينىڭ 9-كۈنى دۇنيادىن ئۆتتى. يەر ئىسلاھاتى مەزگىللىرىدە ھېچقانداق زەربە بېرىلمىدى، قالپاقمۇ كىيگۈزۈلمىدى ۋە كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ ھېمايىسىدە ئېردىشتى. كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ھېمايىسى ۋە غەمخورلۇقىغا ئىگە بولدى. پارتىيىمىزنىڭ چوڭ پاشا غوجىغا بولغان مۇئامىلىسى ۋە غەمخورلۇقىدىن ھۆكۈمىتىمىزنىڭ «بىرمۇ ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلماسلىق» دېگەن سىياسىتى نەق ئەمەلىيەتتە كۆرۈلۈپ، كەڭ ئاممىغا زور روھلاندۇرغۇچى ئامىل بولۇپ تونۇلدى.

پاشا غوجا مەشھۇر خەتتات (ھۆسنخەتچى)، رەسسام ئىدى. پاشا غوجىنىڭ خىزىرخان، سېيىتخان، غوجىخان، ئەزىزخان ھەم ئەزىمخان ئاتلىق ئوغۇللىرى بولۇپ، ھەممىسى خىزمەتتە بولۇش بىلەن ئىلىم ئەھلىلىرىدۇر. غوجىخان شىنجاڭ سانائەت شۆبۇەنىنىڭ دوتسېنتى بولدى، چوڭ پاشا ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىلى ئوبلاستلىق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى تەركىبىدە ۋەتەنپەرۋەر زاتلار قاتارىدا ئىشلەپ كەلدى.

ئوتتۇرانچى پاشا 1945-يىلى ھاكىمبەگ غوجا ھايات ۋاقتىدىلا ۋاپات بولغانىدى.

كىچىك پاشا (ئەكرەمخان) شىڭ شىسەي، گومىنداڭ دەۋرلىرىدە غۇلجا ناھىيىلىك ئاشلىق ساقداش، ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدە ئۈچ ۋىلايەت قىشلاق بانكا مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ بانكا مۇدىرى بولغان. 1983-يىلى 10-ئاينىڭ 15-كۈنى ۋاپات بولدى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇنىڭ ئەكبەرخان ئاتلىق ئوغلى بار، ئۇ دۆلەت كادىرى.

يۇقىرىدىكى تولۇق بولمىغان خاتىرىلەردىن «ئىلى گۆك-بەگلىكى» نىڭ تۇنجى ئاتىسى ئىمىن ۋاڭدىن يېقىنقى زامانىمىزغىچىلىك ئۆتكەن نۇرنىسا ھېكىم ئاغىچا، غىياسىدىن ھاكىمبەگ غوجا ۋە بۇلارنىڭ بالىلىرىغىچە 10 ئەۋلاد، 220 يىلدەك ۋاقىتنىڭ ئۆتكەنلىكىنى قىسمەن بولسىمۇ ئەسلەپ ئۆتتۇق. بۇ ئائىلە ئۆلكىمىز بويىچە سانى ئاز بولغان فېئودال، يىرىك ئېكسپىلاتاتور ھەم ئۇزۇلمەي مەنسەپ، مەرتىبە ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ كەلگەن ئائىلىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ غەربىي چېگرىسىدىكى، ئۆز ۋاقتىدا پىيادە ياكى ئاتلىق ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچە نەچچە كۈنلەردە ئاران يېتىپ بولىدىغان كەڭ ئىلى ۋادىسىنىڭ بوگۈنكى شۆھرەتلىك ۋادىغا ئايلاندۇرۇلۇشى ۋە ئىستىپاقلاشقان كۆپ مىللەتلىك ماكان بولۇشىدا بۇ ئائىلىنىڭ قىسمەن بولسىمۇ ئەجرى-ئەقىدىسى بار، دەپ قىياس قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىر شەخسي ئائىلىنىڭ، دۆلەت تۈزۈمى ۋە سىياسىتى ئوخشاش بولمىغان، بەلكى بىر-بىرى بىلەن ئاسمانۇ-يەرچە پەرق قىلىدىغان بىر قانچە ھاكىمىيەتلەرنىڭ دەۋرىدە سەپتىن چۈشۈپ قالماي، ئۇزاق ۋاقىت مەلۇم ھوقۇق ۋە ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كېلىشى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋاللاردۇر. شۇنداقلا، شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ھوقۇق، ئىمتىياز ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە بىلەن كەلگەن بۇ ئائىلىنىڭ توپلىغان، يىغقان ئىقتىسادىي بايلىقلىرىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، بۇ ئائىلىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا خانلىقتىن ھەدىيە قىلىپ بەرگەن يەر-سۇدىن ۋە كېيىنكى كۈنلەردە قۇراشتۇرغان ئاز-تولا چارۋىدىن باشقا، ئىچكى-تاشقى بايلىقتا ئىگە ئەمەسلىكى ئۆز ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلىرىدىن تولۇق پايدىلانمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى مۇشۇ ئائىلىگە ئوخشاش ھوقۇق، ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ كەلگەن قومۇل، لۈكچۈن ۋاڭ ئەۋلادلىرىنىڭ توپلىغان ھەر خىل بايلىقلىرى، ھەشەمەتلىك ئۆي-ئىمارەت، باغ-ۋاران، چارۋا مال، ئالتۇن-كۈمۈشلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇلار ئىگە بولغان نەرسىلەر يوقنىڭ ھېسابىدىدۇر. ئالدىمىزدىن ئۆتكەن ۋە ئۆزىمىز خەۋەردار بولغان مەلۇم مەزگىل بىرەر خىزمەت ۋە ھوقۇقتا ئىگە بولغان مەنسەپدار ئائىلىلەرنىڭ تەئەللۇقاتلىرىغا نىسبەتەن تېخىمۇ ئەرزىمەستۇر.

ئىلى گۈڭ - بەگلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مەنسەپ، مەرتىبە، راھەت-پاراغەتلىك چاغلار ۋە پاراكەندىچىلىك، ئېغىر ئوقۇبەتلەرگە گىرىپتار بولغان مەزگىللەردىمۇ ۋەتەندىن ۋاز كەچمەي، ۋەتەنگە مۇھەببەت باغلاپ، ئۆز ئانا ماكانلىرىدا مۇقىم ئولتۇرۇپ كېلىشى، بۇلارنىڭ بۈيۈك جۇڭخۇانى باشپانا قىلىپ كەلگەن ۋەتەنپەرۋەر جەمەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

---

**ئىزاھات:**

① ئامبال: مانجۇچە ئەنبەن سۆزىنىڭ بۇزۇپ ئاتىلىشى بولۇپ، ئەنبەن-باشلامچى بەگ مەنىسىدە.

② «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 148-جىلد، 6-، 7- بەت.

③ «ئىلى مۇزەيپانىڭ شەھەر بولۇپ ئابات بولغانى ھەققىدە»قولىيازما، ئاپتورى: پاكىزاتخان غوجا ساھىپزاتبەگ ئوغلى.

④ «ئىلىدا تەرىقەتكە ئائىت خاتىرىلەر»، قولىيازما، ئاپتورى: ياقۇپ ئاخۇن كىچىك ( قۇتلۇق قارىئاخۇن)، سىپىل خارابىسى ھازىرمۇ بار.

⑤ «غەربىي زېمىندىكى ئىشلار» دېگەن كىتابتىن.

⑥ «غەربىي زېمىندىكى ئىشلار» دېگەن كىتابتىن.

⑦ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 738-جىلد، 19- بەت.

⑧ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 642-جىلد، 23- بەت.

⑨ «چىنۋاڭ» چىن تۇغقان مەنسىدە بولۇپ، خانغا سادىق، يېقىن بولغانلىقتىن بۇ نامغا ئىگە بولغان.

⑩ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 1042-جىلد، 11- بەت.

⑪ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» نىڭ 1983-يىل 3-سانىدىكى «سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىسى» ناملىق ماقالىدىن، 653-جىلد، 2-بەت

⑫ شىمالدىكى ئالتە تاغ غولى: سۇپتاي، بورىبوسۇن، بۇلۇكەي، جىرغىلاڭ، بايتوقاي ھەم پىلىچى غوللىرى. جەنۇبتىكى ئۈچ تاغ يولى: قاينۇق، خۇنقاي ھەم كەتمەن غوللىرى (كەتمەن ھازىر قازاقىستاندىكى يەتتىسۇ تەۋەسىدە)

⑬ «شورا ژۇرنىلى» 1910-يىلى 18-سانىدىكى «ئىلى سۇلتانلىقى ۋە تارانچىلار» دېگەن ماقالىدىن ھەم پاكزاتخان غوجا يازمىسىدىن.

⑭ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 642-جىلد، 23- بەت.

⑮ مەزكۇر يانچىلارنى پاكزاتخان غوجا خاتىرىسىدە «ئىمىن غوجا، مۇسا-گۇڭلار ئۈچتۇرپاننى تىنچلاندۇرۇغاندا تۇرپانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. تۇرپاندا بولارنى غوجىنىڭ ئادەملىرى دەيتتى» دەپ يازىدۇ.

⑯ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 760-جىلد، 9- بەت.

⑰ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 468-جىلد، 16- بەت.

⑱ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 468-جىلد، 16- بەت.

⑲ قولىيازما موللا ناسىر ئەئلەم خۇدا بەردى مۇھەممەتسىپ ئوغلىنىڭ.

⑳ بەزىلەر «كۇرەگە ھوسۇل يەتكۈزۈش ئۈچۈن جياڭجۈن مەھكىمىسى سالدۇرغان» دەيدۇ. ئۇ ساڭلار كۇرە ھەم بايانداي.

㉑ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 804-جىلد، 35- بەت.

㉒ ئىمىنجان باھاۋىدۇن «ئىلى تارىخى» ھەم پاكزاتخان غوجا قولىيازمىلىرىدىن.

㉓ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 1119-جىلد، 7- بەت.

㉔ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 1358-جىلد، 12- بەت.

㉕ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 148-جىلد، 6-، 7- بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



㉖ «ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى ئوچېرىكلىرى» 2 ـ جىلد، 428 ـ بەت.

㉗ غۇلجا شەھەر 1 ـ رايون 6 ـ ئاساسىي قاتلام «ئەركىن كوچا»، 19 ـ قورۇ ئەسلىدىكى خانىقا.

㉘ كۆرمە ـ يەشىز، قىسقا، ئېككى چېتى يىرىق، دۈگىلەك گۈللۈك تاۋار چاپان.

㉙ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 93 ـ جىلد، 16 ـ بەت.

㉚ تولا رىۋايەتلەردە مېھرىبانۇمنىڭ يولدىشىنى ئىمىن ۋاڭ ھەم شاھىسپىلىم ۋاڭ دەپ كۆرسىتىدۇ.

㉛ غالجات، كەتمەنلەر ئىلىغا تەۋە ئىدى.

㉜ موللا بىلالنىڭ «چىندىكى ئۇرۇش» («غازات دەرمۇلكى چىن») دېگەن ئەسىرىدىن.

㉝ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 147 ـ جىلد، 21 ـ بەت.

㉞ بوۋاق غوجا 1882 ـ يىلى 39 يېشىدا ۋاپات بولدى، بۇ ئېنىق، مەزەمزاتخان ئۆلگەن ۋاقىت 1866 ـ يىلى بولۇپ، بۇنى ئىناۋەتكە ئالغاندا بوۋاق غوجا 22 ياشتا بولۇپ قالىدۇ. كۆيئوغلى غىياسىدىن 1871 ـ يىلى تۇغۇلغان. بوۋاق غوجا ۋاپاتىدا ئۇ 21 ياشتا بولۇپ، نىكاھلىنىپ بولغان. مەزەمزاتخان 1853 ـ يىلى ئىلىياسخان تۇغۇلغاندا يايلاقتا بولۇپ، ئۇۋغا چىقىپ كەتكەن. ئۇ كەلگىچە ئات قويماي بوۋاق غوجا دېيىشكەن. كېيىن ۋاقىتنى ئۇقۇشماي ئۆلۈم ۋاقتىغا ئالماشتۇرۇۋالغان.

㉟ بەزىلەر «سىدىق شاكىيۇنىڭ ھېكىملىكتىن تاماسى بولغانلىقتىن شۇنداق قىلغان» دەيدۇ.

㊱ مەسچىت نۇراخۇن ئاقساقال نامىدا بولسىمۇ، خىراجىتى كۆپچىلىكتىن.

# ئىلىدىكى ئوقۇش ئىشلىرى ـــ ئۇسۇل قەدىم ۋە ئۇسۇل جەدىت توغرىسىدا

مۇھەممەتخان كامالى

ئىلىدا «كۆچ ـ كۆچ»تىن① ئىلگىرى ۋە كېيىن بىرقانچە ئورۇنلاردا مەكتەپ بولسىمۇ، ئوقۇش ئۇسۇلى قەدىم (كونىچە) بولغانلىقتىن بالىلارغا خەت تونۇتۇش ناھايىتى قىيىن ئىدى. مەسىلەن، ئېلىپبەنى تەرتىپى بويىچە تاختايغا ياكى كالا ـ قويلارنىڭ تاغاق ئۇستىخانلىرىغا يېزىپ بۇنى بىلگەندىن كېيىن يۇيۇۋېتىپ، يەنە بىر ھەرپ يېزىپ بېرىلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تەسلىكتە ئىككى قىشتا بەزى بالىلار بۇنىڭدىنمۇ جىقراق ۋاقىتتا ئوتتۇز ئىككى ھەرپنى تونۇيالايتتى. قوشۇپ ئوقۇش ئۈچۈن بىر ـ ئىككى قىش ۋاقىت كېتىپ، زېرەكرەك بالىلار بىر نەرسە بىلىپ قالالىسىمۇ، تولىراق بالىلار ھېچنەرسە بىلەلمەي، زېرىكىپ ئوقۇشنى تاشلاپ ساۋاتسىز بولۇپ قالاتتى. بۇ چاغلاردا ئىلىدا ئۇسۇل جەدىت② (يېڭىچە)مەكتىپى يوق ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ نامىلا بولۇپ، مۇنداق جەدىتچە ئوقۇتۇشنىڭ زىيانلىقلىقىلا سۆزلىنەتتى. خۇسۇسەن ئاخۇنلار ناھايىتى قاتتىق غەزەپ بىلەن تەشۋىق ـ تەرغىب قىلاتتى.

ئاتام 1289 ـ ھىجرىيىدە ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ قورغاس مازار يېزىسىدا (ھازىرقى 61 ـ تۈەن مەيدان تەۋەسىدە) تۇغۇلغان. خەلق يەتتە سۇغا كۆچكەندە ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن بىللە كۆچۈپ ياركەنتكە ئورۇنلاشقان.

ئاتىمىز مەرھۇم ئابدۇلمۇتائالى كامالى (خەلىپە) ئىلىغا ئۇسۇل جەدىتنى ئەڭ بۇرۇن ئېلىپ كىرگۈچىلەرنىڭ بىرسى. ئاتام دەسلەپتە موللا ئېلى ھاجى دېگەن شائىردا، كېيىن شۇ دەۋردىكى مەشھۇر ئىشان ۋە شائىر نىزامىددىن ئاخۇنۇمدا ئوقىغان. بۇنىڭدىن سەل كېيىن ياركەنتكە ئابدۇراخمان داموللام دېگەن تاتار ئالىم كېلىدۇ. بۇ كىشىمۇ مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتىدۇ. بۇ كىشىنىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلاپ كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار بېرىپ دەرس ئوقۇيدۇ. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئاتىمىزمۇ بېرىپ

دىنىي دەرس ئوقۇشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. داموللام: «دىنىي دەرس ئوقۇۋاتقانلار كۆپ، سەن ئۇسۇل جەدىتچە ئوقۇغىن، بۇنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن خەلققە ئىلىم-مائارىپ ئۆگەتسەڭ ياخشى» دېگەن سۆزنى قىلىدۇ. ئاتىمىز داموللامنىڭ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ جەدىتچە ئوقۇيدۇ. بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئوقۇشنى تۈگىتىپ غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ. 1895-يىلى ئەلاباي مەسچىدىگە چۈشۈپ، بالا يىغىپ 40 چە ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتىدۇ. شۇ يازدا غۇلجا شەھىرىنىڭ يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرىپ بۇلارنىڭ ئالدىدا ئىمتىھان ئالىدۇ. ئوقۇغۇچىلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزلىرى ئۆزلەشتۈرگەنلىرى بويىچە دوسكىغا چىقىپ ئىملا يازىدۇ. ھېسابتىن تۆت ئەمەلنى ئىشلەيدۇ، جۇغراپىيىدىن بەش قىتئە ۋە ئۇنىڭغا ئورۇنلاشقان چوڭ شەھەر، مەركەزلەر، تاغ-دەريا ۋە يەر تۈزۈلۈشلىرىدىن ئىمتىھان بېرىدۇ. (ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىلگىرى دىنىي بىلىم ئالغان بولۇپ، يېشى چوڭلاردىن ئىدى.)

بۇ چاغدا شەھەر ئاقساقىلى ئابدۇقادىر دېگەن كىشىمۇ ئىمتىھانغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىدۇ، كەلگەنلەر بۇ يېڭىچە ئوقۇش ئىشلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ چاپسانلا تۈرلۈك ساۋاتقا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرۈپ قايىللىق بىلدۈرىدۇ. ئابدۇقادىر ئاقساقالنىڭ باشلامچىلىقىدا ئالاھىدە بىر مەكتەپ قۇرۇش قارارىغا كېلىشىپ، تۆت كۆۋرۈكتە مەكتەپ ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ يېڭىلىققا خەلق ناھايىتى قىزىقىپ ئۆز پەرزەنتلىرىنى بۇ مەكتەپكە بېرىشىدۇ. مەكتەپ تېز تەرەققىي قىلىپ تۆت سىنىپقا يېتىدۇ، تۆت مۇئەللىم، بىر مۇدىر بولىدۇ ۋە مەكتەپنىڭ نامىنى «تائالىيە» دەپ قويىدۇ (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 4-باشلانغۇچ مەكتەپ) ئۇ چاغدا مۇدىرنى چوڭ خەلپىتىم، مۇئەللىملەرنى خەلپەت دەپ ئاتاشقان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 200 دىن كۆپرەك بولغان.

1910-يىلى كەشپۇلئەسرار داموللامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تاتارلار «نوغاي مەكتەپ» دەپ مەكتەپ ۋە بىر قىرائەتخانا ئاچقان. كېيىن مەكتەپنىڭ نامىنى «مەكتەبى نۇر» ۋە قىرائەتخانىنى «قىرائەتخانا نۇر» دەپ ئاتىغان. بۇ مەكتەپنىڭمۇ دەرسلىرى پۈتۈنلەي يېڭىچە «جەدىتچە» بولغان. بۇ ئىككى مەكتەپ شۇ چاغدا ئوقۇش ئىشلىرىنى يېڭىلاپ ئىلگىرى سۈرۈشتە خەلقنىڭ ئاڭ-پىكىرىنى يېڭىلاشتا خېلى چوڭ رول ئوينىغان. مەزكۇر مەكتەپلەردە ئوقۇپ چىققان ياشلار يېزا-قىشلاقلارغا چىقىپ ۋە بىر مۇنچىلار غۇلجا شەھىرىدە بۇ خىلدىكى مەكتەپلەرنى ئېچىشقا باشلاپ بىر مەزگىل يېڭىچە ئوقۇش ئىشلىرى ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىگەن.

1910-يىلىدا ئابدۇقادىر ئاقساقال ۋاپات بولۇپ ئورنىغا نۇراخۇن ئاقساقال

ئۆلتۈردى. 1915-يىلى ئىلىدىن مۇساباي‌ئوفلارنىڭ ياردىمى بىلەن تۈركىيىگە ئوقۇشقا چىقىپ كەتكەن مەسئۇد ئەپەندى سابىرى، ئابدۇراخمان ئەپەندى باشلىق بىر قانچىلار مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. مەسئۇد ئەپەندى ئۆز قورۇسىدا دوختۇرخانا قۇرۇپ داۋالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن مەكتەپمۇ ئاچتى. ئۆز يولداشلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى يېڭىچە ئوقۇتۇشقا باشلىدى. مەھمۇت ئەپەندى توغرىكۆۋرۈكتە مەكتەپ ئاچتى، بۇلار تەنتەربىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنى يېڭىچە كىيىندۇردى. ئوقۇغۇچىلارغا «ئىزچى» (ئىزباسار پىئونېر) دەپ نام بېرىپ ھەربىي مەشقلەرنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. ئەلاباي مەسچىتىدە «دەرنەك» (ئىلىم تەھسىل قىلىش) تەسىس قىلىنىپ يېڭى ئىلىملاردىن لېكسىيە ئوقۇپ، تۈرلۈك بىلىملەردىن خەۋەردار قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن خەلقتە يېڭىلىققا تەلپۈنۈش كۈچەيدى.

ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىننىڭ مەدەنىي-مائارىپ ئىشلىرىغا قارىتا تۇتقان سىياسىتى «نادانلاشتۇرۇش» بولۇپ، يۇقىرىقى يېڭىچە ئوقۇش ئىشلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇپ خەلقنىڭ ئاڭ-پىكرىنىڭ كۆتىرىلىشىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خەۋپ دەپ تونىدى. شۇڭا ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مۇنداق مەكتەپلەرنى قەتئىي تاقاشنى ئۇقتۇردى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە مۇتەئەسسىپ دىنىي خادىم، ئۆلىمالار ئوتتۇرىغا چىقىپ ئاشكارا قارشى تۇرۇپ، يېڭىچە ئوقۇشنى «دىندىن ئازدۇرغۇچى» دەپ سۆكۈشكە، ھاقارەتلەشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ئىلىنىڭ كونا ئەئىلەمى ۋاپات بولۇپ ئىبراھىم ئەئىلەم بولۇپ ئولتۇرغانىدى. دوتەي يامۇل خىزمەتچىسى ئادىلبەگ دېگەن كىشىمۇ بۇ يېڭىلىققا ئەڭ قارشى خىزمەتچىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ئىككىسى بىرلىشىپ دوتەي ھەم شىيەنگەنلەرگە چاقۇ قىلىپ ھەرقايسى ئورۇنلاردا ئاچقان يېڭىچە مەكتەپلەرنى تاقىتىۋەتتى. سەھرا-قىشلاقلارغىمۇ بۇيرۇق چىقىرىپ ئۇ يەردىكى ئۇسۇل جەدىتچە مەكتەپلەرنى تاقاتتى. بۇنىڭ بىلەن قانائەتلەنمەي مەھكىمە شەرئىيە خادىملىرىدىن ئىمىرھەمزە مۇھتەسىپ (دىنىي تەپتىش) نى چىقىرىپ، يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ تىل دەرسلىكى بولغان مۇئەللىم ئەۋۋەل (ئىلىمنىڭ ئاۋۋىلى) ۋە مۇئەللىم سانى (ئىلىمنىڭ ئاخىرى)غا ئوخشىغان ئوقۇش قوراللىرىنى يىغىپ كۆيدۈردى. شۇندىن باشلاپ كونىلىقنى ساقلاپ قالغۇچى مۇتەئەسسىپلەر بىلەن يېڭىلىقچىلارنىڭ كۈرىشى ئاشكارا جىددىيلەشتى.

دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئىلىغا مىسىرلىق شامى داموللام ۋە تاتار ئالىمى ئابدۇللا

بوبىلاردەك ئېسىل زاتلار كەلدى. بۇلارنىڭمۇ يېڭىلىقتا مائىل ئالىملار ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئاتىمىز ئابدۇمۇتائالى يۇقىرىقى دەرسلىكلەرنى بۇ ئىككى زاتقا كۆرسىتىپ «ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ ئىككى ئوقۇش كىتابىنى ئوقۇتساق، سىلەر ئىبراھىم ئەئەلەمدىن ئىجازەت ئېلىپ بەرسەڭلەر» دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ. شامى داموللام ئىبراھىم ئەئەلەمگە: «بۇنىڭ بىلەن نېمە بولىدۇ، بۇ ناھايىتى ساۋات چىقىرىش دەرسلىكى ئىكەنغۇ، خەلق ساۋاتلىق بولسۇن» دەيدۇ. ئىبراھىم ئەئەلەم ئاتىمىزنى جونۇپ: «ھەممە ئىشنىڭ باشلامچىسى سەن» دەپ ھەيۋە قىلىدۇ، رۇخسەت قىلمايدۇ. چوڭ بىر سورۇندا ئەئەلەم ئاخۇن: «ئەپەندىلەرنىڭ بۇرنىنىڭ بىزى ئۆسۈپ كېتىپ بارىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 4 ـ 5 نىڭ بېزىنى ئالمىسا بولمايدۇ» دېگەن سۆزنى قىلىدۇ. شۇ مەجلىستە بارلاردىن مەسۇم مۇتىۋەللى ھاجىم كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ دادامغا: «سىز بۇ ئىشقا ئارىلاشماڭ، ئەئەلەم ئاخۇن ئەپەندىلەردىن 4 ـ 5 نى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ، سىز مەن بىلەن ئەئەلەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ناماقۇللۇق بىلدۈرۈڭ» دەپ كەچتە دادامنى ئېلىپ ناماقۇللۇققا ئاپىرىدۇ. دادام ئامان قالىدۇ. تەخمىنەن 1924 ـ، 1925 ـ يىللارمىكى، ئەئەلەم ئاخۇن ئېيتقىنى بويىچە شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت مەسئۇد ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى ھەم شامى داموللامىلارنى تۇتۇپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتتى. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇلار سالامەت قايتىپ كەلدى. بۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن دۈشمەنلىك (كۈرەش) كۈچىيىپ كەتتى. ئىبراھىم ئەئەلەمنىڭ يان تايىقى بولغان ئادىلبەگنىڭ قىلمىشى تېخىمۇ ئېشىپ كەتتى. شۇڭا 1929 ـ يىلى رامزان ئېيىدا ئادىلبەگ مەدرىستىن كەچكى تەرەۋە نامىزىدىن قايتقاندا تاپانچا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ھۆكۈمەت تەرەپ «ئاتقۇچى ئابدۇراخمان ئەپەندى» دەپ ئابدۇراخمان ئەپەندىنى قولغا ئېلىپ قارىلاپ، شۇ يىلى ئۈرۈمچىگە پالانغان ئېلاخۇن كۆككۆز، سۇلايمانلار بىلەن قوشۇپ ئېلىپ كەتتى. ئۇلار ئۈرۈمچىدە تۆت يىل يېتىپ ئىلىغا سالامەت قايتىپ كەلدى. دادىمىز ئابدۇمۇتائالى مۇشۇ ۋاقىتقىچە، تائالىيە مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ كېلىۋەردى. 1929 ـ يىلى ھەج قىلىش ئۈچۈن ئاتام ھەرەمگە كېتىپ، 1930 ـ يىلى قايتىپ كەلدى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىنلا قۇمۇلدا خوجىنىياز ھاجى رەھبەرلىكىدە ئىنقىلاب باشلىنىپ شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇردى. شىنجاڭدا ئىشلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرىدىغان «ئالتە سىياسەت»نى بەلگىلەپ ئېلان قىلدى. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ جۈملىدىن ئىلىدىمۇ يېڭىچە مائارىپ ئىشى باھار ئاپتىپى بىلەن تەڭ ئېچىلغان گۈللەردەك ئېچىلىپ كەتتى. تائالىيە

مەكتەپ بار مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئاۋاكرى ھاجىم ئىلىغا شەنگەن بولدى. ئۇ تائالىيە مەكتەپنى يېڭىلاشقا تەشەببۇسچىلىق قىلدى. بىزنىڭ ئەسلى ئۆيىمىزنى تائالىيە مەكتىپىنىڭ يېرىگە سالغان بولۇپ، مەكتەپنى ياساشتا بۇ ئۆي كېرەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۆيلەرنى مەكتەپكە ھەدىيە قىلىشىمىز بىلەن تاقىچى مەھەللىگە كۆچۈپ كەتتۇق. بۇ مەكتەپ ئىككى قەۋەت قىلىپ ياسىلىپ پۈتكەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 800 گە يېتىپ، سىنىپ يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلگەندىن كېيىن، دادىمىز شۇ مەھەللىدىكى ھەمرا بايدىن بىر قورۇلۇق يەرنى 40 مىڭ تەڭگە (شېڭ شىسەي پۇلى) غا ئېلىپ مەكتەپكە قوشقان. مەزكۇر تائالىيە مەكتەپ ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكىچە 50-60 بالىنىڭ يىللىق تەمىنات پۇلىنى دادىمىز بېرىپ كەلگەنىدى.

يۇقىرىدىكى ئەسلىمەم پەقەت ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈستىدىكى گەپ بولۇپ، قىزلارنىڭ ئوقۇشى يوق ئىدى. بىچارە قىزلار مەكتەپ يۈزىنى كۆرۈش بۇ ياقتا تۇرسۇن «نامەھرەم» دەپ كوچىلارغىمۇ چىقالمايتتى. قاراڭغۇ ئۆيدە سولىنىپ ئولتۇراتتى. ئابدۇقادىر ئاقساقال تەرەققىيپەرۋەر ئادەم بولغىنى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىزلىرىنى ئانىمىز زەھرەخان ئابىستاي (ئابىستاي - مۇئەللىمە) نىڭ ئوقۇتۇشىنى تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتقان، بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن يىگىرمىچە قىز ئوقۇغان. بۇ ئىشقىمۇ ئاخۇنلار قارشى چىققانلىقتىن ئىلاجسىز توختىغان. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تاتار مەكتىپى ئېچىلغاندىن كېيىن 1910-يىلى نۇراخۇن ئاقساقالنىڭ تەشەببۇسى ۋە دالالىتى بىلەن قىزلار ئوقۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن مەكتەپكە بېرىشقا رۇخسەت قىلمىغانلىقتىن مۇئەللىملەر مايمۇنە ئابىستاي ھەم ئامىنە ئابىستايلار يۈزلىرىگىچە پۈركەنچە يېپىپ ھەربىر قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئوقۇتقان ئىدى. بۇ ئىش شېڭ شىسەي دەۋرىگىچە داۋام قىلدى. كېيىن قىزلارمۇ قاراڭغۇ ئۆيدىن چىقىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

شىنجاڭ 1949-يىلى تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە مۇيەسسەر بولغىنىمىزدىن كېيىن، بولۇپمۇ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ ئوقۇش ئىشلىرىغا قىلغان غەمخورلۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھازىرقى مەزگىلدە، كونا زاماندىكى ئۇ ئىشلارنى ئەسلىسەك، ئىستىبداتلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىمىز تېخىمۇ قوزغىلىپ، پارتىيىمىزگە بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مېھرى-مۇھەببىتىمىز شۇنچە ئاشىدۇ، بۈگۈنكى بەختلىك ئوغۇل-قىزلىرىمىز ئۆتمۈشتىكى ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلسە ئۆزلىرىنى بەختكە يېتىشتۇرگەن پارتىيىمىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيە ۋە خەلقىنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىشقا ئاز-تولا بولسىمۇ ياردىمى بولار، دېگەن ئۈمىدتە بۇ ئەسلىمىنى يازدىم.

ئىزاھات:

① 1881-يىلىدىكى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈشى.

② جەدىت —— يېڭىچە.

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا ئەسلىمە

سالاھىدىن سىدىقى

## نىلقا پارتىزانلىق ئۇرۇشى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەسلەپتە نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۈلاستاي يېزىسىدا پارتلىدى.

ئۈلاستاي نىلقا ناھىيىسىنىڭ غەربىدىن شەرققە سوزۇلغان كۆكقامىر تېغىنىڭ كۈنگەي باغرىدا بولۇپ، بۇ يەرگە قازاق خەلقىنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرى ماكانلاشقان يېرى مۇنبەت، ئېسىل جايلارنىڭ بىرى. ئۈلاستاينىڭ شىمالىدا گۈزەل مەنزىرىلىك بىر غول بولۇپ، بۇ غولنىڭ باش تەرىپىدە تىك ئۈچلىرى بۇلۇتلارغا كىرىپ تۇرغان ئېگىز بىر تاغ چوققىسى بار، بۇ چوققا «ئېسىبوسىن چوققىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېسىبوسىننى خەلق باتۇر دەپ ئاتىشىدۇ. ئېسىبوسىن باتۇر ئۆز زامانىسىدا ئىستراتېگىيە جەھەتتىن مۇھىم بولغان جايدىن پايدىلىنىپ، ياڭ-جىن ئىستىبداتلىرىنىڭ چېرىكلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئېلىشىپ، زەربە بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مال-مۈلكىنى قوغدىغان. ئەپسۇسكى، ئېسىبوسىن باتۇرنى ياڭ-جىن ھۆكۈمىتىنىڭ پايلاقچىلىرى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ئۈلاستاي غولىنىڭ كىرىش ئېغىزى قىساڭ بىر جاي بولۇپ، بۇ يەر قورallıق بىر نەپەر ئادەم تۇرۇۋالسا، مىڭ ئادەمنى ئۆتكۈزمەيدىغان جاي ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەسلەپ ئەنە شۇ ئىستراتېگىيىلىك تارىخىي جاي ئۈلاستاينى مەكەز قىلغان ھالدا ئۈلاستاي، جالىنقول ۋە جارتوغان يېزىلىرى ئەتراپىدا نىلقا پارتىزانلىق ئۇرۇشى بىلەن باشلانغان.

1942- ۋە 1943-يىللىرى شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەتلىرىنىڭ زۇلۇمى چېكىدىن ئېشىپ، بىگۇناھ ھەر مىللەت خەلقلىرى ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىللەردە خەلق ئۆز جېنىنىڭ قايغۇسى بىلەن بولۇپ، بۇگۈنى ئەتىسىگە كۆزى يەتمەي قالىدۇ. 1942-يىلى ۋە 1943-يىللىرى گومىنداڭنىڭ نىلقىدىكى ئەمەلدارلىرى موڭغۇل مۆتىۋەرلىرى لايدىن ئامبالنىڭ گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن ئىنقىلابى ھەركىتىنى سېزىپ قېلىپ، ئۇنى قولغا

www.uyghurkitap.com



ئالماق بولغاندا ئۇ زەھەر يەپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. 1943-يىلى كۈزدە پاتىخ مۇسلىمۇپ شۇنداق خەۋپنى سېزىپ، ناھىيىدىكى مەسئۇللۇق خىزمىتىنى ۋە بالا-چاقىسىنى تاشلاپ، جېنىنى ئېلىپ تاغقا قېچىپ كېتىدۇ. نىلقىدىكى گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسى ئەكبەرنىڭمۇ پاتىخ، لايدىن ئامباللار بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىدىن گۇمان قىلىپ، 1944-يىلى 3-ئايدا ئەكبەرنى ئالداپ تۇتۇۋېلىپ، تۈرمىگە ئالىدۇ. سوراق قىلىپ: «سەندە قورال بار، تاپشۇر!» دەپ قىينايدۇ. شۇ يىلى 5-ئايدا ئەكبەر يالغاندىن «قورال بار، تاپشۇرۇپ بېرىمەن» دەيدۇ-دە، گومىنداڭنىڭ بىر قانچە قوراللىق ئادىمىنى باشلاپ ئۇلاستايغا كېلىدۇ. بۇ يەردە ئەكبەر خەلقنىڭ ھىمايىسى ئارقىسىدا قېچىپ قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئەلەمدە قالغان گومىنداڭچىلار پايلاپ يۈرۈپ ئاخىرى 6-ئايدا ئەكبەرنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ، 4-5 قوراللىق چېرىك ۋە پايلاقچىلار ئەكبەر كۆچۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ-دە، ئۇنىڭ بىلەن ئاكىسى سېيىتنى تۇتۇپ كېلىشكە دەرھال قوراللىق كىشى ئەۋەتىدۇ. گومىنداڭنىڭ قوراللىق ئادەملىرى ئەكبەرگە: «سېنى ناھىيىگە چاقىرىۋاتىدۇ. بىز بىلەن ماڭىسەن!» دەيدۇ. ئەكبەر كۆرۈنۈشتە ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەستىن: «بولىدۇ» دەيدۇ-دە، خوتۇنىغا يوشۇرۇن ئىشارەت قىلىپ، ئاتنى ئىگەرلەپ قوي دەيدۇ. ئەكبەر كۆچۈش ئىشىنى توختىتىپ، گومىنداڭنىڭ ئادەملىرىگە: «تاماق يەپ ماڭايلى، ئاچ ماڭامدۇق، مالدىن بىرنى ئېلىپ كېلەي، بالا ئوبدانراق مالنى ئەكېلەلمەيدۇ، ئۆزەم بىر مال ئېلىپ كېلەي» دەپ ئاۋۇلنىڭ يۇقىرىسىدا ئوتلاپ يۈرگەن ئۆچكىلەرنى كۆرسىتىپ، ئۆچكىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئوغلى بىلەن بىر ئوغلاقنى تۇتماق بولۇپ، ئۇيان-بۇيان قوغلىغان پېتى ياردىن چۈشۈپ ئابدۇراخماننىڭ ئىگەرلەپ تەييار قىلىپ قويغان ئېتىغا مىنىپ قاچىدۇ. چېرىك ۋە پايلاقچىلار ئالدىنىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، بىر نەچچە پاي ئوق چىقىرىدۇ. ئەكبەر تاغ ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولىدۇ. ناھىيىلىك ساقچىنىڭ خادىمى تەنپەي بارمىقىنى چىشلەپ قالىدۇ. ئاڭغىچە سېيىتنى باغلاپ ئېلىپ كېلىدۇ، ئاندىن ئەكبەرنىڭ خوتۇنى زەينەپنىمۇ باغلاپ قاتتىق ئۇرۇپ، سېيىت بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ. نىلقىغا يېقىن بارغاندا زەينەپنى قويۇپ بېرىدۇ.

* * *

1943-يىلى 11-ئاي ئىچىدە ئىلىنىڭ غەربىدىكى قورغاس ناھىيە چىلپەڭزىدىن ئوسمان (ئۇيغۇر)، رامزان (خۇيزۇ)، مۇقاش (قازاق) يەنە بىر نەچچە موڭغۇل، شىبەلەر

گومىنداڭنىڭ ئازابى ۋە تەقىپ قىلىشىدىن قېچىپ تاغ ئىچىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، كېيىن ئادەم سانى 30-40 قا يېتىپ، «كەڭساي پارتىزانلىرى» بولۇپ ئۇيۇشىدۇ. دەل شۇ مەزگىللەردە قوبۇقساردا زوڭغۇرۇپ باتۇر (موڭغۇل)، جېمىنەيدىن غوجەخمەت قاتارلىقلار پارتىزان ئۇيۇشتۇرۇپ گومىنداڭغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. دېمەك، قەيەردە زۇلۇم ئېغىر بولىدىكەن، شۇ يەردە قارشىلىق بولۇشى تەبىئىي. بۇ ماركسىزىمنىڭ ئاددى ھەقىقىتى، ئەلۋەتتە. يۇقۇرىدىكى تاغ سەرگەردانلىرى غەربكە يول ئېلىپ پاتىخ، ئوسمان، ئەكبەر، نۇرۇم، خەمىت، ھوشىرەم، بايچۇرىنلار بىلەن بۇلاقتا ئۇچرىشىدۇ. ئۇلار باش قاتۇرۇپ، ئىنقىلاب قىلىش يولىنى ئىزدەيدۇ.

1943-يىلى كەچ كۈزدە گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قاراپ يولغا چىققان ھەربىي قورال-ياراغ ۋە باشقا ئوق-دورا باسقان يەتتە ئاپتوموبىلى ۋۇتەيگە كەلگەندە ماڭالماستىن ئۈچ كۈن توختاپ قالىدۇ. 3-كۈنى چۈشتىن كېيىن مەزكۇر يەتتە ئاپتوموبىل يولغا چىقىپ نامازدىگەر ۋاقتىدا چۆلئادىرنىڭ باش تەرىپىدىكى قوي قورۇ دېگەن يەرگە كەلگەندە، كەڭساي پارتىزانلىرى ئوسمان، نۇرۇم باتۇرلارنىڭ باشچىلىقىدا ئاپتوموبىللارنى توساپ، ئېتىپ نابۇت قىلىدۇ. ئاپتوموبىللارنى مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭغان ئەسكەرلەر تامام دېگۈدەك ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. پارتىزانلار ئوق-دورىلارنىڭ كۆپىنى غەنىمەت ئېلىپ، شوپىرلارنى ھەيدەپ تەلكە تېغىنىڭ ئىچىگە يەنى سەنتەينىڭ كۈنگىيىگە ئەكىرىپ كېتىدۇ. ئۇلار قىشتا ئەشۇ تاغ ئارىسىدىكى قىشلاقلاردا ئىنقىلاب تەييارلىقىنى قىلىدۇ. ئەتىياز پەسلى كىرىشى بىلەنلا پاتىزانلار تۇتاش قوزغىلىپ، قارىغاي ساي، توغرا سۇ قاتارلىق تاغ يوللىرى بىلەن شەرققە قاراپ مېڭىپ، قىشلاق، كۈزلەكلەرنى بېسىپ ئەل-يۇرت ئارىلاپ، 6-ئاي كىرگەندە چارۋىچىلارنىڭ يايلاققا كۆچكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، پاتىخ، ئەكبەر، ئوسمانلار مىڭمارال يايلىقىغا يېتىپ بېرىپ، خەلق ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ، ئورۇن يۆتكەپ ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ چاغدا «مىڭمارالدا 3-4 قوراللىق ئادەم پەيدا بولۇپتىمىش»، «ئەكبەرمۇ باردەك» دېگەن مىش-مىش گەپ-سۆزلەر ئەل ئىچىگە پۇر كېتىدۇ. بۇلار بىر-ئىككى ئاي خەلق ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، ئىنقىلاب قىلىش ھەققىدە تەشۋىق-تەرغىب قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ قىسمەن تەييارلىق ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. يىراق - يېقىندىكى ئىشەنچلىك ئادەملەرنى توپلاپ، يوشۇرۇن ھالدا بىر مۇنچە قورالنى قولغا كەلتۈرىدۇ. 8-ئاينىڭ بېشىدا ئۇلاستاينىڭ باش تەرىپىدىكى كۆكسايدا ئولتۇرغان سىبانبەكنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئۆيىگە پاتىخ باشلىق بىر قانچە قوراللىق ئادەم كېلىپ چۈشىدۇ. ئۇلار بۇ يەردە خەلقنى ئىنقىلاب قىلىشقا ئۈندەش، تەشكىللەش، قورال-ياراغ يىغىش، زەڭگى، يۈز بېگىلەر ۋە چارۋا ئىگىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىئانە توپلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى يوشۇرۇن ئىشلەيدۇ. ئۆزلىرىگە ئىشەنچلىك دەپ تونۇغان ئادەملەرنى مەخپىي چاقىرىپ مەسلىھەتلىشىدۇ. نىلقا تۈرمىسىدە ياتقان سېيىتنى مۇناسىۋەتلىك مۆتىۋەرلەر ئارقىلىق 1944-يىلى 7- ئايدا كېپىللىككە ئېلىپ چىقىدۇ. سېيىت بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن تاغقا قېچىپ چىقىدۇ. شۇنىڭدەك ئۈرۈمچى گومىنداڭ تۈرمىسىدىن قېچىپ كەلگەن غېنىغا خەۋەر قىلىپ، ئۇنى چاقىرتىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ پاتىخ باشلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ ئادىمى ئون نەچچىگە يېتىدۇ. بۇلار: پاتىخ مۇسلىموۋ، ئەكبەر، غېنى، ئوسمان، سېيىت، ناۋان (ئەكبەرنىڭ ئىنىسى)، نۇرۇم، ھوشىرەم، مۇساقان، قۇرۋان، خەمىت ۋە رەپىق بايچۇرىن قاتارلىق ئادەملەر ئىدى. گومىنداڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ «ئالتە ئوغرى» دېگەنلىرى ئەنە شۇلار ئىدى.

ئابدۇكېرىم ئاباسوف گومىنداڭنىڭ ئىلىدىكى قىرغىنچىلىقى ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن بۇ مەزگىلدە ئۆزىنى يوشۇرۇپ، سۈيدۈڭ، ساربۇلاقلاردا بىر تۈركۈم ئادەمدىن پارتىزان تەشكىللەپ، نىلقىدىكى پارتىزانلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئىنقىلاب ئىشىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر تەرەپلەردە ئىنقىلاب يالقۇنىنى تۇتاشتۇرىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن جۇڭگو ئىنقىلابىغا قىلغان ياردىمىنىڭ بىر قىسمى ھېسابىدا يېڭىدىن تەشكىللىنىپ ئۈلگىيىۋاتقان ئىنقىلابچىلارغا ھەربىي قورال-ياراغ سېتىپ بېرىپ، ئىنتېرناتسىئوناللىق بۇرچىنى ئۆتىدى. ئىلىدىكى ئىنقىلابچىلار خەلقتىن ياردەم ئات يىغىپ، بىرىنچى تۈركۈمدە سىبانبېك، نۇربولات، ئەلارىس قاتارلىق يەتتە ئادەمنى چېگراغا ئەۋەتىپ، بىر ئاتقا بىر مىلتىق (ئوقى بىلەن) تېگىشىپ ئەكىلىدۇ. بۇلار ئىلگىرى-ئاخىر چېگرىغا توققۇز قېتىم بېرىپ قورال ئەكىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ قورال-ياراغقا بولغان ئېھتىياجىنى قىسمەن بولسىمۇ قامدايدۇ.

1944-يىلى 9- ئاينىڭ باشلىرىدا ئۇلاستايدىكى ئەكبەرنىڭ ئاۋۇلىدا مەخپىي پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى (دەسلەپتە ئازادلىق شتابى) قۇرۇلىدۇ. قوماندانلىق شتابى خادىملىرى ئۆزلىرىگە ئىشەنچلىك دەپ تونۇلغان ھەر بىر ئاۋۇل، يېزا-

قىشلاقلارنىڭ يۈزبېگى، زەڭگىلەر ۋە مۆتىۋەرلىرىگە خەلقنىڭ تىزىمىنى بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئالدى بىلەن تۆۋەنكى ئۇلاستاي، جالىنقول، جارتوغان كەنتلىرىدىكى خەلقنىڭ تىزىمىنى مۇساقان قاتارلىق كىشىلەر تاپشۇرۇپ بېرىپ، بۇ ئىنقىلابنى ھەرىكەتكە تامامەن قوشۇلۇپ، ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. ئۇلاستاي پارتىزانلىق شتابى تاپشۇرۇلغان تىزىملىك ئىچىدە لايىق تېپىلغان ئادەملەرنى ئايرىپ پۈتۈن ئەترەتنى ئۈچ چوڭ توپقا (بىر توپ بىر باتالىيون چامىسىدا ) بۆلىدۇ ۋە توپ باشلىقلىرىنى سايلاپ، 1 ـ توپقا ئەكبەر، 2 ـ توپقا غېنى، 3 ـ توپقا تۈگمەنچى ئىۋان (رۇس) لارنى مەسئۇل قىلىپ بەلگىلەيدۇ. شۇ كۈنى كېچىسى كۆكقاشقا ① سويۇپ، بارماقلىرىنى قانغا پاتۇرۇپ ئىنقىلابقا ھېچبىر خائىنلىق قىلماي گومىنداڭنى تەلتۆكۈس يوقىتىش ئۈچۈن قەسەمياد قىلىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پارتىزانلىق شتابى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھەر بىر توپنىڭ ئۆز توپىدىكى جەڭچىلەرنى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كەچتە شتابقا (ئەكبەرنىڭ ھويلىسىغا) يىغىدۇ. ئۆز ئارا تونۇشۇپ، كىچىك پارتىزان ئەترەت باشلىقلىرىنى تولۇقلاپ سايلاپ، ھەربىر چوڭ توپقا 200 ئاتلىق پارتىزان (پارتىزانلار ئۆز ئاتلىرىنى مىنىدۇ) تەقسىملەپ، 40 ـ50 جەڭگىۋار مىلتىق ھەم بىردىن ئىككىنچە پىلىموت بىلەن قوراللاندۇرىلىدۇ.(ئوۋ مىلتىقلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.)

9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا نىلقىدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئەكبەر قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنى ئالداپ تۇتماق بولۇپ، نىلقىدىن ئەۋەلقان گۇڭ② باشلىق 200 دىن ئارتۇق كىشىدىن (بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئىزوۋوت ساقچى قىسىم، قالغانلىرى زورلاپ ئېلىپ چىققان خەلق) بىر تەشۋىقات گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇلاستايغا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئۇلاستاينىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە پارتىزانلىق شتابى خەۋەر تېپىپ ئەكبەر باشلىق بىر نەچچە پارتىزان، مەرگەنلەرنى ئالدىغا چىقىرىدۇ. بۇلار سەپسېلىپ قاراپ، بايقايدۇ. توپنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خەلق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. پەقەت بىر نەچچىلا باشلىق كۆرۈنىدۇ. ئەكبەر مەرگەنلەردىن دوسىمقانغا «ئالدىدىكى باشلىقلاردىن بىرنى دەللەپ ئېتىپ دومۇلاتساق، خەلق بۇلاردىن ئاجراپ قاچىدۇ، بىز ئايرىلىپ قالغان قوراللىقلار بىلەن ئېتىشىمىز» دەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوق چىقىرىشنى بۇيرۇيدۇ. چىنەپ ئاتقان ئوق ئەۋەلقان گۇڭنىڭ يېنىدا (ئالدىنقى قاتاردا) تۇرغان چاپارمىنى چالبارنىڭ قالپىقىنى ئۇچۇرۇپ تاشلايدۇ. بۇنى كۆرگەن ئەۋەلقان گۇڭ قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، ئالدى-كەينىگە باقماي نىلقىغا قاراپ تىكىۋېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com



قالغان قوراللىق گومىنداڭچىلارمۇ قاچىدۇ. ئۇلار نىلقىغا بارغاندا «چالبارنىڭ قالپىقىنى پارتىزانلار ئېتىپ ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ» دېگەن داۋراڭ پۈر كېتىپ، نىلقا ئەمەلدارلىرى بۇ سۆزنى باسالماي چالبارنى گومىنداڭ ساقچىسىغا بىر نەچچە كۈن قاماپ قويۇپ، داۋراڭنى ئاران باسىدۇ.

گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنى ئىنقىلابچىلارنى ئالداپ قولغا چۈشۈرۈپ يوقىتىش ئۇچۇن تۈرلۈك ھىيلە-نەيرەڭلەرنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىرەر سىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالماي تېگىشلىك دەككىسىنى يەپ نىلقا بازىرىغا بېرىپ تىقىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇنداق ئىشلارغا قاتناشقانلاردىن بەزىلەر كېيىنچە ھەق-ناھەقنى پەرق ئېتىپ: «ئوغرى دېسە راست ئوخشايدۇ دەپتىمىز، سىلەر ھەقىقىي راست ئىنقىلابچىلار ئىكەنسىلەر، ئەپۇ قىلىڭلار» دەپ ئىنقىلاب سېپىگە قاتنىشىپ، قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىشىدۇ، بۇنداق قىلغانلاردىن ئەمەلىيەتتە جان پىداكارلىق بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ، ۋەدىسىنى ئورۇندىغۇچىلارمۇ كۆپ بولىدۇ.

1944-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى پارتىزانلار ئاشكارا ھەركەتكە ئۆتۈپ، شتابىنى ئورنىدىن يۆتكىمەي، پۈتۈن پارتىزانلار نىلقا ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلاستاينىڭ تۆۋەن ئېغىزىغا كەلگەندە رىن دۇسا باشلىق نىلقا گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسى قۇراشتۇرغان بىر توپ قوراللىق ۋە قورالسىز ئادەملەر يول تورايدۇ ۋە پارتىزانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ توقۇنۇشتا رىن دۇسانىڭ بىرقانچە ئادىمىگە ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. رىن دۇسا چېكىنىپ، تاشداۋان بىلەن نىلقىغا كېتىشكە كۆزى يەتمەي، قالغان ئادەملىرىنى باشلاپ ئوپارەڭگىنىڭ ئاۋۇلىغا بېرىپ، ئۆزلىرىنى كوسۇر دېگەن ساينىڭ قويۇلۇشىدىكى قاش دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا مەجبۇرلاپ، دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن چونجىغا ئۆتۈپ نىلقا ناھىيە بازىرىغا ئايلىنىپ كىرىۋالىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا پارتىزانلار بىرقانچە جەڭگىۋار قورالغا ئىگە بولىدۇ.

پارتىزانلار تۇنجى سەپىرىدە رىن دۇسا قاتارلىقلارنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار غەلىبە بىلەن ئىلگىرىلەپ كۇندۇزى سۇرئەتلىك يول يۈرۈپ، يېرىم كېچىدە نىلقا بازىرى سىرتىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار پىلانلىق ھالدا نىلقا ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. قوماندانلىق ھەر بىر توپنىڭ ھۇجۇم نىشانىنى بەلگىلەپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. نىلقا ناھىيىلىك گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسىنى ھۇجۇم نۇقتىسى قىلغان ھالدا، توپ باشلىقلىرى تەرەپ-تەرەپتىن جەڭنى باشلىۋېتىدۇ.

كېچىچە شىددەتلىك جەڭ بولۇپ، پارتىزانلار ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەيدۇ. سەھەر ۋاقتىدا كۈلۈبقا ئوت قويۇۋېتىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئوسمان باتۇر ئۆز سەپداشلىرى بىلەن كۈلۈب ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ، كۈلۈبقا يىغىۋېلىنغان خەلقنى ساق چىقىرىۋالىدۇ. ساقچى تۈرمىلىرى پاچاقلاپ تاشلىنىپ، مەھبۇسلار بوشىتىلىپ ئازاد قىلىنىدۇ. ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ساقچى ئىدارىسى تولۇق ئىشغال قىلىنىپ بولىدۇ. بۇ جەڭدە كۈلۈبنىڭ يېنىدا خەمىتكە گىرانات تېگىپ سەپتىن چىقىدۇ. خەمىت مۇسلىموپ ئۈچ چوڭ توپنىڭ باشلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن پارتىزانلار بەك قايغۇرىدۇ. ئۇلار قايغۇنى كۈچكە، غەزەپكە ئايلاندۇرۇپ، جەڭ قىلىپ، شۇ كۈنى كۈندۈز سائەت 12 گىچە نىلقا بازىرىنى تولۇق ئازاد قىلىدۇ. گومىنداڭنىڭ سادىق غالچىلىرى قاناتبەك ئاقىلاقچى، ساقچىدىكى رىن دۇسا قاتارلىق خەلق دۈشمەنلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، شۇ مەيداندىلا ئىجرا قىلىنىدۇ.

گومىنداڭنىڭ نىلقىدىكى ئەمەلدارلىرى نىلقا ئېلىنماستىن ئىلگىرى نىلقا ئەتراپىدىكى يۇرت مۆتىبەرلىرىنى يىغىپ، ساقچى ۋە كۈلۈبلارغا سولاپ قويغان. كۈلۈبقا ئوت كەتكەندە بۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈيۈپ تۈگىشىپ كېتىشىدىن قورقۇپ ساقچى تەرەپتىكى تامنى ئۆرۈپ چىقىپ، ئاق بايراق چىقارغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوبۇلخەيرى تۆرە، باھاۋىدۇن خەلپەت، نۇسىپقان كۇنباي، ئوسمان چوبان، شاكىر ئەۋزى، ئوقاس قاتارلىق زاتلار بولۇپ، سالامەت چىقىپ، ئىنقىلابىي سەپكە قوشۇلغان.

نىلقا ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن بولغان بۇ قېتىمقى جەڭدە پارتىزانلاردىن ئانچە كۆپ چىقىم بولماستىن پەم بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن. بۇنداق بولۇشى پارتىزانلار روھىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، گومىنداڭ مۇنتىزىم ھەربىي كۈچى ئاز، روھىي جەھەتتىن چۈشكۈن بولغانلىقتىن بولغان. بۇ قېتىمقى جەڭدە غەنىمەت ئېلىنغان قورال-ياراغمۇ ئانچە كۆپ بولمىدى. پەقەت 100 گە يېقىن مىلتىق، بىرنەچچە پىلىموتلا بولدى.

نىلقا ئازاد قىلىنغانلىق خۇش خەۋىرى ئۇلاستاي پارتىزانلىق شتابىغا يەتكۈزۈلىدۇ. دەرھال ناھىيىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى تەشكىل قىلىنىدۇ. جۈملىدىن ئوسمان چوبان، ئورازقانلار نىلقا ناھىيە ھاكىملىقىغا، جاقاباي ساقچى ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. لېكىن پارتىزانلىق شتابى ئۇلاستايدىن يۆتكەلمەيدۇ.

ئىنقىلاب غەلبىسىنى كۆرگەن ھەر مىللەت ياشلىرى كەلكۈندەك كېلىپ، پىدائىي ۋە پارتىزان بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، كۆپلىگەن ياشلار پارتىزانلىققا قاتنىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ھەر بىر چوڭ ئەترەت (توپ) نىڭ جەڭچىلىرى مىڭغا يېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۈچ زورىيىدۇ. لېكىن يەنىلا قورال-ياراغ يېتىشمەيتتى.

پارتىزانلار سۇلتان ئۇۋەيس مازىرى بىلەن نىلقا بازىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دۈشمەن بازىلىرى، ساقچىلىرى قاتارلىق ئورۇنلارغا ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، پاچاقلاپ ئۆز قوراللىرىنى كۆپەيتىدۇ.

سۇلتان ئۇۋەيس مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن بولۇپ، ھەر تەرەپكە ماڭىدىغان چوڭ قاتناش تۈگۈنى، شۇڭا پارتىزانلار بۇ يەردىكى گومىنداڭچىلارنى پاراكەندە قىلىپ ۋە قالايمىقانلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ يۈرۈش قىلىش يۆنىلىشىنى بۇزۇپ، جايلارغا ۋە تاغلار ئېشىپ ئەسكەر يۆتكىشىگە مەجبۇر قىلىدۇ. غېنى ئەترىتى گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىن 12 ئاپتوموبىل بىلەن قوشۇن يۆتكەپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، تاغ يولى بىلەن قىزىلكۆتەن ئاغزى ئەتراپىنى توراپ، داۋانغا يامىشىپ چىقىۋاتقان ئاپتوموبىللارغا ئوت ئېچىپ، مازارغا كىرەلمەس قىلىپ قويىدۇ.

غېنى ئۆز سەپداشلىرى بىلەن كېچىسى سۇلتان ئۇۋەيس مازىرىغا كىرىپ، مازار ساقچىخانىسىنى پاچاقلاپ، جىڭ چىڭ، مەتكېرىم ئاقسلاقچى قاتارلىق 30 غا يېقىن كىشىنى قاماقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ساقچىخانىنىڭ قورال-ياراغلىرىنى غەنىمەت ئالىدۇ.

پارتىزانلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى ئۆزىنىڭ تەبىئىتى بويىچە ئۇلار سەپ (ئابارون) تۈزۈپ ئۇرۇش قىلماي، دائىم دۈشمەن كۈچىنى تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن چارلاپ، تەھدىتكە سېلىش، پاراكەندە قىلىش، بۆلۈۋېتىپ زەربە بېرىش، جانلىق، ھەرىكەتچان، چاقماق تېزلىكىدە ئۇرۇش قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى خوراتماي، ئورۇن يۆتكەپ قايمۇقتۇرۇۋېتىشتەك خىلمۇ-خىل تاكتىكىلارنى قوللاندى. بۇ، پارتىزانلارنىڭ ئاساسىي ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى ۋە سەنئىتى ئىدى.

«ئالتە ئوغرى» لارنىڭ ئىشى ئۇلغىيىپ، نىلقا ناھىيىسى بۇلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىمۇ ئالاقزادىلىككە چۈشۈرۈپ قويىدى. ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىنى ليۇ بىندېنى تولۇق ھوقۇقلۇق قوماندان قىلىپ، نۇرغۇن چېرىك بىلەن «ئالتە ئوغرىنى تولۇق يوقىتىش» ئۈچۈن ئىلىغا ئەۋەتتى. ليۇ بىندې، دۈشجاڭ (دىۋىزىيە كوماندارى) لار پايپېتەك بولۇشۇپ «ئوغرىلارنى باستۇرۇش پىلانى» نى تۈزۈپ، نىلقا ناھىيىسىنىڭ ھەر تەرىپىگە ئەسكىرى كۈچ يۆتكەپ، قورشاپ يوقاتماقچى بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن ھەر مىللەت مۆتىبەر

زاتلىرىدىن تەشۋىقات گۇرۇپپىلىرىنى ئۇيۇشتۇردى.

ئۇلاستاي قوماندانلىق شتابى گومىنداڭنىڭ يۇقىرىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن تولۇق دېگىدەك خەۋەردار بولۇپ تۇردى. شۇڭا بۇنىڭغا قارشى ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئېلىپ باردى. گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلىرى شەرق تەرەپتە داغىتى، توققۇزتارادىكى قىسىملىرىنى كۈنەس تۆتە داۋىنىدىن ئاشۇرۇش، جەنۇب تەرەپتە توققۇزتارا،قارىباغ ئارقىلىق باسىلگەن داۋىنىدىن ئاشۇرۇش،غەرب تەرەپتە سۇلتان ئۇۋەيس مازىرى، سۇپتايلارنى بېسىپ قارا سۇنى ئۆرلەش ئارقىلىق ئۈچ قوشۇن بىرلىشىپ نىلقىنى مۇھاسىرە قىلىپ، ئىنقىلابچىلارنى يوقاتماقچى بولدى. نىلقا پارتىزانلىرى بۇ ئۇرۇش پىلانىغا قارشى پىلان تۈزدى. ئەكبەر توپى باسىلگەندىن كەلگەن گومىنداڭ قىسمىنى، غېنى توپىغا تۆتە داۋىنىدىن كېلىۋاتقان قىسمىنى، ئىۋان توپىغا مازار، سۇپتاي تاشيولى بىلەن كېلىۋاتقان دۈشمەن قىسىملىرىنى توسۇپ يوقىتىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى.

گومىنداڭ قورچاق قوماندانى لىۋ بىنديې، دۇشىجاڭلار يولغا سالغان قىسىملار بىلەن يۇقىرىدىكى تەشۋىقات گۇرۇپپىلىرىنىمۇ تەڭلا يولغا سالدى.

ئۇلاستاي پارتىزان قوماندانلىق شتابى ئۈچ يولدىن كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنى بىر دىۋىزىيەدىن كۆپرەك دەپ مۆلچەرلىدى.

ئەكبەر، سېيىتنى ھەمراھ قىلىپ ئۆز توپىدىن 200 ئاتلىق جەڭگىۋار مىلتىق، ئىككى پىلىموت، ھەر بىر پارتىزان بىردىن ئىككىگىچە گىرانات بىلەن، غېنى، ئىۋانلارنىڭ توپىمۇ ئوخشاش قوراللىنىپ، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يۈرۈش قىلىپ، ھەرقايسىسى دۈشمەن قىسىملىرى بىلەن تەڭ يېتىپ باردى ۋە رازۋېد ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. رازۋېدچىكلار دۈشمەننىڭ زەمبىرەك قاتارلىق ئېغىر قوراللىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلدى. 1-بۆلۈم گومىنداڭ قىسىملىرى باسىلگەن تېغىنىڭ ئۈستىدىن نىلقا تەرەپتىكى ساي-سالالارغا تۆۋەنلەشكە باشلىدى. ئەكبەر كىچىك ئەترەت باشلىقلىرىغا دۈشمەن داۋاندىن تۆۋەنلەپ ساي-سالالارغا چۈشۈپ بولمىغىچە ئوق چىقارماسلىق، ئوق-دورىنى تېجەپ، تاش غۇلىتىش، گىرانات تاشلاپ دۈشمەن قىسىملىرىنى بۆلۈۋېتىش قاتارلىق جانلىق ھەرىكەتلىنىشكە ئورۇنلاشتۇردى. دۈشمەن داۋاندىن چۈشۈپ پەسلەش بىلەنلا يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ ئىلگىرلەپ كەلمەكتە ئىدى. تاغ ئۈستىدە كۆزىتىپ تۇرغان پارتىزانلار سايىنىڭ تۆۋەن ئېغىزىدىن بىر توپ ئېرى قارىنى(ئات-كالا) يۇقىرى ئۆرلىتىپ ھەيدەپ چارۋا مال تۇياق ئاۋازلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چىقىرىشتى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان گومىنداڭ قىسىملىرى پۈتۈن كۈچ بىلەن سايىنىڭ تاپىنىغا ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. تاغنىڭ ئىككى باغرىدىكى تاش كامارلىرىغا يوشۇرۇنغان پارتىزانلار ھۇجۇمغا ئۆتۈش سىگنالى بېرىلگەن ھامان تەرەپ-تەرەپتىن گىرانات، تاش تاشلاپ، تاغ ئىچىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىۋەتتى. پارتىزانلار بۇ جەڭدە ئاجايىپ قەھرىمانە جەڭ قىلىشتى. تۇتەك - چاڭلار ئاسماننى قاپلاپ ھېچنەرسە كۆرۈنمەي قالدى. ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى. بۇ جەڭدە جالباس دېگەن يىگىت يالغۇز ئۆزى تاش بىلەنلا بەش دۈشمەننى ئۆلتۈردى. ئەكبەر، سېيىت ۋە بىر قانچە مەرگەن پارتىزاننى باشلاپ دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتۈپ، دۈشمەن پىلىموتچىلىرىنى قورشىۋېلىپ، تۆت دانە پىلىموتنى تارتىۋالدى ۋە پىلىموتنى دۈشمەنگە بۇراپ، پىلىموتلاردىن شىددەتلىك ئوت ئاچتى. ھەممە تەرەپتىن قورشاۋدا قالغان دۈشمەن بىت-چىت قىلىنىپ يوقىتىلدى. دۈشمەننىڭ ناھايىتى ئاز قىسمى زەمبىرەكلىرىنى تاغ ئۈستىگە تاشلاپ، پاتپاراق بولۇپ قېچىپ كەتتى. بۇ جەڭدە پارتىزانلار 250 دانە مىلتىق ۋە ئوق - دورا غەنىمەت ئالدى.

ھاۋادىن ھۇجۇم قىلماق ئۈچۈن كەلگەن دۈشمەن ئايروپىلانلىرى ئۇرۇش مەيدانىنى تاپالماي، باشقىلا بىر ئورۇنلارنى بومباردىمان قىلىپ قايتىپ كېتىشتى.

ئۇلاستاي قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن سېيىتنىڭ رەھبەرلىكىدە 30-40 پارتىزاننى باسلىگەن داۋىنىنى توسۇپ، دۈشمەن كەلسە زەربە بېرىشكە قالدۇرۇپ، ئەكبەر ئۆز قىسمىنى ئۇلاستايغا ئېلىپ ياندى. ئەكبەرنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭدىكى باتۇرلۇقى ۋە ماھارىتىنى كۆرگەن پارتىزانلار ئەكبەرنى «سەن ھەقىقەتەن ئىسمىڭغا لايىق باتۇرنىڭ پەرزەنتى ئىكەنسەن» دەپ مەدھىيىلەشتى.

كۆنەس-تۆتە داۋىنىنى توسقان غېنى توپىنىڭ ئىشى بۇ قېتىم ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىدى. بۇ تەرەپتىن كېلىۋاتقان گومىنداڭ قىسمى ھىيلە ئىشلىتىپ، قىسمىنى كۆچۈپ كېتىۋاتقان چارۋىچىلار قىياپىتىگە كىرگۈزۈپ، قاش دەرياسىدىن ئۆتۈۋالدۇ-دە، ئەپلىك جايغا جايلىشىۋالدۇ. غېنى توپى ئۇلار بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلغان بولسىمۇ، دۈشمەن سان جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن بەرداشلىق بېرىش ئىمكانىيىتى بولماي ئاخىرى چېكىنىپ، ئۇلاستايغا قايتىپ كېلىدۇ.

سۇپتاي ھەم سۇلتان ئۇۋەيس مازار تاشيولى بويلاپ ئۇرۇشۇۋاتقان ئىۋان توپى جەڭ قىلىۋاتقاندا، ئەتراپقا قويۇلغان رازۋېدچىكلار ئاچال تەرەپتىن ناھايىتى جىق گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئىككى قانات بولۇپ پارتىزانلارنى ئوراپ كېلىۋاتقانلىقىنى

خەۋەر قىلىدۇ. بۇ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىدىن ياردەم ئۈچۈن ئەۋەتكەن قىسمى بولۇپ، جىڭدىن پىيادە تاغ ئېشىپ ئاچال ئېغىزى بىلەن چىققان قوشۇنى ئىدى. ئىۋان ئەترىتى قورشاۋدا قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزلىرى ئۇرۇش قىلىۋاتقان چوڭ تاشيول بويىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن ئېتىشقان ھالدا چېكىنىپ، سۇپتايدىكى شتابىنىمۇ كۆچۈرۈپ قاراسۇ ئارقىلىق ئۇلاستايغا چېكىنىپ كېلىۋالدى.

گومىنداڭ قىسىملىرى بوش قالغان سۇپتاينى ئىشغال قىلىپ، نىلقا بىلەن مازار ئارىلىقلىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. گومىنداڭ ئابرال تېغىنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىي ۋە ئۈرۈمچى تەرەپلىرىدىن ئارقىمۇ-ئارقا تېزلىكتە قوشۇن يۆتكەپ، سۇلتان ئۇۋەيس مازىرى، سۇپتاي، چوڭ قاراسۇ، تۆۋەنكى ئۇلاستاي ۋە ئەڭ ئاخىرىدا نىلقا ناھىيە بازىرىنىمۇ بېسىۋالدى ۋە يۇقىرى ئۆرلەپ جالىنقولنىڭ باش تەرىپىدىكى زەرەتگاھلىقىقا قەدەر يېتىپ باردى. گومىنداڭچىلار بۇ ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىگە ليەن، يىڭ، تۇەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، جىددىي ئىستىھكام قۇرۇپ، چوڭ قورشاپ يوقىتىش تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. سۇلتان ئۇۋەيسنى چوڭ قوماندانلىق شتاب، چوڭ قاراسۇنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ بېكىتىپ، بۇ يەردىكى چىمبۇنىڭ قورۇسىنى (يامۇلىنى) شتاب قىلدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى يۇقىرىدىكى ئورۇنلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل پارتىزانلار قولىدا تۇرغان بۇ يەرلەرنىڭ يەرلىك خەلقىنى تۇتقۇن قىلىپ، ئەڭ قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن جازالاپ، خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋەتمەكچى بولدى. جۈملىدىن سۇپتاي، مازاردىن پېشقەدەم مۇئەللىم ماخمۇت ئەپەندى باشلىق 30 دەك ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ، ماخمۇت ئەپەندىنى غولجىغا ئاپىرىپ، قالغان ئادەملەرنىڭ كۆپىنى مازاردا ئىنتايىن پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈردى.

ئۇلاستاي پارتىزانلىق شتابى بۇ ئەھۋالدىن ئانچە چۆچۈپ كەتمىدى. بەلكى «دۈشمەن قانچىلىك غالجىرلىشىپ قانچە كۆپ كەلسە، بىز شۇنچە جىق قورالغا ئىگە بولىمىز، بىز ئۇلارنىڭ يەنىمۇ كۆپ كېلىشى ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپتىن بۆسۈپ كىرىپ، پاراكەندە قىلىپ قايمۇقتۇرۇشىمىز كېرەك!» دېگەن ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرىدى. ئەكبەر باتۇر خەمىتنىڭ ئورنىغا ئۈچ چوڭ ئەترەتكە باشلىق بولدى ھەم ئۆز ئەترىتىگە مەسئۇل بولدى. ئەكبەر پارتىزانلىق شتابى ئالدىدا: «دۈشمەن بوسۇغىمىزغا كېلىپ قالدى، قېرىنداشلىرىمىزنى قۇتۇلدۇرۇشىمىز كېرەك، بىر مىنۇت كېچىكتۇرۇشكە بولمايدۇ!» دېدى ۋە يۇقىرىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن ھەر بىر ئەترەتكە گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ھەر يەردىكى ئىستىھكاملىرىغا بۆلۈنۈپ، قايتۇرما

ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى بېرىلدى.

دەل شۇ چاغدا غۇلجىدىكى گومىنداڭ قوماندانى لىيۇبىندې غېنى، ئەكبەرلەرگە نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىدىكى جامائەت ئىچىدە ئابرۇيلۇق دەپ قارىلغان چاڭ باقشى باشلىق يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر ھەيئەتنى يولغا سالدى. مەزكۇر ھەيئەتنىڭ بىر ئەزاسى ئەكرەمخان غوجا بولۇپ، ئۇ بۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «دادام (ھاكىمبەگ غوجا)، مەن قېرىپ قالدىم، سەن بار، دېگەندىن كېيىن، چاقىرتقان ئورۇن سىلىڭبۇغا باردىم. كىرسەم چاڭ باقشى، ھۇسەيىن تارانۇپ، ساۋۇت كۆكبېشى، مەنسۇر شاڭيۇ ۋە باشقا بىر قانچەيلەن بار ئىكەن. دۇشجاڭ دېگەن گومىنداڭنىڭ ھەربىي باشلىقى ۋە يەنە بىر باشلىقى بار ئىكەن. دۇشجاڭ ئىسمىلىرىمىز بىلەن تونۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىلىدىكى قوزغىلاڭنى تىنجىتىش، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا سۆزلىدى. بىزنى كۇندۇزى ئاپتوموبىل بىلەن يولغا سالدى. مازاردىن ئۆتتۇق، گومىنداڭنىڭ نۇرغۇن چېرىكلىرىنى كۆردۇق، شەرققە قاراپ مېڭىپ، چوڭ قاراسۇغا كېلىپ چۈشتۇق، ۋاڭ ... دېگەن گومىنداڭ ھەربىي باشلىقى بىزنى قارشى ئېلىپ، ئىدارىسىگە باشلاپ كىردى، تاماق يېدۇق، ئاندىن تاشقىرىغا چىقىپ قارىساق، بىز ياتقان چىمبو دېگەن شىبەنىڭ قورۇسى شتاب ئىكەن، قورۇنىڭ ئالدىدىكى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىكى ياغاچلارنى يېرىمىدىن كۆپرەك ھەرىدىگەن، ئۈچ قاتلىغان ئارغامچا بىلەن قاراياغاچلارغا تارتىپ باغلاپ قويۇپتۇ. ئەتراپىتىكى ئىستولبىلارغىمۇ ھەرە قويۇپتۇ. نېمە ئۈچۈن ئارغامچا تارتىپ، كۆۋرۈكنى توراپ قويدۇڭلار دېسەك، ۋاڭ... <غېنى كۆپىنچە كېچىسى ئاتلىق كېلىدۇ، كۆۋرۈكتىن ئۆتسە كۆۋرۈك ئۆرۈلۈپ، يارغا چۈشۈپ كەتسۇن دەپ مۇشۇنداق قىلدۇق> دېدى. بىز كۈلۈشتۇق. ئاندىن ۋاڭ لىيەنجاڭ ئەھۋال تونۇشتۇردى ۋە بىزگە قوزغىلاڭچىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلىشىمىزنى ئېيتتى. چاڭ باقشى بارالمايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. ۋاڭ خاتىرە دەپتىرىگە قاراپ <ئەكرەمخان دېگەن كىم؟> دەپ سورىدى. <مەن> دەپ جاۋاب بەردىم. <غېنىنى تونۇمسىز؟> دېدى، <كۆرگەن، تونۇيمەن> دېدىم. <سىزگە ئات تەييارلاپ قويدۇق، باشلاپ چىقىدىغان ئادەملەر بار، غېنىنىڭ يېنىغا بېرىپ كەلسىڭىز، نېمە تەلىپى بولسا ئورۇنلىساق، چوڭ مەنسەپ بەرسەك، پەيلىدىن قايتىپ، بىزگە قوشۇلسا> دېدى. مەن بارالمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. بۇ كېچە بىز شتابتا ياتتۇق. كەچ بولا ـ بولماستىنلا ئەنسىزلىك باشلاندى، تاڭ ئاتقىچە گومىنداڭ چېرىكلىرى مىلتىق ئېتىپ چىقتى.

سەھەرگە يېقىن <بوگو لىيەنجاڭ، سىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان پىلىموتنى ئوغرىلار بۇلاپ كەتتى!> دېدى. ۋاڭ: ئەھۋال مانا مۇشۇنداق، ئەسكەرلەرنى ئىلگىرىلەشكە بۇيرىساق <بىز جىياڭ جېيشى ئۈچۈن ئۆلۈشنى خالىمايمىز!> دەپ ماڭمايدۇ، دېدى، بىز <قايتايلى> دېدۇق. ۋاڭ ئالدىمىزدا xxx يىڭجاڭ بار، كۆرۈشۈپ قايتىڭلار، دەپ ئۈيغۇر ئۇلاستايغا ئېلىپ باردى. بىر يىڭدىن كۆپرەك گومىنداڭ ئەسكىرى بار ئىكەن. بۇ يىڭجاڭمۇ ۋاڭ لىيەنجاڭ نېمە دېگەن بولسا شۇنى دەپ بىزنى بېرىشقا دەۋەت قىلدى. بىز ئۇنىمىدۇق، ئۇ غۇلجا شەھىرىگە تېلېفون بېرىپ، بىزنىڭ قايتىش تەلىپىمىزنى يەتكۈزدى. دۈشجاڭ رازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، قايتماق بولغىنىمىزدا، ئوق تېگىپ ئۆلگەن بىر باشلىق بار ئىكەن، ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ قايتتۇق. دۆڭمازارغا كەلگەندە گومىنداڭنىڭ ئاتلىق مىللىي قىسىم ئەسكەرلىرى نىلقىغا كېتىپ بارغان ئىكەن، بىز سالامەت ئۆيلىرىمىزگە كېلىۋالدۇق...» دەيدۇ.

بۇ ھەيئەت ئەزالىرى دېگەندەك، گومىنداڭنىڭ ئىلىدىكى قوماندانلىقى پارتىزانلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن كۆپ قوشۇن، قورال‌لارنى توپلاپ ئورۇنلىشىۋالغان ۋە ئۈزلۈكسىز قوشۇمچە قوشۇن يۆتكەپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، روھىي ھالىتى تۆۋەن، مەجبۇرىيەت ئاستىدىلا قورال تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەر ئىدى. پارتىزان قوماندانلىق شتابى دۈشمەننىڭ بۇ روھىي ھالىتىنى كۆزىتىپ يەتكىنى ئۈچۈن ھۇجۇم قىلىپ تىنىم بەرمەيتتى.

گومىنداڭنىڭ قوماندانلىق شتابى مۇختەر ھاجى باشلىق يەنە بىر ئۆمەك تەشكىللەپ چوڭ قاراسۇدىكى گومىنداڭ شتابى چېمبۇنىڭ يامۇلىغا چىقاردى. بۇلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان غېنى ئەترىتى كېچىدە كېلىپ، يامۇلنى قورشىۋالدى. غېنى يامۇلغا ئوت قويۇۋەتتى. ئۇ ئۆگزىگە چىقىپ، «ھوي مۇختەر ھاجى دېگەن ئەبلەخ، بۇ ياققا چىق!» دەپ ۋارقىرىدى. مۇختەر ھاجى يالاڭ كىيىم، يالىڭاياق ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ قوي قوتىنىغا مۆكۈنۈۋالدى-دە، كېچىلەپ قېچىپ، سەھەردە سۈيتايغا كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنىۋالدى. پارتىزانلار قاراسۇنىڭ ئەتراپىدىن كەتمەي قورشاپ ياتتى. ئەتىسى كېچىدە گومىنداڭنىڭ بىر نەچچە ئاپتوموبىل ئەسكىرى قاراسۇدا قورشاۋدا قالغان قىسىملىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلدى. ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان پارتىزانلار كەلگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ئوت ئېچىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشتۇرۇپ قويدى. ئۆز ئارا تۇتۇشۇپ قالغان دۈشمەنلەر بىر-بىرىنى قىرىپ تۈگەتتى. غېنى ئۆز ئەترىتى بىلەن

نۇرغۇن قورال-ياراغ غەنىمەت ئېلىپ، جالىنقول مەكتەپ، زەرەتگاھلىق ۋە بەلدىكى جاڭزىلارغا مۇستەھكەم ئىستىھكام قۇرۇۋالغان گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇش تەييارلىقىدا تۇرغان ئەكبەر ئەترىتىگە كېلىپ قوشۇلدى ۋە ئۇلار پىلان بويىچە 10-ئاينىڭ 27-ۋە 28-كۈنلىرى شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى تار-مار قىلدى. شۇ جەڭدە جالىنقول زەرەتگاھلىقىغا ئورۇنلىشىۋېلىپ، كۈچلۈك ئوت ئاچقان دۈشمەننىڭ ئىككى پىلىموتچىسىنى ئارقىسىدىن كېلىپ شىللىسىدىن تۇتۇۋېلىپ، جەڭنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشىگە يول ئاچتى. ئىستىھكاملاردىن سۈرۈپ چىقىرىلغان دۈشمەننى تاقىر (ئاق چىغلىق) دا تار-مار قىلدى. بۇ قاتتىق جەڭدە ھۇجۇم قىلىپ كېتىپ بارغان ئەكبەر باتۇرغا چوڭ قاراسۇنىڭ قىرىدا ئوق تېگىپ، ئەكبەر ئېغىر يارىدارلىنىپ سەپتىن چىقتى. بۇ جەڭدە ئابدۇراخمان، مەدەلقان (ئەكبەرنىڭ دوستى)، ئەلارىسلار قۇربان بولدى. پۈتۈن پارتىزانلارمۇ بۇنىڭغا ئىنتايىن قايغۇردى ۋە بۇ جەڭدە قۇربان بولغان باتۇرلارغا بىرنەچچە مىنۇت سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرۈشتى.

ئەكبەر باتۇر ئېغىر ئەھۋالدا تۇرۇپ: «ماڭا قارىماي ئالغا ئىلگىرىلەڭلار!» دەپ جېكىلىدى. ئۇرۇش سېپىدىكى سېيىت كېلىپ، ئەكبەر باتۇردىن ئەھۋال ۋە ئەقىل سورىدى، ئەكبەر باتۇر سېيىتقا: «ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەڭلەر، سېنىڭدىن غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلدۇق، دېگەن خۇشخەۋەرنى كۈتىمەن!» دەپ سېيىتنى يولغا سالدى. بىر نەچچە پارتىزان ئەكبەرنى ئۆز ئۆيىگە يەتكۈزىدۇ. ئەپسۇسكى 15 كۈندىن كېيىن ئەكبەر باتۇر ۋاپات بولدى. پۈتۈن پارتىزان ئەترەتلىرى ئىنتايىن قاتتىق قايغۇردى ۋە ئەكبەرنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىرادە بىلدۈرۈشتى. سېيىت ئەكبەر باتۇرنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئەكبەر باتۇر ئەترىتىنى باشلاپ، جەڭگە كىرىشتى. بۇ ئارىلىقتا گومىنداڭنىڭ ئىككى ئايروپىلانى كېلىپ بومبا تاشلاپ بىر قانچە خامانغا ئوت كەتتى. پارتىزانلار ئايروپىلانغا زالىپ ئوق ئېتىپ، تۈتۈن چىقاردى. ئوق تەككەن ئايروپىلان غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرق چېتىدىكى قارادۆڭگە چۈشۈپ پاچاقلاندى.

يۇقىرىدىكى ھۇجۇمدىن ئامان قالغان گومىنداڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنىڭ بىر بۆلۈكى تۆۋەنلەپ ئۇلاستاي، قاراسۇلاردا قېلىپ بىر قىسمى سۇلتان ئۇۋەيسكە كېلىپ توختىدى.

گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى قوماندانلىق شتابى داۋاملىق نىلقا ناھىيە ئەتراپىغا

ئەسكەر توپلاشنى توختاتماي، سۇلتان ئۈۋەيس، قارىباغ، توققۇزتارا قاتارلىق جايلارغا تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئەسكەر يۆتكەپ تولدۇرۇۋەتتى. نىلقا ناھىيە بازىرىنى بېسىۋالغان گومىنداڭ قىسىملىرى شۇ پېتى بېكىنىپ ياتتى.

گومىنداڭنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۆزىتىپ، ئىگىلەپ تۇرغان پارتىزان قوماندانلىق شتابى غۇلجا شەھىرىدە گومىنداڭ قوراللىق كۈچىدىن ھېچقانچە قالماي، پارتىزانلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن يۆتكەپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن نىلقا پارتىزانلىق قوماندانلىق شتابى ئوتتۇرىسىدا ئالاقىچىلىق خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان ئابدۇللا (توكۇر-قازاق) ئارقىلىق پارتىزانلىق قوماندانلىق شتابى ئابباسوف بىلەن سۆزلىشىپ، 1944-يىلى 11-ئاينىڭ 6-كۈنى كېچىدە غۇلجا شەھىرىگە ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە كېلىشتى.

نىلقا تەۋەسىدىكى پارتىزانلىق قوماندانلىق شتابى ھەم پارتىزانلارنىڭ غۇلجا شەھىرىگە يۈرۈش قىلىشىدا ئاساسلىق يوللارنىڭ تۈگۈنى بولغان سۇلتان ئۈۋەيس مازىرىدىكى گومىنداڭ ئالدىنقى سەپ شتابى ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى چوڭ خەتەرلىك توسالغۇ ئىدى. پارتىزانلارنىڭ خاتىرجەم ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، سۇلتان ئۈۋەيستىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى پاراكەندە قىلىپ، ئۈۋىسىدىن چىقالمايدىغان قىلىش ۋەزىپىسىنى غېنى ئەترىتىگە تاپشۇردى.

غېنى ئۆز چوڭ ئەترىتى بىلەن كېچىدە گومىنداڭنىڭ چوڭ قىسمىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئالدىنقى قىسمىنى چېكىندۈردى. لېۋرىنىڭ دېگىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى سۈرۈپ چىقتى. دۈشمەننىڭ ھېچبىر كۈتۈلمىگەن تەرىپىدىن تاملارنى ئۆرۈپ-چېقىپ ئىلگىرىلەپ 100-150 مېتىر ئارىلىقتا تۇرۇپ ئىستولبىلارنى دالدا قىلىپ، ماۋزۇر بىلەن ئېتىشتى. ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قورقۇپ كەتكەن دۈشمەننىڭ قولىدىن مىلتىقلارنى بۇلاپ ئېلىپ كېتىشتى. غېنىنىڭ قاراسۇ ۋە بۇ قېتىمقى مازاردا قىلغان جەڭدىكى قەھرىمانلىقلىرىغا پۈتۈن پارتىزانلار ۋە خەلق ئاپىرىن ئوقۇشتى. ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا قايىل بولۇش بىلەن بىللە خەلق ئىچىدە غېنى ھەققىدە «غېنىغا ئوق تەگمەيدىكەن ھەم ئۆتمەيدىكەن» دېگەندەك ئاجايىپ ئەپسانىۋى رىۋايەتلەر تارقالدى.

غېنى ئەترىتى لېۋرىنىڭ دېگى ۋە باجخانىلاردىكى دۈشمەن قىسىملىرىنى غەربكە سۈرۈپ تاشلىغاندىن كېيىن سۇلتان ئۈۋەيس مازار سېيىنىڭ شەرقىدىكى بىر چوڭ قورۇنى بىر نەچچە كۈن شتاب قىلىپ، گومىنداڭنىڭ بۇ ئەتراپتىكى

www.uyghurkitap.com



ئاساسىي كۈچىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇردى. غېنى شتابى گومىنداڭ شتابىنىڭ يېنىدىلا دېگۈدەك ئىدى. غېنى ئەترىتى بۇ شتابتا تۇرۇپ مازارغولى ئوتتۇرا مەھەللىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، گومىنداڭ قىسىملىرىنى ئۈۋۈسىدىن چىقارماي قويدى. بۇ غول ئاغزى تەرەپ بىلەن پۈتۈن پارتىزان ئەترىتىنىڭ غۇلجا تەرەپكە بىمالال ئۆتۈپ كېتىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

پارتىزان قوماندانلىق شتابى ئەكبەر باتۇرنىڭ تۇغقىنى قەسەن باشلىق 30 ئاتلىق تولۇق قوراللانغان پارتىزانلارنى ئەكبەرنىڭ ئاۋۇلى ۋە شۇ تەرەپتىن دۈشمەن قىسىملىرىنى ھاماقەت قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇلاستايغا يولغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن پاتىخ باشچىلىقىدىكى قوماندانلىق شتابى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى غول ئاغزىدىكى تار مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ، غۇلجا شەھىرىگە مارشروت (ھەربىي يۈرۈش) قىلدى.

غېنى ۋە ئۇنىڭ ساپداشلىرى مۇشەققەتلىك بۇ ۋەزىپىنى ئۇتۇقلۇق بېجىرىپ، پۈتۈن قوشۇن ئۆتۈپ بولۇپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، غېنى ئۆزىنىڭ چوڭ ئەترىتىنى باشلاپ، 1944-يىلى 11-ئاينىڭ 6-كۈنى كېچىسى تارنىڭ ئوتتۇرا يولى بىلەن مازاردىن چىقىپ كەتتى. تۈن يېرىمىدا موللىتوختىيۈزى، خۇديار يۈزلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئەترەتنى شەھەرنىڭ شەرقىگە يولغا سېلىپ، ئۆزى 20 گە يېقىن پارتىزاننى ھەمراھ قىلىپ، تاڭ ئاتقىچە شەھەردىكى تۆپىدەك ساقچىسىغا يېتىپ كېلىپ، ساقچى ۋە تۈرمىلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، پاتىخنىڭ تۈرمىدىكى ئانىسى، ئايالى ۋە باللىرىنى سالامەت قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئاندىن ئۆز ئەترىتىگە بېرىپ قوشۇلدى ۋە پۈتۈن ئەترىتى بىلەن غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىن بۆسۈپ كىرىش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇندىدى. ئاڭغىچە تاڭ يورۇپ كۈن چىقتى، شەھەردە پارتىزانلار شتابىدىن تولۇق خەۋەر ئالالمىغاندىن كېيىن كېپەكيۈزى تەرەپكە ئۆرلەپ كەتتى. كۆزنى يىرتىپ ئاچقان گومىنداڭ ليۇتچىكلىرى ئايروپىلانلىرىنى ھەيدەپ غېنى ئەترىتىنى بومباردىمان قىلىش ئۈچۈن ئۇچۇپ كەلگەندە، غېنى ئەترىتى يېزا-مەھەللىلەرگە تاراپ، شىمالدىكى تاغ تەرەپكە ئۆرلەپ چىقىپ كەتتى. پاتىخ باشلىغان شتاب ۋە چوڭ ئەترەتنىڭ ۋەزىپىسى: شۇ كېچىسى غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىن بۆسۈپ كىرىپ ھەرەمباغ گازارمىسىدىكى گومىنداڭ قىسىمىنى يوقىتىش ئىدى. پاتىخ ھەم چوڭ ئەترەت ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىدى. تاڭ يورۇپ قالغانلىقتىن ئارقىسىغا قايتىپ بۇلارمۇ تاغقا ئۆرلەپ كەتتى. غەربتىن كىرىدىغان ئابدۇكېرىم

ئابباسوفلار بىلەنمۇ ئالاقىلىشالمىدى.

بۇ مېنىڭ ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدىكى ئەسلىمەمنىڭ بىرىنچى قىسمى، ئادەمنىڭ بىلىشى چەكلىك بولغىنىدەك مېنىڭ يۇقىرىدا يازغانلىرىم ئۆزۈمنىڭ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشىپ ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىم بويىچە يېزىلدى. يولداشلارنىڭ ئارتۇق-كەم ئورۇنلىرى بولسا تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىزاھات:

① كۆكقاشقا - كوللىكتىپ قەسەم ئۇچۇن سويۇلىدىغان مال.

②ئەۋەلقان گۈك - ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ گۈگۈلۈق مەنسىپى مانجۇ خاندانلىقى دەۋرىدە بېرىلگەن بولۇپ، ئەۋەلقان بىلەن سەككىز ئەۋلاد ئۆتۈپ، ئەۋەلقان بىلەن ئاخىرلاشتى.

www.uyghurkitap.com



# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا كۆرەڭنىڭ ئازاد قىلىنىشى

توختى ئىبراھىم

## 1

قورغاس ناھىيىسىگە قاراشلىق كونا ۋە يېڭى كۆرە مەنچىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە تاشقى جەھەتتە چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى، ئىچكى جەھەتتە مىللىي زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇش مەقسىتىدە قۇرۇلغان مەملىكىتىمىز بويىچە مەشھۇر ئالاھىدە ھەربىي گارنىزون بولۇپ، ئىلىدا 200 يىلغا يېقىن ھەر خىل ھەربىي كاتتىباشلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئوردىسى بولدى.

«ئاپرېل ئۆزگىرىشى»گىچە بۇ يەردە نۇرغۇن سانغۇن (جياڭجۇن) ئۆتتى.

بۇ يەردە ھەر خىل مىللەتلەردىن ئەمەلدارلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىپ، ھوقۇق تالىشىپ، قايسى كۈچلۈك كەلسە ئاجىزلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، مەنسەپكە چىقىش ئويۇنى ئۇزۇن يىللار داۋام قىلىپ كەلدى.

ئىلى رايونىنىڭ پايتەخت بىلەن بولغان ئارىلىقى ناھايىتى يىراق بولغاچقا، بۇ چېگرا رايونغا چىقىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەربىي ئەمەلدار ۋە جياڭجۇنلەرنىڭ ھوقۇقى پادىشاھنىڭكىدىن قېلىشمىدى. ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى، ھەرىكەت مىزانى، دەبدەبىسى ئەنە شۇنىڭدىن دېرەك بېرەتتى.

ئەپيۇن چېكىش، ئەيشى-ئىشرەت، كەيپى-ساپا بىلەن چىرىكلەشكەن مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى جاھانگىرلارغا پاسسىپ قارشى تۇرۇپ، ئىچكى جەھەتتە ھەر مىللەت خەلقىنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، پارە ئېلىش ئارقىلىق باي بولۇش بىلەن، زۇلۇمغا قارشى چىققان خەلق ئىسيانچىلىرىنى، قوزغىلاڭلارنى ۋە ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى قانلىق بېسىقتۇرۇش بىلەن شۇغۇللاندى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن قولۇلۇققا ئېلىنغان دېھقانلار بىلەن ئىنقىلابچىلارنى ھايۋان قاتارىدا ئىشلىتىپ، سېپىل سوقتۇرۇپ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ جەستى بىلەن كۆرە سېپىلىنى تىكلىگەن. كۆرە سېپىلىنىڭ ئۆزى ۋە ئەتراپى مىڭلىغان نوزۇگۇم، مايىمخانلارنىڭ

جەستى بىلەن تولغان. دېمەك، ھەيۋەتلىك سېپىل ۋە ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك سانغۇن (جياڭجۈن) ئوردىلىرى ئەجدادلارنىڭ قان-تەرى ۋە ئۇستىخانلىرى بىلەن قۇرۇلغان. ئۇ تارىخنىڭ ھەقداسى سۈپىتىدە ھازىرغىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

كۈرە سېپىلىنىڭ ئىچىدە ئۆز ۋاقتىدا ياڭ، جىنلارنىڭ (ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارنىڭ) ھەربىي ئەمەلدارلىرى، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، خەنزۇ، مانجۇ ھۈنەرۋەن، سودىگەرلەر ئورۇنلاشقان. سېپىلنىڭ سىرتىدا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلار، ھۈنەرۋەن-كاسىپلار، سودىگەر-ئوقەتچىلەر ئولتۇراقلاشقان. ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بىر قانچە ئون تىيەنجىنلىك سودىگەرلەرمۇ بولغان. ئۇلار يەرلىك پۇقرالار بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇشقان، ئۆز ئارا ئىشەنگەن. شۇڭا تىيەنجىنلىك سودىگەرلەر شەھەر ئىچىدە تۇرۇشنى ئانچە خالىمىغان. شەھەرنىڭ ئىچىدە يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغاچقا، كۇندۇزى دەرۋازا ئېچىلىپ، كەچتە تاقالغىچە سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولغان.

شەھەر مەركىزىدىكى چوڭ راۋاق (گولۇ) ئەتراپىدا قايناق بازار بولۇپ، بۇ يەردە بىر قانچە ئۇيغۇر ئاشپۇزۇللىرى بولغان. شەھەر سىرتىدىكى پۇقرالارنىڭ شەھەر ئىچىدىكى بۇتخانىلاردا ئوينىلىپ تۇرىدىغان «لوبەنزى»، «شو بەنزى» لەردىن ئىبارەت خەنزۇ تىياتىرلىرى ئويناليغاندا شەھەر ئىچىگە كىرىپ ئويۇن كۆرۈشىگە بولغان. بايرام، چاغانلاردا كوچا ئويۇنى، ياغاچ ئاياغ، ماكماك، گوتەي، ئەجدىرھا، ياڭگىر، شىر، جانبازلىق، جاڭ-دۇمباق، سۇنەي، سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرىنى كۆرگىلى كىرگەن پۇقرالار ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن «ئەدەب» بىلەن شەھەردىن چىقىدۇ.

كۈرە سېپىلىنىڭ سىرتىدا 2-3 كىلومېتىر يىراقلىقتا شىمال، جەنۇب، غەرب، شەرق گازارما (جوچاڭ) لىرى ياسالغان. بۇ ھەشەمەتلىك گازارمىلارنىڭمۇ ئەتراپى سېپىل بىلەن قورشالغان. بۇ گازارمىلاردا مىلىتارىست ئەمەلدارلارنىڭ ئەسكىرىي قىسىملىرى تۇرغان. دېمەك، شەھەر ئىچى-سىرتى بولۇپ ۋە گازارمىلاردا ئاز دېگەندە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر جايلاشقان. بۇنىڭدىن باشقا يەرلىك شۆتاڭ (ئوقۇل) ۋە ھەربىي مەكتەپلەر قۇرۇلغان. شۆتاڭلاردا خەنزۇ تىل - يېزىقى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەت باللىرى ئوقۇغان.

1933-يىلى «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» نىڭ بوران-چاپقۇنىنىڭ ھەيۋىسى ئاخىرى جياڭجۈن مىلىتارىست جاڭ پېييۈەن سىلىڭ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى تېرە-پېرەڭ

www.uyghurkitap.com

قىلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۈرەدىكى «دوتۇڭ يامۇلى» دەپ ئاتالغان جاللاتلىق ئوردىسى، بارلىق گازارما، ياڭفاڭ (بىلىنداز)لىرى بوش قالدى. شەھەر ئىچى قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەن تاشتەك جىم بولدى.

1936-يىلىدىن 1939-يىلىغىچە كۈرەدىكى «دوتۇڭ يامۇلى» بىلىم-مەرىپەت ئورنىغا ئايلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرىدىغان ئاۋات جايغا ئايلاندى. كېيىن بۇ جاي مىللەتارىست شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان «خائىن» لارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى نەزەربەنت قىلىدىغان لاگېرغا ئايلاندى.

1942-يىلىدىن باشلاپ شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست ئۆتۈش سىياسىتىدىن يۈز ئۆرۈپ، گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، كۈرەدە ھەربىي گارنىزوننى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەسكىرىي كۈچىنى كۈچەيتتى. ھەدەپ گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرىنى ئىچكىرىدىن ۋە باشقا جايلاردىن يۆتكەپ كېلىپ بۇرۇنقى ھالەتنى يەنە شەكىللەندۈردى. بۇرۇنقىدىن پەرقى شۇكى، كۈرەدىكى ھەربىي گوبېرناتورنى غۇلجا شەھىرىگە يۆتكىدى، ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇنىڭ مەقسىتى، جياڭ جېيشىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن بىرلىشىپ، كۈرەنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەربىي ئىستىھكامغا ئايلاندۇرۇش ئىدى. ساياھەتچى، مۇخبىر دېگەن نام بىلەن ھەربىي ئىشپىيونلار كۈرەگە كېلىشكە باشلىدى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، ئامېرىكىنىڭ ھەربىي جاسۇسلۇق ئورگانلىرى تەربىيىلىگەن جاڭ، ياڭ كەبى گېنېراللىرىنى مەخپىي ئەۋەتىپ دوتۇڭ يامۇلىغا يوشۇرۇپ، ھەربىي پىلانلاش ئېلىپ بارغان. دەل شۇ پەيتلەردە چىڭ سىلىڭ دېگەن پاكىنەك گېنېرال كېلىپ، ھەربىي قوماندانلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى ۋە تولۇق قوراللانغان بىر دىۋىزىيە، بىر قانچە مۇستەقىل باتالىيون، روتىلارنى تۇرغۇزدى. مۇنتىزىم قىسىملار قاتارىدا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە باشقا جايلاردىن تۇتۇپ كەلتۈرگەن 5-6 يۈزدەك ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتلىق ئىسكادىرون، روتىلارمۇ بار ئىدى. شۇنىڭدەك موڭغۇل، تۇڭگان، شىبە ئەسكەرلەردىن تەشكىل قىلىنغان ئىززۋوت-روتىلارمۇ بار ئىدى. ياڭ تۈەنجاڭ باشقۇرىدىغان مەجرۇھلار پولكى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىچكىرىدىكى ئۇرۇشلاردا يارىدار بولغانلارمۇ بار ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كۈرە ساقچى ئىدارىسى ئالاھىدە كۈچەيتىلىپ، ئۇنىڭدا كۈچلۈك ئىشپىيونلۇق تورى ھەرىكەت قىلاتتى.

سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىدا ياڭ (ياڭ زەنشۈي - مۇھەررىردىن ئىزاھ) قوماندانلىقىدىكى 1000 كىشىلىك كۆچەيتىلگەن بىر ئاتلىق دادۈي بار ئىدى.

بۇ يەردە كىشىنى تولىمۇ ئېچىندۇرىدىغان ۋە غەزەپلەندۈرىدىغان بىر ئەھۋال شۇكى، جەنۇبىي شىنجاڭدىن يۆتكەپ كۇرەگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان گومىنداڭ قىسىملىرىدىكى كۆپ ساندىكى ئوفىتسېر - ئەمەلدارلارنىڭ ئاياللىرى ئۇيغۇر قىزلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ چوڭى 25 ياش، كىچىكلىرى 14 - 15 ياشلاردا ئىدى. ئۇلارنى گازارما ئىچىدە نەزەربەنت ھېسابىدا تۇتاتتى. ئۇلارنىڭ چىرايى سېرىق، ئۆزى ئورۇق، كەم ماغدۇر ئىدى. بۇلارنى پەقەت كۇرەدىكى سوت - قايماق، مېۋە ساتقىلى كىرگەن بالىلاردىن باشقا ھېچكىم كۆرەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمىنى ئەرلىرى ئەپيۇن، تاماكا چېكىشكە، ئەيشى - ئىشرەتكە ئۆگىتىۋالغان. ئۇلار ئەرلىرىنىڭ ئالدىدا گويا قول ھېسابىدا بولۇپ، خالىسا خوتۇن قىلاتتى، خالىمىسا ئۇرۇپ - دۇمبالايتتى ۋە سوئال - سوراقسىز ئۆلتۈرۈلۈشتىن خالىي ئەمەس ئىدى. مانا بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش، يۇتۇۋېلىش سىياستىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەردىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلارنىڭ ھالىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدا تۈزۈككرەك پاكىز كىيىمنى كۆرگىلى بولمايتتى. قورسىقى يېرىم ئاچ، يېرىم توق ئۆتەتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئېتىبار بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن 1944 - يىلىغىچە قارا كېزىك، بەزگەك قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بىلەن كۆپ قىسمى ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلۈكلىرى شەھەر ئىچىدىكى ھەربىي مەكتەپ مەيدانىدىكى چوڭقۇر زىندانلارغا تاشلاندى.

## 2

1994 - يىلى سېنتەبىر. كۇرە ئەمەلدارلىرى «ئىلىقىدا ئاق چاپانلىق ئالتە ئوغرى پەيدا بولدى» دېگەن سۇرلۇك تەشۋىقاتىنىڭ تۇتەك پەردىسى ئاستىدا، «يۇقىرىلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى قوغدايمىز» دېگەن باھانە بىلەن چارۋىچىلارنىڭ قوي، كالا، يىلقىلىرىنى پادا ۋە قورۇسى بىلەن ھەيدەپ، دېھقانلارنىڭ خامانىدىكى چەشلەپ قويغان ئاشلىقلىرىنى توشۇپ شەھەر ئىچىگە ئەكىرىشكە باشلىدى.

ۋەزىيەت جىددىي قالايمىقانچىلىق ھالىتىگە كۆچتى. كۇرە ساقچى ئىدارىسى «باۋجىيا» تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، «مىڭبەن»لەرنى تەشكىل قىلىپ، چارلاش ئىشلى-

رىنى يولغا قويدى. ئىشپىيونلارنى ئىشقا سېلىپ، مەھەللىلەر ۋە مەسچىتلەردە يوشۇرۇن تىڭ-تىڭلاش ھەركىتىنى كېچە-كۈندۈز ئېلىپ باردى. دەل شۇ مەزگىلدە، كۇرە، سۈيدۈڭ ئەتراپىدىكى چوڭ ئۆستەڭ بويلىرىدا تۈگمەنچى رۇس ئائىلىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئەرلىرىنى يوشۇرۇن تۇتۇپ قامىدى (كۇرە ئازاد بولغاندا ئۇلارنىڭ سوراقسىز ئۆلتۈرۈلۈپ، قۇدۇققا تاشلانغانلىقى ئېنىقلاندى.) بۇ مەزگىلدە يەنە غۇلجا، سۈيدۈڭ، چاپچال، قاتارلىق جايلارغا بېرىش-كېلىش قەتئىي مەنئىي قىلىنىپ، كۇرە قامال ھالەتكە كۆچتى.

گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى كۈندۈزى ھەيۋە بىلەن شەھەر ئىچىدىن ئاتلىق چېپىپ چىقىپ، ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ بازار ۋە مەھەللىلەرنى توپا-چاڭلارغا كۆمۈۋېتىپ، شەھەرگە كىرىپ كېتىپ تۇردى. ئاخشىمى گۇگۇم چۈشكەندە شەھەر دەرۋازىسىنى چىڭ ئېتىپ، ئىنسى-جىن كىرەلمەيدىغان قىلىپ، كېچىسى سېپىل ئۈستىدە ھەيۋە بىلەن تاڭ ئاتقىچە كۆزىتىپ قاتراپ، ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىرىشىدىغان بولدى.

بازار ۋە مەھەللىلەردىكى «تەشۋىقاتچىلار» : «ئالتە ئوغرىدىن ھوشيار بولايلى» دېگەن تېمىدا ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي: «ئالتە ئوغرىنىڭ ئۆتۈكىدىن تارتىپ، باش كىيىمىگىچە ئاپئاق ئىكەن»، «ئۇزۇن جۇۋىلارنى تەتۈر كىيىۋالىدىكەن»، «ئۇلار پۇقرالارغا نەيزە سانجىغاندا، ئاتلىرى ئادەملەرنى چىشلەپ، چەيلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئۆگىتىلگەن ئىكەن»، «قەيەرگە ئوغرىلىققا كىرسە بار نەرسىنى بۇلاپ، پۇقرالارنى ئۆيگە سولاپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىپ كېتىدىكەن»، «ئادەمگە پەقەت گەپ قىلمايدىكەن»، «بىرى ئون كىشىلىك خەنجەر، قىلىچ، مىلتىق، تاپانچا، بومبىلارنى ئېسىۋېلىپ يۈرىدىكەن»، «نىلقىدىكى پۇقرالارنى شۇنداق قىرىپ تۈگىتىپ، شەھەرنى توپ-توز قىلىۋېتىپ، غايىب بولۇپ كېتىپتۇ»، «كۈندۈزى كۆرۈنمەي، كېچىسى پەيدا بولىدىكەن»، «قاچان، قەيەردىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن» دېگەنگە ئوخشاش ئۆزىنى-ئۆزى قورقىتىدىغان بىمەنە، ئەپسانىۋىي، لاۋزا تەشۋىقاتلارنى ۋارقىرىشاتتى.

* * *

1944-يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى، ئەكبەر، پاتىخ، غېنى، بايچۇرىن، نۇرۇم، مۇساقان، خەمىت باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار قوزغىغان ئىنقىلاب كېڭىيىپ، نىلقا ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئىنقىلاب بايرىقىنى تۇنجى قېتىم نىلقا

ئاسمىنىدا لەپىلدەتتى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، پارتىزان قوشۇنلىرى غۇلجىنى ئازاد قىلىش يۈرۈشىنى باشلىۋەتتى. شۇ چاغدا ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك مەركىزى غۇلجىدا ئىدى. بۇ رەھبەرلىك مەركىزى دەسلەپتە «مىللىي ئازادلىق گۇرۇھ» دەپ ئاتىلىپ، كېيىن «مەركىزىي ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى: ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ھەبىب يۇنۇچى، زۇنۇن تېيىپوپ، سالىجانباي، ئېلىخان تۆرە، رەخىمجان سابىر ھاجىيوۋ قاتارلىق كىشىلەر ئىدى.

ئىنقىلابىي كومىتېت شاپىگرافتا بېسىپ تارقاتقان سىياسىي پروگراممىا ۋە تەشۋىق تېزىسلىرى يوشۇرۇن ۋاسىتىلەر بىلەن كۆرەڭگە يەتكۈزۈلدى. بۇ ھۆججەتلەرنى ئىنقىلابچىلار قولدىن-قولغا يەتكۈزۈپ ئوقۇدى. بۇ، كۆرەدە گومىنداڭغا قارشى تۇرۇش، ئىلقىدىكى ئىنقىلابچىلارغا ماسلىشىش لازىملىقىغا زور تۈرتكە بولدى. نەتىجىدە «نۇرىيە» مەكتىپىنىڭ بىناسىغا 20 دىن ئوشۇق ياش مەخپىي توپلىنىپ، ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ كۆرە شۆبە كومىتېتى قۇرۇلدى. شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە كومىتېتنىڭ باشلىقلىقىغا بەكرى غازى سايلاندى. ئۇ كۆرەنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇۋالغان چوڭ پومىشچىك ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش نەزەردە تۇتۇلدى. كۆرە شۆبە ئىنقىلابىي كومىتېتى بەكرى غازى، يۇسۇپ ئەپەندى، ئابدۇرېھىم ئەپەندى، ئابدۇللاسۇلتان، ھاجى مەھەممەت، توختى ئىبراھىم، مۇسا، ئەخمەتجان، غوپۇر ئەپەندى، رەئىس سىدىق ئاخۇن، مەھەممەت ئەخمىدى قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپتى. كومىتېتنىڭ باش كاتىپلىقى، قوشۇمچە تەشكىل قىلىنغۇسى قوراللىق ئەترەتنىڭ سىياسىي رەھبەرلىكىنى مەن ئۈستۈمگە ئالدىم. رەئىس سىدىق ئاخۇن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. ئابدۇللا سۇلتان قورالىق ئەترەتنىڭ كوماندىرى ۋە تاشقى ئالاقە ئىشلىرىنىڭ مەسئۇلى بولدى. ھاجى مۇھەممەت بىلەن يۇسۇپ ئەپەندىلەر مالىيە-خوجۇلۇق (ئارقا سەپ تەمىنات) ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي كومىتېت ئۆزىنىڭ ئىش-پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى.

دۈشمەن ئاساسىي جەھەتتىن سېپىل ئىچىدىن چىقالمايدىغان ئەھۋالغا كەلگەندىن كېيىن، كومىتېت ئاشكارە دېگۈدەك پائالىيەتكە كۆچۈپ، كۆرەنىڭ شەرقىدىكى چاقچى مەھەللىسىدە بىر دۇكاننى ئىشخانا قىلىپ، پائالىيەت ئېلىپ باردى.

نىلقا پارتىزانلىرى چاقماق تېزلىكىدە غۇلجا شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ، قارا دۆڭ، باش ساقچى، ۋالى مەھكىمىلىرىنى ئىشغال قىلىش جېڭى راسا قىزىۋاتقان پەيتلەردە ئىسھاقبېك مونونوف، مەنسۇر لومىيوپ قىسىملىرى سۈيدۈك سېپىلى ئەتراپىنى ئازاد قىلىش جېڭىنى باشلىۋەتتى.

دەل مۇشۇ مەزگىلدە كۆرەنى «يىمىرىلمەس قورغان» دەپ بىلگەن غۇلجا شەھىرىدىكى گاۋ سىلىڭ باشلىق سىلىڭبۇ، ۋالى مەھكىمە، ھەربىي ئىدارە، ساقچى، گومىنداڭ پىرقىلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى بالا-چاقىلىرىنى كېچىلەپ دەريادىن چاپچال تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ، كۆرەنىڭ ئۆدۈلىدىن كۆرەگە توشۇشقا باشلىدى.

كۆرەدە بىر تەرەپتىن ئابدۇللا سۇلتان، ھاجى مۇھەممەت، يۈسۈپجانلار ئەپچىللىق بىلەن سۈيدۈك ۋە غۇلجىدىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، بىر قىسىم مىلتىق، قىلىچ، گىرانات قاتارلىق قوراللارغا ئىگە بولۇپ، قالغىنىغا پالتا، نەيزە، تۆمۈر ئارا، ئورغاق، قىڭغىراق-چەيدۈلار بىلەن قوراللانغان 300 كىشىلىك ئەترەت تەشكىللەندى. بىز پولكوۋنىك موگوتنوپ، مەنسۇر لومىيوپلارنىڭ يەردەمگە ئەۋەتكەن ئەترىتى بىلەن ماسلىشىپ بىر كېچە كۆرە سېپىلى ئىچىگە ئوق چىقىرىپ، ھەيۋە قىلدۇق. بۇنىڭ بىلەن دۈشمەن سېپىل سىرتىغا چىقالمايدىغان، دەرۋازىنى ئاچالمايدىغان ھالەتكە كەلدى. بىز سېپىلنىڭ تۆت دەرۋازىسىنىڭ ئۆدۈلىغا مۇستەھكەم بىلىندازلارنى قۇرۇپ بېكىنىۋالدۇق. كېيىن ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى بويىچە سۈيدۈكتىن كەلگەن ئەترەت ئۆز جايىغا قايتىپ كەتتى.

شۇ پەيىتلەردە سېپىل ئۈستىنى ۋە تۆت چوڭ دەرۋازىنى كۈندۈزى خەنزۇ چېرىكلىرى، كېچىسى ئۇيغۇر چېرىكلىرى قوغدايتتى. مەسلىھەت بويىچە پەيتنى چىڭ ئىگىلەپ، جانلىق تەشۋىق ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت چېرىكلىرىنى ھەقىقەتكە قايتۇرۇش ئارقىلىق قورالغا ئىگە بولۇشقا كېلىشتۇق: بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قانچە ئائىلىدىن گىرامافون (كارنايلىق فاتىفون) كارنايلىرىنى ئېلىپ، كارناي ئارقىلىق تەشۋىقات ئېلىپ باردۇق.

سېپىلنىڭ شەرق تەرىپى ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا خەندەك بولۇپ، خەندەك ياقىلاپ مەھەللە ئىدى. مەھەللە بىلەن سېپىل ئارىلىقى 50 مېتىرغىچە كېلەتتى. كارناي بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋازنى سېپىل تۆپىسىدىكى چېرىكلەر ئېنىق ئاڭلىيالايتتى. بىز تەشۋىق تېزىسى بويىچە كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك تەشۋىق ئېلىپ

باردۇق. بىزنىڭ تەشۋىقىمىزنىڭ تەسىرىدە ئىككى كۈن ئۆتكەندە كېچىسى ئۈچ ئۇيغۇر چېرىك، كېيىن ئالتە چېرىك، ئاندىن كەينى-كەينىدىن تۈركۈملەپ چېرىكلەر قوراللىرى بىلەن سېپىلدىن سېيرىلىپ چۈشۈپ سېپىمىزگە قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ ئېگىزلىكى 10 نەچچە مېتىر كېلىدىغان سېپىلدىن سېرىلىپ ياكى ئۆزىنى تاشلاپ كەلگەنلەر 40 نەپەردىن ئاشتى. ئۇلارنى دەرھال يۇيۇندۇرۇپ، يېڭى كىيىم بېرىپ، سېپىمىزگە قوشۇۋالدۇق.

تەشۋىق كارنىيىمىز دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئەخمەتجان، تۇراخۇن قاتارلىق تەشۋىقاتچىلىرىمىز تەشۋىق كارنىيىدىن كىرگەن ئوقلار تېگىپ قۇربان بولدى.

دۈشمەن بىر مەھەل ئىنتايىن غالجىرلاشتى. بۇنداق بولۇشى ئارىمىزدىكى ئىشپىيونلار دۈشمەنگە بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى يەتكۈزۈپ تۇرۇپتىكەن.

بىزدە قورال-ياراغ ئاز ۋە ناچار قوراللانغاچقا، سۈيدۈڭ تولۇق ئازاد قىلىنغانغا قەدەر كۈرەڭگە ھۇجۇم قىلماستىن مۇھاسىرە قىلىپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. دۈشمەن بىزنىڭ بۇ ئاجىزلىقىمىزنى بىلىپ قېلىپ، كۈندۈزدىلا ئەيمەنمەستىن سېپىلدىن سېيرىلىپ چۈشۈپ سېپىل ئەتراپىدىكى ئۆيلەرگە ئوت قويۇۋەتتى، ئوت ئۆلغىيىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. بىز چەت مەھەللىلەرگە چېكىنىپ، ئۆي-ئۆيلەرگە، ئەسكى سامانلىقلاردا، خىلۋەت جايلاردا جىم يېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئەگەر گومىنداڭ قىسىملىرى جۈرئەت قىلىپ بىزگە ھۇجۇم قىلىدىغان بولسا ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقاتتى. لېكىن ئۇلار بىر قېتىم ئوت قويۇپلا شۈك بولۇشتى. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، چىڭ سىلىڭ قاتارلىقلار ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، تەۋەككۇلچىلىك قىلىنسا ئىشنىڭ ئاقىۋىتى پاجىئەلىك ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنلىكتىن بولغان ئىكەن.

شۇنداق شارائىتتا بەكرى غازى: «مەن ئەل نامىدىن شەھەر ئىچىگە كىرىپ، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا قايىل قىلىمەن» دەپ ئۆزى يالغۇز كىچىك ئاق بايراقنى كۆتۈرۈپ سېپىل تۈۋىگە باردى. ئۇ تەرەپتىن بىر قانچە ئەمەلدار سېپىل كاتەكچىلىرىدىن بېشىنى چىقىرىشىپ، دەرھال ئارغامچە تاشلاپ، قولتۇقىدىن باغلىتىپ، تارتىپ ئېلىپ ئەكىرىپ كەتتى. ئۇ تۆت سائەتتىن كېيىن سېپىلدىن سېيرىلىپ چۈشۈرۈلدى. بىز ھۇشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتۇق. سېپىلدىن ئۆزىنى قويۇۋەتكەن ئەمەلدارلار ئۇنىڭ بىلەن قول ئىشارىتى قىلىپ خوشلاشتى. ئۇ شتابقا كېلىپ مەغرۇرلانغان ھالدا: «مەن ئۇلارنى قايىل كەلتۈردۈم، بىزگە ئۇلار ھەرگىز زىيان-

www.uyghurkitap.com



زەخمەت كەلتۈرمەيدىغان بولدى. چوڭ باشلىقلىرىڭلار كەلسە، تەنپەن ئۆتكۈزەيلى، دېدى»دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. بىز بۇ گەپكە ئانچە ئىشەنمىدۇق، چۈنكى ئۇنىڭ بىزگە خائىنلىق قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتۇق. دەل شۇ مەزگىلدە ئىلى ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈن جياڭ جيېشى ئۆزى بىۋاسىتە ئەۋەتكەن گومىنداڭنىڭ 20 نەچچە مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇنى ئاچال داۋىنى، سايرام، كۆلدىبىلەڭ سۇ ئارقىلىق يامراپ بېسىپ كېلىۋاتقان پەيتلەر ئىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان گومىنداڭنىڭ غۇلجا ئايرودرومىدىكى ئاۋئاتسىيە قىسمىنىڭ بىر قىرغۇچى ئايروپىلانى ئىككى قېتىم كۈرەگە كېلىپ، سېپىل ئەتراپىنى ئايلىنىپ، پاراشوت ئارقىلىق خالتىلارنى تاشلاپ كەتتى.

* * *

1944-يىلى 20-دېكابىر كۈنى سۈيدۈڭ شەھەر ئىچىگە شىددەتلىك ھۇجۇم باشلاندى. گومىنداڭچىلار تامامەن مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. شەھەر ئىچىدىكى پولكوۋنىك ياڭ قوماندانلىق قىلىۋاتقان مۇنتىزىم بىر ئاتلىق داۋي، بىر قانچە پىيادە لىيەنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوق-دورا زاپىسى مول ئىدى. ھۇجۇم باشلاشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى تىنچ يول بىلەن قورال تاپشۇرۇشقا بىر قانچە قېتىم ئۈندەلگەن بولسىمۇ رەت قىلىنغان. شەھەر ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن ئىككى نەپەر ۋەكىلىمىزنى پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئاخىرى ئامالسىز قىسىملىرىمىز مىناميوت ۋە بومبىلارنىڭ شىددەتلىك ئوت كۈچىنىڭ يول ئېچىشى ۋە جەنۇبىي دەرۋازا يېنىنى پارتلىتىش ئارقىلىق سۈيدۈڭ شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم بىلەن كىرىپ، كەسكىن جەڭ ئارقىلىق 26-دېكابىر كۈنى سۈيدۈڭ شەھىرى پۈتۈنلەي ئازاد قىلىندى. قىسىملىرىمىز بېسىپ كىرگەن كېچىسى ياڭ پولكوۋنىك چەكمەن چاپان كىيىپ، پۇقراچە ياسىنىپ، ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى، سۈيدۈڭ ساقچى باشلىقى ۋە بىر قىسىم ئەمەلدارلارنى ئېلىپ، بوش قالغان شەرقىي لەڭگەر دەرۋازىسىنى بۆسۈپ چىقىپ، قۇنتاجى ئارقىلىق دەريا بويىنى ئەگىپ، كۈرەنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى ئارقىلىق كۈرە سېپىلى ئىچىگە كىرىۋالغان.

سۈيدۈڭ تولۇق ئازاد قىلىنىپ، تىنچلاندۇرۇلغاندىن كېيىن گېنېرال ئىسھاقبېك، پالىنوپ قىسىملىرى ئىككىگە بۆلۈندى. بىر قىسمى تەلكە تەرەپكە، نوغايباييوپ، بالتىيوپ، ئىسمايىل قاتارلىق كوماندىرلارنىڭ قىسىملىرى كۈرەگە يۈرۈش قىلدى. 29-دېكابىر كۈنى كۈرە مۇھاسىرە قىلىنىپ، شەھەر ئىچى شىددەتلىك توپقا تۇتۇلدى، شەھەر ئىچى تىمتاس بولدى، بۇنىڭ بىلەن تەڭ قىسىملىرىمىزمۇ ئوق چىقارمىدى.

دەل شۇ چاغدا بىز غۇلجا شەھىرىدىكى ھەرەمباغ، ئايرودروم ۋە بايانداىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى يوقىتىلىپ، غۇلجا شەھىرى تولۇق ئازاد قىلىنغانلىقىنى، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشكەنلىكىنى، مىللىي ئازادلىق ئارمىيە باش شتابى تەسىس قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ تەنتەنە قىلىشتۇق. بۇ چاغدا يەنە بىر تەرەپتىن ئاچال داۋىنى ئارقىلىق يامراپ كېلىۋاتقان گومىنداڭ قىسىملىرىنى توراپ يوقىتىش جېڭى بولىۋاتاتتى.

30-دېكابىر كۈنى نوغايباىوپ، بالتىيوپ قاتارلىق كوماندىرلار بىز بىلەن بىللە ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشخانىسىغا يىغىلىپ، دۈشمەننى قانداق قىلىپ يوقىتىپ، كۈرە شەھەر ئىچىنى ئىشغال قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. مۇزاكىرىدە مۇمكىن بولسا تەنپەن(كېڭەشىش) ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش، مۇمكىن بولمىغاندا ئۇرۇش ئارقىلىق كۈرەنى ئىشغال قىلىش قارار قىلىندى. بۇنىڭ ئۈچۈن1 :-پىكىر ئىختىلابى بىلەن ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق قىلماسلىق؛ 2-بارلىق ئۇرۇش قوراللىرىنى يوشۇرماي، بۇزماي، كۆيدۈرمەي بىر جايغا يىغىپ، ئىنقىلابىي قوشۇنغا تاپشۇرۇش؛ 3-ئۆز ئارا ئىشىنىپ، ھەر ئىككى تەرەپ پۇقرالارنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ 4-چىڭ زىلياڭ سىلىڭ باشچىلىقىدىكى بارلىق ئەمەلدارنى قوغداش، ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىش، قولغا ئالماسلىق، سوراق قىلماسلىق؛ 5- گومىنداڭ قىسىملىرىدىكى ئەسكەر، ئوفىتسېرلارنىڭ خالىشى ۋە تەلىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش؛ 6-بۇ شەرتلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىپ، جاھىللىق قىلغانلارنى قەتئىي جازالاشتىن ئىبارەت ئالتە ماددىلىق شەرت تۈزۈلدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋال شەھەر ئىچىگە كىرىپ تەنپەن ئۆتكۈزۈشكە ماقۇل ياكى ماقۇل ئەمەسلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئارىمىزدىكى ئۇيغۇرچىنى ئوبدان بىلىدىغان چوڭ سودىگەر جاڭ شەنسىڭ، ۋاڭ شەنسىڭلارنى ئەلچىلىككە تاللىدۇق. ئۇلارمۇ قىزغىن قوشۇلدى. بىز بۇ ئىشىمىزنى سۈيدۈڭدىكى قوماندانلىق شتابىغا مەلۇم قىلدۇق. ۋىلادىمىر ستېپانوۋىچ، پالىنوۋ، موگوتنوپ قاتارلىق كىشىلەر دەرھال كۈرەگە يېتىپ كەلدى. غۇلجىدىن مۇھەممەتتىن قاتارلىق مەمۇرىي ئەمەلدارلارمۇ كەلدى.

بىز تاللىغان ئىككى ۋەكىلىمىزگە تەنپەن شەرتلىرىنى تۇتقۇزۇپ، كۈرەنىڭ ئىچىگە كىرگۈزدۇق. بۇلارنىمۇ سېپىل تۆپىسىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلار ئارغامچا چۈشۈرۈپ تارتىۋالدى.

شۇ مەزگىلدە بىزنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنىمىز، ياردەمچى قىسىملار، خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قوراللىق ئەترەتلىرى بولۇپ مىڭدىن ئوشۇق جەڭچى سەپ تارتىپ ئاباررون تۈتۈپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلىقتا تۇردى.

بىرەر سائەتتىن كېيىن بىزنىڭ ئەڭ چىمىز سېپىلدىن سىرىلىپ چۈشۈپ، كولومىسىرنىگەن ھالدا قايتىپ كەلدى. ئارقىدىنلا سېپىل ئۈستىدە ئاق بايراق كۆتىرىلدى. بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز چىڭ سىلىڭ، گاۋ سىلىڭ (تۈگگان) قاتارلىق كاتتىباشلارنىڭ تەنپەن ئۆتكۈزۈشكە ماقۇل بولغانلىقىنى، يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇلارنىڭ تەنپەن ۋەكىللىرىنى چىقىرىدىغانلىقىنى دوكلات قىلدى. ئۇلار كەلگىچە چوڭ بىر ئۆينى تەييارلاپ، چوڭ ئۈستەلگە داستىخان سېلىپ، قەنت-گېزەك، يەل-يېمىش تىزىلىپ چاي تەييارلاندى. دەل يېرىم سائەت ئۆتكەندە گاۋ سىلىڭ باشچىلىقىدا ياڭ دۇيجاڭ (سۈيدۇڭدىن قېچىپ كورەگە كىرىۋالغان) ۋە مەجرۇھلار پولكىنىڭ كوماندىرى گۈيىڭكۈي، سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ خۇيجاڭى گاۋ شىڭۋۇلارمۇ چىقىپ كەلدى. ئۇلار ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىندى. چاي ئىچكەچ سۆھبەت باشلاندى. بىز تەرەپتىن ۋىلادىمىر ستېپانوۋىچ باشلىق بولۇپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ۋىلادىمىر گاۋ سىلىڭنىڭ تەرجىمھالىنى سورىدى، ئۇ تەپسىلىي دېگۈدەك سۆزلەپ بەردى. گاۋنىڭ مىللىتى خۇيزۇ ئىكەن، ئوتتۇرا ئاسىيا داشۆسى (ساگو)دا ئوقۇغان، ئۇ يەردىن قايتىپ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلەپتۇ. ئاخىرقى خىزمىتى ئىلىنىڭ ۋالىسى ۋە سىلىڭيۈەنى بولغان، ئۇ ئۆزبېك تىلىدا راۋان سۆزلەيتتى.

ۋىلادىمىر ئۇنىڭغا: «سەن خاتىرجەم بول، ئەندىشە قىلما، ئۆتكەنكى ئىشقا سالۋات! ئۆزەڭ ياش، بىلىمىڭ بار ئىكەن، ھېلىمۇ كېچىكمەيسەن، سەن بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ سەپكە ئۆتۈپ، ئىنقىلاب ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەت، قانداق؟» دېدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ رازىلىق بىلدۈردى.

ئاخىرىدا ئۇلار بىزنىڭ تەنپەن شەرتلىرىمىزگە پۈتۈنلەي قوشۇلدى.

بىز ئۇلارغا ئىلىدا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭى، ھەرگىز «ئالتە ئوغرى» نىڭ توپىلىڭى، بۇلاڭچىلىق ھەركىتى ئەمەسلىكىنى، خەلق ئىنقىلابىنىڭ كۈچىگە ھەرقانداق ھاكىمىيەت تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۇق.

بىز ئۇلارغا تەسلىم بولۇپ، قورال تاپشۇرۇشتا تۆۋەندىكى بەش تۈرلۈك ئىشنى ئىجرا قىلىشنى تاپشۇردۇق: 1-تولۇق تەسلىم بولۇشقا ئىككى سائەت ۋاقىت بېرىلىدۇ، تەسلىم بولۇش شۇ ۋاقىت ئىچىدە ئاخىرلىشىشى شەرت؛ 2-قوراللارنى 10 دانىسىنى بىر قىلىپ باغلاپ، بىردىن ئەسكەرگە كۆتۈرتۈپ، سېپىل سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ،

بىزنىڭ ئۆتكۈزۈپ ئالغۇچى پەۋقۇلئاددە ھەربىي كومىسسىيىگە تاپشۇرۇشى شەرت؛ 3 ـ ئېغىر قوراللار ھەر قايسى قورال ئىسكىلاتىغا توپلىنىپ، بىزنىڭ تاپشۇرۇۋالغۇچى كومىسسىيلىرىمىزنىڭ تاپشۇرۇۋېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشى شەرت؛ 4 ـ چىڭ، گاۋ قاتارلىق باشلىقلار سېلىڭخۇغا توپلىنىپ، بىزنى كۈتۈپ تۇرۇشى شەرت؛ 5 ـ قورالسىزلانغان بارلىق ئەسكەرلەر گازارمىلارغا توپلىنىپ، خاتىرجەم دەم ئېلىپ تۇرۇشلىرى لازىم. شەھەر ئىچىدىكى بارلىق پۇقرالار راۋاق (گولۇ) ئالدىغا يىغىلىدۇ. ئاندىن تەنتەنىلىك تەبرىك مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ، دېگەن شەرت قويۇلدى.

گومىنداڭ تەنپەن ۋەكىللىرى خۇشاللىق بىلەن كۈرە شەھەر ئىچىگە قايتىپ كەتتى.

* * *

1944 ـ يىلى 31 ـ دېكابىر، دۈشمەننىڭ يا ئۇياق، يا بۇياق بولىدىغان جىددىي پەيتى يېتىپ كەلدى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى مۇبادا دۈشمەن كېلىشىم شەرتىگە كۆنمەي، ھۇجۇم قوزغاپ قالسا سېپىلگە چىقىش ئۈچۈن شوتىلارنى، پارتلىتىش تەييارلىقىنى تەق قىلىپ قويدۇق. خەندەك بويلاپ ھەرخىل كالىبىرلىق مىناميوتلار تىكلىنىپ قويۇلدى. سېپىلگە ئاۋۋال يامىشىپ چىقىدىغان زەربىدار قىسىملار خەندەككە مۆكتۈرۈپ قويۇلدى.

بەلگىلەنگەن ئىككى سائەت ۋاقىت ئۆتتى. شەھەر ئىچى جىمجىت، ئارىدىن يەنە چارەك سائەت ئۆتكەندە كۈرە شەھىرى ئىچىدىن تۇيۇقسىز مىلتىق ئاۋازى ياڭرىدى. ئوق ئاۋازى دوتۇڭ يامۇلى تەرەپتىن بارغانسىرى شەرقىي دەرۋازىغا يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. بىز تەرەپتىن دەرھال مىناميوتچىلارغا بۇيرۇق بېرىلىپ، سىلىڭخۇ بىلەن شەرقىي دەرۋازا ئارىلىقى توپقا تۇتۇلدى. گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ قاتتىق ئالا ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى. توپقا تۇتۇش توختاش بىلەن تەڭ زەربىدار قىسىم شەرقىي دەرۋازىدىن سېپىلگە چىقىپ، بىر نەچچە مىنۇتتىلا دەرۋازا ئۈستى تولۇق ئىشغال قىلىندى ۋە شەھەر ئىچىگە قارىتىپ ئوق ئېچىلدى. بىر توپ ئاتلىق چېرىك بەدەر يامۇل تەرەپكە قېچىشتى، شەھەر ئىچى پاتپاراق بولۇپ كەتتى. گومىنداڭنىڭ ئىككى سكاندىرونىغا يېقىن ئاتلىق ئەسكىرى جەنۇبىي دەرۋازىنى ئېچىپ، بىزنىڭ دەرۋازىنى ساقلاپ تۇرغان بىر روتىمىزنى شىددەت بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، دەريا بويىغا قاراپ قېچىشتى، تەسلىم بولغىلى ئۇنىماي، بەلكى جەڭچىلىرىمىزنى ئېتىپ تاشلىدى. ئۇلار ساي بويىدا ئابارۇن تۇتۇپ، بىزگە قارشى ئوت ئاچتى. بىزنىڭ قىسىملىرىمىز

www.uyghurkitap.com



نائىلاج ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ھۇجۇم قىلدى ۋە بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تار-مار قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن 30 دىن ئوشۇق مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىنغان ياش باللار تەسلىم بولۇپ، قورال تاپشۇرغانلىقتىن ئۇلار قوغداپ قېلىندى.

شۇ ئەسنادا شەھەر ئىچى ۋە تېشىدا ئوق ئاۋازى تىنجىدى، شۇ ھامان شەرقىي چوڭ دەرۋازا ئېچىلىپ، بىر بۆلۈك گومىنداڭ چېرىكلىرى مىلتىقلىرىنى 10 نى بىر قىلىپ باغلاپ، كۆتىرىپ يىغا-زارە بىلەن چوقۇرۇشۇپ، رەتلىك تىزىلىپ چىقىشقا باشلىدى. ئېلىپ چىققان مىلتىق، تاپانچا، قىلىچ بىر-بىر مىڭدىن ئاشتى. بىزنىڭ قوشۇنىمىز رەھبەر، كوماندىرلىرىمىزنىڭ باشلامچىلىقىدا مەزمۇت قەدەم بىلەن شەھەر ئىچىگە كىردى. ئالدى بىلەن گازارمىلار ئىشغال قىلىنىپ، قورال ئىسكىلاتلىرى ۋە قورال-ياراغلار تاپشۇرۇۋېلىندى.

دوتۇڭ يامۇلىنىڭ ئالدىدا كاتتا جوبى (توساق) تام بولۇپ، ئەتراپى ئېگىز رىشاتكا بىلەن قورشالغان، چوڭ يولغا توغرىلاپ ئىككى چوڭ ئەگمە دەرۋازا ئورنىتىلغان. يامۇلنىڭ ئىچى قاتارىسىغا ئۈچ چوڭ ھويلىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر ھويلىنىڭ ئىككى تەرىپى مۇھاپىزەتچىلەر تۇرىدىغان گازارما ئىدى. ئۈچىنچى ھويلىدا ھەشەمەتلىك قىلىپ سېلىنغان سىلىكيۇەنلەرنىڭ ياتاقخانا ۋە ئىشخانىلىرى بار ئىدى. دوتۇڭ يامۇلىنىڭ ئەتراپى مۇستەھكەم كېسەك سېپىل بىلەن قورشالغان. ئارقا تەرىپى سۇنئىي كۆل، شىپاڭلىق بوستان باغ ئىدى. بۇ باغنىڭ ئاخىرى چوڭ سېپىلغا بېرىپ تاقىشاتتى. باغنىڭ ئالدى ۋە ئىككى يان تەرىپىگە مۇستەھكەم ئىسكىلاتلار سېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىگە بىر قانچە مىڭ قوي گۆشلىرى سانجاق بېسىلغان، گۆش ئارىلىرىدا مىغ-مىغ چاشقان چېپىشىپ يۈرەتتى. ئىسكىلاتنىڭ بىر قانچىسىدا سودىگەرلەردىن مۇسادىرە قىلىنغان گەزمال، قەنت-گېزەكلەر بېسىلغان. باغ ۋە ھويلىلاردا ئاچ قالغان قويلار مەرىشىپ، كالىلار مۆرىشىپ ئوزۇق ئىزدەپ يۈرەتتى، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ ياتقان ماللارنىڭ جەسەتلىرىمۇ خېلى كۆپ ئىدى.

بىز سىلىڭبۇغا كىرىپ، چەڭ، گاۋ، ياڭلارنى تېپىپ، بىر قانچە مۇھىم مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئالدىرىدۇق. نوغايباي، باتىيوپ، موگونتوپ قاتارلىق كىشىلەر مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ قوغدىشىدا سىلىڭبۇ ئورۇنلاشتۇرغان ئاخىرقى ھويلىغا كىردۇق. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەرخىل قورال-ياراغ دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، چەڭ سىلىڭنىڭ ياتىقىغا بۆسۈپ كىردۇق. دېرىزە تەرەپتىكى سىم كارۋاتتا ئىككى ئادەمنىڭ گىرەلىشىپ، ئاستىدىكىسى ئوڭدا، ئۈستىدىكىسى

دۇم ياتقانلىقىنى كۆردۇق. ئۆرۈپ كۆرسەك چىلىڭ ۋە گاۋ سىلىڭلار ئىكەن. چىڭنىڭ قولىدا براۋنىك، گاۋنىڭ قولىدا ماۋزۇر بولۇپ، ئۆز - ئۆزلىرىنى ئېتىۋالغانلىقى مەلۇم بولدى. قوراللارنى يىغىۋېلىپ، بۇ ئەھۋالنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈشنى قارار قىلىپ چىقىپ كەتتۇق. ئاندىن ساقچى ئىدارىسىنى ئىگىلىدۇق. ئۇ يەردە ھېچكىم يوق; تۈرمىلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئوچۇق بولۇپ، بىرەرمۇ مەھبۇس كۆرۈنمەيتتى.

شۇ كېچىسى كۈرە ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسى ساقچى ئىدارىسىگە كۆچۈرۈپ كىرىلدى. يۇقىرىنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە پەۋقۇلئاددە ساقچى ئىدارىسىمۇ تەسىس قىلىنىپ شۇ كېچىسىلا ئىش باشلىدى.

تەنپەن باشلىقىنىڭ يوليورۇقى بويىچە بالتىيوپ باشچىلىقىدا شەھەر گارنىزونى قۇرۇلۇپ، ئامانلىق قوغداش، مۇداپىئە ئىشلىرى رەتكە سېلىندى. شۇ ئاخشىمى شەھەر ئىچىدىكى پۇقرالارنى راۋاق مەيدانىغا يىغىپ، تىنچلىق ئورنىتىلغانلىقى جاكارلاندى ۋە ئەركىن تۈرمۇش كەچۈرۈش، ئۆز ئارا ئىشىنىش، مىللىي ئىنقىلابنى ھىمايە قىلىش ۋە يار-يۆلەكتە بولۇش ھەققىدە ھاجى باشلىق كىشىلەر نۇتۇق سۆزلىدى. پۇقرالار خۇشال-خۇرام ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

ئەتىسى چىڭ ۋە گاۋلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىق ۋەقەسىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن فۇگۇەن (كانىۋاي، قوغدىغۇچى) ياسىن ۋە بىر قانچە جۇنگۇەنلەرنى تېپىپ، ئېنىقلىشىمىزچە ۋەقە مۇنداق بولغانلىقى ئېنىقلاندى: گاۋ بىلەن ياڭ بىز بىلەن تەنپەنگە كېلىشىپ قايتقاندىن كېيىن، چىڭ سىلىڭغا دوكلات قىلغان. ئۇ مەمنۇن بولغان. ئاندىن ھەرقايسى قىسىملارنىڭ كوماندىرلىرىنى سىلىڭبۇغا چاقىرتىپ، بارلىق يېنىك قورال-ياراغنى باش شتاب ئالدىغا يىغىشنى بۇيرىغان. بىر قىسىم قورال يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، بارلىق ئوفىتسېر ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارغا: ئۇرۇشۇۋاتقانلارنىڭ «ئالتە ئوغرى» ئەمەس، بىر مىللىي قوزغىلاڭچى ھۆكۈمەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىز تىنچ يول بىلەن ئورۇن بوشىتىپ، قورال تاپشۇرمايدىغان بولساق، ئېغىر ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشى تۇرغانلا گەپ، بىز ئۇلارغا ئىشەنسەك بولىدۇ. مەن سىلەر ئۈچۈن كېپىل بولىمەن. ئەگەر جازالىنىش توغرا كەلسە گاۋ سىلىڭ ئىككىمىز سىلەرنىڭ ئامانلىقىڭلار ئۈچۈن ئۆلۈشكە رازىمىز!» بۇ گەپكە كۆپچىلىك، ئوفىتسېر، ئەمەلدارلار رازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بىر نەچچە جاھىل، كاللا كېسەرلەر قەتئىي قارشىلىق بىلدۈرگەن. ئۇلار: «ئالتە ئوغرىغا قەتئىي قورال تاپشۇرمايمىز، تەسلىم بولساق بىرىمىزنىمۇ ساق

www.uyghurkitap.com



قويمايدۇ، ھازىر جىياڭ ۋېيىۋەنجاڭ ئەۋەتكەن بىر قانچە دىۋىزىيە ئارمىيىمىز تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ، شىمالدىكى تەلكە ئاغزىغا، شەرقتىن ئاچالنى بېسىپ ئۆتۈپ، ستەي، چۆلۈقاي قاتارلىق جايلارغا يېتىپ كەلدى. ئاقسۇدىكى بىر قىسىم قوشۇنىمىز مۇز داۋاندىن ئېشىپ شوتىغا چۈشمەكتە، ھاۋا ئارمىيىمىز يېتەرلىك ئوزۇق ـ تۈلۈك يەتكۈزمەكچى. غۇلجا، سۈيدۈڭ ئارىلىقىدا بىر ئوچۇم ئالتە ئوغرىدىن باشقا ئۇلارنىڭ ھېچقانچە مادارى يوق، يەنە بىر ـ ئىككى كۈنگە قالماي بىزنى دۆلەت ئارمىيىمىز قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلسا ئەجەللىك زەربە بېرەلەيمىز ...» دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان. ئاخىرى بۇ جاھىللار مەيداندىن چىقىپ كەتكەن، ئۇلار ئۆزلىرى قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئاتلىق سكادرونغا بۇيرۇق بېرىپ، شەرقىي دەرۋازىغا بېرىپ ئوق چىقارغان، چىڭ تۇەنجاڭ ۋە گاۋسىلىڭلار بۇ بىر جاھىل گۇرۇھنى قايىل قىلالماي، ئاخىرى ئۆزلىرىنى ئېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولغان.

گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرى ئىچىدىكى بىر ئوچۇم جاھىللار گۇرۇھىنىڭ بىر مەھەل قوزغىغان ئالا ـ توپىلىڭىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەڭ خەتەرلىك ھېسابلانغان كۆرە بىز تەرەپنىڭ زور كۈچ بىلەن تىرىشىشى ئارقىسىدا ئەنە شۇنداق تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىندى.

* * *

كۆرە تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ بارلىق قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلىرى غەنىمەت ئېلىندى. جۈملىدىن يوشۇرۇپ قويۇلغان بىر يۈرۈش زىنت توپ، دۇربۇن ۋە باشقا مۇھىم ئەشيالار غەنىمەت ئېلىندى.

غەربىي بۇتخانا ئەتراپىدىكى مۇھىم ئەمەلدارلار ۋە ياڭ، جاڭلاردىن ئىبارەت جاسۇس گېنېراللار يوشۇرۇنغان يېرىدىن تېپىلىپ، نەزەر بەنت قىلىندى. قالايمىقانچىلىق چىقىش ئېھتىمالى بولغان مەشھۇر ئىشپىيون ـ جاسۇسلار، جاھىل ئەمەلدارلارمۇ نەزەر بەنت قىلىندى. بىر قانچە جىنايىتى چېكىدىن ئاشقا ئىشپىيونلار ئۇرۇش مەزگىلىدە نەق مەيداندىلا ئېتىپ تاشلىنىپ، خەلقنىڭ قىساسى ئېلىنىپ، قان ـ ياشلىرىغا خاتىمە بېرىلدى.

شەھەر ئىچىدىكى خەنزۇ پۇقرالار، سودىگەر، ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ خاتىرجەم تىجارەت قىلىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئاۋات مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

كۆرەدىكى ياڭ شەنسىڭ، ۋاڭ شەنسىڭ، ليۇ شەنسىڭ قاتارلىق مۆتىۋەرلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەھەر ئاھالىلەر كومىتېتى قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ قىزغىن تەشەببۇسى

بىلەن ئىئانە توپلاپ، ئالدىنقى سەپكە تۆرلۈك ماددىي سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىشتى.

غۇلجا ۋە باشقا جايلاردىن كۈرەگە قېچىپ كەلگەن ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالار ۋە ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنىڭ ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ، ئائىلىسىدە خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىندى ھەم ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلدى.

شەھەر ئىچىدە مەكتەپلەر ئېچىلىپ، ئوقۇش-ئوقۇتۇش ئىشى يولغا قويۇلدى. بۇ ئىشلارغا يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئالاھىدە كۈرەگە كېلىپ، ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئېلىپ باردى.

كۈرەدە ۋىلايەت بويىچە ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ساقلايدىغان ھەربىي لاگىر قۇرۇلۇپ، لاگىر باشلىقلىقىغا ئابدۇللا سۇلتان مەسئۇل قىلىندى. لاگىرغا گومىنداڭنىڭ كۈرەدە، غۇلجا، ئاچال ۋە باشقا ئورۇنلاردا ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلىرىدىن بىر قانچە مىڭى توپلاندى.

كۆپ ئۆتمەي ئۇلارغا يېڭى كىيىم-كېچەك، ئورۇن-كۆرپە، قاچا-قۇچىلار تارقىتىپ بېرىلىپ، تۇرمۇشى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەخسۇس دوختۇرخانا بالنىتسا قۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياربدار، پۇت-قولى ئۈششىگەن كېسەللەر داۋالىنىپ، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يىراق-يېقىندىن كەلگەن ئائىللىرى بارلار ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ ئەسىرلەرنى ئاسراشتىن ئىبارەت ئىنساپەرۋەرلىك روھ تولۇق ئىجرا قىلىندى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئەسىر ئېلىنغانلار ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار زىيالىلار، ئەمەلدارلار ئېنىقلىنىپ ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇش ئۈچۈن غۇلجىغا ئەۋەتىلدى. مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان ئۇيغۇر بالىلىرى ئەسلىدە 500 نەپەر بولۇپ، ئۇلاردىن 250 نەچچە نەپىرى ساق قالغان. ئۇلارنىڭ 70% تىن كۆپرەگى ئۆز ئىختىيارى بىلەن مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتناشتى. قالغانلىرى خالىغىنى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 10 نەچچىسى تەلىپى بويىچە مۇز داۋان ئارقىلىق يۇرتىغا قايتۇرۇلغان بولسىمۇ، مۇز داۋاندىن ئۆتەلمەي قايتىپ كېلىپ، باشقا ئىشقا ئورۇنلاشتى. ئۇلاردىن باشقا گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدىكى موڭغۇل، خۇيزۇ، شىبە، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مىللەت ئەسكەرلىرىمۇ سىياسەت بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاز بىر قىسىم ياش خۇيزۇ ئەسكەرلىرى ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن مەنسۇر لومىيۇپ پولكىغا قاتناشتى.

كۈرەدىكى گومىنداڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئالغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يۇزگە يېقىن ئۇيغۇر، شىبە، موڭغۇل ۋە باشقا مىللەت ئاياللىرى ئابباسوفنىڭ يولىيورۇقى بويىچە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت كۆرەڭگە پەۋقۇلئاددە كومىسسىيە ئەۋەتىپ، تەكشۈرۈش ـ ئېنىقلاش ئىشىغا ياردەم بەردى. بالدۇر ئۆلتۈرۈلۈپ، قۇدۇققا تاشلانغانلارنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولماي، 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن كېيىنكىلەر ئېنىقلاندى. بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شەھەر ئىچى غەربىي دەرۋازىغا تۇتاش كونا ھەربىي مەكتەپتە بولۇپ، بۇ بىنا ئالدىدىكى مەيدانغا كولانغان زىندانغا تاشلانغان. بۇ يەرگە ھەرخىل كىيسەللىكلەر بىلەن ئۆلگەنلەرمۇ تاشلانغان، بەزى قۇدۇقلاردىن 70 تىن ئوشۇق، ئاز دېگەنلىرىدىن 5 ـ 6 جەسەت چىقتى. بەزى قۇدۇقلارنى كۆمۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن. ھەربىي ئوفىتسېر بولۇۋالغان جاللات لاپسان ئۆزى سوراقسىز 26 بىگۇناھ ھەر مىللەت كىشىلىرىنى چېپىپ قۇدۇققا تاشلاۋەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. كېيىن لاپسان ھۆكۈم بويىچە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ جەسەتلەرنى ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن ئىگىلىرى ئېلىپ كېتىشتى.

1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان 11 ماددىلىق بىتىم بويىچە بىزگە ئەسىرگە چۈشكەن گومىنداڭنىڭ ئەسكەر ـ ئوفىتسېرلىرى ياخشى كىيىندۈرۈلۈپ، ماشىنا بىلەن ماناسقا يولغا سېلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ماناسقا بېرىشقا ئۇنىمىغان بولسىمۇ، تەربىيە بېرىپ يولغا سېلىندى. ئۇلارنى ماناس دەرياسى بويىدا گېنېرال سۇڭ شىليەن، داڭ بىگاڭ ئەۋەتكەن ئەمەلدارلار تاپشۇرۇۋېلىش جەريانىدا ئەسىرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي، ئۇلار: «بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ كىيىمى كۆك ماتا، رەڭگى ـ روھى سۇلغۇن ئىدى. بۇلارنىڭ كىيىمى ياخشى، چىرايى ئوبدان ئىكەن، باشقا ئادەملەرنى ئېلىپ كەلگەن ئوخشايسىلەر» دېيىشكەن. پاكىت ئالدىدا ئۇلار ئۆتكۈزۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. كېيىن ئۇقساق گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇلاردىن قاتتىق گۇمانلانغان، بىر قىسمىنى تۈرمىگە ئالغان، بەزىلىرىنى نەزەر بەنت قىلىپ، ئازادلىققىچە ئۇلارنىڭ ھاياتى ئېچىنىشلىق ئۆتكەن.

* * *

كۆرەڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى: 1 ـ ئىنقىلابنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى ۋە بېسىمىدىن؛ 2 ـ چەكلىك سىلىقلىغا ئوخشاش بىر قەدەر ئىلغار پىكىرلىك گورۇھنىڭ تىرىشچانلىقىدىن بولدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە كومپارتىيە بىلەن

ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلار، تىنچ ھايات كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار بار ئىدى. ئەنە شۇ ئىچكى-تاشقى جەھەتتىكى ئامىللارنىڭ رول ئوينىشى بىلەن كۆرە تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى پۇقرا، ئەسكەرلەرنىڭ ھاياتى ئامان قالدى، ئۆي-ئىمارەت، مال-مۈلۈك، ماددىي ئەشيالار ساقلىنىپ قېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# زالالەتتىن ـ سائادەتكىچە

(سوپاخۇن تۆەنجاڭ ھەققىدە ئەسلىمە)

ئابدۇراخمان ناۋائى

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى مۇستەقىل 6 ـ يىڭىدىن سوپاخۇن ليەنجاڭلىقىدىكى 9 ـ ليەنى، ھېسامىدىن ليەنجاڭ-لىقىدىكى 8 ـ ليەنى مايتاغقا يېتىپ كەلدى.

گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئۇلارنى يۆتكەشتىكى مەقسىتى كۈندىن ـ كۈنگە زور قۇدرەت بىلەن كۈچىيىۋاتقان ئىلى ئىنقىلابچىلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئىدى. خائىن شېڭ شىسەي «دېموكراتىيە ۋە تەرەققىيات» نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، سوۋېتكە قارشى، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قارشى، دېموكراتىيە ۋە تەرەققىياتقا قارشى رەزىل قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، ھەر مىللەت خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ ئاخلىق زىيالىلىرىغا قارشى فاشىستىك تېررورلۇق يۈرگۈزدى.

مەن 1941 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۇرۇمچى سىفەننى پۈتتۈرۈپ، توققۇز نەپەر ساۋاقدىشىم بىلەن تەقسىمات بويىچە مايتاغقا كېلىپ، گېئولوگ رازۋېت كاراتاژ (قېزىلغان قۇدۇقلارنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش بۆلۈمى)غا خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم.

1943 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شىڭشىڭشادىن قايتقان قىزىل ئارمىيە (سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى) 18 ـ تۈەنى مايتاغقا كەلگەندىن كېيىن مايتاغدىكى سوۋېت تەرەپ باشقۇرغۇچىلىرى شېڭ شىسەي بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئىش ھەققىمىزنى بېرىپ، مىڭلىغان ھەر مىللەت ئىشچىلىرىنى قايتۇردى.

بۇ قېتىمقى ئۆزگىرىشتىن كېيىن گومىنداڭ دائىرىلىرى گۇمانلىق دەپ قارىغان 100 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئىشچىلارنى (مەن ئىچىدە) مايتاغدىن كۈيتۇنگە سۈرگۈن قىلىپ، قورالىق نازارەت ئاستىدا تاشيول ياساتتى. 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بىزنى يەنە مايتاغقا قايتۇرۇپ ئەكەلدى. بۇ چاغدا مايتاغ تامام دېگۈدەك خانىۋەيران

بولغان، نۇرغۇن زاۋۇت، سېخ، ئەسلىھەلەر يۆتكىلىپ كېتىلگەن ئىكەن. كۈنىگە ئاران تۆت تونىنا بېنزىن، 2-3 تونا كىرسىن ئىشلەپچىقىرالايدىغان بىرلا كونا زاۋۇت قالغان ئىكەن. ئىشچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپى ئاساسەن پوتەي ياساش، ئاكوپ كولاش بىلەن مەشغۇل ئىكەن. مەن مايتاغقا كەلگەندە سالامەتلىكىم ئىنتايىن ناچار ئىدى. مايتاغقا قايتىپ كەلگەندىن بۇيان بىللە ئىشلىگەن خىزمەتدىشىم ليۇ باجۇننىڭ ياردىمى بىلەن مىللىي ئاشخانىغا ئورۇنلاشتىم. ئاشخانىدا قاچا-قۇچا يۇيۇش ۋە ئوت قالاش ئىشلىرىنى ئىشلىدىم. سوپاخۇن ۋە ھېسامىدىن لىيەنجاڭلارنىڭ قىسىملىرى دەل مۇشۇ ئاشخانىدىن تاماق يەيدىغان بولدى.

كۈنسايىن ئۇلغىيىۋاتقان ئىلى ئىنقىلابى شىنجاڭنىڭ ھەممىلا جايىدا گومىنداڭ فاشىستىك زوراۋانلىقىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى ئاستىدا پاجىئەگە ئۇچراۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ھېمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى ھەمدە ھەر يەر، ھەر جايدا ئۇنلىغان مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. جۈملىدىن ئۈرۈمچى ئوفىتسېرلار مەكتىپىدىمۇ ئىمىنوپ ھامۇت، زۇلال، مامىتوپ قۇربان قاتارلىقلار ۋەتەنپەرۋەرلەر مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنقىلابىي روھى بىر قەدەر ئۈستۈن بولغان سوپاخۇن لىيەنجاڭنىمۇ تەشكىلاتقا تارتىش ئۈچۈن مەلۇم خىزمەت ئىشلىگەن ئىدى.

سوپاخۇن ئۆز جەڭچىلىرى بىلەن مايتاغقا يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن، 1945-يىلى 1-ئايدا ئابلىھەت داۋۇت (جامدىكى جەڭدە قۇربان بولدى)، سۇلتان مامۇت (كېيىن قۇمۇل ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن فۇ سىلىڭيۈەنى بولغان)، سىدىق ھاجى (زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ۋاپات بولغان)، قاسىم مەڭلىك (كورلا ۋۆجاڭبۇ باشلىقى، ۋاپات بولغان)، مۆمىن تالىپ (كېيىن ئۈرۈمچى ليۇداۋان كۆمۈر كانىدا ئىشلىگەن)، تۇراق ئوسمان (ھازىر قورغاستا، دېھقان)، ھوشۇر موللا (ھازىر غۇلجا شەھىرىدە)، خېلىل كىچىك (ھازىر غۇلجىدا)، ئىبراھىم تۇڭگان (ئالتايدا)، ئابدۇرېھىم سامساق، تۇخان (سوپاخۇننىڭ ئايالى)، ئوسمان مامۇت (ھازىر ئاقسۇدا)، ئېزىز قاسىم (قەشقەر شىخىڭدا)، ئۆمەرجان (ئاقسۇدا)، مەھەممەت تاران (غۇلجىدا قالغان) ۋە مېنىڭ بىلەن جەمئىي 17 كىشىدىن ئىبارەت بىر ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ مەقسەت ۋە نىشانى: قورال-ياراغ قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، شىخو خەلقىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىخونى ئازاد قىلىش ئارقىلىق ئىلى ئىنقىلابىغا قوشۇلۇپ شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىپ خەلقنى ئازاد قىلىش ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىنقىلابىي كەيپىيات ۋە ئىنقىلابىي تەشۋىقات بىلەن ئۇلغىيىۋاتقان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، گومىنداڭ دائىرىلىرى بارلىق تەشۋىقات قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئىلى ئىنقىلابىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى. ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىق تەشكىلاتىمىزدىكى بىرقىسىم ئىنقىلابىي ئىرادىسى بوش ئادەملەرنى بىر ئاز قايمۇقتۇردى. مۇنداق ئەھۋالدا ئىلى ئىنقىلابىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالى توغرۇلۇق بىرەر ئىشەنچلىك خەۋەر ئۇقۇش ئۈچۈن سوپاخۇن مېنى شىخوغا ئەۋەتتى. مەن شىخودا مۇناسىۋەتلىك يولداشلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىلى ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە بەزىبىر مەلۇماتلارنى ئالغاندىن كېيىن تاماكا قەغىزى ئۈچۈن بىر خەنزۇ دۇكانداردىن ئالتە نۇسخا گېزىت سېتىۋالدىم، ئاندىن تاماق يېيىش ئۈچۈن ئاشپۇزۇلغا كىرىپ، گېزىتنى كۆرسەم ئۈچ نۇسخىسى «شىنجاڭ گېزىتى»، ئۈچ نۇسخىسى غۇلجىدا چىقىدىغان «ئويغان» گېزىتى ئىكەن. دەرھال گېزىتنى يوشۇرۇپ، مايتاغقا قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتىم. ماشىنا بېكىتىدە مايتاغ زاۋۇت ئىدارىسىدە (چاڭبۇدا) ئىشلەيدىغان ليۇ باجۇن دېگەن دوستۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ قولىدا ئىككى دانە سېۋەت بولۇپ، بىرىدە كۆكتات، بىرىدە فىنتوزا بار ئىكەن. فىنتوزا بار سېۋەتنى مەن كۆتۈرىۋالدىم ۋە گېزىتنى فىنتوزىنىڭ تېگىگە تىقىۋەتتىم. تەكشۈرۈش ئورنىغا كەلگەندە ليۇ باجۇن مېنى «بۇ بىزنىڭ ئادەم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاقتۇرۇلمىدىم.

ئاپتوموبىل بىلەن تىنچ-ئامان مايتاغقا كەچ سائەت توققۇزدا يېتىپ كەلدىم. گېزىتنى ئېلىپ سوپاخۇننىڭ ئۆيىگە كىرسەم، سوپاخۇن، ئابلىمەت، سۇلتان مامۇت ۋە سوپاخۇننىڭ ئايالى تۇخان تەشكىلاتنى كېڭەيتىش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، سۆزلىشىپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇلار گېزىتنى كۆردى. «ئويغان» گېزىتىنىڭ باش ماقالىسىنىڭ تېمىسى «ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلماسلىق جىنايەت، زۇلۇمغا قارشى تۇرماسلىق خىيانەت!» ئىكەن. ئۇلار گېزىتنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ناھايىتى روھلاندى. سوپاخۇن: «ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقلىرىدىكى بۆھتان ۋە ئويدۇرمىلارنىڭ سىرى ئېچىلدى. ئىلى ئىنقىلابى ئالتە ئوغرىنىڭ ئىشى بولماستىن 6000 ۋە بەلكى 600 مىڭ ئوغرىنىڭ ئىشى ئىكەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئاساسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن» دېدى. قالغانلارمۇ تەنتەنە قىلىشتى. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتىرىش پىلانى تۈزىلىشكە باشلىدى. سۆز، ھەرىكەت، مەخپىيەتلىك كۈچەيتىلىپ، تەشكىلاتتىكى ھەر بىر ئادەم بىردىن ئادەمنى دوست تۇتۇپ تەربىيىلەش بەلگىلەندى.

بۇنىڭدىن باشقا سوپاخۇن ئۆزى بېۋاسىتە شىخوغا بېرىپ، شىخونىڭ ئەڭ چوڭ مۆتىۋەرى ھېلىم ھاجىم بىلەن ئالاقە باغلىدى. بۇ چاغدا تەشكىلاتنىڭ مۇھىم يىغىنلىرى ئېچىلسا مايتاغدا ئەۋج ئالغان قىمار ئويناش شەكلىدىن پايدىلىنىپ، مەخپىي پوست مۇھاپىزىتى بىلەن ئېچىلاتتى. قىش كىرىپ قالغانلىقتىن ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يىلىق گومىنداڭ قىسمىنىڭ يەنە مايتاغقا كېلىپ ئورۇنلاشقانلىقى سەۋەبلىك، شىخودىكى ئىنقىلاب تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتىرىشنى ئەتىيازغا سۈردۇق. يەنە بىر مۇھىم سەۋەب، سوپاخۇن ليەندىكى جەڭچىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ناچار، بويىغان ماتادىن تىكىلگەن كىيىملىرى ھەم يالاڭ ھەم جۇل-جۇل ئىدى. شۇ ھالدا سوغۇق زىمىستاندا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەرگەندە جەڭچىلەر بەك قىينىلىپ قالاتتى.

ئەتىياز كەلدى. ئىش جىددىيلەشتى. ھېلىم ھاجىم بىلەن بولغان مۇناسىۋەتمۇ قويۇقلاشتى، تەييارلىقمۇ ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى.

1945- يىلى 4- ئاينىڭ 9- كۈنى كۈيتۇن ئايرودرومىنى ساقلاۋاتقان ئابدۇرېھىم سامساق ئالدىراپ-تېنەپ تەشكىلاتنىڭ رۇخسىتىسىز چېدىرغا ئوت قويۇپ، غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقىپ كېتىپتۇ. سوپاخۇن ئۈچ كۈنگىچە يالغاندىن قوغلاپ تۇتۇش باھانىسىدا ئەتراپتا ئۆز قىسىملىرى بىلەن ئىزدىگەن بولدى. لېكىن نەتىجە چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى سوپاخۇن ۋە ئۇنىڭ قىسمىدىن گۇمانلىنىپ، سوپاخۇننىڭ يەنىسخەي كۆۋرۈكىنى ساقلاۋاتقان بىر بەن ئەسكىرىنى مايتاغقا يۆتكەپ ئەكەلدى.

دەل شۇ پەيتتە ئۈرۈمچى ئوفىتسېرلار مەكتىپىدىن ئىمىنوپ ھامۇت، مامتۇپ قۇربان، زۇلال قاتارلىق يولداشلارنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. مايتاغدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئادەم ئەۋەتىپ، سوپاخۇن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئۈستىدىكى نازارەتنى كۈچەيتتى.

4-ئاينىڭ 17-كۈنى سوپاخۇن مايتاغ يېڭىبۇدا سوپاخۇن، ھېسامىدىن ليەنلىرىنىڭ 18-كۈنى مايتاغدىن ماناسقا قايتۇرۇلۇشى توغرىسىدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ باش شتابىدىن بۇيرۇق كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ. دەل شۇ كۈنى جەنۇبىي پوتەيلەرنىڭ كۆزەتچىلىك نۆۋىتى سوپاخۇن ليەنىگە كەلگەنىدى. سوپاخۇن شۇ كۈنى تەشكىلاتنىڭ مۇھىم ئەزالىرى بىلەن مەجلىس ئېچىپ، بۈگۈنكى مۇشۇ ھالقىلىق پەيتنى قولدىن بەرمەي قوزغىلىشنى، بۇنىڭ ئۈچۈن پوتەيلەرگە تەشكىلات ئەزالىرىدىن پوست

www.uyghurkitap.com



قويۇشنى، شىخۇ بىلەن مايتاغ ئارىسىدىكى تېلېفون سىمىنى كېسىشنى، كېچە سائەت بىردە پوتەيلەردىن مايتاغقا قارىتىپ ئوت ئېچىشنى «ئىلى ئوغرىلىرى كېلىپ قاپتۇ» نى باھانە قىلىپ، پۈتۈن لىيەن بويىچە قوزغىلىشنى بەلگىلىدى. تېلېفون سىمىنى كېسىشنى مەن ۋە ئەمىردىن (ئاقسۇدا قۇربان بولدى)، قاسىم مەھلىك بىلەن ئۈستۈمگە ئالدىم ۋە ئەپچىللىك بىلەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىدىم.

دەل سائەت بىردە پوتەيدىن مايتاغقا قاراپ ئوت ئېچىلدى. ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە قورالنى قولچاقلاپ، پۈتۈن كىيىمى بىلەن ياتقان جەڭچىلەر بۇيرۇق بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. سۇبھى كۆتۈرۈلگەندە تاغ ئېتىكىدىكى بىر جىلغىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە سوپاخۇن يېرىم سائەت جەڭچىلەرگە نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: قولىمىزدا قورال تۇرۇپ، پۈتۈن خەلق، جۈملىدىن ئۆزىمىزمۇ قاتتىق زۇلۇم چېكىۋاتقان شارائىتتا قوراللىق قوزغىلاڭ ئارقىلىق زۇلۇمغا تاقابىل تۇرماسلىق، ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنىڭ غەلىبىلىك يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان قوراللىق كۈچلىرى بىلەن بىرلىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماسلىق ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسى ئۈچۈن نومۇس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. جەڭچىلەر سوپاخۇننىڭ پىكرىنى بىردەك قوللىدى. يەنە يۈرۈشنى داۋاملاشتۇردۇق. چاشگاھ مەزگىلىدە گومىنداڭنىڭ ئىككى ئايروپىلانى بىزنى ئىزدەپ چىقتى، بىز قاتتىق يوشۇرۇنۇپ، چاڭ مۇداپىئە قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار بىزنى بايقىيالمىدى. كېچە-كۈندۈز يول ماڭدۇق، يول بويى تاغ ئىچىدىكى موڭغۇل، قازاق قېرىنداشلارنىڭ سەممىمىي كۈتۈۋېلىشى، ئوزۇق-تۈلۈك ھەتتا ئات تەقدىم قىلىش قاتارلىق غەمخورلۇقلىرىغا ئېرىشتۇق.

4-ئاينىڭ 22-كۈنى تاغ ئارىسىدىكى بىر موڭغۇل بۇتخانىسىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇتخانىنىڭ بىر ۋەتەنپەرۋەر لاماسى 40 ئات (ئىگەر توقۇمى بىلەن) تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئوفىتسېر جەڭچىلەر ئاتلىق بولۇپ قالدۇق ۋە بۇ يەردە مەجلىس ئېچىلىپ، ئەسكەرلەر تەرتىپكە سېلىندى. بىر ئېغىزدىن سوپاخۇن تۇەنجاڭلىققا سايلاندى. دەل شۇ كۈنى ھېسامىدىن لىيەنجاڭ بىلەن تۇراق ئىسمايىل ئارقىمىزدىن ئۈچ كۈن بولغاندا يېتىپ كەلدى. سوپاخۇن ھېسامىدىندىن قاتتىق گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىن يۆتكىلىپ ئۇلۇغچاي دېگەن يەرگە يېتىپ بېرىپ، شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭغا تۇتۇق بەرمىگەن نۇرپاي دېگەن ئالاقىچىنىڭ ئىلى بار جايغا يېتىپ باردۇق. ئۇلار بىزنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ،

كەم-كۈسىمىزنى تولۇقلاپ بەردى.

شۇ كۈنى كېچىدە يەنىسخەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى گومىنداڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى — بۆرتۆڭكە دېگەن يەردە بىر لىيەن ئاتلىق ئەسكەر بار، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئات-ئۇلاغ، قورال-ياراغلىرىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلدۇق. بىز بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى بىلمىگەنلىكىمىزدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قاتتىق مۇداپىئە قىلغانلىقى ئۈچۈن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. بۇ قېتىمقى جەڭدە مۆمىن تالىپ دۈشمەن قورغانىغا يېقىنلىشىپ، باتۇرلارچە ھەرىكەت بىلەن قورغان ئىچىگە 5-6 تال گىرانات تاشلىدى. شۇ پەيتتە ئەخمەت ئىلى دېگەن يەنە بىر يولدىشىمىز مۆمىن تالىپقا ياردەملىشىش ئۈچۈن بېرىپ تىزىدىن ئېغىر يارىلاندى.

بىز سوپاخۇننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇلۇغجايىغا چېكىندۇق.تاڭ ئاتقاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدۇق. بۇنىڭدىن مەقسەت گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئارقىمىزغا كىرىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، يۈرىكىنى مۇجۇپ قويۇش ئىدى. كۈندۈزلۈك ھۇجۇمدىن كېيىن نۇرپاي قاتارلىق يولداشلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە يەنىسخەي بىلەن كۈيتۈن ئارىلىقىدىن كېسىپ پەسكە چۈشمەكچى بولدۇق. چۈنكى تاغدا قار ئېرىمىگەن. چارۋىچىلار يوق، شۇڭا تاغ ئېشىپ ئىلىغا ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ دەل 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىدى. 1 - ماي كۈنى نەسىردىن باينىڭ ئىنىسى يۇنۇسباي دېگەننىڭ تاغدىكى قوشىغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە ياخشى ئوزۇقلىنىپ دەم ئالدۇق. 2 - مايدا پىلان بويىچە بۆسۈپ چۈشۈپ تاشيولدىكى تېلېفون تۈۋرۈكلىرىنى ئۆرۈپ تاشلىدۇق ۋە شىخودىن تەخمىنەن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بەش خۇرجا دېگەن يەرگە كۈن چۈش بولغاندا يېتىپ باردۇق. خەلق بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. دەل شۇ پەيتتە ھېسامىددىن لىيەنجاڭ يولۋاس بەنجاڭنى ئازدۇرۇپ، شىخوغا قېچىپ كەتتى. بۇ ئىش مەلۇم بولغاندىن كېيىن دەرھال يۈرۈش قىلىپ، يېرىم كېچە بىلەن چېپەيزى دېگەن يەردىكى ئالدىنقى پوستقا ئۇچرىشىپ قالدۇق. بىر ئاز ئوق چىقىرىشلاردىن كېيىن بىز بۇ يەردىن چېكىندۇق. بۇ سەۋەبلىك يول باشلىغۇچى قازاق قېرىندىشىمىزدىن ئۆتتى. چېكىنىش تەرتىپسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىپ قالدۇق. ئەتىسى چۈش بىلەن بىر قازاق يايلىقىغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە تاماق يەپ دەم ئېلىپ تۇرساق بىزدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن سەپداشلىرىمىز يېتىپ كەلدى. دەم ئېلىشتىن كېيىن پىلان

بويىچە ئۇلانبۇلاققا قاراپ ماڭدۇق. يېقىنلاشقاندا ئابلىمەت پەيجاڭ يېتەكچىلىكىدە يەتتە نەپەر ئادەم قىسىم ئالدىغا رازۋېد قىلىپ ماڭدۇق. خائىن ھېسامىدىننىڭ پاش قىلىپ قويۇشى بىلەن بىزدىن بالدۇر گومىنداڭ شتابىدىن ئۇلانبۇلاققا ئىككى لىيەن ئاتلىق قىسىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. ئۇلانبۇلاققا يېقىن بارغاندا تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىدۇق. ھۇجۇمدا غېنى بەنجاڭ باشلىق سەككىز نەپەر جەڭچىمىز قۇربان بولدى. بىزمۇ دەرھال دۈشمەن قوشۇنى ئورۇنلاشقان تاغنى قورشىۋالدۇق. شىددەتلىك جەڭ بولدى. سوپاخۇن كۆپچىلىكنىڭ توسۇشىغا قارىماي بىر يېنىك پىلىموت، ئىككى دېسكا ئوق بىلەن دۈشمەنگە 100 مېتىرچە يېقىنلاپ بېرىپ، ئوت ئېچىپ، قۇربان بولغان توققۇز نەپەر سەپدىشىمىز ئۈچۈن مۇناسىپ ئىنتىقام ئالدى. جەڭ قاراڭغۇ چۈشۈپ كۆز باغلانغانغا قەدەر داۋام قىلدى. نۆۋەت بىلەن مۇداپىئە قىلىپ ئارقىمىزغا چېكىنىپ، سېتىۋالدى دېگەن قازاق يولدىشىمىزنىڭ يول باشلىشى بىلەن دۈشمەن كۆزىدىن غايىب بولدۇق.

بىز ئاخىرى چۆچەك تاشيولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، 5-ئاينىڭ 4-كۈنى مىللىي ئارمىيە ئالدىنقى سېپى بولغان بورتالا قىزىلتۇزغا 97 نەپەر ئادەم سالامەت يېتىپ باردۇق. بىزنى جەڭچىلەر ۋە خەلق ئاممىسى قىزغىن قارشى ئالدى. قارشى ئېلىشتىكى تەنتەنىلەر، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ كىيىم-كېچەك، قورال-ياراغ، ئىنتىزام ۋە ئەخلاقى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىسسىق مېھرى-مۇھەببىتى بىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. بىز بۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ، پەۋقۇلئاددە ياخشى كۈتۈۋېلىندۇق (بۇ يەردىكى جەڭچى يولداشلارنىڭ ئېيتىشىچە مىللىي ئارمىيە ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى بىزنىڭ مايتاغدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئىلىغا قاراپ جەڭ بىلەن يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتـقىنىمىزنى ئاڭلاپ 50 نەپەر پارتىزان تەشكىللەپ، قورال-ياراغ، ئوق-دورا، يېمەك-ئىچمەك، دورا-دەرمەك ئەۋەتكەن ئىكەن، ئەپسۇسكى تېپىشالماپتۇق. ئەتىسى بورتالاغا قاراپ يولغا چىقتۇق. بورتالا شەھىرىنىڭ سىرتىدا نەچچە مىڭلىغان خەلق بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى، بىز شەھەردىكى چوڭ كۇلۇبقا ئورۇنلاشتۇق. بۇ يەردە تۆت كۈن دەم ئالدۇق. دەم ئېلىش جەريانىدا ئۆزىمىزنى تەرتىپكە سېلىپ، مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن قويۇلغان كومىسسار يېتەكچىلىكىدە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىنتىزامىنى ئۆگەندۇق.

بورتالادىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىئانە توپلاپ، ھەر بىرىمىزنى يېمەك-ئىچمەك بىلەن كاتتا زىياپەت قىلىپ كۈتۈۋالدى، 5-ئاينىڭ 8-كۈنى كەچتە ئىلىدىن ئەۋەتىلگەن

بەش ئاپتوموبىل بىلەن غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. يول بويى كەڭسايدا قونىدۇق، بۇ يەردىمۇ بىزنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشتى. ئەتىسى سائەت بىردە سۈيدۈڭگە يېتىپ كېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشلىرى ئاستىدا توختىماي ئىلگىرىلەپ باياندايغا يېتىپ كەلدۇق. باياندايدا بىزنى مىللىي ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، مىللىي ئارمىيە كوماندىر -جەڭچىلىرى ۋە نەچچە ئونمىڭلىغان ئاممىا ئىنقىلابىي شوئار ۋە تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە قىزغىن كۈتىۋالدى. «ئۇررا!» سادالىرى جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

سوپاخۇن تۆەنجاڭ ھەربىيچە چەبدەس قەدەملەر بىلەن ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە مىللىي ئارمىيە گېنېراللىرىغا راپورت بەردى.

باياندايدىن يەنە غۇلجا شەھىرىگە ئاپتوموبىل بىلەن دوخۇۋوي ئوركېستىر سادالىرى ئىچىدە يۈرۈپ كەتتۇق. غۇلجىدا ئاۋۋال غىزالىنىۋالغاندىن كېيىن تىزىلىپ، جۇل-جۇل كىيىملىرىمىز بىلەن شەھەرنى ئايلىنىپ، باش قوماندانلىق شتابىغا باردۇق. شۇنداق قىلىپ بىز جاپالىق كۈرەش بىلەن گومىنداڭنىڭ فاشىستىك تېررورلۇقى ئەۋج ئالغان زالالەت دۇنياسىدىن غەلىبە بىلەن بەخت-سائادەت دۇنياسىغا قايتىپ كەلدۇق.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى، مەرھۇم رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى بىزنى قوبۇل قىلىپ، بىزنىڭ ئىنقىلابىي روھىمىزنى مەدھىيىلەپ، داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىشىمىزغا ئىلھام بەردى. كۆپ ئۆتمەي سوپاخۇنغا مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى ئۇنۋانى بېرىلدى. شۇنىڭدەك بارلىقىمىز مىللىي ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ 2-دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلاندۇق.

غۇلجىدىكى جەڭگىۋار ھايات، ئەركىن، باياشات تۇرمۇش، مۇكەممەل ئىجتىمائىي ئىنتىزام گومىنداڭ ئارمىيىسىدە بىزگە سىڭىپ قالغان ناچار ئىللەتلىرىمىزنى ئۆزلىكىمىزدىن تاشلاشقا تۈرتكە بولدى.

شىخو 1945-يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا ئازاد بولدى. 1945-يىلى 9-ئاينىڭ 7-كۈنى ھۆكۈمەت تاپشۇرۇقى بىلەن شىخوغا باردىم، كوچىدا مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى فورمىسىدا كېيىنگەن ئىككى نەپەر قازاق جەڭچى تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قېلىپ مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ كۆرۈشتى. بۇلار نۇرپاينىڭ ئىنىلىرى ئىكەن، ئۇلاردىن مەن قازاق خەلقىنىڭ باتۇر، قەيسەر قەھرىمانى نۇرپاينىڭ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

1945-يىلى 5-ئاينىڭ 2-كۈنى خائىن ھېسامىددىن بىلەن يولۋاس بىزدىن قېچىپ شىخوغا بېرىپ، گومىنداڭ ئارمىيە شتابىغا دوكلات قىلغاندىن كېيىن گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرى بۆرتۆڭكىدىكى بىر لىيەن ئەسكىرىنى نۇرپايلارنىڭ ئاۋۇلىغا ئەۋەتكەن. ئۆيدىكى نۇرپاي باشلىق قازاق قېرىنداشلىرىمىز باتۇرلارچە ئېلىشىپ، ئاخىرقى بىر تال ئوقى قالغىچە ئۇرۇش قىلغان. گومىنداڭ جاللاتلىرى نۇرپاي باشلىق توققۇز كىشىنى ۋە ياردار بولۇپ نۇرپاي ئېلىپ قالغان سەپدىشىمىز ئەخمەت ئېلىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەن.

* * *

ئاخىرى ھايات قالغان جەڭچىلەر زالالەتتىن-سائادەتكە يېتىشتۇق، بىز غەلىبە قىلدۇق.

شۇنداق قىيىن شارائىتتا بىزنىڭ بۇ غەلىبىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ئاساسلار تۆۋەندىكىچە:

1. يول بويى ھەر مىللەت خەلقى بىزنى قوللىدى، ياردەم بەردى، غەيرەتلەندۈردى.

2. مايتاغدىن قوزغالغان سوپاخۇن باشچىلىقىدىكى جەڭچىلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىنى بېشىدىن بىۋاسىتە كەچۈرۈپ، چىدىغۇسىز ھالەتكە كەلگەنلىكى ئۈچۈن يورۇقلۇققا، ئازادلىققا ئوچىقى غۇلجىغا بولغان ئىنتىلىشى كۈچلۈك، ئىنقىلابىي ئىرادىسى ئۈستۈن بولدى.

3. سوپاخۇن قاتارلىق يېتەكچىلىرىمىزنىڭ ھەربىي تاكتىكىسى ئۈستۈن بولۇپ، يولبويى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن جەڭ قىلىپ بىزنى باشلاپ ماڭدى. يۇقىرىدىكى سەۋەب ۋە ئامىللار بولغاچقا، ئەتراپىمىزنى قورشاپ تۇرغان نەچچە ئونمىڭ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قورشاۋىنى ماھىرلىق بىلەن بۆسۈپ چىقىپ، غەلىبە بىلەن مىللىي ئارمىيە بىلەن قوشۇلالىدۇق.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، بۇ ۋەقەگە 40 يىل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1958-يىلىدىن بۇيان ھەر خىل ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە ئىنتايىن سول لۇشيەننىڭ كاساپىتىدىن ناھەق ئازابلارغا ئۇچراپ، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىم تۆۋەنلەپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ياش كىتابخانلىرىمىزنىڭ شۇ يىللاردىكى ئىنقىلابىي پېشقەدەملەرنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ۋە شۇ چاغدىكى ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن، ئېسىمدە قالغانلىرىنى يېزىپ چىقتىم. بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان بىر قىسىم يولداشلار ھازىرمۇ ھايات، ئۇلارنىڭ چالا قالغان، خاتا بولۇپ قالغان تەرەپلىرىنى تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەسىرى

مۇھەممەدىن ئىسلامى

گومىنداڭ ھاكىمىيىتى جاللات شىڭ شىسەينىڭ ئىزىنى بېسىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ھەر جەھەتتىن دەھشەتلىك ئېزىش، ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەزەپ-نەپرىتىگە ۋە كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. جۈملىدىن كۆتۈرەلىگۈسىز تۈرلۈك ئېغىر ئالۋاڭ-ياساق، باج، ھاشار، سەيسە، پاراق، سەيجۇلىرى خەلقنىڭ جېنىغا پاتتى. كىچىك بىر مىسال: 20-ئەسىردە سېپىل سوقتۇرۇش ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇق، 1943-يىلى ئاتۇش ھاكىمى ئۇۋياڭنىڭ پىلانلىشى بويىچە ئاتۇش ئازاق كەنتىگە دائىرىسى خېلى كەڭ، قېلىن ھەم ئېگىز ئالاھىدە سېپىل سوقتۇرماقچى بولۇپ، خەلقنى ھاشارغا ھەيدەپ، چىدىغۇسىز جەبرى-زۇلۇم بىلەن 7 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان ئەر-ئاياللارنى ئىشلىتىپ، 1944-يىلى سېپىلنى پۈتتۈردى. دېمەك مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئېغىر زۇلۇم، ھەبىس قىلىش، قىرىش-ئۆلتۈرۈش خەلقنىڭ يەلكىسىنى تاغدەك بېسىپ، قەددىنى رۇسلاشقا پۇرسەت بەرمىدى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا خەلق نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەقەززالىق بىلەن بىر نىجاتلىقنى ئىزدەپ تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقان پەيتتە، ئىلىدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلاب پارتلىدى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى 1944-يىلدىكى قوزغىغان ھەققانىي ئىنقىلابى 1930-يىللىنىڭ باشلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇستەبىت جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە زور مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىي ھەرىكەت بولدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىن يۈرىكى بىلەن ھىمايە قىلىشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئۇتتەك قىزغىن پىداكارانە

www.uyghurkitap.com



روھ بىلەن قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، ئاز ۋاقىت ئىچىدە گومىنداڭچىلار ئۈستىدىن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە قىلىپ، شانلىق ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ غەلىبە قىلغانغا قەدەر تارقالغان خوشخەۋەرلەر پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىدى. بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ زۇلۇمى جىنىدىغا پاتقان، ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە تەشنا بولۇپ، ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش تىلىكىدە تۇرغان ھەر مىللەت خەلقى بەك تەسىرلىنىپ ھاياجان ئىچىدە ئۈمىدۋارلىقتا چۆمدى. بولۇپمۇ قەشقەر خەلقى ھەممىدىن ئارتۇقراق شادلاندى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىر دائىرىسى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭىيىپ، خەلق پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئازادلىق تەنتەنىسىنى كۆرۈشنى ئىنتايىن تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. لازىم تېپىلسا ئەزىز جانلىرىنى تىكىشكە تەييار تۇردى. قەشقەر كونا شەھىرى بىلەن ئاتۇشتىكى ئىلغار ياشلار ـ زىيالىيلار يوشۇرۇن تەشكىللىنىپ، ئىلى تەرەپ بىلەن ئالاقە باغلاشقا تىرىشتى. ئاتۇشتىكى تەشكىلنى ھەرىكەتنىڭ يېتەكچىسى، ئەڭ قىزغىن يالقۇنلۇق ئادەم ئابدۇللا مەھمۇدى ئۆز ئەتراپىغا يۈزلىگەن ياشلارنى توپلىدى ھەم خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ئاتۇش ياشلىرى تەشكىلى نامىدىن سەلەي ھاجى ئەمەت ئوغلىنى يوشۇرۇن ھالدا ئىلىغا ئۇزاتتى. ئەپسۇسكى، بۇ ۋەتەنپەرۋەر ئىزسىز يوقاپ كەتتى.

قەشقەر كونا شەھەردە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئەتراپىغا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مىڭلىغان ئادەم يوشۇرۇن ئۇيۇشتى. ئۇلار بۇيرۇق بولسىلا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەندى. ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پائالىيىتى ۋە غەلىبە خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ قىن ـ قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇپ بىر ـ بىرىنى رىغبەتلەندۈرەتتى.

1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنلىرى ئىلى تەرەپ جەنۇبىي شىنجاڭغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن مەلۇم ساندىكى ئەسكىرىي كۈچىنى يۆتكەپ كۆنەس ئارقىلىق ئۇششاق تالغا ھۇجۇم قىلدى. 8 ـ ئايدا توقسۇننىڭ ئالغويى دېگەن جايىغا ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن ئاتنى ئېلىپ كەتتى. 9 ـ ئايدا قاراشەھەرنىڭ ساغان ئوسۇن دېگەن جايىغا بېسىپ كىردى. گومىنداڭنىڭ شىخۇ ـ مايتاغدىكى قوشۇنى ئىچىدىن سوپاخۇن باشچىلىقىدا بىر باتالىيون ئەسكەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئىلى تەرەپكە ئۆتتى. بۇ ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن قوشۇنى تولۇقلاپ، تولۇق قوراللانغان

هالدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاقسۇ بايغا چۈشۈپ، باينى ئازاد قىلىپ، ئوسمان موللىنى ھاكىم، ياسىننى ساقچى ئىدارە باشلىقى قىلىپ تەيىنلەپ، ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاقسۇ كونا شەھەرنى ئىشغال قىلىش بىلەن يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئۈزۈلدى. دەل شۇ مەزگىلدە ئىلى تەرەپ ھۈسەن قارى، ئاسىلقان ۋە مۇنەۋۋەر خوجا باشچىلىقىدا بىر بۆلۈم قوشۇننى ئاقسۇغا ياردەمگە چۈشۈردى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا قەشقەر ۋە تاشقورغانلاردا گومىنداڭغا قارشى يەر ئاستى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. جۈملىدىن 1945-يىلى 8-ئاينىڭ 3-كۈنى تاشقورغاننىڭ سۇ بېشى دېگەن يېرىگە بىر تۈركۈم پارتىزان قوشۇنى ھۇجۇم قىلىپ، ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلدى. 8-ئاينىڭ 22-كۈنى ئېغىر تىپتىكى قوراللار بىلەن تاشقورغاننى ئىشغال قىلىپ، يېڭىسارغا يېقىنلىشىپ، تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقاتتى. بۇ پارتىزانلار قاغىلىق، پوسكاملارغا تەسىر كۆرسىتىپ، گۇما ۋە يەكەنلەرگە ھەم ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. گومىنداڭچىلار قاتتىق خەۋپ ئاستىدا قېلىپ، ئالاقزادىلىككە چۈشتى. دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئاقسۇغا چۈشكەن ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى بۇيرۇق بويىچە ئىلىغا قايتتى. بۇ كۈتۈلمىگەن ئەھۋال جەنۇب خەلقىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭچىلار مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلغاندەك جېنى بىر ئاز ئارام تاپتى.

قەشقەر ئەتراپىدا پارتىزانلىق ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان مەزگىللەردە گومىنداڭچىلار ئۆز ئىستىقبالىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزۈپ، بىر قېتىم زور تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ: «ئۈچ ۋىلايەت ئوغرىلىرىغا ئەگىشىپ تەشكىللىنىپ، تۈرمىنى تېشىپ چىقىپ ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولدى» دېگەن بۆھتان بىلەن قەشقەر كونا شەھەر قۇمدەرۋازىدىكى تۈرمىدە ياتقان يۈزلىگەن بىگۇناھ مەھبۇسنى ئېتىپ، چېپىپ، جادىغا بېسىپ ياۋۇزلارچە قىرىپ تاشلىدى. بۇنىڭلىق بىلەن ئىنقىلابچىلار ۋە خەلق قورقۇپ كەتمىدى، بەلكى تېخىمۇ غەزەپ-نەپرىتى تېشىپ، خەلقنى ئۈيغىتىش پائالىيىتىنى بىر مىنۇت توختاتمىدى. قەشقەر ۋە يەكەندىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ ھېمايىسى بىلەن ئالماخۇن، نىزامىدىن، قۇتلۇق ئەپەندى ۋە بارىتاخۇن قاتارلىق ئىنقىلابچىلار خەلق ئىچىدە يوشۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ئۇلار ئۆز تەشۋىقلىرىدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پائالىيەت ھەرىكىتى،

مەقسىتى، ئېرىشكەن ئۇلۇغ غەلىبىلىرى، پات يېقىندا شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن پۇختا تەشكىللىنىپ ماھىرلىق بىلەن سىياسىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشنىڭ لازىملىقىنى تەرغىب قىلدى. شۇنىڭدەك تارىختىكى قەھرىمانلاردىن سادىر پالۋان، نوزۇگۇملار ھەققىدە يېزىلغان داستان، ماقالىلەر تونۇشتۇرۇلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قەھرىمانلىرى ھەققىدە ئاچايىپ تەرىپلەر، قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرىنى سۆزلەپ، ياشلارغا ئىنقىلابىي روھ بېرىپ رىغبەتلەندۈردى.

مەن بىر قېتىم ئاتۇشتىن كونا شەھەر قوغانغا كېلىپ باقى ئاۋات دېگەن بىر ئاتچى ئائىلىسىدە قۇتلۇق ئەپەندى بىلەن سۆزلەشكىنىمدە، بۇ كىشى يۇقىرىدىكى تېمىلار ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ياشلار ناھىيە، يېزىلار ئارا يوشۇرۇن ئالاقىلىشىپ تۇراتتى. گومىنداڭچىلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قەشقەردە چوڭقۇر يىلتىز تارتىۋاتقان تەسىرىنى تازىلاش ئۈچۈن، ئىنقىلابچىلارنى ئۇجۇقتۇرۇش كويىدا بولسىمۇ، لېكىن ئىشنىڭ يوغىناپ كېتىشىدىن قورقۇپ جۈرئەت قىلىشقا پېتىنالمايتتى. چۈنكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرى ئۇلارنى ئامالسىز قالدۇرغانىدى.

ئىنقىلابچىلارنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغان گومىنداڭچىلار يوشۇرۇن خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق ئىنقىلابچىل ياشلارنى تەقىپ قىلىش يولى بىلەن كونترول قىلىشقا كىرىشتى. ساقچى ئورگانلىرىنى ياردەمچى ئورۇنغا قويۇپ، مەخپىي ئىشلار تىزگىنىنى ھەربىي دائىرىلەر ئۆز قولىغا ئالدى. مەمۇرىي ۋە ھەربىي قىسىملاردىن بىر تۈركۈم ئادەملىرىنى پۇقراچە كىيىندۈرۈپ، يەرلىك ئىشپىيونلار بىلەن بىرلىكتە خەلقنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزۈپ، جايلاردىكى پولك شتابى، لىيەن شتابلىرىنىڭ قوماندانلىقىدا ئاخبارات توپلاشقا كىرىشتى. خەلق ئىچىدىكى كوممۇنىستلارغا قارشى، گومىنداڭنى ياقلىغۇچى بىر تۈركۈم «نوپۇزلۇق زاتلار» نىڭ ئۆيلىرىنى زىيارەت قىلىش ۋە سوۋغا تەقدىم قىلىش يولى بىلەن ئۆز تەرىپىگە تارتىپ، ئۆزىنىڭ تېررورلۇق قىلىشىغا ھەمكارلىشىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئەينى ۋاقىتتا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇ ھەقتە ئالاھىدە رول ئوينىغان سوپى بەگ ھاجى ئەنە شۇنداق قۇۋلۇق-شۇملۇقلارنىڭ سەھنىدىكى باش رولچىسى ئىدى. بۇ رەزىل ئۇنسۇر بىر قىسىم قۇيرۇقچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۇرتمۇ-يۇرت قاتراپ خېلى ئويۇن كۆرسەتكەنىدى.

گومىنداڭچىلار: «ئەدەب بىلەن ئىدارە قىلىش» پەلسەپىلىرىنى بازارغا سالسا،

بىر تەرەپتىن: «جۇڭگودىكى بەش چوڭ مىللەت (خەنزۇ، خۇيزۇ، مۇڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇردىن ئىبارەت) ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش هوقۇقىغا ئىگە» دېگەن زۇڭلىنىڭ ① تەلىماتىنى بولۇشىغا ۋارقىراپ، ئەمەلىيەتتە باشقىچە ئىش كۆرۈشتەك مەككارلىقلارنى ئىشلىتىپ، خەلقنى ئالداپ بايىقىدەك بەگ هاجى، شاڭجاڭ، بۈجاڭ ... لاردەك يالاقچىلىرىنى ئىچكى جەهەتتە تايانچ قورالى قىلىپ، ئۇستىلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ۋەهشىي قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى. 1945 - يىلى 4 - ئايلاردا يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللاردا يالاقچىلىرىنى قوتۇرتىپ قەشقەر كوناشەهەردە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا قارشى «نامايىش» ئۇيۇشتۇرۇپ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى: «كوممۇنىست»، «سوۋېتكە سېتىلغان»، «شىڭ شىسەي ۋاقتىدا قەشقەر تۈرمىسىدە مەهبۇسلارنى پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىدە قولى بار» ۋەهاكازا شوئارلارنى ۋارقىراپ، شەهەرنى بېشىغا كىيدى. ئۇلار «ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ هويلىسىغا بېسىپ كىرىپ تارتىپ چىقىمىز» دېگەن بولسىمۇ، «مەخسۇمنىڭ ئارقا تىرىكى بار، بېشىمىزغا بىر بالا تېرىۋالىمىز» دەپ قورقۇپ، دېگىنى بويىچە سۇيىقەست قىلىشقا پېتىنالمىدى.

1945 - يىلى 7 -، 8 - ئايلاردا قەشقەر ۋە يەكەندىن ئالىماخۇن، نىزامىدىن، قۇتلۇق ئەپەندى، بارىتاخۇن، ئابلىز مۇهەممىدى، ئۆمەر سالى باشلىق قانچە ئونلىغان كىشىلەرنى تۈرمىگە تاشلاپ، سوراققا تارتتى. 1945 - يىلى 6 - ئايدا گومىنداڭ هۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت هۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆهبىتى باشلانغان چاغدا يۇقىرىدىكى كىشىلەرنى تۈرمىدىن چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. دېمەك، گومىنداڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي هەرىكىتىنى قوراللىق بېسىقتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، مەخپىي ئىش ئېلىپ بېرىپ، ئىنقىلابچىلارغا تەشۋىق يۈرگۈزۈپ: «كوممۇنىستلار ۋەهىمىسى»، «ئۈچ ۋىلايەت ئوغرىلىرى»، «ئالتە ئوغرى»، «قىزىل پاچاق»، «سوۋېتكە سېتىلغانلىق» ۋەهاكازالارنى هەدەپ ۋارقىراپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا نىسبەتەن خەلقنىڭ مايىللىقى ۋە مۇهەببىتىنى سوۋۇتۇشقا ئۇرۇنۇشتىن باشقا ئامال تاپالمىدى. گومىنداڭچىلار قانداقلا قىلسۇن، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىدسىزلىكىنى ۋە روهىي كەيپىياتىنىڭ تۆۋەنلىكىنى يوشۇرالمىدى. خەلق بولسا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە نىسبەتەن چەكسىز ئۈمىدۋار بولۇپ، تاغ چوققىسىدىكى مەزمۇت قارىغايدەك مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى هەم ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ بىسىمى

بىلەن «11 ماددىلىق بىتىم» خەلقنىڭ پايدىسىغا تۈزۈلۈپ، دەسلەپكى غەلىبە قولغا كەلدى.

«11 ماددىلىق بىتىم» گە بىنائەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەسىس قىلىنىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە غەربىي-شىمالنىڭ ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدارى جاڭ جىجۇڭ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئەخمەتجان قاسىمى ھەمدە بۇرھان شەھىدى مۇئاۋىن رەئىسلىككە، مەمتىمىن ھەززەت تەمىنات نازىرى، سەيپىدىن ئەزىزى مائارىپ نازىرى، جانىمقان ھاجى مالىيە نازىرى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە سالىسلار مۇئاۋىن باش كاتىپ، ئېلىخان تۆرە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ئابلىز مەخسۇم ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ئوسمان ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ تەيىنلەندى (بۇ يەردە ھۆكۈمەت تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنىڭ بىر قىسمىلا كۆرسىتىلدى.)

بىتىمدىن كېيىن بىتىمگە ئاساسەن ھەر بىر ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە سايلام ھەيئەتلىرى ئەۋەتىلىپ، يەرلىك ھاكىمىيەتنى تىكلەش (خەلق ۋەكىللىرى ئارقىلىق يەنى ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم ۋە ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاش ئىشى ئېلىپ بېرىلدى. 1946-يىلى 10-ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭغا سايلام ھەيئىتى بولۇپ بۇرھان شەھىدى، مەمتىمىن ھەزرەت، سەيپىدىن ئەزىزى، قاسىمجان قەمبىرى، ئىمىن مەخسۇم ۋە خەلپەت سىدىقلار باردى. سايلام ئىشى نۇرغۇن سىياسىي كۈرەشلەر ئارقىلىق بىتىمنىڭ 1-ماددىسى بويىچە ئاساسىي جەھەتتىن خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، گومىنداڭچىلار خەلققە ئورۇن بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. سايلام جەريانىدا گومىنداڭچىلارنىڭ چىدىماسلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن ئىككى تەرەپ جىددىي سىياسىي كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. يۇقۇرىدىكى سايلام ھەيئەتلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان دېموكراتىيىنى ئاساس قىلغان سايلام ھەرىكىتىنىڭ ئۆزى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى جەنۇبتا تېخىمۇ كۈچەيتىش رولىنى ئوينىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بولۇپمۇ قەشقەردە ئۆز كۈچىنى نامايان قىلدى. گومىنداڭ ئۈستىدىن سىياسىي جەھەتتە زور غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ۋەزىيەت بىر قەدەر ياخشىلاندى. خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى دەسلەپكى قەدەمدە بىر قەدەر قاندۇرۇلدى.

لېكىن جۇشقۇن روھقا ئىگە ئىنقىلابىي ياشلار بۇنىڭغا قانائەتلىنىپ قالماستىن ئۆزۈل-كېسىل غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا پائالىيەت

ئېلىپ باردى. تەشۋىقات ئىشلىرىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بار ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ھەر قايسى ناھىيىلەردە گېزىت نەشر قىلىشقا باشلىدى. جۈملىدىن ئاتۇش ناھىيىسىدە سالى داموللا ھاجى رىياسەتچىلىكىدە «ئاتۇش گېزىتى» چىقىرىلدى.

سايلام خىزمىتى ئاخىرلىشىپ كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، يەنى 1947-يىلى رەئىس جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق بىر تۈركۈم رەھبەرلەر سايلامدىن كېيىنكى ۋەزىيەتنى بىلىش ۋە جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن قەشقەر ۋە خوتەنلەرگىچە باردى. ئۇلار جەنۇب خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. بىر قېتىم قەشقەر ۋالى مەھكىمىسىدە ناھىيە ھاكىملىرىنى ئاساس قىلغان سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى ئەپەندىلەر ھەر قايسىلىرى ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرى بويىچە نۇتۇقلار سۆزلىدى. سۆھبەتتە ناھىيە ھاكىملىرى ئۆز ناھىيىلىرىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، خەلق نامىدىن تىلەك-ئارزۇلىرىنى قىزغىن ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشتى. (مەنمۇ ئاتۇش ھاكىمى بىلەن بۇ يىغىنغا قاتناشقان ئىدىم.)

يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغان رەئىس جاڭ جىجۇڭ پىكىر-تەلەپ، سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتە، قەشقەردە سىياسىي جەھەتتە ئىككى مۇنار بارلىقىنى، قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىدىكى ئىككى مۇنارغا تەمسىل قىلىپ، لېكىن بۇ ئىككى مۇنارنىڭ جىددىي خەۋپ ئىكەنلىكىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى ئاساس قىلىپ جاۋاب بەردى. جاڭ جىجۇڭنىڭ جاۋابىغا قانائەتلەنمىگەن يىغىن ئەھلى ئارقا-ئارقىدىن كەسكىن پىكىر بايان قىلىپ، سۆھبەت يىغىنى جىددىي رىقابەت ۋە مۇنازىرىگە ئايلىنىپ كەتتى. نەتىجىدە سۆھبەت يىغىنىنىڭ كۇنلىرى ئۇزاردى. جاڭ جىجۇڭ نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى ۋە ھەسرەتلىنىپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قالدى.

خەلق ئاممىسى ئۆز پىكىرىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ۋەكىللەر چۈشكەن ۋالى مەھكىمىسىگە قاراپ دەرياdek ئۆركەشلەپ ئاقتى، ئۇلار: «بىتىمنىڭ تولۇق ئىجرا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىمىز!»، «بېرىلگەن تەلەپ، پىكىرلىرىمىزگە قانائەتلەنگىدەك جاۋاب بېرىلسۇن!»، «جاڭ ئەپەندى قېشىغا كىرىپ پىكىر بايان قىلىشىمىزغا يول قويۇلسۇن!»، «جاڭ ئەپەندى ئالدىمىزغا چىقىپ پىكىرىمىزنى ئاڭلاپ جاۋاب بەرسۇن!»، «بىزگە ئەركىنلىك، ئازادلىق كېرەك!» دېگەن تەلەپ شوئارلىرى گۈلدۈر-مامىدەك بەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بۇ چاغدا قەشقەردىكى گومىنداڭ سىلىكىبۇسى

مەخپىي ھەربىي ھالەتتە تۇردى ۋە بىر پولك ئەسكەر ۋالى مەھكىمە ئەتراپىدا مۇھاپىزەت ۋە مۇداپىئەدە تۇردى. جاڭ جىجۇڭ مىڭ تەسلىكتە ھەربىيلەرنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا سىلىڭبۇغا كىرىۋېلىپ، ئىككىنچىلەپ ئوتتۇرىغا چىقالماي، ۋەكىللەر بىلەن بىللە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە تىكىۋەتتى.

ئەينى ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئاقسۇ گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەڭ ئۇستۇن ئورۇن بولدى. قەشقەر بولسا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك ئورۇن ئىدى. شۇ نۆۋەتتىكى ۋەكىللەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كۆچۈرۈشىدە بۇ ئىككى ۋىلايەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەشنىڭ ئېنىق سىلىشتۇرمىسى ۋە ئۆز رولىنى كۆرەك قىلغان بىر مەيدان ئېلىشىش بولدى.

1947-يىلى 5-ئايدا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى (چوڭچىڭ ھاكىمىيىتى) شىنجاڭنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىنى جاڭ جىجۇڭدىن مەسئۇد ئەپەندىگە ئېلىپ بەردى. بۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ «11 ماددىلىق بىتىم» نى ئىجرا قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ۋە بىتىمگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆلكە رەئىسلىكىنى يەرلىككە بەرسەكلا ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ، جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلۇپ قالىمىز، دېگەن ئەخمىقانە پوزىتسىيىسىگە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ رەددىيە بەردى ۋە قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە مەسئۇدنىڭ رەئىسلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىق يۈزىسىدىن ئاممىۋىي نامايىشلار بولدى. بۇ چاغدا قەشقەردىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئاممىۋى نامايىشلار يۈز بەردى. جۈملىدىن ئاتۇشتا نامايىش جۇمە كۈنى ئۆتكۈزۈلۈپ، پىلان بويىچە 24 كەنتتىن 10 مىڭلىغان ئادەم نامايىشقا قاتناشتى. شوئارلار توۋلىنىپ، تەشۋىق ۋەرەقىلىرى تارقىتىلدى. نامايىشچىلار ئىشپىيونلار ئۇۋىسى بولغان لىيەن شتابىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئىشپىيونلار باشلىقلىرىدىن 10 غا يېقىن ئىشپىيون مۆكۈۋالغان يېرىدىن تارتىپ چىقىرىلىپ، خەلق سوتى تەرىپىدىن سوراق قىلىنىپ قاماپ قويۇلدى. لېكىن گومىنداڭچىلار جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خەلقتىن قورقۇپ جىددىي ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرى بولغان ئىلغار كىشىلەرنى تۇركۇم-تۇركۇملەپ ھەربىي تۈرمىلەرگە تاشلىدى. ھەر قايسى ناھىيىدىكى تۈەن، لىيەن، شتابلىرى ئىشپىيونلار ئارقىلىق تۇركۇملەپ ئىنقىلابچىلارنى قولغا ئېلىپ، دەھشەتلىك قىيناپ سوراق قىلىشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن باشلىق دەپ تونۇلغانلىرىنى قەشقەر كونا شەھەردىكى سىلىڭبۇ تۈرمىسىگە تاپشۇردى. جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتۇشتىن

ئابلەت زوھورىدىن، سىدىق شېرىپ، توختى باقى ھەم پېقىرمۇ بار ئىدى. پەيزىۋاتتىن ئۆمەر سالى، توختى قۇربان، ئابدۇللا قازى ۋە قابىل تۇرسۇنلار ، قەشقەر كونا شەھەردىن قاسىمجان قەمبىرى، ئالماخۇن، نىزامىدىن، ئابلىز مۇھەممىدى، ئابدۇلھەق ئەزىزى، بارىتاخۇن، ئابدۇرېھىم پېتەك ۋە تۇرغۇن ئالماس قاتارلىق نەچچە ئونلىغان كىشىلەر بار ئىدى. تۈرمىگە تاشلانغان بۇ بىگۇناھ قامالغان مەھبۇسلار خۇددى شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىلىرىدەك دەھشەتلىك قىينالدى ۋە سوراق قىلىندى.

بۇ ۋەقە 1947-يىلى 21-ئىيۇلدا باشلانغانلىقى ئۈچۈن «21-ئىيۇل قانلىق ۋەقەسى» دەپ ئاتالدى.

قىيناش، سوراق قىلىش بىر يەرگە بارغاندا مەھبۇسلارنى بىر-بىرىگە قوشۇپ قامىدى. چىرىكلىكتە چېكىگە يەتكەن گومىنداڭچىلار ۋە ئۇنىڭ يالاقچىلىرى، گۇندىپايلار «بەش لەڭ»، «تۆت ئۇشۇق»، «خۇيىخۇياڭ» (جۇپ-تاق) قاتارلىق قىمارلارنى ئويناشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرى باش بولۇشۇپ، مەھبۇسلارنى قىمارغا سالاتتى.

بىر كۈنى تۈرمىدە مۇنداق بىر كۈلكىلىك ۋەقە بولدى: تۈرمىدە سۇ بولمىغانلىقتىن مەھبۇسلار تەيەممۇم بىلەن ناماز ئوقۇيتتى. بىر كۈنى ئەمەت ئۆمەر (پېشقەدەم ئارتىس) پېشىن ۋاقتىدا كامىردا تۇرۇپ ئەزان ئوقۇدى. ئەسەبىيلەشكەن گۇندىپاي كارىدوردا تۇرۇپ : «ئەزان ئېيتما!» دەپ ۋارقىرىدى. ئەمەت ئۆمەر پەرۋا قىلماي تېخىمۇ ئۈنلۈك توۋلىدى. گۇندىپاي ئاچچىقىغا پايلىماي كامىرنىڭ تاماق سۇنىدىغان تۆشۈكىنى ئېچىپ ۋاقىراپ «مالىگى پى» («ئاناڭنىڭ ئېمى») دەپ تىللىدى. ئەمەت ئۆمەر ئەزاننى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تۆشۈككە كېلىپ «ئېخ، تۇف» دەپ گۇندىپايغا قارىتىپ قاتتىق تۈكۈردى. تۈكۈرۈك گۇندىپاينىڭ قاڭشىرىنى بويلاپ، كالپۇكىغا چۈشتى، ئەمەت ئۆمەر ئىككى قولىنى تىزىغا ئۇرۇپ، مەسخىرە قىلىپ قاتتىق كۈلدى ۋە «پاھ مۇنۇ ئەبلەخ ئىپلاسقا ياراشقىنىنى قاراڭلار، ھا، ھا، ھا!» دەپ يەنە كۈلدى. گۇندىپاي چالۋاقاپ ۋارقىرىغىنىچە كېتىپ، مىلتىق، پىلىموتلۇق چېرىكلەرنى باشلاپ كېلىپ، تۈرمىنى بىر لىيەن قوراللىق ئەسكەر بىلەن مۇھاسىرە قىلىپ تۇرۇپ، ئەمەت ئۆمەرنى كارىدورغا ئېلىپ چىقىپ، قاتتىق ئۇرۇپ، پۇتىغا سەككىز كىلوگراملىق كىشەننى سېلىپ قويدى. ئەمەت ئۆمەر كىشەننى مەڭگۈستىمەي ھەر خىل ئاۋاز چىقىرىپ مېڭىپ ئويۇنچۇق قىلىۋالدى. گۇندىپايلار ھېچ ئامال قىلالماي ئاخىرى كىشەننى ئېلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا گومىنداڭچىلار 1948-يىلى

تۇغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



1 ـ ئايدىن 1949 ـ يىلىغا قەدەر مەھبۇسلارنى تۆتكە بۆلۈپ قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

دېمەك، گومىنداڭ ھەر قانچە ھىيلە ـ مىكىر، زۇلۇم ـ زوراۋانلىق قىلسىمۇ، ئۇنىڭ تەقدىرى زاۋاللىق بىلەن ئاخىرلاشتى. خەلق ھامان غەلىبە قىلىپ، ئازادلىق تېڭى بىلەن يورۇقلۇققا چىقتى.

ئىزاھات: ① سۈن جۆڭشەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى

## 2- سان

www.uyghurkitap.com



# خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى

تېيىپجان ھادى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دانىشمەن ستراتېگىيىچىسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى 1914-يىلى قىشتا غۇلجا شەھىرىنىڭ تۇغرا كۆۋرۈك مەھەللىسىدىكى قاغىلىق باغقا يانداش كوچىدا دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى نادىر ئاخۇن ئاكا موزدۇز ئىدى.


ئەخمەتجان قاسىمى(1949-1914)

نادىر ئاكا ئائىلىسى بىلەن 1919-يىلى سوۋېتتىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا كۆچۈپ باردى ۋە سوۋېتنىڭ بازىرىدا دۇكان ئېچىپ موزدۇزلۇق قىلدى.

نادىر ئاكا خېلى نامى بار ئۇستا سازەندە ھەم ناخشىچى بولغاچقا مەشرەپ، توي - تۆكۈن، باراۋەت ۋە ئولتۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، جامائەتچىلىك بىلەن تېزلا ئارىلىشىپ، كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئەپسۇسكى، كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي نادىر ئاكا 1920-يىلى ۋاقىتسىز ۋاپات بولىدۇ. بۇ چاغدا ئەخمەتجان ئالتە ياشتا ئىدى. بۇ بەختسىزلىك ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان قاسىم ئاكا (ئەخمەتجاننىڭ ئاپىسى شەرۋانىخاننىڭ دادىسى) چىلپەكتىن(كونا قورغاستىن) كېلىپ، شەرۋانىخان ھەدە بىلەن ئەخمەتجاننى چىلپەككە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتىدۇ. قاسىم ئاكا ئەخمەتجاننى ئۆز ئىلكىدە تەربىيىلەپ، دىنىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتىدۇ. ئەنە شۇنداق پەيتتە ئەخمەتجاننىڭ ياركەنتتىكى تاغىسى مەنسۇر بولۇس (شەرۋانىخاننىڭ ئىنىسى) تۇغقانلىرىدىن بىرىنى

چانا بىلەن كىرگۈزۈپ، ئانا ـ بالا ئىككىيلەننى ئالدۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

ئەخمەتجان ياركەنتكە چىققاندىن كېيىن ياركەنتتىكى يېتىم ـ يېتىمەلەر مەكتىپىدە، ئۇيەردىن ئالمۇتىغا يۆتكىلىپ، ئالمۇتا شەھىرىنىڭ تۇنجىغان كوچىسىدىكى دارىلئېتامدا دۆلەت تەمىناتى بىلەن ئوقۇيدۇ ۋە مەكتەپنى ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن تاشكەنتكە ئەۋەتىلىدۇ. تاشكەنتتە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش قىسقا مۇددەتلىك كۇرستا ئوقۇپ، قازان شەھىرىدىكى «لېنىن» نامىدىكى دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا تاللىنىپ، دەسلەپ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، كېيىن سىياسىي ـ ئىقتىساد فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى تىل فاكۇلتېتىنىڭ ئىنسپېكتورى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1938 ـ يىلى بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تارىخ فاكۇلتېت مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1939 ـ يىلى ئۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە نامەنگەنگە بېرىپ، ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1940 ـ يىلى ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە تاغىلىرى بىلەن خەت ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشنى قاتتىق ئارزۇ قىلىدۇ.

1941 ـ يىلى 8 ـ ئايلاردا چۆچەك چېگرىسىدىن ئۆتۈپ خەلق ئارىسىدا يۈرۈپ غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ كېلىدۇ. بىرقانچە ۋاقىت كىچىك دادىسى ناسىراخۇننىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئەينەكچىلىك قىلىپ يۈرگەندىن كېيىن، غۇلجىدىكى باش ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن «گۇمانلىق ئادەم» دېيىلىپ، 1942 ـ يىلى قولغا ئېلىنىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. ئۇ 4 ـ تۈرمىدە نېغمەت خەلپەت (تۇرپانلىق) ئابدۇللا ھاجىم، مەتنىياز بايۋەچچە، توختى ھېلىموپ ۋە بىر قانچىلىغان كىشىلەر بىلەن بىللە ياتىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى تۈرمىدىكى چاغلىرىدا نازارەت ئاستىدا ئاشخانىغا سۇ توشۇپ، ئوچاققا ئوت قالايدۇ. ئۇ ئىلاج قىلىپ ۋەزىيەتنى تولۇق ئۇرۇنداپ بولۇپ، ۋاقىت چىقىرىپ ئاغرىقچان ـ چوڭ ياشتىكىلەرنىڭ تۈرلۈك ئېغىر ـ يېنىك ھاجەتلىرىدىن چىقىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى ئىش ھەرىكىتى ۋە ئاقىلانە سۆزلىرى بىلەن تۈرمىداشلىرىنى ئىنتايىن رازى ۋە قايىل قىلىدۇ.

1944 ـ يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا ۋەزىيەت كەسكىنلەشتى. شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ نەچچە يىللاردىن بۇيان يۈرگۈزۈپ كەلگەن زۇلۇم ۋە تېررورلۇقىغا چىداپ تۇرالمىغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقى كۈچەيدى. ئىلىدا ۋە شىنجاڭنىڭ

www.uyghurkitap.com



ھەرقايسى جايلىرىدا خەلق قوراللىق پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى كەينى-كەينىدىن كۆتۈرۈلدى. مۇشۇنداق جىددىي ۋەزىيەتتە 1944-يىلى 9-ئاينىڭ 11-كۈنى مىلىتارىست جاللات شېڭ شىسەي چوڭچىڭغا قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا گومىنداڭنىڭ يەنە بىر كاتتىبېشى ۋۇجۇڭشىن 1944-يىلى 10-ئاينىڭ 4-كۈنى شىنجاڭغا كېلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

ۋۇجۇڭشىن كېلىشى بىلەنلا شىنجاڭدىكى كەسكىن ۋەزىيەتنى يۇمشىتىش ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئاتالمىش «ئەپۇ ئومۇم» دېگەننى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، شېڭ شىسەي تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىغان بىگۇناھ مەھبۇسلاردىن 700 دىن ئارتۇق پارتىيىسىز سىياسىي تۇتقۇننى بىرنەچچە تۈركۈمگە بۆلۈپ تۈرمىدىن چىقىرىشقا باشلىدى. شۇ قاتاردا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرمۇ بوشىتىلىپ، 1944-يىلى 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا قايتۇرۇپ كېلىندى.

بۇ ۋاقىت دەل غۇلجىدا قۇرۇلغان «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ رەھبەرلىكىدە، كەڭساي ۋە نىلقىدىكى ھەر مىللەت پارتىزانلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى شىددەتلىك ئېلىپ بېرىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ھەم ئىلىدىكى ئەمەلدارلىرىنى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك پايپېتەك قىلىۋەتكەن مەزگىل ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ كۆپ ئۆتمەي «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە نىلقا ۋە كەڭساي پارتىزانلىرى 1944-يىلى 7-نويابىر كۈنى كېچىدە غۇلجىنىڭ غەرب تەرىپىدىن كىرىپ، ئالتە شوئار مەھەللىسى ۋە ئۈچەرۋازىلارنى قولغا ئالدى. «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ ئەزالىرى ھازىرقى ئىلى تاشيول باش ئۇچاستىكىسىنىڭ شەرقىي دوقمۇشىدىكى (تىجارەتچى تۇراخۇننىڭ جايى) نى ۋاقىتلىق شتاب قىلىپ، ئاشكارا رەھبەرلىك قىلىشقا باشلىدى. شتاب قورۇسىدا پارتىزانلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن ئاشخانا قۇردى. ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلۈكىدىن قوي-كالا، گۆش، ئۇن، گۈرۈچكە ئوخشاش يېمەكلىكلەرنى ئەكىلىپ تەقدىم قىلىشتى. ئاشپەزلىك ھەم قارا خىزمەت قاتارلىق ئىشلارنىمۇ ھەر كىم ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن تالىشىپ يۈرۈپ دېگۈدەك ئىجرا قىلىپ تۇرۇشتى. ئەخمەتجان قاسىمى مۇشۇ ئاشخانىغا پەيدائى بولۇپ كىرىپ، قول-قولىغا تەگمەي چېپىپ يۈرۈپ سۇ توشىدى، ئوتۇن يېرىپ ئوچاققا ئوت قالىدى، ئاشپەزلەرگە ياردەملەشتى. ئۇنىڭ قول-پۇتى يەرگە تەگمەي دېگۈدەك جان كۆيدۈرۈپ قىلىۋاتقان بۇ ئىشنى كۆرگەن كۆپچىلىك ھەيران بولۇپ:

«بۇ قارا بۇرۇتلۇق يىگىت كىمدۇ؟» دېگەن سوئالنى ئاغزىدىن ئىختىيارسىز چىقىرىشقا باشلىدى.

1944 - يىلى 12 - نويابىركۈنى گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى سىلىڭبۇ(قوماندانلىق شتاب) ھەم ۋالى مەھكىمىسى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىنىپ، دەرھال ۋاقىتلىق «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» تەسىس قىلىندى. گېزىتخانا تېزلىكتە ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، «ئازاد شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» چىقىرىلىشقا باشلىدى. ئەخمەتجان قاسىمى گېزىتخانىنىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىدا ئالدىراش بولۇشىغا قارىماي، «1. ئىلىلىق» تەخەللۇسى بىلەن ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرۇپ تۇردى ۋە رۇسچە خەۋەر - ماقالىلەرنى تەرجىمە قىلىپ گېزىت سەھىپىسىدە ئېلان قىلدۇرۇپ تۇردى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھەر تەرەپلىمە قابىلىيەتلىك ۋە بىلىملىك ئادەم ئىكەنلىكى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ يۈكسەك ئىستىداتىنى دەسلەپ بايقىغان كىشى، شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت ئەزاسى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ھەم گېزىتخانىنىڭ باش مۇھەررىرى ھەبىب يۇنۇچى (تاتار) بولۇپ، ئۇ كىشى ئەخمەتجان قاسىمىنى ھۆكۈمەت تەشكىلىگە تونۇشتۇردى. 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئەخمەتجان قاسىمى گېزىتخانىدىن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە يۆتكەلدى. ئۇنىڭ بۇ ئورۇنغا كېلىشى بىلەنلا، ھۆكۈمەت «تەشكىلىي بۆلۈم»نى قۇردى. بۇ بۆلۈمنىڭ باشلىقلىقىغا «تيانشان تېرە زاۋۇتى» نىڭ ئىگىسى غەلى ئەخمەت سەدرى، مەسئۇل كاتىپلىقىغا مىرزا كامالنى تەيىنلىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ھۆكۈمەت تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنى لايىھىلەش، نازارەت قىلىش ۋە باشقارمىلارنى تەسىس قىلىش، تىكلەش ئىنىسپېكتورى بولۇپ ، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، كېچىلىرى قونۇپ ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق ماھارىتىنى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇردى.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەزالىرى نازارەتلەرنى تەشكىل قىلىپ، مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزۈپ تەستىقلەش يىغىنىدا، جۈملىدىن مائارىپ نازارىتى بىلەن دىنىي نازارەتنى قۇرۇشتا، ئەخمەتجان قاسىمى ئىشلەپ يوللىغان بۇ ئىككى نازارەتنى ئايرىم - ئايرىم قۇرۇش لايىھىسىگە قارىتا پىكىرلەر كۆپ بولۇپ، ئاخىرى ھۆكۈمەت ئازاسى بولمىغان ئەخمەتجان قاسىمىنى بۇ يىغىنغا قاتناشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن يۇقىرىقى ئىككى نازارەتنى بىر نازارەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش پىكرىنى قويۇشۇپ، بۇنىڭ بىلەن كۆپ تالاش - تارتىشلار بولىدۇ. بۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى بۇ توغرىدا ئۆز چۈشەنچىسىنى ئەتراپلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىنقىلاپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاخىرىدا: «مائارىپ نازارىتى بىلەن دىنىي نازارەتنى بىرلەشتۈرۈپ قۇرۇپ چىقىش ـ ئوت بىلەن سۇنى بىرلەشتۈرمەن دېگەنلىك بىلەن باراۋەر!» دېگەن خۇلاسە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈشلەر نەتىجىسىدە ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە ئەزالىرى قايىل بولۇپ، ئىككى نازارەت ئايرىم ـ ئايرىم قۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن مەركىزىي ھۆكۈمەت رەئىسى ئېلىخان تۆرە ھۆكۈمەت ئەزالىرىغا: «ئەخمەتجان توغرا ئېيتىدۇ، مانا بۇ ئەقىللىق ئىنتايىن ئۇيغۇن، بىلىپ قويۇڭلاركى، ئارىمىزدا مۇنداق گۆھەرلەرمۇ بار ئىكەن ئەمەسمۇ!» دەپ ئىنتايىن قايىل بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەخمەتجاندىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تەشكىللىي بۆلۈم ئۆز ۋەزىپىسىنى تۈگەتتى دەپ ھېسابلىنىپ، ئەخمەتجان قاسىمىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت مەسئۇل كاتىپىنىڭ مۇئاۋىنلىقىغا يۆتكىدى، ئۇ بۇ بۆلۈمدە ئاساسەن رۇسچە ماتېرىياللارنى ۋە ئىشلارنى تۇتۇپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئورۇندا ئىشلەش جەريانىدا مۇھىم مەسئۇل خىزمەتلەرنى تۇتۇپ ئىشلەش ئىقتىدارىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلدى.

1945 ـ يىلى يانۋارنىڭ 7 ـ كۈندىكى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 5 ـ سانلىق قارارىدا: «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىنقىلابىي ھەربىي كۈچلىرىنىڭ توختاۋسىز تەرەققىي قىلىپ كېڭەيتىلىۋاتقانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھەربىي ئىدارىسى قۇرۇلسۇن» دەپ بېكىتىلىپ، بۇ بۆلۈمنىڭ باشلىقى قىلىپ پېتىر رامانوۋىچ ئالېكساندروۋىنى تەيىنلىگەنىدى.

1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 6 ـ سانلىق قارارى بويىچە كۆپچىلىكنىڭ بىر ئېغىزدىن قوشۇلۇشى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت ھەربىي بۆلۈم باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئۇنىڭغا پودپولكوۋنىك ئۇنۋانى بەردى. مۇشۇ مەزگىلدىن باشلاپ ئەخمەتجان قاسىمى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئەزالىرىنىڭ، چوڭ ـ كىچىك ھەربىي خادىملارنىڭ ئەڭ يېقىن ۋە پاراسەتلىك مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بىرى، ئۆز دائىرىسى بويىچە يول ـ يورۇق كۆرسەتكۈچىسى بولۇپ قالدى. شۇڭا دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىدا ئۇنىڭ رولى ئالاھىدە كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا ھۆكۈمەتنىڭ ئەخمەتجان قاسىمىنى ھەربىي بۆلۈم باشلىقى قىلىپ بېكىتىشتە ناھايىتى چوڭ ئۈمىدى بار ئىدى. چۈنكى بۇ چاغدىكى مىللىي ئارمىيە بۇرۇندىن بار بولۇپ، ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان ئارمىيە بولماي، ھەر يەر ـ ھەر يەردىن

قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىققان پارتىزانلار گۇرۇپپىسىدىن تەشكىللىنىپ، يېڭىدىنلا ئارمىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، قىسىمدىن ئۇنىۋان ۋە دەرىجىلەر بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇ ئوردېن ۋە ئۇنىۋانلارنىڭ بىر مۇنچىلىرى تۇرلۇك سەۋەبلەردىن شۇ كىشىنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى تولۇق ئۆگىنىپ ئاندىن بېرىلمىگەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەركىبىدىكى جەڭچى-ئوفىتسېرلار ھەم كوماندىرلارمۇ ئىلگىرى ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئالمىغان، قورالنى مەشىق قىلىپ ئۆگەنمىگەن، پەقەت ئۇرۇش جەريانىدىلا ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن بولغان. بۇ تەشكىللەنگەن ئارمىيىمۇ تېخى پارتىزانلىق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ۋە ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان ھالەتتىكى قىسىملارلا بولۇپ، بۇ خىزمەتلەرنى بىرلەشتۇرۇپ بىر ئىزغا سېلىش ئۇچۇن، ئارمىيىنىڭ بېشىدا تەجرىبىلىك بىر تەشكىلاتچى، ئاڭلىق رەھبەر ۋە مول بىلىملىك بىر كىشىنىڭ بولۇشى لازىم ئىدى. شۇڭا شۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمىدىن باشقا بۇ ۋەزىپىگە لايىق ئادەم يوقنىڭ ھېسابىدا ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى مۇشەققەتلىك ھەم جاۋابكارلىقى ئىنتايىن ئېغىر بولغان بۇ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا كۈن-تۈن دەم ئالماي بېرىلىپ ئىشلىدى، بۇ ساھەدە كۆرسەتكەن نەتىجىلىرىگە ھۆكۈمەت قايىل بولدى. شۇڭا ئۇنىڭغا 1945-يىلى 2-سىنتەبىردىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ 88-يىغىنىنىڭ قارارى بويىچە پولكوۋنىك ئۇنۋانىنى بەردى.

يۇقىرىقىلار ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ جاۋابكارلىقىغا ئائىت خىزمەتلەر بولۇپ، بۇنىڭ سىرتىدا ئۇ شۇ چاغدا زۆرۈر دەپ قۇرۇلغان تۇرلۈك ۋاقىتلىق كومىسسىيە، ھەيئەتلەرنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى ياكى ھەيئەت ۋەزىپىلىرىنىمۇ قوشۇمچە ئىشلەپ تۇردى. 1944-يىلى 9-ئايدا مىللىي ئارمىيە ئىلى، تارباغاتاي ھەم ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى پۈتۈنلەي ئازاد قىلىپ، ماناس دەرياسى بويىغىچە يېتىپ كېلىپ ئۇرۇمچى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىدا تۇرغاندا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرەپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەلەپ ۋە پىكىرلىرىنى ئاڭلايدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۇچۇن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى رادىئو ئارقىلىق ئېلان قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت مەركىزىي ھۆكۈمىتى گومىنداڭنىڭ بۇ تەلەپ ھەم تەشەببۇسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

«شەرقىي تۈركىستان مەركىزىي ھۆكۈمىتى» ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 1945-يىلى 10-ئاينىڭ 2-كۈنىدىكى 100-سانلىق يىغىنىدا، شۇ چاغدىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىنى نەزەردە تۇتۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى لايىق تاپتى. بۇ سۆھبەتكە قاتنىشىش ئۇچۇن

www.uyghurkitap.com



رەخمەتجان سابىر ھاجىيوپ (ئۆمەك باشلىقى) ھەم ئەخمەتجان قاسىمىدىن ئىبارەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى بەلگىلەپ چىقتى ھەمدە بۇ ۋەكىللەرنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغان تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرى» دېگەن سالاھىيەت بىلەن قاراردىن ئۆتكۈزۈپ بىردەك ماقۇللىدى.

* * *

گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە، سىياسىي ئىشلار بۇسىنىڭ سابىق بۇجاڭى گېنىرال جاڭ جىجۇڭنى تەيىنلەپ شىنجاڭغا ئەۋەتتى. جاڭ جىجۇڭ 1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۆز ۋەكىللىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرەپتىن يۇقىرىدا سايلانغان رەخمەجان سابىر ھاجىيوپ، ئوبۇلخەيرى تۆرە ھەم ئەخمەتجان قاسىمىدىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بولغانىدى. ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋەكىللىك سالاھىيەت رەسمىيەتلىرىنى كۆرۈشۈپ تۇنجى قېتىملىق سۆھبەتنى باشلاشتى. سۆھبەتنىڭ باشلىنىشى بىلەن گومىنداڭ ۋەكىللىرى، بولۇپمۇ جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى لايىق تاپماي «دۆلەتكە پۇت ئاتقانلىق» دەپ بۆھتان قىلىپ، ھەيۋە كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا سۆز نۆۋىتىنى ئەخمەتجان قاسىمى دەرھال ئۆزىگە ئېلىپ: «جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى، سىزنىڭ بۇ سۆزىڭىزگە قارىتا خەلق ئىچىدىكى مۇنداق بىر لەتىپىلىك ھېكايە ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ، ئاڭلاڭ!» دېدۇ ـ دە، مۇنۇ لەتىپىنى باشلايدۇ: «ئېدىر قاپتىلى ئاستىدىكى ئۆستەڭدىن بىر قوزا ئىككى پۇتىنى ئالدىغا پۈكۈپ تىزلىنىپ، تۇمشۇقلىرىنىڭ ئۇچىنى تەككۈزۈپ سۇ ئىچىۋاتسا، تۆپىدىكى ئېدىرلىقتىن يۇڭلىرى ئۆسۈپ، تىللىرى ساڭگىلىغان بىر بۆرە كېلىپ پېتى قوزىنى كۆرمەي سۇنىڭ باش تەرىپىگە سەكرەپ چۈشۈپ، ھەممە يېرى چىلاشقان ھالدا تىللىرىنى ئۇزۇن چىقىرىپ شالاپلىتىپ سۇ ئىچكىلى باشلاپتۇ ـ دە، تەشنالىقى بىرئاز قانغاندىن كېيىن تۆۋەنگە قارىسا، قوزىنىڭ ئاشۇنداق ھالەتتە سۇ ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ـ ھەي قوزا! سەن مېنىڭ ئىچىدىغان سۇيۇمنى لاي قىلىپ مېنى ئىچىشكە قويمىدىڭ، سۇنىڭ لاي بولۇپ كەتكىنىنى قارا ـ دەپ ھەيۋە قىپتۇ.

ـ تەقسىر بۆرە ! ـ دەپتۇ قوزا، ـ مەن سۈنىڭ ئاياغ تەرىپىدە، ئىككىنچىدىن، مەن سۈنىڭ ئىچىگە سىلىگە ئوخشاش پۈتۈن بەدەنلىرىمنى چىلاپ، تىللىرىم بىلەن شالاپلىتىپ ئىچمىدىم، مەن قانداقچە لاي قىلغان بولاي!ـ دېسە، غەزەپلەنگەن ئاچ بۆرە:

ـ ھەي! سەن ئىچمىگەن بولساڭ، سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ، ئەجدادلىرىڭ شۇنداق ئىچكەن، لاي قىلغان. تولا ۋالاقلىما، ھازىر يەۋېتىمەن!ـ دەپ ھەيۋە قىلغانىكەن. دەل شۇنىڭدەك گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقلۇق بىر ئالىي ئەمەلدارى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزىمىز دەپ بىزنى ئەكەلدۈرۈپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە سىلىۋاتقان بالايى ـ ئاپەتلىرىگە كۆز يۇمۇپ بىزنى قارىلاشلىرى سىلەردە تىنچلىق سەممىيىتىنىڭ يوقلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭ ۋېيىۋەنجاڭ جاناپلىرى بىلەن سۆزلەشسىلە، بىز قايتىپ ئۆزىمىز بىلگەن ئىشنى قىلىۋېرەيلى! دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مات بولغان جاڭ جىجۇڭ شۇندىن كېيىن ھەربىر سۆزىنى چايناپ بېقىپ ئاندىن دەيدىغان بولىدۇ. سۆھبەت داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ۋەكىللىرىمىز بىرىنچى نۆۋەتلىك سۆھبەتتە ئۆزلىرىنى خېلى تونۇتىدۇ. 1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە سۆھبەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش جەريانىنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدە ھەقىقەتەنمۇ تىنچلىق سەممىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى، ئاغزىدىلا تىنچلىق دەپ، ئەمەلىيەتتە شۇم غەرەزلىرىنىڭ بارلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز دەپ، ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەركىزىي ھۆكۈمەت بۇ ئەھۋالغا دىققەت ئېتىبارىنى قارىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغدىكى ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتمۇ بىز ئۈچۈن خېلى پايدىلىق ئىدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشى، پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا گومىنداڭغا قارشى قوراللىق ـ قورالسىز كۈرەشلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشى، بىرلىكسەپ ساھاسىدىكى مۆتىۋەر زاتلارنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بولغان بېسىمىنىڭ كۈچىيىشى، ھەتتا تۇرمىلەردىكى ھەر مىللەت سىياسىي مەھبۇسلىرىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قوللاپ، ئۆزلىرى ئىچىدە كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ھەر تەرەپلىمە ئىسكەنجىگە ئېلىپ قويىدى. ماناس، شوتا، يۇلتۇز قاتارلىق ئالدىنقى سەپتىكى مىللىي ئارمىيە مۇداپىئەسىدە چىڭ تۇرۇپ، جىددىي ئەھۋال يۈز بېرىدىغان بولسا، پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييار تۇرغانىدى. ئەڭ دەھشەتلىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىدىكى جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنىڭ جاسارىتى يوقاپ، مەغلۇبىيەتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



باشقىنى كۆرمىگەچكە، گومىنداڭدىن بىزار بولۇپ، پارچىلىنىشقا باشلىغانىدى. شۇڭا «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» پۈتۈن ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، 1945-يىلى 10-ئاينىڭ 22-كۈندىكى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 114-سانلىق يىغىنىدا ئۈچ ۋىلايەت مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئالدىدا ئەركان (يادرولۇق ئاپپارات) ھەربىي كېڭىشىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى ۋە بۇ كېڭەشنىڭ باشلىقلىقىغا ھۆكۈمەت رەئىسى ئېلىخان تۆرە، ئەزالىرىغا گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك، گېنېرال مايور پالىنوپ، پولكوۋنىك ئەخمەتجان قاسىمى ھەم پودپولكوۋنىك كېرىم ھاجىلارنى تەيىنلەپ، ئۈچ ۋىلايەت مەركىزىي ھۆكۈمىتى يەنە «ئەركان ھەربىي كېڭىشى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئۆرۈشىغا رەھبەرلىك قىلىشنى ئۆز زىممىسىگە ئالسۇن!» دەپ بېكىتتى.

ۋەكىللەر 11-ئاينىڭ 13-كۈنى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ 2-قېتىملىق سۆھبەت باشلىدى. كەسكىن مۇنازىرە-كۆرەشلەر ئارقىلىق سۆھبەت تەخىرسىزلىك دەرىجىسىگە يەتتى. 2-قېتىملىق سۆھبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ۋەكىللەر غۇلجىغا قايتىپ كەلدى ۋە ئۆتكۈزۈلگەن مىللەتلەر مەجلىسىدە رەخمەتجان سابىر ھاجىيوپ 2-قېتىملىق سۆھبەتنىڭ جەريانى ھەققىدە دوكلات بەردى. مەجلىستە يەنە ئەخمەتجان قاسىمى قوشۇمچە سۆز قىلىپ: 1-قېتىملىق سۆھبىتىمىزگە قارىغاندا 2-قېتىملىق سۆھبىتىمىز يەر بىلەن ئاسماندەك پەرق قىلىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ئۆزگىرىشلىك بولۇشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىزنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىمىزنى تونۇغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بىز گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن 120 سائەت مۇنازىرىلىشىش جەريانىدا، ئۇلار بىزنى 60 سائەت بومباردىمان قىلغان بولسا، بىزمۇ ئۇلارنى 60 سائەت بومباردىمان قىلدۇق... سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇش نەتىجىسىدە مەسىلە تىنچلىق يولى بىلەن ھەل بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىمىز، - دېدى.

ۋەكىللىرىمىز غۇلجىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىشلىدى ۋە 1945-يىلى 12-ئاينىڭ 25-كۈنى 3-قېتىملىق سۆھبەتنى باشلاش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردى. بىر قانچە كۈن تۇرۇپ ئىككى تەرەپ 1946-يىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى قوراللىق توقۇنۇشنى ھەل قىلىدىغان «11 ماددىلىق بىتىم» لايىھىسىنى تۈزۈپ، بىر خىل پىكىر ھاسىل قىلىشتى. ۋەكىللىرىمىز «11 ماددىلىق بىتىم» لايىھىسىنى ئېلىپ غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. «شەرقىي تۈركىستان مەركىزىي ھۆكۈمىتى» بۇ بىتىمنىڭ ھەر بىر ماددىسىنى ماددا-ماددا بويىچە تەھلىل-تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

«شەرقىي تۈركىستان مەركىزىي ھۆكۈمىتى» ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سۆھبەت داۋامىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە جاسارىتىنى تەقدىرلەپ، ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن قوزغالغان ئىنقىلابىمىز جەريانىدا ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇپ خىزمەت كۆرسەتكەن ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئەستايىدىل ئورۇنلىغانلىقى ئۈچۈن، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئازادلىق ئوردېنى» بىلەن مۇكاپاتلىدى.

1946-يىلى 1-ئاينىڭ 16-كۈنى ھۆكۈمەت مەركىزىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ قارارى بويىچە «جەڭ مەيدانلىرىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىختىيارىي ياردەم توپلاش كومىسسىيىسى» تەشكىل قىلىندى ۋە كومىسسىيە باشلىقلىقىغا ئەخمەتجان قاسىمى سايلاندى.

1946-يىلى 2-ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجا ئەتراپىدىكى پىلىچى ھەم گاڭگۈل خاڭلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن خاڭلارغا چىقىپ خاڭ تېگىگە چۈشۈپ، خاڭ ئىشچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزى بىۋاسىتە كۆردى ۋە ئۆگەندى.

1946-يىلى 2-ئاينىڭ 25-كۈنى مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىدا «خاڭ ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» نىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ئۇ ئىشچىلارنىڭ 14-15 سائەتلىك ئىش كۈنى، تازىلىقى، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى توغرىسىدا كەڭ توختىلىپ، ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى تەسىرلەندۈردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنى: يەر ئاستى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك كۈنىنى مۇمكىنقەدەر قىسقارتىپ، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا سەككىز سائەتلىك ئەمگەك ۋاقتى قىلىپ بەلگىلەپ، ئەمگەك شارائىتلىرىنى ياخشىلاش توغرۇلۇق قاراردىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇسۇل-چارىلەرنى ئىشلەپ چىقىشنى مەركىزىي ھۆكۈمەت كادىرلار بۆلۈمىگە تاپشۇردى.

1946-يىلى 2-ئاينىڭ 24-كۈنىدىكى 229-سانلىق مەركىزىي ھۆكۈمەت قارارى بويىچە، ھەربىي تەمىنات تەرىپىدىن ئەسكەرلەرگە بېرىپ كېلىنىۋاتقان تەمىناتنى تەكشۈرۈپ يولغا قويۇش ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىقىغا ئەخمەتجان قاسىمىنى تەيىنلىدى ۋە شۇ قېتىمقى چىقىرىلغان قارارغا ئاساسەن، رەخمەجان سابىر ھاجىيوپ ھەم ئەخمەتجان قاسىملارنى ھۆكۈمەت تەرەپتىن مۇسادىرە قىلىنغان جايلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل قىلدى.

مەركىزىي ھۆكۈمەت بىتىم لايىھىسىنى مۇزاكىرە ھەم تەتقىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە ئەخمەتجان قاسىمى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ۋەزىپىلەرنى قوشۇمچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆتىدى ۋە بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت، شارائىتلار قاراپ، مۇھىم دەپ قارالغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ماقالىلەرنى يازدى. بولۇپمۇ ئىلىدا چىقىۋاتقان گېزىتلەردە ئالبانىيە ۋە موڭغۇلىيىلەرنىڭ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت بولۇپ ئېلان قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، «خۇشخەۋەر» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

1946-يىلى 5-ئاينىڭ 25-كۈنى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئەزالىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ، ۋەكىللەرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى. دوكلاتچى ئەخمەتجان قاسىمى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزۈشكەن «11 ماددىلىق بىتىم» نى تەپسىلىي چۈشەندۇردى. مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەزالىرى بۇنى كەڭ دائىرىلىك مۇزاكىرە قىلدى، ئاخىرىدا ئەزالار: «ۋەكىللىرىمىزنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلگەن «11 ماددىلىق بىتىم» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىلىرى ئەقىلگە مۇۋاپىق، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن تۈزىدىغان شەرتنامىگە ئىمزا قويۇش ئۈچۈن ۋەكىللىرىمىز رەخىمجان، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان ئەپەندىلەرگە ھوقۇق بېرىلسۇن» دېگەن قارارنى چىقاردى. مەزكۇر قارارغا ئاساسەن، ۋەكىللىرىمىز يەنە ئۈرۈمچىگە باردى ھەم گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى جاڭ جىجۇڭلار بىلەن ئۈرۈمچىدە ئۇچراشتى. 1946-يىلى 6-ئاينىڭ 6-كۈنى ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى تەنتەنىلىك ھالدا «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىلىرىغا ئىمزا قويدى.

«11 ماددىلىق بىتىم» نىڭ 9-ماددىسىدا بەلگىلەنگەن «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قۇرۇش چارىسى» توغرىسىدا، ئىككى تەرەپنىڭ بىردەك ماقۇللىشى بىلەن قوشۇمچە 1-ماددا ئىمزالىنىپ، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتتىن 15 ئەزا ۋە گومىنداڭ مەركىزىي تەرەپتىن 10 ئەزا جەمئىي 25 ئەزادىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى.

1945-يىلى 10-ئاينىڭ 17-كۈنى ۋەكىللىك سالاھىيەتلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ سۆھبەتكە قاتنىشىپ، سۆھبەت ئاخىرلىشىپ، «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالانغان 1946-يىلى 6-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت ئاي ھېسابىدا توققۇز ئاي ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتنىڭ نەتىجىسى «11 ماددىلىق بىتىم» دۇر. «11 ماددىلىق بىتىم» ۋەكىللىرىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كەڭ دائىرىلىك قابىلىيىتى ۋە جاسارىتىنىڭ جارى بولغانلىقى بىلەن قولغا كەلگەن نەتىجىدۇر، شۇنىڭدەك پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ۋە ھەر ساھە خەلقىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ، كۈچلۈك مەدەت

بېرىشى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەڭ زور ئۇتۇقتۇر.

*　*　*

«11 ماددىلىق بىتىم» ئاساسىدا ئۆلكىدە قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن: ئۆلكە رەئىسلىكىگە جاڭ جىجۇڭ، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا ۋاڭ زىڭشەن، باش كاتىپلىقىغا لىيۇ مىڭچۈەن، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا لىۇ يۈۋېن، تەمىنات نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا گۇ جيەنجى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقلىقىغا چۈي ۋۇ ۋە ئەزالىقىغا گۈەن زىلياڭلار تەيىنلەندى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن، مۇئاۋىن رەئىسلىككە ئەخمەتجان قاسىمى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا ئابدۇكېرىم ئابباسوف، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا سەيپىدىن ئەزىزى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا رەخىمجان سابىر ھاجىيوپ، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا دەلىلقان سۇگۇر بايېۋ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئوسمان، ئىسھاقبېكلەر تەيىنلەندى.

يەرلىكلەردىن: مۇئاۋىن رەئىسلىككە بۇرھان شەھىدى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا سالىس، تەمىنات نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا مەمتىمىن بۇغرا، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا سەي زۇڭشەن، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا ماتىڭشاڭلار تەيىنلەندى.

«شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» «11 ماددىلىق بىتىم» گە ئەمەل قىلىپ، ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، 1946-يىلى 6-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى 324-سانلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىدا «گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت ئەمەلگە ئېشىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىرلىكتە ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇشبۇ كۈنگىچە ئاتىلىپ كەلگەن <شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت رىياستى> 1946-يىلىدىن 6-ئاينىڭ 28-كۈنىدىن ئېتىبارەن <ئىلى ۋىلايەتلىك كېڭەشمىسى> دەپ ئۆزگەرتىلىپ، ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلگەنگە قەدەر ئىلى ۋالى مەھكىمە كېڭەشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە ھاكىمبەگ غوجا، مۇئاۋىنلىقىغا ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەنۋەر ئەپەندى مۇسابايوپ، مەسئۇل كاتىپلىققا ۋاققاس ھاجى، كېڭەشمە ئەزالىقىغا جەمئىي 32 كىشىنى تەيىنلەش قارار قىلىندى.»

«11 ماددىلىق بىتىم» گە ئاساسەن ئالتاي، تارباغاتاي ۋالى مەھكىمىلىرى، نازارەتلەر ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىدارىلەرگە: ناھىيىلىك ھاكىم ئىدارىلىرى ۋە ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قارمىقىدىكى بارلىق ئاپپاراتلارنى شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى قارار قىلدى. «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى» نىڭ نەشر ئەپكارى «ئازاد شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» ئىلى ۋىلايەتلىك ۋالى مەھكىمە كېڭەشمىنىڭ نەشر ئەپكارى بولۇپ ئۆزگەرتىلىپ، ئەسئەت ئىسھاقوپ مەسئۇل مۇھەررىرلىككە تەيىنلەندى.

بىتىم بويىچە ئۆلكىدە تۇرۇپ ئىشلەيدىغانلار، شۇلار قاتارىدا ئەخمەتجان قاسىمى ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى. ياڭ خاڭ نەنخۇالياڭدا تۇرۇپ بىتىم شەرتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن كىرىشىپ كەتتى. ئۇ، بىتىمنى باشتىن-ئاخىر قوغداپ، ئۇنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن ئىشلىگەنلىكىنى مۇنۇ سۆز ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

«ئىلگىرى مەن سىزلەرگە بىر سۆزۈمدە: بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز مىللىي ئازادلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقچىللىق ھەرىكەت دېگەنىدىم، شۇنىڭغا قاراپلا بىزنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئومۇمىي مەقسىتىمىزگە باھا بەرمەك لازىم. بىز ئۆلكىمىزدە يالغۇزلا بىر مىللەتنىڭ ھاكىم بولۇشىغا قارشىمىز، لېكىن ھېچ ۋاقىتتا ھېچقانداق ئايرىم مىللەتكە قارشى تۇرمايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز ئۆلكىمىزدە قانداقلىكى بولمىسۇن، كىمنىڭلا قولىدا بولمىسۇن ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە قارشىمىز، يەنى خەلق ئۈستىدىكى ھاكىمىيەتنىڭ بىرلا كىشىگە تاپشۇرۇلىشىغا قارشىمىز ۋە ئۆلكىمىزدە مۇستەبىت سىياسەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە (خەلق ھوقۇقىغا ۋە ئەركىنلىككە تاجاۋۇز قىلىنىشىغا) قارشىمىز.

خەلقىمىز ياخشى چۈشىنىشى كېرەككى، بىز بۈگۈن خەنزۇ مىللىتىگە قارشى ئەمەسمىز ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە قارشى ئەمەسمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە ۋە خەنزۇ مىللىتىگە قارشى چىققان كىشى بولسا بىتىمگە قارشى، سىياسىي ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پروگراممىسىغا قارشى چىققان كىشى بولىدۇ. دېمەك، ئۇنداق كىشى-ئېغۋانى يولغا قويغان كىشى بولۇش بىلەن، خەلقنىڭ دوستى بولالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىتىم سىرتىدىكى قايسى خاراكتېردا تۇس ئالغان ھەرىكەت بولمىسۇن، بىز ئۇنى ھىمايە قىلالمايمىز ۋە ئۇنداق ھەرىكەتلەر خەلقنىڭ قېنىنىڭ ناھەق تۆكۈلۈشىگە سەۋەبچى بولىدىغان ھەرىكەت بولغانلىقتىن، بىز ئۇنىڭغا قەتئىي قارشىمىز، چۈنكى ئۇنداق ھەرىكەتنى بىز قانۇنىي دەپ ھىمايە قىلالمايمىز!»

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بىتىمنى ئىجرا قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە قوللانغان تۈپ يۆنىلىشى يۇقىرىقىلاردەك بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن

بىرلىكتە مۇشۇ نۇقتىدا باشتىن-ئاخىر تەۋرەنمەي چىڭ تۇردى.

«11 بىتىم» نىڭ 1-ماددىسىدا: «مەسىلە ھەل بولغاندىن كېيىن (بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن)، ئۈچ ئاي ئىچىدە ھەر بىر ناھىيىلەردىكى خەلقلەر كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى تەشكىللەيدۇ. ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرى ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملارنى سايلايدۇ، قالغان ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارىلەرنىڭ بۆلۈم باشلىقلىرىدىن يۇقىرى خىزمەتچىلىرى ھاكىم تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. مۇشۇ بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان شەھىدى، تەمىنات نازىرى مەمتىمىن ھەزرەت، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى سەيپىدىن ئەزىزى ھەم ئابدۇرېھىم ئەيسالارنى سايلام ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىرى قىلىپ بەلگىلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا سايلام خىزمىتىنى يۈرگۈزۈش ھەم باشقۇرۇش ئۈچۈن 1946-يىلى 10-ئايدا شۇ تەرەپكە ئەۋەتتى. ھەيئەت سايلام خىزمىتىنى يۈرگۈزگەندىن كېيىنلا گومىنداڭنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى قوراللىق-قورالسىز پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ، سايلام خىزمىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، «11 بىتىم» نى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، ئۇنى ئاياغ ئاستى قىلىشقا باشلىدى. ئەخمەتجان قاسىمى رەئىس جاڭ جىجۇڭ بىلەن ۋاستىلىق ۋە بىۋاسىتە سۆزلىشىپ، گومىنداڭنىڭ نەيرەڭلىرىنى پاش قىلىشقا، سايلامنى داۋاملاشتۇرۇشقا دالالەت قىلدى. جاڭ جىجۇڭ ئاغزىدا بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشكە بۇيرۇق بېرىشنى ئېيتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇزغۇنچىلىقنى كۈچەيتىشكە رىغبەتلەندۈردى.

مۇشۇ ئارىلىقتا نەنجىڭدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلماقچى بولۇپ، خەلقتىن پىكىر توپلاپ ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىدى. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىملار باشلىغان ئۆمەك 1946-يىلى 11-ئاينىڭ 11-كۈنى ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقىپ 16-نويابىر كۈنى شاڭخەيگە بېرىپ چۈشتى ۋە بەش كۈن تۇرۇشتى. بۇ كۈنلەردە ئەخمەتجان قاسىمى شاڭخەي ئىشچىلىرى، خۇاڭپۇجياڭدىكى قولۋاقچىلار، ئارتىس ھەم ئارتىسكىلار ۋە ھەشەمەتلىك بۇرژۇئا بىنالىرى بىلەن ئىشچىلار تۇرىدىغان ئىچىنىشلىق تۇرالغۇ جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى، ئۇلار بىلەن سەمىمىي مۇڭداشتى، تاماقتا بىللە بولدى، ئۇلارنىڭ تالاش-تارتىشلىرىنى كېلىشتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىششقا چاقىردى، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرىغا ماددىي ياردەم قىلدى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەڭ زور دوستانىلىقى ۋە مۇھەببىتىگە ئېرىشتى. ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



شاڭخەيدىن يولغا چىقىپ 11-ئاينىڭ 22-كۈنى پويىز بىلەن نەنجىڭگە يېتىپ كەلدى. بارغان كۈنىلا جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، يېرىم سائەت ئومۇمىي ئەھۋالدىن ئۇنى خەۋەردار قىلدى.

گومىنداڭنىڭ چوڭ ئەمەلدارلىرىدىن جياڭ جىڭگو، بەي سۇڭشى، يۈي يۇەنجاڭ ۋە شۇلىرزا ئەپەندىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆلكىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇشتى.

1946-يىلى 11-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن باشلاپ گومىنداڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، يىغىن داۋاملىشىشقا باشلىدى. بۇ جەرياندا ۋەكىللەر ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى.

شىنجاڭ ۋەكىللىرىگە ۋاكالىتەن تەكلىپنى ئەخمەتجان قاسىمى قويدى. تەكلىپتە: «شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مەسىلە، باراۋەرلىكنى تەمىن ئېتىش ۋە خەلقچىللىق سىياسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەسىلىسى ... ھازىر ۋە كېلەچەكتە، ئومۇمەن قايسى ۋاقىتتا بولمىسۇن، بىز ئۆلكىمىزدە يالغۇز بىر مىللەتنىڭ ياكى بىر گۇرۇھ مىللەتلەرنىڭ يەنە بىر مىللەت ياكى گۇرۇھ مىللەتلەر ئۈستىدىن ھاكىملىق قىلىشىغا يول قويمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تەلەپ قىلغان مىللىي مۇختارىيەت ــ ئۆلكىمىزدىكى يۇقىرى ھاكىمىيەتنى ياكى ئىجرائىيە ھاكىمىيەتنى يالغۇزلا ئۇيغۇرلارغا ياكى تۈرك سىستېمىسىدىكىلەرگە تولۇق ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى ئەمەس بەلكى ئۆلكىمىزدىكى ھەممە مىللەتلەرنى باراۋەرلىككە ئىگە قىلىپ، خەلقچىللىق سىياسەتنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز تەلەپ قىلغان مىللىي مۇختارىيەت يالغۇز بىرلا مىللەت ياكى بىر گۇرۇھ مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنىلا كۆزلىمەيدۇ ... ئۆلكىمىزدىكى بارلىق مىللەتلەرنى خەنزۇ مىللىتى بىلەن باراۋەر قىلسۇن، چۈنكى گومىنداڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ 5-ماددىسىدا <جۇڭخۇا مىنگودىكى ھەممە مىللەت باراۋەر> دەپ يېزىلغان» دېگەنلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ۋەكىللەر نەنجىڭدىكى قۇرۇلتاينى تۈگىتىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. 1947-يىلى 2-ئاينىڭ 17-كۈنى قۇرۇلتاي روھىنى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما كۇلۇبىدا ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزى يەتكۈزۈش بىلەن، ئۆلكىمىزنىڭ كېيىنكى ئەھۋاللىرى ئۈستىدە كەڭ تۈردە نۇتۇق سۆزلەپ، خەلقنى ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، بۇزۇقلارنىڭ پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ «11 بىتىم»نى بۇزۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان سۇيىقەستىدىن ئاگاھلاندۇردى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي جەنۇبىي

شىنجاڭغا چۈشكەن سايلام ھەيئەتلىرى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى، سايلام خېلى ئۇتۇقلۇق ئۆتتى. سايلام-گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئورگانلىرى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ «زوراۋانلىق» ھېسابلاندى، شۇڭا ئۇلار پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە «11 بىتىم» نى بۇزىدىغان قۇتراتقۇلۇق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، سايلانغان ۋەكىللەرنىڭ نورمال خىزمەت بېجىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا ھەتتا سۇيىقەست ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەكلىپى بىلەن جاڭ جىجوڭ، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ۋەكىللەر سايلامدىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى ئۇقۇشۇش ھەم جەنۇبتىكى ئەھۋاللارنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا باردى. ئۇلار ئاقسۇ ۋىلايىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ قەشقەرگە باردى. قەشقەر خەلقى، زىيالىيلىرى، ئىشچى-خىزمەتچى ۋە كەڭ دېھقانلار ئاممىسى، ئەڭ سۆيۈملۈك رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنى تەسۋىرلەپ بولمايدىغان مېھرى-مۇھەببەت بىلەن قارشى ئالدى. قەشقەر ۋالى مەھكىمىسىدە جاڭ جىجوڭ ھەم ئەخمەتجان قاسىملار ئۆز كۆز قاراشلىرى بويىچە سۆز قىلدى. سۆزدىن كېيىن ناھىيىلەرنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ جامائەتچىلىك نامىدىن ئۇلارنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ پىكىرلەرگە قارىتا جاڭ جىجوڭ ھېيتگاھ مەسچىتىدىكى ئىككى مۇنارنى مىسال كەلتۈرۈپ: «بىراق بۇ ئىككى مۇنارنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكى، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ» سۆزلىدى. جاڭ جىجوڭنىڭ مۇنداق پىكرىگە نارازى بولغان خەلقلەر تۇشمۇ-تۇشتىن پىكىر ياغدۇرۇپ، نەتىجىدە يىغىن ۋەزىيىتى ئۆزگىرىپ كەتتى ھەم بۇ يىغىن بىر نەچچە كۈنگە سوزۇلدى. جاڭ جىجوڭ ئامالسىز قالدى. بۇ چاغدا قەشقەردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سىلىڭبۇسى بىر پولك ئەسكەر چىقىرىپ، ۋالى مەھكىمىسىنى قورشاپ مۇھاپىزەت قىلدى. كېيىن جاڭ جىجوڭ مۇشۇ ئەسكەرلەرنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن گومىنداڭ سىلىڭبۇسىغا كىرىپ پاناھلاندى ۋە ھېچكىمگە كۆرۈنمىدى. كەلگەن ۋەكىللەر بىلەن ئۈرۈمچىگە قۇيرۇقىنى تىكمۇەتتى.

بۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى خەلقنىڭ سەبرە قىلىشىنى، ئەڭ چوڭ ۋەزىپە بىتىمگە سادىق بولۇپ، ئۇنى ئاڭلىق ئىجرا قىلىشنى شۇنچىلىق ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن ئەترابلىق ۋە چوڭقۇر سۆزلەپ توسىدىكى، ئەمما ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقان خەلق غەزىپىنىڭ ئۈستىگە ماي چاچقاندەك بۇنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتمىدى. ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭدىن قايتتى. بۇلارنىڭ يولغا چىقىشى بىلەن تەڭلا، گومىنداڭنىڭ يەرلىك ئەمەلدار ۋە زەربىلىرى شۇنچىلىك غالجىرلاشتىكى، ئاددىي پۇقرالار بۇ ياقتا تۇرسۇن،

www.uyghurkitap.com



ۋالى ـ ھاكىملارنىمۇ تۇرمىگە تاشلاپ يوقاتماقچى بولدى. بۇنىڭ ئۈستىگە مەسئۇدنى شىنجاڭ خەلقى ھەم ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ئېتىدىن ئۆتكۈزمەيلا، جاڭ جىجۇڭنىڭ ئورنىغا رەئىس قىلىپ، شىنجاڭ خەلقىنى ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزىنىڭ يېغىدا قورىماقچى بولدى.

مەسئۇدنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە قاتتىق نارازىلىق نامايىشلىرى بولدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى گومىنداڭ ھەم گومىنداڭچىلارنى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشنى، ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلماسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بىر قانچە ساھەلەر بويىچە ماقالە ـ نۇتۇقلار ئېلان قىلىپ ئىنسابقا كەلتۈرمەكچى بولدى. لېكىن بۇ ھەققانىي سادالارغا گومىنداڭچىلار پىسەنت قىلمىدى. گومىنداڭچىلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئاخىرى قوراللىق ھەربىيلەرنى يۇقراچە كىيىندۈرۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قورشاۋغا ئېلىپ، ئەخمەتجان قاسىمغا سۇيىقەست قىلماقچى بولدى. دۈشمەننىڭ رەزىل سىرىنى دەرھال سېزىۋالغان ئەخمەتجان قاسىمى ئادەملەرنىڭ توسۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە كىرىپ نامايىشچىلار ۋە گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. نامايىشنىڭ (سۇنئىي قۇراشتۇرۇپ چىققان بۇ يالغان نامايىشنىڭ) جارچىلىقىنى قىلىپ ھەيۋە سالغۇچىلارغا: «سىزگە ئىككى يول بار، بىرى دەرھال چىقىپ بۇ نامايىشچىلىرىڭىزغا: <دىققەت، ئارتقا بۇرۇل ـ مارش!> دەيسىز. ئۇلار توپ ـ توغرا چىقىپ كېتىدۇ. بۇ، تىنچلىق يولى. يەنە بىرى <ئالغا باس!> دەيسىز. ئۇلار باستۇرۇپ كىرىپ بىزنى ئۆلتۈرىدۇ. بىزنىڭ قېنىمىز تۆكۈلۈش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ھەل قىلالماي كەلگەن مەقسەتلىرى ھەل بولىدۇ. بۇ ئۆلۈم يولى. ئىككىدىن بىرىنى تاللاۋېلىڭ، بىز قالساقمۇ، ئۆلسەكمۇ پايدا. قالساق قان تۆكۈلمەيدۇ، ئۆلسەك قېنىمىز خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقىنى تولۇق قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن پايدا يەتكۈزىدۇ» دېگەن مەردانە سۆزلەرنى قىلىدۇ.

گومىنداڭچىلار بۇ يولدا نومۇسسىزلارچە مەغلۇب بولدى. مۇشۇ نامايىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى يامانلاشتى. 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىنىپ، ئۈرۈمچىدىكى مۇسۇلمانلارنى گۇناھسىز، سەۋەبسىز، ئاساسسىز بولسىمۇ ئالا قويماي ئاختۇرۇپ، كۆپلىگەن بىگۇناھ خەلقنى تۇتقۇن قىلىپ، جىڭلى سىلىڭبۇسىغا قاماپ قويىدى. بۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى ئىنتايىن زور سەۋرچانلىق كۆرسىتىپ، يەنىلا ئۈچقۇننىڭ ئوت بولۇپ كېتىشىگە يول قويمىدى.

گومىنداڭچىلار 2 ـ ئايدا ياۋۇزلۇق ئەپتە ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ ئالتايغا

ھۇجۇم قىلدى. گومىنداڭچىلارنى بۇ ھۇجۇمى ئالتايدىكى مىللىي ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ بىرلەشكەن كۈچى ئارقىلىق تارمار بولدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالتايغا بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئوسماننى ئاددىي بىر باسقۇنچى باندىت دەپ تونۇپ، ئالتاي ماتېرىياللىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئېلىپ كەلدى. ئەسلىدە بۇ ماتېرىيالنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك ئىدى. لېكىن گومىنداڭ تەرەپ بۇ ماتېرىيالنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. خەلقنىڭ تەلىپىنى نەزەردە تۇتۇپ مەسئۇد رەئىسلىكتىن ئېلىپ تاشلانمىدى. بىتىمنى بۇزۇش سۇيىقەستلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يۇقىرىقىدەك رەزىل جىنايى قىلمىشلىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بېرىپ ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلدى. چۈنكى بىتىم ئىجرا قىلىنىدىغان بولسا، مەسئۇدقا ئۆزلۈكىدىن رەئىسلىك ئورۇن قالمىغان بولاتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇدنى كۈچەپ تۇتۇپ تۇرۇشىدا مۇنداق بىر رەزىل مۇددىئاسىمۇ بار ئىدى. مەسئۇد مۇسۇلمان (ئۇيغۇر) بولۇپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن مۇسۇلمان خەلقنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلاش قارا نىيىتى بار ئىدى.

6-ئاينىڭ 30-كۈنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا گومىنداڭچىلار ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى تاغدا ئىدى. 6-ئاينىڭ 2-كۈنى ئادىل زەڭگى دېگەن قامچىسىنى ئوينىتىپ كېلىپ، ئەخمەتجان قاسىمنى ئۇرۇمچىگە قايتىپ كىرىپ كېتىشىنى، بولمىسا ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ زورلۇق ئىشلەتتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسىنىڭ بىر زەڭگى ئالدىدا بۇنچىلىك خورلىنىشى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چېكىدىن ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئايرىم جىنايى قىلمىشلاردىن ئەمدىلىكتە ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

1947-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى قەشقەردە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىنىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن ۋىلايەت مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى قولغا ئالدى. مۇشۇ زوراۋانلىقلار تۈپەيلىدىن ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى يەتتە ۋىلايەتتە تۇرۇش ئىمكانىيىتى قالمىغان باشقا زىيالىيلار، ھەر تەبىقە زاتلار، ئومۇمەن خەلقچىللىق ئۈچۈن كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان غۇلجا ياكى باشقا ئورۇنلارنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئادەملىرى ئىنقىلاب بۆشۈكى غۇلجىغا يۆتكىلىشكە باشلىدى. جۈملىدىن مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى، قازاق-قىرغىز ئۇيۇشما رەئىسى، مەركىزىي تاتار ئۇيۇشما رەئىسى، «مەركىزىي ئۇيغۇر گېزىتى» مۇھەررىرلىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«مەركىزىي قازاق-قىرغىز گېزىتى» مۇھەررىرلىرى ئارقىمۇ-ئارقا ئۈرۈمچىدىن كېتىشتى. ئاخىرى ئەخمەتجان قاسىمىمۇ قايتتى. رەخىمجان سابىر ھاجىيوپ يالغۇزلا قېلىپ قالدى. كېيىن رەخىمجاننىڭ قايتىشى توغرۇلۇق خەۋەر بېرىلگەندىن كېيىن ئۇمۇ قايتتى.

1947-يىلى 8-ئاينىڭ 20-كۈنى ئوسمان باندىتلىرى گومىنداڭ دۆلەت ئەسكەرلىرىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىنى بېسىۋالدى. 9-ئاينىڭ 1-كۈنى تۈلكە جاڭ جىجوڭ: «سىزلەر تىنچلىق بىتىمىنى بۇزۇپ كېتەمسىلەر؟» دەپ خەت يازدى. 9-ئاينىڭ 16-كۈنى ئوسمان باندىتلىرى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى سارسۇمبىنى بېسىۋالدى. بۇ چاغدا بىزنىڭ مىللىي ئارمىيىمىز بىتىمگە ئاساسەن تېگىشلىك ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئوسمان باندىتلىرى سارسۇمبىنى بېسىۋالغاندا، «ئەرك»، «يالقۇن» گېزىتلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى جاڭ جىجوڭنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرى لۇمىڭچۇەندىن: «ئوسمان سارسۇمبىنى بېسىۋالغانلىقىغا قانداق قارايسىز؟» دېگەن سوئالغا، ئۇ: «بۇ تەڭرى تىلىگەن ئادالەت!» دەپ، ئۆز ئەپت-بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى.

ئوسمان باندىتلىرى بىلەن بىللە چىقىدىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قولچوماقى قالىبېكمۇ سەل كېچىكىپ چىقىپ قالدى. بۇ باندىتلار گۇرۇھىمۇ مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن تېزلىكتە يوقىتىلدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، گومىنداڭ تەرەپ تەس كۈنگە قالغاندا، ۋاي بىتىم، تىنچلىق دېسىمۇ، چىن كۆڭلىدە ئۈچ ۋىلايەتنى زورلاۋانلىق قىلىپ قوراللىق كۈچ بىلەن بېسىۋېلىپ، ئىنقىلاب مېۋىلىرىنى نابۇت قىلىشنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، ئۇلار تۈرلۈك رەزىل تۆھمەتلەرنى چاپلاپ، پەسكەش خەتلەرنى يېزىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ مۇنداق چالا كۆرەڭلەشتىكى سەۋەبى: گومىنداڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇشتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنى سەل-پەل غەلىبە قازىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، كۆرەڭشىپ كەتكەنلىكىدىن ئىدى. ۋەكىللەر ئۈرۈمچىدە ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت تۇرغان بولسىمۇ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىتىمگە خىيانەت قىلىپ ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ كېلىشى تۈپەيلىدىن خەلق ئۈچۈن ھېچقانداق پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. شۇڭا ئۇلار ئامالسىز قايتىپ كەلدى. گومىنداڭچىلار ئۈرۈمچى ۋە باشقا ۋىلايەتلەردە

بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭ-تالاڭچىلىق ھۇنىرى بىلەن مەست بولۇپ قالىۋەردى.

*　　*　　*

ئەخمەتجان قاسىملار ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتتى، يەتتە ۋىلايەتنىڭ ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى زىيالىيلىرى، تەرەققىيپەرۋەر ئەرباپلىرىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە دېگۈدەك قايتتى. غۇلجىدىكى ئاساسىي رەھبەرلىكنى قىلىۋاتقان بۇرۇنقى دىنىي ۋە باشقا زاتلار چېكىنىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى زىيالىيلار ئىگىلىگەنىدى. ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىغا قايتىپ كېلىشى بىلەنلا يەتتە ۋىلايەتتىن كەلگەن زىيالىي ۋە باشقا زاتلارنى خىزمەت بىلەن تەمىنلەپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش خاتىرجەملىكىگە كاپالەتلىك قىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ۋە خەلقچىل زىيالىي زاتلار گومىنداڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مىللىي ئارمىيىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بوغۇپ، زەربە بېرىشنى مەقسەت قىلدى. بۇ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا بېرىلىدىغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي خىراجەتلىرىنى توختاتقانلىقىنى قارار قىلدى. بۇ ئەھۋاللار ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. لېكىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە تەشەببۇسى بىلەن خەلق ئاممىسى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئاز-تولا ئىقتىسادىي قۇربانلار بېرىش بەدىلىگە بۇ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ كېتىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسى ئۈستىدە رەسمىي ئىزدىنىش ئېلىپ باردى. ئاخىر ئۇ: «ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخى، تېخى بىرەر دۆلەتنىڭ قەغەز ھېسابىغا ئۇزۇن مۇددەت ئۆمۈر كەچۈرۈپ ياشىغىنىنى بىلمەيدۇ، ساغلام بۇدجېتى بولمىغان، كىرىمى چىقىمىنى قاپلاپ ئاز-تولا ئاشمىغان، يالغۇز قەغەز پۇللا ھېسابىغا ياشىغان ھۆكۈمەت ناھايىتى چاپسان ۋاقىت ئىچىدىلا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھالاكەتكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بىز ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە قولغا كەلتۈرگەن ئەركىنلىك ھوقۇقلىرىمىزنى ساقلاپ قالىمىز دېسەك، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك. ئىقتىسادىي ئەھۋالنى مۇستەھكەملەش دېگەن سۆز، يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ چۈشۈرۈپ بەرگەن ئىقتىسادىي پىلانىغا تولۇق رىئايە قىلىپ، مالىيە ئىنتىزامىغا تولۇق ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مۇستەھكەملەش دېگەنلىكتۇر. مالىيە ئىنتىزامىغا تولۇق رىئايە قىلماي تۇرۇپ، ئىقتىسادنى ھەرگىز مۇستەھكەملىگىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. شۇ سەۋەبتىن، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئۆتمۈشتىكى تېگىشلىك بولغان نىزام ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى بەلگىلەپ، ئىقتىسادىي ئىشلارنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىشلىنىدىغان ئەمەلىي ئىشلارنىمۇ ئورۇنلاشتۇردى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن پۈتۈن مالىيە كىرىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىغا ئاجراتتى ۋە شۇ بويىچە ئىش ئېلىپ باردى. بۇ خىل ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ يول قويۇلۇشى نەتىجىسىدە ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسى بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان بىلەن يەر پەرقى بولۇپ، ئۈرۈمچىدە پۇل پاخاللىقى ئەۋج ئېلىپ، مال باھاسى ئۈچ ۋىلايەتتىن 10 نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىپ، خەلق چىدىغۇسىز ھالەتكە كېلىپ قالدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە توقچىلىق، مەمۇرچىلىق، باياشاتچىلىق ئورناپ، تۇرمۇش خاتىرجەم بولۇپ، ھەممە نەرسىنىڭ باھاسى مۇقىم بولدى.

ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئەستايىل ئەسلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇندىن كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇردى، تەكشۇرۇپ تەتقىق قىلدى، ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئۆگەندى. مۇشۇ ئىزدىنىشلەرنىڭ نەتىجىسىدە بىر قانچە سىياسىي خاراكتېرلىك ماقالە ـ «تۈزەلمەس ئىپلاسلارنى نېمە قىلماق كېرەك؟»، «ئۆتكەنكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، كېچىللىكلەرنى تۈزىتەيلى»، «ئۇلۇسچىلار كىملەر ۋە ئۇلار ئۆز مىللىتىگە قانداق خىيانەت قىلىدۇ؟»، «ئىنسانلار ھوقۇقى نىقابى ئاستىدا، ئىنسانلار ھوقۇقىنىڭ ئاياغ ـ ئاستى قىلىنىشى» غا ئوخشاش ماقالىلەرنى يازدى ۋە ھەر قايسى ساھەلەر بويىچە يىغىنلارنى ئۆتكۈزۈپ خەلقئارا، مەملىكەت ھەم ئۆلكە ۋەزىيىتى شۇنداقلا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشى ھەققىدىكى ئەھۋاللار ئۈستىدە چۈشەنچىلەرنى بېرىپ، خەلق ئاممىسىنى ھەممە ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىپ تۇردى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ۋە قوغدايدىغان كۈچلۈك، ئىنتىپاقلاشقان، ئىنقىلابىي بىر پارتىيىنىڭ (تەشكىلاتنىڭ) زۆرۈرلىكىنى ئىدىيىدە مۇقىملىدى ـ دە، ھازىر ۋە كەلگۈسىدىمۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۇنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش دېموكراتىك ئىتتىپاقى»نى تەسىس قىلىشنى مۇقىملاشتۇردى. بۇ

تەشەببۇس ئۇرۇمچى ۋە ئىلىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاشكارا ۋە يەر ئاستى تەشكىلاتلارنىڭ بىردەك ئېغىزدىن ئۆتتى ۋە ئۇلار بۇنىڭغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1948-يىلى 8-ئايدا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدىن غۇلجىغا كەلگەن ۋەكىللەر بىلەن بىرلىكتە قۇرۇلتاي ئېچىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئىجرائىيە ھەم ھەيئەت ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى. قۇرۇلتاي بىر ئېغىزدىن بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىگە ئۆزلىرىنىڭ سىنالغان رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنى سايلىدى ھەمدە تەشكىلاتنىڭ مۇھىم خىزمەتچىلىرىنى بەلگىلەپ چىقتى. دېموكراتىك ئىتتىپاق ئۆزىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. خەلق دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت بويىچە ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيە، رايون، يېزا-مەھەللىلىرىدە يەرلىك تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. نەتىجىدە ھەر مىللەت خەلقى قىزغىنلىق بىلەن بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ كىرىشكە باشلىدى. ئىتتىپاق ۋە ئۇنىڭ رولى توغرىسىدا ئەخمەتجان قاسىمى:

«خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، خەلقچىللىق يولىدىن باشقا يول بار، دەپ ئىزدەنگۈچىلەر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ دوستى بولالمايدۇ. مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىز - خەلقچىللىق سېپى بىلەن بىرلىكتە جاھانگىرلىك، مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمىگە قارشى كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بېرىش يولى بىلەنلا غەلىبە قازانغۇسىدۇر. لېكىن غەلىبە يولىنى تۈز، ھېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىمىغان، ياسالغان تاشيولغا ئوخشاش دەپ ھېسابلاشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىنقىلابىي خەلقچىللىق كۈچى قانچە غەلىبە قازانغانسېرى، ئەكسىيەتچىل قارا كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا شۇنچە ئۇچرايدۇ. شۇ توسقۇنلۇقلارنى ئۆز ۋاقتىدا كۆرۈپ، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى خەلقىمىزنىڭ بىرلەشكەن كۈچى ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدا ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دېموكراتىك يولنى پاك ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، خەلقىمىزنىڭ سادىق ۋە ئىلغار پىكىرلىك پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇيۇشقان بىر سىياسىي تەشكىلاتى بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئازاد بولغاندىن تارتىپ بىتىمگە قەدەر ۋە بىتىمدىن كېيىنكى تەجرىبە-ساۋاقلار بىزنىڭ مۇشۇنداق بىر تەشكىلاتقا موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ ئىلغار پىكىرلىك خەلقچىل ئۇنسۇرلىرى غۇلجا شەھرىگە توپلىنىپ، بۇ سىياسىي تەشكىلاتنى قۇردۇق. تەشكىلاتىمىز خەلق ئاممىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تەشكىللىشى، ئۇلارنى سىياسىي جەھەتتە ئاڭلىقلىقتا يېتەكلەش ھەمدە كۆپچىلىكنى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ھەر دائىم تەييار تۇرىدىغان قىلىپ تاۋلاپ چىقىشى، مۇستەملىكىچىلىك، جاھانگىرلىك سىياسىتىگە قارشى رەھىمسىزلىك بىلەن كۈرەش قىلىشقا باشلاپ چىقىشى لازىم. ئۆلكىمىزدىكى ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك ھوقۇقىنى تەمىن ئېتىشكە قاردىتىلغان سىياسىتىنى ھەقىقىي چىن ئەمەلىيىتى بىلەن ھىمايە قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ غەلىبە مېۋىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىپ راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن كۈرەش ئېلىپ بېرىش كېرەك بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى مەكتەپ مائارىپ ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئالدى بىلەن كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرى بولغان ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشنى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشنى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ بۇ مەسىلىگە دىققەت بىلەن كۆڭۈل بۆلۈشىنى كۆپ قېتىم جېكىلىدى ۋە غەمخورلۇق بىلەن تاپشۇردى. ئۇ:

«ئوقۇتقۇچى كەلگۈسى دۆلەت ئىگىلىرىگە، كەلگۈسى جەمئىيەت خىزمەتچىلىرىگە، جەمئىيەتنىڭ كېلەچەك تۈزۈمى، كۆز قارىشى ۋە بۇلاردا بولىدىغان ياخشى مۇناسىۋەتلەرنى سىڭدۈرۈپ ئەتراپلىق تەربىيىلەش سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن تەربىيىلەش نىشانىنى بىلىۋېلىش كېرەك، بۇ نىشاننى بىلىۋالغاندىن كېيىن توغرا يول بىلەن ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. تەربىيىلەش خىزمىتى پەۋقۇلئاددە مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر تەربىيە خىزمىتى جەمئىيەتنىڭ مېڭىۋاتقان ئەڭ ئىلغار يولى بىلەن خەلقچىل پىكىردىكى كىشىلەرنىڭ ئۈمىد قىلىپ يۈرگەن نەزەرىيىلىرىگە ماسلاشقان ھالدا ئېلىپ بېرىلسا، خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىچىلىرى بولغان ياش-ئۆسمۈرلەر تەربىيىلىنىدۇ. ئەگەر جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچىغا دۆلەت تۈزۈمى مۇۋاپىقلاشقان جاي بولسا، شۇ دۆلەتنى رەسمىي تونىغان مەپكۇرىسى ئاساس ھېسابلىنىپ، تەلىم-تەربىيە ئالغاۋچىلارغا شۇ يول بىلەن تەلىم-تەربىيە بېرىلىدۇ، دۆلەت ھەرقانداق جەمئىيەت قاتلاملىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ. <دۆلەت ھېچقانداق تەبىقىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلىمەيدۇ> دېگەن نەزەرىيىلەرنىڭ ھېچقانداق ئاساسىي يوق ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي تەجرىبىلەر رەت قىلغىلى بولمايدىغان دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىماقتا. دېمەك،

دۆلەت ھاكىمىيىتى ئەكسىيەتچىل مۇستەبىت كۈچ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇتۇپ تۇرغان جايدا، ئۇنىڭ خەلقچىللىق روھىغا قارشى بەلگىلەپ بەرگەن تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە مۇۋاپىق بولمايدۇ. تەلىم-تەربىيە سىياسەت بىلەن مۇستەھكەم باغلانغان بولۇپ، تەلىم-تەربىيىنىڭ مەقسەت ۋە نىشانىنى سىياسەت بەلگىلەيدۇ... ياش-ئۆسمۈرلەرگە پەننىي بىلىمنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تەبىئەت ۋە باشقىلارنى تولۇق ئىگىلىتىپ، تېخنىكىۋىي قوراللارنى ئىشلىتىشنى، تەبىئەتنى جەمئىيەتكە بويسۇندۇرۇشنى بىلىدىغان بىلىم ئەھلىلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك.

بىز ياش-ئۆسمۈرلىرىمىزنى جەمئىيەت مەنپەئىتىنى ئۆزلىرىنىڭ شەخسى مەنپەئىتىدىن زور دەرىجىدە ئەلا كۆرىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشىمىز كېرەك.

... ئەگەر مەكتەپلەردە دوستلۇقنى تەمىن ئېتىش ئىشى كۈچلۈك ئېلىپ بېرىلسا، بۇنداق تەربىيىلەنگەن ياش-ئۆسمۈرلەردە دوستلۇق سۆھبىتى دائىم جەمئىيەت مەنپەئەتىگە قارىتىلغان بولىدۇ... شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنە شۇ ئومۇمنىڭ مەنپەئەتنى ھىمايە قىلىشقا قارىتىلغان ھەقىقىي دوستلۇق-ھەمكارلىقنى ئۆچلۈك ياكى ئامراقلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى بۇنى مەكتەپتە ھەقىقىي تەمىن ئېتىشىمىز كېرەك.

...بىز ئوقۇغۇچىلارغا ئەمگەكنى سۆيۈشنى، ئەمگەكنى ھۆرمەتلەشنى ئۆزلەشتۈرۈپ تەربىيە بېرىشىمىز لازىم. چۈنكى ئەمگەك ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى يۈكسەلدۈرگىلى بولىدۇ.

...بىز ياش-ئۆسمۈرلىرىمىزنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھتا تەربىيىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز ياش-ئۆسمۈرلىرىمىزنى تار مىللەتچىلىك روھى بىلەن تەربىيىلەيدىغان بولساق، ئۇلارنى بىر مىللەتنىڭلا پايدىسىنى كۆزلەيدىغان، باشقا مىللەتلەرنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان يامان روھتا تەربىيىلەپ قويغان بولىمىز.

...ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالامەتلىك مەسىلىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى فىزكولتۇرا، گىمناستىكا ۋە ئەمگەك بىلەن بولىدىغان تەنتەربىيە ھەركەتلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللاندۇرۇشىمىز كېرەك.

...ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز ئىشىنى قىزغىن سۆيىدىغان، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق قىلىپ تەربىيىلىشىمىز لازىم.

...مەن ئۆزۈم مۇئەللىممەن. ئۆز سىنىپىدا بىرمۇ قالاق ئوقۇغۇچىنىڭ قالماسلىقى ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ئوقۇتقۇچى مېھنىتىنىڭ قانچىلىك قىيىن ئىكەنلىكىنى ياخشى

www.uyghurkitap.com



بىلىمەن. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەمگىكىدىن پەخىرلىكرەك ئەمگەك يوقتۇر.

چۈنكى ئالىم، مۇھەندىس، يازغۇچى، قوماندان، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئەربابى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر... دەپ ياش-ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش ئىشىغا دائىم دىگۈدەك ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۆزى مەكتەپلەرگە بېرىپ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىۋاستە سۆھبەتلىشىپ تۇردى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كېيىنكى چاغلىرىدا يازغان «مىللىي مەسىلىدىكى بەزىبىر خاتالىقىمىز» دىگەن ماقالىسى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر.

ئۇ بۇ ماقالىسىدە: «ئۆلكىمىزدىكى مانجۇ، شىبە، خەنزۇ مىللەتلەردىن باشقا مىللەتلەر ئەسىرلەر بويى ئەنە شۇ يۇقىرىقى مىللەتلەر تەرىپىدىن ئېزىلىپ كەلگەنلىكىدىن ۋە يۇقىرىقى مىللەتلەر باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن بويۇكلۈك ئورۇندا تۇرغانلىقىدىن، مۇشۇنىڭ تۈپەيلىدىن باشقا مىللەتلەر ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارغا نىسبەتەن قاتتىق نەپرەتلىنىش كەيپىياتى شەكىللەنگەنلىك» سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىللە، 1911-يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى يوقىتالمايلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئىنقىلاب ئۆلكىدىكى مانجۇ، شىبە، خەنزۇلار ھۆكۈمرانلىقىنى ئالماشتۇرۇپ قويغانلىقىنى ئەتراپلىق كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھاكىم مىللەت ئىچىدىكى مەلۇم تەبىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دىگەن خاتا چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىش بىلەن، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىز باشلىنىپ قوراللىق قوزغىلاڭ باسقۇچىغا ئۆتكەن مەزگىلدە، مىللىي مەسىلە ئۈستىدە ئازبولمىغان خاتالىقلارنىڭ سادىر بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ: «كۆپچىلىك ھەممە خەنزۇ ئوخشاشلا دۈشمەن دىگەن چۈشەنچىدە بولدى. مۇشۇنىڭ تۈپەيلىدىن دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىماي بىرتاياقتا ھەيدەپ، دوستىنىمۇ ئۈرۈۋېتىپ، ھەرقانداق گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىدىنمۇ ئەشەددىرەك بولغان، ئۆز مىللىتىمىزدىن چىققان مىللەت دۈشمىنى مىللىي مۇناپىقلارنى ئۆز ھېمايىمىزگە ئېلىۋاتقانلىقىمىزنى تونۇپ يەتتى. نەتىجىدە بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەركىتىمىزنىڭ قوللىغۇچىلىرى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دۈشمىنى، بىزگە دوست بولغان خەنزۇلارنىمۇ مەجبۇرەن ئۇلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بەرگەنلىكىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىپ، بۇنى <پۈتۈنلەي خاتا ۋە ناتوغرا سىياسەت ئىدى> دېدى. بىزنىڭ مىللەتدىشىمىز سېيىت ئەخمەتنىڭ كۈچار خەلقىنىڭ قېنىنى

تۆككەنلىكىنى، مىللەتداش باندىت بولاڭچى ئوسماننىڭ مىللەتداش ئالتاي خەلقىنىڭ قانلىرىنى تۆككەنلىكلىرىنى، ئۆي -ماكانلىرىنى خانىۋەيران قىلغانلىقلىرىنى، مىللەتداش مەسئۇد، ئەيسالارنىڭ مىللەت مەنپەئىتىگە ئوچۇقتىن -ئوچۇق قارشى چىقىپ كۈرەش قىلىشلىرى، باشقىلار ۋە باشقىلار بۇنىڭ پولاتتەك دەلىلىدۇر» دەپ كۆرسەتتى.

...بىزنىڭ ئىلگىرىكى بىر مىللەتكە قارىتا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن تۇتقان يولىمىز خاتا، ناتوغرا ئىدى، چۈنكى بىزنىڭ مىللەتلىرىمىزنىڭ، ئازادلىق -باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىك مەسىلىسى مەملىكەت ئىچىدىكى ھەممە مىللەتلەرنىڭ، خەلقچىل ئېقىم تەرەپدارلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇرادىرانە بىرلەشكەن كۈرىشى ئارقىلىقلا تەمىن ئېتىدىغان مەسىلە ئىدى. چۈنكى ھەممە مىللەتنىڭ ئازادلىقى خەلقچىل سىياسەتنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا باغلىق مەسىلە ئىدى.

فېئودالىزمنىڭ قالدۇقلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەربىي بيۇروكرات ئاپاراتلىرىنىڭ كۈچى بىلەن ساقلىنىدۇ. گومىنداڭنىڭ مۇستەبىت ھەربىي بيۇروكرات ئاپاراتلىرىنىڭ كۈچلىرى بولسا، ئەنگلىز، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ھىمايىسىگە يۆلىنىدۇ،

خەنزۇ چوڭ مىللەتچىلىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب ئۈچۈن قانچىلىك زىيانلىق بولسا، ئۆز مىللىتىنى ئازاد قىلىۋالغاندىن كېيىن تار مىللەتچىلىك قىلىپ باشقا مىللەتنى بوزەك قىلىش، ئېزىش شۇنچە زىيانلىقتۇر...چۈنكى«باشقا خەلقلەرنى ئەزگۈچى خەلقنىڭ ئەركىن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» (ك.ماركس.)

ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن تارتىپ تاكى قۇربان بولغىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قوراللىق كۈرەشلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، چوڭقۇر كۆزىتىپ؛ ھېسداشلىق قىلىپ كەلدى. ئۇ نۇرغۇن نۇتۇق ۋە ماقالىلىرىدە بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىنى داۋاملىق تۈردە ئاشكارا بىلدۈرۈپ كەلدى. ئۇ «ئۇ قا ق» كۇلۇبىدا زىيالىيلارغا سۆز ئارلىقىدا ئۆلاردىن چۈشكەن سوئاللارغا جاۋاپ بەرگىنىدە: «بىز كوممۇنىستىك پارتىيىگە قانداق قارايمىز؟» دېگەن سوئالغا ئەخمەتجان قاسىمى: «بىزنىڭ دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز»دەپ، ناھايىتى ئوچۇق پوزىتسىيە بىلدۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ كەڭ ئامما ئىچىدە كوممۇنىستىك پارتىيىگە بولغان توغرا كۆز قاراش ۋە مۇھەببەت ئۇلغىيىشقا باشلىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئىشچى -خىزمەتچىلەرگە دائىم تەلىم -تەربىيە بېرىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇلارنىڭ «ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى شەخسىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن كۆرۈشنى، مەنسىپىنى، خىزمەت ئورنىنى ھەرگىز شەخسىي مەنپەئەتتىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە ئىشلەتمەسلىك، پاكلىق مەسىلىسى يەنى ئاپپاراتلىرىمىزنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن پاك بولۇشنى، پاك بولۇش ئۈچۈن خىيانەت قىلماسلىقنى؛ مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدىكەن، مىللەتچىلىك، قەبىلىچىلىككە قارشى تۇرۇشنى، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئاڭلىق، ئىنتىزامچانلىقنى قولدىن بەرمەسلىكنى، خىزمەتتىكى كەمچىللىك ۋە بيۇروكراتلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى يولغا قويۇش» نى دائىم جېكىلەپ، تاپشۇرۇپ كەلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى خەلققە توغرا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇلارغا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن خەلققە (ھەرمىللەت،ھەر ساھە خەلققە)دائىم ئارىلىشىپ، مۇڭدىشىپ، بىللە بولۇپ، تامىقىنى بىللە يەپ-ئىچىپ، ئۇلاردىن ئۆگىنىپ كەلدى. بۇ ئۇنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى ئىدى. يولداشلار تەرىپىدىن يېزىلىۋاتقان ئەسلىمىلەرنىڭ كۆپى ئۇنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى ئاجايىپ ۋەقەلىك ۋە ئىش ئىزلىرىدۇر.

ئەخمەتجان قاسىمى ئىشچى-دېھقان ۋە چارۋىچىلارنىڭ ئالاھىدە غەمخورچىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۆز ساھەسىدىكى ئىشلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئۇتۇقلۇق بولۇشىنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەدەتكارى، ئىلھاملاندۇرغۇچىسى بولۇپ قالغانىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ياشلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاتا-ئانىسىز يېتىم بالىلارنىڭ ئۆز ئانىسىدەك مېھرىبان ئانىسى، غەمخورچىسى ۋە باش مۇرەببىيسىدۇر. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز ئەخمەتجان قاسىمىغىچىلىك بۇندان مېھرىلىك يولباشچىنى ئۇچراتمىغان.

ئەخمەتجان قاسىمى ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئىگىلىگەن ۋە پىشقان ھەقىقىي خەلق خىزمەتچىسىدۇر. ئۇ ماشىنىغا چىقسا شوپۇر، سۇغا چۈشسە ئۈزگۈچى، سالچى، خالىڭ ئاستىغا چۈشسە ئىشچى، دېھقانلارنىڭ ئارىسىغا كىرسە داڭلىق ئومچى، تېخنىكلىق ئىشلار بار ئورۇنغا بارسا ئەپچىل ئەمەلىي تېخنىكا خادىمى ياكى ئاددىي مانتيور، مالچىلار ئارىسىغا بارسا كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان ئۇستا چوپاندۇر.

ئۇنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە تەتقىق قىلىپ ئېلىپ بارغان ئىشلىرىنىڭ بىرى، بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەمىزدۇر. بۇ ساھەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىدىن باشلاپ ئۇنىڭ يۆنىلىشى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسى ۋەزىپىلىرى، ئالاھىدە كۆڭۈل

بۆلۈشكە تېگىشلىك ژانىرلار، پېشقەدەم قەلەم ئىگىلىرى بىلەن تېخى ئەمدىلا قەلەم تەۋرىتىشكە باشلىغان يازغۇچىلارنى بايقاش، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تۈرلىرى، ئۇلارنى قايسى ئۇسۇل بىلەن جەمئىيەت مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقىچە كۆڭۈل بۆلگەن. ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىمۇ پىشقان فولكلورچى بولۇش بىلەن بەدئىيلىكى، يۇمۇرلۇقلۇقى يۇقىرى بولغان لەتىپىلىك قىزىق مەسەل-تەمسىللەرنىڭ ماھىرى ئىدى. ئۇ بۇ لەتىپىلىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى ھەم مۇھىم ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە خەلق قورالى بولغان، ئۇ بۇ ساھەدىكى بىلىمى بىلەن گومىنداڭچىلارنى يەڭگەن ۋە مات قىلغانىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئاتاقلىق تىلچى ۋە ئۆتكۈر ناتىق ئىدى. ئۇ ۋاقىت تەلىپىگە مۇۋاپىق نۇرغۇن ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلىش بىلەن ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا-قىشلاقلاردا ئېچىلغان ھەم ئېچىش زۆرۈر بولغان يىغىنلاردا، ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقلىرىگە شۇ سورۇندىكىلەر قايسى مىللەتتىن كۆپرەك يىغىلغان بولسا، شۇ مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا (رۇس،قازاق،تاتار،قىرغىز،ئۆزبېك)نۇتۇقلارنى سۆزلەپ، ھەممىسىنى قايىل قىلاتتى، مەقسىتىنى ھەممىسىگە ئوچۇق ئۇقتۇراتتى، ئۇلارنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىنى قوزغاپ، غەيرىتىنى ئاشۇراتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى خۇش پېچىملىق تەن قۇرۇلۇشىغا ۋە تولۇق سالامەتلىككە ئىگە بولغان، پىشقان-چېنىققان ئەمگەك ئەھلى ئىدى. ئۇنىڭ ھەر كۈنىنىڭ مەلۇم ۋاقىتلىرىدا ئائىلىسىدە قورۇ ئەمگىكى، ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىق-ئۆستەڭنى تازىلاش، كۆچەت تىكىش مەزگىللىرىدە بولسا ھەممىدىن كۆپ كۆچەت تىكىپ، ھەممىدىن كۆپ ئەمگەك قىلىپ ئىشلەشلىرى باشقىلارنى ئالاھىدە تەسىرلەندۈرەتتى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەن ساقلىقىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۇنىڭ جىسمانىي ئەمگەكتىن قول ئۈزمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئەخمەتجان قاسىمى تېپىك ئۆگىنىش ئۈلگىسى ئىدى. ئۇنىڭ كۈندىلىك خىزمەت، تەنتەربىيە، ئەمگەك، سىياسىي ئۆگىنىش، تىل ئۆگىنىشتەك قازا قىلماي ئېلىپ بارىدىغان مۇنتىزىم كۈنتەرتىپ خاتىرىسى بولۇپ، بۇ ئىشلارنى ئۇ كۈندە دېگۈدەك خاتىرىلەپ تۇراتتى. تىل ئۆگىنىش خاتىرە دەپتىرى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ھۆرمەت بىلەن ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇ خاتىرىدە ئۇنىڭ ئىنگلىزچە، خەنزۇچە ئۆگىنىش ۋاقىتلىرى مۇنتىزىم ھالدا يېزىلىپ ماڭغان.

ئەخمەتجان قاسىمى ماركسىزم ۋە لېنىنىزمنى خېلى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئادەتتىكى ۋەزىپىسىگە ماسلاشتۇرۇپ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۇرۇپ ئىش ئېلىپ بارغان ئەتقىقاتچىدۇر. شۇنداقلا ئۇ شۇ چاغدىكى ئەڭ كۈچلۈك ماركسىزم نەزەرىيەچىسىدۇر. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى زىچ بىرلەشتۇرۇپ ماڭغان ئۇستازدۇر.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنى ھەرگىز باشقىلاردىن ئالاھىدە ھەم پەرقلەندۇرىدىغان ھالەتتە تۇتمايتتى، جازىسى يوق ئىدى، ھەتتا ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ماشىنىغا چۈشۈپ سىرتقا چىققاندا ئاددىي شوپۇرلۇق كىيىمىنى كىيىۋالاتتى. ئۇ بارغان جايدىكى نۇرغۇن كىشى ئۇنى پەرق ئېتەلمەي، ئالدى بىلەن باشقىلارغا قول بېرەتتى. ھەمراھلىرى ئەخمەتجان قاسىمىنى كۆرسەتكەندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى ھەيران بولۇشۇپ، تېڭىرقاپ قالاتتى، ئۇ ئۆزىنى خەلقتىن يىراقلاشتۇرىدىغان سۇرلۇك مۇھاپىزەتچى ۋە قوغدىغۇچىلارنى ئىشلەتمەيتتى. «پەقەت خەلققە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلساق،خەلق بىزگە تاپشۇرغان خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن ئوبدان چىقساقلا، بىزنى خەلق ساقلايدۇ» دەپ خەلق ئاممىسىغا تايىناتتى. ئۇنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىمۇ ئاددىي ئىدى، چىراي ئالاھىدىلىكلەر يوق ئىدى، ھەر قانداق ئىش بىلەن كەلگەن شەخسلەرنى ئۆزى ئۆيدە بولسىلا چىقىپ قارشى ئالاتتى. شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولسا، ھەل قىلىپ بېرىپ يولغا سالاتتى. بۇ يەردە دەرھال ھەل قىلىشقا مۇمكىن بولمىغانلىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يوللاپ، بۇنىڭ ئىجراسىدىن ئۆزىنى خەۋەردار قىلىشنى ئالاھىدە ئەسكەرتەتتى. بۇ ئىشقا ھەرقانداق ئورۇن ياكى خىزمەتچى بىپەرۋالىق بىلەن قارىماي، ئۇنىڭ ئىجراسىدىن ئەخمەتجان قاسىمىنى تولۇق خەۋەرلەندۇرەتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى خەلقىمىز ئىچىدىن چىققان مانا مۇشۇنداق ھەرتەرەپلىمە پىشقان ۋە چېنىققان رەھبەر ئىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاب ئۇزۇن يىللىق جاپالىق كۈرەشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە قاراپ يۈزلەندى.1949-يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ۋەكىللەرنى چاقىرىپ، 1-نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى چوڭ يىغىنىنى بېيجىڭدا ئاچماقچى بولدى. باشقىلار قاتارىدا ماۋجۇشى نامىدىن ئەخمەتجان قاسىمىغا ئالاھىدە تەكلىپ قەغىزى كەلدى. كەلگەن تەكلىپتە:

«شىنجاڭ غۇلجا ئالاھىدە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئەخمەتجان ئەپەندىگە: ئېلىمىزنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا ۋە

جىياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى مەملىكەت بويىچە غەلىبە قىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى دالا ئارمىيىلىرى، ھەرقايسى ئازاد رايونلار، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئەتراپلىق تەييارلىقتىن كېيىن، 9-ئاينىڭ ئىچىدە ئومۇمىي يىغىن ئېچىش ئالدىدا تۇرىدۇ، بۇ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى تۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلغاندىن باشقا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى تۈزۈپ چىقىلىپ، مەركىزى خەلق ھۆكۈمىتى سايلاپ چىقىلىدۇ. سىلەرنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى كۈرەشلىرىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمىزنىڭ بىر قىسمى، غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ تولۇق ئازاد بولۇشىغا ئۇزۇن ۋاقىت قالمىدى. سىلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭلار ئاخىرى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئالدىدا تۇرىدۇ. بىز سىلەرنىڭ ۋەكىل ئەۋەتىپ مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشتۇرۇشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. قوشۇلساڭلار 9-ئاينىڭ باشلىرىدا بېيجىڭغا يېتىپ كېلىشىڭلارنى سورايمىز. تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ماۋزېدوڭ.

1949-يىلى 8-ئاينىڭ 18-كۈنى، بېيجىڭ».

يۇقىرىدىكى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز نامىدىن مۇنۇ تېلېگراممىنى يېزىپ يوللىدى:

«مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قەدىردان ماۋزېدوڭ ئەپەندىگە:

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدۇق. خەتتە ئېيتىلغان مەسىلىلەرنى ئۆلكىمىزدىكى بارلىق خەلق ئۇزۇندىن بۇيان ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەنىدى.

بىز شۇنداق ھېسابلايمىزكى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ئۆلكىمىز ۋە دۇنيا خەلقلىرىنىڭمۇ ئۇلۇغ غەلىبىسى!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



خېتىڭىزلاردا ئېيتىلغان مەسىلىلەرگە چەكسىز تەشەككۈر بىلدۈرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بېيجىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىشكە قوشۇلىدىغانلىقىمىزنى خۇشاللىق بىلەن بىلدۈرىمىز.

ئېھتىرام بىلەن:

ئالاھىدە رايون خەلق ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى

1949-يىلى8-ئاينىڭ 20-كۈنى».

يۇقىرىدىكى تېلېگراممىنى يوللاپ ئاز ئۆتمەيلا 1949-يىلى 8-ئاينىڭ22-كۈنى كەچ سائەت 7دە ۋەكىللەر ئۆمىكى: ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك مونونوف، گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايېۋ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، لۇجى ۋە خىزمەتچىلەردىن ئابدۇرېشىت ئىمىنوپ، غەنى كېرىموپ ھەم ئوسمانجان ناسىر ئوغۇللىرى بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقىشتى.

بۇ چاغدا غەربىي شىمال تولۇق ئازاد بولۇپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ تەرەپ بىلەن مېڭىش خەتەرلىكرەك بولغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنى ئارقىلىق ماڭغانىدى. ئۇلار ئايروپىلاندا بايقال تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈپ، قېلىن ئورمان ھەم جىلغىلارنى بېسىپ ئۆتۈۋاتقاندا، ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچرىدى. ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەر ۋە خىزمەتچىلەر 1949-يىلى 8-ئاينىڭ 27-كۈنى مۇشۇ جىلغىدا بەختىمىزگە قارشى قۇربان بولدى، ئۇلار بىزدىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلدى.

يولداش ماۋزېدوڭ بۇ قايغۇلۇق ماتەم مۇناسىۋىتى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى قۇرغان «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى» دىكى يولداشلار ئارقىلىق تەزىيە بىلدۈرۈپ تېلېگراما يوللىدى:

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىدىكى سۆيۈملۈك يولداشلار:

شىنجاڭ خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىغا قاتناشقۇچى بىر تۈركۈم ۋەكىللىرى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىلى-ئالتاي-تارباغاتاي ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى يولداش ئىسھاقبېك، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى يولداش دەلىلقان سۇگۇربايېۋ ۋە شىنجاڭ-جۇڭگو-سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىدىن يولداش لۇجىلار 1949-يىلى 9-ئايدا

بېيجىڭغا كېلىشۋاتقاندا ئايروپىلان ھادىسىسى بىلەن بەختسىزلىككە ئۇچرىدى، بۇ شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن زور بىر يوقىتىش، مەن بۇنىڭغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن.

ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش نەپەر يولدىشىمىز ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەركىتى ئۈچۈن قەھرىمانە كۈرەش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش يولىدا قۇربان بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ.

يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، يولداش ئىسھاقبېك، يولداش ئابدۇكېرىم، يولداش دەلىلقان ۋە يولداش لوجىلار مەڭگۈ ھايات!

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى:

ماۋزېدۇڭ

1949-يىلى 10-ئاينىڭ 22-كۈنى.»

ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جەستى 1950-يىلى 4-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن غۇلجىغا كەلتۈرۈلدى. بۇ چاغدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا تۇتقان ماتەم-ھازىسى ئۇلارنىڭ خەلق قەلبىدىن ئەڭ چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى.

ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە شېھىت بولغانلار شېھىتكارلىقى، ھازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتەپ ئورنىغا دەپنە قىلىندى.

1958-يىلى ھازىرقى غۇلجا خەلق باغچىسىنىڭ غەرب تەرىپىدىن يېتەرلىك يەر سېتىۋېلىنىپ، بۇ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جەسەتلىرى مۇشۇ ئورۇنغا كۆچۈرۈلدى، قەبرىلىرى ئالاھىدە ياسالدى. قەبرىلەر ئالدىدىكى كەڭ سەينانىڭ ئوتتۇرىسىغا بەش بۇرجەكلىك ئېگىز مۇنار تۇرغۇزۇلۇپ، مۇنارنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ماۋجۇشى ئەۋەتكەن تەزىيە تېلېگراممىسى ۋە تۆۋەندىكى يادنامە ئويۇلغان.

«يادنامە:

ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار مىللىي ئازادلىق ۋە خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. 1949-يىلى جۇڭگو خەلق ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئىنقىلابىي قۇربانلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى نامىدىن بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1-قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، بەختكە قار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شى ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قۇربان بولدى.

قۇربانلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئىنقىلابىي تارىخىمىزدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ئۇلارنىڭ روھى مەڭگۈ ياشايدۇ.

مىلادى 1959-يىلى 27-ئاۋغۇست».

خاتىرە مۇنارىدىن بىر قانچە ئون مېتىر شەرق تەرەپنىڭ شىمالىغا ئىنقىلابىي قۇربانلار ئۈچۈن يەتتە ئېغىزلىق ئۆي، ئىشخانا، يەنى«ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە سارىيى» سېلىنىپ، بۇ يەرگە مەرھۇملارنىڭ ھايات ۋاقىتلىرىدا قىلغان ئىش ئىزلىرى خاتىرلىنىپ، سۈرەتلىرى قويۇلغان ھەم مەخسۇس ۋە كۆپچىلىك مېھمانلار ئۈچۈن كىرىسلو-ئورۇندۇقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەتراپىغا بۈك-باراقسان قىلىپ ئورمانلار قاپلىغان. ئىنقىلابىي قۇربانلار مۇشۇ ئورۇندا ئەبەدىي ئۇيقىدا خاتىرجەم ياتىدۇ.

ئىنقىلابىي قۇربانلارنى زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن چەت ئەللىك مېھمانلار ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگەن رەھبەرلەر، خادىملار، ئۆلكىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچى، ئارمىيە، دېھقان-چارۋىچى ۋەكىللىرىنىڭ قويىرۇقى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار گۈلچەمبىرەكلەرنى قويۇشىدۇ، قىسمەنلەرنىڭ كۆز يېشىنى توختىتالماي ھۆكرەپ يىغلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

بىز بۇ ئەسلىمە ئارقىلىق ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىش-ئىزلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتتۇق. بۇنىڭدىن شۇنى كۆردۇقكى، ئەخمەتجان قاسىمى ئۇزۇن يىللىق شىڭ شىسەي تۈرمىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئاز كۈن ئۆتمەيلا ئىلىدا باشلانغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئاددىي سۇ توشۇغۇچى بولۇپ قاتنىشىپ، قۇربان بولغىچە ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئەڭ پەخىرلىك ئورۇن ئالغان ھۆرمەتلىك رەھبەردۇر. ئەخمەتجان قاسىمىغىچە ھېچكىم ۋە ھېچبىر شەخس خەلق كۆڭلىدىن بۇنچىلىك ئورۇن ئالالمىغان ۋە ئالالمىدى. ئۇنىڭ خەلق كۆڭلىدىن ئورۇن ئېلىپ، رەھبەرلىككە كۆتۈرۈلىشىگىچە ئۇنىڭغا يار-يۆلەك بولغان ھېچقانداق يۆلەنچۈكى ۋە زورمۇ-زور ئۆرلەتكۈچىسى بولمىغان. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ خەلققە پايدىلىق ساپ بىلىمى، ئاممىنى قايىل قىلارلىق ئەقىل-پاراسىتى، ئىدراكى، غايىسى ۋە خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان ئېغىر-جاپالىق ئەمگىكى، مۆرىتى كەلسە تۆكۈدىغان قېپقىزىل قېنى ۋە ئىسسىق جېنىنى پىدا قىلغانلىقى ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن

ئورۇن ئالغان.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ نىشانلىغان ئىشىغا يۇتلىكاشاڭ ۋە توسالغۇ بولىدىغان دۇشمەن-رەقىبلىرى باردۇركى، ھېچبىر شەخسىي دۇشمىنى-رەقىبى يوق، خەلق دوستىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقلىرى مۇشۇ كۆڭلىدە ئولتۇرۇشقان سورۇنلىرىدىمۇ ئۇنى ياخشى ئىشلىرى بىلەن ئەسكە ئېلىشىدۇ، كۆز يېشى قىلىشىدۇ، سېغىنىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# گېنېرال ئىسھاقبېك مونونوف

## توختى ئىبراھىم

### 1

قىرغىز خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ،
جۇملىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سۆيۈملۈك چىۋەر سەركەردىسى ـ ئىسھاقبېك



ئىساقبېك مونونوف(1949ـ1902)

مونون ھاجى ئوغلى 1902 ـ يىلى قەشقەر
ۋىلايىتىگە قاراشلىق قىزىلبويى ناھىيە
سىمخانا يېزىسىنىڭ قوشئېتەك قىشلى-
قىدا ئوتتۇرا چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇن-
ياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى مونۇن ھا-
جى مەرىپەتپەرۋەر، نوپۇزلۇق ئادەم بو-
لۇپ، ئۇ ھەج قىلىش سەپىرىدە بىر قانچە
دۆلەتنى زىيارەت قىلىپ، كۆپ ئىشلارنى
كۆرگەن. ئۆز مىللىتىنىڭ سىياسىي، مە-
دەنىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە قەد كۆ-
تۈرۈش غېمىنى يېگەن. شۇڭا ئوغلى
ئىسھاقبېكنى ئوقۇتۇپ يارامىلىق ئادەم
قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل
بۆلگەن. ئۇ شۇنداق غايە بىلەن ئۆز يې-
رىدە ئالاھىدە بىر مەكتەپ سالدۇرۇپ، قىرغىز، ئۇيغۇر بالىلىرىنى تېز ساۋاتلىق
قىلىپ چىقىرىش ئىقتىدارى يۇقىرى مۇئەللىم (خەلپىتىم) لەرنى تاللاپ ياتاقخانىلارغا
ئورۇنلاشتۇرغان. ئىسھاقبېكنىمۇ شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقان. مونون ھاجى مال-
چارۋىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە ئوۋغا چىققاندا ئوغلىنى بىللە ئېلىپ چىققان،
ئىسھاقبېك ياش چېغىدا بۇنداق كۆڭۈللۈك پائالىيەتلەرگە قىزىقىپ، ھەر خىل ئوۋ
قوراللىرىغا بولغان ھەۋىسى كۈچەيگەن ۋە ئۇستا مەرگەن بولغان.

مونون هاجىنىڭ سوۋېت قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن سودا ـ سېتىق ۋە باشقا جەھەتلەردە قويۇق ئالاقىسى بولۇپ، ئۇ يەردە تونۇش ـ بىلىشلىرىمۇ كۆپ بولغان. مونون هاجى قىرغىزىستانغا كۆپ قېتىم بېرىپ ـ كېلىش جەريانىدا ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ قىرغىز خەلقىغە بەرگەن مېۋىلىرىنى، قىرغىز، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپلەردە ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇڭا ئىسھاقبېكنى 1929 ـ يىلى ئەركەشتام ئارقىلىق بېشكەك شەھىرىگە ئەۋەتكەن. ئۇ بۇ شەھەردە ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ئوقۇپ، تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيىلىك بولغان. 1932 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەن. دەل شۇ چاغ جىن شۇرېن ئاغدۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي هاكىمىيەتنى ئىگىللىگەن چاغ ئىدى، شۇنىڭدەك شىنجاڭدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا هەر خىل، هەر ياڭزا مىللەتارىست ۋە باندىتلارنىڭ توقۇنۇشى ئەۋج ئالغان، هەر مىللەت خەلقى ئۇلارنىڭ قىرغىنچىلىق، بالايى ـ ئاپەتكە يولۇقۇپ، خانىۋەيرانچىلىق بولۇۋاتقان چاغ ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن جەنۇەك قازى، هەيدەر، قوشمەت قاتارلىق قوراللىق باندىتلار ئۇلۇغچات تېغىدا باندىتلىق قىلىپ، خەلققە زادى ئارام بەرمەيۋاتاتتى.

دەل شۇ چاغدا شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستانە قوللىشى ۋە ياردىمى بىلەن دېموكراتىك تەرەققىيات يولغا قويۇلدى. تۈركۈملىگەن ياشلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىشكە باشلىدى. ئەلنىڭ قوللىشى ۋە شېڭ شىسەينىڭ تەستىقى بىلەن ياش ئىسھاقبېك قىزىلبويىغا هاكىم بولۇپ تەيىنلەندى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ناھىيىنىڭ ھەممە ئىشلىرى رەتكە سېلىنىپ، مەدەنىي ـ مائارىپ، ئىسلاھات، ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى يولغا قويۇلۇپ، خەلقنىڭ يەلكىسىدىكى ئېغىر ئالۋاڭ ـ ياساقلار ئېلىپ تاشلاندى. ئۇ هاكىم بولۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، هەر مىللەت خەلقىنىڭ يېقىملىق رەھبىرى سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈندى.

## 2

غوجا نىياز هاجى قوماندانلىقىدىكى قوشۇن قەشقەرگە يېتىپ كەلگۈچە، ئاتامان جەنۇەك قازى قەشقەردە هەر يەردىكى باندىتلار ۋە بەزى قۇيۇرچۇقلارنى يىغىپ بىر پولك قوشۇن تەشكىل قىلىۋالدى. ئارقىدىنلا يۈسۈپجان قۇر بېشى قوماندانلىقىدىكى بىر پولك باندىت ۋە ئۇنىڭ كەينىدىنلا قىرغىز ئاتامان ئادىل پەنسەت قوماندانلىقىدىكى يەنە بىر پولك قاچقان باندىتلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلدى ۋە ئۇلار قەش ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قەر شەھەر ئەتراپى رايونلىرىغا ئورۇنلىشىۋالدى. شۇ چاغدا ئوسمان توختۇك دېگەن يەرلىك قىرغىز قۇراشتۇرغان بىر پولك ئەسكەر ھەرىكەتلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ ئۆز پولكىنى باشلاپ ھېلىقى قاچقان قوراللىق باندىتلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ھەشەمەت بىلەن قارشى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئورۇنلىشىۋېلىشىغا ياردەم بەردى. ئوسمان توختونىڭ باندىتلار بىلەن بۇرۇنلا ئالاقىسى بار ئىدى. غوجا نىياز ھاجى قوشۇنى بىلەن بىللە كەلگەن كىچىكاخون ئاتۇشتا بىر پولك ئەسكەر قۇراشتۇرۇپ قوراللىنىپ، قەشقەرگە كېلىپ ياۋاغ دەرۋازىسىنىڭ رەستىسىگە ئورۇنلاشتى. دەل شۇ چاغدا غوجا نىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن زەربە يەپ قېچىپ كەلگەن مازىخوي(ما چولاق)نىڭ پولكى قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ چوڭ قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ-تالاڭنى باشلىۋەتتى. كوچا، ئۆي-ئاراملار قانغا مىلىنىپ، ئۆي-دۇكانلار قۇرۇقدىلىپ قالدى. قىز-خوتۇنلارغا باسقۇنچىلىق قىلىنىپ، كۆكرىكىگە نەيزە سانجىپ، پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى. نامى مەشھۇر كىشىلەر تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن، كاللىسىنى ئېلىپ دەرۋازىلارغا ئېسىپ قويۇشتەك دەھشەتلىك كۈنلەر ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. مازىخوي دېگەن بۇ قانخور كۆرەڭلەپ، قەشقەرنى «خۇددى بىر بۆك» قىلىپ كىيىۋالدى. 1933-يىلى1934-يىللىرى ئىچىدە سابىت داموللا، جەنۇبك قازى، ئوراز، مەمتىمىن ھەزرەت قاتارلىقلار باشچىلىقىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلدى. بۇ «جۇمھۇرىيەت» نىڭ رەئىسلىكىنى موللا سابىت داموللا ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئوراز ھۆكۈمەتنىڭ باش قوماندانى بولدى. ئوراز، جەنۇبك قازى، ئوسمان توختۇك، يۈسۈپجان قۇر بېشى قاتارلىقلارنىڭ قوشۇنلىرى موللا سابىت داموللا قوشۇنىنىڭ قوماندانى تۆمۈر سىلىڭ قوشۇنىغا يېقىندى. مازىخوي بولسا بۇ ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلمىدى. موللا سابىت داموللا ئۈچتۇرپانغا غوجا نىياز ھاجىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى قوللاش توغرۇلۇق ئادەم ئەۋەتتى.

ما چولاق قىسملىرى قەشقەر بويىچە بىر قېتىملىق چوڭ قىرغىن ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، كونا شەھەردىكى كىچىك يەڭىنىڭ لەڭگەر دېگەن يېرىغا ئورۇنلىشىۋالدى. ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۆمۈر سىلىڭ ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى ئالداپ چايغا چاقىردى. تۆمۈر سىلىڭ ما چولاقنىڭ قەسەم بىلەن ھەل بېرىلگەن باغىقىغا ئالدىنىپ، يولغا چىقىپ لەڭگەرگە كېتىۋاتقاندا، ئالاھىدە يوشۇرۇپ قويۇلغان پايلاقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، كاللىسى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويۇلدى. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ ئۆتكەن قوراللىق باندىتلار

باشلىقى ئادىل پەنسەتنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭمۇ كاللىسىنى ئېلىپ ھېيتگاھقا ئېسىپ قويىدى. سوۋېتتىن قېچىپ ئۆتكەن باندىتلار شىنجاڭغا قېچىپ ئۆتكەن ۋاقىتتىنىڭ ئىلگىرى-ئاخىرلىقىغا قاراپ، «بىرىنچىلىكلەر»، «ئىككىنچىلىكلەر»، «ئۈچىنچىلىكلەر» دەپ ئاتالدى. مانا بۇ قاچقۇن باندىتلار ۋە يەرلىك باندىتلار بولسۇن، جەنۇبەك ۋە ئۇرازلارنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۆتتى. 1934-يىلى ماۋت سىجاڭ قوماندانلىقىدىكى تۇرپان قىسىملىرى قەشقەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار «ئىسلام قوشۇنلىرى» بىلەن قوشۇلۇپ ئەتىگەندىن كەچ كىرگىچە ما چولاق قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا باشلىدى. بۇ مازىخۇينىڭ موللا ساۋۇت ھۆكۈمىتىگە باش ئەگمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان تالىشىش ئۇرۇشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىرلىشىپ ما چولاققا قارشى ئۇرۇش قىلىسمۇ، شېڭ ھاكىمىيىتىنى تونىمايدىغان ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمەت ئىدى. تامغىلارنى ئويدۇرۇپ، بايراقلارنى كۆتۈرۈپ، بەلگىلەرنى ياسىشىۋېلىپ، «ئىسلام ناخشىلىرىنى» ئېيتىشتى. ئۇلار ئەيمەنمەستىن، پاخال پۇل، ئۆتمەس يارماقلارنى تارقىتىپ، خەلقنى ئالداپ «سېتىۋېلىش» دېگەن چۈمپەردە ئاستىدا، قول ئىلكىدە بارلارنىڭ تاپقان-تەرگىنىنى سۈپۈرۈۋالدى. كېچىسى ئۇرۇشنى توختىتىپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ كېتىشىپ، خەلقنى بۇلاپ-تالاپ، كېچىسىنى تاڭ ئاتقىچە بېشىغا كىيىشىپ، غەۋغا قىلىپ ئولجا تالىشىپ بىر-بىرىنى قىرىش، قىمار، نەشە قاتارلىق ۋە باشقا پەسكەش ئىشلار بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشەتتى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئۆز قولى بىلەن قۇراشتۇرۇلغان بۇ «خاندانلىق» نى ئالدىراپ-تېنەپ ئېتىراپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ قوراللىق باندىتلار ۋە بەزى ئۆز يۈزبېشىنى يوقاتقان قوشۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بىر يىل داۋام قىلدى. ئاخىرىدا ما زىخۇي قىسىملىرى ھالسىزلانغاندىن كېيىن قەشقەر يېڭى شەھەر سېپىلى ئىچىگە كىرىۋالدى.

بۇلارنىڭ ئۆز ئارا توقۇنۇشى ۋە قانلىق قىرغىنچىلىقىغا خاتىمە بېرىلمىگەندە، ئەڭ مۇھىمى-سابىت داموللا، جەنۇبەك، ئۇرازلارنىڭ جاھانگىرلىككە باغلانغان «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» سۈپۈرۈپ تاشلانمىغاندا، گۈزەل، قەدىمىي ئەزىزانە قەشقەر شەھىرىنى ۋە ئۇنىڭ پاراسەتلىك،ئەمگەكچان خەلقىنى مۇدھىش بالايى-ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇنداق پەيتتە، ئىسھاقبېك مونون ھاجى-بىر ئىنقىلابچى، ۋەتەنپەرۋەر سۈپىتىدە كۆكرەك كېرىپ جەڭ فرونتىغا چىقتى. ئۇ خەلقنىڭ قارا تۇتەك ۋەھىمە ئاستىدىكى يۈكسەك ئارزۇسىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1935-يىلى ھاكىملىقتىن ۋاز كېچىپ، دۈشمەنلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قارشى بىر جەڭگىۋار قوشۇننى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن500 دىن ئوشۇق قىرغىز ياشلىرىنى تەشكىللەپ، مۇنتىزىم ھالەتكە كەلگەن بۇ پولكنى يېتەكلەپ، شۇ يىلى ياز پەسلىدە قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. پولكنىڭ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىلىق سەپتىن، بودلۇپ قاتارلىق مەسلىھەتچىلەر ۋە 10 نەچچىلىگەن رادىستلار، ئەمەلىي خىزمەتكە قاتنىشىدىغان بىر تۈركۈم ئوفىتسېرلار كەلدى. پولكتىكى جەڭچىلەر پۈتۈنلەي قىرغىزلار ئىدى. ئەمەلىي ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن موللا ساۋۇر، تۇرغانباي، جۇماغۇل، قاشاڭ قاتارلىق ئوفىتسېرلار قىسمىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سەيپىن ۋە بودلۇپلار كۈندۈزى داۋاملىق قىسمىدا بولدى. شۇ چاغدا ئىسھاقبېك يېتەكلىگەن قىرغىز پولكىنىڭ ھەربىي-سىياسىي، ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىدە زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. جەڭچىلەر ئۆزلىرىنىڭ سەپ بولۇپ ماڭغان ھەر بىر يۈرۈشلىرىدە ۋە يىغىلىشلاردا ھەرخىل جەڭگىۋار ناخشىلارنى ياڭرىتاتتى. شۇ چاغدىكى جەڭ ناخشىسىنىڭ بىرىدە:

تۆتىنچى دېمەڭ بىزنى، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىز،
ئارشىنى كۆر، مارشىنى كۆر بىزدەك قەھرىماننىڭ
سوقۇشىنى كۆر!
غوجا نىياز ئاتىمىز، سايىسىدا ياتىمىز،
قارشى چىققان دۈشمەننى قاپ يۈرەككە ئاتىمىز.

دېگەن ناخشىلارنى ياڭرىتىپ ماڭاتتى. پولك قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قىرغىز ياشلىرىدىن يەنە ئەسكەر قوبۇل قىلىنىپ، 800 كىشىلىكتىن ئارتۇق بىر پولك بولدى. پولكنىڭ قوماندانلىق سوستاۋى رەتكە سېلىنىپ، شىرمەت پولك كوماندىرلىقىغا، سىدىقبېك پولك كوماندىرىنىڭ مۇئاۋىنلىقىغا، قۇربان تەمپۇ شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى. پولك تېخىمۇ كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، ئىككى پولك بولۇپ قۇرۇلدى. بۇ پولكلار: 1-قىرغىز پولكى، 2-قىرغىز-ئۇيغۇر پولكىغا ئايرىلدى. 1-قىرغىز پولكى بولسا، قەشقەر يومۇلاق شەھەرگە ئورۇنلاشتى. پولكوۋنىڭ مەۋلانوۋ 2-پولك كوماندىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چېگرا مۇداپىيە ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. 1-پولكنىڭ تۆت ئاتلىق ئىسكادرونى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ چېگرا بويلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى پولك ۋە بىر قانچە مۇستەقىل ئىنژۇوتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر بىرىگادا(لۇي-دېۋىزىيىگە باراۋەر) قۇرۇلۇپ، ئىسھاقبېك بىرىگادىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. شۇنداق قىلىپ

ئۇنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدىكى جەڭگىۋار مۇنتىزىم بىر بىرىگادا ۋۇجۇتقا كەلدى. پۇتۇن ئوفىتسېر - جەڭچى ۋە خەلقلەر ئىسھاقبېكنى ھۆرمەتلەپ: «لۇيجاڭ(بىرىگادىر) - بىزنىڭ لۇيجاڭىمىز» دەپ ئاتايدىغان بولدى. بىرىگادا قوماندانلىق شىتابى 1-پولك تۇرۇشلۇق قەشقەر يومۇلاق شەھىرىگە جايلاشتى.

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي شىڭ شىسەيدىن: سابىت داموللا قورچاق «جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئاساسلىق تىرىكى بولغان قاچقۇن باندىت جەنۋەك قازىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش توغرىسىدا ئىسھاقبېك لۇيجاڭغا جىددىي بۇيرۇق كەلدى. ئۇرۇش تەييارلىقى باشلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن جەنۋەك قازىنى يوقىتىش ئۇرۇشى پارتلىدى. قۇۋ-ھىيلىگەر جەنۋەك ئالدىن تۇيۇۋالغانلىقتىن قىسىملىرىنى بۆلەك-بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، يىراق-ئەپلىك جايلارغا ماڭغۇزدى. بۇ جەڭ ئوپېراتسىيىسىگە قوماندانلىق قىلىشنى لۇيجاڭ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. 1935-يىلىنىڭ ئاخىرى بۇ جەڭگە قىرغىز ئاتلىق پولكى ۋە بىر قىسىم يول باشلىغۇچى تاغ ئەترەتلىرى قاتناشتى. ئالدى بىلەن تاشقورغان دائىرىسىدىكى سېرىققول، كەتمەنتۆپە، تاشمىلىق قاتارلىق جايلاردا باندىتلارنى بىر ئايدىن ئارتۇق قوغلاپ يوقىتىش جېڭى ئېلىپ بېرىلدى. باندىتلار ئاتلىرىغا تاقىنى تەتۈر تاقىلىتىپ، قىسملارنى ئازدۇرۇپ، خېلى ئاۋارىچىلىكلەرنى تۇغدۇردى. سەزگۈر لۇيجاڭ بۇلارنىڭ ھىيلىسىنى دەرھال بىلىپ، قاچىدىغان يول ئېغىزلىرىنى دەرھال توراپ، ئۇركۈپ كەلگەنلىرىنى ئۇدۇللۇق يوقاتتى. ئاخىرىدا ھىيلىگەر جەنۋەك ئاتلىرىنىڭ پۇتلىرىغا پايپاق كىيگۈزۈپ، 20 چامىسىدا ئەڭ يېقىن قولچۇماقلىرى بىلەن ئافغانىستانغا قېچىپ كەتتى. بۇ دەھشەتلىك - مۇرەككەپ تاغ ئارىلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇشەققەتلىك ئۇرۇش ئارقىلىق، 300 دىن ئارتۇق دۈشمەن يوقىتىلدى ۋە ئەسىرگە ئېلىنىپ، قوراللىرى غەنىمەت ئېلىندى. ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ باش قوماندانى بولغان ئوراز قەشقەردىكى شىددەتلىك جەڭدە ئۆز قوشۇنلىرىدىن ئايرىلىپ، قالدۇق ئادەملىرى بىلەن ئۇلۇغچات تۆپىلىكىگە قېچىپ چىقىۋالدى. ئىسھاقبېك لۇيجاڭ 2-قېتىملىق ئورازنى يوقىتىش جەڭلىرىنى ئېلىپ باردى. قىسقا مۇددەتلىك شىددەتلىك جەڭ ئارقىلىق ئۇلارنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئوراز باشلىق باندىت باتۇرلىرىدىن 11 نىڭ ئۆلۈكىنى ئېلىپ، لۇيجاڭ ۋە ئۇنىڭ قىسملىرى غەلىبە بىلەن قەشقەر شەھىرىگە قايتىپ كەلدى. قەشقەر شەھرىنىڭ ئاھالىسى بۇ سۆيۈملۈك سەركەردە ۋە ئۇنىڭ غالىپ قىسمىنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن موللا سابىت داموللا، ئوراز، جەنۋەكلەر قۇراشتۇرغان«ئوردا» تارمار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەلتۈرۈلۈپ، «رەئىس جۇمھۇر» ۋە ئۇنىڭ چاپارمەنلىرى قولغا ئېلىندى. ئىسھاقبېك لۈيجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ غەلىبىلىك جەڭلەر ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدا ئاجايىپ تۆھپە ياراتتى.

ئىككىنچىدىن، ئەينى ۋاقىتنىڭ جىددىي تەقەززاسىغا ئاساسەن، قەشقەر خەلقىنىڭ ھەسرەتلىك ئارزۇسى بويىچە، مازىخۇينىڭ قىسىملىرىنى يوقىتىپ، جەنۇبنى بۇ ۋابا ئىلاھدىن قۇتقۇزۇپ قېلىپ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرۈش ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئىدى. كۆپ ئۆتمەي شىڭ دۇبەندىن مازىخۇيغا «يەركەن ئارقىلىق خوتەنگە بېرىپ ماكانلىشىش» توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش كەلدى. بۇلارنى دەرىجە بويىچە پارچىلاپ يوقىتىش ئاللىقاچان خۇپىيانە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. جاڭ سىلىڭ، ئىسھاقبېك لۈيجاڭلار مازىخۇي ۋە ئۇنىڭ ھەربىي شوبىلىرىنى (بايۇەتچىلىرىنى) يومۇلاق شەھەرگە زىياپەتكە چاقىرىپ كەلتۈرۈپ، ئۇلار بۇ ھەشەمەتلىك زىياپەتتە سال-ساراسىمىگە چۈشكەن پەيتىدە پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. ماچولاقنىڭ ئەسكەرلىرى ئازغىنىلا ئوفىت-سېرلىرىنىڭ قوماندانلىقىدا يېڭىساردىن قوزغىلىپ، ھېمىتنىڭ سېپىغا يېتىپ بارغاندا، تانكا ۋە ئايروپىلانلارنىڭ ياردىمى بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم ئارقىلىق پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. دەل شۇ چاغدا تانكا قىسىملىرىغا پولكوۋنىك لىبىسكىن قوماندانلىق قىلغانىدى. ئىسھاقبېك لۈيجاڭنىڭ چىۋەر تاكتىكا ۋە ستراتېگىيىسى ئارقىلىق، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىدا قان كېچىپ يۈرگەن قوراللىق ۋابا ئىلاھى ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىلىپ، 3-بالايى-ئاپەتكە خاتىمە بېرىلدى. مانا بۇ بىر قانچە قېتىملىق غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلغان تارىخىي ئەھمىيەتلىك يوقىتىش جەڭلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، لۈيجاڭ يېتەكچىلىكىدىكى قىسىملار قەشقەر يومۇلاق شەھىرىدىكى باش شتابقا ئورۇنلاشتى.

## 3

دەل شۇ چاغدا قەشقەردە ماخمۇت سىجاڭ، كىچىك ئاخۇن ۋە ئابدۇنىيازلار بىر كاللىك بولۇپ، ھېچكىمگە بىقىنمايدىغان ھەربىي ھۆكۈمران بولۇۋالغانىدى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ تارمار بولغان سابىت داموللا گورۇھى بىلەن مەخپىي ئالاقىسى بار ئىدى. 1936-يىلى كۈزدە ماخمۇت قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈپ، كۇچا ناھىيىسىگىچە يېتىپ كەلدى. مانا بۇ قوراللىق ئىسياننى تارمار كەلتۈرۈشنى يەنىلا ئىسھاقبېك لۈيجاڭ ئۈستىگە ئېلىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تارمار كەلتۈردى. قەشقەر ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ

خەلقىنى يەنە بىر قېتىم پاراكەندىچىلىكتىن ساقلاپ قالدى. ماخمۇت ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىنى ئېلىپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. خوتەندىكى قالدۇق قوراللىق باندىتلار ئىسھاقبېك، جاڭ سىجاڭلارنىڭ قوماندانلىقىدا پولكوۋنىك مەۋلانوۋ قىسىملىرى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. خوتەن خەلقىمۇ ماخۇسەننىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، خاتىرجەملىككە ئېرىشتى.

ئەمما سابىت داموللا، ماخمۇت سىجاڭ قاتارلىقلار تەرىپىدىن قىسىم ئىچىگە كۆز بوياپ كىرگۈزۈلگەن بىر ئوچۇم قارا نىيەتچىلەر ھوقۇق تارتىۋېلىش ئۈچۈن 1937-يىلى 1-قىرغىز پولكىدا ئەكسىلئىنقىلابىي ھەربىي ئۆزگىرىشكە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنى قۇرغان، بۇ گۇرۇپپىغا پولك كوماندىرىنىڭ مۇئاۋىنى سىدىقبېك كاتىباشلىقىدا، ئۆمەر ئاخون، ھاشىم، يۇنۇس قارى قاتارلىق بىر قانچە ئىسكادرون كوماندىرلىرى قاتناشقان. ئۇلار ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىشقا ئۇرۇنىۋاتقان پەيتتە، لۇيجاڭ ئىسھاقبېك مەسلىھەتچىسى باغداساروپ بىلەن بىرلىكتە سىردىققول چېگ-رىسى ۋە ئۇ يەردىكى چېگرا مۇداپىيە قىسىملىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كەتكەندە، سىدىقبېكلەر يۇنۇس قارىنىڭ دىجورنى بولغان كېچىسىدىن پايدىلىنىپ، خۇپىيانە ھالدا پولك كوماندىرى شىرمەتنى ئۆيىدىن چاقىرىپ چىقىپ، مەشىق مەيدانىدا ئاتتى. ئارقىدىن ئىسكادرون، ئىزۋوت دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى يىغىپ بەش ئېغىزلىق گۇپپاققا قاماپ قويدى (بۇ قامالغانلارنىڭ ئىچىدە كېيىن 4-دىۋىزىيە قۇرۇلۇش گوڭشىسىنىڭ جىڭلىسى بولغان مەمەتۇپ قۇربانمۇ بار). بۇ ھەربىي ئۆزگىرىش قىلغۇچىلار، ئىسكىلاتلاردىكى ئوق-دورا ۋە ھەربىي قورال-ئەشيالارنى ھەممە ۋەقەدىن مۇتلەق خەۋىرى بولمىغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى سەپ قىلىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. تاڭ يورۇش ئالدىدا ھېلىقى تۇرمىگە قامالغان ئوفىتسېرلارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلايدۇ. تاڭ يورۇپ قالغاچقا 1-، 2-كامىردىكى ئوفىتسېرلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمەي، ئالدىراپ-تېنەپ پولك گازارمىسىدىن چىقىپ قاچىدۇ. ئۇلارنى پولك خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى رىسالەت ۋە مۇئاۋىنى تۇردۇشلار باشلاپ ماڭىدۇ. كامىردا ئۆلۈمدىن ئامان قالغان ئوفىتسېرلار 20 دىن ئوشۇق بۇ كاللا كېسەرلەر ئاللىبۇرۇنلا قەشقەردىكى ھىندىستان كونسۇلخانىسى ئارقىلىق ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن قارانىيەتچىلەر بولۇپ، شۇلارنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى قوماندانلىقىدا ھەرىكەتكە كەلگەن. ھەربىي ئۆزگىرىش، پاجىئەلىك قىرغىنچىلىق جاھانگىرلارنىڭ بەرگەن پىروپىسكىلىق ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلمىغىنى ئۈچۈن، ئۇلار (ھىندىستان كونسۇلخانا

www.uyghurkitap.com



كاتتىبېشى) ھەربىي ئىسيانىنى ئېتىراپ قىلماي، باندىتلار باشلىقلىرىنى كونسۇلخانىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەن. تاڭ سەھەردە قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قوراللىق ساقچىلىرى يېتىپ كېلىپ، دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، 1-،2-تۈرمىدىكى ساق قالغان ئوفىتسېرلارنى قۇتقۇزۇپ چىقارغان. شتابتىن ئىسھاقبېك ۋە باغداساروپلارنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئالاقىچىلار ئۇلارنى تاپالماي قايتىپ كېلىدۇ. قەشقەر يېڭىشەھەرگە يېقىندىن ئورۇنلاشقان جاڭ سىلىڭيۈەننىڭ بىر بۆلۈم ئەسكەرلىرىمۇ يۇمۇلاق شەھەرگە يېتىپ كېلىدۇ. شتاب گازارمىسىنىڭ مەشق مەيدانىدا ئېگىز بىر راۋاق بولۇپ، ئەنە شۇ راۋاقنىڭ تۆپىسىگە مەسلىھەتچى بودلۇپ بىر دانە پىلىمۇت ۋە بىر قانچە تال گىراناتنى ئېلىپ چىقىۋالىدۇ. ئۈچ ئېغىزلىق كامېرنىڭ ئىچىدە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قانلىرى كامېرنىڭ ئىشىكىدىن سىرتقا قاراپ ئېقىپ چىقىپ، كامېرلار كارىدورىنىڭ يۈزى قانغا بويالغان، ساق قالغانلار بىر-بىرى بىلەن گىرە سېلىشىپ يىغا-زارە قىلىشىۋاتقان چاغدا ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدىن ئىسكادرون كاماندىرى قاشاڭ، موللا ساۋۇرلار ئۆمىلەپ چىقىپ سەپكە قوشۇلىدۇ. ئىززۇت كوماندىرى مۇساخان ھاجەتخانىدىن گەندىگە مىلەنگەن ھالدا قېپيالىڭاچ ئۆمىلەپ چىقىدۇ. بۇ قانلىق ۋەقەنى ئاڭلاپ يېڭىشەھەردىكى جاڭ سىلىڭنىڭ يېنىدىن مەسلىھەتچى كوشكىن يېتىپ كېلىدۇ. بۇ كىشى ئامان قالغانلاردىن ھال-ئەھۋال سوراپ مۇڭدىشىپ تۇرغان پەيتىدە، ھېلىقى يۇنۇس قارى، سىدىقبېك دېگەنلەر ئۈچىسىغا كاستوم-بۇرۇلكا، بېشىغا شلەپە كىيىشكەن، بوينىغا گالىستۇكلارنى تاقاشقان ھالدا ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتتە تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىشىدۇ. كوشكىن ئۇلاردىن: «سەنلەر شۇنچە ۋەقە يۈز بەرگەندە نەدە يۈرۈشتۈڭ؟» دەپ سورىغاندا، بەكمۇ ھودۇقۇپ-دۇدۇقلاپ، ئۆيلىرىگە چىقىپ كېتىشكەنلىكلىرىنى ئېيتىشىدۇ. كوشكىننىڭ بۇيرۇقى بويىچە بۇ ئىككى جاسۇس قولغا ئېلىنىپ، 1937-يىلى4-ئايدا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ.

ئالاقىچىلار تاپالماي قايتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسىلا ئىسھاقبېك لۇيجاڭ باغداساروپ بىلەن بىللە باش شتابقا قايتىپ كېلىدۇ. لۇيجاڭ ئەھۋالنى تەپسىلىي ئىگىلىگەندىن كېيىن، جاڭ سىلىڭيۈەن بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن دەرھاللا يېڭى شەھەرگە يۈرۈپ كېتىدۇ. ھايات قالغانلار باندىتلارنى يوقىتىش، ئاداشقانلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن لۇيجاڭدىن قورال تەلەپ قىلىپ، ئۇلارغا ئىككى دانە دىكتار پىلىمۇت، 20 دانە تۈركىلىنكا مىلتىق، بىر دانە ئايروپىلان بەلگىسى بېرىلىدۇ،

تاجىك زامور تۈەنجاڭ باشچىلىقىدىكى 31-ئۇيغۇر پولكى بىلەن 28-خەنزۇ پولكى بىر كۈن بۇرۇنلا باندىتلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلايدۇ. ۋىلايەتلىك قوراللىق ساقچى قىسىملىرىمۇ باندىتلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭىدۇ. 1-قىرغىز ئاتلىق پولكىدىن ئامان قالغانلارمۇ شۇ پولك نامى بىلەن تەشكىللىنىپ، يۈرۈشكە ئاتلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسھاقبېك لۈيجاڭنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدا بۇ قىسىملار تاغ رايونلىرىغا پىتىراپ-تارىلىپ كەتكەن باندىتلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ قوغلايدۇ.

لۈيجاڭ جانلىق تەدبىر قوللىنىپ تاغ يوللىرىغا ماھىر بىر مۇنچە قىرغىز ئەزىمەتلەرنى تېپىپ، شۇلارنىڭ يول باشچىلىقىدا ئۆز قىسىملىرى بىلەن قاچقۇنلارنى ئاساسلىق ۋە مۆكۈنىۋالغان سېرىقۇل، كەتمەنتۆپە، قىزىلبويى، سىمخانا، تاشمىلىق، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردىن بىر-بىرلەپ ئىزدەپ تېپىپ، 250 تىن ئارتۇق ئادەمنى تىرىك قولغا چۈشۈرىدۇ، 300 دىن ئارتۇق ھەرخىل قوراللارنى غەنىمەت ئالىدۇ. ساقچى قىسىملىرى تەرىپىدىن 300 دىن ئارتۇق قاچقۇن تىرىك قولغا چۈشۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنىمۇ غەنىمەت ئالىدۇ، 31-پولك بىلەن38-پولك قاچقۇنلاردىن 600 دىن ئوشۇقراقىنى قولغا چۈشۈرىدۇ، شۇ پەيتتە، رىسالەت ۋە تۇردۇشلار ئۆزلىرىگە يېقىن 13 ئادەمنى ئېلىپ، تۇتۇق بەرمەي پاكىستانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قاچقۇنلاردىن 1200 دىن ئارتۇقراقى تۇتۇلۇپ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ، ئۇلارنى ئالتە ئاي ئېنىقلاش جەريانىدا ئەھۋالنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقماي مەجبۇرىي ھەيدەپ كېتىلگەن ۋە ئەگەشكەنلەر قويۇپ بېرىلىدۇ. ھاشىم دېگەن باندىت تۈرمىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدۇ. ئۇ بىر قانچە ئوفىتسېرلارنىڭ كاللىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئالغان جاللات ئىدى. شۇنداق قىلىپ سىدىقبېكنىڭ قوراللىق ئىسيانى ئۈزۈل-كېسىل تارمار قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت قېتىملىق مۇشەققەتلىك ۋە مۇرەككەپ چوڭ ئوپېراتسىيىلەردە، لۈيجاڭ ئىسھاقبېك ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ھەربىي تالانتى ۋە يۈكسەك ھەربىي ماھارىتىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى قوغداشتەك روشەن، قەتئىي سىياسىي مەيدانىنى ئىپادىلەش بىلەن، ھەرقايسى قىسىم ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان. قانلىق قىرغىنچىلىقتا يارىدار بولغان ئوفىتسېر-جەڭچىلەر لۈيجاڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە قەشقەر كېرەمباغ دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىدۇ، ۋاپات بولغانلاردىن پولك كوماندىرى شېرمەت، قۇرۋان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com


تەمپۇ(قەشقەر قورغانلىق) قاتارلىق 30 غا يېقىن ئىنقىلابىي قۇربانلار يۇمۇلاق شەھەرگە دەپنە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**4**

1 ـ قىرغىز پولكى ئەكسىلئىنقىلابىي قانلىق ۋەقە تۈپەيلىدىن ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ كەتكەنلىكتىن،1938 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ھايات قالغان، داۋالىنىپ ساقايغان كوماندىر ـ جەڭچىلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا قايتىدىن 35 ـ قىرغىز ئاتلىق پولكى بولۇپ قۇرۇلۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. موللا ساۋۇر پولك كوماندىرلىقىغا، جۇماغۇل پولك كوماندىرىنىڭ مۇئاۋىنلىقىغا ۋە قوشۇمچە شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. قاشاڭ شتاب باشلىقلىقىنىڭ مۇئاۋىنلىقىغا بەلگىلىنىدۇ، دەل شۇ چاغدا ئۇرۇمچى ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ چىققان يۇسۇپ مۇھەممەتجان، جامالقان (كېيىن توققۇزتاراغا)لار يېتىپ كېلىدۇ، يۇسۇپ پولك سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولىدۇ، جامالقان 2 ـ ئىسكادروننىڭ، مەمەتۇپ قۇربان3 ـ ئىسكادروننىڭ، قويچىباي 4 ـ ئىسكادروننىڭ كوماندىرلىقىغا بەلگىلىنىدۇ. قىرغىز ياشلىرىدىن پولكنىڭ تەركىبى تولۇقلىنىدۇ. ئىسھاقبېك يەنىلا لۈيجاڭلىققا بەلگىلىنىپ، بۇ لۈيگە 35 ـ پولك ۋە خوتەندىكى مەۋلانوۋ پولكى قارايدىغان بولىدۇ، بۇ پولك قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا جەڭگىۋارلاشقان بولۇپ، قەشقەردە 35 ـ قىرغىز پولكى، 31 ـ ئۇيغۇر پولكى، 38 ـ خەنزۇ پولكى تۇردى. بۇ پولكلار ھەرخىل ـ ھەرياڭزا ئەكسىلئىنقىلابىي باندىتلار، بۆلگۈنچىلەر گۇرۇھلىرى ئۈستىدىن ئارقىمۇ ـ ئارقا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن تۇراقلاشقان پولكلاردىن بولۇپ قالدى. قەشقەر ۋىلايىتى ھەربىي رايوننىڭ قوماندانلىق شتابى يېڭى شەھەردە تۇراتتى. بۇنىڭغا جاڭ سىلىڭيۈەن قوماندانلىق قىلاتتى. 1940 ـ يىلىغا كەلگەندە موللا ساۋۇر باشلىق ياردەمگە كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئوفىتسېرلار بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۆز دۆلىتىگە قايتتى. ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورنى لۈيجاڭ يېتىشتۈرگەن قابىلىيەتلىك يەرلىك قىرغىز، ئۇيغۇر ئوفىتسېرلار بىلەن تولۇقلاندى.

ئەنە شۇ كۈنلەردە شېڭ شىسەي ئىسھاقبېك لۈيجاڭنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ، بىر قانچە قېتىم خەتلەرنى ئەۋەتتى. لۈيجاڭ بۇ چاقىرىقلارنىڭ تېگىدە مەلۇم ھىيلە ـ مېكىر ۋە سۇيىقەستلىك ھەرىكەتنىڭ بارلىقىنى سېزىپ، قول ئاستىدىكى ئۆزىگە

ئىشەنچلىك ئوفىتسېرلاردىن مەمەتوپ قۇربان، قويچىباي، ئۆمەرغازى قاتارلىق بىر قانچە ئوفىتسېرلارنى چاقىرىپ پىكىر ئالدى. پىكىر ئېلىش يىغىنىغا مەسلىھەتچىلەردىن باغداساروپ، بودلۇپلارمۇ قاتناشتى. ئۇ:«مېنى شېڭ دۇبەن ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپتۇ، ئۆزەمچە بارمايدىغان قارارغا كەلدىم. سىلەر قانداق قارايسىلەر؟» دېگەندە، ھەممىسى لۇيجاڭنىڭ ئۈرۈمچىگە بارماسلىقىغا قارار بەردى. مەسلىھەت يىغىنىدىن كېيىن بىرەر ئاي ئۆتمەيلا باغداساروپ ۋە بودلۇپلارمۇ ئۆز دۆلىتىگە قايتتى. ئاخىرىدا شېڭنىڭ بىر قانچە چاقىرىقنامىسى كارغا كەلمىگەندىن كېيىن، ھىيلىگەر شېڭ يەنە بىر خىل نەيرەڭنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنى ئىلى ۋىلايەتلىك قازاق-قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەنلىكى ۋە دەرھال غۇلجىغا بېرىپ ئىشقا چۈشۈش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش ئەۋەتتى.

ئىسھاقبېك بىر قانچە ئامىللارغا نەزەر سېلىپ ئىلىغا بېرىش قارارىغا كەلدى. بىۋاسىتە ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كۆرە، غۇلجىغا كېلىشى ئۇنىڭ بەزى مۇھىم پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئەپلىك ئىدى. ئۇ ئۆزىگە قاراشلىق قىسىملاردا مۇھىم بولغان ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى. 35-پولكنىڭ مۇۋەققەت كوماندىرلىقىغا مەمەتوپ قۇرباننى تەيىنلىدى، ئۆزى بولسا ئەخمەت (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېكنىڭ باش فوگۇونى(ئادىيوتانتى)بولۇپ تۇرغان) دېگەن قىرغىز جەڭچىنى ئېلىپ، بىر بەن قوراللانغان قوغدىغۇچىسى بىلەن 1939-يىلى ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇنى بىر قانچە ئايغىچە نەزەر بەنت ھالىتىدە تۇتۇپ، خىزمەت تەقسىم قىلمىدى. 1941-يىلى5-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قەشقەرگە ئۆركەنبايوپ، تىلەشوپ، بايمۇقانوپ، ئىمانوپ قاتارلىق بىر قانچە قازاق ئوفىتسېرلىرى كەلدى. بۇلاردىن ئۆركەنبايوپ پولك كوماندىرلىقىغا، مەمەتوپ قۇرباننى پولك كوماندىرىنىڭ مۇئاۋىنلىقىغا تەيىنلىدى، قالغان ئوفىتسېرلار ھەرقايسى ئىسكادرونلارنىڭ كوماندىرلىقىغا بەلگىلەندى. ئىسھاقبېك ئىلىغا يۆتكەلدى.

دېمەك سۆيۈملۈك گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆتكەن 10نەچچە يىللىق كۈرەش تارىخى ۋەتەننى قوغداش، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئەركىنلىكىنى ۋە ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا، ھەر خىل-ھەررەڭدىكى ئەكسىيەتچىلەرنى تازىلاش بىلەن ئۆتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 5

شېڭ شىسەينىڭ ئىسھاقبېكنى ئىلىغا يۆتكەشتىكى مەقسىتى، ئۇنى يوقىتىش ئىدى. «چېچەن دۆلدۆل»، «دانىشمەن ھەزرەت»، «ئۇلۇغ داھى» تونىغا ئورۇنۇۋالغان شېڭ شىسەي ئۇچۇن بۇنداق تالانتلىق سەركەردىلەرنىڭ مۇھىم ئورۇنلاردا تۇرۇشى، ئۇنىڭ ئۇچۇن خەۋپلىك ئىدى. شېڭ ئۆزىنىڭ «يۆتكەپ يوقىتىش، قاماپ يوقىتىش، نەزەربەنت قىلىپ يوقىتىش، ئالاھىدە ئاسراپ تۇرۇپ يوقىتىش، چەتكە باغلاپ يوقىتىش» تەك رەزىل ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، مۇڭغۇل، ئۆزبېك، تاتار، شىبە، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئىچىدىن چىققان مۇنەۋۋەر مىللىي قەھرىمانلار، تالانتلىق زىيالىيلار، نوپۇزلۇق كىشىلەرنى ھەدەپ تۇتقۇن قىلىپ، يوقىتىشقا كىرىشتى. شېڭ ئۆزىنىڭ ئاۋۋال يۆتكەپ، ئاندىن يوقىتىش ئۇسۇلى بويىچە گېنېرال ئىسھاقبېكنىمۇ ئىلىغا يۆتكەپ كېلىپ، 1940-يىلى 4-ئايلاردا «قازاق-قىرغىز ئۇيۇشمىسى» نىڭ رەئىسى قىلىپ قويدى. شېڭنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان «رەئىسلىك» مەنسىپى-نەزەربەنت قالپىقى، پۈتىغا سالغان كىشەن ئىدى. ئۇ غۇلجىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن شېڭ شىسەينىڭ غۇلجىدىكى جاسۇسلۇق ئورگانلىرى ئىشپىيونلار ئارقىلىق ئۇنى مەخپىي ھالدا نازارەت ئاستىغا ئالدى.ئۇ يەنىلا ھەرگىز مەيۈسلەنمەستىن، يۇرەكلىك بىلەن ئۇيۇشمىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ ۋە رولىنى ئاكتىپ، تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قازاق، قىرغىز خەلقىنىڭ مىللىي مائارىپى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇچۇن ئۆچمەس خىزمەتلەرنى قىلدى.

ھەرقايسى ناھىيىلەردە قازاق-قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ شۆبە ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇپ، ناھىيىلەردىمۇ ئاقارتىش ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتى بويىچە يۇكسەك ئابرويغا ۋە نوپۇزغا ئىگە بىر مىللىي رەھبەر بولۇپ قالدى. ئۇ ئۇيۇشمىنىڭ پائالىيىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، شۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلابىي كىشىلەر، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، زىيالىيلار ۋە نوپۇزلۇقلاردىن: ئابدۇرېھىم ھەسەنوف، مەھەممەت ئىمىن خەلپەت ھاجى، ھەبىپ يۈنۈچى، دوختۇر شامىل، ئەخمەتخان روزى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، جابىقباي ئاغا، ئەسەيىن ئەپەندى، ھاكىمبەگ غوجا، رەخىمجان سابىر ھاجى، شاياخۇن ئاكا، ياڭ شەنسىڭ

قاتارلىق نۇرغۇن زاتلار بىلەن بىرلىشىپ ۋە دوستلۇق ئورنىتىپ، ھەر مىللەتنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش يولىدا ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى.

شېڭ شىسەينىڭ جاسۇسلۇق ئورگانلىرىنىڭ تىنتىش ھەرىكىتى ئىنتايىن جانلىنىپ كەتتى، ئۇنى قولغا ئېلىش خەۋپى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. سەزگۈر ئىسھاقبېك مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە مۇھىم كىشىلەر ئارقىلىق پات ئارىدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىشنىڭ مەخپىي تەييارلىقىنى قىلىپ قويدى. 1942-يىلى6-ئايدا ئۆزىنىڭ كىچىك ئوغلى ۋە يېقىن، ئىشەنچلىك مۇھاپىزەتچىسى ئەخمەت بىلەن بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا سالامەت ئۆتۈپ كەتتى. ئىسھاقبېك ئوشقا يېتىپ بارغاندا قىزغىن كۈتۈۋېلىندى. چۈنكى ئىسھاقبېكنىڭ نامى ئۇ يەردىكىلەرگىمۇ ئايان ئىدى (ئەينى ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ئەركەشتامدىكى چېگرىسى مۇقىملاشتۇرۇلغان چاغدا، مونون ھاجىمنىڭ جەمەتىنىڭ بىر قىسمى چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىگە توغرا كېلىپ قالغانلىقتىن، شۇ ياقتا بۆلۈنگىنى بويىچە ئورۇنلىشىپ قالغاندى.) ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن قويچىباي ئاللىبۇرۇنلا بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ، شېڭنىڭ قاپقىنىغا چۈشمەي قەشقەردىن بېشكەككە بېرىۋالغاندى. قويچىباي بېشكەكتىن ئوشقا كېلىپ، ئۆزىنىڭ قەدىردان ئاغىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتى ۋە ئېلىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن ئىسھاقبېكنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، قويچىباي ئارزىقۇل دېگەن كىشى بىلەن بىرلىكتە، يوشۇرۇن ھالدا ئاتۇش سىمخانىنىڭ يۇقىرىسىدىكى كېچىكتىن ئۆتۈپ، شۇ كېچىسى ئىسھاقبېكنىڭ پۈتۈن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى يۆتكەپ كەتتى.

## 6

1944-يىلى8-ئايدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ يېشىل تاۋار ناھىيىسى بولغان نىلقىنىڭ گۈزەل تاغ جىرالىرىدىن ئىنقىلابنىڭ جەڭ سىگنالى چېلىندى. گومىنداڭ ئەكسىل-يەتچىلىرىنىڭ چېرىكلەرنى بەنلەپ، پەيلەپ يوقىتىپ، غەنىمەت ئالغان قورال بىلەن قوراللانغان «ئالتە ئوغرى» لار پارتىزان ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ ۋە بارغانسېرى كېڭىيىپ، مۇنتىزىم ئىنقىلابىي قوشۇنغا ئايلىنىش بىلەن بىللە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پاتىخ مۇسلىمۇپنىڭ قوماندانلىقىدا نىلقا ناھىيىسىنى ئازاد قىلدى. قالدۇق دۈشمەن قوشۇنلىرى غۇلجا شەھىرىگە قاراپ قېچىشقا باشلىغان پەيتتە، پارتىزان ئەترەتلىرى «ئۈزۈلمەي ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەننى سۈرۈپ توقاي قىلىپ يوقىتىش» روھى بويىچە،

www.uyghurkitap.com



غۇلجا شەھىرىگە يۈرۈش قىلدى. تۈنجى قېتىم نىلقا ناھىيە بازىرى ئازاد قىلىنغان چاغدا گومىنداڭنىڭ ئىنقىلابنى باستۇرۇش ئۈچۈن غۇلجىغا ئەۋەتكەن قوشۇنلىرىمۇ 8000 دىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭدەك غۇلجا ئايرودرومى، ھەرەمباغ ئاۋئاتسىيە مەكتىپى، لەڭشاڭ، ئىسكىلات، سۈيدۈڭ، چىلپەڭزە ناھىيە بازىرى، كۈرە ھەربىي رايون گارنىزونى قاتارلىق ئورۇنلاردا دۈشمەننىڭ تولۇق قوراللانغان بىر قانچە دىۋىزىيە، پولك ۋە ئاۋئاتسىيە قىسىملىرى بار ئىدى. شۇنىڭدەك ساقچى ژاندارمىلىرىمۇ يېتەرلىك ئىدى. يەرلىك يۈندىخورلاردىن تەشكىل قىلىنغان ئىشپىيونلۇق تورىمۇ ھەركەتتە ئىدى. ۋىلايەت مەركىزى غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش بىلەن بىللە، ئىنقىلاب ئالدىدىكى ئەڭ خەتەرلىك نۇقتىلار ـ تەلكە ئاغزى، ئاچال، چۇلۇقاي ئەتراپى بولۇپ، ئىلىغا يامراپ كېلىۋاتقان شي يىفىڭ، لى تەيجۈن، گۇجى قىسىملىرىنىڭ ئالدىنى توراپ، ئۇلارنىڭ ئوپېراتسىيە پائالىيىتىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇجۇقتۇرۇپ ئەدىپى بېرىلمىگەندە، ئىنقىلابنىڭ مەغلۇب بولۇش خەۋپى بار ئىدى. دېمەك دۈشمەننىڭ ئۈرۈمچى قاتارلىق ئورۇنلاردىن ئىنقىلابنى قانلىق باستۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن قىسىملىرى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 20 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار ئەسەبىيلەرچە ئۆلەر ـ تىرىلىشىغا باقماي ھەر تەرەپتىن يامراپ كېلىۋاتاتتى. ئەنە شۇنداق خەتەرلىك پەيتتە گېنېرال ئىسھاقبېك يېقىن سەبداشلىرى بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار پىدائىي قىسىملىرىنى باشلاپ قورغاس ناھىيىسى ئازاد قىلىنىشى بىلەن تەڭ، سۈيدۈڭ ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ چاغدا غۇلجا شەھىرىدىكى ھەرەمباغ، ئايرودروم قاتارلىق ئورۇنلار مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ، قاتتىق جەڭ بولۇۋاتاتتى. ئەڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلە تەلكە، كۆلدىلەڭسۇ، بولۇپمۇ ئاچالدىن بېسىپ چۇلۇقاي، تورپانيۈزى تۆپىلىرىگە كېلىپ قالغان دۈشمەن قىسىملىرىنى يوقىتىش ئەڭ جىددىي مەسىلە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن گېنېرال ئىسھاقبېك قوماندانلىقىدىكى 1000 دىن ئارتۇق كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئاچالغا يۈرۈش قىلدى. پولكوۋنىك نوغايباييوپ باشچىلىقىدىكى پىدائىي قىسىملار سۈيدۈڭ ۋە كۈرەلەردە تەشكىللەنگەن موگوتنوپ، مەنسۇر لومىيوپ، كېرىم ھاجى، مەخپىر تۆرە(غۇلجىدىن بارغان)، ئابدۇللا سۇلتان، توختى ئىبراھىم قىسىملىرى ۋە پارتىزان ئەترەتلىرىگە ھەمكارلىشىپ 1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سۈيدۈڭ ۋە كۈرەلەردىكى گومىنداڭنىڭ ناھايىتى خىل قوراللىق كۈچلىرىنى يوقىتىشقا قوماندانلىق قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كەسكىن جەڭلەر بىلەن سۈيدۈڭ ئازاد قىلىنىپ، موگوتنوپ، مەنسۇر لومىيوف، مەخپىر تۆرە ئەترەتلىرى غەنىمەت ئېلىنغان قوراللار بىلەن قوراللاندى. 1945 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كۈرە ھەربىي رايون گانىزونى ئاساسىي جەھەتتىن سۈلھى يولى بىلەن تەقسىم قىلىنىش ئارقىلىق ئازاد قىلىندى. ئاچال ئارقىلىق غۇلجىغا بېسىپ چۈشۈۋاتقان گومىنداڭ قىسىملىرى گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تارمار كەلتۈرۈلۈپ، قوراللىرى غەنىمەت ئېلىنىپ، ئەسىرگە ئېلىنغان بىر قانچە مىڭ چېرىك ـ جۇڭگۇەنلەر، غۇلجىدا ئەسىرگە ئېلىنغان چېرىكلەر بىلەن قوشۇلۇپ، كۈرە ھەربىي لاگېرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

گېنېرال بۇ ئەسىرلەرنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن كۈتۈش توغرىسىدا يولىيورۇق بەردى. ئاندىن كېيىن شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى باشلىنىپ كەڭساي، سىمپىتوزا، سايرام، ئارشاڭ ناھىيىسى، بورتالا ناھىيىلىرى ئارقىمۇ ـ ئارقىدىن، غېنى باتۇر، موگوتنوپ، مەنسۇر لومىيوپ، جاقانباي، مەخپىر تۆرە قىسىملىرى تەرىپىدىن ئازاد قىلىندى. شۇ يىللارنىڭ قىش كۈنلىرى تارىختا ئاز ئۇچرايدىغان قاتتىق سوغۇق بولۇپ، ئىنتايىن قېلىن قار ياغقانىدى. گومىنداڭنىڭ تەلكە ئىچى، كۆلدىلەڭسۇ، سايرام ئەتراپلىرىغا ئورۇنلىشۋالغان قىسىملىرى سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋە ئاچارچىلىققا ئۇچراپ، ئۆڭكۈر ـ ئۆڭكۈرلەردە توڭلاپ قالدى. تىرىك قالغانلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىشقا مادارى قالمىغانىدى. بۇ بىز تەرەپكە پايدىلىق، ئەپلىك شارائىت بولۇپ، يۇقىرىدا نامى ئاتالغان ئورۇنلار ئاز چىقىم بىلەن ناھايىتى تېز، ئارقىمۇ ـ ئارقا ئىشغال قىلىندى. جىڭ ناھىيىسى بولسا گومىنداڭنىڭ تاللانغان قوراللىق كۈچلىرى ئالدىنقى قوماندانلىق شتابى جايلاشقان ئورۇن ئىدى. بۇ چاغ دۈشمەن بىزگە ھۇجۇم قىلىپ ئىنقىلابنى باستۇرۇش باسقۇچىدىن مۇداپىئە باسقۇچىغا كۆچكەن چاغ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جىڭنى مۇستەھكەم مۇداپىئە لىنىيىسىگە ئايلاندۇردى. بۇ يەردە نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچىنى يۆتكەپ كېلىپ توپلىغاندىن تاشقىرى ئارشاڭ، سايرام، بۆرتالا ۋە ئۇتەيلەردىن قاچقان قىسىملىرى ۋە ئەمەلدارلىرىمۇ مۇشۇ جايغا توپلانغانىدى.

گومىنداڭ قىسىملىرى قوماندانلىقى جىڭنى ئالدىنقى مۇداپىئە لىنىيىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان قىسىملىرىمىزنى شۇ جايدىلا «ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاپ، ئىلىغا بىمالال ئىلگىرىلەپ كىرىپ، ئىسيانچى ئوغرىلارنى بېسىقتۇرۇپ تاشلايمىز» دەپ مۆلچەرلىگەنىدى. بۇ مۇداپىئە سېپىگە گومىنداڭ 45 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ كاتتىۋېشى گېنېرال گۇجى قوماندانلىق قىلدى. ئۇنىڭ قىسىملىرى بىزنىڭ قىسىملىرىمىز بىلەن يەنجىخۇ، باجاخۇلاردا تىركىشىش ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ باردى.

www.uyghurkitap.com



جىڭنى ئازاد قىلىش يۈرۈشىگە ئالدى بىلەن 1 ـ بىرىگادا باشلىقى گېنېرال ئىسھاقبېك قوماندانلىقىدىكى 1 ـ تېكەس ئاتلىق پولكى، مەۋلانوۋ ۋە مۇئاۋىنى قالپاقوپلارنىڭ باشلامچىلىقىدا يۈرۈش قىلدى. بۇ پولك سەككىز ئىسكادروندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، غۇلجىدىن ئاچال ئارقىلىق يۈرۈش قىلدى. دەل ئاچالغا بارغاندا دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ، چاپقان يوتىدا ئىككى كۈن شىددەتلىك ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇش بىزنىڭ قىسىملىرىمىز قارا سايغا يېتىپ بارغاندا گىرەلەشمە جەڭگە ئايلىنىپ كەتتى. پولك كوماندىرى مەۋلانوۋ «بىدىلىك» تىكى جەڭدە ئاغزىدىن ئوق تېگىپ، ئېغىر يارىدار بولۇش بىلەن سەپتىن چىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن گېنېرال ئىسھاقبېك بىۋاستە قوماندانلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. دۈشمەن ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ، بەرداشلىق بېرەلمەي قېچىشقا باشلىدى. دۈشمەن چېرىكلىرى بىر پولك بولۇپ، شي يىفىڭ ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلغانىدى. دۈشمەن ئەھۋالى ئېغىرلاشقاندىن كېيىن، جىڭدىن بىر باتالىيون (400 دىن ئارتۇق) ئەسكىرى ياردەمگە يېتىپ كەلدى. ھەرەمباغدىن قېچىپ چىققان بىر باتالىيونغا يېقىن دۈشمەن ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىۋالدى. دۈشمەن چېرىكلىرى سان ۋە قورال جەھەتتىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىۋالغاندىن كېيىن (1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرى) بىزنىڭ قىسىملىرىمىزغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن قاتتىق گىرەلەشمە جەڭ باشلىنىپ كەتتى. بۇ ئۇرۇشتا گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ چوڭقۇر تەدبىرى ۋە قىسىم جەڭچىلىرىنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىشى نەتىجىسىدە، دۈشمەن مەغلۇب بولۇپ، جىڭغا قاراپ قاچتى. بىزنىڭ قىسىملىرىمىز ئارقىدىن قوغلاپ يوقىتىش ئۇرۇشىنى شىددەت بىلەن ئېلىپ بېرىپ، ئالغا ئىلگىرىلەپ مېڭىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن توغرا سۇغا بارغىچە دۈشمەن قىسىملىرى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلدى. ئاز ساندىكى قالدۇق چېرىكلەر كوماندارلىرى بىلەن بىللە جىڭغا قېچىپ كىرىۋالدى. بىزنىڭ قىسىملىرىمىز ئىسھاقبېكنىڭ قوماندانلىقىدا جىڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئاچال توقايلىقىغا ئورۇنلىشىپ، جىڭنى مۇھاسىرىگە ئېلىش تەييارلىقىنى ئېلىپ باردى.شۇنىڭدەك باجاخۇدىكى تۇڭگان ئاتلىق پولكى، شىبە ئاتلىق ئىسكادرونى بىلەن ئۇچراشتى. بۇلار 1 ـ بىرىگادا تەركىبىدىكى قىسىملارغا ئايلاندى. باجاخۇ، يۇنجىخۇلارغا قىلغان بىر قانچە قېتىملىق قايتارما ھۇجۇمدا، دۈشمەن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈك ساندۇقى بولغان پوتەي، خەندەك قورۇلۇشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى.

بۇ ئارىلىقتا جىڭ ناھىيىسى ئەتراپىغا توپلانغان قىسىم ۋە پارتىزان ئەترەتلىرىدىن تەركىب تاپقان 1-بىرىگادا ۋۇجۇدقا كېلىپ، فرونت قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. گېنېرال ئىسھاقبېك قوشۇمچە بىرىگادا كوماندىرلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. فرونت قوماندانلىق شتابى مەۋلانوۋ، ئىبراھىموپ، دوسكىنوپ، قالپاقوپ، مېلىيوپ، مەنسۇر لومىيوپ، بايچۇرىن، قېيۇمبەگلەردىن تەركىب تاپقانىدى. بۇ بىرىگادىغا كەرگەن قىسىملار تېكەس ئاتلىق پولكى، تۈڭگان ئاتلىق پولكى، غۇلجا 2-پولك، شىبە ئاتلىق ئىسكادرونى قاتارلىق قىسىملار بولدى. شۇنىڭدەك بايچۇرىن، قازىقان قىسىملىرى باجاخۇنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قاچقان دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ماڭغۇزۇلۇۋەتتى. ئۇلار دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتۈپ كەتتى. باش قوماندان پالىنوپ ۋە مۇئاۋىن باش قوماندان ئىسھاقبېكلەرنىڭ چىۋەر تەدبىر قوللىنىپ، جەڭگە بولغان بىۋاسىتە ھۇجۇمىنى توختىتىپ، ئەگىپ ئۆتۈپ شەرقتە شىخۇغا ۋە شىمالدا تارباغاتايغا يۈرۈش قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. لېكىن باشچىلىقىدىكى 2-كەڭساي ئاتلىق پولكى چۆچەكتە، موگوتنوپ باشچىلىقىدىكى سۈيدۈڭ ئاتلىق پولكى، غۇلجا پولكى، قازىقان قىسىملىرى شىخۇغا يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا دۈشمەن جىڭ بىلەن شىخو ئارىلىقىدا لەيلەپ-قاترىشىپ يۈرەتتى. گومىنداڭنىڭ قوماندانى شې يىفىڭ قىسىملىرىنىڭ كۆپى جىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. جىڭ ئازاد قىلىنماي تۇرۇپلا ئىسھاقبېك ۋە پالىنوپلارنىڭ قوماندانلىقىدا 1945-يىلى 7-، 8-ئايلار ئىچىدە دۆربىلجىن، چۆچەك، قوبۇق، بۇرچىن قاتارلىق جايلار ئازاد قىلىندى. 9-ئاينىڭ بېشىدىلا كەسكىن ئېلىپ بېرىلغان بىر قانچە كۈنلۈك قاتتىق جەڭلەردىن كېيىن شىخو پۈتۈنلەي ئازاد قىلىندى. قالدۇق گومىنداڭ قىسىملىرى ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي لاقا-لۇقىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ماناس تەرەپكە قېچىشتى ۋە 200 كىلومېتىردىن ئارتۇق تاشيول بويلىرىدىكى ئاھالىلەرنى بۇلاپ-تالاپ، خانىۋەيران قىلىۋەتتى.

شىخۇنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى باشلىنىشى بىلەن تەڭلا جىڭ ناھىيە بازىرى ئۈچ تەرەپتىن (شەرق، غەرب، شىمال تەرەپلەردىن) مۇھاسىرە قىلىنىپ دۈشمەن پۈتۈنلەي ئىسكەنجىگە ئېلىندى. ئالدانغان بىر قىسىم «كەلگۈسىنىڭ قۇرچاق ئەربابلىرى» جىڭ ئەتراپىدىكى بۇك قۇمۇشزارلىقىنىڭ كۆلەڭگۈسىدىن پايدىلىنىپ، بىز تەرەپكە قېچىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇلار قىزغىن قارشى ئېلىنىپ ئىنقىلابنىڭ مەركىزى غۇلجا شەھىرىگە ئۇزىتىپ تۇرۇلدى. كۈز پەسلى كەلگەندە تۇيۇقسىزلا «كېرە تاش» (نەنسەننىڭ غەربى) تەرەپكە ھۇجۇم قىلغان دۈشمەن قوشۇنى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۈشمەننىڭ ئادەم سانى 10 مىڭغا يېتىپ باراتتى. شۇ پەيتلەردە بىزنىڭ لېيسكىن باشچىلىقىدىكى 2-بىرىگادىمىز گېنېرال دەلىلقاننىڭ پارتىزان قىسىملىرى بىلەن زىچ ماسلىشىپ، ئوسماننى ئۈزىمىزگە جەلپ قىلىپ، شىددەتلىك بىرلەشمە جەڭلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىسىدا، ئالتايمۇ ئازاد قىلىندى. شىخو تولۇق ئازاد قىلىنىش بىلەن يەككە يىگانە «ئارال قوشۇنى» بولۇپ قالغان گوچى قىسىملىرى ئۆز ئىستىھكاملىرىنى تاشلاپ بىر-بىرلەپ قېچىشقا باشلىدى. قېچىۋاتقان دۈشمەنلەرنى قازىقان، بايچۈرىن قىسىملىرى جەڭ، شىخو ئارىلىقىدىكى تاشيول بويلىرىدا ئالدىنى توراپ يوقىتىش ئېلىپ باردى. گېنېرال ئىسھاقبېك قوماندانلىقىدىكى جەڭنى قورشاپ تۇرغان قىسىملىرىمىز، زەمبىرەكچى قىسىملىرىمىز ئايروپىلانلارنىڭ زىچ ماسلىشىشى بىلەن قىسقا مۇددەتلىك شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، جەڭ تولۇق ئازاد قىلىندى. جەڭنىڭ بۇنداق تېز ئىشغال قىلىنىشى، گومىنداڭ قۇرغان تۆت قەۋەتلىك (بىر يىلىق ئەسكەر سىغقۇدەك) ھەشەمەتلىك پوتەيىنىڭ زىخرۇللا نادىرۇپ، تاھىرۇپ قاتارلىق قەھرىمانلار تەرىپىدىن گۇمران قىلىنىشى جەڭ غەلبىسىگە يول ئېچىپ بەردى. گومىنداڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرى چىگشۇرغا قاچقان پەيتتە بىزنىڭ قىسىملىرىمىز ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، قورشاۋغا ئېلىپ ۋە يوشۇرۇن زەربە بېرىپ، تامامەن يوقاتتى. جەڭدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭدىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت (ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى) پۈتۈنلەي ئازاد قىلىندى. جەڭ ئۇرۇشىنىڭ قوماندانى گېنېرال گوچى تىرىك ئەسىرگە ئېلىندى. ئۇ كەمتەر، ئەستايىدىل بولغانلىقى ئۈچۈن گېنېرال گوچىنى قوبۇل قىلدى. شۇ چاغدا قوماندانىنىڭ مەخسۇس كاتىپى توختىيوپ ئابلەت ئۇنىڭ يېنىدا بار ئىدى. ئەسىرگە چۈشكەن گېنېرال گوچى باش قوماندانغا: «مەن ياپون ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشۈپ، ئايروپىلان بىلەن قېچىپ كەلگەندىم، ئەمدى سىلەردەك پارتىزانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم. مەن سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈپ قېلىشىمنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ باقمىغان. مەن 12 مىڭ ئەسكىرىمدىن ئايرىلدىم، مېنى بەرىبىر ھۆكۈمىتىمگە ئۆتكۈزۈپ بېرىسىلەر، ئۇلار بەرىبىر مېنى جازالايدۇ» دېدى. گېنېرال ئىسھاقبېك كۈلۈپ كېتىپ: «سىزنى جازالىماسلىقىقا كېپىللىك ئېلىپ ئاندىن ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز، شۇڭغىچە ياخشى دەم ئېلىڭ» دېدى. بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن ئۇ گومىنداڭ شتابىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. جەڭ ئۇرۇشىدا دۈشمەننىڭ ئۇنلىغان سۈرەتمە زەمبىرىكى، كۆپلىگەن قورال-ياراغ ۋە ئوق-دورىلىرى غەنىمەت ئېلىندى. ئەسىرگە ئېلىنغانلار جەڭ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ

ياخشى كۆتۈپ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ ئىشتا گېنېرال ئىسھاقبېك يېتەكچىلىكىدە، ئىللاردا داستان بولغىدەك قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى بارلىققا كەلدى. مەسىلەن: زىخرۇللا نادىرۇپ، تاھىرۇپلارنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا جاھاننى زىل-زىلىگە كەلتۈرگەن، پوتەيىنى پارتلىتىپ جەڭنى ئازاد قىلىشقا يول ئېچىشتەك مۆجىزە مەيدانغا چىقتى. كۆپسەن دېگەن قازاق جەڭچى مىنامىيوت بىلەن نۇرغۇن پوتەيىنى پارتلىتىشتەك ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى يارىتىپ، باتۇرلۇق مېدالى بىلەن مۇكاپاتلاندى. ئىسكادرون كوماندىرى باباجان قاچقان دۈشمەنلەرنى قوغلاپ يوقىتىشتا زور خىزمەت كۆرسىتىپ 2-ئازات نىشانلىق ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلاندى. باجاخۇ ئۇرۇشىدا ئىلياس ئايانقان ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، بىر قانچە ئون دۈشمەن چېرىكىنى يوقىتىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. دەندەنزە دېگەن كوماندىر دۈشمەن جاسۇسلىرىنى يوقىتىشتا چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى. شىبە ئاتلىق ئىسكادرونىدىكى جەڭچىلەردىن 20 نەچچە كىشى دۈشمەن قىلىچى ئاستىدا قۇربان بولغان بولسىمۇ، بىر قەدەممۇ چېكىنمەي، نۇرغۇن كوللېكتىپ قەھرىمانلىق ئىشلار مەيدانغا كەلدى. مانا بۇنداق بىر قانچە تۈرلۈك تىپىك قەھرىمانلىق ئىشلار گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ قوماندانلىقىدا قولغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ سەركەردىمىز ئىنقىلابىي قوراللىق قوشۇن ئىچىدە ۋە خەلق ئاممىسى ئىچىدە تېخىمۇ يۇقىرى ئابروي ۋە نوپۇزغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭ ئارمىيىمىزنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن چاغدىكى جەڭچى-ئوفىتسېرلارنىڭ خوشاللىقى، قەلبىدىكى رازىمەنلىكى شۇنىڭدىن دېرەك بېرەتتى.

## ئۇنىڭ ئېسىل خىزمەت ئىستىلى

ئۇ كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان بولۇپ، جاسارەتتە سالماقلىق، سالماقلىقتا جاسارەتلىك ئىدى. ئۇ كەم سۆزلۈك بولۇپ، جەڭگىۋار ھەرىكەتلەردە بېرىدىغان بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرى ئىنتايىن قىسقا ھەم مەزمۇنلۇق ئىدى. كۆپ ئىشلەپ، ئاز سۆز بىلەن بىر قانچە مىنۇت ئىچىدىلا مېغىزلىق خۇلاسە چىقىراتتى. ھەر قانداق جەڭ ئوپېراتسىيىلىرىدىمۇ كېچىكتۈرمەي ۋاقتىدا يەكۈن چىقىراتتى. قۇرۇق سۆز ۋە يالغان سۆزلەر ئۇنىڭ بىرىنچى دۈشمىنى ئىدى.

ئورۇنسىز ئەسەبىيلىشىدىغان، باشقىلارغا ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىدىغان، ئۆچەكىشىدىغان قىلىقلارغا ئۆچ ئىدى. ئۆزىنىڭ لەشكەر باشلىقلىق ھاياتىدا خېلى چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەجەپلەنمەيتتى. باشقىلارغا كۆيۈنۈش، ئۆستۈرۈش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ۋە دادىل قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۇنىڭ ئېسىل خىزمەت ئىستىلى بولۇپ كەلدى. روھىي چۈشكەنلەر، غەم-غۇسسىغا پېتىپ قالغانلار، يوقسىزلىقتا يولۇققانلارغا نىسبەتەن دىلى بەكمۇ يۇمشاق بولۇپ، قايغۇدا بىللە بولۇش بىلەن، ئۇنداقلارنى ماددىي-روھىي بېسىمدىن ئازاد قىلىشقا تىرىشاتتى، ئەمما پرىنسىپتا بەكمۇ چىڭ تۇراتتى. شۇنىڭدەك ھەشەمەتخورلۇق، ھەددىدىن ئاشقان داغدۇغا، ئالاھىدە بولۇۋېلىش ئۇنىڭ ئەخلاقى ئىستىلىغا يات ئىدى. ماختاش ۋە مەدھىيىلەرنى ياقتۇرمايتتى، جىددىي پەيتلەردە قىلچىمۇ ھودۇقماستىن ئۆزىنىڭ تەمكىن، باتۇر خىسلىتىنى ئالاھىدە ئىپادىلەيتتى. ھەر قانداق چاغدا ئۇنىڭ چىرايىدىن ھارغىنلىق، ئەندىشە ۋە رەنجىشلەرنى بىلدۇرىدىغان سەلبىي ئىپادىلەرنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ قوماندانلىق شتاب ۋە ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئىشخانىسىدا ئاز ئولتۇرۇپ، مۇتلەق كۆپ ۋاقتىنى ئوپېراتسىيە ۋە ئالدىنقى سەپلەردە، قىسىملار ئارىسىدا ئۆتكۈزەتتى. ئالدى بىلەن نەق مەيداننى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، ئاندىن كېيىن قىسىمنىڭ قوماندانلىق سوستاۋىنى يىغىپ بارلىق ئەھۋاللارنى، ئىنقىلاپ چىققان مەسىلىلەرنى ئۇلارنىڭ كاللىسىغا قويۇپ، يولىيورۇق بېرەتتى. ھەتتا شۇ قىسىم مەسئۇللىرى كۆرۈپ تۇرۇپ بىلەلمىگەن، بىپەرۋالىق بىلەن تاشلاپ قويۇلغان مەسىلىلەرنى ئىزدىنىپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ ھەل قىلىشىغا تاپشۇراتتى. يېڭىدىن-يېڭى ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كوماندىرلارنىڭ بېجىرىشىنى تەشەببۇس قىلاتتى.

خاتالاشقان كادىرلارنى يېنىكلىك بىلەن جازالاشقا ئۇرۇنمايتتى. خاتالىقىنى ئۆزگە ئەسلىتىپ، تۈزىتىشنى ئورۇنلاشتۇراتتى ۋە ئالاھىدە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرەتتى. ئۇنداقلارنى كۆپ ھاللاردا ھەر دەرىجىلىك سىياسىي باشقارمىلارنىڭ ئىختىيارىغا ئەۋەتىپ، سىياسىي ئىدىيىۋى جەھەتتىن تەربىيىلەيتتى. تۆھپىسى بار، ئەمما سىياسىي نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى تۆۋەن، ھەربىي بىلىمى كەم بولغان كوماندىرلارنى ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە ئەۋەتىپ بېرەتتى. ئۇ ھەقىقىي قەھرىمان بىلەن ساختا قەھرىماننى، سۇخەنچى-ھارامزادىلەر بىلەن ئادىل-ئاق كۆڭۈللۈكلەرنى ئايرىۋېلىشقا ماھىر ئىدى. كۆرسەتكەن خىزمىتىنى تەمەننا قىلىپ سالىدىغان ياغاچ پەشمەتلەرنى يامان كۆرەتتى. باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ھېسابىغا ئۆزى پايدا ئېلىشقا، ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشقا ئۇرۇنىدىغان قارانىيەت مەخلۇقلاردىن بەكمۇ نەپرەتلىنەتتى. جەڭچىلەرنىڭ تۇرمۇشى، سالامەتلىكى ۋە تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلمەي، ئۆزىنىڭ پاراغىتى، ئەيشى-ئىشرىتى بىلەن بولۇپ كېتىدىغان چۈپرەندىلەردىن بىزار بولاتتى. ئۇ

ئەنە شۇنداق خىسلەتلەرگە تولغان سەركەردە بولغىنى ئۈچۈن، پۈتۈن ئارمىيە ۋە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قەدىردان سەبداشلىرى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، گېنېرال دەلىلقان بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ رەسمىدىن خالى بولغان گازارما، ئىدارىلەرنى تېپىش تەس ئىدى.

## ئۇنىڭ تۇرمۇش ئىستىلى

ئۇ تۇرمۇشتا بەكمۇ ئاددىي-ساددا، ئىقتىساتچىل بولۇپ، تۇرارجايى ۋە ئىشخانىلىرى ناھايىتى ئاددىي ئىدى. ئىشخانىسىدا ساپا ۋە ھەشەمەتلىك ئورۇندۇقلار يوق ئىدى. ئۇ ئۈستەل ئۈستىگە بىر كېلىيونكا داستىخان يېپىپ قويغان بولۇپ، ئالاھىدە خىزمەت سايمانلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. تامغا بىر دانە جۇڭگو ۋە شىنجاڭنىڭ خەرىتىسى، ئاددىي ھەربىي خەرىتىسى ئېسىلغان بولۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قەيەرنى ئازاد قىلسا، شۇ يەرگە قىزىل بەلگە ئۇرۇپ قوياتتى.

گېنېرالنىڭ ئۆيىگە داۋاملىق ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان زىيارەتچىلەر ۋە مېھمانلار، ئىشداشلىرىدىن پىكىر چىقىۋەرگەندىن كېيىن، بىر كۈنى رەپىقىسى ئايشە بىلەن قاتتىق گەپ تالىشىپ قالدى. ئۇنىڭ پىكرىمۇ باش قوماندانىنىڭ ئۆيى تۈزۈكرەك جاھازىلانغان بولۇشى كېرەك، دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. گېنېرال ئايالىغا:

«سەن گېنېرالمۇ، مەنمۇ؟ بىزگە ھەشەمەتلىك ئۆينىڭ نېمە كېرىكى بار؟ تۆۋەندە ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشى قانداق؟ بۇنىڭغا نەزەر سالماي ئالاھىدە بولۇۋالساق بولمايدۇ، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئەنە شۇ سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك» دەپ تەربىيە بەردى.

مال-دۇنيا، پۇللارنى يىغىش ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. ئاخىرى ئۇ مەخسۇس كاتىپى ئابلەتنىڭ مەسلىھىتى بويىچە، ئايشەگە مائاشىدىن ئانچە-مۇنچە تۇتقۇزۇپ قويىدىغان بولدى. ئۇ سەپداشلىرى ئىچىدە ھەشەمەتلىك ئىشخانا ياسايدىغان، كىيىنىدىغانلارنى سۆكۈپ، تەنقىد قىلىپ تۇراتتى. قوماندانىمىزنىڭ تۇرمۇشتىكى ئاددىي-ساددىلىقى، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا سىڭگەنىدى.

www.uyghurkitap.com



## ئۇ تالانتلىق تەشكىلاتچى ئىدى

1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت ئارقىلىق «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالاندى. بۇ «11 ماددىلىق بىتىم» گە بىز تەرەپتىن ئەخمەتجان قاسىمى، رەخىمجان سابىرھاجىيوپ ۋە ئوبۇلخەيرى تۆرىلەر ئىمزا قويۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بىتىمنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى شەرتلىرىگە قول قويۇش ۋە بىر قانچە كونكرېت نۇقتىلاردا كېلىشىم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، باش قوماندان گېنېرال ئىسھاقبېك 16 كىشىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە باردى. مەخسۇس كاتىپى ئابلەت توختىيوپمۇ بىللە باردى. ئۇ ھەربىي بىتىمگە قول قويۇش ئارىلىقىدا، ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن بىرلىكتە نۇرغۇن مول سىياسىي ـ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇ، ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزەتتى. بىر كۈنى ئۇ ياتاق ئىشخانىسىدا ئىش بىلەن جىددىي شۇغۇللىنىۋاتقان چاغدا، قانداقتۇر 5 ـ 6 كىشى داشۆ ئوقۇغۇچىسى، زىيالىيلار ۋەكىلى نىقابى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلدى. قوماندان ئۇلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بايقىۋالغاندىن كېيىن، ئابلەتكە: «ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇڭ، مەن بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار ئۆز ھۆكۈمىتى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىشنى ھەل قىلسۇن» دەپ قايتۇرۇۋەتتى. ئۇلار ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن ياساپ ئەۋەتكەنلەر ئىدى. يەنە بىر كۈنى: «مەن گېنېرال بىلەن بىر كۆرۈشسەم» دەپ قاۋۇل، بەكمۇ گۈزەل، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇ، كاتىپىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال كۆرۈشۈش زالىغا چىققاندا، بۇ ئايال ئۇنى سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئۈرۈمچىدە توقتامىش تەرىپىدىن زورلۇق بىلەن خوتۇنلۇققا ئېلىۋېلىنغان، گېنېرالنىڭ تونجى ئايالى گۈلى ئىدى. قوماندانىمىز ئۇنىڭغا سەممىيلىك بىلەن تەسەللىي بەرگەندىن كېيىن: «سەن يىغلىما، ئەينى ۋاقىتتىكى مۇدھىش ۋەزىيەت بىزنى ئايرىۋەتكەن، ھازىر سېنىڭ يولدىشىڭ بار ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆت» دەپ، يوللۇق پۇللارنى سوۋغات قىلىپ، يولغا سېلىپ قويدى.

بىتىمنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى پۈتكەندىن كېيىن، ماناس ناھىيە بازىرىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ھەر ئىككى تەرەپ ھەربىي بىتىمگە ئىمزا قويۇش بىلەن، قىسىملارنى بەش كىلومېتىر ئارقىغا چېكىندۇردى. بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئارمىيىمىز «مىللىي ئارمىيە» گە ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇپ، ئۇ بۇ ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ، گېنېرال لېيتېنانت ئۇنۋانى بېرىلدى. بۇ خەلقىمىزنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن شان ـ شەرىپى

ئىدى. قازاق-قىرغىز خەلقى ئۇنى گېنېرال ئىسھاقبېك دېسە، ئۇيغۇر-ئۆزبېك خەلقلىرى گېنېرال ئىسھاقجان دەپ ئاتايتتى. ئۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئارمىيىنىڭ قۇرۇلمىسىنى رەتكە سالدى. ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭ ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىمالىي يۆنىلىش ئارمىيە شتابىنى تەشكىل قىلىپ، بۇ يۆنىلىشنىڭ قوماندانلىقىغا مۇئاۋىن باش قوماندان گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايېۋ تەيىنلەندى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىشداشلىرى-دەلىلقان سۇگۇربايېۋ، پولكوۋنىك نۇسۇپقان كۆنبايوپ، مايور سالاھىدىن سىدىق، پود پولكوۋنىك تۇردىيوپ ئابدۇرېشىت، رازىيوپ ئابدۇقادىر، نىكالايوپ، جانى يولداشوپ قاتارلىقلار بولدى. شىخو، مايتاغ، ساۋەن، ماناس، جىڭ ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەركىزىي يۆنىلىش ئارمىيە شتابى تەشكىل قىلىنىپ، شىخو شۆبە ھەربىي رايونى قۇرۇلدى. بۇ فىرونت ۋە شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانلىقىغا مۇئاۋىن باش قوماندان پولكوۋنىك زۇنۇن تېيىپوپ تەيىنلەندى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىشداشلىرى مەرغۇپ ئىسھاقوپ، ساۋەن ئاتلىق پولك كومادىرى ئىمىنوپ، مەھەممەتجان يۇسۇپوپ، پولكوۋنىك ئەخمەتجان ئاكا، پودپولكوۋنىك قازىقان، پولكوۋنىك ئانانىن، رامازان ئوسمانوپ قاتارلىقلار بولدى.

موڭغۇلكۈرە، تېكەس، كۈنەس، نىلقا، توققۇزتارا، چاپچال، سۇيدۇڭ، كونا قورغاس (چىلپەڭزە)، مۇزداۋان، ئارالتۆپە-يولتۇز، غۇلجا قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي ئارمىيە جەنۇبىي يۆنىلىش ئارمىيە شتابى تەشكىل قىلىنىپ، (1945-يىلى) ئۇنىڭ قوماندانلىقىنى گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. 1945-يىلى 9-ئايدا ماناس دەرياسى بويىدا ئۇرۇش توختاپ سۆھبەت باشلانغان چاغدا، ئۇ ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كېلىپ، مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىش بىلەن بىللە، جەنۇبىي يۆنىلىش ئارمىيىسىگە ئۆزى مەسئۇل بولدى. جەنۇبىي يۆنىلىش ئارمىيە شتابى تېكەستە تۇردى. ئۇنىڭ يېقىن ئىشداشلىرىدىن پولكوۋنىك سوپاخون، پولكوۋنىك مەۋلانوپ، پولكوۋنىك بايچۇرىن، پودپولكوۋنىك مالىك، مايور ئامانتۇر بايزاكوپ، مايور قوربانوپ ھەمدۇللا، پولكوۋنىك قۇربانجان ئاكا(ئارقا سەپ تەمىنات ئىشىغا مەسئۇل)، پولكوۋنىك ئىبراھىموپ، پولكوۋنىك نوغايبايوپ قاتارلىقلار بىلەن بىللە تۇردى. شۇ چاغدا ئەسلىدىكى 1-بىرگادا 1-دىۋىزىيىگە كېڭەيتىپ قۇرۇلدى. بۇ ئۈچ يۆنىلىش ئارمىيە قوماندانلىق شتابلىرىنى تېز ئارىدىلا تەسىس قىلىپ ۋە رەتكە سېلىپ، بۇ يۆنىلىش ئارمىيە بويلاپ ئاتلىق، پىيادە پولك ۋە ماتورلاشقان ئارتېللىرىيە، مىناميوت، پىلىموت، تاغ

www.uyghurkitap.com



زەمبىرەكى، ساپورنى قىسىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مىللىي ئارمىيەمىزنىڭ ھەربىي-سىياسىي جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، رەخىمجان سابىرھاجىيوپ قاتارلىقلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ ئىلىپ باردى. بولۇپمۇ كۆپ چاغلاردا رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مەسلىھەتى ۋە يولىيورۇقى بىلەن ئىش قىلاتتى. مىللىي ئارمىيە باش شتابىدا سىياسىي خىزمەتلەرنى يولغا قويۇپ، ئوفىتسېرلارنىڭ سىياسىي ئۆگىنىشىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن، قوماندانلاردىن ئالدى بىلەن سىياسىي ئىشلاردىن ئالاھىدە دوكلات ئىلىپ، مۇھىم يولىيورۇقلارنى بىرەتتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدىكى ئوفىتسېرلارنىڭ ھەربىي-سىياسىي بىلىمىنى ئاشۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، غۇلجا بايانداي ئايرودرومى بىناسىدا مەخسۇس ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى تەسىس قىلدى. شىخو، سارسۇمبە، تېكەسلەردە داۋاملىق تۈردە ئوفىتسېرلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى ئاچقۇزۇپ، نۆۋەت بىلەن تەربىيلەش ئىشىنى يولغا قويدى. 1945-يىلى تېكەس ئاتلىق دىۋىزىيىسىدە ئۆز قولى بىلەن ئوفىتسېرلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىنى ئىچىپ، 60 تىن ئوشۇق تاللانتلىق كادىرنى يېتىشتۈردى. باش شتابتا رادىستلار مەكتىپىنى ئاچقۇزۇپ، كەسپلەشكەن رادىستلارنى يېتىشتۈردى. ئاتلىق قىسىملار ئۈچۈن ۋېتىرنالارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى، ھەربىي دوختۇرلار ۋە سانتاركىلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى ئاچقۇزۇپ، قىسىملارنى ئات دوختۇرى ۋە فېلدشىرلار بىلەن تولۇقلىدى. مانا بۇنداق يېتىشتۈرۈلگەن كوماندىر، سىياسىي رەھبەر، دوختۇر، سانتار ۋە رادىست قاتارلىقلار 600 دىن ئېشىپ كەتتى. ھەتتا باش ھەربىي تەمىناتتا بوغالتېرلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى ئاچقۇزۇپ، قىسىملارنىڭ مالىيە-خوجىلىق ھېسابات ئىشلىرىنى رەتكە سېلىش ۋە ساغلاملاشتۇرۇشتا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تەشكىلاتچىلىق ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى.

ئۇ ھەرمىللەت ئىچىدىن يارامىلىق مەسئۇل رەھبىرىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ ئىشقا قويۇشنى چىڭ تۇتتى. ئۇ رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن مەسلىھەتتە بولۇپ، خىزمەتلەرنى ئىلىپ باردى. مەسىلەن: ئۇلار قىرغىز خەلقى ئىچىدىن مايور ئامانتۇر بايزاكوپ، كاپىتان شارشىبېك، مايور ئەخمەت قاتارلىق تاللانتلىق ھەربىي كادىرلارنى يېتىشتۈردى. قازاق خەلقى ئىچىدىن پودپولكوۋنىك قازىقان، پودپولكوۋنىڭ مالىك، مايور ئىبراھىمباي، مايور ئوسمانوپ رامازان، مايور قايراقباي، مايور سولەيۇپ، پودپولكوۋنىڭ جاغدا بابالىكوپ، پودپولكوۋنىك بالقاش، كاپىتان داڭقى، مايور پولات

قادىر قاتارلىق قابىلىيەتلىك ئىنز باسارلارنى؛ ئۇيغۇر خەلقىدىن يېتىشتۈرۈپ چىققان تالانتلىق كوماندىرلار بىر قانچە يۈزدىن ئېشىپ كەتتى. باشقا مىللەتلەردىنمۇ نۇرغۇن كوماندىرلارنى يېتىشتۈردى.

## ئۇ ياشلارنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى ۋە ياشلارنىڭ غەمگۈزارى ئىدى

بىزنىڭ سۆيۈملۈك باش قوماندانىمىز پەقەت ھەربىي سەپتە سەركەردە بولۇپلا قالماي، سىياسىي سەھنىدە سىياسىيون، ئىجتىمائىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا دانا ئەرباب ئىدى. 1946-يىلى 7-ئاينىڭ ئاخىرىدا مىللىي ئارمىيە باش شتابى نوۋنگورتتىن غۇلجا ئايرودرومىغا يۆتكىلىپ بىر قانچە كۈندىن كېيىن، گېنېرال باش شتابتا پەيدا بولدى. «11 ماددىلىق بىتىم» ئاساسىدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى، رەخىمجان سابىر ھاجى، قاسىمجان قەمبىرى، ئەنۋەرخان بابا قاتارلىق نۇرغۇن مەسئۇل كادىرلار ئۈرۈمچى ۋە باشقا جايلاردىكى يېڭى خىزمەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئىشقا چۈشكەن پەيتتە، باش قوماندانىمىز ئۈرۈمچىگە بېرىپ غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ سالماق قەدەم بىلەن شتاب دائىرىسىنى پىيادە بىر ئايلىنىپ ئۆز ئىشخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن، باشقارمىلارنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرىپ، خىزمەتلەردىن دوكلات ئالدى(مەن ئۇ چاغدا سىياسىي باشقارمىنىڭ مەسئۇلى ئىدىم.) پولكوۋنىك ئابدۇرېھىم ھەسەنوف باش قوماندانىنىڭ سىياسىي مۇئاۋىنى ئىدى. دوكلات بېرىشلەر ۋە ئۇنىڭ يوليورۇقلىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن قوماندان باشقىلارنى قايتىشقا ئىجازەت بېرىپ، مېنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالدى. ئۇ سالماق گەپ باشلاپ سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە كونكرېت يوليورۇقلارنى بەردى. بېرىلگەن يوليورۇقلار ۋەزىيەتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى ئاساس قىلغان يوليورۇقلار ئىدى. ئۇ گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىسىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ، بىللە ئالغاچ كەلگەن ۋە بۇندىن كېيىن كېلىدىغان ياشلار ۋە زىيالىيلار مەسىلىسىنى ۋە ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلەپ، ئارمىيىدە خىزمەتكە سېلىش مەسىلىسى توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. بۇلار مامىتوپ قۇربان، ئابدۇۋاھىت ھەمدۇللا، ئىبراھىم قاسىم، قۇربان ئىبراھىم، نىياز، تۇرسۇن ۋاھىدى قاتارلىق بىر تۈركۈم ياشلار ئىدى. قوماندان: «بۇلارنىڭ كۆز قارىشىدا ئوخشىماسلىقلار بار، خىزمەت جەريانىدا ئوبدان ھەل قىلىنسۇن.

www.uyghurkitap.com



بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىز ۋە مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەنلەرگە بۇ نۇقتىدىكى تەربىيىنى چىڭ تۇتۇڭلار...» دېدى. گېنېراللىڭ ئەنە شۇنداق چىچەن تەدبىرلىرىنىڭ تۈرۈتكىسىدە گومىنداڭ ژاندارمىلىرىنىڭ تۈرمىلىرىدىن ۋە نەزەربەنت قىلىنغان جايلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇلغان ۋە ئۆزلىرى قېچىپ كەلگەن ياشلار مەلۇم مۇددەت سىناق ۋە تەربىيىلىنىش جەريانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تېگىشلىك خىزمەتلەرگە قويۇلدى ۋە بەزىلىرىنى ئارمىيە سىياسىي باشقارمىسىدا بىۋاستە خىزمەتكە قويۇپ، مەلۇم مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن قىسىملاردا مەسئۇل خىزمەتلەرگە تەيىنلەندى. 1945 ـ، 1949 ـ يىللىرىدىكى 3 ـ قەرەللىك ئوفىتسېرلار مەكتىپى ئەنە شۇنداق ياشلارنى ھەربىي ـ سىياسىي جەھەتتىن تەربىيىلەشكە قارىتىلغانىدى. شۇنداق قىلىپ گېنېراللىڭ تەشەببۇسى بويىچە ئۇلارنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي بىلىم ئىگىلەپ، ئارمىيىدە خىزمەت قىلىش ئارزۇسى قاندۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ كۆپى سىياسىي رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. شۇ قېتىمقى ۋە كېيىنكى قەرەللىك كۇرسلاردا 150 تىن ئوشۇق ياش زىيالىيلار يېتىشتۈرۈلۈپ، ئارمىيىمىزدە غول كوماندىرلار ۋە سىياسىي رەھبەرلەر بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ھەربىي ـ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ جۇشقۇن روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇلاردىن ھايات بارلىرى، ھازىر پېشقەدەم، تەجرىبىلىك كادىرلاردىن بولۇپ قالدى. مەسىلەن: پولكوۋنىك سوپاخۇن، رەجەپ توختى، ئېزىز قۇرۋان، ئابدۇۋاھىت ئۇلاتايېف، ئابدۇۋاھىت، ئەزىزوپ قاسىم، ھەمدۇللا، سايىتوپ ماخمۇتجان قاتارلىق چېنىققان پېشقەدەملەر بۇنىڭ جانلىق گۇۋاھچىلىرىدۇر.

ئۇ، جەڭلەردە كۆزگە كۆرۈنگەن كۈرەش قەھرىمانلىرى ۋە ئالاھىدە تۆھپىسى بولغانلارنى، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ، ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇپ، تەقدىرلەش ـ مۇكاپاتلاش بىلەن ئۈستۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. مەسىلەن: ئۇ جىڭ ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلغان چېغىدا، ئالاھىدە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ دۈشمەنىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم پوتىيىنى پارتلىتىپ، غەلىبە يولىنى ئاچقان كۈرەش قەھرىمانى زىخرۇللا نادىر، تاھىروپ قاتارلىقلارنى 1948 ـ يىلى مەركىزى يۆنىلىشتىن سۈرۈشتۈرۈپ ئالتۇنلىقتا ئۆتكۈزۈلگەن پارات ۋە ھەربىي ماھارەت كۆرسىتىش چوڭ يىغىنىدا ھەممىگە تونۇشتۇردى. باش قوماندان ئۆز قولى بىلەن ئۇلارنىڭ مەيدىسىگە ئوردېن ۋە مېداللارنى تاقاپ، كۈرەش قەھرىمانى دېگەن پەرمانىنى ئېلان قىلىپ نۇتۇق سۆزلىدى. يىغىن ئاخىرىدا، جىڭ ـ شىخو ئۇرۇشىدىكى بىر قانچە

قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى.

## سىياسىي جەھەتتىكى تەربىيىنى چىڭ تۇتاتتى

ئۇنىڭ ۋەزىيەت ھەققىدىكى تەربىيىسى سىياسىي خىزمەتچىلەرنى، ئوفىتسېرلارنى بەكمۇ تەسىرلەندۈرەتتى. سىياسىي باشقارمىدا بىر مەھەل ئوفىتسېرلار مەكتىپى ۋە قىسىملاردا ئالاھىدە ئىنقىلابىي ۋە نەزەرىيىۋىي تېمىلارنى تاللاپ دەرس ئۆتۈش، تام گېزىت چىقىرىش، ھەجۋىي رەسىملەرنى ئىشلەش، «جەڭ ئاخباراتى» نەشىر قىلىپ تارقىتىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. مەسىلەن: گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ غالچىلىرى، قورچاق ئەمەلدارلىرى ۋە باشقا ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار، شۇنىڭدەك مىللىي مۇناپىق، خائىن-جاسۇسلار ئۈستىدە ئۆتكۈر ھەجۋىي تەشۋىقاتلارنى قانات يايدۇرغانلىقىنى بىلىپ، ئۇ، بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ «قىلغىنىڭلار دۇرۇس، ئېھتىياتچان بولۇڭلار، قەلەم ۋە تىلىڭلارنى دەل نىشانغا تەككۈزۈپ ئىش قىلىڭلار» دېدى ھەم ئوفىتسېرلار مەكتىپىدىكى بۇنداق جانلىق سىياسىي پائالىيەتلەردىن ئىنتايىن رازى بولدى. ۋەزىيەت ھەققىدىكى تەربىيىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى: جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭ خەۋەرلىرى، جياڭ جيېشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان جىنايى قىلمىشلىرى، «جۇڭگودىكى تۆت چوڭ بيۇروكرات ئائىلىنىڭ سىرى»، 8-ئارمىيىنىڭ «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» تىن ئىبارەت ياخشى ئىستىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھەر قايسى ئورۇنلاردا سۆزلىگەن يالقۇنلۇق نۇتۇقلىرىنى نۇقتا قىلىپ، جەڭچى-ئوفىتسېرلارغا دەرس ئۆتۈپ، ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇشال بولۇپ، قىزغىن ئىلھاملاندۇرۇپ تۇردى.

گېنېرال 1946-يىلى باش شتابتا ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ئىككى يىللىق خاتىرلەش يىغىنىدا، قىزغىن نۇتۇق سۆزلەپ: «بىز ۋەزىيەتنىڭ ئارقىسىدا قالماسلىقىمىز لازىم. ئەكسىيەتچىلەر ۋە يوشۇرۇن دۈشمەنلەرنىڭ قايتا ئۇرۇش قوزغايدىغان، بۆلگۈنچىلىك سېلىپ ئاغدۇرمىچىلىق قىلىدىغان ھەر قانداق سۇيىقەستلىرىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئالدىمىزدىكى ئۇرۇش ۋە سىياسىي كۈرەشكە تەييارلىنىپ قويۇشىمىز كېرەك» دەپ، ئارمىيىمىزدىكى پۈتۈن جەڭچى-كوماندىرلارغا مۇراجىئەت ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى يوليورۇقى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىشىمىزگە ئاساس سېلىپ بەردى.

## ئۇ، دۈشمەن ئالدىدا تەمكىن بولۇپ، قىيىنچىلىققا پىسەنت قىلمايتتى

1947 ـ يىلى يازدا پودپولكوۋنىك داموللا رازىيوپ، كاپىتان جالال ۋە مەن ئۈچىمىز هال سوراش يۈزىسىدىن كىنو قويۇش گۇرۇپپىسىنى ئېلىپ، ساۋەن ناھىيىسىگە باردۇق. ساۋەن ناھىيىسىگە كىرىش ۋە ئۇ يەردىكى خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈش بەكمۇ قىيىن ۋە خەۋپلىك ئىدى. چۈنكى بۇ ناھىيىنى قالىبېك، تاكامان قاتارلىق گومىنداڭچىلار مۇستەقىل بەگلىككە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. داموللا رازىيوپ ئارمىيە ۋە خەلق ئىچىدە تونۇلغان ئابرۇيلۇق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولغاچقا، بىزنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلالمىدى. قالىبېك، تاكامانلار بىزنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ «مېھمانخانا» سىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇ يەردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن پاراڭلىشىشىمىزغا، ئەتىسى ناھىيە بازىرى بويىچە ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە پۇخرالاردىن هال ـ ئەھۋال سورىشىمىزغا ماقۇل بولدى. كەچقۇرۇنلۇغى ناھىيە بازىرىدىكى خەلقنى كىنو بىلەن كۈتۈۋېلىش كېچىلىكى ئۆتكۈزدۇق.

ساقچى ئىدارىسىنىڭ كاتىپىشى تاكامان بىزنى قوغداش باھانىسى بىلەن قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالدى. بىز بىر قىسىم ئوفىتسېرۋە كادىرلارنى يىغىپ سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق. مېھمانخانىنىڭ ئەتراپى ئۈپۈر ـ تۈپۈر، ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى، غەيرى ـ غارايىپ تىۋىشلارنىڭ تەسىرى بىلەن يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىيالمىدۇق. ھەممىمىزدە دېگىدەك بىر خىل ئەنسىرەش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئەتىسى چۈشكە يېقىن ھەر مىللەت خەلقى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ھەربىيلەر بولۇپ بىرەر مىڭچە ئادەم يىغىن مەيدانىغا توپلانغانىكەن، ئەتىگەندىن شۇ ئارىلىقتا تاكامان ئارىلاپ بىز ياتقان ئۆيگە كېلىپ غەلىتە سۆز، سۇرلۇك ئىشارىلەرنى قىلىپ كىرىپ ـ چىقىپ تۇردى. ئۇنىڭ بىزدىن سوراۋاتقان سوئاللىرى پۈتۈنلەي سىنىچىلىق، سىر ئېلىش سوئاللىرى ئىدى. ئۆزىگە لازىم بولغان يېڭى گەپلەرنى ئاڭلاشقا ئالدىرايتتى. يىغىن مەيدانىغا قالىبېك، تاكامانلارمۇ كەلدى. ئۇلارنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بىزگە قاراپ ھومىيىپ، «پەرمان كۈتۈپ تۇرغان» جاللاتلاردەك تىكىلىپ تۇراتتى. قالىبېك «ئاشقازىنىم ئاغرىۋاتىدۇ» دەپ بىر قانچە بەد بۇيى كېكىرىپ، ئۈستەلگە يۆلىنىپ يېتىۋالدى. بىزنىڭ ۋەزىيەت ھەققىدىكى جامائەتكە دەيدىغان گەپ ـ سۆزلىرىمىز تۈگەش بىلەن

مەيداندا قىزغىن ئالقىش ساداسى پەيدا بولۇپ، ئالاھىدە جانلىنىش مەنزىرىسى نامايان بولدى. بىر ئاندىن كېيىن ھاكىم قالىبېكنى ھۆرمەت بىلەن سۆزگە تەكلىپ قىلدۇق. ئۇ، «سىلەر، دەيدىغان يالغان سۆزلىرىڭنى دېيىشىپ بولۇشتىڭغۇ! ماڭا ۋە ئۆز ئېلىمگە ھېچقانداق پايدىسى يوق. مەن ئۆزۈم كېرەك بولغاندا سۆزلىۋالىمەن» دەپ، بىزگە زەھەرخەندىلىك بىلەن بىر ئالىيىپ قاراپ قويۇپ گېپىنى تۈگەتتى. بىر چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەردە قايتتۇق. خوشلىشىپ قويايلى دەپ ئۇنىڭ ئىشخانا ۋە ئۆيلىرىنى ئىزدىسەك، ئۇ ئالدىبۇرۇنلا بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ چاپارمەنلىرى بىلەن بىللە نامەلۇم ياققا چىقىپ كەتكەنىكەن. بىر كىنو ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ، ساۋەن ئورمانلىقلىرىنى ئۇچقاندەك بۆسۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، 20 دىن ئوشۇق بىر توپ ئاتلىقلارنىڭ چاڭ-توزان چىقىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇق. يېقىنلاپ بارغىنىمىزدا قالىبېك، تاكامانلارنىڭ ئۆزى بولۇپ چىقتى. كېيىن رازۋېدكا مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن، ئىككى مەسىلىنى بىلىۋالدۇق: بىرى، بىر قونغان كۈنى بۇلار بىزنى يوشۇرۇن جىمىقتۇرۇۋېتىشنى پىلانلىغان ئىكەن، كېيىن بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ چىقىپ «بۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىمىز بىلەن داموللا رازىيوپنىمۇ جىمىتۇرۇۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىككىسىنى جىمىقتۇرۇپ بىرىنى قالدۇرساق چېنىپ قالىدۇ. دامولا رازىيوپ بولسا، ئارمىيە ۋە ئەل ئارىسىدا ئىناۋىتى يۇقىرى ئۆلىما بولغانلىقتىن، ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ چاغدا بىز كۈتۈلمىگەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايمىز» دەپ، قاتىللىق نىيەتلىرىدىن يانغان؛ ئىككىنچىسى، ئۇلار يايلاۋغا چىقىشنى باھانە قىلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ساۋەننى ئايرىپ چىقىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىگە قارشى باسمىچىلىق ئورۇشى ئۇچۇن مەسلىھەتلىشىشكە ماڭغانلىقىنى بىلىۋالدۇق.

قالىبېك ۋە تاكامانلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خائىنلىق پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن ھەرىكەت باشلىغانلىقىنى، ئىچكى جەھەتتىنمۇ ھاكىم نەسىردىن قاتارلىق بىر ئوچۇم كۈچلەرنىڭ يانتاياق بولۇۋاتقانلىقىنى ئەخمەت ئەپەندىم ۋە باش قوماندان ئۆز ۋاقتىدا سېزىۋېلىپ، غۇلجىدىن شىخوغا يېتىپ كەلدى. قالىبېكمۇ ھىيلىگەر، قۇۋ ئادەم بولغاچقا، ئوڭايلىقچە قاپقانغا چۈشمەيتتى. گېنېرال ئۇستۇن ھەربىي ماھارىتى ۋە پەم-پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، قالىبېكنى شىخۇ قوماندانلىق شتابىغا چاقىرىپ كېلەلىدى. بىز شۇ چاغدا قالىبېك بىلەن باش قوماندانىنىڭ سۆھبىتىنىڭ ئاياغلىششىنى «ئازاد» نىشانلىق شىخو ئاتقۇچى پولكىنىڭ شتابىدا كۈتۈپ ياتاتتۇق.

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبەت پولكوۋنىك زۇنۇن تېيىپوپنىڭ ئائىلىسىدىكى ئىشخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەنىدى. سۆھبەت جەريانىدا ئۇنىڭ ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئىتتىشتەك يامان غەرىزى ئېچىپ تاشلانغاندىن كېيىن، سۆھبەت خاتىرىسىگە نائىلاج قول قويۇپ، قىرغىنچىلىق ئۇرۇشى قوزغىماسلىققا، بۆلۈنمەسلىككە، ئالدىنقى سەپنىڭ جەڭگىۋار ھالىتىگە يار-يۆلەكتە بولۇشقا ۋەدە بېرىپ قايتتى. پودپولكوۋنىك داموللا رازىيوپ غۇلجىغا يۈرۈپ كەتكەن ئىدى. ئەتىسى باش قوماندان بىلەن بىللە پالاتوركا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ غۇلجىغا قايتتۇق. ماشىنىدا مەخسۇس كاتىپى مايور ئابلەت توختىيوپ، گېنېرالنىڭ ئاديۇۋتانتى(قوغدىغۇچىسى) مايور ئەخمەت ۋە بىر قانچە مۇھاپىزەتچى جەڭچىلەر بار ئىدى. يولدا كېتىۋېتىپ كەڭسايغا چۈشكەن چېغىمىزدا، ئاپتوموبىلنىڭ تورمۇزى تۇتماس بولۇپ قالدى. ماشىنا بىر قانچە قېتىم ئىككى ياققا ئېغىپ، سىلكىنىپ، چوڭقۇر يارغا چۈشۈپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلغانلىقتىن، تورمۇزنى بىر جەڭچى بېسىپ تۇتۇپ مېڭىشقا توغرا كەلدى-دە، قوماندان دەرھال ئاپتوموبىلنىڭ ئۇستىگە چىقتى. ئاپتوموبىلنىڭ مېڭىشى راۋانلاشتى. بىز يولدا كېلىۋېتىپ بىر قانچە قېتىم چۆللەردە تاقىر يەرلەرگە داستىخان سېلىپ، تاماقتا بىللە بولغان بولساقمۇ، گېنېرال بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى. ئۇ كۆپرەك ئۆرە تۇرۇپ، قوماندانلارغا خاس گېگانت قەدەم بىلەن ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ، ھەر تەرەپ، ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان تاغ چوققىلىرىغا نەزەر سالاتتى. ئىككى قولى بىلەن بېلىنى قاماپ تۇتۇپ تۇرۇپ چوڭقۇر تىنىپ قوياتتى. يوللاردا (جىڭ، چىگىشور، ئۇتەي، لوسىگۇڭ، سۇيدۇڭ قاتارلىق جايلاردا) ھەر قانچە كۆپ تونۇش-بىلىشلىرى بولغىنى بىلەن، ئۇلارنى ئاۋارىچىلىققا سالماسلىق ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە چۈشۈشنى ئەپ كۆرمىدى. قانداقتۇر ئۇنىڭدا ئۇيقۇسىزلىق، ھارغىنلىق، چوڭقۇر ئوي-خىياللار گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ، روھلۇق، گېگانت ئولتۇراتتى. ھەتتا ماشىنا بىر قانچە قېتىم ئاۋارىچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ رەڭگى-روخسارىدا ھېچقانداق ھودۇقۇش، قورقۇنچقا چۈشۈشتەك ئالامەتنى كۆرگىلى بولمايتتى. شوپۇرغا كايىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇنىڭغا يېقىملىق سۆزلەر بىلەن غەيرەت بېرىپ تۇردى. ماشىنا تۈۋەنلەپ تەلكە ئاغزىغا چىققاندىلا، ئۇ مەندىن: «ئىبراھىموپ، سالامەتلىكىڭ قانداق؟ نېمە ئىشلارنى قىلدىڭلار؟» دېدى. مەن ماشىنىدا كېتىۋېتىپ تارباغاتاي ۋە شىخودىكى قىسىملارنى ئارىلاپ چىققانلىقىمىزنى، شۇ قىسىملارنىڭ ھەربىي-سىياسىي جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىنى، بولۇپمۇ ساۋەنگە بارغاندىن كېيىنكى قالىبېك-تاكامانلارنىڭ

پوزىتسىيىسى ۋە سۇرلۇك-سىرلىق قىياپىتى، ھەرىكىتىنى سۆزلەپ بەرگىنىمدە، «دۇرۇس،دۇرۇس» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. سەركەردىمىز بىلەن بىللە ئادەتتىكى بىر قېتىملىق قايتىش سەپىرىدە، بىز ئۇنىڭ خىسلەتلىك، ئالىيجاناپ، ماھارەتلىك قوماندان ئىكەنلىكىگە بەكمۇ قائىل بولدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىزگە تېخىمۇ يېقىملىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

## ئۇ كەمچىلىك-خاتالىقلارنى تۈزىتىشكە ماھىر ئىدى

1947-يىلى كۈز ئايلىرى ئىدى. باش قوماندان بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا ھەرەمباغدىكى زاپاس پولكنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى. پۈتۈن پولكنى سېپگە ئال ئارقىلىق دىققەتكە تۇرغۇزۇپ، ھۆرمەت بىلدۈردۇق. كومادىر-جەڭچىلەر ئۆزگازارمىلىرىنىڭ ئالدىدىكى ھويلىلارغا چىقىپ رەتكە تىزىلىپ بولغانىدى. مەن ئۇ چاغدا پولكنىڭ سىياسىي رەھبىرى ئىدىم. زاپاس پولكنىڭ جەڭگىۋار ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، ھەرمىللەت خەلقى ئىچىدىن قوبۇل قىلىنغان يېڭى جەڭچىلەرنى تەربىيىلەش ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ گازارما، ئاشخانا، ئاتخانا، خوجۇلۇق بۆلۈم، سانچاس (دوختۇرخانا) لارنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ، 1-باتالىيون 1-روتىنىڭ گازارمىسىغا كىرىپ، تاملارغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. تاملارغا ھەر خىل رەسىملەر ئېسىلغاندىن باشقا، گازارما ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىغا رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئاباسوف ۋە گېنېرال دەلىلقانىنىڭ رەسىملىرى قاتار ئېسىلغانىدى. بولۇپمۇ ئۇ بۇ تۆت رەھبەرنىڭ رەسىمىگە بەكمۇ تىكىلىپ قاراپ كەتتى. قوماندان كۆزدىن كەچۈرۈشنى ئاياغلاشتۇرۇپ، پولك شتابىغا كىرگەندىن كېيىن، «ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلىدىغان جەڭچىلەرنى قانداق تەييارلاش ۋە ماڭغۇزۇش» ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. دەل شۇ مەزگىل قالىبېك ۋە تاكامانلار بۇزۇلۇپ، ساۋەندىن ئۆرلەپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تەۋەسىگە قېچىپ ئۆتۈپ كەتكەن، بىزگە قارشى ھۇجۇم تەييارلىقىنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتقان ھەمدە پارچە-پۇرات قوراللىق باندىتلىرىنى قۇترىتىپ ئوت قويۇپ، چوڭ يوللارغا بۇزغۇنچىلىق سېلىۋاتقانىدى.

گېنېرال ئورنىدىن تۇرۇپلا بىلىنەر-بىلىنمەس ھالدا خاپىلىق چىرايىنى بىزگە تىكىپ: «ھە، سىلەر بىر قانچىمىزنى ئوبدان تەنقىد قىلىپسىلەر، ئەمدى ئاغزاكى بېرىدىغان تەنقىدىڭلار بارمۇ؟ مەن ئاڭلاي» دېۋىدى، ھەممىمىز ھودۇققان ھالدا جىمجىتلىققا چۆكۈپ قالدۇق. ئۇ جىمجىتلىقنىڭ ئۆزىنىغا سوزۇلىشىنى خالىماي:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«مەن ئېيتىپ قويايكى، بىراۋنىڭ قىياپىتىنى رەسىمدە توغرا ئەكس ئەتتۈرمەسلىك بىر خىل خاتالىق بولىدۇ. سىلەر بىزنى ئوبدان ھەجۋىيلەشتۈرۈپسىلەر، ئۇنداق رەسىمنى ئېسىپ قويۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار، دەرھال ئېلىۋېتىڭلار. بىزگە ياخشىسى، ئىلمىي رەسىملەر كېرەك» دېدى. گېنېرالنىڭ بۇ يوليورۇقى ھەر قايسى قىسىملاردىكى رەسسامچىلىقتا قارىتا ماھارەتنى ئاشۇرۇش، رەسىمنىڭ بەدئىيلىكى، گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇشىمىزغا ئىلھام بولدى.

## ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى قوللىشى ۋە قوشۇننى كېڭەيتىشتىكى دانا تەدبىرى

ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن سەبداشلىرى بىلەن بىللە، رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە يوليورۇقى بىلەن، ئارمىيىمىزنىڭ قوشۇننى كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەربىي-سىياسىي جەھەتتىكى جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جايلاردىكى قورچاق مىللىي قىسىملارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ سېپىمىزگە قوشۇلۇشىغا، ھەقىقەتكە قايتقانلارغا، تۈركۈملەپ قېچىپ ئۆتكەنلەرگە مىللىي ئارمىيىمىز سېپىدىن ئالاھىدە ئورۇن بېرىپ، ئېتىبار بىلەن كۈتۈپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي-سىياسىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە مۇنتىزىملىشىشىغا غەمخورلۇق قىلدى ۋە ئەستايىدىل يېتەكچىلىك قىلدى. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قەيسەر جەڭچى سوپاخۇن سوۋۇروپ، قوزغىلاڭنىڭ ئاساسىي تەشكىلاتچىسى ۋە سىياسىي رەھبىرى ئابلەت داۋۇتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مايتاغدىكى ئۆزلىرى باشقۇرغان روتىدىكى ئوفىتسېر-چېرىكلەرنى قايىل-قادىر قىلىپ، بەزى قارشىلىق قىلغان جاھىللارنى باغلىۋېلىپ، دۈشمەن لىنىيىسىنى باتۇرلارچە بۆسۈپ ئۆتۈپ، قايناق ئۇرۇش مەيدانىدا غۇلجىغا يېتىپ كەلگەندە، باشقا ئىنقىلاب رەھبەرلىرى بىلەن بىللە، قوماندان ئۇلارنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. ئۇلارنى دەرھال مىللىي ئارمىيە تەركىبىگە قوشۇپ، يېڭى جەڭچى-ئوفىتسېرلار بىلەن تولۇقلاپ، بىر مەھەل ئۇلارغا سىياسىي-ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىلگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا ئۇزاتتى. ئۇلار مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ توغرا يولىغا باشتىن-ئاخىر سادىق بولۇش بىلەن، تىللاردا داستان بولارلىق قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرىنى ياراتتى. مۇنەۋۋەر ئىنقىلابچى، تالانتلىق كوماندىر ۋە جۇشقۇن سىياسىي رەھبەر ئابلەت داۋۇت ئاقسۇ ئۇرۇشىدا قۇربان بولدى. ئۇلار

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يولداش ئابدۇكېرىم ئاببasوف ۋە قاسىمجان قەمبىرىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىلىغا قايتىپ تېكەسكە يېتىپ كەلگەندە بىر ئاتلىق پولك قىلىپ قۇرۇلۇپ، سوپاخۇنغا پولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىپ، پولك كوماندىرلىقىغا بەلگىلەندى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سىدىق ھاجى، سايىتوپ ماخمۇتجان قاتارلىق كىشىلەرنى مۇھىم خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. پودپولكوۋنىك مالىكنى پولك كوماندىرىنىڭ مۇئاۋىنلىقىغا، مايور قۇربانوپ ھەمدۇللانى سىياسىي رەھبەرلىككە، كاپىتان ئامانتۇر بايىزاكوپنى شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، پولكوۋنىك رەھبەرلىك سوستاۋىنى قاۋۇل كوماندىرلار بىلەن تولۇقلىدى. سوپاخون ۋە ئابلەتلەرنىڭ مايتاغدىن يېتەكلەپ كەلگەن ئىنقىلابىي جەڭچىلىرى ھەربىي ماھارەتتە خېلى پىشقان كىشىلەر بولغاچقا، قىسىمنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشتا تايانچلىق رول ئوينىدى. مانا مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشلار رەھبىرىمىز ئەخمەت ئەپەندىم ۋە گېنېرالنىڭ دانا تەدبىرى بىلەن بولدى.

1947 ـ 1948، ـ يىللىرى تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانلىق زۇلۇمىغا قارشى پارتلىغان ئىنقىلابىي قوزغىلاڭ جەريانىدا، مۇنتىزىم خەلق قوراللىق ئەترەتلىرى ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇ ئەترەتلەر گومىنداڭ جاللاتلىرى ۋە مەسئۇد باشچىلىقىدىكى قورچاق ھۆكۈمەتنىڭ بېسقتۇرۇشىغا قاقشاتقۇچ زەربىلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ، ئابدۇراخمان مۇھىتى، باۋدۇن يۇسۇپ، ئىمىن زاھىدى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، چۆل ـ جەزىرىلەرنى بېسىپ، دۈشمەن توساقلىرىنى قەھرىمانلارچە بۆسۈپ، قۇربان بولغانلارنى يول بويلىرىغا دەپنە قىلىپ، 300 دىن ئوشۇق جەڭچىنى باشلاپ، يۇلتۇز ئارقىلىق غۇلجىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنى ئالىي قوماندانىمىز ۋە رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى، باش قوماندانىمىز گېنېرال لېتىنانت ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئاببasوف باشلىق ئۈچ ۋىلايەت مەركىزىي ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى باركاللا ئېيتىپ قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ مۇنتىزىملاشقان، جەڭگىۋارلاشقان ئاساسىي قىسمىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئاتلىق قىلىچ ئىسكادرون قىلىپ تەشكىللەپ، ئىمىن زاھىتنى كوماندىرلىققا، ئېزىز قۇربان ۋە رەجەپ توختىلارنى مۇئاۋىن كوماندىرلىققا ھەم سىياسىي رەھبەرلىككە بەلگىلەپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ زاپاس پولكىغا قوشتى. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دېھقانلار، ئاز قىسمى زىيالىيلار ـ ئوقۇتقۇچىلار بولغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە دېھقانچىلىق ئەترىتى قىلىپ تەشكىللەپ، ئىلى دەرياسى (ئالمۇتىيار تۆپىسىدىكى) مۇنبەت دودىشاڭدا دېھقانچىلىق

www.uyghurkitap.com



مەيدانى ئېچىپ بەردى. بىلىملىك زىيالىيلارنىڭ بىر قىسمىنى ھەر قايسى يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى ۋە جەمئىيەتلەرگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسمىنىڭ (ئۈرۈمچى ئارقىلىق كەلگەنلەرمۇ بار) سودا-سېتىق ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىقتىسادى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىۋېلىشلىرى ئۈچۈن، نېغمەت خەلپىتىم باشچىلىقىدىكى«تۇرپان شىركىتى» نى قۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

تارباغاتاي،ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىن گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىچىدىن ئابلاخان، مەھەممەتجان يۇسۇپۇپ، ھوشۇرۇپ ئىسلام، كەرىموپ ئوبۇلقاسىم قاتارلىقلار ھەققىقەتكە قايتىپ، مىللىي ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ سېپىگە قوشۇلغاندا، گېنېرال لېتنانت ئىسھاقبېك يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن ئۇلارغا مىللىي ئارمىيە سېپىدىن ئورۇن بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدى. مانا بۇلار ئاخىرىدا مىللىي ئارمىيىدە پولك كوماندىرى، شتاب باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرپان-توقسۇن ئىنقىلابىنىڭ قوماندانى، مىللىي قەھرىمان، تالانتلىق رەھبەر ئابدۇراخمان مۇھىتى غۇلجىدىكى چاغلىرىدا ئەخمەتجان قاسىمى ۋە گېنېرال ئىسھاقبېكنى بەكمۇ قەدىرلەيتتى ۋە ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇ توقسۇن كومۇش داۋانلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈۋاتقان چاغدا مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ پەۋقۇلئاددە زەربىدار گورۇپپىسىنىڭ دەل ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ياردەم بەرگەنلىكلىرىنى ۋە يولۋاس ئاغزىدىن قۇتقۇزغانلىقلىرىنى دائىم ھېكايە قىلىپ بېرەتتى.

1947-يىلى قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر، قازاق خەلقلىرى دۆلەتخان(مانجۇ)، سېيىت باتۇر، ئۇنان باتۇرلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە گومىنداڭنىڭ ۋەھشىيانە زۇلۇمى، بۇلاڭچىلىقى ۋە قىرغىنچىلىقىغا قارشى ئىنقىلابىي قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ شىددەت بىلەن كېڭەيگەن پەيتتە گومىنداڭچىلار ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، ئۆزىنى باسالماي قالدى. ئەكسىيەتچىلەر قەيسەر قۇمۇل خەلقىنىڭ تارىختىكى ئىسيانكار مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئالدىراپ-تېنەپ بىزنىڭ ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىمىزگە يالۋۇرۇشقا باشلىدى. «11 ماددىلىق بىتىم» نىڭ روھىنى نەزەردە تۇتۇپ، خەلق ئامىسىنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، بۇ ھەقتە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنى قوغداش ۋە ئۇلارنى ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن سىياسىي پاناھلىققا ئېلىش زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قەتئىي تەدبىر قوللىنىشى بىلەن، ئۇلار سالامەت غۇلجىغا يېتىپ كېلىندى. باش قوماندانىمىز بۇلارنى مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ ياخشى

ئورۇنلاشتۇردى. ئۆزىمۇ ئۇلارنى بىر قانچە قېتىم قوبۇل قىلىپ، يوقلاپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. بىر قانچە قېتىم چوڭ دوكلات يىغىنلىرى ئۆيۈشتۇرۇلۇپ، ھەربىي-مەمۇرىي كادىرلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن سېپىت باتۇر ۋە ئۇنان باتۇرلار دوكلاتقا تەكلىپ قىلىندى. ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جىنايى شۇملۇقلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ سۆزلىگەندە، پۈتۈن مەيداندا غەزەپ-نەپرەت سادالىرى ياڭراپ كەتتى. ئۇلار ئىنقىلاب ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ، قوراللىق كۈرەشنى باشلىۋەتكەنلىكلىرىنى بايان قىلغاندا، يىغىن قاتناشچىلىرى قىزغىن ئالقىش سادالىرىنى ياڭراتتى. ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرىنىڭ بەدىلىگە ئوردېن-مېداللار تەقدىم قىلىندى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا ماكانلىرىغا داغدۇغا ۋە سوۋغا-سالاملار بىلەن ئۇزىتىپ قويۇلدى. بىزنىڭ مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ ئۆلكە ئازادلىقىغا قەدەر بىر غالىپ قوشۇن بولۇپ تۇرالىشى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 100 مىڭلىغان قوراللىق كۈچلىرىگە قارشى يىمىرىلمەس بىر مۇستەھكەم قورغان بولۇپ تۇرالىشى، شۈبھىسىزكى ھەر خىل-ھەر رەڭدىكى باسمىچى باندىتلار ئۈستىدىن غالىپ بىر قوشۇن بولۇپ تۇرالىشى-ئەخمەتجان قاسىمى ۋە گېنېرال ئىسھاقبېكلەرنىڭ دانا يېتەكچىلىكىدە خەلق ئاممىسىغا چوڭقۇر تايىنىپ، ھەرخىل ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ئۆيۈشتۇرۇپ، ھەر ساھە ۋە ھەر قاتلامدىكى مۆتىبەر زاتلار، نوپۇزلۇق كۈچلەرنىڭ رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ قېرىنداشلارچە دوستلۇقىنى راۋاجلاندۇرۇپ كۈرەش ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن بولدى.

## ئارمىيىمىزنىڭ مۇھىت گۈزەللىكى ۋە سالامەتلىككە كۆيۈنۈشى

گېنېرال ئىسھاقبېك كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىپ، شتاب ۋە گازارما ئەتراپلىرىنى كۆكەرتىپ، بوستانلىققا ئايلاندۇرۇشنى، گۈل-چىمەنزارلىققا تولغان مەنزىرە يارىتىشنى ياخشى كۆرەتتى ۋە شۇنداق قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. قايسى قىسىمغا بارسا، ئۇ ئالدى بىلەن شۇ جاينىڭ قاقاسلىق ياكى بوستانلىق ئىكەنلىكىنى بايقىۋېلىپ، كۆكەرتىش ئىشلىرىنى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ كېتەتتى. گازارمىلارنىڭ پاكىز، رەتلىك ئاقلانغان بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قىسىملاردا ئۈچ ئىشنى قىلىپ تۇرۇش مۇقىم تۈزۈم ۋە ئادەتكە ئايلانغانىدى.

قىسىم جەڭچىلىرى ۋە ئوفىتسېرلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا زامانىۋىلاشقان ھەربىي

www.uyghurkitap.com



دوختۇرخانا ۋە ھەرقايسى قىسىملاردا سانتارىيە بۆلۈملىرىنى تەسىس قىلدى. ئاكوشىركا، شەپقەت ھەمشىرە، فېلىشىر ۋە ۋىراچلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ئۈنىۋېرسال ھەربىي تېببىي مەكتەپ تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قايسى پولك، باتالىيون ھەتتا روتىلارغىچە ھەر خىل تېببىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ ئەۋەتىپ، قىسىملاردىكى كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. ئۇلار دوختۇرلا ئەمەس، تازىلىق خادىمى، كۈتكۈچى، ھەتتا ئاشپەز، زۆرۈر تېپىلغاندا جەڭچىلىك رول ئوينىدى. بۇ دوختۇرخانا ۋە تېببىي مەكتەپلەردە پولكوۋنىك نىغمەت ئىنئامجانوپ، مايور شەپقە، پولكوۋنىك شامىل، مايور رىشات خەيبۇللىن، پود پولكوۋنىك ئابدۇرېشىت، كاپىتان تىماچىنكو، كاپىتان ئالىكسىي قاتارلىق قابىل ۋىراچلار خىزمەت قىلدى.

شۇنىڭدەك مايور تۇرسۇن ئاتاۋۇللا باشچىلىقىدا زامانىۋى (باش شتابقا بىۋاستە قاراشلىق) ۋېتىر نادىيە (ئات دوختۇرخانا) باشقارمىسى ۋە داۋالاش باش پۇنكىتى تەسىس قىلىنىپ، ئات ۋە باشقا ترانسپورت ئۇلاغلىرىنى زامانىۋى داۋالاش تورىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.

ئۇ جامائەت ئىشلىرىغىمۇ كەڭ ئارىلىشاتتى. نوقۇل ھەربىي سالاھىيەتتە تۇرۇپ، ئۆزىنى يەككە-يېگانە تۇتمايتتى. كەڭ بىرلىكسەپ روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەت ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرىدىكى نوپۇزلۇق، ئابرويلۇق ھەر مىللەتتىن بولغان ھەر تەبىقە زاتلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت تىكلىگەنىدى. ھېيت-ئايەم، ئاغرىق-سىلاق، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ۋە بايرام-خاتىرە كۈنلىرى يوقلاشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ۋە شۇلار بار سورۇنلارغا باراتتى. ئەھۋال سوراپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلاتتى، ئۇلارنىڭ قوشقان تۆھپىلىرىنى تەبرىكلەيتتى ۋە ئوردېن-مېداللار بىلەن تارتۇقلايتتى. ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە مەجرۇھلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى يوقلاپ، ئەرزىيەت ئېيتىپ بارغانلارنى قىزغىن قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ مۇڭدىشاتتى. مەيلى ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي ئىشلار ياكى جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بىلەن بولسۇن، ھەرقانداق كىشىلەر ئالدى بىلەن ئۇنى ئىزدەپ باراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قوماندانىنىڭ ئىشخانىسىدىكى قوبۇل قىلىش ئۆيىدە ئەتىگەندىن كەچكىچە ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلارنى زېرىكمەي-تېرىكمەي قوبۇل قىلىپ، ھەر قانداق ئىشلىرىنى چىۋەرلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ قايتۇراتتى، ھەتتا ئۆزىگە ۋە ئۆزى ئىشلىگەن ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قارشى

تۇرغان كىشىلەرگىمۇ «يامانلىققا ياخشىلىق» ئەخلاقىي پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلاتتى. مەسىلەن، بىر كۈنى بىر پۇتى كېسىلگەن بىر مېيىپ گېنېرالنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولۇپ: «مەن گېنېرال بىلەن كۆرۈشىمەن» دەپ يېتىۋاپتۇ. بۇ ناتونۇش غەيرى ئادەمنى گېنېرال بىلەن كۆرۈشتۇرۇش تۈزۈمگە توغرا كەلمەيتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، ھېلىقى ناتونۇشنى قوبۇلخانىغا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ. گېنېرال بۇ ئادەمنى بىر قاراپلا تونۇۋاپتۇ. بۇ زادى قانداق ئادەم؟ ئۇ ئەيـنى ۋاقىتتا پان ئىسلامىزمچىلارنىڭ «باش قوماندانى»، باندىت ئورازنىڭ ئەسكىرى بولۇپ، لۈيجاڭنىڭ قوشۇنىغا قارشى جەڭ قىلىپ ئوق ئېتىپ يارىدار بولغان بىر مەخلۇق ئىكەن. قوماندان يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن سەمىمىي پاراڭلىشىپ، نۇرغۇن پۇل ياردەم بېرىپ ئۇزىتىپ قويىدى.

ئۇ باش شتابتا بولغان چاغلىرىدا ھۆكۈمەت ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرىنىڭ چوڭ يىغىنلىرىغا ھەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ بېرىپ قاتنىشاتتى. ئۇنىڭ ھەر ساھە ۋە ھەر مىللەت ئىچىدىن نوپۇزلۇق دوستلىرى كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىلىم سەۋىيىسى يۇقىرى، ساغلام، قابىلىيەتلىك بولغانلارنى تاللاپ تەكلىپ قىـلىپ، مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قويۇپ پايدىلاندى. مەسىلەن، مەتىمىن ئىمىنوپ، مەتىمىن خەلپەت ھاجى، ئەسئەت ئىسھاقوپ، قېيۇمبەگ غوجا، داموللا رازىيوپ، پولكوۋنىك ئابدۇرېھىم ھەسەنوف، پولكوۋنىك رەسۇلوپ غاپپارخان، ئادىلشاھ، كامالىدىن قاتارلىق نۇرغۇن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ئەنە شۇنداق ئۈستۈرۈلۈپ خىزمەتكە قويۇلغانلار ئىدى.

ئۇنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ قەدىردان رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، رەخمجان سابىر ھاجىيوپ قاتارلىقلار بىلەن بولغان جەڭگىۋار دوستلۇقى، ئىتتىپاقلىقى، زىچ ماسلىشىپ مېڭىشى ئىنتايىن مۇستەھكەم ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پرىنسىپال ئىختىلاپلار كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ بىرىنچى غوللۇق كىشىسى بولۇش بىلەن، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى، سۆزلىرى ئوخشاش بولۇش بولۇپ، بىر يەردىن چىقاتتى. ئىنقىلابنىڭ ئەڭ ئىنچىكە، چوڭ ئىشلىرىنى ئەنە شۇ ئىككەيلەن بىلىشەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىدىن ياشتا چوڭ 23 يىللىق كەسپىي ئىنقىلابچى، سەركەردىنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى. كۆپ ھاللاردا ئۇ كەمتەرلىك بىلەن گېنېرالنىڭ ئىشخانىسىغا ئۆزى كېلىپ خىزمەتلەر توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشەتتى. بەزىدە گېنېرال ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىش توغرۇلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تېلېفون بەرگەندە، ئەخمەت ئەپەندىم: «ياق، مەن باراي! سىز ئاۋارە بولماڭ...!» دەپ پىيادە مېڭىپ، دەرھال يېتىپ كېلەتتى ـ دە، ئىنقىلابنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشەتتى. بىر كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم گېنېرالغا چاقچاق قىلىپ: «سىزنى خادىۋاڭغا كۈيئوغۇل قىلىپ قويساق قانداق قارايسىز؟ ئۇ چاغدا كۈيئوغۇلنىڭ گېپىنى قېينانا ياخشى ئاڭلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىزگە دوست بولىدۇ. ئالتاينىڭ نۇرغۇن ئىشلىرى ھەل بولىدۇ، قانداق؟» دېدى. گېنېرال: «ئەپەندىم، سىزنىڭ بۇ ئويلىغانلىرىڭىز غايەت زور چوڭ ياخشىلىقلارنى كەلتۈرۈپ بېرىدىغان ئىش، شەخسىمدىن ئالغاندا قانداق بولار؟» دەپ كۈلۈۋەتتى. ئۇ ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ھەر قانداق مەسلىھەت ۋە يوليورۇقلىرىنى قىزغىن قوبۇل قىلاتتى ۋە سەممىمىي قوللايتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوفمۇ قوماندانىنى «كەسپىي ئىنقىلابچى ئاتىمىز، سالماقلىق قوماندانىمىز، رەھبەرلىك ئاپپاراتىدىكى تۈۋرۈكىمىز» دەپ تەرىپلەيتتى. قوماندانىمۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى «ئۆتكۈر سىياسەتچى» دەپ تەرىپلەيتتى. گاھىدا: «ئۆزى ۋىجىك، يۈرىكى قاپتەك جەڭچى» دەپ ماختايتتى.

جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ بىر ئەڭگۈشتىرى بولغان بىرلىكسەپ سىياسىتىنى ئىزچىل قوللىنىپ، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇن بولغان، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا، بارلىق تىنچلىقپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، ئەركىنلىك ۋە خەلقچىللىقنى سۆيگۈچى كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. گېنېرال ئىسھاقبېك رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سەممىمىي ـ سادىق سەپدىشى سۈپىتىدە سىياسىي ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئىشىدا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تۆھپىسىنى قوشتى.

ئۈلار ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدا جانپىدالىق بىلەن كۈرەش قىلدى ۋە توغرا يېتەكچىلىك فاكتىنى قوللاندى. بۇ ئىككى رەھبەر ۋە يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوفلار قىسمىنى كۆپرەك كۆزدىن كەچۈرەتتى. گاھىدا ئەخمەت ئەپەندىم ئۆزى قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن بارغانلىقىنى ئاڭلىغاندا بەكمۇ خوشال بولۇپ، ھاياجانلىنىپ كېتەتتى. 1948 ـ يىلى 6 ـ ئاي مەزگىلىدە ئوتتۇرا يۈنىلىش شتابىدا ھەربىي ـ سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە ئۆگىنىشنى ئېلىپ بېرىۋاتقىنىمىزدا، ئۈچىمىزغا سىرىق گىمناستىيوركا كىيىپ، بېلىنى ئاددىي رېمون بىلەن باغلىۋالغان

بۇ سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز ئەخمەت ئەپەندىم يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان زىياپەتكىمۇ قارىماستىن ئازراق ئوزۇقلىنىپ، كۇرسانتلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، يەنسخەيگە يۈرۈپ كەتتى.
ئۇ يەنسخەيگە بېرىپ شىخو ئاتقۇچى پولكىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپتۇ، ھەتتا كۆزدىن كۆچۈرمىگەن زىملىيانكا(يەر ئاستى گازارمىسى)، ئات قورۇلار قالماپتۇ. زىملىيانكىدا قونداقىقا تىزىلغان مىلتىقلارنى تەكشۈرۈپ، بىر مىلتىقنىڭ ئىتىلماس بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ يەردىن چىقىپ ئاتخانىغا كىرسە، ساغلام بىر ھەربىي ئاتنىڭ دۈمبىسى يېغىر بولۇپ، ئۇنى بىر سېغىزخان ھەدەپ چوقىلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. «ھە، ھۆرمەتلىك كوماندىرلار! ئەگەر دۈشمەن تۇيۇقسىز بېسىپ كەلسە، ھېلىقى ئىتىلماس مىلتىقنى ئېلىپ، مۇشۇ يېغىر ئات بىلەن قوماندانلىق شتابىقا جەڭچى قانداق خەۋەر يەتكۈزەلەيدۇ. ئاڭغىچە دۈشمەن بېسىپ كىرسە، سىلەرنى پاك-پاكىز سۈپۈرۈۋەتمەمدۇ؟ راستمۇ!؟» دېگەندە، بىللە بارغان كوماندىرلار بەكمۇ ھودۇقۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن سوستاپلار سەگەكلىشىپ، فرونت بويىچە قوراللارنى تازىلاش-رېمونت قىلىش، كېسەل ۋە يېغىر ئاتلارنى داۋالاپ ساقايتىپ، جەڭگىۋار ھوشيارلىقنى ساقلاش دولقۇنى باشلىنىپ كەتكەن. باش قوماندانىمىز بۇ تەسىرلىك ئىشلارنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇش بولغانىدى.

## ئۇ، ئارمىيىدە ھەربىي دېموكراتىيىنى ئالغا سۈرگۈچى

ئۇ ئارمىيىدە ھەربىي دېموكراتىيىنى يۈرگۈزۈشنى ھەر دائىم تەشەببۇس قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى كۆزىتىپ باراتتى. يەنى كوماندىر-جەڭچىلەر ئارىسىدا كېڭەش يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈش، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاش، يەككە سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزۈشتەك دېموكراتىك ئىستىلنى جارى قىلدۇردى.

1947-يىلى 5-ئاي مەزگىلى ئىدى. مىللىي ئارمىيە سىياسىي باشقارمىسىنىڭ تېلېفونى جىرىڭلىدى. تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن گېنېرالنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ھازىر يېتىپ بارىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. باش قوماندانىنىڭ نوۋېيگورتتىكى ئىشخانىسىغا بېرىپ راپورت بەردىم. گېنېرال ئۆزىنىڭ ئاددىي بۆلۈمىدە باش مەسلىھەتچى ئالېكساندىر ئىۋانوۋىچ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئىبراھىموپ، يەنە 500 نەپەر يېڭى جەڭچى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. ئۇلار ئاساسەن رۇس، تاتار ياشلىرىدىن بولسا بولىدۇ، سەن بۇنىڭغا مەسئۇل. قوبۇل قىلىشتا تۇتقۇن قىلىپ مەجبۇرىي ئېلىشقا بولمايدۇ. دېموكراتىك

www.uyghurkitap.com



ئاساستا كېڭەيتىش، تەكلىپ قىلىش ئۇسۇلى بويىچە بولۇشى كېرەك» دەپ چىقىپ كەتتى. باش مەسلىھەتچى قوبۇل قىلىشىنىڭ كونكرېت پىلانىنى ئورۇنلاشتۇردى. بىز قايتىپ بېرىپ مەركىزىي ھۆكۈمەت (ھازىرقى ئىلى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ) بىناسىدا بەش كىشىلىك «ئەسكەر قوبۇل قىلىش تەكلىپ ئىشخانىسى» نى قۇرۇپ ئىشقا كىرىشتۇق. تەكلىپ قىلىنغۇچىلارغا تەكلىپ قەغىزى ئەۋەتتۇق. ئۇلارنى چاقىرىپ كېلىدىغان بىرەرمۇ ئەسكەر چىقارمىدۇق. تەكرار سۈرۈشتە قىلىدىغان ئىشلار كۆرۈلمىدى. بىز مۆلچەرلىگەن ۋاقىتتىن خېلى بۇرۇنلا تەكلىپ قەغەز ۋە يۆتك-تاقىنى كۆتۈرۈشۈپ يېڭى جەڭچىلەر ئارقىمۇ-ئارقا كېلىشكە باشلىدى. بىر ئاي ئىچىدە پىلان ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ، قىسىملار يېڭى جەڭچىلەر بىلەن تولۇقلاندى. بۇ ئارمىيىمىز بويىچە ئەسكەر قوبۇل قىلىشتا قوللانغان يېڭى تەدبىرلەرنىڭ بىرى ئىدى. گېنېرالنىڭ بۇ تەدبىرى ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىپ، قىسىم ۋە جامائەتچىلىك ئىچىدە ياخشى تەسىرات قالدۇردى. بىز خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ گېنېرالنىڭ ئىشخانىسىغا بارساق، ئۇ ئالدىنقى سەپتىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن چېغى ئىكەن، خىزمەتتىن دوكلات بەرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم جىلۋىلەندى ۋە:«ياخشى، نەتىجەڭلاردىن مەمنۇنمەن، ئالتاي ۋە تارباغاتايلاردىمۇ ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئۈنۈملۈك بوپتۇ. خەلقچىللىق خەلققە مەنسۇپ، شۇنىڭدەك خەلقنىڭ قوراللىق پەرزەنتى بولغان ئارمىيىگىمۇ مەنسۇپ، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەردە ھەربىي دېموكراتىك ئۇسۇلنى جارى قىلدۇرۇڭلار» دېدى. بىز گېنېرالنىڭ بۇنداق يۈكسەك دېموكراتىزمچىل خىسلىتىدىن تەسىرلەندۇق. باش قوماندانىمىزنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بىزنىڭ ئارمىيە باشقۇرۇش ئىشلىرىمىزغا سىڭدۈرگەن بۇ ياخشى ئىستىلى بىزگە بىر يېڭىلىق بولۇپ، سىياسىي-ئىدىيىۋى جەھەتتىن بۇرۇلۇش قىلىشقا ئاساس سېلىپ بەردى.

## ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە قېرىنداشلارچە دوستلۇقنىڭ ئۈلگىسى

مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاساسەن بىر مىللەتتىن قۇرۇلغان يەككە-يەككە قىسىملار بولغاندىن تاشقىرى، ھەتتا ئەدلىنىيە، ئىزۋوت، روتا، باتالىيونغا قەدەر كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان قىسىملار ئىدى. مەسىلەن، مەنسۇر لومىيوپ پولكى ئاساسەن تۇڭگان كوماندىر-جەڭچىلەردىن، نۇسۇپقان پولكى قازاق كوماندىر جەڭچىلەردىن، ئېردېنىڭ ئاتلىق دىۋىزىيونى ئاساسەن موڭغۇل

كوماندىر ـ جەڭچىلەردىن، شىبە ئاتلىق ئىسكادرونى شىبە كوماندىر ـ جەڭچىلىرىدىن تېكەس ئاتلىق پولكى، زاپاس پولك، شىخو ئاتقۇچ پولكلىرى ئاساسەن ئۇيغۇرلاردىن، ئارتىدىۋىزىيون بولسا، ئاساسەن رۇسلاردىن ۋە باشقا شۇنداق تەركىبلەر بويىچە قۇرۇلغانىدى. بىر مىللەتتىن تەركىب تاپقان قىسىملاردىمۇ ھەر مىللەتتىن بولغان كوماندىر ـ جەڭچىلەر بار ئىدى. بىر ئۇيغۇر قىسىمىنىڭ كوماندىرى قازاق بولغان بولسا، يەنە بىر قىسىمنىڭ كوماندىرلىرى رۇس، تاتار، ئۆزبېك، قىرغىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەر بولغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئازاد قىلىنغان چاغدا، ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان جەڭگىۋار قىسىملىرىمىز 50 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. دېمەك، بىزنىڭ بۇ قوراللىق قوشۇنىمىز ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، رۇس، خۇيزۇ، شىبە، داغۇر، تاجىك، مانجۇ، مۇڭغۇل…قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان بىر ئارمىيە ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭدا كەم ئۇچرايدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئافغان، تۈركمەن، سالار، يەھۇدىي، نېمىس، ئەرمەن، ئەزەربەيجان قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ بار ئىدى. بولۇپمۇ خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان جەڭچىلەر خېلى بار ئىدى. بىر مەھەل «مەن تۇڭگان» دەپ سەممىمىي سادىق نىيىتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى ۋە خەنزۇ ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن، بىز بىلەن مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلغانلار، ھەقىقەتكە قايتقان جەڭچىلەرمۇ بولغانىدى. مانا بۇ خەنزۇ جەڭچىلەر ئىچىدىن خوجىلىق ـ مالىيە ئىشلىرىغا، تەرجىمانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ خىزمەتكە قاتناشقانلارنى ھەر قايسى قىسىملاردىن تاپقىلى بولاتتى. دېمەك، مىللىي ئارمىيە ئەنە شۇنداق كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان، ئۇيۇلتاشتەك قېرىنداشلارچە بىرىككەن بىر جەڭگىۋار قوشۇنىدى.

باش قوماندانىمىز گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ چىۋەر رەھبەرلىكىدە ئۇيۇشقان بۇ ئارمىيە، ھەر قانداق دۈشمەنلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان مۇشەققەتلىك جەڭلەردە،10 مىڭلىغان قوراللىق دۈشمەننى يوقۇتۇپ، 3600 دىن ئوشۇق ئەزىمەتنى قۇربان بېرىپ، غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ باردىكى، چېكىنمىدى ۋە مەغلۇب بولمىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شۇ چاغدا «مىللىي ئارمىيە كۆپ زۇڭزۇلاردىن (بىزنى بىر مىللەت دەپ ئېتىراپ قىلماستىن، ئۇرۇقداشلار دەپ ئاتايتتى) قۇراشتۇرۇلغان ئارمىيە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مىللىي زىددىيەت كۈچلۈك، بۇنداق قوشۇننى ئوڭۇشلۇق پارچىلاپ يوقىتىۋەتكىلى بولىدۇ، ئۇزاققىچە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر خىل ۋاسىتىلىرىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ئىچكى جەھەتتىن ئاغدۇرۇۋېتىشىمىز كېرەك»

www.uyghurkitap.com



دەپ پال سېلىنشۇالغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رايونىمىزغا ھەر تەرەپتىن ھەدەپ ئۆز جاسۇسلىرىنى كىرگۈزۈشكە باشلىدى. ھەتتا بىر قىسىم جاسۇسلارنى «تۇغقان يوقلاش» باھانىسى بىلەن ئارمىيىمىزنىڭ ھەرقايسى مەمۇرىي ئورۇنلىرىغا ئىچىگە سىڭدۈرۈپ كىرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىۋالدى. بۇ ئەھۋال ئالتاي، ساۋەن قاتارلىق جايلاردا ئېغىر بولدى. بىزگە تاشلىمىغان ئىككى قولى چولاق قەلەندەر جاسۇسلارمۇ قالمىدى. 1947-يىلى ئوسمان، قالىبېكلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۇلارنى تولۇق قوراللاندۇرۇپ، بۇلاڭچىلىق-باسمىچىلىق ئورۇشىنى قوزغىدى.

مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى، رولى ئۇلارنىڭ كۈتكەن ئادەملىرىنىڭ قولىدا ئەمەس ئىدى. ئۇلار ھەممىمىزنى قارانىيەت، ساتقىن ئوسمان، قالىبېكلەرنىڭ ئوبرازى بىلەن مۆلچەرلىگەنىدى.

مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى- رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، گېنېرال دەلىلقان قاتارلىق ماركسىزم-لېنىنىزمچى رەھبەرلەرنىڭ ئۇيۇلتاشتەك زىچ كوللېكتىپ رەھبەرلىكىگە ئىگە ئىدى. شۇنىڭدەك لۇجى، چېن شىخۇا باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ زىچ ماسلاشقان ھەمكارلىقىغا ئىگە ئىدى. ئارمىيە ۋە ھەر مىللەت كادىرلىرى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي-ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ تەربىيىسى بولغانلىقتىن، ئىنقىلابىمىزنىڭ تۈپ ماھىيىتى ۋە نىشانى ھەمدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى چۈشەنگەن ھالدا مۇستەھكەم ئىرادە بىرلىكىنى ۋۇجۇدقا چىقارغانىدى.شۇڭا گومىنداڭ كاتتىباشلىرى ئوسمان ۋە قالىبېكلەرنىڭ بىر قانچە مىڭ قۇيرۇچۇقلىرىنى تولۇق قوراللاندۇرۇپ، ئارقىمۇ-ئارقا ئالتاي ۋە شىخو-ماناس لىنىيىلىرىمىزگە ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، بىر قانچە ئايغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆزۈل-كېسىل تارمار بولدى.

باش قوماندانىمىز ھەر دائىم ئارمىيىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىقى ۋە ئۇلارنىڭ قېرىنداشلارچە جەڭگىۋار دوستلۇقىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە ئۇنى مۇھىم خىزمەتلەر قاتارىدا تۇتاتتى. كادىر تاللاشتىمۇ ئارمىيىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىكلىكىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا، قىسىملارنىڭ قوماندانلىق سوستاۋىنى ئىنچىكىلىك، ئېھتىياتچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن رەتكە سېلىپ تۇراتتى. شۇنىڭدەك مىللەتلەر دوستلۇقى ۋە بۇ دوستلۇقنىڭ راۋاجىنى ھەر دائىم كۆزىتىپ باراتتى. قەيەردە، كىم تەرىپىدىن مىللىي ئىتتىپاقلىققا خىلاپ ئىشلار كۆرۈلىدىكەن، ئالدى

بىلەن دەرھال بىر تەرەپ قىلاتتى. مەسىلەن، سۇيدۇڭ ناھىيىسىگە قاراشلىق كۆرە رايونىدا گومىنداڭ جاسۇسلىرى تەرىپىدىن يەرلىك ئوغرىلارنىڭ قولى بىلەن بىر خەنزۇ ئائىلىسىدىكى بىر قانچە كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، بىر قىزنى ئېغىر زەخىملەندۈرۈپ نەرسە-كېرەكلىرىنى بۇلىۋېلىپ، مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ بىر تاياق پاگونىنى تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ بىزنىڭ كۈچلۈك رازۋېدچىكلىرىمىز ئارقىلىق ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، دەل ۋاقتىدا پاش قىلىپ چىقتى-دە، ئوغرىلارغا ئۆلۈم جازاسى بەرگۈزۈپ، جاسۇسنى قولغا ئالدى.

مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ ۋە باش قوماندانىمىزنىڭ خىسلىتى يۇقىرىقىدەك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئارمىيە ئىچىدە ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ھېچقانداق مىللىي سۈركىلىش، مىللىي نىزاھ، مىللىي توقۇنۇش، كەمسىتىش دېگەن ۋەقەلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ ئارمىيىمىز بىلەن پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن ئارمىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ كەلدى.

«ئىتتىپاق» قۇرۇلۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە چىقارغان مۇراجىئەتنامىدە:«بۇندىن ئېتىبارەن، مىللەتچىلىككە ئۆلۈم ھۆكۈمى ئېلان قىلىنسۇن» دېگەن بۇ يالقۇنلۇق ئىدىيىنى ئۇ ئارمىيىمىزنىڭ قەلبىگە بىر ئىدىيىۋى لۇشيەن سۈپىتىدە سىڭدۈرۈپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەممىدىن مۇھىم» دېگىنىنى ئىزچىللاشتۇردى. ئۇ كۆرەش قەھرىمانلىرى ۋە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسىتىپ تۆھپە قوشقانلارنى ئوردېن ۋە مېداللار بىلەن تارتۇقلىغان چاغلاردا، ھەر مىللەتتىن بولۇشىنى تەكىتلەپ تۇراتتى، گېنېرالنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قوماندانلىق شتابىنى ئىمىنوپ، شۇمۇتۇڭ، ئىبراھىموپلاردىن تەركىب تاپقان ئاتتېستاتسىيونىي كومىسسىيە(باھالاپ مۇكاپاتلاش ھەيئىتى) تەشكىل قىلىنىپ، كوماندىر-جەڭچىلەرنى مۇكاپاتلاش، تەقدىرلەش خىزمىتى سىستېمىلىق يولغا قويۇلدى. دېمەك، ئارمىيىمىزدىكى ھەرمىللەت جەڭگىۋارلىرىنىڭ قېرىنداشلارچە ئۇيۇل دوستلۇقىنى سۆيۈملۈك سەركەردىمىزنىڭ يۈكسەك پەزىلىتى ۋە ئەمەلىي ھەركىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

شانلىق، غەلىبىلىك جەڭگىۋار يىللار ئۆتۈپ، 1949-يىلى يېتىپ كەلدى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە پۈتۈن جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قازىنىپ، گومىنداڭ قاراقچىلىرىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن بەرباد قىلىپ، ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش تەييارلىقى باشلىنىپ كەتتى. جۇڭخۇا خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



جۇمھۇرىيىتىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغان تۈنجى قېتىملىق سىياسىي كېڭەش يىغىنى ئېچىلىش ئالدىدا، ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى بۇ يىغىنغا قاتنىشىشقا ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىنغانلىق ھەققىدىكى تېلېگىراممىا كەلدى. بىزنىڭ ۋە كىللىرىمىزنى بېيجىڭغا ئالاھىدە ئۇزىتىدىغان خىزمەت گۇرۇپپىسى يەنى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشى ئەۋەتكەن ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنىڭ غۇلجىغا يېتىپ كېلىدىغان كۈنى قارارلىشىپ قالدى. 1949-يىلى 8-ئاينىڭ مەلۇم كۈنى، ئەخمەت ئەپەندىم، گېنېرال ئىسھاقبېك ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوفلار بىر كېچە قونۇپ كېلىش ئۈچۈن يايلاۋغا چىقىپ كەتتى. گېنېرال يايلاققا مېڭىش ئالدىدا ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىشقا مايور ئابلەت توختىيوپنى مەسئۇل قىلدى. ئۇ ئابلەتكە: «ئۇلارنىڭ غۇلجىغا كېلىش ۋاقتى ئايدىڭلاشقاندا ماڭا تېز خەۋەر بېرىڭ، مەركەز بىزنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە بولغان پوزىتسىيىمىزنىڭ قانداقلىقىغا قارايدۇ. بىز ئۇلارنى ئىنتايىن سەممىي، ياخشى پوزىتسىيە بىلەن كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم. ئۇلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى، قوغداش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇشى لازىم. ھەر قانداق كىشىنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمىسۇن، تۇرمۇشى، خىزمەت شارائىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن» دېدى. ئۇلار يايلاۋغا چىقىپ كەتكەن كۈنى كەچقۇرۇنلىقى سائەت 10دا غۇلجا كونسۇلى ئارىستوپ ناھايىتى ئالدىراش گېنېرالنىڭ ئىشخانىسىغا يېتىپ كېلىپ، ۋەكىللەرنىڭ ئەتە تاڭ سەھەردە قورغاس چېگرىسى ئارقىلىق كېلىدىغانلىقىنى دەرھال ئەخمەت ئەپەندىم، گېنېرال ئىسھاقبېكلەرگە خەۋەر بېرىشنىڭ لازىملىقىنى ئۇقتۇردى. تېلېفون ئۆيىنىڭ ئاچقۇچى گېنېرالنىڭ يېنىدا كېتىپ قالغاچقا، ئۇلار دېرىزىنى بۇزۇپ كىرىپ، تاڭ ئاتارغىچە تېلېفون ئۇرغان بولسىمۇ، زادىلا ئالالمىدى. تاڭ سەھەر سائەت ئۈچلەردە بىر كىچىك پىكاپ ئۈچەرۋازا كوچىسىدىن ئەگىپ، ئۆدۈل قوماندانىنىڭ ھويلىسىغا قاراپ يول ئالدى. ئىشىك ئالدىدا ئابلەت توختىيوپ ۋە ئارىستوپلار ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى. پىكاپمۇ يېتىپ كەلدى. پىكاپ ئىچىدىن ماكسىم گوركىنىڭ بۆكىنى كىيگەن، ئورتا بويلۇق دوغىلاق بىر كىشى ۋە خىزمەتداشلىرىدىن ئىككى كىشى كۈلۈمسىرەپ چىقتى. كۈتۈپ تۇرغۇچىلار قىزغىنلىق بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى-دە، ئالاھىدە تەييارلىغان مەخسۇس ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. دېۋژوك، رادىئو قوبۇللىغۇچ، تېلېگراف سايمانلىرى قاچىلانغان بىر پالتوركا ماشىنىمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ ئالاقە سايمانلىرى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىمۇ ئايرىم ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار چۈشكەن ئۆينىڭ

ئەتراپى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىندى. ئەتىگەن سائەت 10 دا گېنېرالمۇ يېتىپ كەلدى. قوماندان ناھايىتى جىددىيلىك بىلەن يولداش ئابلەتكە: «مېھمانلار يېتىپ كەلدىمۇ-قانداق؟» دېدى. ئابلەت: «مېھمانلار يېتىپ كەلدى، ئۇلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇردۇق، ئۇلار دەم ئېلىۋاتىدۇ»دېدى. گېنېرال دەرھال ئەخمەت ئەپەندىم، ئاببasوفلارغا تېلېفون بەردى، ئۇلارمۇ يېتىپ كەلدى-دە، يولداش دېڭ لىچۈننىڭ يېنىغا كىرىپ، ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن قول ئېلىشىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار بىر قانچە كۈن قىزغىن سۆھبەت ۋە مۇزاكىرىلەشتى ۋە تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ يىغىنىغا ۋە 10-ئاينىڭ1-كۈنى بولىدىغان ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىدىغان ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللەر ئۆمىكىمۇ بەلگىلىنىپ بولدى. ئۇلار: رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى، باش قوماندانىمىز گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك، پولكوۋنىك ئابدۇكېرىم ئابباسوف، مۇئاۋىن باش قوماندان گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايېۋ ۋە لۇجىلاردىن ئىبارەت بولدى. بۇلار يولغا چىقىش ئالدىدا باش قوماندانىنىڭ باياندىدىكى داچىسىدا كەچقۇرۇن ئۇزىتىش زىياپىتى ۋە ئاخىرقى خاسىيەتلىك سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ زىياپەتكە دېڭ لىچۈن ۋە ئۇنىڭ ئىشداشلىرى، بىز تەرەپ

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز، كونسۇل ئارىستوپىلار قاتناشتى. ئەتىسى باش قوماندان ئابلەتكە: «ئەسلىدە مەن سىزنى ھەمراھ قىلىپ ئالغاچ كەتمەكچى ئىدىم، يولداش دېڭ لىچۈن باشچىلىقىدىكى مېھمانلار بۇ يەردە قالغانلىقى ئۈچۈن، بارلىق ئىشلارغا سىز مەسئۇل بولۇڭ، بۇلارنى ھەر جەھەتتىن ياخشى كۈتۈپ، خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بېرىپ، ئوبدان مۇھاپىزەت قىلغايسىز، بىز كەتكەندىن كېيىن بۇلار بىلەن سەيپىدىن ئەزىزىلا كۆرۈشىدۇ، باشقا ھەرقانداق ئادەمنى كۆرۈشتۇرمەيسىز» دەپ ئورۇنلاشتۇردى، شۇنداق قىلىپ ئەتىسى 8-ئاينىڭ ... كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا بېرىشقا ئۇزاپ كەتتى. يولداش دېڭ لىچۈن ۋە ئۇنىڭ ئىشداشلىرى قالدى.

يولداش دېڭ لىچۈن خوشال ھەم مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ياتاقخانىسىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. يولداش ئابلەت خەنزۇ تىلىنى ئانچە بىلمىگەچكە، رۇس تىلى بىلەن سۆزلىشىپ تۇردى،بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، دېڭ لىچۈننىڭ ئايالى موسكۋادىن يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنى مەخسۇس ھوجرىغىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.

سەيپىدىن ئەزىزى، ئالىمجان بېيجىڭغا ماڭغان ۋەكىللىرىمىزنىڭ ئارقىسىدىن تويۇقسىز ماڭدى.پايتەختىمىز بېيجىڭدا بولۇۋاتقان ئۇلۇغۋار ئۆزگىرىش ۋە مۇبارەك

www.uyghurkitap.com



يىغىلىشقا ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى بۇ يەردىكى ۋەكىللەر رادىئو ئارقىلىق مىنۇت ـ سائىتى بىلەن ئاڭلاپ، ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنلىرىنى يولداش دېڭ لىچۈن ئابلەت توختىيوپقا دەپ بېرىپ تۇراتتى، بىر كۈنى دېڭ لىچۈن بېيجىڭدىن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىغاندا، ئۇ دەرھال ئابلەتنى رادىئو قوبۇللىغۇچنىڭ تۈۋىگە چاقىرىپ،«شى ـ بۇشى ئەخمەتجان؟» دېدى، ئابلەت ئاۋازنى ئاڭلىغۇدى، ئاۋاز ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ بولماي، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بايقىغۇدى. ئابلەتنىڭ يۈرىكىدە بىر چۆچۈش ئەندىشىسى يۈز بەردى ـ دە «بۇشى» دەپ چىقىپ كەتتى. سەيپىدىن ئەزىزى مېكروفون ئالدىدا، مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا مايور ئەسئەت ئىسھاقوپنى بەلگىلەپ كەتكەندى. ئەسئەت ئىسھاقوپ بەكمۇ ئالدىراش، جىددىي ئىدى. ۋەكىللىرىمىزنىڭ قايتىش ۋاقتى يېقىنلاشقان كۈنلەردە، ئۇ بىزگە: «ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ نامى ـ گېپى چىقماي، سەيپىدىنلارنىڭلا نام ـ گېپى چىقىۋاتقانلىقىغا قانداق قاراۋاتىسىلەر؟» دەپ سوراپ قوياتتى.

10 ـ ئاينىڭ... كۈنى سەيپىدىن ئەزىزىلەر قايتىپ كەلدى. بىز ئۇلارنى ھاياجان بىلەن قىزغىن قارشى ئالدۇق. ئەمما دەسلەپتە ۋەكىللەر ئۆمىكى بولۇپ بارغان رەھبەرلىرىمىزدىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. سەيپىدىن قىزغىن ئالقىشلار بىلەن ئايروپىلان شوتىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ سۆزلىگەندە، خۇددى مېھرىبان ئاتىسىدىن ئايرىلغان ھازىدار كىشىدەك، بەكمۇ مەيۇس ھالدا پەس ئاۋاز بىلەن نۇتۇق سۆزلىدى. قارشى ئېلىش يىغىنى ئاخىرلىشىپ، ئۇلار شەھەر ئىچىگە قاراپ يول ئالدى. قارشى ئالغۇچىلار خۇددى چۈشىن يەۋالغاندەك كۆڭلى پەرىشانلىقتا، چوڭقۇر ھەسرەتكە چۆكۈشكەن ھالدا تارقاپ كەتتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن. ئىو قا ق كۇلۇبىغا ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت، جامائەت تەشكىلاتلىرىنىڭ كادىرلىرى لىق تولغانىدى. سەھنە ئاجايىپ جىمجىتلىقتا چۆمگەن بولۇپ، دېڭ لىچۈن ۋە سەيپىدىن ئەزىزىلەر بېشىنى تۆۋەنگە ساڭگىلاتقان پېتى بەكمۇ مەيۇس ھالدا، پەس ئاۋازدا سۆرۈن سۆز قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، گېنېرال دەلىلقان، لوجى ۋە ئۇلارنىڭ سەپداشلىرىنىڭ بەختكە قارشى ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا بولغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا، پۈتۈن زال ھەسرەت ـ نادامەت، يىغا ئاۋازلىرى بىلەن زىلزىلىگە كەلدى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى، قەدىردان گېنېرال

لېيتېنانت ئىسھاقبېك مونونوفنىڭ ئالىيجاناپ، خىسلەتلىك پەزىلەتلىرى، خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق ئىشى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى ئىنتايىن مول. ئۇ ئۆزىنىڭ 20 نەچچە يىللىق كۈرەش ھاياتىدا ئۆچمەس خىزمەتلەرنى كۆرسىتىپ،ئېزىلگەن ھەرمىللەت خەلقىمىزنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.نۇرغۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن بىردىن ـ بىر لەشكەر باشلىقى بولۇپ يېتىشتى. بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ كۈرەش تارىخىدىكى ھەر بىر قەدىمىمىز ۋە ھەرىكىتىمىز، شۇنىڭدەك قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرىمىز ئۇنىڭ شانلىق ئوبرازى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئۇ جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىلىرىنى پايتەختىمىز بېيجىڭدا داھىلىرىمىز ماۋزېدۇڭ، لىيۇشاۋچى، جۇئېنلەي، جۇدېلار بىلەن بىرلىكتە تەنتەنە قىلىش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنە قىلىش ھەمدە تيەنئەنمىن بىناسى ئالدىدا بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى بىرلىكتە چىقىرىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان سەپىرىدە، بەختكە قارشى قۇربان بولدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار ئۇنىڭ ئالىيجاناپ خىسلىتى ۋە ئىش ئىزلىرىنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

ئۇنىڭ قەبرىسى، مەرھۇم رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاباسوف، لۇجىلار بىلەن بىر قاتاردا غۇلجا خەلق باغچىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ پارلاق ئوبرازى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خاتىرە مۇزېيىدا نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ. سۆيۈملۈك سەركەردە، سەن بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات. شانلىق ئىش ئىزلىرىڭ، پەندى ـ نەسىھەتلىرىڭ بىزگە بولىدۇ ئەبەدىل ـ ئەبەد يورۇتقۇچى ماياك.

www.uyghurkitap.com



# خەلقنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى — دەلىلقان سۇگۇرباييۋ

قۇستاي جاقىيا ئوغلى

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ياۋۇزلۇقى ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇنىڭ تۆمۈر تىرنىقى خەلققە قاتتىق پاتتى. شۇڭا 1940-يىلى 2-ئاينىڭ 2-كۈنى ئالتايدىكى ئېسىمقان، ئىرىسقان باشچىلىقىدىكى ئادەملەر گومىنداڭنىڭ كۆكتوقايدىكى ھاكىمىنى ۋە ناھىيىلىك ساقچى باشلىقى شۇي لىڭنى ئۆلتۈرۈپ، قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلارنىڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭ چاقماق تېزلىكىدە كەڭ ۋادىغا يېيىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالتايدا سۇلايمان باشلىغان قوزغىلاڭ 1940-يىلدىن 1944-يىلغا قەدەر (ئېسىمقان، ئىرىسقانلار بۇ مەزگىلدە ۋاپات بولغان) داۋام قىلدى. بىراق بۇ قوزغىلاڭلار ئىستىخىيىلىك ھالدا يۈز بەردى. ئېنىق سىياسىي نىشان تۇرغۇزمىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ مۇستەھكەم ھەربىي كۈچى بولمىدى ۋە ئۇلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى جەھەتتە قاتتىق ئىنتىزام ئورناتمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىزلىكى بىلەن گومىنداڭنىڭ سىياسىي ئالدامچىلىقىمۇ كۈچلۈك بولدى. شۇڭا بۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەممە پائالىيىتى ئوڭۇشلۇق ھەم مۇستەھكەم بولمىدى. دەلىلقان 1942-يىلى 9-ئايدا گومىنداڭ تەرىپىدىن تۈرمىگە ئېلىنىپ، ئۇنىڭدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا باردى. ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن موڭغۇلىيە ئارقىلىق چىڭگىلدىكى قوزغىلاڭچىلارغا كېلىپ قوشۇلدى.



دەلىلقان سۇگۇرباييۋ

1944-يىلى 7- ئايدا چىڭگىلدىكى ئاقئۆي دىگەن يەردە «ئالتاينى ئويغىتىش كومىتېتى» قۇرۇلۇپ، دەلىلقان كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ سايلاندى. ئەسقەت مەنكەي، سۇلايمان، كامال قاتارلىق 12 كىشى ئەزا بولۇپ تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن خەلقنىڭ گومىنداڭغا قارشى قوزغىلىڭى ئېنىق سىياسىي نىشانغا ئىگە بولدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ قوزغىلاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن قوللاشقا ئىگە بولۇپ، ياردەم ئالدى. تامام قوراللانغان پارتىزانلار سېپىدە ئاساسەن ياش، ئوتتۇرا ياشتىكىلەر بولدى. ئۇلار تاللىنىپ بەش ئەترەت بولۇپ قايتىدىن قۇرۇلدى. مەخسۇس ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئېلىپ مەشق قىلدى. ئەترەتلەر بەشئاتار، ئېغىر - يېنىك پىلىمۇتلار بىلەن قوراللاندى. شتابتا ئاپتوموبىلمۇ بار بولدى.

دەلىلقان باشچىلىقىدىكى ئالتايدىكى خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغىلىڭى تۆت باسقۇچ بويىچە پىلانلىق ئېلىپ بېرىلدى. بىرىنچى باسقۇچتا 1944-يىلى 6-ئايدىن 1945-يىلىغا قەدەر بولۇپ، بۇ چاغدا ئۇلار ئۆكتەبىردە گومىنداڭنىڭ سارتوقاي ۋە دەيسىنىدىكى بىر دىۋىزىيە ئەسكىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. پەقەت ئاز ساندىكى بىر قىسمى چونجىغا قېچىپ كەتتى. بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرى ئازاد قىلىندى. ئىككىنچى باسقۇچتا، خەلق دۈشمەن ئىسكەنجىسىدىن ئاجرىتىلدى. 1944- يىلى 6-7- ئايلاردا ئۈچ يۆنىلىشكە: قابى باشلىغان ئەترەت ئالتاي، بۇرۇلتۇقاي، بۇرچىن، قابا ناھىيىلىرىنىڭ يايلاقلاردىكى ئەلنى دۈشمەندىن ئاجرىتىپ ئېلىشقا؛ كامال، تېسكىنباي باشلىغان ئەترەت سارسۇمبە شەھىرى، بۇرچىن، بۇرۇلتوقايدىكى ئەلنى دۈشمەندىن قۇتۇلدۇرۇشقا؛ جىلقايدار، دۈگىر باشلىغان ئەترەت جىمىنەي، قۇبۇقتىكى خەلقنى دۈشمەندىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. دۈشمەن بىلەن شىددەتلىك جەڭلەر بولدى. ئۈچىنچى باسقۇچتا، دۈشمەننىڭ تارقاق كۈچلىرىنى يوقىتىش مەقسەت قىلىندى. جىمىنەي ناھىيە بازىرى قاتارلىق ئورۇنلار ئازاد قىلىنىپ، قابا ناھىيىسى بىلەن بۇرچىن ساقچى ئىدارىسىگە بېسىم ئىشلىتىلدى. تۆتىنچى باسقۇچتا، سارسۇمبە شەھىرىگە ئىلگىرى-ئاخىر ئۈچ قېتىم يۈرۈش قىلىندى.

1-قېتىم، 1945-يىلى 5-ئايدا سارسۇمبە شەھىرى شەرق ۋە جەنۇبىدىكى ئەبتان تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىندى. ماناتىنىڭ خائىنلىق قىلىپ شەھەردىكى گومىنداڭچىلارغا تىز پۈككەنلىكى تۈپەيلىدىن شەھەر ئېلىنمىدى. ئىككىنچى قېتىملىق

www.uyghurkitap.com



مۇھاسىرە 1945-يىلى 6-ئاي ئىچىدە بولدى. سارسۇمبىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى چېمىرچېك ۋە سايرا دېگەن يېرىدە دۈشمەننىڭ بۇرچىنىدىن يارىدەمگە كېلىدىغان كۆچىنىڭ يولى توسىلىپ، 77 هارۋا ئوزۇق-تۈلۈك، كۆپلىگەن قورال-ياراغ غەنىمەت ئېلىندى. ئاخىرى نۇرغوجاينىڭ خائىنلىق قىلىشى بىلەن شەھەر يەنە ئېلىنمىدى. ئۈچىنچى قېتىمقىسى، 1945-يىلى 5-سېنتەبىر كۈنى بولدى. تەييارلىق بىلەن كەلگەن دەلىلقان باشچىلىقىدىكى مىللىي ئارمىيە سارسۇمبىنى شەرق، جەنۇب، غەرب تەرەپلەردىن مۇھاسىرىگە ئالدى (شۇ چاغدا دەلىلقان كۆكتوقاي، چىڭگىلدىكى پارتىزان كۈچلىرىنى توپلاپ، ئۆزى ئەترەت باشلىقى، ئەسقەت ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، سار سۇمبىنى ئازاد قىلىشقا كېلىدۇ.) ئىلىدىن كەلگەن دوسكېنوپ پولكى مىللىي ئارمىيە بىلەن ئەبىتان دېگەن يەردە ئۇچرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار هۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈپ، جىڭشىكە قىران قاتارلىق سارسۇمبىنىڭ ئەتراپىدىكى يول ئاچاللىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ، مۇھاسىرىگە ئالغان چاغدا شەھەردىكى گومىنداڭ ۋالىسى ھەم گارنىزون سىلىڭى گاۋبويۈي ئىككى پولك ئەسكەرنى باشلاپ، شەھەردىن چىقىپ جىڭشىكە قىراننى ئۆرلەپ قاچقان يولدا ئورمەگەيتىنىڭ ئويمانلىقىدا دەلىلقان باشلىغان ئارمىيىنىڭ ئالدىدىن زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى. ئۇلار تەسلىم بولۇپ تامامەن ئەسىر ئېلىندى. 6-سېنتەبىركۈنى ئالتاي ئازاد بولدى. 10-ئايدا ئىلىدىن سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار كېلىپ، ئالتاي ۋالى مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى، ئوسماننىڭ ۋالى، دەلىلقان بىلەن شەمسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالى بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئالتاي ئاتلىق پولكىنى باشقۇرۇش دەلىلقانغا تاپشۇرۇلدى.

ئالتاي ئازاد بولغاندىن كېيىن پەقەت ئىسمى بار، جىسمى يوق ۋالى ئوسمان خىزمەت قىلمىدى، ئۇنىڭ خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن دەلىلقان سۇگۇر بايېۋ ئالتاينىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى خەلق ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ، هۆكۈمەت خىزمەتلىرىنى ئۆزى باشقۇردى. ئۇ 1949 يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر سىياسىي جەھەتتە قەد كۆتۈرۈش، دېموكراتىك ئىسلاھات يۈرگۈزۈش، خەلقچىللىق سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇش جەھەتتە خەلق ئاممىسىنىڭ ھەقىقىي رەھبىرى سۈپىتىدە ئۆچمەس خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

دەلىلقان سىياسىي جەھەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى هۆكۈمىتىگە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا ۋە گېرمانىيە فاشىزمىغا قەتئىي قارشى تۇردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆزىگە كۆيۈنىدىغان دوستى، مۇستەھكەم قورغىنى ھېسابلىدى.

ئۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتنىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقىنى ھەممىدىن ئەلا دەپ بىلدى. مەسىلەن، ئۆز ۋاقتىدا مورىيىدىن چەتكە كەتمەكچى بولغان قۇسايىن تەيجى، ئېلىشقان ئوكىردەيلەرگە ۋەتەننى تاشلاپ كەتمەسلىك توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى قايىل قىلدى.

ئۇ ئەركىنلىك، ۋەتەن،مىللەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش سىياسىي شوئارىنى ئوتتۇرغا قويۇپ، ئاممىنى ئىنقىلابقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىشقا يېتەكلىدى.

دەلىلقان ئىجتىمائىي خاھىش جەھەتتە خەلقچىللىقنى، تەرەققىيپەرۋەرلىكنى، ھۆرىيەتنى، مىللەتلەرنىڭ تەڭ ـ باراۋەرلىكىنى، ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكىنى، خەلق ئىگىلىكى، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېزىلىشكە، زورلۇق ـ زومبۇلۇققا، ئوغرى ـ بۇلاڭچىلىققا، پىتنە ـ ئېغۋاغا، تۆھمەتخورلۇققا، خۇراپاتلىققا كەسكىن قارشى تۇردى.

دەلىلقان خەلق ئىشى يولىدا، ئادالەت يولىدا جان تىكىپ، قان كېچىپ كۈرەش قىلغان گېنېرال ئىدى. شۇڭا شىنجاڭ خەلقى، بولۇپمۇ ئالتاي خەلق ئۇنى چىن قەلبىدىن ھۆرمەت قىلدى.

ئەمگەكچى خەلقنى زۇلمەتتىن قۇتقۇزۇش يولىدا كۈرەش قىلغان بۇ ئىنقىلابىي ئەزىمەت، كەڭ ئامما تەرەپدارى، توغرا، سەمىمىي ئىدى. ئۇ خىزمەتتە ئىنتايىن ماھىر سىياسىيون ئىدى.

دەلىلقاننىڭ ئاممىنىڭ غېمى ئۈچۈن ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ناھايىتى كۆپ،ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە خەلق بەك قىيىنچىلىق تارتتى. بۇ چاغدا ئۇ كارۋان تەشكىللەپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاشلىق ئەكەلدۈرۈپ، قىيىنچىلىقتا قالغان ئەلنى ئاچارچىلىقتىن قۇتقۇزۇشقا كۈچ چىقاردى. يەنە بىر تەرەپتىن يۇرت باشلىقلىرىغا، ناھىيە ھاكىملىرى ۋە خىزمەتچىلەرگە مۇراجىئەتنامە يېزىپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا، خەلقنى دېھقانچىلىق قىلىپ، چارۋا ئۆستۈرۈشكە جىددىي ئۈيۈشۇشقا چاقىردى؛ خەلق كوپىراتىپ سودىسى بىلەن يەككە سودىنى يولغا قويدى؛ ئوغرىلارنى ئەيىبلەپ قانۇن بويىچە جازالىدى؛ ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلدى؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باج تۆزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي ئىگىلىكنى چىڭ تۇتۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى. قەبىلىلەرنى ئاساس قىلىپ، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن مەكتەپ ئاچقۇزدى. ئىدارىلەردە سەككىز سائەتلىك خىزمەت تۈزۈمىنى ئورناتتى. تىنچ قۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالتاي (سارسۇمبە) شەھىرىدە ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنى قولغا ئالدى. ئۆزى ئىستانسىنىڭ ئۈستىگىنى چېپىش ئەمگىكىگە قاتنىشىپ، ئۈلگە كۆرسەتتى… مانا ئۇنىڭ بۇ خىل ئەمگەكلىرى قازاق خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

گېنېرال مايور دەلىلقان كەمتەر، خىزمەتكە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئىشى بارلار تارتىنماي كىرەلەيتتى. ئۇنىڭ ئۆيىگە ياكى ئىدارىسىگە قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان يېتىم-يېسىر، غېرىب-مىسكىنلەر، مالچى، دېھقان، تۇگمەنچى، ئاددىي يېزا كىشىلىرى دائىم كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قازاق، ئۇيغۇر، تاتار، رۇس، خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسىلا بار ئىدى. ئۇ بۇ ئادەملەرنىڭ ئىشىنى قولمۇ-قول ھەل قىلىپ بېرەتتى. ئىنقىلاب يولىدا قوربان بولغانلارنىڭ ئائىلىلىرىگە چارۋا-مال ئاجرىتىپ بېرەتتى. جۈملىدىن لى ۋەنفۇ دېگەن خەنزۇنىڭ پاناھسىز قالغان بەش بالىسى تۇگەل دەلىلقان ئائىلىسىدە بولۇپ، چارۋا مال بېقىپ، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىپ ئۆي تىكىپ بەرگەنلىكى ھەممىگە ئايان. ئۇلارنىڭ گېنېرالغا بولغان مىننەتدارلىقىنىڭ چېكى يوق. ھەتتا ئۆزلىرىنى گېنېرالنىڭ قەبىلىسى بىلەن ئاتايدىغان بولۇشتى.

دەلىلقان خىزمەت ئورنىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوڭىنى ئاكا، كىچىكىنى ئىنى دەپ ئۆتتى. ئۆز ۋاقتىدا تارباغاتاي ۋالىسى باشباي بىلەن چۆچەك ناھىيە ھاكىمى ئۆمەراخۇنغا يازغان خېتىدە ئۇلارنىڭ ئالتايدىكى ئىنقىلابنى قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتقان، خەتنىڭ ئاخىرىغا «ئىنىڭىز دەلىلقان» دەپ ئىمزا قويغانىدى.

باتۇرلۇق بىلەن شان-شەرەپ قوشكېزەك. باتۇرنىڭ ئەل ئۈچۈن ئىشلىگەن مەردانىلىقى ھامان خەلقىنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ، ئەۋلاددىن-ئەۋلادقا داستان بولۇپ كۈيلىنىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى- دەلىلقان سۇگۇربايېۋ، ئۇ سىياسىي ئەرباپ ھەم ماھىر ھەربىي قوماندان بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا پولكوۋنىك، گېنېرال مايور دېگەن ھەربىي ئۇنۋان بەرگەن. دەلىلقان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولدى، «بىرىنچى

دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنى» ۋە «خەلق قەھرىمانى» ئوردېنلىرى بىلەن مۇكاپاتلاندى. ئىنقىلابتىن ئىلگىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، ئالتاي ۋىلايىتىدە قازاق، قىرغىز مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، فەندىخوي (جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى) رەھبەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ خىزمەت قىلدى. ئۇ شىنجاڭدىكى مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابتا ئاز سانلىق مىللەتتىن چىققان ئاتاقلىق ئىككى گېنېرالنىڭ بىرى بولدى. بۇ خىل خىزمەت ئورۇنلىرى تەساددىپى كەلگەن ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ ئىنقىلابتا كۆرسەتكەن خىزمىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

# قەلبىمىزدىكى ئۆچمەس يۇلتۇز- ئابدۇكېرىم ئابباسوف

ئابلىمىت ياقۇپ

## 1

ئابدۇكېرىم ئابباسوف 1921-يىلى قىرغىزىستاننىڭ قاراقول رايونىدا دۇنياغا كەلدى.

ئۇ بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپلا چېچەن، ئۆتكۈر، جۇشقۇن، روھلۇق، قەيسەر ئىدى. ئۇ 1932-يىلى ئاتا-ئانىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆز ۋەتىنى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، سۈيدۈڭدىكى تاغىسى يۇنۇس ئاخۇن ۋاپۇرۇشنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، سۈيدۈڭ ناھىيە بازار ئىچىدىكى «نەمۇنە» مەكتىپىدە ئوقۇدى. 1935- يىلى سۈيدۈڭدىن غۇلجىغا كېلىپ «ھۈسەينىيە» مەكتەپ (ئۇچ-دەرۋازىدىكى ھازىرقى 2-ئوتتۇرا «ئۈمىد» مەكتەپنىڭ ئورنى) تە ئوقۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈردى. ئوقۇش داۋامىدا دەرستە ئەلاچى، ئەخلاق-ئىنتىزامدا ئۈلگە ۋە ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتە ياخشى بولدى.



ئابدۇكېرىم ئابباسوف (1921-1949)

ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە تۈرلۈك پائالىيەتلەردە باشلامچىلىق قىلىپ، ئۈلگىلىك رول ئوينىدى. شۇڭا سىنىپ ئاتلاپ ئوقۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپنى بىر يىل بۇرۇن پۈتتۈردى.

مەكتەپ ئىچىدە شېئىر ئوقۇپ، تەسىرلىك ئىنقىلابىي ھېكايىلەرنى سۆزلەپ، ساۋاقداشلىرى ئارا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. سەھنە ئويۇنلىرىغا قىزغىن قاتنىشىپ، بەزى لەپەرلەرنى ئورۇنداپ، ئاممىنىڭ ھۆرمەت ۋە ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف باللىق دەۋرىدىن تارتىپلا جاپا-مۇشەققەتلىك ھايات كەچۈرگەچكە، ئازاد-ئەركىن يېڭى ھاياتقا ئىنتىزار ئىدى.

1937-يىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوف شىنجاڭ شۆيۈەنىگە (ئىنستىتوتىغا) كىرىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى لىن جىلۇ بىلەن يېقىنلىشىپ، ئۇزۇندىن بېرى قەلبىگە پۈككەن غايە ۋە شېرىن ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭگۈشتىرىگە ئىگە بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى. ۋەھشىيلىكتە ئەڭ ئۇچىغا چىققان جاللات شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ساختا قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، گومىنداڭنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ، جاللاتلىق يولىغا ئۆتتى. شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىگە ساداقەتلىك كۆرسىتىش ئۈچۈن شىنجاڭدىكى يۈزلىگەن كوممۇنىستلارنى، مىڭلىغان ئىلغار زىيالىيلارنى ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى تۈرمىگە تاشلاپ، پاجىئەلىك تۈردە قىرغىن قىلدى. شۇ قاتاردا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ دادىسى ھاشىم ئاقساقالنى 1938-يىلى «خائىن» دېگەن بۆھتان بىلەن قولغا ئېلىپ، پاجىئەلىك ئۆلتۈردى. بۇ ھال ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس غەزەپ-نەپرەت ئوتىنى يالقۇنجاتتى.

1940-يىلى 5-ئايدا جاللات شېڭ شىسەي ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى «خائىننىڭ بالىسى» دەپ ئۈرۈمچىدىن ساۋەنگە سۈرگۈن قىلدى. ساۋەندە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ نەزەربەنتى ئاستىدا خارلىنىپ ۋە دەشنام يەپ ھاقارەتلەندى. ئەنە شۇنداق قىيىن شارائىت ئاستىدا ئۇ چىدام-غەيرەت بىلەن دۇشمەنگە تىز پۈكمەي، ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى.

ئۇ ساۋەندە خەنزۇ ئىنقىلابچىلىرى يازغان «ئۆز مۇھىت» دېگەن سەھنە كىتابىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، 1941-يىلى ساۋەندىن غۇلجىغا كەلگەندە ئىلى تىياتىر ئۆمىكىنىڭ سەھنىلەشتۈرۈشى ئۈچۈن تەقدىم قىلدى ۋە ئۆزى ئويۇنغا قاتنىشىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى غەزەپ-نەپرىتىنى كۈچەيتىشتە زور رول ئوينىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف ساۋەندىن ئىلىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قورچاق ئىلى ۋالى مەھكىمىسىدە تەرجىمان، قىزلار گىمنازىيىسىدە ئوقۇتقۇچى بولدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئىلىدا قۇرۇلغان «ئازادلىق جەمئىيىتى» گە ئەزا بولۇپ قاتناشتى، تەشكىلاتنىڭ ئىشلىرىنى جاندىل بىلەن ئىشلىدى. «ئازادلىق جەمئىيىتى» نىڭ پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئىلقا ۋە ئىلىدىكى خەلق پارتىزان كۈچلىرى قوراللىنىپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئىچكى جەھەتتىن بىر-بىرى بىلەن ماسلىشىپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ئالدى بىلەن ئەكبەر، غېنى، پاتىخ قاتارلىق باتۇرلارنىڭ رەھبەرلىكىدە نىلقا پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى پارتلاتتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزىنىڭ ئىشپىيونلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ ھەققانىي ئىنقىلاب ئوتىنى ئۆچۈرۈۋېتىش ئۈچۈن خەلق ئىچىدە بارلىق كۈچى بىلەن ئىنقىلابچىلارنى«ئالتە ئوغرى» دەپ تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇندى. مانا شۇنداق ھالقىلىق بىر پەيتتە ئابدۇكېرىم ئابباسوف مۇھەممەد ئىمىن خەلپەت ھاجى، قاسىمجان قەمبىرى ۋە باشقا ئىلغارلار بىلەن بىرلىكتە ئەنۋەر مۇسابايوفنىڭ مەخسۇس ئۆيىدە 10مىڭ پارچە تەشۋىقات ۋەرەقىسى بېسىپ، بىرلا ۋاقىت ئىچىدە ئاما ئىچىگە تارقىتىپ، بىر مەھەل خەلق ئىچىدە داۋام قىلغان ئەندىشىلەرنى تۈگىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىنقىلاب قىلىشقا چاقىردى ۋە ئويغاتتى.

1944-يىلى 7-نويابىر سەيشەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە ئابدۇكېرىم ئابباسوف نىلقا ۋە ئىلىدا كۆتۈرۈلگەن خەلق پارتىزان كۈچلىرى بىلەن غۇلجىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا باتۇرلۇق بىلەن يېتەكچىلىك قىلدى. ئىنقىلابنىڭ ئېتىلغان تۇنجى بىر پاي ئوقى بىلەن تەڭلا ئۆلكىلىك ساقچى مائاۋىنى ليۇ بىندي، ئىشپىيونلار گۇرۇپپا باشلىقى ھاشىم توكۇر، ئىشپىيون ئىبراھىم ئاقچاچ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن بارلىق ئەكسىيەتچىلەرگە ئىنقىلاب نامىدىن ئۆلۈم سىگنالى جاكارلاندى. خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىلەرگە بەرگەن قاقشاتقۇچ زەربىسى بىلەن 11-نويابىر كۈنى غۇلجا شەھىرى ئازاد بولۇپ، قالدۇق دۈشمەنلەر ھەرەمباغقا قوغلاپ كىرگۈزۈلدى. 1944-يىلى 11-ئاينىڭ12-كۈنى خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ باش شتابىدا گومىنداڭنىڭ دۆلەت بايرىقى كۆيدۈرۈلۈپ، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەلپى بويىچە غۇلجىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى.

ئىلى ئىنقىلابى كۈنساناپ غەلىبىلىك ئۆرلەۋاتقان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئىنقىلابىي رەھبەرلىك قوشۇن ئىچىگە كىرىۋالغان بۇزۇق نىيەتتىكىلەر تەتۈر قۇيۇن چىقىرىپ، ئىنقىلابنىڭ نىشانىنى بۇراپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقى ۋە ئىنقىلابنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن زىيانلىق بولغان تەشۋىق ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

1944-يىلى 12-ئايدا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف باش ساقچى (ھازىرقى ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئورنىدا) دا، غۇلجا شەھىرىدىن ھەر بىر رايون ۋە

مەھەللىلەرنى ئاساس قىلىپ يېڭىدىن قۇرۇلغان ساقچى ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن جىددىي يىغىن ئېچىپ: «بىز پەقەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرىمىز، قانداق مىللەت بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، پۇقرالارغا قارشى ئەمەسمىز. ھەتتا گومىنداڭ ئىچىدىن قورال تاپشۇرۇپ بىزگە ئەل بولغان ۋە ئورۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرگىمۇ چېقىلمايمىز. ھازىر ئايرىم جايلاردا بەزى خەنزۇ پۇقرالارغا زەربە بېرىدىغان يامان ۋە ئىنتايىن خاتا ھادىسىلەر باش كۆتۈرۈپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ساقچى ئورۇنلىرى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن غۇلجا شەھىرىدىكى خەنزۇ پۇقرالار ئىچىدىكى ياخشى ئادەملارنى قەتئىي ئاسراپ، ئۇلارنى قوغداش لازىم. يامان نىيەت بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئالىقانات بۇزۇقلارغا ۋاقتىدا زەربە بېرىش لازىم. بۇ ھازىرقى رېئال ۋەزىيەتتە بىزنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك رېئال ۋەزىپىمىز» دەپ ئۇقتۇردى ۋە ھەمدە ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇندىن كېيىن ھەر بىر ساقچى ئورۇنلىرى مەسئۇل بولغان ئۆز تەۋەسىدىكى خەنزۇلارنى تىزىملاپ، بىر پارچە ئاق خەسىگە « بۇ ياخشى ئادەم، چېقىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن چوڭ خەت يېزىلغان بېلەك بەلگىسى ياساپ قولىغا باغلاپ قويدى. بەزىلىرىگە ئالاھىدە ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن قولىغا گۇۋاھنامە بېرىلدى. تەساددىپى بەختسىزلىككە ئۇچرىغان بەزىبىر خەنزۇلارنى ئابدۇكېرىم ئاbباسوف ئۆزى مەسئۇل بولغان ھالدا ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ماددىي جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلدى. شۇنىڭدەك خەنزۇ پۇقرالىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا قوراللىق خادىملارنى بەلگىلەپ، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۇردى. بۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپ ھەربىي ئىشلار باش شتابىدىن ئىسلام دىنىدا بولمىغان ھەر مىللەت خەلقىغە، بولۇپمۇ خەنزۇ پۇقرالارغا زىيانكەشلىك قىلىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلغۇچى بۇزۇقلارغا قانۇن بويىچە قاتتىق جازا بېرىلىدىغانلىقى ئاگاھلاندۇرۇپ، ھەممە ئورۇنغا ئېلان چىقىرىلدى. غۇلجا شەھىرى، جىلىڭ، شىخو، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان بىر قانچە لۈكچەكلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. باش ساقچىنىڭ مۇئاۋىنى ۋالودە بولاڭچىلىق ھەرىكەتلەردە بولغانلىقى ئۈچۈن خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

1945-يىلى 9-ئايدا ئابدۇكېرىم ئاbباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن، داموللا رازىيوپلار جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان قوشۇنغا قوماندانلىق قىلدى. ئابدۇكېرىم ئاbباسوف قوماندانلىقىدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ قوراللىق كۈچلىرى ئالدىنقى سەپكە بارىدىغان قاتناش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش

ئۈچۈن، مۇز داۋان ئاغزىدىكى قورغان قاتارلىق جايلاردىكى دۈشمەن كۈچلىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ بىر قانچە ئوت كۈچىنى ئۇيۇشتۇرغان پوتەيلىرىنى ۋە ئەسكىرىنى تارمار قىلىپ بۇ رايونلارنى ئازاد قىلدى. نۇرغۇن ھەربىي قوراللارنى غەنىمەت ئالدى ۋە 700 دىن ئارتۇق دۈشمەننى ئەسىر ئالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن كۈچنى توپلاپ ئاقسۇ كونا شەھەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. گومىنداڭ تولۇق قوراللانغان 1500دىن ئارتۇق ئادىمى بىلەن كەپتەرلىككە ئورناتقان ھەربىي ئىستىھكامىدىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، جەڭچىلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە جىددىي قارشىلىق قىلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ چىۋەرلىك بىلەن قىلغان قوماندانلىقى ئارقىسىدا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، دۈشمەن تارمار كەلتۈرۈلدى ۋە ئاقسۇ كونا شەھەر ئازاد قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىدىكى گومىنداڭچىلار ئالاقزادە ھالەتكە چۈشتى. بۇ مەزگىلدە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى دۈشمەننىڭ نەچچە مىڭلىغان جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىپ، قالدۇق دۈشمەنلەرنى سۈرۈپ ماناس دەرياسى بويىغا قىستاپ باردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ۋە پۈتۈن ئۆلكە دائىرىسىدە كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاب يالقۇنلىرىنىڭ زەربىسىدە ماغدۇرىدىن كەتكەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئاخىرى ئۇرۇشنى توختىتىپ، تىنچلىق سۆھبىتىنى باشلاش تەكلىپىنى بېرىشكە مەجبۇر بولدى. 1945-يىلى 13-ئۆكتەبىردە ئۇرۇش توختىدى.

1945-يىلى 10-ئايدىن باشلاپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقلۇق ۋەكىلى جاڭ جىجوڭ ۋەكىللىكىدىكى سۆھبەت ئۆمىكى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ رەخىمجان سابىر ھاجىيوپ، ئەخمەتجان قاسىمى، ئوبۇلخەيرى تۆرە باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بارغان سۆھبەت ئارقىلىق، 1946-يىلى 2-يانۋار كۈنى ئۈرۈمچىدە «11ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالاندى. شۇنىڭدەك تىنچلىق بىتىمىنىڭ روھى بويىچە 1946-يىلى 6-ئايدا كوممۇنىست يولداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم ئىلغار كۈچلەرنى گومىنداڭ ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن قۇتقۇزۇپ ئازاد قىلدى. شۇ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى ھاياجانغا تولۇپ جانلىنىپ كەتتى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نەنلياڭدىكى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما بىناسىدا كاتتا تەنتەنىلىك زور ماتەم يىغىنى بولۇپ ئۆتتى. دىنىي مۆتىۋەر بۇلبۇلقارى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوف جاللات شېڭ شىسەينىڭ

ۋەھشىيلىكى بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قۇربان بولغان ئىنقىلابچىلارغا چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن قايغۇلۇق تەزىيە سۆزى سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى. بۇ يىغىنغا قاتناشقان كەڭ ئاممىنى قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قوغداپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ غايە ۋە ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كەلگۈسى ئىشلىرىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات غەلىبىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

## 2

1946-7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۈرۈمچىدە بىتىم بويىچە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەسىس قىلىندى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن باش كاتىپى بولدى. 1946-يىلى 1-ئىيۇلدىن باشلاپ ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى تېزلىتىدىغان ھەم سۈيىقەستىنى تارمار قىلىدىغان سىياسىي كۈرەشكە ھەمدە بىتىمنى قوغداپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى قوغداشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلاندى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئالدى بىلەن ئۆلكە دەرىجىلىك ئىدارە ئاپپاراتىنى مىللىيلاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، يارامىلىق زىيالىيلارنى تاللاپ ئۆستۇرۇپ، مىللىي كادىرلار قوشۇنىنى كېڭەيتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابتىكى تايانچلىق ۋە باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇردى. جۇڭگو-سوۋېت مەدەنىيەت ئالاقىلىشىش جەمئىيىتىنى خەنزۇ زىيالىيلىرىنى يېتەكچى قىلىپ، ھەر مىللەت ئىلغارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئورتاق كۈرەشنىڭ كۈچلۈك مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ، ھەر جاي، ھەر يەردە گومىنداڭنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا قارشى پائالىيەتنى ئۇلغايتتى. گېزىت ۋە تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى تارقىتىپ، گومىنداڭنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى پاش قىلىپ، خەلقنى ئويغىتىپ، ئەكسىيەتچىلەرنى قاتتىق ئالاقزادە قىلدى.

جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىلىرىنى بۇلىۋېلىپ، شىنجاڭنى قايتىدىن خەلقنى قىرىدىغان جاللاتلار قۇشخانىسىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، مۇستەبىت جياڭ جيېشى 1945-يىلى 6-ئايلاردا ئۆلكىدىكى گۇماشتىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۆلكىلىك قورچاق گوڭئەنتىڭنىڭ (جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ) يېنىدا ساقچى كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىنى قۇرغانىدى. جاللات جياڭ جيېشى بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



گېزەندىلەر ئۆلگىسىنىڭ باشلىقى، CCتەشكىلاتىنىڭ غول ئۇنسۇرى (گومىنداڭ مەركىزىي 3-باشقارمىسىنىڭ فاشىستىك تەلىم-تەربىيە سىنىقىدىن ئۆتكەن) خۇگوجىڭ مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. بۇ خىل يېڭى مەرتىبە ۋە مەنسەپكە ئېرىشكەن خوگوجىڭ پۈتى-پۈتىغا تەگمەي شاپاشلاپ يۈقىرى-تۆۋەن قاتراپ، خوجىسى جياڭ جيېشى ئالدىدا ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ ئابرۇيغا ئېرىشىش ئۈچۈن، قەبىھ قۇۋلۇق-شۇملۇق بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ساقچى مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ سىياسىي قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى قول چوماقلىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى پىلانلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بېرىدىغان سىياسەت ۋە ئېقىم مەسىلىلىرى ھەققىدىكى دەرسلىرىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى دائىم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنى «ئالتە ئوغرى»، «باندىت»، «بۇلاڭچى» دېگەن قارا نىيەتلىك بوھتان، زەھەر خەندىلىك ھاقارەتلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. مەيلى ئەكسىيەتچىلەر ھەر قانچە قۇتراپ، خىلمۇ-خىل رەزىل ۋاستىلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، بەربىر كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئىنقىلاب بورانلىرى ئالدىدا زەئىپ ۋە ئۈمىدسىز ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ زەپەر يالقۇنلىرى كېچىنى يورۇتقان قۇياشتەك قاتمۇ-قات توساقلاردىن ئۆتۈپ، بۇ ساقچى مەكتىپىگىمۇ ئۆز نۇرىنى چېچىشقا باشلىدى. زۇلمەتلىك قاراڭغۇ تۇمان ئىچىدە تاڭ نۇرىنى كۆرگەن بىر تۈركۈم مىللىي ئوقۇغۇچىلار بۇ غەپلەتتىن ئويغىنىپ ھەققانىيەتنى تونۇشقا باشلىدى.

1945-يىلى قىشتا ئابلىمىت ياقۇپ، ئازاد يولداشلارنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن 35 نەپەر مىللىي ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئۈچقۇن» تەشكىلاتى مەكتەپتە مەخپىي قۇرۇلدى. بۇ چاغدا ئۇرۇمچىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى بەكمۇ مۇرەككەپ بولۇپ، ئەنسىزچىلىك ئىچىدە داۋالغۇپ تۇراتتى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نەچچە ۋاقىتتىن ئاسراپ كەلگەن، ئەمدىلىكتە بولسا باغلاقتىن بوشىتىپ قويۇۋەتكەن سىياسىي دەللال، پانتۈركىستلار، ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ مۇددىئاسىغا ئاساسەن ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، قىپيالىڭاچ مەيدانغا سەكرەپ چىقىپ، ئىنقىلابىي رېئاللىقنى بۇرمىلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى ئەكسىيەتچىل چوقان كۆتۈردى. ئۇلار ئوچۇقتىن-ئوچۇق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن بىر مۇقامغا تووۇلاپ، «ئىلى ئوغرىلىرىنى يوقىتىپ چىنى تۈركىستان قۇرىمىز» دېگەن يېڭى بالايى-ئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا ئۇرۇندى. ئۇلار كۆپلىگەن زىيالىي ياش ئوقۇغۇچىلارنى ۋە جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن لۈكچەكلەرنى ئالداپ، قايمۇقتۇرۇپ

ۋە قوتۇرىتىپ، شايكا توپلاشقا كىرىشتى. بۇنى ئاز دېگەندەك، شەھەر كوچىلىرىدا خوشامەت، قەستەن چىقىمچىلىق بىلەن جان باقىدىغان، ۋۇجۇدى گۇناھقا پاتقان يالاقچىلار قۇرۇتتەك كۆپىيىپ، ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن سايىدەك ئەگىشىپ تىمىسقىلاپ يۈرىشىدىغان بولدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرىنى بولسا، يوشۇرۇن قولغا ئېلىپ، قولغا كويزا، پۇتىغا كىشەن سېلىپ زىنداندا ئازابلىماقتا ئىدى.

مانا شۇنداق خەتەرلىك مۇھىتتا بۇ «ئۈچقۇن» تەشكىلاتى ئەكسىيەتچىلەرگە ئەگىشىپ يولدىن ئاداشقان ياشلارنى ئۆزىگە تارتىپ كۆپچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، مەكتەپتىكى ئەكسىيەتچىل بېسىمغا قارشى تۇرۇش، گومىنداڭنىڭ بېيىمىگىدىكى قورال-ياراغ ئىسكىلاتىنى پارتلىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ماسلىشىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي نىشانىسى قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياڭخاڭدىكى كونسۇلخانىسى ئارقىلىق ئېلىنغان «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرى يېزىلغان گېزىت، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى تەشكىلات ئەزالىرىنى تەربىيىلەشتە ياخشى مەنبەئي قورال بولدى. ئوبۇلقاسىم ئابدۇللاغا ئوخشاش ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار بىلەن مۇناسىۋەت باشلاپ، مەكتەپتىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ كۈندىلىك پىلان ۋە سۇيىقەستلىرىنى ئىگىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ھوشيارلىقىنى ئاشۇردى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە جاپالىق كۈرەش قىلىپ، «جىنى تۈركىستانچىلار» نىڭ ئالدىمىغا چۈشكەن ئوقۇغۇچىلارنى ھەقىقىي توغرا يولغا باشلاپ، كۈتكەن مەقسەتكە يەتتى. بولۇپمۇ ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۆلكىدە قۇرۇلىدىغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى تەسىس قىلىش ئۈچۈن 1946-يىلى 6-ئايدا ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، مەكتەپتىكى ئەكسىيەتچىلەر ئىشىك-دېرىزىلەرنى تاقاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىرتقا چىقىشىنى مەنئىي قىلىپ، زەھەرخەندىلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنىدى. تەشكىلات ئەزالىرى مەكتەپتىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بۇ قىلمىشىغا ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، شۇ كۈنكى كېچىنى ئۇخلىماي تاڭغا ئۇلاشتۇردى. تامدىن ئاتلاپ، دەرۋازا ئاستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ، بېيىمىگدىن ئايرودرومغىچە يولنى پىيادە بېسىپ، يولبويى كوچىلاردا ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنى قارشى ئېلىش شوئارلىرىنى ياڭرىتىپ، ئۆز رەھبەرلىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.شۇ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ ھېيت-بايرام كۈنلىرىدىكىدەك يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ، نەغمە-ناۋا، ئۇسسۇل ئويناپ، خوشال-خوراملىققا چۆمدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەكسىيەتچىلەر ۋە ئۇنىڭ قولچوماقچىلىرى بولسا، شۇ كۈنى بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، ھەسرەت بىلەن بارماقلىرىنى چىشلەپ ھازا تۇتتى. كۈن ئوچۇق تۇرۇپ قاراڭغۇلۇق باسقاندەك، ۋەزىيەتمۇ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگەردى. مەكتەپ ژاندارمىلىرى مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، شۇم قولىنى ئوقۇغۇچىلارغا سۇندى.

گۇناھسىز ئوقۇغۇچىلارنى يولسىز ئۇرۇپ-چەيلەپ ھوشىدىن كەتكۈزۈش، نەزەر بەنت قىلىش، كېچىلىرى ئۇخلاتماي سوراق قىلىپ، ۋەھشىي زورلاۋاتلىقىنى ئىشقا سالدى ھەمدە كېچىلىرى ياتاق ئەتراپىغا ئاپتومات ئاسقان چېرىكلىرىنى قاتمۇ-قات تۇرغۇزۇپ، زەنجىرسىمان قورشاۋغا ئېلىشتەك جىنايى زىيانكەشلىكلىرىنى ئەۋج ئالدۇردى. ھەتتا ئوقۇغۇچىلار كېچىسى ھاجەتخانىغا بارماقچى بولسا، خۇددى جازا لاگېرىدىكى مەھبۇسلار: «بوگو، بەنجاڭ!» دېگەندەك چېرىكلەردىن روخسەت ئېلىپ ئاندىن ھاجەتخانىغا بارالايدىغان قاتتىق رېجىم ئورناتتى. بۇ خىل جىنايى قىلمىشلار پەقەت مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدىلا ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. بىراق ئىچكىرىدىن بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا چىققان بىر تۈركۈم خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە مەلۇم ساندا ئىلغارلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار مەكتەپنىڭ بۇ خىل ھەممە ئەسكى قىلىقلىرىغا نەپرەتلىنەتتى. بەزىلىرى بىرەر مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى ئەكسىيەتچىلەر يولسىز ئۇرغاندا، چىداپ تۇرالماي ئۆزلۈكىدىن: «بوگو!»(دوكلات!) دەپ ئارىچىلاپ قۇتقۇزۇشقا ھېسداشلىق قىلاتتى. مەنمۇ بىر قېتىم شۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن تاياقتىن قۇتۇلۇپ قالغانىدىم.

بىر كۈنى بىر خەنزۇ ئوقۇغۇچى مەكتەپ بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋەتىدىكى دېرىزىسىدىن: «ئادەمنى قىيناپ تەجرىبە قىلىشقا بولمايدۇ!» دەپ ئۈنلۈك ۋاقىراپ، ئۆزىنى يەرگە ئېتىۋەتتى. خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن چىققان بۇ ھەققانىي ھەرىكەت «ئۈچقۇن» تەشكىلاتى ئەزالىرىنىڭ پائالىيىتىنى باسالماي مەكتەپ رەھبەرلىرىنى ئالاقزادە قىلىپ تەمتىرەتتى، قاتتىق ئەنسىزلىككە سالدى.

مەكتەپتە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بۇ خىل جىنايى قىلمىشلار ئابدۇكېرىم ئابباسوفقا يەتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا مۇنداق دەپ يوليورۇق بەردى: «مەكتەپتىكى ئۇنسۇرلار يامان يولغا قەدەم قويۇپتۇ. ئۇلار ھازىرچە قىلىدىغان ئەسكىلىكلىرىنى قىلىپ كۆرسۇن، سىلەر ئۈچۈن بۇنداق شارائىتتا بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ ئىتتىپاقلىق، چۈنكى ھەممە كۈچ-قۇۋۋەت ئىتتىپاقلىقتىن كېلىدۇ. بۆلۈنگەننى بۆرە

يەيدۇ، مەردنى مەيداندا سىنا، دېگەن تەمسىل جايىدا ئېيتىلغان، ھوشيار بولۇش كېرەك»· ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ بۇ يولىيورۇقىنى بىز ھەممە ئىشلىرىمىز ئۈچۈن دەستۇر قىلىپ، بىرلىك ئىتتىپاقلىقىمىزنى چىڭىتتۇق·

1946-يىلى7-ئاينىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئەتتىگەن سائەت 10بولار-بولماي، مەكتەپتىكى چوڭ-كىچىك ئۇنسۇرلار ئۈزگىسى بۇزۇلغان ھەربىدەك، تەشۋىشلەنگەن ھالدا ئۆرۈپۈر-تۆپۈر بولۇپ، ھەر تەرەپكە قاتراپ كېتىشتى· دادۇيجاڭ ئالدىراپ-تېنەپ كاناي چالدۇرۇپ، پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنى تىزىپ يىغىن زالىغا جەم قىلدى· شۇ ئاندا ئابدۇكېرىم ئابباسوف، بۇرھان شەھىدى، مەسئۇد سابىرلار بىلەن بىللە مەكتەپ باشلىقى خوگوجىڭ يىغىن زالىنىڭ سەھنىسىدە ھازىر بولدى· قەددى-قامىتى كېلىشكەن، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان خەلقنىڭ غەمگۇزار جەڭچىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى كۆرگەن يىغىن زالىدىكىلەر ھاياجاندىن جانلىنىپ كەتتى· ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر نەچچە كۈندىن بېرى ھۆكۈم سۈرگەن زوراۋانلىق دەستىدىن چىگىلگەن كۆڭۈل رېشتىلىرى بىردىنلا يېڭى ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك يايراپ كەتتى· بىر قانچىلىغان يولداشلىرىمىزنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ئاققان خۇشاللىق ياشلىرى يالتىراپ ئىككى مەڭزىگە ئاقتى· ئابدۇكېرىم ئابباسوف ھەممە ئوقۇغۇچىلارغا بىر قۇر نەزەر تاشلاپ كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، سۆز قىلىپ: «بۇ مەكتەپ جياڭ جيېشى ئەپەندى باشچىلىقىدا تەشكىل قىلىنغانلىقتىن، مەكتەپ ئىچىدە يۈرگۈزۈلگەن پۈتۈن ھەرىكەتلەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى تۈپ سىياسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە· تارىختا خەلقىمىز مۇستەبىتلەر تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئالدانغانىدى· تارىختا ئۆتكەن ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىز ئوخشىمايدۇ· بىز ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى، خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلىشنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئالغان· خەلقىمىزنىڭ بۇ تارىخىي غەلىبىسىنى، شۇنىڭدەك ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يالقۇنلىغان ئوتىنى ئۆچۈرۈش ۋە توسۇشقا ئۇرۇنۇش ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئۇخلاپ چۈشى· ئۇنىڭدىن كۆرە، ھەق ئىشقا بويسۇنۇپ، توغرا يولغا مېڭىش-ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدە تۇرغانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ چىقىش يولى· بىز ئىنقىلابىمىزنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى ئەمدىلا باستۇق، مۇشكۇل-جاپالىق كۈرەش تېخى ئالدىمىزدا· ھازىرقى پەيتتە پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ بىتىم بويىچە دېموكراتىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداش كۆز

www.uyghurkitap.com



ئالدىمىزدىكى مۇھىم ۋەزىپىمىز. مەكتەپ باشلىنىقلىرىدەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان، ئۆزلىرى خالىغانچە زوراۋانلىق قارا سىياسەت يۈرگۈزىدىغان قىلمىشلىرىغا ھەم يول قويمايمىز. ئوقۇغۇچىلار يىغىن ئېچىش، نامايىش قىلىش، ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، ئەركىن يۈرۈش-تۇرۇش، سۆز-مەتبۇئات ئارقىلىق ئۆزى خالىغان پىكىر-تەلەپلىرىنى بايان قىلىشتەك ئىنسانىي ھوقۇقىغا ئىگە. بۇنى ھەر قانداق قارا كۈچ توسىيالمايدۇ. مەكتەپ رەھبەرلىرى ھازىردىن باشلاپ ھوش-كاللىسىنى يىغىپ، پۈتۈن ھەركىتىنى توغرىلاۋېلىشى شەرت. ئۇنداق قىلمايدىكەن، بىز بۇ مەكتەپنى تونۇمايمىز، دەرھال ئىچكىرىگە يۆتكەپ كەتسۇن!» دەپ خىتاپ قىلىپ، غەزەپ-نەپرەت ئوقىنى مەكتەپ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يۈرىكىگە چەنلەپ ئاتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭلا، پۈتۈن زال قاينام-تاشقىنلىققا چۆمدى. ئارقا-ئارقىدىن جاراڭلاپ ئۇرۇلغان قىزغىن چاۋاك، «ياشىسۇن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ شانلىق غەلىبىسى!»، «بىتىمنى قوغداپ، قەتئىي ئىجرا قىلايلى!»، «ئەكسىيەتچىلەرگە ئۆلۈم!» دېگەن ھەيۋەتلىك شوئار سادالىرى ۋە «ئۇررا-ئۇررا» دېگەن جۇشقۇن سادالار يىغىن زالىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بۇ ۋاقىتتا، ھېچكىمنى مەنسىتمەيدىغان تەككەببۇر خوگوجىڭ بېشى يەنچىلگەن ئىلاندەك تولغىنىپ، ئۈن-تىنسىز تۇرغان ئورنىدا ھەيكەلدەك قېتىپ قالدى. ئۇ ھەممە جىنايى قىلمىشىغا پۇشايمان قىلغان گۇناھكاردەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغاندى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياڭراق غەلىبە شوئارلىرىدىن چۆچۈپ، ئۆزىنى ئارانلا ئوڭشىۋالدى. ئۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوفقا يەر ئاستىدىن قاراپ، بېشىنى لىڭشىتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، مەكتەپ تەشكىلىدىكى باشقا ئۇنسۇرلارمۇ قۇيرۇقىنى ئىچىگە تىقىپ، پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. مەكتەپ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇ كۆرۈنۈشى ئۇلارنىڭ ھەقىقەت ئالدىدا يۇۋاشلىق بىلەن باش ئېگىپ، ئۇزۇل-كېسىل قورال تاپشۇرغانلىقىنى تامامەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئاسانلىقچە ئېسىگە كېلەلمەيدىغان ئېغىر زەربە بولدى. شامالغا قاراپ ئۆشتۈمتۇت ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بۇ دۈشمەنلەرنىڭ سىرىنى ئالدىنئالا بايقىغان ئىلغار ياشلار بىر نىيەتتە ئوقۇش توختىتىپ، مەكتەپتىن ئايرىلىپ چىقتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، كۆپ قىسمى ئىلىغا، بىر قىسمى ئۆز يۇرتىغا قايتتى، بىر بۆلۈم يولداشلار ئۇرۇمچىدە مۇۋاپىق خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتى. مەن بۇ چاغدا گومىنداڭچىلارنىڭ نەزەربەنتىدىن يولداشلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئازاد بولۇپ، يولداش

نىياز قۇربانىنىڭ (كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار ئىدارىسىدە مەسئۇل كادىر بولغان) خوتەندىكى ئۆيىدە 20 نەچچە كۈندەك يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، 1946-يىلى 8-ئايدا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ يېنىدا خىزمەتكە كىرىشتىم. ئابدۇكېرىم ئابباسوف مىللىي مەسىلىنى تونۇشتا، ماركسىزملىق يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئىدى. ئۇ مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتى، خاراكتېرى ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ تارىخىي شەرت-شارائىتلىرىنى ئوبدان بىلەتتى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئەلەمگىمۇ، قەلەمگىمۇ ماھىر ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاتاقلىق ناتىق ئىدى ۋە ئۆزگىچە خاس دىپلومات ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى يالقۇنلۇق، نۇتۇق ۋە دوكلاتلىرى دەلىل-ئىسپاتلىق، تەسىرچانلىقى چوڭقۇر، قايىل قىلىش كۈچى زور، مەزمۇنى كەڭ ۋە ئەتراپلىق بولۇپ، ھەربىر كىشىنىڭ دىلىنى خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتاتتى. مەن ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ يېنىدا خىزمەتتە بولغان چاغلاردا قانداق مىللەت ۋە چوڭ-كىچىك قانداق ئادەمنىڭ بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ سۆزىدىن ئىلھاملانمىغان بىرمۇ كىشىنى كۆرمىدىم.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف خەنزۇ تىلىغا ئۇستىلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۆزىنى بىلىملىك ھېسابلايدىغان خېلى چوڭ مەنسەپدارلارنىمۇ ھەيران قالدۇراتتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ باش قوشقان يىغىنى بولغاندا، ھامان تالاش-تارتىش مۇنازىرە ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان دەرىجىدە كۈچىيىپ كېتەتتى. گومىنداڭ كاتتىباشلىرى بولسا، ئۇچىغا چىققان ئالدامچى، كاززاپلاردىن بولۇپ، مەسىلە ھەل قىلىشقا كەلگەندە نەدىكى چويلىدا تۇرمايدىغان قۇرۇق گەپنى سېتىپ، يالغان كۈلكىلىرى بىلەن گەپ ئوينىتىپ تەرسالىق بىلەن يانغاق ئاتتەك تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ، ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە تىرىشاتتى، نەتىجىدە مەسىلىمۇ ھەل بولمايتتى. بىراق ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف يىغىندا پىكىر قىلسا، گومىنداڭچىلار غىڭ-پىڭ قىلالمايتتى. 1946-يىلى كۈز ئايلىرىدا ئېچىلغان بىر قېتىملىق يىغىنغا ئەخمەتجان قاسىمى كېلەلمەي، ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشلىق رەھبەرلەر قاتناشتى. شۇ كۈنكى يىغىندا گومىنداڭ باشلىقلىرى تازىمۇ تەرسا بولۇپ كەتتى. گەپنى ئۇياق-بۇياققا ئەگىتىپ، خۇددى تەسادىپىي ئۇتتۇۋالغان قىمارۋازدەك كەلمىگەن بەختكە ئىشىنىپ، كۆرەڭلەپ كەتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن، سوغۇققانلىق بىلەن گومىنداڭچىلارنىڭ سۆز-ھەرىكىتىنىڭ ماھىيىتىنى، غەرەزلىك ھالدا تىركىشىۋاتقانلىقىدىكى يوشۇرۇن سىرنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ، ئاخىردا

www.uyghurkitap.com

گومىنداڭ باشلىقلىرى كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇ ئالدى بىلەن گومىنداڭچىلارنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسىنى نىشانغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ رەزىل يوشۇرۇن سىرلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، غەزەب قامچىسى بىلەن گومىنداڭچىلارنىڭ كېلىشتۈرۈپ دەككىسىنى بەردى. گومىنداڭچىلار بولسا پەرىشان ھالەتتە قالدى.

ئەكسىيەتچى باشلىقلارنى قۇرۇق ئۇقۇم بىلەن ئاۋارە بولماي، رېئاللىققا يۈزلىنىشكە چاقىرىق قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەپەندىلەر، ئادەمنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە قەدىر-قىممىتى قۇرۇق ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، كەڭ خەلقنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت ۋە بەختسىزلىكىنى ئازايتىش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. خەلق بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن دەرد تۆكمەكتە. بۈگۈنكىدەك پوزىتسىيە تۇتىدىغان بولساق، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى مەسىلىنى ھەل قىلىش شارائىتىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇپ قويىمىز». ئاندىن كېيىن ھەر بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇل-چارىلىرىنى يەكدىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ كۈنكى يىغىندا يېغىلغەن گومىنداڭچىلار كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ-پىلانلىرىنىڭ كارغا كەلمەي بەرباد بولغانلىقىنى كۆرۈپ، چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن بىر-بىرىگە قارىشىپ، ئاخىرى رېئاللىققا باش ئەگدى. ئۇلار ئۆز ھېسسىياتلىرى بويىچە ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى بىر-بىرىگە كۆرسۈتۈپ تۇرۇپ: «پاھ ھا، بۇ نېمە دېگەن ئۆتكۈر ۋە چىڭ ئادەم... ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ بۇنداق ئادەم چىقىدىكەن-ھە!»... دېيىشتى. ئاندىن «بولىدۇ»، «بولىدۇ» غا چۈشتى. كۆپلىگەن مەسىلە ھەل بولدى. گومىنداڭچىلار ھەل بولغان يىغىن قارارىغا ئۇرۇشتا يېڭىلگەن گېنېراللارچە ئىمزا قويۇشتى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۆزلۈكىدىن تەربىيىلىنىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ دائىم ئادەم قانچىلىك ئۆمۈر كۆرسە، شۇ ئۆمرى بويىچە ئۆگىنىپ، بىلىمىنى دەۋر روھىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ يېڭىلاپ تۇرۇشى ۋە ئۆزگەرتىشى لازىم، دېگەن قاراشتا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى، باشقىلارغا ئىلھام بېرەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تىنىمسىز خىزمەت ئىشلەپ ھېرىپ-چارچىغان بولسىمۇ، بوشلا ۋاقتى بولىدىكەن، كىتاب ئوقۇپ، گېزىت كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى جاسارىتىنى ئۈستۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئۇنىڭ دەم ئېلىش ئۆيىدە خەنزۇچە-رۇسچە ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1946-يىلى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزى نەنجىڭدە ئېچىلغان مىللىي قۇرۇلتايغا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلى بولۇپ بارغاندا، پارتىيىنىڭ نەنجىڭدىكى

ۋەكىلى دۇڭ بىۋۇ بىلەن تونۇشۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىشى ئۈچۈن قوشۇپ بەرگەن ۋەكىلى، كوممۇنىست يولداش پېڭ گۇئەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف تۇرغان ياتاق ئۆيىنىڭ تەرىپىدىكى بىر ئېغىز ئۆيگە بىر دانە رادىئو ئاپپاراتى بىلەن مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. يولداش پېڭ گۇئەن تالا-تۈزگە بىھۇدە چىقمايتتى. ئۇ ئاددىي-ساددا كىيىنگەن، كەمتەر، ئوچۇق چىراي، ئوتتۇرا بوي ئىدى. ئۇ دائىم يەنئەن بىلەن خەۋەرلىشەتتى. بەزى كۈنلىرى ئابدۇكېرىم ئاببباسوف بىلەن ناھايىتى يېقىن ئولتۇرۇپ ئېچىلىپ-يايراپ، گەپ ئارىسىدا چاۋاك چېلىپ خوشال-خورام ھاياجان بىلەن پاراڭغا چۈشەتتى. ئابدۇكېرىم ئاببباسوف جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال نەنخۇايۇەنگە (جەنۇبىي گۈللۈك) بېرىپ، ئەخمەتجان قاسىمىغا يەتكۈزەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى بولسا بۇ غەلىبە خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ، خەرىتىگە قاراپ، ئازاد بولغان رايونلارغا قىزىل بايراقچىلارنى قادايتتى. ئۇ ئابدۇكېرىم ئاببباسوفقا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا «ئاز قالدى…ئاز قالدى» دەپ چەكسىز خوشال بولاتتى.

ئابدۇكېرىم ئاببباسوفنىڭ يولدىشى ئالىيە ئابدۇكېرىم ئاببباسوفنىڭ پۈتۈن ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئۈچۈن تازىمۇ يارىشىملىق ئاقكۆڭۈل، كۆيۈمچان، توغرا بىر ئايال ئىدى. ئۇ ئابدۇكېرىم ئاببباسوفنى ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ، قەدىرلەپ ھۆرمەت قىلاتتى. گېنېرال سۇڭ شىلىيەن بىلەن مۇئاۋىن گارنىزون قوماندانى گېنېرال داڭ بىگاڭلار پىلانلىق تۈردە ئۇيۇشتۇرغان «25-فېۋرال» قانلىق ۋەقەسى كۈنى ئابدۇكېرىم ئاببباسوف كۈندىكىدەك چۈشلۈك تاماققا ئۆيگە قايتالمىدى. رەئىسلەر بۆلۈمىدىكى تېلېفون ئارقا-ئارقىدىن ئەنسىز جاراڭلاۋەردى. ۋەزىيەت بەكمۇ جىددىي بولغانلىقتىن، دىققەتنى ھەر تەرەپكە چېچىشقا بولمايتتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىدا مىغىلداپ تولۇپ كەتكەن سۇيىقەستچىلەر ھەدەپ توختىماي ئۇر، چاپ، ئۆلتۈر، دەپ چوقان كۆتەرسە، ئارقا كوچىلاردا ئۈزۈلمەي ئېتىلىۋاتقان پىلىموت، ئاپتومات، گىراناتلارنىڭ ئوق ئاۋازى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ غالجىرلىشىپ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ئۇرۇش كۆلەڭگىسى تاشلاپ، ئىنقىلاب رەھبەرلىرىگە تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئابدۇكېرىم ئاببباسوف بولسا ئۇرۇش يىللىرىدىكى جەڭ سادالىرىنى ياڭرىتىپ، سۇيىقەستچىلەر بىلەن سىياسىي كۈرەش قىلىۋاتاتتى. مەن نائىلاج تېلېفون

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تۇرۇپكىسىنى قولۇمغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. تۇرۇپكىدا ئالىيەنىڭ غەزەبلىك ئاۋازى مېنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ توختىماي: «ھە نىمە بولدى، نىمە ئۈچۈن تاماققا كەلمەيسىلەر، ئاباسوف قەيەردە؟» دېدى. مەن بېشىمنى خىيالدىن كۆتۈرۈپ، ئالىيەنى ئارتۇقچە تەشۋىشكە سالماسلىقنى ئويلاپ، ئابدۇكېرىم ئاباسوف يىغىندا، كېيىنرەك قايتىشىمىز مۇمكىن، دېگىنىمنى بىلىمەن، نەدىكىنى، ئالىيە ھەممە ۋەقەنى بىز بىلەن بىللە كۆرگەندەك: «سەن يالغان ئېيتما، ھوشيار بول!» دەپ بۇيرۇق ئاھاڭدا تاپشۇرۇق بەردى. مەن جاۋابەن: «خاتىرجەم بولۇڭ» دەپلا سۆزنى توگەتتىم.

گومىنداڭچىلار 25-فېۋرالدىكى بۇ رەزىل جىنايى قىلمىشى بىلەن ئۆزلىرى رەسۋالاشتى، شەرمەندىلەرچە مەغلۇب بولدى. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە قازغان ئورىغا ئۆزلىرى چۈشتى. بىز ئۆيگە بارغىچە سائەت يەتتە بولاي دېدى. ئۆيگە كەلسەك ئالىيە شۇ كۈنى ئەتىدىن كەچكىچە تاماق يېمەي ئاچ-زار بىزنى كۈتكەن ئىكەن. ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇ ماشىنا ئالدىغا ئوقتەك يۈگۈرۈپ كەلدى. ئالىيە ئابدۇكېرىم ئاباسوفنى كۆرگەن ھامان ئۆلۈغ-كىچىك تىنىپ، ئىككى كۆزىدىن تەبەسسۇم بىلەن ئاققان مېھرى-شەپقەت ياشلىرى ئىككى مەڭزىگە سىرىلىپ چۈشتى. ئۇ دەرھال ئۆزىنى تۇزەپ: «سالامەت چىققانلىقىڭىزنى تەبرىكلەيمەن!» دېدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوف ئۇنىڭغا جاۋابەن: «سەن بەكمۇ قورققاق بولۇپ كېتىپسەنغۇ، بىز خەلقنىڭ يولىدىكى ئۆلۈمدىن قورقمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە كەلدۇق ئەمەسمۇ» دەپ مەنىلىك ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ، ئىللىق نەزىرى بىلەن ئالىيەگە قارىدى، ئالىيە دۇنياغا يېڭىۋاشتىن كەلگەندەك خۇشال بولۇپ، ھۆسنىدە بەخت ئۇچقۇنلىرى مەرۋايىتتەك يالتىراپ كەتتى.

## 3

قەدىردان ئابدۇكېرىم ئاباسوف، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پېشۋاسى ئەخمەتجان قاسىمى، مىللىي ئازادلىق ئارمىيە قوراللىق كۈچلىرىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك، مۇئاۋىن قوماندان گېنېرال مايور دەلىلقان، جۇڭگو-سوۋېت مەدەنىي ئالاقىلىشىش جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم ئەربابى لۇجى قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرلىكتە پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەن ئازادلىقىغا بولغان چەكسىز خۇشاللىقىنى ئېلىپ، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1-سانلىق يىغىنىغا ۋە دۆلەت

قۇرۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا كېتىپ بارغاندا، ئايرۇپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ 1949 ـ يىلى 27 ـ ئاۋغۇست كۈنى بەختكە قارشى قۇربان بولدى. ئابباسوف شۇ يىلى 28 ياشتا ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقى ئۇلۇغ تارىخىي غەلىبىگە ئېرىشكەن بىر پەيتتە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كېلىش ھارپىسىدا يۈز بەرگەن بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئىنتايىن ئېغىر مۇسىبەتلىك قايغۇ ـ ھەسرەت ئېلىپ كەلدى. خۇددى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى يوللىغان تەزىيىسىدە كۆرسىتىلگەندەك، بۇ پاجىئە شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن زور بىر يوقىتىش بولدى.

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدىكى ئۆچمەس يورۇق يۇلتۇز، ئىنقىلابچى، ئىنقىلابىي قۇربان ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتى يولىدا ئۆمۈرۋايەت پىداكارلىق روھى بىلەن كۈرەش قىلدى. ئۇنىڭ يۈكسەك ئىرادىسى ۋە ئالىيجاناپ غايىسى، باھار پەسلىنىڭ گۈل ـ چېچەكلىرىدەك كۈندىن ـ كۈنگە نۇرلىنىپ، خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

بۈگۈنكى يېڭى تارىخىي دەۋرىمىزدە ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇلۇغۋار ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى ئەسلىشىمىز رېئال تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىرقى يېڭى ۋەزىيەت ئالدىدا دەۋرىنىڭ روھىغا ئويغۇنلىشىپ، ئۇستىمىزگە ئالغان شەرەپلىك ئىنقىلابىي ئىشلىرىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتا، ئىنقىلابىي قۇربان مەرھۇم ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئۆلمەس ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بىر نىيەتتە تەكشى قەدەم بىلەن ئۇنىڭ خەلققە سادىق بولۇپ ئىنقىلاب قىلىش ۋە جان تىكىپ ئىشلەش روھى، بارلىق دۈشمەننى ۋە بارلىق قىيىنچىلىقلارنى بېسىپ چۈشۈش غەيرىتى، ئىنقىلابىي كۈرەشتە قەيسەر ـ قايتماس پىداكارلىق جاسارىتى، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىسى، ۋەتەننى سۆيۈش، مىللەتلەرنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقىنى قوغداش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي كۈرەش قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدىن ئۆگىنىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە شىنجاڭنى ئېچىپ گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك چوڭ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ ئۇلۇغ كۈرەشكە ھاياتىمىزنى بېغىشلاپ، ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇپ، يۈكسەك مەدەنىيەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە

ئىگە، بەختلىك، گۈزەل سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشنىڭ ھەقىقىي ئىجراچىلىرىدىن بولۇش ئۈچۈن ئەستايىدىل تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. مانا شۇنداق قىلغاندىلا ئىنقىلابىي قۇربان ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى چىن يۈرەكتىن ياخشى ئەسلىگەن بولىمىز. ئۇنىڭ ئۆلمەس روھى ئالدىدا خىجالەت بولماي، ئۇلۇغۋار ئەمەلىي نەتىجىلىرىمىز ئارقىلىق ئۇنىڭغا خاتىرجەم جاۋاب قايتۇرالايمىز.

# ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچى - لۇجى

ئابلىمىت ياقۇپ

ئىنقىلابىي قۇربان لۇجى (لۇزەينەن) 1914-يىلى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ گاۋمىڭ ناھىيىسىگە قاراشلىق لاۋسۇن يېزىسىدا تۇغۇلغان.

لۇجى بوۋاق چېغىدىلا ئاتا-ئانىسى ۋاپات بولغانلىقتىن، تاغىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا شەرقىي شىمال رايونىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان. ئۇ باشلانغۇچ بىلىمىنى جىلىن ئۆلكىسىنىڭ چاڭچۈن شەھىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئالغان. 1930-يىللىرى خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خاربىن شەھىرىدىكى گىمنازىيىگە ئىمتىھان بېرىپ، ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ 17 ياشقا كىرگەن 1931-يىلى ياپون جاھانگىرلىكى «18-سېنتەبىر ۋەقەسى»نى پەيدا قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىغا تاجاۋۇزچىلىق قارا قولىنى سوزدى. بۇ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ كاساپىتىدىن لۇجىنىڭ خاربىن گىمنازىيە مەكتىپىدە ئوقۇش ئارزۇسى يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قالدى.



لۇجى (1949-1914)

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ بالايى-ئاپەتنى يوقىتىش ئۈچۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان: «بارلىق ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەر جىددىي سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى يوقىتايلى» دېگەن چاقىرىقىنى يولداش لۇجى قىزغىن قوللاپ، شەرقىي شىمالدا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرەشكە بەل باغلىغان ۋەتەنپەرۋەر ماجەنسەن، سۇبىڭۋېنلەر يېتەكچىلىكىدە

ئۇيۇشقان پىدائىيلار قوشۇنىغا ئۆزلۈكىدىن پىدائىي بولۇپ كىرىپ، ئالدىنقى سەپتە ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى. 35 مىڭدىن ئارتۇق قورallıق كۈچكە ئىگە شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى بىر يىل جان تىكىپ كۈرەش قىلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىغا چېكىندى. 1932-يىلى بۇ پىدائىيلار قوشۇنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى داۋاملىق جەڭ قىلىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىپ، شىنجاڭغا كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىۋاتقان شېڭ شىسەي بۇ قوشۇننى شەرقىي شىمالغا قايتۇرماي، شىنجاڭدا تۇتۇپ قالدى. شۇ چاغدا لۇجى بۇ پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ جەڭچىسى ئىدى. سىياسىي ئالدامچى شېڭ شىسەي كېيىن بۇ قوشۇننى ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشىگە قاتناشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت سۇيىقەستى ئۈچۈن پايدىلاندى.

1934-يىلى لۇجى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ھەربىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى قارار كۇرسىغا كىرىپ ئوقۇدى. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا يۆتكەلدى. 1935-يىلى3-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تىببىي ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. شۇ مەزگىلدە ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كومسومولچىلار (ياشلار ئىتتىپاقى) غا ئەزا بولۇش ئۈچۈن ھەركەت قىلغانلىقىنى سېزىپ قالغان شېڭ شىسەي ئالتە ئاي بولمايلا لۇجىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كەلدى.

1936-يىلى لۇجى قايتىدىن شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. 1939-يىلى جاللات شېڭ شىسەي ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ، خەلققە قارشى جاللاتلىق يولىغا قەدەم قويغان چاغلاردا، لۇجىنى باشقا «گومىنلىق» لار قاتارىدا ئالتايغا پالىدى. ئۇ ئىشپىيونلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا قابا ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىدە خىزمەت ئىشلىدى. 1940-يىلى شېڭ شىسەينىڭ پەرمانى بويىچە قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە ئەكىلىپ تاشلاندى. ئۇ تۈرمىدە بىر يېرىم يىلغا قەدەر يولداش جاڭ مىنجىڭ (ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا-تېلگىراف ئىدارىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان كادىر) بىلەن بىر كامېردا ياتتى. لۇجىنىڭ تۈرمە ھاياتىدىكى ئىپادىسى ۋە پائالىيىتى ئىنتايىن ئىلغار بولغان، تۈرلۈك جازالاش ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىپ، لۇجىنى تىنىمسىز قىيناپ ئازابلىغان چاغلاردا دۈشمەنگە تىز پۈكمەي قەيسەرلىك بىلەن يۈزمۇ-يۈز كەسكىن كۈرەش قىلغان. ئۇ خەلقئارا ۋەزىيەت ھەم شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، تۈرمىدىكى ئىنقىلابچىلارغا يوشۇرۇن خەت يېزىپ ۋە بەلگە بېرىپ، ئۇلارنى

ئىنقىلاب ئۈچۈن تەۋرەنمەي كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. بىر قېتىم لۈجىننىڭ شام يورۇقىدا مەشنىڭ كۆيىسىنى سىيا قىلىپ، ئەسكى سامان قەغەزگە يازغان بىر پارچە تەشۋىق ۋەرەقىسى ئۈشتۈمتۇت ژاندارمىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئەس-ھۇشىنى يوقاتقان سوراقچىلار ئالدىراپ-تېنەپ لۈجىننىڭ پۇتىغا ئېغىر كىشەن سېلىپ، ۋەھشىيلەرچە قىيناپ سوراق قىلىپ، بەدەنلىرىنى قانغا بويىۋېتىدۇ. ئۇلار ئۇرۇپ چارچىغاندىن كېيىن ھوشسىز ياتقان لۈجىنى سۆرەپ-تېپىپ كامېرغا چۆرۈپ تاشلايدۇ. قانغا بويىلىپ ھوشسىز ياتقان لۈجىغا ئېچىنغان يولداش جاڭ مىنچىڭغا لۈجى ھوشىغا كېلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ: «جاللاتلار مېنى ھەر قانچە قىيناپ، پۈتۈن بەدەنلىرىمنى پارە-پارە قىلىۋەتسىمۇ، لېكىن قەلبىمدە يانغان ئىنقىلاب ئوتىنى ھەرگىز ئۆچۈرەلمەيدۇ» دەيدۇ. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە: «بۇنداق قىلىش دۈشمەننىڭ غالجىرلاشقانلىقى، پەقەت ئۇنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى جان تالىشىشىدىن ئىبارەت. بىز كۈتكەن غايىمىزدىكى يورۇقلۇق چوقۇم ئۆز نۇرىنى چاچىدۇ. بۇ پارلاق غەلىبىنى ئۆزىمىزنىڭ مانا شۇنداق ئىسسىق قىزىل قېنىمىز بىلەن پات ئارىدا كۈتۈۋالىمىز» دەپ يۇقىرى ئاۋازدا ۋاقىراپ، ھەقىقىي ئىنقىلابچىلاردا بولىدىغان ئالىيجاناپ، يۈكسەك جاسارىتىنى نامايان قىلىدۇ.

شىنجاڭدا پاجىئەلىك قانلىق تېررورلۇق ئېلىپ بارغان جاللات شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئىچكىرىگە قاراپ قوۋرۇقىنى تىكىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا گومىنداڭ ۋۇجوڭشىننى ئەۋەتتى. ئۇ شىنجاڭدىكى كەسكىن ۋەزىيەتنى يۇمشىتىش خام خىيالىدا 1944-يىلى تۈرمىدىن قىسمەن ئىنقىلابچىلارنى چىقاردى. شۇ قاتاردا لۈجىمۇ تۈرمىدىن چىقتى. بۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە زور تارىخىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنىدى. ئىلىدا 1944-يىلى كۈزدە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى پارتلاپ، ئىنقىلابنىڭ يالقۇنلىرى پۈتۈن ئۆلكىنى قاپلىدى. ئەينى ۋاقىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ۋە شىنجاڭ شۆيۇەنىدە ئوقۇپ ماكسىزملىق روھقا ئىگە بولغان ھەمدە جاللات شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ چېنىققان بىر تۈركۈم ئىلغار خەنزۇ زىيالىيلىرىدىن جاۋمىڭ (كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىدا ئىشلىگەن)، خەن شىيې(گومىنداڭنىڭ ئىلىدا تۇرغان سىلىڭيۈەنى ياۋ سىلىڭنىڭ كۈيئوغلى، ياۋ سىلىڭ گومىنداڭ ئىچىدىن چىققان ئىلغارلاردىن بولغانلىقتىن، 1941-يىلى شېڭ شىسەي تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن.) جاڭ زىيۇەن (كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىدا ئىشلىگەن، «شىنجاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



گېزىتى» ئىدارىسىدىكى يولداش جاڭ جۇڭجىننىڭ ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا، جاڭ زىيۇەن بۇ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ شۇجىسى ئىكەن)، ۋاڭ شىجۇڭ، لى يۇشياڭ، ۋاڭ دۇسۇڭ قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ماسلىشىپ، 1944-يىلى 1-ئايدا ئۈرۈمچىدە يوشۇرۇن يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلات كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى (1946-يىلىغا كەلگەندە نامى «كۆرەش تەشكىلاتى» بولۇپ ئۆزگەرتىلگەن) قۇرۇلۇپ دۈشمەن ئارقا سېپىدە ئاممىنى ئويغىتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەش ئوتىنى تۇتاشتۇرغانىدى. بۇ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى «يۇڭ سا» (قومنى ئوت بىلەن تاۋلاش) ناملىق ژۇرنالنى شىپىگىراپتا بېسىپ نەشر قىلغان.

1942-يىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوف سۈرگۈن ۋاقتى توشۇپ، ساۋەندىن ئىلىغا كېلىپ، ئىلى ۋالى مەھكىمىدە تەرجىمان، قىزلار گىمنازىيىسىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ تۇرغاندا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن لۈجى مەخپىي ئۇچراشقان، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇرۇن شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، كېيىن تۈرمىگە قامىلىپ، ئاندىن ئىلى ۋالى مەھكىمىسىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان ھەم بۇ ماركسىزمچىلار گۇرۇپپىسىغا ئەزا بولغان يولداش ۋىن فېيرەننى ئابدۇكېرىم ئابباسوف مەخسۇس ئالاقىچى سۈپىتىدە 1944-يىلى قىش پەسلىدە ئۈرۈمچىگە يولغا سېلىپ، بۇ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى، كۆرەش نىشانى، ئەزالارنىڭ سالاھىيىتى، ئوينىغان رولى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنى تەۋرەنمەي كۆرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان ۋە قوللاپ مەدەت بەرگەن.

يولداش لۈجى تارىختا يېقى سەھىپە ئاچقان بۇ تارىخىي بۇرۇلۇشلارنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا خۇشال بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى، دەسلەپكى بۇ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنى قورغۇچى ئىلغار خەنزۇ زىيالىيلىرىنىڭ كۆپچىلىكى شەرقىي شىماللىق بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە 1944-يىلىغا قەدەر شىنجاڭدىكى پارتىيە ئىش بېجىرىش ئورنى جاللات شېڭ شىسەينىڭ قاتىللىقى بىلەن ۋەيران بولغانلىقتىن، ئۇلار بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىككىنچىدىن، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى يۇرتى ئازاد رايونلارغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىپ، ھەممىگە ۋاكالىتەن 1945-يىلى جاڭ زىيۇەن چوڭچىڭغا بېرىپ، ماۋدۇن ئارقىلىق جۇئېنلەينىڭ كاتىپى بىلەن كۆرۈشۈپ، پارتىيىگە ئومۇمىي ئەھۋالدىن دوكلات بېرىپ، يولىيورۇق سورايدۇ. پارتىيىدىكى رەھبىرىي يولداشلار ئۇلارغا شەرقىي شىمالغا يۆتكىلىپ، پارتىيىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى بيۇروسى بىلەن

مۇناسىۋەت باغلاشنى، شىنجاڭدا قالغانلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرى بىلەن بىرلىشىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىشنى تاپشۇرىدۇ. شۇندىن كېيىنلا كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرى يەنئەن ۋە ئازاد رايونلارغا يۆتكىلىپ كېتىدۇ.

1946-يىلىغا كەلگەندە لۇجى، چىن شىخۇا، لى تەيىۋ، تۇجى، خې رۇي، يۈجەنلىن قاتارلىقلار ۋە باشقا يولداشلار كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئىشىنى قايتىدىن رەتلەپ، شىنجاڭدا يىلتىز تارتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى يولىدا كۈرەش قىلىشقا ئاتلىنىدۇ ۋە پارتىيىنىڭ تۈرمىدىكى ياچېيكىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا تىرىشىدۇ. يولداش جاڭ زىيۇەننىڭ يازغان خېتىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، تۈرمىدىن ئاغرىق سەۋەبى بىلەن قويۇپ بېرىلگەن ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۈرمىدىكى كوممۇنىستلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، خەۋەر ۋە تەمىنات يەتكۈزۈپ يۈرگەن يولداش شې لياڭ بىلەن تونۇشۇپ، تۈرمىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ ئىسمىلىكىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئىسمىلىكنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يولداش جاڭ يىچىڭ (جاڭ زىيۇەننىڭ سىڭلىسى) غا تاپشۇرىدۇ. يولداش جاڭ يىچىڭ بۇ تىزىملىكنى پۇتىغا كىيگەن خەينىڭ چەمى ئاستىغا تىكىپ يوشۇرۇپ، لەنجۇغا بېرىپ پارتىيە لەنجۇ ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى جاۋ پېيلىيەنگە بېرىدۇ. يولداش جاۋ پېيلىيەن بۇ ئىسمىلىكنى چاپىنىنىڭ مۇرىسىگە تىكىپ، جۇئېنلەينىڭ كاتىپى يولداش دې چۇەنتۇڭغا يەتكۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ 1946-يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرمىدىكى كوممۇنىست يولداشلارنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشىدۇ. 1946-يىلى10-ئايدىن باشلاپ لۇجى جۇڭگو-سوۋېت مەدەنىي ئالاقىلىشىش جەمئىيىتىدە مەدەنىي-مائارىپ ۋە ئاخباراتچىلىق خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىلغار زىيالىيلار ۋە ئىنقىلابىي ئامما ئىچىدىن ئىنقىلابنىڭ ئىز باسار كۈچلىرىنى يېتىشتۈرۈش يولىدا پائال ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئەزالارنىڭ سانى 100دىن ئاشىدۇ.

جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ شانلىق غەلىبىسى ۋە ھەربىي جەھەتتىكى ستراتېگىيىلىك ئۈستۈنلىكى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىپ قويىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭچىلار شىنجاڭدا داۋاملىق يوت تىرەپ تۇرۇش ۋە ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش ئۈچۈن ھەربىي كۈچىنى خالىغانچە يۆتكەش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولدى. ماغدۇرىدىن كەتكەن گومىنداڭچىلار ئاخىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ بىلەن ئۇرۇش توختىتىپ، تېچلىق بىتىمى ئىمزالاش تەكلىپىنى بېرىشكە مەجبۇر بولدى. 1946-يىلى1-ئاينىڭ

2-كۈنى ئۈرۈمچىدە 11 ماددىلىق سىياسىي بىتىم ئىمزالىنىپ، شىنجاڭدا ۋاقىتلىق تىنچ ۋەزىيەت ئورنىتىلدى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. لېكىن كۆپ ئۆتمەي گومىنداڭ تەرەپ بىتىمنى بۇزۇپ، تۈرلۈك سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ ئاشكارە ھالدا تېررورلۇققا ئۆتتى. بۇنىڭغا ئۆلكە دائىرىسىدە مەيدانغا كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان ئاممىنىڭ ئىستىخىيىلىك كۈرەشنى ئاڭلىق ئەمەلىي ئىنقىلابىي پائالىيەتكە يېتەكلەش، جۈملىدىن گومىنداڭنىڭ ئىچكى زىددىيىتى ۋە ئاجىزلىق ھالقىسىدىن پايدىلىنىپ دۈشمەن كۈچىنى پارچىلاپ، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەش نۆۋەتتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلە بولۇپ قالغانىدى.

1947-يىلى 1-ئاينىڭ 21-كۈنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف تۇرغان ئۆيدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋە ئۈرۈمچىدىكى «كۈرەش» تەشكىلاتىدىن بولۇپ ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ باش قوشقان يىغىنى بولدى. بۇ يىغىندا ئابدۇكېرىم ئابباسوف سۆز قىلدى ۋە ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىرلىكتە 1946-يىلى گومىنداڭنىڭ نەنجىڭدە ئېچىلغان مىللىي قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان چاغدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەنجىڭدىكى ئورگىنىنىڭ مەسئۇلى دۇڭ بىۋۇ بىلەن ئىككى قېتىم كۆرۈشۈپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە دوكلاتىنى ۋە كۈرەش تەشكىلاتى نامىدىن لۇجى باشلىق يولداشلارنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇقىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ، بۇندىن كېيىنكى ئىنقىلابنىڭ كۈرەش نىشانى، سىياسىي تاكتىكىسىنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بىردانە خەۋەرلىشىش ئاپپاراتى بىلەن يولداش پېڭ گوئەننىڭ بىرگە كەلگەنلىك خوشخەۋىرىنى ئاڭلاتتى. بۇ يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىنىڭ بۇ غەمخورلۇقىدىن چەكسىز خوشال بولۇپ، دېموكراتىك ئاساستا مۇزاكىرە قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تايانچ بازىلىرىنى يادرو قىلىپ، دېموكراتىيە ۋە تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى نىشان قىلغان، شىنجاڭ خەلقچىل ئىنقىلابىي پاتىيىسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنى تەسىس قىلدى. بۇ كومىتېتنىڭ قىسقارتىلغان ئىسمى خ ئى پ دەپ ئاتالدى. لۇجى بۇ مەركىزى كومىتېتنىڭ يەتتە ۋىلايەتنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان ئۈرۈمچى كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ پائالىيەت ئېلىپ باردى. خ ئى پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇ باشقا يولداشلار بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، يەتتە ۋىلايەتتە مەيدانغا كەلگەن ئاممىنىڭ ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى ئىستىخىيىلىك كۈرەشنى ئاڭلىق ئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىزىغا سالدى. ھەر جاي-

ھەر ئورۇندا كۆتۈرۈلگەن ۋە ئۇيۇشقان ئىنقىلابىي كۈچلەرنى يېتەكلەپ، خ ئى پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرلىككە كەلگەن يېتەكچىلىكى ئاستىدا پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا ھەرىكەت قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى. دۈشمەن ئىچىدىكى ئىلغارلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۈشمەن كۈچىنى يېتىم ھالغا چۈشۈردى ۋە ئاجىزلاشتۇردى. ياراملىق ئەزالارنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ، بىر نەچچە يۈزگە تەرەققىي قىلدى. لۇجىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە «كۈرەش» ژورنىلى نەشردىن چىقىپ ۋە تارقىتىلىپ، جايلاردىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ مەنىۋىي-سىياسىي كۈرەش قورالىغا ئايلاندى.

1946-يىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ يېنىدا مۇھاپىزەتچى بولۇپ تۇرغان چاغلىرىمدا، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ماقالىسىنى، يەنئەندىن ئېلىنغان ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە لۇجىغا داۋاملىق يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرغانىدىم.

گومىنداڭ تەرەپ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە ھالدا سۇيىقەستلىك، بۇزغۇنچىلىق ۋە تېررورلۇق يۈرگۈزۈپ بېتىمنى بۇزغانلىقتىن، 1947-يىلى 3-ئايدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرى ئىلىغا قايتتى. شۇ قاتاردا خ ئى پ نىڭ دۈشمەن تەرىپىدىن سېزىلىپ قالغان ئەزالىرىدىن لى تەييۇ، چېن شىخۋا، فەن يىنجۇڭ قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرگە، پارتىيە ئەۋەتكەن ۋەكىل پېڭ گوئەنلەر ئىنقىلابىي رايون ئىلىغا چېكىندۈرۈلۈپ، ئاخبارات ساھەسىدە خىزمەت ئىشلىدى.

يولداش لۇجى بولسا يولداش تۇجى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ، ئىنتايىن خەتەرلىك مۇھىت ئىچىدە دۈشمەننىڭ يۈرەك قەپىزىگە ئورۇنلىشىپ، ئىنقىلابىي جاسارەت بىلەن يەر ئاستى كۈرەشنى قانات يايدۇردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ خەنزۇ مىللىتى بىلەن باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ دوستانە بىرلىك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ئالدى بىلەن خەنزۇ خەلقى نامىدىن ھەر مىللەت خەلقىغە مۇراجىئەتنامە يېزىپ، ئامما ئىچىگە تارقىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى كۈچەيتتى. «25-فېۋرال» قانلىق ۋەقەسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئاشكارا پاش قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشىنى خەلققە بىلدۈرۈپ، خەلقنىڭ ئىنقىلاب غەلىبىسىنى ھوشيارلىق بىلەن قوغداش ئېڭىنى ئۆستۈردى. كۆپلەپ يەنئەن ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئىلغار كۈچلەرنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا بولغان چوڭقۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇھەببىتى ۋە ئىشەنچىسىنى مۇستەھكەملىدى. شۇنىڭدەك يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ خەنزۇ خەلقىغە مەخسۇس مۇراجىئەتنامە يېزىپ ۋە ئۇنى جايلارغا تارقىتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە مەجبۇرى ئەگەشكەن ۋە ئالدانغان خەنزۇ خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ، ئەكسىيەتچىلەردىن چەك ئايرىپ، بىر تەرەپلىمە مىللىي قاراش بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قولچوماق بولۇپ، مىللىي قىرغىنچىلىق ئۇرۇشىنى قوزغاپ، ھەر مىللەت خەلقىنى قايتىدىن ئۇرۇش دېڭىزىغا ئىتتىرىش غەرىزىدىن ھوشيار تۇرۇش ئۈچۈن، بىھۇدە قۇربان بېرىشتىن ساقلىنىشقا، جۇملىدىن ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغى ئاستىدا، بىر نىيەتتە كۆرەش قىلىشقا چاقىردى. بۇ مەزگىلدە پۈتۈن ئۆلكە دائىرىسىدە تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قوغدىغۇچى ئىلغار كۈچلەر بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچى ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان كەسكىن سىياسىي جەڭ قىزىپ كەتتى.

1948-يىلى 1-ئاۋغۇست كۈنى ئىلىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى رەئىسلىكىدە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلۇپ، خ ئى پ نىڭ بارلىق ئەزالىرى ئىتتىپاقنىڭ تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتتى ۋە شۇندىن باشلاپ ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىشىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئورتاق كۆرەش قىلىدىغان مىللىي خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابى غەلىبىلىك راۋاجلاندى. 1949-يىلى 8-ئاينىڭ22-كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ ئازادلىقىغا بولغان چەكسىز خۇشاللىقىنى ئېلىپ، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1-سانلىق يىغىنىغا ۋە دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئاباسوف، گېنېرال مايور دەلىلقانلار بىلەن بىرلىكتە كېتىۋاتقاندا، ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ، بەختكە قارشى قازا تاپتى.

ئازادلىقتىن كېيىن 1949-يىلى 12-ئاينىڭ 28-كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تۆتگان ئۇيۇشما كۇلۇبىدا «كۆرەش» تەشكىلاتى بارلىق ئەزالىرىنىڭ يىغىنى ئېچىپ، يىغىندا داۋجېڭشى شۇجى سۆز قىلدى. 1950-يىلى ئەتىيازدا ئۇيغۇر-قازاق كۇلۇبىدا يەنە ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرىنىڭ يىغىنى ئېچىلىپ، يىغىندا تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى ليۇ خۇا سۆز قىلدى. ئۇلار سۆزلىرىدە: سىلەر بۈگۈنگە قەدەر ئىنقىلاب ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىپ تارىخىي تۆھپە

قوشتۇقلار. بۇگۈنكى يىغىن سىلەرنىڭ غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىشتا كۆرسەتكەن خىزمەت ۋە پائالىيىتىڭلارنى تەقدىرلەش، شۇنىڭدەك بۇرۇن يوشۇرۇن بولغان بولساڭلار، بۇگۈن ئوچۇق-ئاشكارە بولۇپ بىر-بىرىڭلار بىلەن ئۇچراشتىڭلار، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن پارتىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن سىلەرنى تەبرىكلەيمىز. بۇگۈندىن باشلاپ سىلەر ئۆز ئۇستىڭلارغا ئالغان شەرەپلىك ۋە مۇشكۈل ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداپ تاماملىغانلىقىڭىزلار ئۈچۈن، تەشكىلاتىڭىزلار تارقىتىلدى، دەپ ئېلان قىلىپ، تەشكىلات ئەزالىرىغا غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش خاتىرە ئىزنىكى تارقىتىپ بېرىلدى. شۇندىن كېيىن بۇ «كۈرەش» تەشكىلاتى ئەزالىرىنىڭ بىر قىسمى پارتىيىگە، يەنە بىر قىسمى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرىپ، داۋاملىق كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىدى.

* * *

ئىنقىلابىي قۇربان لۇجىنىڭ ئىنقىلابىي تارىخىنى تولۇقلاپ يېزىشىمغا سابىق «كۈرەش» تەشكىلاتىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئەزالىرىدىن: چېن شىخۇا، لى تەيىۋ، جاڭ پاڭ، جاڭ مىنجىڭ، جاڭ جۇڭجى، ۋېن پىرەن، سەيپۇللايوف، مەھەممەت روزى قاتارلىق يولداشلار قىزغىن ياردەم بەردى. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتىدىكى يولداش نىياز قۇربان ۋاقىت چىقىرىپ، ئېرىنمەستىن مەن بىلەن بىللە ئۇزۇن يولنى پىيادە بېسىپ، ماقالىنىڭ تولۇق بولۇشىغا كۆپ ھەسسە قوشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يولداشلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# ئەكبەر باتۇر

قوجاي دوقاس

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە سۆز بولغاندا خەلق ئاممىسى ئەڭ ئاۋۋال مەشھۇر باتۇر ئەكبەرنى سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئەسلەيدۇ. ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىشلىرىنى سۆيۈنگەن ھالدا ھېكايە قىلىدۇ.

ئەكبەر خەلقنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، ئەسىرلەر بويى نامى ئۆچمەيدىغان خەلق قەھرىمانى. ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانلىق چاڭگىلىدىن خەلقنى ئازاد قىلىش يولىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئوتىنى تۇنجى قېتىم تۇتاشتۇردى. قوراللىق كۈرەش بازىسىنى قۇردى. دۈشمەنگە قارشى 1-ئوقنى ئۆزى ئاتتى. نىلقا ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىدە ئاجايىپ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. باتۇرانە جەڭ قىلىپ، شىددەتلىك جەڭلەردە ھۇجۇم بىلەن دۈشمەن سەپلىرىنى بۇزۇپ ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بولدى. ئۆز قېنى ئارقىلىق ئىنقىلابقا يول ئاچتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىدا ئەكبەرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئالاھىدە، تۆھپىسى تەڭداشسىز. خەلق ئىچىدىكى ئىناۋىتى ۋە تەسىرى زور، ئۆمرى قىسقا بولسىمۇ، ئۇ باشلىغان ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتى مۇستەھكەم، غەلىبىلىك بولدى. ئۇ باشلىغان قوراللىق كۈرەش گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئارمىيىسىنى تىزگىنلەپ تۇرۇش قۇدرىتىگە ئىگە بولدى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئازادلىق كۈرەشنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا پايدىلىق شەرت-شارائىت ياراتتى. ئەكبەر ئاساسىنى قۇرغان قوراللىق قوشۇن 1950-يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ، ئۆزىنىڭ جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب قوشۇنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

ئەكبەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى ئورنى ۋە تۆھپىسى ئۆز ۋاقتىدا يۇقىرى باھالانغان. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا «خەلق قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نام ۋە پولكوۋنىك دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋان بەردى. ئائىلىسىگە ئىنقىلابي قۇربان كىنىشكىسى بېرىلدى. مەرھۇم ئىسھاقبېك ھەر يىلى «8-ئاپرېل»

كۈنى (ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلغان بايرام كۈنى) «بىزنىڭ غەلىبىمىز باتۇر ئەكبەر ـ سېيىتنىڭ قان بەدىلىگە كەلگەن» دەپ ئەسكە ئالاتتى.

ئەكبەر 1917 ـ يىلى9 ـ ئايدا ھازىرقى نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي قىشلىقىدا، كەمبەغەل چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ قازاقنىڭ قىزاي قەبىلىسىدىن چىققان. بېرىقى بوۋىسى قابانباي، ئەكبەر قابانباينىڭ يەتتىنچى ئەۋلادى. ئۇنىڭ دادىسى ئېسبوسىن ئاتاقلىق باتۇر بولۇپ، 1928 ـ يىلى قىش مەزگىلىدە كۈرەدىكى ئىلىنىڭ كاتتىبېشى جىلىنىڭ جۇسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يەرلىك ئاتامانلار تەرىپىدىن سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ چاغدا ئەكبەر 13 ياشتا، ئىنىسى ناۋان يەتتە ياشتا بولۇپ، دادىسىدىن ئايرىلىپ، ئانىسى مەرىيەنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن. ئېسبوسىن يەرلىك ئاتامانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئېسبوسىنىنىڭ ئاۋۇلىنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى باندىتلار بۇلاپ كەتكەن، ئىسبوسىنىڭ ئىنىسى قاسىم يەرلىك زومىگەر ھۆكۈمرانلاردىن ئاكىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا كىرىشىپ، ھۆكۈمەتكە قارشىلىق بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن تۈرمىگە قامىلىپ، قىيناپ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن. مانا بۇ ۋەقەلەر 13ياشتىكى ئەكبەرنىڭ سىنىپىي دۈشمەنلەرگە قارىتا ئۆچمەنلىكىنى بارغانسېرى ئاشۇرغان. ئېسبوسىن ئاۋۇلى تالان ـ تاراجغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، مەرىيە ئىككى يېتىم ئوغلىنى يېتەكلەپ تۆركىنى (ئاۋۇالقى يېرى ـ ئاتا ـ ئانىسى) قوڭىرقان تۆرىنىڭ ئاۋۇلىغا كېلىپ جان ساقلىغان. ئەكبەر تاغىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان. ئۇ يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەندىن باشلاپ دادىسى ئېسبوسىن، كىچىك دادىسى قاسىمنى ئۆلتۈرگەن يەرلىك زومىگەرلەردىن ئۆچ ئېلىشقا كىرىشتى. ئۇ دۈشمەندىن قان قەرزنى قانداق قايتۇرۇۋېلىش يولىنى تاپالماي يۈرگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنى قورallıق كۈرەش ئارقىلىق ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پرولېتارىيات ھاكىمىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى، كەمبەغەللەرنىڭ تەڭ باراۋەرلىككە يەتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر ـ ماقالىلەرنى كۆرۈپ سىنىپىي ھېسسىياتى ئويغىنىشقا باشلايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مېيىرمان، قاناپىيا قاتارلىق مۇئەللىملەر بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلىشىپ، كۈرەش قىلىش يوللىرىنى بىلىۋالىدۇ. كەمبەغەللەر قوراللىق كۈرەش قىلىپ، فېئوداللىق چىرىك ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى قۇرغاندىلا كەمبەغەللەرنىڭ تەڭ ـ باراۋەرلىككە يېتىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئۆزى بىلەن سىرداش ئادەملەرنىڭ كۆپىگە بۇ ھەقتە تەشۋىق قىلىدۇ.

ئانىسى مەرىيە ئەكبەرگە دادىسى ئىبىسىنىڭ باتۇرلۇقى توغرىسىدا مۇنداق بىر قانچە تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئېيتىپ، ئىلھاملاندۇرىدۇ. 1907-يىلى ئىيۇل ئېيىدا «مايتۆپىدە سىيەز (مەجلىس) ئېچىلىپ، سايلام بولىدۇ» دېگەن خەۋەر ئىلى ۋادىسىدىكى قازاق رايونلىرىغا تارقىلىدۇ. بۇ سىيەزنى ئىلىنىڭ جياڭجۈنى كۈنەنۇ باشقۇرىدۇ، ئەلگە يېڭىدىن باشلىق سايلايدىكەن دېيىشىپ، شۇ چاغدىكى باي، مىرزىلار مەنسەپ ئۈچۈن جان تىكىپ تەييارلىق كۆرىدۇ، ھەربىر بولۇس ئۆز ئېلىگە سېلىق سېلىپ جياڭجۈنگە پارە بېرىپ، مەنسەپ سېتىۋېلىش ھەرىكىتىگە كىرىشىدۇ. كۈنەستىن تېرگەۋسىز بولۇسنىڭ 30 ئات، بەش تۆگىگە تاۋار-دۇردۇن، ئالتۇن، يامبۇ ئارتىپ كۈنەستىن يولغا سالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئىبىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ. شۇ يىلى ئىبىسىنىڭ ئاۋۇلى قىشتا مال-چارۋىسى جۇت-ئاپەتكە ئۇچراپ، يازدا سېلىق تۆلەپ، تۇرمۇشتا ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، كۈن كەچۈرۈش قىيىن بولغان ئەھۋالدىكەن، ئىبىسىن ئاۋۇلنىڭ يىگىتلىرىگە: «بەگ-بولۇسلار مەنسەپ سېتىۋېلىش ئۈچۈن جياڭ جۈنگە ئەلنىڭ مال-مۈلكىنى يىغىۋېلىپ ماڭغۇزۇپتۇ، ئېلىپ كېتىۋاتقانلار ئۆزىمىزگە ئوخشاش كەمبەغەللەر، ئۇلار بەرسە قولىدىن، بەرمىسە يولىدىن ئېلىپ كېتەيلى» دەپ كېچىلەپ بىر توپ يىگىتنى باشلاپ يولغا چىقىپ، كۈنەس دەريا بويىدىكى چۇۋۇرما دېگەن يەردە يول توسۇپ ياتىدۇ. كۈندۈزدە جياڭجۈنگە ئەۋەتكەن تارتۇق-سوۋغىلارنى ئېلىپ بىر نەچچە ئادەم كېلىدۇ. ئىبىسىن تار يولنىڭ ئاغزىدا ئۇلارغا ئۇچرىشىپ ئەھۋالنى ئۇقۇشقاندىن كېيىن، باينىڭ مالايلىرىغا: «سىلەرنىڭ ئەكېتىۋاتقانلىرىڭ خەلقنىڭ مال-مۈلكى، بۇ خەلقنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق، قارشىلىق كۆرسەتسەڭلار ئۆزۈڭلەرگە زىيان، ئات-ئۇلاغ، ئوزۇق-تۈلۈكنى ئېلىپ، ئېلىڭلارغا قايتىڭلار!» دەپ ئۇلارنى يولغا سالىدۇ-دە، جياڭجۈنگە ماڭغۇزۇلغان سوۋغات-تارتۇقلارنى ئولجا ئېلىپ، ئەلگە (خەلققە) تارقىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىبىسىنىڭ باتۇرلۇقى ئەلنى خوشال قىلىپ، «باتۇر» دەپ ئاتاشقا باشلايدۇ. باي، بولۇسلار بىلەن جياڭجۈن مەھكىمىسى بولسا ئىبىسىنغا «ئوغرى» دېگەن نام بېرىدۇ. «ئىبىسىن قولغا چۈشسە ئۆلتۈرۈلسۇن، كىم ئۆلتۈرسە ئات-تۆگە مۇكاپات بېرىلىدۇ» دەپ يارلىق جاكارلايدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىبىسىنىڭ كەينىگە پايلاقچى چۈشىدۇ. شۇ پايلاقچىنىڭ تۈپەيلىدىن ئىبىسىن سوۋېت يېرىگە قېچىپ ئۆتۈپ، قاراقول دېگەن يەردە ئۈچ يىل تۇرۇپ، 1923-يىلى قايتىپ كېلىدۇ. ئەل-يۇرتنى سېغىنغان باتۇر قورغاستىن ئۆتۈپ، ساقاناجىنىڭ ئاۋۇلىغا كېلىپ، قىز تويىغا قاتنىشىپ، تاماشا

قىلىنىۋاتقاندا، بىر ئىشپىيون جياڭجۈن مەھكىمىسىگە ئېسبوسىن ساقاناجىننىڭ ئاۋۇلىدا يۈرىدۇ، دەپ خەۋەر يەتكۈزىدۇ. ئېسبوسىن ئەتە ماڭىمەن دەپ تۇرغاندا ئۇ جياڭجۈن مەھكىمىسى ئېسبوسىننى تۇتۇشقا ئىككى چېرىك چىقىرىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ قالىدۇ. ئېسبوسىن ئەتىگەنلىك چاينى ساقاناجىننىڭ ئۆيىدىن ئىچىپ چىققاندىن كېيىن، جياڭجۈن مەھكىمىسىگە ئۆزۈم بارىمەن، دەپ بىر تۈركۈم قىمىز، ئىككى شىشە هاراق ئېلىپ، بىر قوزا ئۆڭكۈرۈپ، مەھكىمىگە قاراپ ماڭىدۇ. ئاقسۇ سۈيىنىڭ بويىغا كەلگەندە قورال ئېسىلغان ئىككى چېرىك ئالدىدىن  چىقىدۇ. ئېسبوسىن ئۆزلۈكىدىن بۇ ئىككىسىگە ئۇچراپ، تۆۋەنگە چۈپ چاپقىلى كېتىۋاتقان ئادەم ئىكەنلىكىنى دەيدۇ. چېرىكلەر: «ئىسمىڭ كىم؟» دەپ سورايدۇ. ئېسبوسىن ئىسمىم «قاناتباي، ساقاناجىننىڭ مالچىسىمەن» دەيدۇ. ئۇلار «ساقاناجىننىڭ ئۆيىدىن ئېسبوسىن دېگەن ئادەمنى كۆردىڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئېسبوسىن هودۇقماستىن: «ئېسبوسىننى كۆردۈم، ساقاناجىننىڭ ئۆيىدە ئويۇن-تاماشا قىلىپ تۇرىدۇ. قولىدا مىلتىقى بار ئىكەن» دەيدۇ. چېرىكلەر: «سەن بىزگە يول باشلا، بىز ئېسبوسىننى تۇتىمىز» دەيدۇ، ئېسبوسىن ئىككى چېرىككە: «سىلەر ئۇ يەرگە كۈندۈزى بارماڭلار، ئېسبوسىننىڭ قولىدا قورالى، يېنىدا ئادىمى بار، كۈندۈزى بارساڭلار خەتەرگە ئۇچرايسىلەر، مەن سىلەرنى تۈندە ئەگەشتۈرۈپ باراي» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇچەيلەن سۇنىڭ بويىدا دەرەخنىڭ سايىسىدا دەم ئېلىپ، قىمىز بىلەن هاراقنى ئىچىپ، قوزىنى سويۇپ گۆشىنى يەپ مەززە قىلىپ يايرايدۇ. ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتە مەست بولغان ئىككى چېرىكنىڭ بىرىنى سۇغا تېپىپ چۈشۈرۈۋېتىدۇ-دە، يەنە بىرىنى مۇشت بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ، دەرەخقە تېڭىپ قويۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈشكە ئۇلارنىڭ ئىككى ئېتى بىلەن ئىككى قورالىنى ئېلىپ: «ئېسبوسىن دېگەن مەن، جياڭجۈنگە دەڭلار مەن سوۋېتكە كەتتىم» دەيدۇ-دە، يۈرۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېسبوسىن كۈن-تۈن مېڭىپ ئۇلاستاينىڭ ئاققىساڭدىكى ئاۋۇلىغا كېلىدۇ. ئېسبوسىن كەتكەندىن كېيىن مەست چېرىك ئېسىنى يىغىپ، دەرەخكە تېڭىلغان چېرىكنى بوشىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىغا ئەيىبلىك  بولۇپ، جياڭجۈن  مەھكىمىسىگە بارماي، باشقا يۇرتقا قېچىپ كېتىدۇ.

ئېسبوسىن ئاۋۇلىدىكى ئەزىمەت-يىگىتلەر  ئېسبوسىن  يىغقان قورالنى يوشۇرۇپ هۆكۈمەتكە تاپشۇرمىغان ئىدى. شۇ قوراللارنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ئەكبەر باتۇر باشلىغان ئېسبوسىن ئاۋۇلىنىڭ يىگىتلىرى كۆتۈرۈپ چىقىپ، تۇنجى قېتىم دۈشمەنگە زەربە بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ نىلقىدىن باشلىنىشىدا ئەكبەر باتۇرنىڭ رولى

پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى 1939-يىلىدىن 1944-يىلىغىچە شېڭ شىسەينىڭ فاشىستىك دىكتاتۇرىسىغا دۇچكەلدى. گومىنداڭ تۈرمىلىرى ئاتالمىش قوزغىلاڭچىلار بىلەن تولدى. باش جىنايەتچى دەپ ئاتىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامالدى. ئىلىدىكى قازاق مىللىتىنىڭ مەشھۇر ئادەملىرىدىن ئەۋلقان گۆك، ماقسۇت ئاقالاقچى، شائىر تاڭجارىق قاتارلىقلار بولۇپ ئىلىنىڭ ئۆزىدىنلا نۇرغۇن ئادەم قولغا ئېلىندى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارىتا خەلقنىڭ قارشىلىقى كۈنسايىن كۈچەيدى. نىلقا ناھىيىسىدىكى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى ئىشپىيونلارنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن، ئەكبەرنى قورال ساقلىغان، «دادىسى ئېسبوسىن بىلەن كىچىك دادىسى قاسىمنىڭ قان قەرزىنى ئېلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە قارشى تەدۇر تەشۋىقات تارقاتقان، خەۋپلىك ئۇنسۇر» دەپ ھېسابلىدى. 1944-يىلى 2-ئايدا ئەۋلقان گۆك ئاغرىق سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن چىقىپ، ئاۋۇلغا كەلگەن چاغدا ئەكبەر باتۇر ئەھۋال ئۇقۇش ئۈچۈن ئەۋلقاننىڭ ئاۋۇلىغا كېلىدۇ. ئوبۇلخەيرى تۆرە شۇ كۈنى سۆھبەتتە بىللە بولىدۇ. ئەۋلقان گۆك ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى ئىنىسى ئوبولخەيرى تۆرە بىلەن ئەكبەردىن يوپۇتۇپ-يۇشۇرماي تولۇق سۆزلەپ بەرگەن(ئەكبەر باتۇر ئەۋلقان گۆكنىڭ جىيەنى.) ئۇ شېڭ شىسەي شىنجاڭدا فاشىستىك دىكتاتورا يۈرگۈزۈپ كۆپلىگەن ئىلغار مۇنەۋۋەرلەرنى بىگۇناھ ئۆلتۈرگەنلىكىنى، شۇلارنىڭ ئىچىدە ماقسۇت، ئەبەۋ، شەرىپقان تۆرىلەرنىڭ قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، تاڭجارىقنىڭ تۈرمىدىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرگەن. ئەكبەرنىڭ ئاڭلىماقچى بولغىنىمۇ مۇشۇ ئەھۋاللار ئىدى. ئەكبەر: «تەخسىر گۆك ئىجازەت قىلىپ، دۇئا بەرسىڭىز، بىز قوراللىق كۈرەش قوزغىماقچىمىز، بىزنىڭ ئاۋۇلدا مەرھۇم دادام يىغىپ كەتكەن ئاز-تولا قورال بار. مەن بۆلتۈر يازدا سوۋېت يېرىگە بېرىپ ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلاپ كەلدىم. پاتىخ①شۇياقتا قالدى.مەن ئەلگە تەشۋىق قىلىپ، ئادەم ئۇيۇشتۇرغىلى كەلدىم» دەپ چىن سىرىنى ئېيتىدۇ. ئەۋلقان گۆك قورقۇپ: «ئەخمەق بولماڭلار، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى كۈچلۈك، ئىلىنىڭ ئۆزىدىلا بىر قانچە مىڭلىغان قوراللىق كۈچى بار. سىلەر ئاز ھەم ئاجىز، خەلققە پاراكەندىچىلىك كەلتۈرىسىلەر. تىنچ يۈرۈڭلار، بۇ گېپىڭنى ئىككىنچىلەپ ئاڭلىماي» دەيدۇ. ئەۋلقاننىڭ گومىنداڭ

ھۆكۈمەتكە قارشىلىقى، ئۈچمەنلىكى بولسىمۇ، ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتتىن خەۋىرى بولمىغاچقا ئىنقىلابنى قوللاشتىن باش تارتقان. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئوبۇلخەيرى تۆرە: «ئەكبەرگە يول قويغىنىمىز ياخشىمىكىن! ھازىر ۋەزىيەت ئىنقىلاب قىلىشقا پايدىلىق بولماقتا. قورال تۇتۇپ بىر باتۇر ئوتتۇرغا چىقسا، چوقۇم ھەر مىللەت خەلقى دەۋرەپ مەيدانغا چىقىدۇ. ئەگەر ئىنقىلاب قىلىشقا جۈرئەت قىلساق سوۋېت ھۆكۈمىتى ئادەم ـ قورال تەرىپىدىن ياردەم بېرەلەيدۇ. خەلقئارادا گېرمانىيە فاشىزمى، ياپون جاھانگىرلىكى تىز پۈكۈش ئالدىدا تۇرماقتا. قىزىل ئارمىيە جياڭ جيېشى قوشۇنلىرىغا شىددەتلىك زەربە بەرمەكتە. ئۇنىڭمۇ كۈنى ئاز قالدى» دەپ ئاكىسى ئەۋەلقانغا ۋەزىيەتنى تونۇشتۇرۇپ، ئەكبەرنى قوللاش، مەدەت بېرىش پوزىتسىيىسىنى بىلدۈردى.

ئەكبەر باتۇر ئوبۇلخەيرى تۆرىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاۋۇلغا قايتماي، تاغلىرىمدىن ھال سورىغىلى كەلدىم دېگەننى باھانە قىلىپ، چونجى، ئاقتوبەك، كېلەڭ قاتارلىق جايلاردىكى خەلققە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى پاش قىلىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنى ماختاپ تەشۋىق قىلىپ يۈرگەن چاغدا نىلقا ناھىيىلىك ساقچىنىڭ داڭلىق ئىشپىيونى مالاي « ئەكبەر دېگەن كىشى چونجى خەلقىغە تەتۈر تەشۋىق قىلىپ، خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى نارازىلىقىنى قوزغاۋاتىدۇ» دەپ ساقچىغا مەلۇم قىلىدۇ. مالاي شەھەردىكى خوجايىنلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ ئاۋۇلغا قايتىپ كېلىۋاتقاندا قاش دەريا كۆۋرۈكىدە ئەكبەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. مالاي شۇئان: «ئەكبەر سېنى ساقچى ئىدارىسى چاقىرىۋاتىدۇ، يۈر، ھازىر مەن سېنى باشلاپ باراي، مېنىڭ تونۇشلىرىم بار، ساڭا زىيان يەتكۈزمەي ئۆيۈڭگە قايتۇرۇۋېتىمەن» دەيدۇ. ئەكبەر باتۇر مالاينىڭ رەزىل نىيىتىنى سېزىپ قېلىپ، ئاچچىقى كېلىپ، ئۇنى قامچا بىلەن باشقا بىرنى ئۇرۇپ ئاتتىن چۈشۈرىدۇ. مالاي: «تەخسىر، باتۇرۇم سىزنى مەن ساقچىغا مەلۇم قىلغان ئەمەس، باشقا بىراۋ بولۇشى كېرەك» دەيدۇ. ئەكبەر مالاينى شۇ يەردە ئۇرۇپ، ئۆلەر ھالەتتە تاشلاپ كېتىدۇ. ئەسلى ئۆلتۈرۈپ سۇغا تاشلىۋەتمەكچى ئىكەن، ئەتراپتا ئادەملەرنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ قالغانلىقتىن، ئەكبەر تېز چېكىنىپ، شەھەرگە كىرمەي كېچىلەپ سۇدىن ئۆتۈپ، ئۆيىگە بارىدۇ. مالاي ئەكبەردىن تاياق يەپ ئۆلگىلى تاس قالغانلىقىغا نومۇس قىلىپ ئاتتىن يىقىلدىم ، دەپ قويىدۇ.

مەن 1951 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئالتايدىن ئالمىشىپ ئىلىغا كەلگەن كۈنى كەچتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۇ چاغدىكى ئىلىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى ئوبۇلخەيرى تۆرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قونىدۇم. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قانداقچە نىلقىدىن باشلانغانلىقى، ئىنقىلاب باشلانغان چاغدىكى ئەكبەرنىڭ رولى ھەققىدە تۆرە بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇ: «ئەكبەر باتۇر دادىسىنىڭ خۇنىغا خۇن ئالىمەن، دەپ يۈرىدىغان. ئۇنى بىز جىيەن دەپ ئەركىلىتەتتۇق. ئۇنىڭ قانغا قان ئالىمەن دېگىنىنى ياش بولغاچقا ھەددىنى بىلمەي يۈرىدىغۇ، دەپ ئېرەن قىلمايتتۇق. ئۇ چوڭ بولۇپ دادىسى ئېسبوسىندىن ئاشمىسا كەم چۈشمەيدىغان باتۇر بولىدىغانلىقى بايقالدى. بىز ئىنقىلابنى باشلاشتا دەل مۇشۇ باتۇردىن پايدىلاندۇق. ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقا بولسىمۇ، غايەت زور خىزمەت كۆرسىتىپ كەتتى» دەپ ئۇلۇغ كىچىك تىندى. ئوبۇلخەيرى تۆرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، 1944-يىلى 4-ئايدىن 7-ئايغىچە سوۋېت يېرىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن بالدۇر باشپاناھ ئىزدەپ شىنجاڭدىن سوۋېتكە قېچىپ ئۆتكەن پاتىخ مۇسلىموپ، خەمىت، سېيىت، رەپىق بايچۇرىدىن، ھوشۇرەم، نۇرۇم قاتارلىق 30دىن ئوشۇق ئادەم بىلەن بىللە سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ياردىمىدە بىر مەزگىل ئۇرۇش مەشقى قىلىپ، مەلۇم دەرىجىدە ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئارقىلىق پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۇسۇل-چارىلىرىنى ئۆگەنگەن. شۇلارنىڭ ئىچىدە غۇلجىدىن، سەيدۇللا سەيپۇللايوف دېگەن يىگىت ھەربىي مەشق داۋامىدا پۇتى سۇنۇپ دوختۇرخانىدا قېلىپ، قالغانلار چېگرىدىن يوشۇرۇن ئۆتۈپ، ئۇلاستاينى ماكان قىلىپ، ئۈچ ئايغا يېقىن تەييارلىق قىلغان. ئۇلاستايدا پارتىزانلارنىڭ ئىنقىلابىي بازىسىنى قۇرغان. ئىنقىلابىي بازىنىڭ ئۇ يەردە قۇرۇلۇشى مۇنداق شەرت-شارائىتقا ئاساسلانغان:

1-يەر شارائىتى پارتىزانلارغا پايدىلىق، دۈشمەنگە پايدىسىز. ئۇلاستاينىڭ ئىچىدە ئاققىساڭ دېگەن يەر بولۇپ، بىر دانە پېلىموت بىلەن دۈشمەننىڭ بىر پولك ئەسكىرىنى توساپ تۇرغىلى بولىدۇ. دۈشمەن تەرەپ سايىنىڭ ئاغزىدىنلا كېلەلەيدۇ. پارتىزانلار ئۈچۈن يوشۇرۇنۇشقىمۇ، دۈشمەننىڭ ئالدىدىن ياكى ئارقىدىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىشقىمۇ ھەم قولايلىق.

2-نىلقا خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋە يەرلىك زومىگەرلەرنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقىغا قاتتىق ئۇچرىغان. ئالۋاڭ-ياساقنىڭ تۈرى ئون نەچچىگە يەتكەن. خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشىلىقى ئىنتايىن كۈچىيىپ، بىرەر باتۇر ئات سېلىپ ئالغا چىقسىلا دەۋرەپ كۆرەشكە ئاتلىنىشقا تەييار ئىدى.

3- ئېسبوسىن ئاۋۇلىنىڭ ئەكبەر، سېيىت باشچىلىقىدىكى ئەزىمەتلىرى

شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قورال تاپشۇرمىغان. ئۇلار پۇرسەت كۈتۈپ قانغا قان ئالىمىز، دەپ بىلەك شىمايلاپ، قىلىچىنى بىلەپ يۈرگەن مەزگىل ئىدى.

4 ـ نىلقا ناھىيىسى شۇ چاغدا پۈتۈنلەي چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ، پارتىزانلىق ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئات ـ ئۇلاغ، ئوزۇق ـ تۈلۈك يېتەرلىك ئىدى.

5 ـ نىلقىدا گومىنداڭنىڭ ھەربىي كۈچى ئاجىزراق بولۇپ، ياردەمگە كېلىدىغان كۈچكە يەر شارائىتى قۇلايسىز ئىدى. پارتىزانلار ئۈچۈن ئات يوللىرى، يوشۇرۇن چىغىر يوللار كۆپ. شۇڭلاشقا ئەكبەر باتۇر ئۆزىنىڭ ئاتا ماكانى ئۇلاستايىنى، ئۇلاستايدىكى ئېسبوسىن ئاۋۇلىنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قوماندانلىق ئورنى قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇ ئاۋۇلنىڭ دۈشمەن زەمبىرىكىنىڭ ئاستىدا قېلىپ، قىرىلىپ كېتەرمىكىن، دەپ گۇمان ـ ئەندىشە قىلمىدى. غەلىبە قىلىشقا تولۇق ئىشەندى. ئۇنىڭ ئىشەنچىسى باتۇرلىقىغا زور ئىلھام بولدى. ئەكبەر ئۆز ئاۋۇلىدا پارتىزانلار شتابىنى قۇرغاندىن كېيىن ئەتراپتىكى قازاق ئاۋۇللىرىغا ئۆزى باشلاپ تەشۋىق قىلدى. «ئېزىلىپ، خارلانغان خەلقلەر بىرلىشىڭلار!» دېگەن ماۋزۇدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى پاش قىلىپ، ئىنقىلاب ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى خەلق قولىغا ئېلىش مەزمۇنىدا قازاقچە تەشۋىق ۋەرەقىلىرى يېزىلغان بولۇپ، تۇنجى قېتىم يولداش مۇقامىيا 40 نۇسخىغا كۆچۈرۈپ مەكتەپ، مەسچىت، مەھەللە، ئاۋۇل ئەتراپىدا تارقىتىدۇ. نىلقا ناھىيە بازىرىغا يولداش مۇقامىيانىڭ ئۆزىنى تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىشقا ئەۋەتىدۇ ۋە ئەكبەر، خەمىت، ئوسمان ئۈچەيلەن كېچىلەپ ئۇلاستاي تېغىدىن چۈشۈپ، جالىنقول، جارتوغان، قاراسۇ، كۆكەباي مەھەللىلىرىگە كېلىپ تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىدۇ ھەم ئادەملەرگە ئاغزاكى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ، خەلقنى ئىنقىلاب قىلىشقا قوزغايدۇ.

بۇ رايوندىكى ئاساسلىق خەلق ـ قازاق ۋە يەرلىك مۇڭغۇل قېرىنداشلاردىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ ئەتراپتىكى نوپۇزلۇق ئادەملەرنى يىغىپ مەجلىس ئاچىدۇ. ياشلار ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ئەكبەرگە ئەگىشىدۇ. بىر كېچە ـ كۈندۈز تەشۋىق قىلىش جەريانىدا ئەكبەرگە كېلىپ ئۆزىنى تىزىملاتقان ئادەم 300 نەپەرگە يەتكەن. دەل شۇ چاغدا پارتىزان تەشكىلاتىغا ئادەم كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا ئەكبەرگىلا تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. چۈنكى شۇ يەردىكى ئەلنىڭ ھەممىسى ئەكبەرنى تونۇيتتى، ئەكبەرنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىناۋىتىمۇ ۋە دادىسىغا ئوخشاش باتۇر دېگەن ئاتىقىمۇ بار ئىدى. ئەكبەر باتۇر دادىسى يىغىپ بەرگەن ئاز ـ تولا قوراللارنى تىقىپ، ساقلاپ يۈرگەنلىكىنى ھۆكۈمەت تەرەپ سېزىپ، قورال تاپشۇرمىدىڭ، دەپ قاماققا ئالغاندا، ئەكبەر قورالىم بار ئۆزەم

تېپىپ بېرىمەن دەپ، تۇرمىدىن چىقىپ ئاۋۇلغا كەلگەندىن كېيىن ساقچى ژاندارمىلىرىنى ئالداپ، قېچىپ كەتكەن. ئىنىسى سېيىت ئىسمائىلنىڭ كېيىل بولۇشى بىلەن ئەكبەرنى تېپىپ بېرىمەن دېگەن ئامال بىلەن تۇرمىدىن چىقىدۇ. ناۋان بىلەن ئۈچەيلەن قورغاس چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، ئىيىنتالدا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 40-پولكىغا بېرىپ، قورال ياردەم سورىغان. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن شوكمان دېگەن قازاق بۇلارنى قوبۇل قىلىپ، هازىرچە قورالنى سېتىپ بەرگەن بولايلى، سىلەر چېگرىدىن قايتا ئۆتۈپ، ئات ئېلىپ كېلىڭلار، دېگەن. بۇ پىكىرگە ماقۇل بولۇپ، ئەكبەر، سېيىت، ناۋان ئۈچەيلەن كېچىلەپ چېگرىدىن ئۆتۈپ، گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ باجغا يىغقان گەز ئېتىدىن 10 ئاتنى تالاپ ئوغرىلاپ ئېلىپ، سوۋېت چېگرا شتابىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، 10 مىلتىق، 10 مىڭ تال ئوق ئېلىپ، چېگرىدىن يوشۇرۇن ئۆتۈپ ئۇلاستايغا كەلگەن. بۇ چاغدا ئادەم كۆپىيىپ قورال يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئوبۇلخەيرى تۆرە بىلەن پاتىخنىڭ نامىدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتە خىزمەت قىلىۋاتقان كىرىلونكى دېگەن رۇسقا (سوۋېت كونسۇلىستىۋا سودا شىركىتىنىڭ باشلىقى 1943-يىلى يازدا ئۇنى گومىنداڭ قولغا ئېلىپ ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېتىۋاتقاندا كەڭسايدا كونسۇل تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىپ، سوۋېتكە قاچۇرۇۋېتىلگەن) خەت يېزىپ، پارتىزانلارنىڭ ئىچىدىكى خىزمەتچىلەردىن سىبانبېك، ئەلارىس، ئىسھاقجان، قۇربانبېك، تولىقباي قاتارلىق بىر گۇرۇپپا ئادەم تەيىنلەپ، جالىنقولنىڭ بېشىدىكى ئۈچبۇلاقتا ئولتۇرغان قاسەننىڭ ئۆيىدە مال سويۇپ، تىلەك-تىلاۋەت قىلىپ يولغا سالغان. ئۇلار كىشى بېشىغا بىردىن قورال (بەش ئاتار)، ئىككى ئاپتومات، 5000 تال مىلتىق ئوقى ۋە 5000 تال ئاپتومات ئوقىنى ئېلىپ، 9-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قايتىپ كەلگەن. ئەكبەر، خەمىت، سېيىت باشچىلىقىدىكى بىر توپ پارتىزان مازار، قارا سۇدىن نىلقىغا ئۆتىدىغان يولنى بۇزۇپ، تېلېفون سىمىنى ئۈزۈپ، تاڭ ئېتىشىغا مازاردا بېكىنىپ ياتقان گومىنداڭنىڭ بىر ئەسكىرى ئات سۇغارغىلى چىققاندا يېقىن بېرىپ ئوق چىقىرىپ، ئىككى ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بەش قورالنى ئولجا ئېلىپ كېلىدۇ. ئەتىسى ئۇلاستايغا هۇجۇم قىلىپ كەلگەن گومىنداڭنىڭ قورallanغان 30 ئەسكىرىنى يوقىتىپ، ھەممىسىنىڭ قورالىنى تارتىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاستاي پارتىزانلىرىدىن 60 تىن ئارتۇق ئادەم قورالغا ئىگە بولىدۇ. قوزغىلاڭغا دەسلەپ قاتنىشىپ، قورال تۇتقانلار-پاتىخ، ئەكبەر، سېيىت، ناۋان، خەمىت، رەپىق، هوشۇرەم، نۇرۇم، غېنى، ئوسمان، ئىسلامبېك، ساتقىنباي، مېدەتبېك، ئېۋان، نۇربولات، سىبانبېك،

ئەلارىس، ئىسھاقجان، تولىقباي، جانبولات، نۇرغالى، ئەلى، شىمىت، دورىجا، مۇساقان قاتارلىق 30 غا يېقىن ئادەم ئاساسلىق تىرەك ۋە مەرگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. نىلقىغا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن ئاي ئاۋۋال، ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن قېچىپ قاراباغدىكى ئۆيىگە كەلگەن غېنىغا ناۋاننى ئەۋەتىپ، قوش ئات بىلەن چاقىرىپ ئېلىپ كەلگەن. غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلى بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن رەپىق بايچۇرىن ئۇلاستاي بىلەن غۇلجا ئارىلىقىدا يۈرۈپ، دۈشمەن تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. ئەكبەرنىڭ پىكرى بويىچە سېيىت بىلەن خەمىت يان قورالىنى يوشۇرۇن ئېسىپ، تاشداۋان(قازاقلار تاستابان دەيدۇ. مۇھەررىردىن ئىزاھ) يولىنى توسۇپ، ماناپقان بىلەن تۆبېك باينى قاراڭغۇ كېچىدە تۇتۇۋېلىپ، ئەكبەرگە تاپشۇردى. ئەكبەر ئۇلارنى گومىنداڭغا ئەگىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنى يۇيۇپ، ياخشى ئادەم بولۇشقا تەربىيە بېرىپ قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، دۈشمەن ئەھۋالىنى ئۇلار ئارقىلىق ئوبدان ئىگىلەپ ئالدى.

## ئۇلاستاي، نىلقا، باسلگەن جەڭلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشىدا ئەكبەرنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئامال-تەدبىرى

1944-يىلى9-ئاينىڭ 20-كۈنى ئۇلاستايغا بېكىنگەن پارتىزانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ماناپقان، نۇرسالىم، تۆبېكباي، تۇمار بېكلەر گومىنداڭنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن غۇلجىدىن ئىككى ئاپتوموبىلدا ئەسكەر باشلاپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى تەشۋىق ۋەرەقىسىنى نىلقا ناھىيە بازىرىغا تارقاتقىلى بارغان مۇقامىيا ئاڭلاپ قېلىپ، دەرھال مۇساقان بوۋايغا يەتكۈزىدۇ. مۇساقان ئاتقا مىنىپ، مولداجاننىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇن مەجلىس ئېچىپ تەشۋىق قىلىۋاتقان ئەكبەرگە مەلۇم قىلىدۇ. ئەكبەر دەرھال يېنىدىكى يولداشلىرىنى باشلاپ، ئورۇن يۆتكەپ يېشىل كۆل داۋىنىغا بېرىپ بېكىنىدۇ. بۇ كۈنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى مولداجاننىڭ ئۆيىگە تاڭ سەھەردە ئوق ئېتىپ، ئەر كىشى تاپالماي، مولداجاننىڭ ئايالىنى باغلاپ ئېلىپ نىلقىغا قايتىدۇ. ئۇلار: ئەكبەر باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار 300 دىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، ھەممىسىدە قورال بار ئىكەن، سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن نۇرغۇن ياردەم ئېلىپتۇ، يەڭگىلى بولمايدىغان غالىپ كۈچكە ئايلىنىپتۇ، دېگەن مەلۇماتنى نىلقا ناھىيىسىنىڭ كاتتىلىرىغا بېرىپ دوكلات قىلىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپ 100 گە يېقىن قوراللىق ئادەمنى ئۇيۇشتۇرۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆلاستاينىڭ ئۈچ تەرىپىدىن قورشاپ يوقىتىشقا ئاتلاندۇرىدۇ. ئۇقاس ماپاڭ، جامى كەسكى، رېن داسۇ باشچىلىقىدىكى 30 نەپەر ئەسكەر ئۆلاستاينىڭ ئاغزىدىن، نۇرساپا، ياسىن باشچىلىقىدا 20 ئەسكەر، كۆكە باي، ئېرىمودىن تەرەپتىن (شتابنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىن)، شىڭ شىڭ، مەتكېرىم، رەخىم جۇيجاڭ باشچىلىقىدا 20 ئەسكەر يېشىل كۆل چىپار ئارشادىن ( غەرب تەرەپتىن) قورشاپ يوقاتماقچى بولۇپ، نىلقىدىن ئاتلانغان خەۋەرنى سىۋىز (خەۋەرچىلەر) دەرھال ئەكبەرگە يەتكۈزىدۇ. ئەكبەر باتۇر پارتىزانلارنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپ، ئۈچ تەرەپتىن كەلگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە قانداق زەربە بېرىش ھەققىدە ئۆز پىلانىنى ئوتتۇرىغا مۇنداق قويىدۇ: ئېغىزدىن ئۆرلەپ كېلىدىغان گومىنداڭ كۈچىنىڭ سانى كۆپ، بىراق بىزگە يەر شارائىتى ئەپلىك، ئىككى تەرەپتىن كېلىدىغانلار ئېدىر يوللار بىلەن تاغ ئېشىپ، تاش دەسسەپ كېچىكىپ كېلىدۇ. ئۇلار كەلگۈچە تەكشى تۈز بىلەن كېلىدىغان غول كۈچنى ساي ئېغىزىدا كۆرۈپ تۇرۇپ، يېقىن يەردىن زەربە بېرىپ يوقاتساق، ئىككى تەرەپتىن كېلىدىغانلىرى چېكىنىپ قايتىپ كېتىدۇ. چېكىنمەي كېلىۋېرىدىغاندەك بولسا، ئازراق ئادەم ئەۋەتىپ، بىر ئاز ئېتىشىپ، يالغاندىن قاچقان بولۇپ، ئۆلاستايغا كىرگۈزۈشمىز كېرەك. شۇ چاغدا دۈشمەن بىزنى قوغلاپ قىساڭغا كىرسە قورشىۋېلىپ، بىراقلا يوقىتىمىز ، دەيدۇ. پارتىزانلارنىڭ ھەممىسى ئەكبەرنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدۇ. مۇشۇ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ساي ئاغزىدىن كەلگەن دۈشمەننى يېقىن كەلتۈرۈپ ئوق چىقىرىدۇ. دۈشمەنلەر قاچقاندا خەلق بىردىن ئېتىلىپ، شوئار توۋلاپ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى يەر چىشلىتىدۇ. بىر نەچچىسىنى ئاۋۇل ئاياللىرى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىدۇ. ئۆلاستايدىكى دەسلەپكى جەڭدە ئەكبەر باتۇرنىڭ ھەربىي ئۇرۇش تاكتىكىسى بويىچە پارتىزانلار ئەكبەرنىڭ قوماندانلىقىدا ھەممە بىردەك ئاتلىنىپ كۈرەش قىلغانلىقتىن پارتىزانلارنىڭ قەددى كۆتۈرۈلۈپ، روھى ئۆسۈپ، شادلىققا چۆمۈپ، خەلقتە زور ئىشەنچ تۇرغۇزۇلىدۇ. ئەكبەر باشچىلىقىدىكى ئۆلاستاي پارتىزانلىرىدىن ئۈمىد بارلىقى ھېس قىلىنىدۇ. ئۆلاستاي، جالىنقول، جارتوغان، كۆكەباي قاتارلىق يەرلەردىكى خەلق بىر تۇتاش پارتىزانلار تەرەپكە ئۆتتى. شۇ كۈنكى غەلىبىنى تەبرىكلەپ قازاق ئاۋۇللىرى ئاق سارباس قويلىرىنى سويۇپ (دۇئا ـ تىلاۋەت ياكى زارا ـ خەتمە) ئەكبەر باتۇرغا ئاق يول تىلەشتى. «ئالتە ئوغرى» نىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى، گومىنداڭ مۆرىتى كەلسە بىر كۈندىلا تۈتۈپ، باشلىرىنى كېسىدۇ، بۇلارنىڭ كاساپىتى خەلققە يېتەرمىكىن، ئەكبەرنىڭ دادىسى ئېسبوسىنمۇ ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشمەن،

دەپ دۈشمەن قولىدا ئۆلگەن، ئەكبەرمۇ دادىسىغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالىدىغاندەك تۇرىدۇ، دېگەن جۆيلۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئۈلاستاي جېڭىنىڭ غەلىبىسى بىلەن يوققا چىقتى. پارتىزانلار دەسلەپكى جەڭدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۈلاستاي ئاققىساڭىنىڭ ئاراش تەكچىسىگە يىغىلىپ، كۆپ-كۈندۈزدە يىغىن ئاچتى. ساي ئاغزى، ئېگىزلىكتە قاراۋۇللار دۈشمەن تەرەپنى كۆزەتتى. مەجلىس مۇنداق بىر نىيەتكە كەلدى:

1- سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال ئالغىلى 3-قېتىم بارغان سىبانېپكىلەر كەلسۇن. قوشۇنىمىزغا قوشۇلغان ئەلنى قوراللاندۇرايلى، كۈچىمىزنى ئۈلغايتايلى.

2-دۈشمەن تەرەپنىڭ ئىچىمىزگە ئىشپىيون كىرگۈزۈپ ئەھۋال ئىگىلەپ كېتىشىدىن ھۇشيار بولۇش كېرەك.

3- رازۋېدكا قىلىپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن نۇرغالى، ئىسھاقجانلار نىلقىغا، ساتقىنباي، ھوشۇرەم، نۇرۇملار مازارغا بەلگىلەندى.

4- ئاچال تەرەپتىن كېلىدىغان دۈشمەننىڭ ئالدىنى توساپ، قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئىۋان، خەمىتلەر مەسئۇل بولىدۇ. چۈنكى شاۋكەت دېگەن تاتار 16 ئادەم بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئاچالدىن ئېشىپ، داخىياڭزىغا تاڭ سەھەردە چۈشۈپ، گومىنداڭنىڭ بازار چېتىدىكى قاراۋۇلىدا تۇرغان ئەسكەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، بىر مۇنچە قورالنى قولغا چۈشۈرۈپ، بىر لىەن ئەسكەرنى ئارقىغا چېكىندۈرۈپ، داخىياڭزىنى ئازاد قىلدۇق، دەپ ھېسابلاپ، ئاشخانىدا بىخىرامان تاماق يەپ ئولتۇرغاندا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بېسىپ كىرىپ، پارتىزانلاردىن بىر نەچچىسىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا يەرلىك خەلقنىڭ ياردىمى بىلەن توققۇز ئادەم قېچىپ چىقىدۇ. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بۇلارنى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر كەلگەن، شۇڭلاشقا ھەر ئېھتىمالغا قارشى كىچىك بىر توپ پارتىزاننى ئاچالنىڭ ئاغزىنى توسۇشقا ئەۋەتىدۇ.

5- ئەكبەر ئۆزى باش بولۇپ، سۈپتايدىكى خەلققە تەشۋىق قىلىش، تېلېفون سىمىنى ئۈزۈش، تاشيول، كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

6- مازاردا بېكىنىپ ياتقان دۈشمەنگە تېگىپ، يالغاندىن چېكىنىپ قاچقان بولۇپ، دۈشمەننى ئوچۇقچىلىققا باشلاپ چىقىپ قىرىپ يوقىتىشنى بەلگىلىدى.

ئەكبەر سۈپتايدىكى مەنسۇر شاڭيو(ئۇيغۇر) بىلەن بىرلىشىپ، سۈپتاي خەلقىنى يىغىپ، تەشۋىق قىلىپ ئولاستاي ئۇرۇشىدىكى غەلىبە خەۋىرىنى خەلققە يەتكۈزۈپ، خەلقنى كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۇردى. ئاقموللا دېگەن ئىمامنى سۇلتان ئۇۋەيس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مازىرىغا ئەۋەتىپ، خەلققە تەشۋىق قىلىدۇ. مازاردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى چۆچۈتۈپ، كۆۋرۈك، تېلېفون سىملىرىنى بۇزۇپ، كېچىلەپ ئۇلاستايدىكى شتابقا قايتىپ كېلىدۇ. پارتىزانلار بىر تەرەپتىن دەم ئېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن تەييارلىق كۆرۈپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ يەنە بىر قېتىم ئىزدەپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. دەل شۇ چاغدا سوۋېتتىن بىر قىسىم مىلتىق-ئوق ئېلىپ كېلىنىدۇ. پارتىزان شتابى بارلىق غول ئادەملىرىنى قاتناشتۇرۇپ يىغىن ئاچىدۇ. ئۇلارنىڭ يىغىن ئاچقان يېرى ئۇلاستاي ئاقسىقالنىڭ ئاراش تەكچىسى بولۇپ، بەزى دېرەكلەرگە قارىغاندا 17-ئۆكتەبىر كۈنى ئېچىلغان بۇ مەجلىس ئاراش تەكچىسىدىكى 3-قېتىملىق مەجلىس ئىكەن. مەجلىستە نىلقىنى قانداق ئازاد قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇزاكىرە قىلىدۇ. مەجلىسنى پاتىخ باشقۇرىدۇ. ئۇ سۆزىدە: «بىز قېتىم ئەكبەرنىڭ ئامال-چارىسى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ بىردەك كۈچ چىقىرىشى ئارقىلىق ئۇلاستاي ئۆرۈشىدا زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۇق. گومىنداڭ يېتىم قالدى، خەلق بىز تەرەپكە ئۆتتى، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدۇق. ھەممىمىز ئەكبەردەك باتۇر، ئەكبەردەك ئامال-تەدبىرلىك بولساق نىلقىنى چوقۇم ئازاد قىلالايمىز» دەيدۇ. كۆپچىلىك مەجلىستە ئەكبەرگە كۆپ رەھمەت، ئالقىش ئېيتىدۇ. كۆپچىلىك ئەكبەر باتۇر دەپ سۆزلەپ، خەلق شۇ مەجلىستە تەبىئىي ھالدا باتۇرلۇق ئاتىقىنى بېرىدۇ. ئەكبەر ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپچىلىككە قاراپ: «كۆپچىلىكنىڭ غەمخورلۇقىغا رەھمەت، مەن ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە كۆرەش قىلىمەن» دەيدۇ. ئۇ ھەم نىلقا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى يوقىتىپ، ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كۆپچىلىك مەسلىھەت قىلىپ، پارتىزان قوشۇنىنى ئۈچ توپقا بۆلىدۇ.

1-ئەكبەر توپى. ئۇنىڭ تايانچ ئادەملىرى ۋە مەرگەنلىرى سېيىت، نۇرغالى، ئابدۇماناپ، دوسىنقان، مۇساقان، شىمىت قاتارلىقلار، جەمئىي 100 گە يېقىن ئادەم، بۇلار نىلقىنىڭ غەربىي شىمالىدىن-تۇرك مەھەللىسى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرمەكچى بولىدۇ.

2-غېنى توپى. ئۇنىڭدىكى تايانچ ئادەملەر ئوسمان، سىبانبېك، ھوشۇرەم، نۇرۇم قاتارلىق 100 گە يېقىن ئادەم، ئۇلار نىلقىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى قاش كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىش، چونجىدىكى خەلقنى قارا كۆرسىتىشكە يىغىپ كېلىش.

3 ـ توپ: ئىۋان، خەمىت توپى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ناۋان، ۋاسىلى، رەپىق بايچۇرىن قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار مىڭغا يېقىن ئادەمنى يىغىپ، نىلقىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى كونا بازاردىن تېگىش بەلگىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۈچ تەرەپتىن ئالتە مىڭغا يېقىن ئادەم زور قوشۇن بولۇپ ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. 20 ـ ئۆكتەبىر تاڭ سەھەردە جەڭ باشلاندى. ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئېتىشىپ ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلدى. نىلقىنى ئازاد قىلىش توغرۇلۇق ئىلگىرى بىر قانچە ماقالىدە تونۇشتۇرۇلدى. مېنىڭ بىلىدىغىنىم بۇلاردىن ئانچە پەرق قىلمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جەريانغا توختالمايمەن.

نىلقا ناھىيە بازىرى ئازاد بولۇشى بىلەن تەڭ غۇلجىدىن گومىنداڭنىڭ بىر پولك ئەسكىرى چىقىپ، تاشداۋانغا يېتىپ كەلدى، دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى. تاشداۋانغا كەلگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پارتىزانلارنىڭ يىراقتىن قارىسىنى كۆرگەندىن كېيىن تاش كاۋاكلىرىغا يوشۇرۇنۇپ پارتىزانلارغا ئوق ياغدۇرۇپ، پارتىزانلارنى ئالغا ماڭغۇزمايدۇ. دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ئەكبەر مۇنداق تاكتىكا قوللىنىدۇ: سېيىت باشچىلىقىدا بىر توپ پارتىزان دەريانى ياقىلاپ دۈشمەنگە يېقىن بېرىپ، ئوق چىقىرىش، دۈشمەن تەرەپ پارتىزانلارغا ئوق ياغدۇرغاندا پارتىزانلار نىلقا ناھىيە بازىرىغا قاراپ قېچىش؛ پارتىزانلارنىڭ ئاساسىي كۈچى تاشداۋاننىڭ تاغ تەرىپىدىن ئېشىپ چۈشۈپ، دۈشمەننىڭ ئارقا يولىنى كېسىپ، كەينىدىن يۆگەپ كېلىپ، دۈشمەن چېكىنگەن پارتىزانلارنى قوغلاپ غىلتاڭغا چىققاندا، تاغنى ئىگىلەپ، دۈشمەننى قىسماققا ئېلىپ يوقىتىش. جەڭ ئەكبەرنىڭ مۇشۇ تەدبىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، دۈشمەننى كەينى ـ كەينىدىن تارمار قىلىپ يەڭدى. بىر قىسىم دۈشمەن جان قاچۇرۇپ، قاشنىڭ سۈيىدىن ئۆتۈپ، ئاقتۆبەك ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىگە قېچىپ كەتتى. كېلەڭگە قېچىپ ئۆتكەن ئىككى ئەسكەرنى سوغا چىققان قازاق ئاياللىرى ئەپكەش بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ، قوراللىنى تارتىۋېلىپ، ھەيدەپ كەلگەن.

نىلقىدىكى پارتىزانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن گومىنداڭ يەنە غۇلجا شەھىرىدىن ئۈچ پولك ئەسكەر چىقىرىپ، نىلقىنى ئۈچ تەرەپتىن قورشىدى. ئەكبەر توپى باسلىگەندىن كەلگەن دۈشمەننى يوقىتىشقا مەسئۇل بولدى. غېنى توپى كۈنەس ئاققوي كېمىسىدىن توسۇپ دۈشمەنگە زەربە بەرمەكچى بولدى.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشكە يېقىن ئەكبەر باسلىگەنگە كەلدى. سېيىت، بايبەكلەرنىڭ 60 تەك پارتىزانى دەل شۇ چاغدا دۈشمەن بىلەن شىددەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



جەڭ قىلىشۋاتقاندى. دۈشمەن بىلەن پارتىزانلارنىڭ ئارىلىقى بىر قەدەر يىراق ئىدى. ئەكبەر بۇ ئەھۋالنى ئىگىلەپ، دۈشمەننىڭ 300 دىن ئارتۇق ئادىمى، 200 دەك ئېتى، 10 نەچچە ھارۋا ۋە 10 نەچچە تۆگىسى بارلىقىنى بىلدى.

ئۇ پارتىزانلارنى غىزالاندۇرۇپ بولۇپ، مۇنداق ئورۇنلاشتۇردى: (1) قارا كۆرسىتىشكە خەلق ئاممىسىنى يىغىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. مۇنداق قىلىشتىكى مەقسەد، «نۇرغۇن قوشۇن» نىڭ قارىسىنى كۆرسىتىپ، دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىش؛ (2) تاغ چوققىلىرىنىڭ ھەممىسىگە تاش يىغىپ، مۇداپىيە ئاباروندىنى ياساش ھەم ھەممە تاغنى پارتىزانلار ئىگىلەپ ئالغان قىلىپ كۆرسىتىش؛ (3) باسىلغەننىڭ ساي ئاغزىدىن نۇرغۇن يىلقىنى ھۈركۈتۈپ ئۈرلىتىپ، دۈشمەن ئاباروندىغا يېقىن بارغاندا ئوق چىقىرىش، بۇنىڭ بىلەن دۈشمەن يىلقىغا ئوق ياغدۇرۇپ ئوقىنى تۈگىتىدۇ. يىلقىلار قايتا قاچقاندا پارتىزانلارنى قاچتى دەپ ھېس قىلىپ، كۆرەڭلەپ ئوچۇقچىلىققا چىقىدۇ. تاڭ ئېتىشىغا ئاشكارە چىققان دۈشمەننى يېقىن يەردىن دەككىسىنى بېرىش كېرەك، دەپ ئورۇنلاشتۇردى. ئورۇنلاشتۇرۇش 11-ئاينىڭ 2-كۈنى ئىدى. ئىش شۇ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئىشلەندى. 30-كۈنى سەھەردە خەلق ئارمىيىسى يىغىلدى. باسىلغەن داۋانىدىكى دۈشمەن قاراۋۇلىنىڭ قارشىسىدىكى چىغىر يول بىلەن تۆپىنى چۆرگىلەپ ياغاچ مىلتىق كۆتەرگەن كەڭ خەلقنى كۈن چۈشكىچە توپقا بۆلۈپ ماڭغۇزدى. قارا كۆرسەتكىلى كەلگەن 300 دەك ئادەم دۈشمەنگە 3000 دىن ئوشۇق بولۇپ كۆرۈندى. چۈشتىن كېيىن خەلق ئارام ئالدى. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئېگىز-ئېگىز تۆپىلەرگە تاش دۆۋىلەپ قارانچۇق ياسىدى. تاڭغا يېقىن ئوبۇلخەيرى تۆرە بىلەن ئىمان دېگەن باينىڭ بىر نەچچە يۈز يىلقىسىنى ساينىڭ ئاغزىغا ئۈرلىتىپ ھايداپ، دۈشمەنگە زور قوشۇن بېسىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلدۇردى. دۈشمەن تەرەپ ساراسىمىگە چۈشۈپ، سايغا قاراپ قاراڭغۇدا ئوق ياغدۇردى. ھۈركىگەن يىلقىنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق تىۋىشى يېتكۈچە دۈشمەن تەرەپ ئوقنى ئايىماي تۆكتى. پارتىزانلار دۈشمەننىڭ بېقىنىدىن ئىككى قىرىقنى دالدا قىلىپ يېقىن بېرىۋالدى. تاڭ سۈزۈلۈپ يورۇق چۈشۈشىگە دۈشمەن ئەسكەرلىرى قېچىپ كەتكەن يىلقىنىڭ سايدىكى ئىزىغا قاراپ، ھاڭۋېقىپ، نېرى-بېرى مېڭىپ، ئارقىسىدىكى سايدىن ئېگىزلىككە چىقىپ، پارتىزانلار تەرەپنى كۆزەتتى. دۈشمەن تەرەپنىڭ توپ-توپ بولۇپ، دۆڭگە چىققان قارىسىنى كۆرگەن پارتىزانلار چېنەپ تۇرۇپ ئوق ياغدۇرۇۋېدى، دۈشمەن ئەسكەرلىرى چاپقان قومۇچەتەك تۆكۈلدى. دۈشمەن زور چىقىمغا ئۇچراپ، سەپ بۇزۇلۇپ پاتپاراق بولغاندىن

كېيىن ئەكبەر پارتىزانلارنى ئۈچ توپقا بۆلۈپ، دۈشمەننىڭ ئۈچ تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. دۈشمەن قورقۇپ، تاش كاۋاكلىرىغا تىقىلىپ ئوقنى ئاسمانغا ئاتتى. پارتىزانلار دۈشمەنگە يېقىن بارغاندا دۈشمەننىڭ تىرىك قالغانلىرى قېچىشقا يۈزلەندى، دۈشمەنگە يېقىن بارغان جاڭاباي دېگەن يىگىت (يەنە بىر ئىسمى جالباس) دۈشمەننىڭ بىر ئەسكىرىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئىككى ئەسكەرنىڭ قورالىنى تارتىۋالدى. سېيىت باشچىلىقىدىكى بىر توپ ئادەم دۈشمەننىڭ كەينىدىن يۆگەپ دۈشمەن پىلىموتىنى قولغا چۈشۈردى. پىلىموتنى ئەكبەر بىلەن سېيىتتىن باشقىلار ئىشلىتىشنى بىلمەيتتى. سېيىت دۈشمەن پىلىموتىنى قولغا ئېلىپ، دۈشمەنگە ئوق ياغدۇرۇپ بىر مۇنچىسىنى يەر چىشلەتتى. كۈن پېتىپ، قاراڭغۇ چۈشۈشكە دۈشمەن پاتپاراق بولۇپ قاچتى. دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن 200 گە يېقىنى قىرىلىپ، 100 گە يېقىنى قېچىپ كەتتى. 90 دانە مىلتىق، بىر دانە دېكتار پىلىموت ۋە بىر نەچچە يەشىك ئوق غەنىمەت ئېلىندى. قارا كۆرسەتكىلى كەلگەن خەلقلەردىن بىر قانچە ئادەم غەنىمەت ئېلىنغان مىلتىقنى تىزىملاتماي ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەتكەنلىرىمۇ بولدى، شۇ ئۇرۇشتا ئابدۇراخمان دېگەن يىگىت دۈشمەنگە ھۇجۇمغا ئۆتۈش جەريانىدا باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولدى. شۇ قېتىمقى جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئوبۇلخەيرى تۆرە پارتىزانلارنى ئات-ئۇلاغ، ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. ئۇرۇش غەلىبىلىك ئاياغلاشقاندىن كېيىن بىر دانە سېمىز سىيىرنى سويۇپ، پارتىزانلارنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بىر نەچچە مۇڭغۇل ئەزىمەتلىرىمۇ ئالاھىدە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى. باسلىگەندە ئۈچ كۈن داۋام قىلغان جەڭدە ئەكبەر باتۇر بېشىدا ئاق قالپاق، قولىدا ئاق بەردەڭگە مىلتىق، ئاستىدا ئاقبوزئاتى بار كېچە-كۈندۈز ئۇخلىماي، چىۋەرلىك بىلەن قوماندانلىق قىلدى. ئۇ ئوبۇلخەيرى تۆرىنىڭ ئاۋۇلىغا مېھمان بولۇپ ماڭغاندا، خەلق: ئەكبەر تەدبىرلىك قەھرىمان، دېيىشىپ ھەيران قېلىشتى. ئەكبەر باتۇر پارتىزان ئەترىتىنى باشلاپ، چىڭقى چۈشتە قاش سۈيىنى كېچىپ ئۆتۈپ، ئۇلاستاينىڭ سېيىغا كەلگەندە كۆڭۈلسىز خەۋەر كەلدى.

غېنى توپى چېكىنىپ، نىلقا بازىرىنى دۈشمەن ئىشغال قىلىۋاپتۇ، ئىۋان توپى قاراسۇغىچە چېكىنىپ، دۈشمەن بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىۋېتىپتۇ، دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ بىر قىسمى ئۇلاستايدىكى پارتىزان شتابىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇلاستايغا قاراپ مېڭىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاۋۇلدىكىلەر كېلىپ ئەكبەرگە يەتكۈزدى. ئەكبەر دەرھال ئۆز توپىنى ئىككىگە بۆلدى. ئۇلاستايغا قاراپ ماڭغان دۈشمەننىڭ

ئارقا تەرىپىنى كېسىپ تاشلاپ، يوٚگەپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، مېدىلقان، سارقىتباي، ئەلارىس، رەپقەت قاتارلىق يولداشلار باشلىغان بىر توپنى قاراسۇغا قاراپ يولغا سالدى. ئەكبەر بىلەن سېيىت بىر توپ پارتىزان بىلەن ئاقچىغدىن دۈشمەننىڭ بېقىنىدىن زەربە بېرىش ئۈچۈن دەرھال ئاتلاندى. بۇ چاغدا دۈشمەن ئەسكىرى جالىنغول مەھەللىسىنى بېسىۋالغانىدى. پارتىزانلارنىڭ تەرەپ-تەرەپتىن كېلىشى بىلەن يەرلىك خەلق پارتىزانلارنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىپ ئالغا، ئالغا! ئۇررا، ئۇررا ! قابانباي... قابانباي...!! دېگەن شوئارلارنى توۋلاپ دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇمغا ئوٚتۇپ، شىددەتلىك ۋە كەسكىن قۇچاقلاشما جەڭ بولدى. ئەلارىسقا ئوق تېگىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. دۈشمەن قېچىپ قاراسۇغا تىقىلدى. دۈشمەنگە ئەنە شۇنداق ئۈستى-ئۈستىگە زەربە بېرىۋاتقاندا جالىنقولىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى قۇرئوٚزەكتە ئەكبەر باتۇرغا ئوق تېگىپ ئېغىر يارىدار بولدى. ئوق ئاچىېقىنىنىڭ ئالدىدىن تېگىپ، بەل ئومۇرتقىسىنىڭ قانتىنى يېرىپ چىقىپ كەتكەن. خەلق مەيۇسلىنىپ، يىغلاپ، ئۆرۈش تىمتاس توختاپ قالدى. ئەكبەر: «مېنى دەرھال شتابقا يەتكۈزۈڭلار!» دېدى.پارتىزانلار ئەكبەرنى چاڭىراققا② سېلىپ، ئېلىپ كەتتى. ئەكبەر شتابقا بارغاندىن كېيىن پارتىزان باشلىقلىرى دەرھال مەجلىس ئېچىپ، بۆرۈنقى ئۈچ توپ بويىچە، ئەكبەر توپى سېيىتكە تاپشۇرۇلۇپ، ئۈچ توپقا ئۇبۇلخەيرى بىلەن پاتىخ رەھبەرلىك قىلدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى نىلقا تەرەپكە يېتىراپ، غۇلجا شەھىرى بوش قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن، پارتىزانلار كېچىلەپ ئاتلاندى. ئەكبەر ئىنىسى سېيىتكە: «غۇلجىنى تېز ئازاد قىلىڭلار، غۇلجىنى ئازاد قىلغان خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزۈڭلار، شەھەر ئازاد بولۇپ خەلق ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، پارتىزان قوشۇنىنى رەتلەش كېرەك. يامان نىيەتتىكىلەر قوشۇنغا سوقۇنۇپ كىرىۋالمىسۇن. بارلىق مىللەت ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىش كېرەك» دەيدۇ.

ئەكبەرنىڭ قىسقا ھاياتىدىكى ئەمەلىيىتىدىن ئۇنىڭ باتۇر ھەم ئىلغار ئاڭ-پىكىرلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ كىچىكىدىن سىنىپىي تەربىيە كۆرگەن، ئەمگەكچى خەلققە مېھرىبان، سىنىپىي دۈشمەنلەرگە ئوٚچمەنلىكى كۈچلۈك. چەت ئەلگە چىقىپ مەلۇم ۋاقىت ھەربىي تەربىيە ئالغان قەيسەر، تەجرىبىلىك كوماندىر. ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قورال كوٚتۈرۈپ، كوٚكرەك كېرىپ قوشۇن باشلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن كەسكىن-شىددەتلىك كۈرەش قىلدى.

ئۇنى شۇ چاغدىكى سىنىپىي كۈرەش ئېقىمى مەيدانىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ، ئۇلاستايدىكى دەسلەپكى جەڭدە غەلىبە قىلغان مەزگىلدە بىر مۇنچە ئاۋۇل ئادەملىرى: «ئەكبەر سېنىڭ داداڭنى ئۆلتۈرگەن، داداڭنىڭ ئىنىسىنى ئۆلتۈرگەن ئادەملەردىن ئەنت ئالىدىغان كۈن كەلدى» دېگەن. بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندا ئەكبەر: « مېنىڭ دادامنى ئۆلتۈرگۈچىلەرگە يول كۆرسەتكەنلەر ھاكىمىيەت بېشىدىكى خەلققە دېكتاتۇرا يۈرگۈزىۋاتقان فېئودال ھۆكۈمران گۇرۇھلار. ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىملا ئەمەس، خۇددى سىلەرگە ئوخشاش مىڭلىغان ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ ئورتاق دۈشمىنى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئۇ دۈشمەنگە قارشى كۈرەش جەريانىدا خەنزۇ ئەمگەكچىلىرىگە ئازاب-ئوقۇبەت يەتكۈزمەسلىكنى قوشۇندىكى پارتىزانلارغا قارىتا بىر تەرتىپ-تۈزۈم قىلىپ بەلگىلىگەن، ئابدۇللا دېگەن ئوغرى گومىنداڭ تۈرمىسىدىن پارتىزانلار تەرىپىدىن ئازاد قىلىنىپ چىققاندىن كېيىن، قولىغا قورال ئېلىپ، ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆگىزمەلى (ئۆكۈز مەھەللە) دېگەن يەردىكى جاڭ فۇ دېگەن خەنزۇ ئەمگەكچىنىڭ مېلىنى ئوغرىلىغان. بۇنى كۆرگەن خەلق ئەكبەرگە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئەكبەر دەرھال بېرىپ مال-مۈلۈكنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ، ئابدۇللانىڭ قورالىنى تارتىۋېلىپ، شۇ يەردىلا ئېتىۋەتمەكچى بولغاندا ئابدۇللا ئەكبەرگە يالۋۇرۇپ، بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ تۇرۇۋالغان. خەلق ئەكبەردىن ئەپۇ قىلىشىنى سوراپ، ئابدۇللانى ئاتقۇزماي ئېلىپ قالغان. شۇ مەيداندا ئەكبەر: «بىزنىڭ قارشى تۇرۇپ يوقىتىدىغىنىمىز خەلقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى- گومىنداڭ ھۆكۈمىتى، بىگۇناھ خەلق ئەمەس. ئاددىي ئەمگەكچى خەلققە جەبرى-زۇلۇم يەتكۈزۈش گومىنداڭنىڭ قىلىقى. ئابدۇللا سېنىڭ قىلمىشىڭ گومىنداڭدىن پەرق قىلمايدۇ. سەن ئۇرۇش جەريانىدا خىزمەت كۆرسىتىپ، جىنايىتىڭنى يۇيۇشۇڭ كېرەك. پارتىزانلار قوشۇندىكىلەردىن كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەمگەكچى خەلققە جەبرى-زۇلۇم سالسا بىز ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىمىز» دېگەن. ئۇ ئابدۇللانىڭ ئورنىغا باياراننى مەسئۇل قىلىپ، بوربوسۇنغا ئاتلاندۇرۇپ، ئابدۇللانى ئۆزىنىڭ يېنىغا ئېلىپ باسىلگەنگە كەتكەن. ئەكبەرنىڭ كۈرەش داۋامىدىكى ئۆمرى قىسقا بولدى. ئۇ ئۈچ يىل تەييارلىق كۆرۈپ، ئۈچ ئاي ئۇرۇش قىلىپ، زورخىزمەت كۆرسىتىپ، ئالدىراش بولغاچقا، كۈرەش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسە قىلالمىدى. غۇلجىدىكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا ئويلاپ ئۈلگۈرەلمىدى. قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ ئويلىغىنى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئېزىلگۈچى خەلقنى ئازاد قىلىشلا بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەكبەر باتۇر شۇ بىر چاغدا ئارزۇ قىلغان، ئارمان قىلغان، ئالتۇن زامان جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىشىپ كۈچلۈك كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا رېئاللىققا ئايلىنىپ، ئەمەلگە ئاشتى. بۈگۈن بىز ئىنتايىن ياخشى، بەختلىك دەۋردە ياشاۋاتىمىز. بۇ نۇرلۇق زاماننى ھەممىمىز، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلىرىمىز كۆز قارچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، قەدىرلىشى كېرەك. ئەكبەر قاتارلىق باتۇرلارنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقىنى قوغداپ، ئېزىلگەن ئەمگەكچىلارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان ئىنقىلابىي روھىدىن، قىممەتلىك پەزىلىتى ۋە مۇنەۋۋەر ئىستىلىدىن ئۆگىنىپ، ئۇنى قەدىرلەپ، قەلبىمىزگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئورنىتىپ، ئىنقىلابىي روھىمىزنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

---

ئىزاھات:

① پاتىخ مۇسلىموپ نىلقا يەرلىك مال شىركىتىنىڭ باشلىقى. 1943-يىلى 4-ئايدا گومىنداڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدىغانلىق خەۋپىنى سېزىپ قېچىپ ئەكبەرنىڭ ئاۋۇلىغا بارغان. ئەكبەر ئۇنى ئۆيىدە ئۈچ كۈن يوشۇرۇپ، ئات، ئوزۇق تەييارلاپ، سوۋېت يېرىگە ئۆتكۈزۈپ قويغان. ئۇ سوۋېت گىراژدانى، ئىنقىلابنى راۋاجلاندۇرغۇچىلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئاكىسى سادىق موسلىموپنى گومىنداڭ تۇتۇپ كەتكەن.

②چاڭىراق - كىگىز ئۆينىڭ تۈڭلۈك پەنجىرىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى

## 3- سان

# چۆچەك مائارىپىنىڭ 40 يىلى

ئابلىمىت ھاجىيوپ
تاھىر تاشبايېۋ

1930ـ1940ـيىللاردىكى چۆچەك مائارىپىنى شىنجاڭ بويىچە بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان دېيىشكە بولىدۇ ئەلۋەتتە. بۇ ھەقتە سۆز ئاچقاندا چۆچەكنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ.

چۆچەك ـ دۆلەت دەرۋازىسى جايلاشقان جاي. 19ـئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20ـئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا دۆلىتىمىزدىكى نۇرغۇن كىشى چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا، كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىقسا ياكى چەت ئەللىك بەزى ئالىملارمۇ مۇشۇ يەرگە كېلىپ كۆزدىن كۆچۈرگەن ياكى بۇ يەردە مۇھاجىر بولۇپ تۇرغانىدى. شۇ سەۋەبتىن چۆچەك چەتنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىگە چوڭقۇرراق ئۇچرىغان.

شۇ چاغلاردا چۆچەك ئاھالىسىنىڭ كۆپرەكى ئىچكى ئۆلكىلەردىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ۋە قوشنا ئەللەردىن كەلگەن كىشىلەر بولۇپ، يەرلىك ئاھالە ناھايىتى ئاز ئىدى. بۇ يەردە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن سوۋېت رۇسىيىسىدىن ئۆتكەن رۇسلار، تاتارلار، ئۆزبېكلەر؛ 1916ـيىلى چاررۇسىيىنىڭ ئەسكەرلىككە ئېلىشىدىن قېچىپ چۆچەككە كەلگەن قازاقلار؛ ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ شەرقىي ـ شىمال ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن خەنزۇلار؛ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار؛ شۇنىڭدەك 1764ـيىلى جۇڭغارلارنىڭ توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغان ئۇيغۇر، شىبە، داغۇرلار بار ئىدى. شۇ چاغلاردا چۆچەكنىڭ شەھەر ئاھالىسى 35 مىڭچە كىشى ئىدى. ھەر خىل جايلاردىن كەلگەن، خىلمۇ ـ خىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۆپ مىللەت كىشىلىرى ئارىلىشىپ ياشايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سودىگەرلەر بىلەن زىيالىيلارنىڭ سانى كۆپرەك ئىدى. زىيالىيلار، مائارىپچىلار، دوختۇرلار، مال دوختۇرلار، ئاگرونوملار، چارۋىچىلىق تېخنىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇششاق كارخانىچىلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئىقتىدارلىق

كىشىلەر بار ئىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ياخشىراق بولۇپ، ئۇلار ئۆزى بىلەن بىللە باشقا جايلارنىڭ پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر تەرەپتىن سودىگەرچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مائارىپ ئىشى بىلەن شۇغۇللىناتتى. شەخسلەر ئىئانە توپلاپ مەكتەپ، كۇلۇب، كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت ئۆيلىرىنى ئاچقان، ھەتتا مەتبەئە قۇرغان، دوختۇرخانىلارنى ئاچقان، بەزىلىرى ئېلېكتىر ئېنېرگىيە شىركىتى، سودا شىركىتى قۇرغان، بەزىلىرى كۆن-خۇرۇم ئىشلەش، باش - ئاياغ كىيىم تىكىش، كىيىم-كېچەك تىكىش، رېمونتچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ چېگرا شەھىرىدە ھەركىم ئۆز ئىقتىدارى بىلەن رول ئوينايتتى، ئۇ چاغلاردا ئىقتىساد بىر قەدەر تەرەققىي تاپقانلىقتىن، چۆچەكنىڭ مائارىپ-مەدەنىيەت ئىشلىرىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ خېلى ياخشى روناق تاپقان ئىدى.

چۆچەكتە تۇنجى يېڭىچە مەكتەپ ئۆمەر ھاجى دېگەن تاتار كىشى تەرىپىدىن 1910-يىلى قىزىل مەسچىتنىڭ يېنىدا ئېچىلغانىدى (ئۆمەر ھاجى ئەسلىدە چۆچەكلىك چارۋا ئىگىسى، قوشۇمچە سودىگەر ئىدى، كېيىنچە دىنىي ئىشلار ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.) مەكتەپتە ئۈچ سىنىپ بولۇپ، 100 دىن ئوشۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغانىدى. ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۆمەر ھاجى ئوغلى ئابدۇراخمان باشچىلىقىدا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى رۇسىيىنىڭ قازان شەھىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇلار قايتىپ كېلىپ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. بۇ مەكتەپ «ئۆمەرىيە» مەكتىپى دەپ ئاتىلاتتى. كېيىن قىز ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنىپ، شىنجاڭ بويىچە ئوغۇل-قىزلار ئارىلىشىپ ئوقۇيدىغان تۇنجى مەكتەپ بولۇپ قالدى.

شۇ يىلى ئەخمەد بەيدى ئەپەندى قوبۇقساردا بىر يېڭىچە مەكتەپ ئاچتى.

1912-يىلى سوفىيە ئابىستاي دۆربىلجىندە ئۆز قورۇسىدا بىر يېڭىچە مەكتەپ ئاچتى. بۇ مەكتەپ كېيىن كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، دائىرىسى كېڭەيدى. مەشھۇر مائارىپچى فاتىخ روبائىنى ئەپەندى ۋە قوبۇقساردىن يېتىپ كەلگەن ئەخمەد بەيدى ئەپەندى، تالىخە ئابىستايلار بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغانىدى.

1914-يىلى بىر تاتار زىيالىيسى چۆچەكتە تاتار مەكتەپ قۇردى (ھازىرقى چۆچەك شەھەرلىك 5-باشلانغۇچ مەكتەپ.)

1917-يىلى مۇھەممەت شافىخ دۆربىلجىننىڭ جايىر تېغىدىكى قازاقلار

www.uyghurkitap.com



ئارىسىدا ئىمامەتچىلىك قىلىۋاتقاندا دىنىي ۋە پەننىي دەرسلەرنى ئارىلاش ئوقۇتىدىغان مەكتەپ قۇرۇپ، قازاق ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئوقۇتقان. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئەخمەد شافىق ۋە ئەمىن شافىقلار 1918 ـ يىلىدىن 1924 ـ يىلىغىچە جايىر ۋە دۆربىلجىنلەردە يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان.

شىنجاڭدىكى داڭلىق مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر زات مەخسۇت مۇھىتى (ئۇيغۇر، تۇرپانلىق) 1910 ـ يىللىرى رۇسىيىنىڭ قازان، شەمەي قاتارلىق جايلىرىغا سودىگەرچىلىق قىلىپ بېرىپ، ئۇ يەرلەردىكى تاتارلارنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ شىنجاڭغا قارىغاندا كۆپ راۋاجلانغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئۇ يەردىكى تاتار زىيالىيلىرى بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ، شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپىنى قانداق قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەن. ئۇ يەردىكى تاتار زىيالىيلىرى ئۇنىڭغا: «ئاچقۇچ يېڭىچە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتە» دېگەن. شۇڭا ئۇ دۆلىتىمىزگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭىچە مائارىپنى قانداق قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدا شۇ چاغدىكى تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزگەن. بۇ چاغدا شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغانىدى. ئۇ بەزى زاتلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئۈرۈمچى شۆتاڭنى (خەنزۇچە كونىچە مەكتەپ) پۈتتۈرگەن تاھىربەگ قاتارلىق ئۈچ كىشىنى نەنجىڭگە ئەۋەتىپ، شىنجاڭدا يېڭىچە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەققىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تەلەپ قويغان. سۇن جۇڭشەن ھۆكۈمىتى ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالغان ۋە قىزغىن قوللىغان. بۇ ئىشنى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ھەل قىلىپ بېرىشكە ماقۇل بولغان، لېكىن كېيىن ھاكىمىيەتنى يۈەن شىكەي چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغاچقا، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشمىغان. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇت مۇھىتى باشقىچە يول ئىزدەشكە كىرىشكەن. 1914 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇ يەنە رۇسىيىنىڭ قازان شەھىرىگە بېرىپ، م.خەببۇللا ئەپەندى، گۈلەندەم ئابىستاي، ئەلى ئەپەندى، ھېسامىدىن ئەپەندى (ھېسام باۋېن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق ئالتە كىشى بىلەن كېڭىشىپ، ئۇلار ماقۇل بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى چۆچەككە ئېلىپ كەلگەن، كېيىن ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. م.خەببۇللا ئەپەندى، گۈلەندەم ئابىستايلار تۇرپاندىكى ئاستانىغا بارغان. ئەلى ئەپەندى تۇرپان شەھىرىگە، ھېسامىدىن ئەپەندى گۈچۈڭ شەھىرىگە بارغان. قالغان ئىككىسىنىڭ بىرى ئۈرۈمچىدە، بىرى

چۆچەكتە تۇرغان.

ئۇلار بارغان جايلىرىدا مەكتەپ ئاچقان. م. خەبىبۇللا 1921 - يىلى كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ رەپىقىسى گۇلەندەم 1925 - يىلى پەرزەنتلىرىنى ئېلىپ چۆچەككە قايتىپ كېلىپ «گۇلەندەمىيە» مەكتىپى دېگەن مەكتەپنى ئاچقان. مەكتەپ يېڭى قۇرۇلغان چاغدا 60 نەچچە ئوقۇغۇچى بولۇپ، كېيىن تەرەققىي قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلىرى 20 نەچچىگە، ئوقۇغۇچىلىرى 300 نەچچىگە يەتكەن. گۇلەندەم ئابىستاي 1955 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكىچە چۆچەكتە مائارىپ ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. 40 نەچچە يىل داۋامىدا ئۇ شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ چۆچەكنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشقان. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر ئۇنى «ياخشى ئانىمىز» دەپ پەخىرلىنەتتى. تاكى بۈگۈنگىچە ئۇنى يادلاپ تۇرىدۇ.

ئۇ چاغدا ياڭ زېڭشىننىڭ خەلقنى غەپلەتتە تۇتۇش سىياسىتىنىڭ كونترول قىلىشى ۋە دىنىي كۈچلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا، مەخسۇت مۇھىتى ئېلىپ كەلگەن باشقا مائارىپچىلار بارغان جايلىرىدا قاتمۇ-قات قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ، يېڭىچە مائارىپ خىزمىتىنى يولغا قويۇشقا ئامالسىز قالغاچقا، چۆچەككە قايتىپ كېلىپ، چۆچەكتە ئېچىلغان «تۇران» مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان (ھېسامىدىن ئەپەندى يەنە چۆچەكتە نىياز ئىسھاق چىقىرىۋاتقان «بىزنىڭ تاۋۇش» دېگەن گېزىتتە مەسئۇل مۇھەررىرلىك قىلغان.) «تۇران» مەكتىپى شۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭ بويىچە بىرقەدەر مۇنتىزىملاشقان يېڭىچە مەكتەپ بولۇپ، ماتېماتىكا، تىل-ئەدەبىيات، تەبىئەت، تارىخ، جۇغراپىيە، بوغالتىرلىق، خەنزۇ تىلى، رۇس تىلى قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى.

1934 - يىلدىن 1940 - يىلغىچە تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرى پۇل چىقىرىپ مەكتەپ ئېچىش دولقۇنى پەيدا بولغانىدى.

چۆچەكتە بۇرۇنقى «ئۆمەرىيە» مەكتىپى، «تۇران» مەكتىپى، «گۇلەندەمىيە» مەكتىپى، ئىككى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتىپى، بىر رۇس مەكتىپىدىن باشقا يەنە 1938 - يىلى چۆچەكنىڭ شەرقىي قىسمىدا قازاق ياتاقلىق مەكتىپى (ھازىرقى چۆچەك شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ) قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپنىڭ شەرت-شارائىتى شۇ چاغلاردا بىرقەدەر ئىلغار ئىدى. 1940 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە يەنە «دۆرتۋۇل» مەكتىپى (ھازىرقى 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ) قۇرۇلدى. 1936 -يىلدىن 1938 - يىلغىچە ئۆزبېك مەكتىپى (ھازىرقى 3 -ئوتتۇرا مەكتەپ) قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپنى «نەمۇنە» مەكتىپى دەپمۇ ئاتايتتى. بۇ مەكتەپكە تۇنجى مۇدىرلىققا ئەنۋەر تەيىنلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



1938 ـ يىلى تاتار مەكتىپى قىزلار گىمنازىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1936 ـ يىلى «پالتابايىپ» مەكتىپى (ھازىرقى مەدەنىيەت سارىيىنىڭ كەينىدە) قۇرۇلدى. 1936 ـ يىلى «چانىشىپ» مەكتىپى ۋە «مەخسۇدىيە» مەكتىپى (ھازىرقى 7 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ) قۇرۇلدى. 1939 ـ يىلى ۋىلايەتلىك گىمنازىيە(ھازىرقى 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ) قۇرۇلدى.

بۇ مەكتەپلەر شەخسلەر ۋە ئۇيۇشمىلارنىڭ توپلىغان پۇلى ۋە ئىئانىلىرى بىلەن قۇرۇلغان. مەسىلەن، ئۆزبېك مەكتەپ مىر تۆمۈر جامالىدىنىنىڭ باشلامچىلىقىدا پۇل توپلاپ قۇرۇلغان مەكتەپ ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا شۇ چاغدا چۆچەكتە مىللىي مەدەنىيەت ئۇيۇشمىلىرى (قازاق، ئۆزبېك، خەنزۇ، ئۇيغۇر، رۇس ئۇيۇشمىلىرى)ئاچقان ۋە باشقۇرغان مەكتەپلەر بار ئىدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ بارلىق خىراجەتلىرىنى ئۆز ئۇيۇشمىلىرى ئۈستىگە ئالاتتى.

مەكتەپلەر تېز تەرەققىي قىلغاچقا ئوقۇتقۇچى يېتىشمەي قالدى. بۇ قىيىنچىلىقنى ۋاقتىنچە ھەل قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، چۆچەكتە باشقا خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەشھۇر زىيالىيلاردىن سەيپىدىن ئەزىزى، فوزەيىل مەخسۇم، ئابلىمىت ھاجىيوپ، ئابدۇللا راكىيوپ، ئابلىمىت مەخسۇتوپ، مۇھەممەت خوسەيىنوپ، ئابلىز ھادىنوپ، ئابدۇراخمان سېيىت قاتارلىقلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا مەكتەپلەرگە قوشۇمچە دەرس ئۆتەتتى ياكى لېكسىيە سۆزلەپ بېرەتتى.

بۇ مەزگىللەردە باشقا ناھىيىلەردىمۇ پۇل يىغىش قىلىپ ئىئانە توپلاپ مەكتەپ قۇرۇلدى. دۆربىلجىن ناھىيىسىدە قازاق، موڭغۇل، ئۇيغۇر مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. شىخو، ساۋەنلەردىمۇ مەكتەپلەر قۇرۇلدى. قوبۇقساردا «قوبۇقسار خەلق مەكتىپى» قۇرۇلدى. چاغانتوقايدا 1935 ـ يىلى باشباي «رۇشىدى قازاق مەكتىپى» (تولۇقسىز ئوتتۇرا) نى قۇردى. تولى ناھىيىسىدە «خەلق باشلانغۇچ مەكتىپى(قازاق)»، «گۈلسۇم ئابىستاي مەكتىپى»، «تېرەكتى باشلانغۇچ مەكتىپى» قۇرۇلدى.

«تېرەكتى باشلانغۇچ مەكتىپى» شىنجاڭ بويىچە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قۇرۇلغان تۇنجى ياتاقلىق مەكتەپ بولۇپ، 1937 ـ يىلى رەسمىي دەرس باشلىغان، مەكتەپتە 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى يېتىپ ئوقاتتى. 1940 ـ يىلىغا كەلگەندە ئوقۇغۇچى سانى 3000 دىن ئېشىپ كەتتى، ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ بىرقەدەر كۈچلۈك ئىدى.

بۇ چاغلاردا چۆچەكتە ئاساسىي بىلىمدىن دەرس بېرىدىغان مەكتەپلەردىن

باشقا، يەنە بەزى كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىمۇ قۇرۇلۇپ، شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى تەمىن ئەتكەندى. بۇ كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىدىن قىسقا مۇددەتلىكلىرىمۇ، ئۇزۇن مۇددەتلىكلىرىمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، چۆچەكتە مانتىيور(توكچى)لار يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1936-يىلى چۆچەك ئېلېكتر ئېنېرگىيە ھەسسىدارلىق شىركىتى مانتىيورلار كۇرسىنى ئاچتى. 1930-يىللاردا نۇرغۇن سودىگەر ۋە شىركەتلەر ئاپتوموبىل سېتىۋالدى. شوپۇر يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شىركەتلەر ئۆزلىرى پۇل چىقىرىپ، شوپۇر تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئاچتى. 1934-يىلى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق مەيدانى قۇرۇلغاندىن كېيىن چەت ئەلدىن بەزى ئىلغار تېخنىكا ۋە ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى، نەسىللىك چارۋا مال سورتلىرىنى كىرگۈزۈپ، بۇ يەردە ئومۇملاشتۇرماقچى بولدى. شۇڭا ۋالىي مەھكىمىسى 1939-يىلى دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق تېخنىكلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، بۇنىڭغا 36 ئادەم قاتناشقانىدى. بۇ ئادەملەر ۋىلايەتكە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، مال نەسلىنى ياخشىلاش، تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە خۇسۇسىيلارمۇ كۇرس ئاچتى ۋە شاگىرت تەربىيىلىدى. مەسىلەن، 1930-يىللاردا پاتىمە رامزان، شاھىدە قاتارلىقلار ئۆز ئۆيلىرىدە كىيىم تىكىش كۇرسى ئېچىپ كىيىم تىككۈچى ۋە رېشىلىيە ئىشلىگۈچى ئاياللارنى يېتىشتۈردى. 30-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شەرقىي-شىمالدىن كەلگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئىچىدە نۇرغۇن كىشى بۇ يەردە ئاياغ كىيىم دۇكانلىرىنى ئاچتى ۋە شاگىرت تەربىيىلىدى.

ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1934-يىلى چۆچەكتە تولۇقسىز سىنىپ ئېچىلىپ، نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈلدى. چۆچەكتە بۇرۇن قىزلار مەكتەپتە ئوقۇمايتتى، باشقا جايلارغا بېرىپ خىزمەتمۇ ئىشلىمەيتتى. تولۇقسىز سىنىپ ئېچىلىپ بەزى قىزلار قوبۇل قىلىندى. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىخو، ساۋانلەرگە بۆلۈنۈپ بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولدى. شۇ ۋاقىتلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ بىر يېڭىلىق ھېسابلىناتتى. شىنجاڭ بويىچىمۇ تۇنجى قېتىم بولۇۋاتقان ئىش ئىدى.

چۆچەكتە يېڭىچە مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىلگىرى دىنىي دەرس ئوقۇتۇپ كەلگەن بەزى دىنىي مەكتەپلەرمۇ دەرس مەزمۇنىنى قىسمەن ئۆزگەرتىپ، دىنىي دەرستىن باشقا يەنە ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ قاتارلىق دەرسلەرنى قوشۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوقۇتىدىغان بولدى. خەلقنىڭ يېڭىچە مەكتەپلەردە قارىتا قىزغىنلىقى ئۆستۈن بولغانلىقى ئۈچۈن، يېڭىچە مەكتەپلەر دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. دىنىي مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ رولى بارغانسىرى ئازىيىپ، ئاخىرى ئامالسىز تاقىلىپ كەتتى.

1934-يىلدىن 1940-يىلىغىچە تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلەر:

1934-1937-يىللاردىكى ئىدارە باشلىقى: خەن يۈيجو، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى: ماخمۇتجان ئىلھامجانوپ.

1936-1940-يىللاردىكى ئىدارە باشلىقى: لىيۇ خەييەن، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى: مەسئۇد خالىدى.

لىيۇ خەييەن تەرەققىيپەرۋەر، ئىلغار ئىدىيىلىك كىشى ئىدى. مەسئۇد خالىدى بولسا «تارىخىي خەمسە (بەش تارىخ)» نىڭ ئاپتورى قۇربان ئەلى خالىدىنىڭ نەۋرىسى ئىدى.

1940-يىلدىن كېيىن شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ئەپت-بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ «ئالتە سىياسىتى»گە ئاسىيلىق قىلىپ، گومىنداڭ بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا تىل بىرىكتۈرۈپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇردى. 1941-يىلىنىڭ باشلىرىدا تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىيۇ خەييەن يۆتكىۋېتىلدى. يېڭىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئىدارە باشلىقى ۋاڭ داۋېن ئۈچىغا چىققان ئەكسىيەتچىل چوڭ خەنزۇچى بولۇپ، شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنى ئاكتىپ يولغا قويدى. ئۇنىڭ كېلىشى چوڭچەكنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بالايى-ئاپەت ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تازىلاشقا كىرىشتى. كۆپلىگەن تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار مائارىپ ساھەسىدىن قوغلاندى، ھەتتا بەزىلىرى تۈرمىگە تاشلاندى ھەمدە خىراجەت يېتىشمەيدۇ دېگەن باھانە بىلەن بەزى مەكتەپلەر تاقالدى ياكى توختىتىلدى. قالغان مەكتەپلەرمۇ خىراجەتتىن ئىنتايىن قىسىلدى، بەزى مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچىلارغا مائاشمۇ بېرەلمەي قالدى. شىنجاڭ-سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى كەسكىنلەشكەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن دەرسلىكلەر ئىشلىتىشتىن توختىدى. ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلىرى توختىدى، بۇ ئەھۋال ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆزگەردى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىگە فوزەيىل ئىسلام تۇنجى قېتىملىق باشلىق بولۇپ تەيىنلەندى. مائارىپ ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئالدىغا قويۇلغان ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە ئىدى. مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن مەكتەپلەر رەتكە سېلىندى ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى كۈچەيتىلدى، تولۇقلاندى. بۇرۇن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋە دەرس بېرەلەيدىغانلار، قايسى خىزمەت ئورنىدا ئىشلەۋاتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر مائارىپ سېپىگە قايتۇرۇلدى. خىراجەت قىيىنچىلىقى بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت بارلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن خىراجەت ئاجرىتىپ مائارىپنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق كىشىلەر مەكتەپلەرگە، ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىغا بېرىپ ئىنقىلاب رىجىسىنى ۋە مىللىي مائارىپنى يېڭى ۋەزىيەتتە ئەسلىگە كەلتۈرۈش-راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىكى ۋە مۇھىملىقىنى چۈشەندۈردى. كەڭ مائارىپ خادىملىرىدىن مائارىپ ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئىنقىلابىي ئىشلار ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپلەپ بىلىملىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 1947-يىلى قىشتا ئەخمەتجان قاسىمى خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن چۆچەككە بارغاندا «مەھمۇد قەشقەرى» مەكتىپىگە بېرىپ نۇتۇق سۆزلەپ: « بىز كەلگۈسىگە ئەسقاتىدىغان ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك، مائارىپنىڭ مەقسىتى خەلقنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە قارىتىشىمىز لازىم. بىزنىڭ ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلىشىمىزدىكى توپ مەقسەت-خەلقىمىزنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە قوغداشتىن ئىبارەت. ئوقۇتقۇچىلىرىمىز مائارىپ ئىشلىرىمىزنىڭ مۇشۇ سىياسىي نىشانىنى مۇھاكىمە قىلىشلىرى ۋە چۈشىنىشلىرى لازىم» دېگەنىدى. شۇنداقلا ئۇلار مائارىپ تارماقلىرىنىڭ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى. شۇڭا، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ناھىيىلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى قىسقىغىنە ۋاقىت تەييارلىق قىلىش ئارقىسىدا 1945-يىلى 1-سېنتەبىردە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈردى. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلىنىپ چىققاندىن كېيىن، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مائارىپمۇ تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى باشباي، مۇئاۋىن ۋالىيلار مەنسۇر روزىيوپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئالىمجان، قاسىماخۇن قاتارلىق رەھبەرلەرمۇ دائىم مەكتەپلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تۇراتتى. مەسىلىلەرنى سەزگەن ھامان ھەل قىلىپ تۇراتتى. 1946 ـ يىلىغا كەلگەندە تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن بار مەكتەپلەر ئەسلىگە كەلگەن ۋە مۇستەھكەملەنگەندىن تاشقىرى، يېڭىدىن «مەھمۇد قەشقەرى» مەكتىپى ۋە بىر ياتاقلىق موڭغۇل مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

تارباغاتاينى مائارىپ تارماقلىرى دەرسلىكنى ۋە ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئوقۇتۇش ۋە تەلىم ـ تەربىيە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى.

ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىنى دائىم ئۇيۇشتۇرۇپ تۇردى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى تىل ـ ئەدەبىيات، سىياسەت، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە، تەبىئەت، پېداگوگىكا قاتارلىق دەرسلەر جەھەتتە بىلىمىنى ئاشۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، بىلىم سەۋىيىسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى.

ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى ھەر يىلى تەتىل ۋاقتىدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، ئالدىنقى ئوقۇش يىلىدىكى ئوقۇتۇش خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە خۇلاسىلاپ تۇردى، كېيىنكى ئوقۇش يىلىدا ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئوقۇتۇش ۋاسىتىلىرىنى ياخشىلاش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ تۇردى. مۇھاكىمە يىغىنىدا ئاكتىپ رولى بار ئوقۇتۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلار ۋە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ سايلانغانلار مۇكاپاتلاندى ۋە تەقدىرلەندى. چۆچەكنىڭ ھەر يىللىق مۇھاكىمە يىغىنىدا يەكۈنلەنگەن تەجرىبىلەر ئىلى، ئالتايلاردا ئومۇملاشتۇرۇلدى. ۋىلايەتتىكى نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى ۋالىي مەھكىمىسى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئوردىن ۋە ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلىنىپ تۇردى.

ۋىلايەت بويىچە ھەر يىلى مەكتەپلەر ئارا بىر قېتىم سىلىشتۇرۇپ باھالاش يۈرگۈزۈلۈپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى، ئوقۇتۇش تەجرىبىسى ياخشى بولغان مەكتەپلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلار تەقدىرلىنىپ تۇراتتى. 1946 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە ۋىلايەت بويىچە ھەر يىلى بىر نۆۋەت مۇكاپاتلاش، تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ

تۇردى.

ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىلىرىدە ۋە ھەر بىر مەكتەپتە مۇپەتتىشلىك تۈزۈمى ئورنىتىلغانىدى. مۇپەتتىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغانلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇلاتتى. ئۇلارنىڭ كۈچلۈك كەسپىي ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىپلا قالماي، ئۇلارغا ئىدىيە، تۇرمۇش، خىزمەت ئىستىلى جەھەتلەردىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇلاتتى. بۇ مۇپەتتىشلەرنى مائارىپ تارماقلىرى قەرەللىك كۇرسلاردا تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا نازارەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ تۇراتتى. بۇ تۈزۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشى مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن ئاكتىپ رول ئوينىدى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، ئىقتىسادىي ئورنى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلىناتتى.

شۇ چاغلاردا چۆچەكتە نەشر قىلىنىدىغان «خەلق ئاۋازى» گېزىتى مائارىپ ئورۇنلىرىنى ۋە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى تەشۋىق قىلىپ، ھەر ھەپتىدە مائارىپ بېتى چىقىرىپ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىپ تۇراتتى. مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ نەتىجىلىرىنى تەقدىرلەيتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى 1947-يىلىدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى خىزمەت ئىستاژىغا قاراپ بېكىتتى. نەتىجىدە شۇ چاغدىكى بەزى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ۋالىينىڭ مائاشىدىنمۇ يۇقىرى بولغانىدى.

يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەر قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي دەۋرىدە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تېزرەك راۋاجلاندى. 1948-، 1949-ئوقۇش يىلىدا ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 23 مىڭدىن ئېشىپ، شۇ چاغدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەنىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە مەكتەپ مائارىپى چىڭ تۇتۇلۇپلا قالماستىن، ئىجتىمائىي مائارىپمۇ چىڭ تۇتۇلدى. يولداش ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شۇ چاغدىكى «خەلق مائارىپىنى كۈچەيتەيلى» دېگەن يوليورۇقى بويىچە، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە يۇقىراۋى مائارىپ كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر مەجبۇرىي ساۋات چىقىرىشقا ئاكتىپ قاتناشتى. نۇرغۇن كىشى ساۋاتسىزلىقتىن

www.uyghurkitap.com



قوتۇلۇپ كادىر بولدى. بەزىلىرى رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلاردىن ھازىرغىچە رەھبەرلىك ئورنىدا ئىشلەۋاتقانلارمۇ بار.

بۇنىڭدىن باشقا پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بىلىم ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ھەر كىشىنى بىلىم ئېلىشقا جەلپ قىلىش، ھەممە كىشىدە جەمئىيەتكە ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتكە قىزىقىش قوزغاش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرى، تەشۋىقات ئورۇنلىرى ياكى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلار ھەر يىلى قەرەللىك تۈردە زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىنى ئويۇشتۇرۇپ تۇردى. مۇسابىقە مەزمۇنى مەخسۇس تېمىدىمۇ، ئومۇملاشقان خاراكتېرلىكمۇ بولاتتى. بۇ پائالىيەت كىشىلەرنى بىلىم ئېلىشقا، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق بولۇپ يېتىلىشكە، ئىجتىمائىي پائالىيەتكە قاتنىشىشقا، دۆلەتنىڭ ۋە دۇنيانىڭ چوڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە رىغبەتلەندۈرۈشتە ناھايىتى ئاكتىپ رول ئوينايتتى.

بۈگۈنكى كۈندە بىز تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئەسكە ئالغىنىمىزدا، شۇ يىللاردا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ يېڭىچە مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان مائارىپچىلارنى تەبىئىي تۈردە ئەسلىمەي تۇرالمايمىز، ئۇلار مۇنۇلار:

**ھېسامىدىن (ھېسام باۋىن):**

تاتار، شۇ چاغدا «تۇران» مەكتىپىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئىدى. 1961 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ، قازاقىستاننىڭ تالدىقورغان ئوبلاستىغا ئولتۇراقلاشقان، ۋاپات بولۇپ كەتتى.

**سۇلتان خارافىن:**

قازاق، شۇ چاغدا «تۇران» مەكتىپىنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. 1962 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ، سىمپالاتىنسكى (شەمەي) رايونىغا ئولتۇراقلاشقان، ۋاپات بولۇپ كەتتى.

**مىرتۆمۈر جامالى:**

تاتار، شۇ چاغدا «تۇران» مەكتىپىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، 1955 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن، ۋاپات بولۇپ كەتتى.

**خەمىت ۋاكىلى:**

ئۆزبېك، شۇ چاغدا گىمنازىيىنىڭ فىزىكا، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئىدى ھەم تولۇقسىز سىنىپ مەكتىپىدە قوشۇمچە دەرس ئۆتەتتى. كېيىن ئىلى

پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئىشلەپ، غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**غالىپ بورلسوپ:**

تاتار، شۇ چاغدا «ئۆمەرىيە» مەكتىپىنىڭ جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، 5ـ195 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ، تاشكەنتتە ۋاپات بولۇپ كەتتى.

**گۈلەندەم خەبىبۇللىنا:**

تاتار، 1888 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تۇغۇلغان. 1972 ـ يىلى سوۋېت قازاقىستاننىڭ ئۇجار شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**ئابدۇراخمان قالىي:**

تاتار، 1955 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ تاشكەنتتە ئولتۇراقلاشقان.

**ئوشۇرجاپ:**

موڭغۇل، چوڭچەك موڭغۇل ياتاقلىق مەكتىپىنىڭ سابىق مۇدىرى ئىدى. 1958 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

**ئابدۇللا باستى:**

ئۆزبېك، 1962 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ، قىرغىزىستاننىڭ فرونزى شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان.

**ماھىيە ئىسھاقوۋا:**

ئۆزبېك، «گۈلەندەمىيە» مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، 1960 ـ يىللاردا چۆچەكتە ۋاپات بولغان.

**ئەنۋەر زاكىر:**

ئۆزبېك، ئۆزبېك مەكتەپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، 1955 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن.

**مۇنىرە ئابدۇللىتىپوۋا:**

تاتار، «گۈلەندەمىيە» قىزلار گىمنازىيىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، «خەلق ئاۋازى» گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى ئىدى، 1955 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن.

**مەسقۇت تايتانوپ:**

قازاق، شۇ چاغدا بىر نەچچە ئوتتۇرا مەكتەپكە مۇزىكا دەرسى بېرەتتى. 1960 ـ يىلى چۆچەكتە ۋاپات بولغان.

**پاتىمە جامالى:**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆزبېك، شۇ چاغدا گىمنازىيىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، 1955 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن.

خارچىنكوپ:

رۇس، چۆچەك رۇس مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا ھەربىي سەپتە ئىشلىگەن، 1955 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن.

ئانگىلىنا مىدىيېۋا:

رۇس، ئايال، دەسلەپتە ئائىلىسىدە مەكتەپ ئاچقان، كېيىن رۇس مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان، كېيىنكى ئەھۋالىدىن خەۋىرىم يوق.

لىۋد مىلا:

رۇس، ئايال، رۇس مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، كېيىنكى ئەھۋالىدىن خەۋىرىم يوق.

رەشىدە سەيفى:

ئۇيغۇر، «گۈلەندەمىيە» مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، 1943 ـ يىلى چۆچەك گېزىتخانىسىدا ئىشلىگەن. 1958 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن.

رامزىيە سىدىق:

تاتار، «ئۆمەرىيە» مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. 1980 ـ يىلى 4 ـ ئايدا چۆچەكتە ۋاپات بولدى.

مۇقەددەس غۇلامقارى:

ئۆزبېك، «گۈلەندەمىيە» مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى بولغان. كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، ھازىر دەم ئېلىشقا چىقتى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇرىدۇ.

مۇھەببەت نازارنۋا:

ئۆزبېك، «گۈلەندەمىيە» مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، 1955 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن، ھازىر تاشكەنت شەھىرىدە تۇرىدۇ.

خەسەن ھەببى:

ئۆزبېك، «تۇران» مەكتىپىنىڭ ۋە ئۆزبېك مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، 1955 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن، كېيىن تاشكەنتتە ۋاپات بولدى.

مەرىيەم تۇردىبايېۋا:

ئۇيغۇر، چۆچەك گىمنازىيىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، ئازادلىقتىن كېيىن چۆچەك 2-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىلمىي مۇدىر بولغان، 1985-يىلى دەم ئېلىشقا چىقتى.

**مېھرى مىرزايىتبايېۋا:**

ئۆزبېك، شۇ چاغلاردا قىزلار گىمنازىيىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، ۋاپات بولۇپ كەتتى.

**بىبىنۇر:**

ئۇيغۇر، «گۈلەندەمىيە» مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، 1955-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن.

**فاتىخ ئاكچۇرىن:**

ئۆزبېك، ئۆزبېك مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئىدى، 1955-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن ئىدى.

**نازىيە گولەي**

تاتار، «گۈلەندەمىيە» ۋە «تۇران» مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچى بولغان، دەم ئېلىشقا چىقتى، چۆچەكتە تۇرىدۇ .

**مەريەم مۇراتېۋا:**

ئۇيغۇر، «جاۋىرتام» مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئىدى، 1955-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن، كېيىنكى ئەھۋالىدىن خەۋىرىم يوق.

www.uyghurkitap.com



# مىللىي ئارمىيىنىڭ خۇيزۇ (تۇڭگان) 10 ـ ئاتلىق پولكى ھەققىدە ئەسلىمە

ھەسەننۇر ھاجىبولۇس

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى قوزغالغاندا مەن ئاكام ئىبراھىمجان، مەرھۇم ئاكىلىرىم ئىسمايىل، ئەخمەتلەر بىلەن بىللە ئۆز قىزغىنلىقىمىز بىلەن ئارمىيە سېپىگە كىردۇق. مەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەركىبىدىكى خۇيزۇ(تۇڭگان) 10 ـ پولكىدا بولدۇم. بۇ پولكتا تۇڭگانلاردىن سىرت ئۇيغۇر، قىرغىز، قازاق، سالار، تاتار كوماندىر ـ جەڭچىلىرىمۇ بار ئىدى. تۇڭگان پولكى سۈيدۇڭنىڭ ئېلىنىشىدىن تارتىپ تاكى شىخو ناھىيىسى ئازاد قىلىنغانغا قەدەر بولغان جەڭلەرگە قاتناشقان، مەنمۇ ئاشۇ چوڭ ـ كىچىك جەڭلەرگە ئىشتىراك قىلغان. بۈنىڭغا ئازكەم يېرىم ئەسىرگە يېقىن بولدى، پولكىنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى بەزى ئىش ـ ئىزلىرى ئېنىق ئېسىمدە بولسىمۇ، يېشىمنىڭ چوڭىيىشى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەنە بەزى ئىشلىرى خاتىرەمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ خاتىرە سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالسا پايدىسى بولار، دېگەن ئۈمىدتە، تۇڭگان ئاتلىق پولكى ھەققىدە تۆۋەندىكى ئەسلىمەنى يازدىم. كەم يەرلىرىنى ئەينى يىللىرى شۇ پولكتا بولغان يولداشلارنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىنى سورايمەن.

## تۇڭگان پىدائىيلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى نىلقا ناھىيىسىدىن باشلاندى. دەرھال غۇلجا ناھىيىسى، غۇلجا شەھىرىگە كېڭەيدى. پارتىزانلار غۇلجا شەھىرىگە كىرگەننىڭ 2 ـ كۈنى يولداش مەنسۇر لومىيوف ئۆز تەشەببۇسكارلىقى بىلەن پارتىزانلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولغان پاتىخ مۇسلىموپنى ئىزدەپ تېپىپ، تۇڭگانلاردىن پىدائىيلارنى تەشكىل قىلىشنى ئېيتىدۇ. پاتىخ مۇسلىموپ مەنسۇر لومىيوفنىڭ تەلىپىنى ئاكتىپ قوللايدۇ. تېزلىكتە ئاممىنىڭ

ئېچىگە بېرىپ، پىدائىيلارنى تەشكىللەش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاندىن مەنسۇر لومىيوف كېرىم هاجى،سۋسەر هاجى، سوسوزا قاتارلىق زاتلار بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. ئۇلارمۇ پىدائىيلارنى تەشكىللەشكە قوشۇلىدۇ. مەنسۇر لومىيوف بىر جۈمە كۈنى ئاشۇ زاتلار بىلەن بىللە غۇلجا شەھىرىدە تۆڭگانلار كۆپرەك ئورۇنلاشقان تۆپىدەك مەسچىتىگە چىقىپ پىدائىيلارنى تەشكىل قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش توغرىسىدا تەشۋىق قىلىدۇ، ياشلارنى پىدائىي بولۇشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. لېكىن بۇ قېتىمقى تەشۋىقات ئانچە ئۈنۈم بەرمەيدۇ، مەنسۇر لومىيوف بۇ ئەھۋالدىن رازى بولمايدۇ.

تۆپىدەڭدە ئىشتىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن مەنسۇر لومىيوف يەنە پاتىخ مۇسلىموپنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆز ئىشىنىڭ ئۈنۈم بەرمىگەنلىكىنى دوكلات قىلىدۇ. پاتىخ مۇسلىموپ مەنسۇر لومىيوفنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش قىزغىنلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، شۇ چاغدا سۈيدۈڭ لوسىگۈڭدا تۇرغان موگىتنوپقا خەت يېزىپ، مەنسۇرنىڭ لوسىگۈڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا-قىشلاقلاردىكى تۆڭگانلار ئىچىدىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى پىدائىيلار تەشكىل قىلىشقا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەنسۇرنى ئۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتىدۇ.

مەنسۇر لومىيوف خەتنى قولىغا ئېلىپ سۈيدۈڭگە بېرىپ، ئۆز ئارزۇسىنى يارى-بۇرادەرلىرىگە ئېيتىدۇ. بابازا، مۇخازا، ئىسقار، مارخىمۇ، قەتەن (قازاق) قاتارلىق يەتتە نەپەر ئەزىمەت پىدائىي بولۇپ، مەنسۇر لومىيوف بىلەن بىللە لوسىگۈڭگە بېرىپ، موگىتنوپ بىلەن ئۇچرىشىدۇ. پاتىخ مۇسلىموپنىڭ خېتىنى بېرىدۇ ھەم ئۆز تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. موگېتنوپ مەنسۇر لومىيوف باشلىق پىدائىيلارنىڭ تەلىپىنى قىزغىن قوللايدۇ. ئۇلارغا شۇ يەردىلا مۇشتەيزىدىكى نۇر (خاجۇلۇق)، چىڭسىخوزىدىكى لى ئومار، قورغاستىكى پالتىيوپ (ئۇيغۇر) لارنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئاشۇ يېزا-قىشلاقلاردىكى دېھقانلار ئىچىدىن پىدائىيلارنى تەشكىل قىلىشنى، بۇنى قانچە تېز ئىشلىسە، شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى تاپشۇرىدۇ. مەنسۇر لومىيوف ئۆز سەبداشلىرىنى باشلاپ ئالدى بىلەن موگېتنوپ تونۇشتۇرغان كىشىلەرگە يولۇقىدۇ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، جاڭگۈڭ، لوسىگۈڭ، سەنگۈڭ، مۇشتەيزە قاتارلىق يېزىلاردىن ئىككى كۈن ئىچىدىلا 50 نەپەر ياش گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن پىدائىيلار تەركىبىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن قېتىلىپ، ھەر بىرى ئۆزىنىڭ بىردىن ئېتىنى

www.uyghurkitap.com



مىنىپ سەپكە ئاتلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇڭگان پىدائىيلىرى تەشكىل قىلىنىپ، مەنسۇر لومىيوفنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشىدۇ. پىدائىيلار قوشۇنى كەڭسايى، لوسىگۇڭ، سۇيدۇڭ ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلىش جەڭلىرى داۋامىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كېڭىيىدۇ.

## دەسلەپكى جەڭ

گومىنداڭغا قارشى جەڭ ئوتى ھەممىلا جايدا تەڭ ئۇلغىيىدۇ. غۇلجا شەھىرىنى ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ تۇرغان گومىنداڭ قىسىملىرى سۇرتوقاي قىلىنىپ، لياڭشاڭ، ھەرەمباغ ۋە ئايرودرومغا قىسىلىپ قالىدۇ. كەڭ سايدا تۇرغان گومىنداڭ قىسىملىرى غۇلجا شەھىرىدە ھالىنىڭ خاراب بولغانلىقىنى بىلىپ، كەڭسايىنى تۇسۇپ تۇرغان لېسكىن ئەترىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، قامالنى بۇزۇپ، غۇلجا شەھىرىدىكى قىسىملىرىغا يانتاياق بولماقچى بولىدۇ. ئەھۋال تېز جىددىيلىشىدۇ. جىددىي پەيتتە سۇيدۇڭدىكى مەخپىر تۆرە ئەترىتى، لوسىگۇڭدىكى موگىنتوپ ئەترىتى، باشقا قېرىنداش مىللىي ئەترەتلەر شۇ قاتاردا ئەمدىلا تەشكىل قىلىنغان تۇڭگان پىدائىيلىرىدىن نۇر (خاجولۇق) باشچىلىقىدىكى 30 نەپەر پىدائىي كەڭسايدىكى لېسكىن ئەترىتىگە ماسلىشىپ، زامانىۋىي قورال بىلەن قوراللانغان كەڭسايدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىغا ئوت ئاچىدۇ. بۇ جەڭگە لېسكىن قوماندانلىق قىلىدۇ. جەڭ قاتمۇ-قات تاغ ئىچىدە داۋام قىلىدۇ. ھەر قايسى ئەترەت ۋە پىدائىيلار قوماندانلىق بويىچە ئۆز ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى بىردەك ئوت ئاچىدۇ. نەتىجىدە كۈچلۈك گومىنداڭ قىسمىنىڭ بىت-چىتى چىقىرىلىپ مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ قامالنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، غۇلجا شەھىرىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىغا يانتاياق بولۇش ئارزۇسى بىكار بولىدۇ. بۇ جەڭدە ھەممە ئەترەتلەردە ئاز-تولا چىقىم بولىدۇ، شۇ قاتاردا نۇر باشچىلىقىدىكى 30 نەپەر تۇڭگان پىدائىيلىرى ئىچىدىن رەخىمجان (تاتار) قاتارلىق ئۈچ نەپەر پىدائىي شەرەپ بىلەن قۇربان بولىدۇ. تۇڭگان پىدائىيلىرى بىر قېتىملىق جەڭنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، چېنىقىش ۋە تەربىيىگە ئىگە بولىدۇ.

## سۇيدۇڭ، كۈرەنىڭ ئازاد قىلىنىشى

غۇلجا ۋە كەڭسايدا جەڭ بولۇۋاتقاندا سۇيدۇڭ ۋە كۈرەدىكى گومىنداڭچىلار ئېشپىيونلارنى ئىشقا سېلىپ ھەم ئۇدۇل كەلگەن رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ،

سۈيدۈڭ، كۆرەدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويىدۇ، بىگۇناھ كىشىلەرنى تۇتۇپ قامايدۇ، بەزىلىرىنى ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرىدۇ، خەلقىنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئاھۇ-زارى پەلەككە يېتىدۇ.

خەلقنىڭ ئاھۇ-زارى كەڭسايدىكى جەڭنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرغان لېسكىن، موگېتنوپ، مەنسۇر لومىيوف قاتارلىق كوماندىرلارغا ئاڭلىنىدۇ، ئۇلار يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، جىددىي مەسلىھەتلىشىپ، لوسگۇڭنى تاشلاپ، لېسكىن كەڭساي بىلەن سەنتەيىنى مۇداپىئە قىلىشقا، مەخپىي تۈرە ئاچالغا، موگېتنوپ بىلەن مەنسۇر لومىيوف سۈيدۈڭ، كۆرەنى ئازاد قىلىشقا ئاتلىنىدۇ. سۈيدۈڭگە كەلگەندىن كېيىن موگېتنوپ ئەترىتى دوختۇرخانىغا، مەنسۇر لومىيوف باشچىلىقىدىكى تۈڭگان پىدائىيلار لەڭگەردىكى ئۆمەر ئاخۇن قورۇسىغا ئورۇنلىشىدۇ. بۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ ئاساسىي كۈچى سۈيدۈڭدىكى سېپىل ئىچىگە يەنە بىر قىسمى شەنگەن يامۇلىغا بېكىنىپ، سېپىلنىڭ ھەممە دەرۋازىلىرىنى تاقاپ، سېپىل ئۈستىگە ھەر خىل قوراللارنى ئورنىتىپ، تەييارلىقنى خېلىلا كۈچەيتكەن، سۈيدۈڭ بىلەن كۆرەنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلمىگەن ئىكەن.

موگېتنوپ بىلەن مەنسۇر لومىيوف سۈيدۈڭگە كەلگەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ھەر خىل ئۇنۇملۇك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەشنىڭ شانلىق ئەھمىيىتى ھەققىدە سۈيدۈڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە تەشۋىق قىلىدۇ؛ يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن شاياخۇن ئاكا، موللا مەھەممەت ھاجى، ۋۇ تېڭسى (خەنزۇ)، زىيالىيلاردىن ياسىن خۇدا بەردى قاتارلىقلار بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىپ ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن «ئاساسىي قورغان» سېپىلىنى ئېلىشنىڭ ئۇسۇل-چارىسىنى ئويلىشىدۇ. شۇ ئارىدا سۈيدۈڭ ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت ياشلىرى تۈركۈملەپ كېلىپ، پىدائىي بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئۆزلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن تىزىمغا ئالدۇرىدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئەكىلىپ بېرىدۇ، كەڭسايدىكى جەڭدە قۇربان بولغان رەخىمجاننىڭ قېرى ئانىسى 16 ياشلىق قىزى پاتىمەنى يېتىلەپ كېلىپ: «ئوغلۇم ئۆز ئارزۇسىنى ئورۇندىيالمىدى، ئاكىسىنىڭ ئارزۇسىنى مۇشۇ قىزىم ئورۇندىسۇن» دەپ قىزىنى مەنسۇر لومىيوفقا تاپشۇرىدۇ. مەنسۇر بۇ ئانىنىڭ ئالىيجاناپ پەزىلىتىدىن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ-دە، بىر ئاپتوماتنى ئەكىلىپ پاتىمەنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ، پاتىمە ئاپتوماتنى ئېلىپ سۆيىدۇ، ئاندىن باغرىغا باسىدۇ. پىدائىيلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ كۆپىيىپ 300 دىن ئېشىپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



خەلق جەڭ ۋاقتىدا پايدىلىنىش ئۈچۈن ھەر خىل يەرلىك قوراللارنى ياساپ تەخ قىلىدۇ، بارلىق كىشىلەر ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن قوي، كالا، ئات، ئۇن، گۈرۈچ، ماي، گۆش قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئەكىلىپ، پارتىزانلارغا ھەقسىز تەقدىم قىلىدۇ، خەلق پاتراق ئازاد بولۇشنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىدۇ، دۈشمەن قاتتىق مۇھاسىرە ئىچىدە قالىدۇ، سۈيدۈڭ بىلەن كۈرەنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ.

دۈشمەن چارىسىز قالغان پەيتتە پارتىزانلار سېپىلنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش، قان تۆكمەسلىكنى مەقسەت قىلىپ، يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن مەسۇم شاڭيۇ، ۋۇتېڭسى قاتارلىقلارنى سېپىل ئىچىگە قايتا-قايتا كىرگۈزۈپ، دۈشمەننى قورال تاشلاپ، تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. لېكىن دۈشمەن ئۆز مەيداندا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا مەسۇم شاڭيۇنى تۇتۇپ قېلىپ، ۋۇ تېڭسى قاتارلىقلارنى ھاقارەتلەپ چىقىرىۋېتىدۇ.

1944-يىلى 25-نويابىر كېچىسى پالىنوپ، ۋىلادىمىر ستېپان ۋە كازلوپلار مەنسۇر لومىيوفنى موگىتنوپ شتابىغا چاقىرتىپ، سۈيدۈڭنى ئازاد قىلىش پىلانىنى تۈزىدۇ، باش شتاب باشلىقى كازلوپ ھۇجۇمنىڭ ۋاقىت-سائىتىنى بېكىتىدۇ. 260 دانە مىلتىق، 40 دانە ئاپتومات، يېتەرلىك ئوق-دورا، قول بومبىسى بېرىدۇ. 26-نويابىر كېچىسىنى سېپىلغا ھۇجۇم قىلىش كېچىسى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. خىرسەن موللا، ھاكىمجان (ئۇيغۇر)قاتارلىق 11 نەپەر جەڭچى سېپىلنى ئېشىپ پارتلىتىشنى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئۇلار شۇ ۋاقىتقىچە سېپىلنى پارتلىتىش تەييارلىقىنى تاماملاپ، تاغلەڭزىدىن بېرىلىدىغان جەڭ سىگنالىنى كۈتىدۇ. شۇ كۈنى كېچە سائەت 12 دە جەڭ باشلاش سىگنالى بېرىلىدۇ. ھاكىمجان پارتلىتىش پىلتىسىگە ئوت ياقىدۇ، سېپىل قاتتىق پارتلاپ، ئەتراپنى چاڭ-توزانلار قاپلاپ، قاراڭغۇ كېچىنى تېخىمۇ قاراڭغۇ قىلىۋېتىدۇ. پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭلا دوڭگەن (دوڭگۈەن ياكى شەرقىي قوۋۇق مەنىسىدە - مۇھەررىردىن ئىزاھات) تەرەپتىن خىرسەن موللا، مۇزخانا تەرەپتىن خەنلۇر شوتا ئارقىلىق سېپىل ئۈستىگە چىقىدۇ، خەنلۇر دۈشمەن پىلىموتى ئوقىدا ئۆچۈپ كېتىدۇ؛ 2-بولۇپ باگى بەييوزا سېپىل ئۈستىگە چىقىدۇ، ئۇمۇ ئوقتا ئۆچۈپ كېتىدۇ؛ سېپىلغا چىقىشتا 20 دىن ئارتۇق جەڭچى قۇربان بولىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان شاۋ خىرسەن چەبدەسلىك بىلەن سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، دۈشمەن پىلىموتچىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ، كۆپ ئۆتمەي سېپىل ئىچىدە جەڭ باشلىنىدۇ. جەڭچىلەر بىلەن تەڭلا يۇقىرالارمۇ ئۆزلىرى تەييارلىغان قوراللىرىنى

كۆتۈرۈپ سېپىل ئىچىگە بۆسۈپ كىرىدۇ. سېپىل ئىچى بىردەمدىلا دۈشمەندىن تازىلىنىدۇ. مەنسۇر لومىيوف دۈشمەن گارنىزونىنىڭ قاچقانلىقىنى بىلىپ ھاكىمجان، مۇقاش (قىرغىز) قاتارلىقلارنى باشلاپ بېرىپ، تار-مار قىلىدۇ. پارتىزانلار سېپىلنى ئېلىپ، شەنگەن يامۇلىغا بېسىپ كىرىپ، دۈشمەن تەرىپىدىن قاماپ قويۇلغان گۇناھسىز پۇقرالارنى ئازاد قىلىدۇ. ئېچىنىشلىقى شۇكى، ياۋۇز دۈشمەننىڭ سېپىل ئىچىدىكى 20 ئائىلىنى بالا-چاقىسى بىلەن ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، دۈشمەن ئىشپىيونى گوخەيجاڭ «قوغداش» نامى بىلەن 30 قىز (28 نەپىرى خەنزۇ، ئىككى نەپىرى ئۇيغۇر)نى ئۆز ئۆيىگە يىغىۋېلىپ، بىر-بىرلەپ ئىپپەت-نومۇسىغا تەككەنىكەن، سېپىل پارتىلىغاندىن كېيىن 30 قىزنى ئۆينىڭ ئىچىگە سولاپ ئوت قويۇۋېتىپ قېچىپ كېتىپتۇ. قوشۇن ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلىپ تېزلىكتە ئۆينىڭ ئىشىك، تۈڭلۈكىنى چېقىپ، قىزلارنى قۇتقۇزدى، ئوتنا كۆيگەنلەرنى جىددىي داۋالىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇيدۇڭ ناھىيىسى ئازاد قىلىنىپ، غەلىبە بايرىقى تىكلەندى.

## تۇڭگان 5-دېۋىزىيونىنىڭ قۇرۇلۇشى

سۇيدۇڭ ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن باش شتابنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، مەنسۇر لومىيوف باشچىلىقىدىكى تۇڭگان پىدائىيلىرى 1944-يىلى 11-ئاينىڭ ئاخىرلىرى غۇلجا شەھىرىگە قايتىدۇ. تۇڭگان پىدائىيلىرىنى غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. بۇ چاغدا غۇلجا شەھىرىدىكى بۇتخانا، ئايرودروم، لياڭشاڭ، ھەرەمباغ قاتارلىق تۆت ئورۇن تېخى ئازاد قىلىنمىغانىدى. تۇڭگان پىدائىيلىرى غۇلجا شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن باشقا قېرىنداش قىسىملارغا يېقىندىن ماسلىشىپ، يۇقىرىقى تۆت ئورۇننى ئازاد قىلىش جېڭىگە قاتنىشىپ، تېگىشلىك خىزمەت كۆرسىتىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭلەردە نۇر (مەنسۇرنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى)، ئەرلى (مەنسۇرنىڭ باجىسىنىڭ ئوغلى)، خەربى، پاتىمە (تاتار)، ئىمىنجان، قەتەن (قازاق) قاتارلىق 85 نەپەر قەيسەر جەڭچى شەرەپ بىلەن قۇربان بولىدۇ. مەنسۇر لومىيوف، شاۋخەرسەن قاتارلىق بىر مۇنچە كوماندىر-جەڭچىلەر يارىدار بولىدۇ. غۇلجا ناھىيىسىدىكى سالار، ئۇچيۈن، ئابلاش يېزىلىرىدىن، تېكەس ناھىيىسىدىن 120 نەپەر تۇڭگان ۋە سالار مىللىتى ياشلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ، تۇڭگان پىدائىيلىرى تەركىبىگە قوشۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



1945-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ نامىدىكى باغدا («ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى» ياكى ھازىرقى غۇلجا خەلق باغچىسى)ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، ئاتلىق قىسىملار، پىيادە قىسىملار، توپچى قىسىملار قاتناشتى، مەنسۇر لومىيوف باشچىلىقىدىكى تۆڭگان پىدائىيلىرىمۇ قاتناشتى، يىغىندا مىللىي ئارمىيىنىڭ رەسمىي مۇنتىزىم ئارمىيە بولۇپ قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىپ، ئارمىيە تۇغى تىكلەندى. يىغىن ئارقىدىن ھەربىي پارات ئۆتكۈزۈلۈپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىندى، كۈچ-قۇدرىتى نامايان قىلىندى.

9-ئاپرېل گېنېرال ئىسھاقبېك مەنسۇر لومىيوفنى چاقىرىپ، تۆڭگان پىدائىيلىرىنىڭ مىللىي ئارمىيىنىڭ تۆڭگان 5-ئاتلىق دىۋىزىيونى بولۇپ قۇرۇلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئاندىن 5-ئاتلىق دىۋىزىيونىنىڭ كوماندىرلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. مەنسۇر لومىيوف بىر ھازا ئويلىنىپ، سانجى ۋە ئۈرۈمچىدىكى تۆڭگانلارنى گومىنداڭغا قارشى كۆرەش سېپىگە ئۇيۇشتۇرۇشقا پايدىسى بولار، دەپ شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىن كېلىپ غۇلجىدا تۇرۇۋاتقان مۆتىبەر ماسەن دارېننى كوماندىرلىققا كۆرسىتىدۇ، لېكىن ماسەن دارېن ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، قىسىم ئىچىدە ۋەزىپە ئۆتەشكە قوشۇلمايدۇ. كېرىم ھاجى دىۋىزىيون كوماندىرلىقىغا، مەنسۇر لومىيوف ئورۇنباسار كوماندىرلىققا بەلگىلىنىدۇ. تۆڭگان پىدائىيلىرى ئىككى ئېسكادرونغا يەنى مەنسۇر لومىيوف باشچىلىقىدىكىلەر بىرىنچى ئېسكادرون، گاما باشچىلىقىدىكىلەر ئىككىنچى ئېسكادرون قىلىپ تەشكىللىنىدۇ، بىرىنچى ئېسكادروننىڭ كوماندىرلىقىغا ئالكسىي كوچمىنكو، ئورۇنباسار كوماندىرلىققا شاۋخەرسەن؛ ئىككىنچى ئېسكادروننىڭ كوماندىرلىقىغا گاما، ئورۇنباسار كوماندىرلىقىغا گادەن بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆڭگان پىدائىيلىرى مىللىي ئارمىيە تەركىبىدىكى مۇنتىزىم قوشۇن بولۇپ تەشكىل قىلىنىدۇ. بىز شۇنىڭدىن تارتىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر قىسمىمىز ئاتلىق ئاچال ئارقىلىق، يەنە بىر قىسمىمىز ماشىنا بىلەن يىڭجىخوغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

## تۆڭگان 5-دىۋىزىيونىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى

بىز غۇلجىدىن قوزغالغان كۈنى توغرىدىن-توغرا داخياڭزا ئەتراپىغا بېرىپ چۈشتۇق. بۇ چاغدا لېكىن قىسمى سەنتەيدە، چاغانبېك قىسمى قارا كېمىر،

قوشئەمچەكتە، مەخپىر تۆرە قىسمى چاپقان يوتا، مىلىڭ مارالدا، غېنى باتۇر قىسمى بورتالادا، موگىتنوپ قىسمى ستەيدە، بارات، ئىمىن پەرەڭ قىسمى ئۆتەي ئەتراپىدىكى قىشلاقلاردا تۇرىدىكەن. بىز بېرىپ ھۇجۇم قىلماقچى بولغان داخياڭزا بىر يان تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنىپ بولغانىكەن. بىز ئەسلىدە 4-ئاينىڭ 12-كۈنىلا داخياڭزىغا ھۇجۇم قىلماقچى ئىدۇق. بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشماي، داخياڭزىغا بولغان ھۇجۇمنى باشقا قېرىنداش قىسىملارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن 4-ئاينىڭ 13-كۈنى سەھەردە باشلىدۇق. داخياڭزا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بىر پاي ئوق چىقارماي، ئۇدۇل داخياڭزىغا كىرىپ باردۇق، داخياڭزىدا دۈشمەننىڭ بىر ئاشپىزىدىن باشقا ئادىمى قالمىغانىكەن. ئاشپەزنىڭ ئىقرار قىلىشىچە، دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۇرۇش شەپىسىنى بىلگەندىن كېيىن ماشىنىغا چۈشەلىگىنى ماشىنىدا، پىيادىسى پىيادە مېڭىپ جىڭغا قاراپ كېچىلەپ قېچىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.

مەنسۇر لومىيوف 4-ئاينىڭ 20-كۈنى شاۋخەرسەن قاتارلىق بىر قانچىمىزنى باشلاپ بورتالارغا بېرىپ، بورتالا ھاكىمى قوشۇمچە ساقچى باشلىقى ھاشىماخۇن ئاكىغا داخياڭزىدا يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ساقچى ئىدارىسى تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ھاشىماخۇن ئاكا داخياڭزىنىڭ ھۆكۈمەت ۋە ساقچى باشلىقلىقىغا ماخمۇتخاننى، مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا مەتىن (تاتار) ئەۋزىنىنى بەلگىلىدى. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن پىتىراپ كەتكەن ھەر مىللەت خەلقى قايتا ئۆي-ماكانىغا كېلىپ، داخياڭزىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

تۆڭگان 5-دېۋىزىيونىنىڭ باش شتابى داخياڭزىدا تۇردى. داخياڭزا بىلەن يىڭجىخونىڭ ئارىلىقى 40 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ يەر ئەڭ ئالدىنقى سەپ بولۇپ، ئاتقۇچى پولكنىڭ بىر ئىسكادرونى بىلەن شىبە ئىسكادرونى تەرىپىدىن قوغدىلاتتى. يىڭجىخونىڭ شەرقىي دۈشمەن ئىگىلەپ تۇرغان باجاخو، جەنۇبىي قۇمتاغ (ساسەنزە)، غەربىي داخياڭزا، شىمالىي كىچىك جىلغا ئىدى. بۇ جايلاردا تۆڭگان 5-ئاتلىق دېۋىزىيونىنىڭ جەڭچىلىرى نۆۋەت بىلەن قاراۋۇللۇق قىلاتتى. بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن دېۋىزىيوندىكى بارلىق جەڭچىلەر ئەتراپتىكى قىسىملار، بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى بىلەن خېلى ئوبدان تونۇشۇپ قالغانىدى.

شۇ يىلى 6-ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرسى بولسا كېرەك، لەيجىۋا، پەيشەر ۋە يوجاڭيۇ قاتارلىق ئۈچ ئەبلەخ قاراۋۇللۇقتا چىققان قولايلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاسىيلىق قىلىپ، دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلار دۈشمەنگە

باش قويۇپ، بىزنىڭ قىسىملىرىمىزنىڭ ئىچكى ئەھۋالى، ئادەم سانى، ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارى ۋە قىسىملار تۇرغان جاينىڭ يەر شارائىتىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ئۇلار ئۆتۈپ 3-كۈنى دۈشمەننىڭ تولۇق قوراللانغان 2500 دىن ئارتۇق قوشۇنى بىراقلا قوزغىلىپ چىقىپ، دەسلەپ بىزنىڭ ئۈچ ئىسكادرونىمىزنى قورشاۋغا ئېلىپ، بۇتخانىدا دەم ئېلىۋاتقان 20 نەپەر شىبە جەڭچىنى تىرىك تۇتىۋالىدۇ. بىرىنچى مەخپىي قاراۋۇلدا تۇرغۇن مۇقاش، ئىسمايىل (قىرغىز) ساسەنزىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن يامراپ كېلىۋاتقان دۈشمەننى كۆرۈپ، دەرھال يېنىدىكى مەۋا (ئۇيغۇر) نى ئاتلاندۇرۇپ سەككىز كىلومېتىر ئارىلىقتىكى يىڭجىخوغا ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئىسكادرون كوماندىرى كوچمىنكوۋغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ، كوچمىنكوۋ تېزلىكتە قوشنا ئىسكادرونلارغا خەۋەر قىلىدۇ. ئۈچ ئىسكادرون شۇئان قوزغىلىپ، بەلگىلەنگەن ئورۇنلىرىغا بېرىپ جەڭنى كۈتىدۇ؛ شاۋخەرسەن داخياڭزىدىكى مەنسۇر لومىيوفقا تېلېفون بېرىدۇ، تېلېفون سىمى دۈشمەن تەرىپىدىن كېسىۋېتىلگەنلىكتىن سۆزلىشەلمەيدۇ، ئاڭغىچە دۈشمەن قورشاۋى بارغانچە تارىيىدۇ، كامال (ئۇيغۇر) بىلەن ئىبلا ئۆزلىكىدىن ئاتلىنىپ، خەۋەر يەتكۈزۈشكە چىققاندا، 200 مېتىر يەرگە بارمايلا ھەر ئىككىسى دۈشمەن تەرىپىدىن ئوققا تۇتۇلۇپ، قۇربان بولىدۇ. ئىككى نەپەر تېلېفونىست تېلېفوننى تەكشۈرۈشكە چىققاندا، يەنە دۈشمەن تەرىپىدىن ئوققا تۇتۇلۇپ، قۇربان بولىدۇ. دۈشمەن بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىدۇ، جەڭ باشلىنىپ كېتىدۇ. ئەتراپىدىكى قىسىملار خەۋەر ئېلىپ كەلگىچە، شۇ جايدا بارلىرى ئۆزلىرىنىڭ جەڭ ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدۇ. بىزنىڭ ئەتراپتىكى قىسىملىرىمىز تەرەپ-تەرەپتىن يېتىپ كېلىپ، دۈشمەن قىسمىنى سىرتتىن قورشاۋغا ئالىدۇ. مەنسۇر لومىيوف بىرىنچى ئىسكادروننى باشلاپ كېلىپ ئوتتۇرىدىن، شاربايوپ ئۆمەر ئۆز ئىسكادرونىنى باشلاپ جەنۇبتىن قۇمتاغقا، مۇخشى (سالار مىللىتى) شىمالدىن شىبە ئىسكادرونىغا ماسلىشىپ شىددەتلىك ئۇرۇش قىلىدۇ. ۋالىم مۇبارەك (ئۇيغۇر) ئۆز جەڭچىلىرىنى غەلىبە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە چاقىرىپ، دۈشمەنگە يول يېنىدىن كۈچلۈك ئوت ئاچىدۇ، مۇقاش پىلىموت گۇرۇپپىسىنى تاشيولغا چېكىندۈرۈپ، دۈشمەننى پىلىموتقا تۇتىدۇ. مەنسۇر لومىيوف بىر قىسىم دۈشمەننىڭ قۇمتاغ ئاستىغا توپلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ مىناميوت گۇرۇپپىسىغا قوماندانلىق قىلىپ نۇرغۇن دۈشمەننى يەر چىشلىتىدۇ. شۇ ئارىدا پىلىموتچى قۇربان (ئۇيغۇر) قۇربان بولىدۇ. دۈشمەنگە ھەر تەرەپتىن تەڭ، قاتتىق زەربە

بەرگەنلىكتىن، دۈشمەن ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ قالىدۇ. شىمالدا جەڭ قىلىۋاتقان شىبە ئىسكادرونى ئىسكادرون كوماندىرى ماپۇشيەن (شىبە)، كاپىتان بايەنتولارنىڭ قوماندانلىقىدا دۈشمەنگە ئارقا-ئارقىدىن شىددەتلىك ئوت ئاچىدۇ. دۈشمەن بارغانسېرى ھالسىرايدۇ. ئاخىرى ئوق-دورىسى كۆپ، قورال-ياراقى خىل، ئادەم سانى كۆپ دۈشمەن قەھرىمان قىسىملىرىمىزنىڭ يېرىم كۈنلۈك قايتارما ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قاچىدۇ، بىزنىڭ قىسىملىرىمىز ھەر تەرەپتىن بىردەك ئاتاكىغا ئۆتۈپ، دۈشمەندىن يىگجىخونى قايتۇرۇۋالىدۇ. دۈشمەننى ئۇدۇل باجاخو ۋە جىڭ ناھىيىسىگىچە قوغلاپ بارىدۇ.

شۇ قېتىمقى جەڭدە دۈشمەننىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، پەيجاڭ ماپۇچاڭ (تۇڭگان) قاتارلىق چوڭ-كىچىك كوماندىرى، ئەسكەرلىرى ئەسىر ئېلىنىدۇ، 17 دانە چوڭ تېپتىكى مىنامىيوت، 1000 دىن ئارتۇق مىلتىق، ئىككى زەمبىرەك، 68 دانە چوڭ-كىچىك پىلىموت، نۇرغۇن قول بومبىسى ۋە ئوق-دورا غەنىمەت ئېلىنىدۇ.

دۈشمەننى جىڭغا قەدەر قوغلاپ بېرىپ قايتقان كاپىتان بايەنتو دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشۈپ كەتكەن 20 نەپەر سەپدىشىنىڭ چاناپ بىر كارىزغا تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قېرىنداشلىرىنىڭ جەسىتى ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلايدۇ، ئۇلاردىن ئەپۇ سورايدۇ، دۈشمەندىن ئىنتىقام ئېلىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن قەسەمياد قىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ نەتىجىسى يەكۈنلىنىپ، تەجرىبە-ساۋاقلار خۇلاسىلەنگەندىن كېيىن، داخياگزىدىكى 5-ئاتلىق تۇڭگان دىۋىزىيونى بىر نۆۋەت تەرتىپكە سېلىنىپ، كېرىم ھاجى دىۋىزىيون كوماندىرلىقىغا، سالىخ دىۋىزىيون ناچالىك شتاب باشلىقلىقىغا، كالىموپ ئابدۇرخمان مۇئاۋىن ناچالنىك شتاب باشلىقلىقىغا بەلگىلىنىدۇ. دىۋىزىيون ئىككى ئىسكادرونغا بۆلۈنۈپ، مەنسۇر لومىيوف بىرىنچى ئىسكادروننىڭ كوماندىرلىقىغا، ئالىكسېي كوچمىنكوپ ئورۇنباسار كوماندىرلىققا؛ شارىبايوپ ئۆمەر ئىككىنچى ئىسكادروننىڭ باشلىقلىقىغا بەلگىلىنىدۇ. ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، چارلاش، قاراۋۇلدا تۇرۇش، دۈشمەن ئەھۋالىنى بايقاش ئەستايىدىل كۈچەيتىلىدۇ.

## ئوتتۇرا يۈنۈلىش قىسىملىرىغا ماسلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش

1945-يىلى سېنتەبىرنىڭ 5-كۈنى يەنى روزى ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىدى. ئالتە ئايغا يېقىن ئالدىنقى قاراۋۇلدا تۇرغان كوماندىر-جەڭچىلەر تويۇقسىزلا ئۇرۇش ھالىتىگە كۆچتى، بارلىق كوماندىر-جەڭچىلەر ئۆز قورالللىرىنى تەقلىدى. ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرىنىڭ باش شتابى ھەر قايسى قىسىملارغا ئالدىن ھەرىكەت دائىرىسى بەلگىلەپ بەرگەنىكەن. بىزنىڭ تۇڭگان دىۋىزىيونىمىزنىڭ بەلگىلەنگەن دائىرىسى يىڭجىخونىڭ جەنۇبىدىكى تاش يولدىن قۇمتاغدىكى 4-مەخپىي قاراۋۇلغا قەدەر بولۇپ، بىز شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت ئۇچتە تاش يول بويىغا چىقىپ ئورۇن ئالدۇق، رۇس پولى ئىسكادرون بىلەن شىبە ئىسكادرونى شىمالغا قاراپ ئورۇن ئالدى. بىردەمدىن كېيىن جەڭ بۇيرۇقى بېرىلدى. بىز دۈشمەن ئىگىلەپ تۇرغان باجاڭخوغا قاراپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىدۇق، دۈشمەن چوڭ-كىچىك قورالللىرىنى تەڭ ئىشقا سېلىپ، بىز تەرەپكە ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. بىزنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرىمىز دۈشمەننىڭ ئوت توچكىلىرىنى ۋەيران قىلىپ، دۈشمەن خەندەكلىرىنى ئىگىلىدى. كۈچلۈك دۈشمەن بىر-ئىككى سائەتلىك جەڭگە چىداشلىق بېرەلمەي باجاڭخونى تاشلاپ قاچتى. بىز دۈشمەننى كىچىك جىلغا، چوڭ جىلغا قەدەر قوغلاپ باردۇق.

كىچىك جىلغا بىر چوڭ جاڭزا بولۇپ، دۈشمەن تەرىپىدىن جاڭزىنى چۆرگىلىتىپ تۆت مېتىر كەڭلىكتە، ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا خەندەك كولىنىپ، سۇ قويۇۋېتىلگەنىكەن، دۈشمەن جاڭزىنىڭ تۆت تەرىپىگە پىلىموت ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىزنى ئوققا تۇتتى، ئۇلار: «لەي-لەي» دەپ ھەدەپ ۋارقىرايتتى، ئوقنى قارا-قويۇق ئاتاتتى. بىزنىڭ مەرگەنلىرىمىز دۈشمەننىڭ ئىككى پىلىموتچىسىنى يەر چىشلىتىپ، جاڭزىغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە يول ئاچتى. «ئۇررا» ساداسى كۆتۈرۈلۈش بىلەن دۈشمەن چوڭ جىلغا قاراپ تىكىۋەتتى. بىز كىچىك جىلغىنى ئىگىلەپ، جىلغا ناھىيىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدۇق؛ بىز دۈشمەننى قوغلاپ جىلغا دەرياسى بويىغا كېلىپ قالغانلىقىمىزنى سەزمەي قاپتىمىز. ئاڭغىچە يەرگە يورۇق چۈشۈپ، جىلغا ناھىيىسى ئىچىدىكى دۈشمەن پوتەيلىرى ئاشكارا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مەنسۇر لومىيوف بارلىق جەڭچىلەرگە قاراپ: «ئالغا!» دەپ بۇيرۇق قىلدى، بىز ئاتنى چاپتۇرغان پېتى جىلغا ناھىيىسى ئىچىگە كىرىپ باردۇق. دەل شۇ چاغدا كېرىم ھاجى ئۇچقۇر بوز ئېتىنى سالدۇرۇپ كېلىپ مەنسۇرگە: «كېچىكىپ قالدىڭلار!» دېدى-دە، نەگىدۇر كېتىپ قالدى.كېرىم ھاجى دېگەندەك جىلغا باشقا قىسىملار تەرىپىدىن بىر نەچچە سائەت ئىلگىرى ئازاد قىلىنىپ بولغانىكەن.

بىز جىلغا ناھىيىسى ئىچىدە توختىماي، كېچىلەپ قاچقان دۈشمەننى قوغلاپ

ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. تاش داۋاندىن ئۆتۈپ قۇمبۇلاققا كەلگەندە، بىزنىڭ ئالدىمىزدا دۈشمەننى قوغلاپ كەتكەن تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولك، شىبە ئىسكادرونى، رۇس پولى ئىسكادرونى بىلەن ئۇچراشتۇق. بىز جەم بولۇپ ئاتلارنى ئوت چالدۇرۇپ، ئۆزىمىز تاماقلانغاندىن كېيىن، ئىككى لىنىيىگە بۆلۈنۈپ، تاغ ئېتەكلىرى ۋە تاشيول، هارۋا يوللىرى ئەتراپىغا مۆكۈنگەن دۈشمەننى قوغلاپ، توغراق چازىدا دۈشمەن بىلەن ئاز ـ تولا ئۇرۇش قىلىپ، توغراق چازا بىلەن كۆلئۆتەڭنى دۈشمەندىن تازىلاپ، پورتاجىغا كەلدۇق. پورتاجىدىكى بارلىق موڭغۇل قېرىنداشلار بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى.

## چىڭشۇ تاشيولىدىكى جەڭ

لاماسۇندىن چىڭشۇ ئارىلىقى ئادەمگە 3 ـ 4 سائەتلىك يول ئىدى. بىراق قىسىم يولغا چىققاندا بەلگىلىمە بويىچە ماڭاتتى، ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا ئىتتىك ياكى ئاستا مېڭىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. بىر كەچ سائەت تۆتلەردە چىڭشۇ يېنىدىكى تاشيول بويىغا يېتىپ كەلدۇق. بىزنىڭ يېتىپ كېلىشىمىزگە دۈشمەننىڭ تولۇق قوراللانغان تۆت ماشىنا ئەسكىرى بىزنى قارشىلاپ كېلىپ ئوت ئاچتى. كوماندىرلار ئاتلارنى ئارقىغا قايتۇرۇپ، جەڭچىلەرنى جەنۇبقا، شىمالغا ئۆتۈپ، ئۇدۇلدىن مىناميوت بىلەن زەربە بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى. مىناميوت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى مۇخەممەر ئالدى بىلەن دۈشمەنگە قارشى ئوت ئاچتى، كۆن نامازدىگەرگە ئۇلىشىپ قالغاندى، بىرىنچى ئىزۋوت كوماندىرى مۇسازا ئالتە نەپەر جەڭچىنى باشلاپ، دۈشمەننىڭ جەنۇبي تەرىپىگە كېلىپ، دۈشمەن ماشىنىسىغا ئوق ئۈزدى. مۇسازا دۈشمەن ماشىنىسىغا 200 مېتىر قالغاندا، مۇسازا ۋە ئالتە نەپەر جەڭچى دۈشمەن پىلىموتى ئوقىدا قۇربان بولدى. جەنۇبتىكى بۇ سەبداشلىرىنىڭ هاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى يولنىڭ شىمالىدا تۇرۇپ ئاڭلىغان مۇقاش ئىسمايىل ئىككى ياردەمچىسىنى باشلاپ، دۈشمەن تەرەپكە قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. مۇقاش 3 ـ ماشىنىنىڭ چاقىغا قارىتىپ پىلىموت ئاتىدۇ، چاقتا ئوق تېگىپ يەل قويۇۋېتىدۇ؛ ئىككىنچى قېتىم ماشىنىنىڭ ماي باكىغا ئاتقاندا ئوت كېتىدۇ. مۇقاش ئەڭ ئالدىنقى ماشىنىنىمۇ پارتلىتىدۇ. مۇقاش يەنە ئالغا ماڭغاندا ئوق تېگىپ يارلىنىدۇ. مەۋا، ۋالىم مۇبارەكلەر مۇقاشنىڭ پىلىموتىنى ئېلىپ دۈشمەنگە زەربە بېرىدۇ. ئاڭغىچە بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز دۈشمەننى ئوراپ ئېلىپ، بىر قىسىم دۈشمەننى تىرىك قولغا چۈشۈرىدۇ، يەنە بىر

www.uyghurkitap.com



قىسىم نەرسە-كېرەكلەرنى غەنىمەت ئالىدۇ. قىسمىمىز ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى قىسىملارغا ئوخشاشلا دۈشمەننىڭ ئەڭ مۇستەھكەم قامالى-شىخو ناھىيىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

شىخودىكى جەڭ ھەم جىددىي ھەم قاتتىق بولىدۇ. دۈشمەن ئايروپىلان ئەۋەتىپ يەر يۈزىدىكى قىسىملىرىغا ياردەم بېرىدۇ، دۈشمەن ھاۋادىن، يەردىن قانچىلىك كۈچەپ ياردەم بەرسىمۇ، قورشاۋ ئىچىدە قالغان دۈشمەن قىسىملىرى تىرىك ئۆلۈپ بولغانىدى، ئۆلۈكنى يۆلەپ ئۆرە قىلغىلى بولمىغىنىدەك، ئۇلارمۇ ئۆرە بولالمىدى. ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرىنىڭ جەڭ داۋامىدا ئۆز-ئارا ماسلىشىپ، دۈشمەنگە دەل زەربە بېرىشى بىلەن دۈشمەن قىسىملىرى سان-ساناقسىز ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ، 1945-يىلى 9-ئاينىڭ 8-كۈنى قاچتى، شىخو غەلىبە بىلەن ئازاد قىلىندى، ھەر قايسى قىسىملاردىكى كوماندىر-جەڭچىلەر بىرلىشىپ غەلىبىگە تەنتەنە قىلدى. شىخو ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان قان-قېرىنداشلىرىغا تەزىيە بىلدۈردى.

گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك شىخوغا كېلىپ، شىخو ئۇرۇشىغا قاتناشقان قىسىملاردىكى بارلىق كوماندىر-جەڭچىلەرنى غەلىبە مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلىدى. قىسىملاردىكى قەيسەر كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ ئۇنۋانىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان ئوردېنلارنى تەقدىم قىلدى. تۆتىنچى دىۋىزىيونىدىكى مەنسۇر لومىيوف، ساۋۇزا ماشاڭلۇ، شاكىر، مۇقاش، ۋالىم مۇبارەك، مەۋا، ھەسەننۇر (مەن) قاتارلىق كوماندىر-جەڭچىلەرگە 1-، 2- دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت»، «باتۇرلۇق»، «پىدائىي» ئوردېنىنى تەقدىم قىلدى. مەنسۇر لومىيوف كاپىتانلىققا ئۆستۈرۈلۈپ، شىخو ناھىيىسى گارنىزونىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە ئالماشتۇرۇلدى.

بىز شىخو ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن شىخەنزىگە بېرىپ ئورۇنلاشتۇق، بىز تازا قىزىق ھەربىي مەشق قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە گېنېرال پالىنوپ كېلىپ بىزدىن ھال سورىدى. باش قوماندان شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى ئوقۇپ، تۆتىنچى 5-ئاتلىق دىۋىزىيونىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئورنىغا تۆتىنچى 10-ئاتلىق پولكىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى. پولكوۋنىك كېرىم ھاجى پولكىنىڭ كوماندىرلىقىغا، مەنسۇر لومىيوفنىڭ ئۇنۋانى پولكوۋنىكلىققا ئۆستۈرۈلۈپ، پولكىنىڭ ئورۇنباسار كوماندىرلىقىغا بەلگىلەندى.

**1986-يىلى نويابىر، غۇلجا**

# كونا ۋە يېڭى كۇرەدە ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرىم

سىدىق ئۆمەر

مەن 1909 - يىلى ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ كۇرە بازىرىدا تۇغۇلدۇم. 1959 - يىلىغىچە 50 يىل كۇرەدە تۇردۇم، 1960 - يىلى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن كۇرەدىن ئايرىلىپ، بۇ ناھىيىنىڭ تەلكە چارۋىچىلىق فېرمىسىغا يۆتكەلدىم.

مېنىڭ ئۆمرۈمنىڭ كۆپ قىسمى كۇرەدە ئۆتتى. ياش چېغىمدىن باشلاپلا جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان. بۇ چاغدا كونا، يېڭى كۇرەدىكى ئەھۋاللارنى كۆرگەن ۋە بىلىدىغان پېشقەدەملەر كۆپ ئىدى. كۇرەدىكى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ساماۋارچىسى بوۋاخۇنكام، يېڭى كۇرە سېپىلىنى سوقۇشقا قاتناشقان ئىسلام ئاكا بوتۇڭ، سودىگەرلەر جەمئىيىتى يەنى شاڭۋۇخۇينىڭ ھەيئەت ئەزاسى ھەزىزاخۇن كەنجىباي، جياڭجۈن يامۇلىدا تۇرغان خېي شاۋيې (مانجۇ، ئۇيغۇر تىلى بىلىدۇ) قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. مەن بەزى سورۇنلاردا، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن كونا ۋە يېڭى كۇرەدە بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى ئاڭلايتتىم، بەزىدە ئۇلاردىن كۇرەدە ئۆتكەن جياڭجۈنلەر، ئەمەلدارلار، كۇرەدىكى يامۇللار، ئەڭ كېيىنكى جياڭجۈن ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، مەغلۇبىيىتى، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئىلىغا تەسىرى، جۇڭخۇا مىنگونىڭ قۇرۇلۇشى، مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ھاكىمىيەت ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئالاقىدار مۇھىم - مۇھىم ئىشلارنى سوراپ بىلىۋېلىشقا تىرىشاتتىم. ماڭا مۇشۇ ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەرگەن كىشىلەر شۇ چاغلاردىلا 70 ياشتىن ئاشقانىدى. مانا بۇنىڭغا ھازىر 60 يىلدىن ئاشتى. بۇ ئىككى يىلنى قوشقاندا 130 يىلدىن ئاشىدۇ. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەچكە ئۆزۈمنىڭ ئېسىمدە چوڭقۇر قالغانچىلىك ئاڭلىغان، كۆرگەن ئىشلارنى ۋاقتى قەرەلى بىلەن ئەينەن ئەستە ساقلاش مۇمكىن ئەمەسكەن. شۇنداق بولسىمۇ باشقىلارغا، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزغا پايدىسى تېگىپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۆزۈم ئاڭلىغان، كۆرگەن ئىشلارنى قايتا - قايتا ئەسلەپ، قىسمەن تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئىزدىنىپ، سوراپ، سۈرۈشتە قىلىپ كونا - يېڭى كۇرە تارىخىغا دائىر تۆۋەندىكى تارىخىي ماتېرىيالنى يېزىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىقتىم. بۇ دەل، توغرا، تولۇق بولماسلىقى مۇمكىن، كۆرۈش جەريانىدا يولداشلارنىڭ توغرىلىشىنى، تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## كونا كۈرەنىڭ ۋەيران قىلىنىشى

1762 ـ يىلى قۇرۇلغان كونا كۈرە چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە ئىلى جياڭجۈنى (سانغۇنى) تۇرغان ئورۇن. ئىلى جياڭجۈنى ئەينى يىللاردا شىنجاڭدىكى ئەڭ كاتتا ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ، ئۇنىڭ ھوقۇق دائىرىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇ ھەم ھەربىي ھەم مەمۇرىي ھوقۇق يۈرگۈزەتتى. مەھكىمە خىراجىتى، چېرىكلەرنىڭ خىراجىتى ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار خىراجىتى پۈتۈنلەي يەرلىك خەلقتىن شۇلۇپ ئېلىناتتى، شۇڭا سېلىق ۋە ئالۋاڭنىڭ تۈرى، مىقدارى ناھايىتى كۆپ ئىدى. جياڭجۈن ۋە ئۇنىڭ باشقا ئەمەلدارلىرى پۈتۈنلەي سېپىل ئىچىدىكى جياڭجۈن مەھكىمىسىگە بېكىنىۋېلىپ ھوقۇق يۈرگۈزەتتى. سىرتقا چىقىپ خەلقنىڭ دەردى ـ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باقمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ سېلىقى يىلمۇ ـ يىل كۆپىيىپ، زۇلۇم كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى. خەلقنىڭ غەزىپى كۈنسېرى ئاشتى. 1864 ـ يىلى مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە زۇلۇمىغا قارشى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. قولىغا كالتەك، چوماق ئالغان قوزغىلاڭچىلار سادىر پالۋان قاتارلىق ئەلسۆيەر سەركەردىلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا غۇلجا شەھرىنى تېز ئىگىلەپ، باياندايى سېپىلىنى، ئاندىن ئىلى جياڭجۈنى تۇرۇشلۇق جاي — كۈرە سېپىلىنى پارتلىتىپ، مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئىلىدىكى زۇلۇمىغا خاتىمە بەردى. شۇنچە چېرىك، خىل قوراللار بىلەن تاياق ـ توقماقلىق خەلقتىن يېڭىلگەن ئىلى جياڭجۈنى مىڭ شۈي خەلقنىڭ غەلىبىسى ئالدىدا ئەلەمگە چىدىماي ئايالى، ئىككى ئوغلى ۋە بىر قىزى بىلەن ئۆزىگە ئوت يېقىپ، پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلدى. جياڭجۈننىڭ كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىشى بىلەن تەڭ زۇلۇمنىڭ ئوردىسى بولغان كونا كۈرەمۇ غەزەپكە كەلگەن قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن تۈپتۈز قىلىۋېتىلدى.

## شىنجىڭ — يېڭى كۈرە قەلئەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ قايتا تىكلىنىشى

مەنچىڭ خاندانلىقى ئىچكى ۋە تاشقى كۈچلەرگە تايىنىپ، زۇلۇمغا قارشى ئىلى

دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك شېرىكى بولغان جىن شۇننى ئېلى جياڭجۈنى قىلىپ تەيىنلىدى. ئارقىدىنلار يېڭى كۈرە قەلئەسىنى قۇرۇش يارلىقىنى چۈشۈردى. جىن شۇن خاننىڭ يارلىقىنى ئالغاندىن كېيىن يېڭى كۈرە قەلئەسىنى ھازىرقى ئورۇنغا سېلىشنى لايىق كۆرۈپ، خانغا مەلۇم قىلدى، خاننىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قەلئە قۇرۇلۇشىنى باشلىدى.

جىن شۇن قەلئەنى پۈتۈنلەي يۇقىرانىڭ كۆچمگە تايىنىپ قۇرۇشنى قارار قىلغاندىن كېيىن مىڭ ئامبالنى سېپىل سوقۇش ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل (ئەينى چاغدا سېپىل سوقۇشقا قاتناشقان ئىسلام بوتۇق ئېيتىپ بەرگەن) قىلدى. ئامباللار تەرەپ-تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ 1000 دىن كۆپرەك دېھقاننى يىغقان، بۇ كىشىلەر 10 بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ھەر 100 كىشىگە بىر يۈز بېگى، ھەر 10 كىشىگە بىردىن 10 بېگى باشلىق قىلىپ بېكىتىلگەن، ھەر 100 كىشىگە بىردىن بوتۇق مەسئۇل قىلىنغان، بوتۇق كىشىلەرنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلغاندىن تاشقىرى، سېپىل سوقۇش ۋەزىپىسىنى ئۆلچەپ بېرىپ تۇرىدىكەن. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن سېپىل سوقۇش شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇبتىن بىرلا ۋاقىتتا باشلىنىپتۇ. ئومۇمەن سېپىلنىڭ ئايلانمىسى 12 چاقىرىم، ئېگىزلىكى يەتتە يېرىم مېتىر، ئاستى بەش مېتىر، ئۈستى تۆت مېتىر كەڭلىكتە بولۇپ، سېپىلنىڭ ئۈستىدە سەككىز ئات سۆرەيدىغان ئوتتۇرا كالىبىرلىق زەمبىرەك بىمالال يۈرەلەيدىكەن ھەم تۆت قاتار تىزىلغان چېرىكلەرمۇ ئەركىن ماڭالايدىكەن. سېپىلنىڭ ھەر 200 مېتىر ئارىلىقىدا بەش چېرىك ئازادە تۇرالايدىغان كىچىك قوقتا (پوتەي)، سېپىلنىڭ تۆت بولۇڭىغا ئىككى قەۋەتلىك قەدىمىي ئۇسۇلدا ياسالغان بىر پەي چېرىك تۇرالايدىغان چوڭ قوقتا ياسالغان. قەلئەنىڭ تۆت تەرىپىگە كۆك پىششىق خىشتىن مۇستەھكەم، ئاركىلىق ھەم كاھىشلىق كاتتا دەرۋازا ھەم ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى قەۋەت ئېگىز چوڭ قوقتا سېلىنغان بولۇپ، قوقتىنىڭ دەرۋازىسى تۆمۈردىن قاپلانغانىكەن، ئۇنىڭغا 10-20 جىڭ ئېغىرلىقتىكى قۇلۇپلاش زەنجىرى بېكىتىلگەنىكەن. سېپىل پۈتكەندە بۇ يەرگە بىر پەي ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، بىردىن زەمبىرەك تىكلەپ قويۇلغانىكەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى چوڭ سېپىلنىڭ 100 مېتىر سىرتىغا ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان پۈتۈن سېپىلنى ئايلاندۇرۇلغان ئالتە سېپىل سوقۇلۇپ، ئالاھىدە دەرۋازىلار بېكىتىلگەنىكەن. مەزكۇر ئالتە سېپىلنىڭ سىرتىغا كەڭلىكى 50 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 10 مېتىر كېلىدىغان قىلىپ پۈتۈن سېپىلنى ئوراپ تۇرىدىغان خەندەك قېزىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولۇپ، دۈشمەن قەلئەگە ھۇجۇم قىلماقچى بولسا، خەندەكنى سۇغا تولدۇرۇپ، قەلئەنى مۇداپىئە قىلىش پىلانلانغانىكەن.

سېپىل سوقۇشقا قاتناشقان چوڭلارنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، قولىغا سىم ئورالغان يىلان قامچا تۇتقان يۈز بېگىلەر ئىش ئورنىنى تىنىم تاپماي ئايلىنىپ يۈرىدىكەن، سېپىل سوقۇشقا قاتناشقانلارنى پەقەت دەم ئالدۇرمايدىكەن، مۇبادا، بەزى بىرلىرىنىڭ چارچاپ، قەددىنى رۇسلىۋېلىش ئۈچۈن بىردەم-يېرىمدەم دەم ئېلىپ قالغانلىقىنى كۆرسە، ئۇنداقلارنى شۇ يەردىلا باستۇرۇپ يىلان قامچا بىلەن ئۇرۇپ، ھالىدىن كەتكۈزۈپ تاشلايدىكەن. ھەربىر بوتۇڭ ئۆلچەپ بەرگەن يەردىكى سېپىل تېمى پۈتتۈرۈلگەندە، يۈز بېگى ئامبالغا مەلۇم قىلىدىكەن، ئۇ تەكشۈرۈپ ئۆلچەمگە لايىق بولسا ئالىدىكەن، بولمىسا ئالمايدىكەن، تەكشۈرۈپ ئېلىشتا قولىغا ئۇزۇن ساپلىق نەيزە تۇتقان كىشى نەيزىنى كۈچ بىلەن سېپىلغا سانجىيدىكەن، ئەگەر نەيزە مەلۇم يېرىگىچە سېپىلغا پېتىپ كەتسە، مەسئۇل بولغان بوتوڭنى شۇ يەردىلا بېسىپ ئۇرۇپ، يارىماسقا ھۆكۈم قىلىپ، سېپىلنى تاپشۇرۇپ ئالمايدىكەن. ئەلەمدە قالغان بوتۇڭلار ئاپقۇرلاپ ياخشى ھاراق، چېكىشكە ئەپيۇن تەييارلاپ، يۈز بېگى، ئامباللارنىڭ ئايىقىغا باش قويۇپ يىغلاپ، ئاز دېگەندە 20 ـ30 سەر كۆمۈش تارتۇق قىلىپ، ئاندىن سېپىلنى ئۆتكۈزىدىكەن. كىشىلەر شۇنداق زوراۋانلىق ئىچىدە 2 ـ3 مېتىر يىراقتىن توپا قېزىپ، توپىنى قاپ، تاغار، زەمبىل بىلەن يەتتە مېتىر ئېگىزلىكتىكى سېپىل ئۈستىگە ئېلىپ چىقىدىكەن. ئىش قاتتىق، دەم ئېلىش ئاز، يېمەك-ئىچمەك يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر تومۇز ئاپتاپلىرىدا تولغاق، بەزگەك، كېزىك بولۇپ ئاھۇ-ۋاي بىلەن كۈنىگە بىر نەچچە ئادەم كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلسە، بەزىلەر يىلان قامچىنىڭ زەربىسىدىن قان يۇتۇپ ئۆلىدىكەن. ئۆلگەن، ئاغرىقلار بىلەن كارى بولماي، ئۇلارنى سىرتقا تاشلاپ، ئورنىغا ئادەم تولۇقلاپ تۇرىدىكەن. سىرتقا چىقىرىپ تاشلانغان ئاغرىقلار ئىگە-چاقىسىز مۇساپىرلار بولۇپ، سېپىلغا توپا ئېلىنغان كارىزلاردا يېتىپ قالىدىكەن. يۇرت ئىچىدىكى ھەسەن ئاقساقال، ئىسلام ئاكا، قۇۋان پالۋان قاتارلىق كىشىلەر ۋە جامائەت كېلىپ، ئۆلگەنلەرنى قائىدە بويىچە دەپنە قىلىدىكەن، ئاغرىق-سىلاقلارنى يۆتكەپ، مەسچىتنىڭ مۇساپىرخانىسىغا ياكى ھەسەن ئاقساقال چايخانىسىغا يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، جامائەت ياردەم قىلىپ باقىدىكەن. سېپىل مانا شۇنداق مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قان-تەرى، جېنىدىن جۇدا قىلىنىشى بەدىلىگە ئۈچ يىل ئىچىدە پۈتكەنىكەن.

سېپىلنىڭ تۆت بۇرجىكىگە سېپىلدىن 4-5 چاقىرىم يىراقلىقتا بىردىن جەمئىي تۆت كىچىك سېپىل بىنا قىلىپ، سېپىلنىڭ ئىچىگە گازارما قۇرۇپ، ھەر بىرىگە بىردىن جەمئىي تۆت ئاتلىق گارنىزون تۇرغۇزغانىكەن. بۇ ئاتلىق گارنىزونلار ئۆزىگە تېگىشلىك دائىرە ئىچىدە چارلاش ئېلىپ بېرىپ چوڭ كۈرەنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىكەن.

جىن شۈن جياڭجۈن مەنچىڭ خانىنىڭ ئەمرى بويىچە سېپىلنى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خانغا ئالاھىدە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئاندىن كۈرە قەلئەسىنى شىنچېڭ-يېڭى كۈرە دەپ ئاتاپ، بۇنى ئىلى تەۋەسىگە جاكارلىغانىكەن. يېڭى كۈرە كونا كۈرەنىڭ سەككىز كىلومېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، جياڭجۈننىڭ جاكارىسىدىن كېيىن «كۈرە» دەپ ئاتالغانىكەن.

## كۈرە قەلئەسىنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشى

كۈرە سېپىلى سوقۇلۇپ، دەرۋازىلىرى بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىچكى قۇرۇلۇشى ياسالغانىكەن. ئۇلار: جياڭجۈن يامۇلى-جياڭجۈنفۇ، دۇتۇڭ يامۇلى، تۆت چوڭ لىڭدۈي، تۆت شىلىڭ، 16 ئالتە زولىڭ يامۇلى، پىيادە، توپچى ۋە ئاتلىق قىسىملار گازارمىسى، ئامبار ھەم بىر قانچە ئىبادەتخانا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. قەلئەنىڭ كوچىلىرى چاقماق شەكلىدە بولۇپ، تۈز ھەم كەڭ ئىكەن، ئەينى زاماندا شەرقىي دەرۋازىسى «دوڭگەن» دەپ ئاتىلىپ، دەرۋازىنىڭ سىرتىدا ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ ئاھالىلىرى ئولتۇراقلاشقانىكەن، غەربىي دەرۋازىسى «تارجى» دەرۋازىسى، جەنۇبىي دەرۋازىنى «نەنگۇەن» ياكى سۇمۇل دەرۋازىسى، شىمالىي دەرۋازىسىنى «بېيگۇەن» ياكى سۈيدۇڭ دەرۋازىسى دەپ ئاتايدىكەن. شەرقىي دەرۋازىدىن غەربىي دەرۋازىغا، شىمالىي دەرۋازىدىن جەنۇبىي دەرۋازىغا ئۇدۇل مەركىزىي چوڭ كوچا ئېلىنغان بولۇپ، قەلئەنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئېگىزلىكى يەتتە مېتىر، كەڭلىكى 50 مېتىر كېلىدىغان كۆك خىشتىن تۆت ئەگمە دەرۋازىلىق بىر قورغان سۇپا ياكى سەھنە ياسىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جوڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مىمارچىلىق ئۇسلۇبىدا ئۈچ قەۋەتلىك جوڭگوچە بىر راۋاق ياسالغانىكەن؛ قەلئەنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى تەرىپىدىكى مەركىزىي كوچا جياڭجۈن مەھكىمىسى-جياڭجۈنفۇ، ئىككى لىڭدۈي، بىر شىلىڭ يامۇلى، بىر قەلئە باشقۇرۇش ئامبىلى يامۇلى (ساقچى ئىدارىسىگە تەڭ)، بىر ئورۇنغا ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى-گۈنچەنجۈي، ئىككى ئورۇنغا چوڭ

ئىبادەتخانا سېلىنغانىكەن؛ قەلئە ئىچىدىكى چوڭ كوچىنىڭ بويىدىن تىجارەتچىلەرگە، قول ھۈنەرۋەنلەرگە دۇكانلىق سېلىش ئۈچۈن يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنىكەن.

## جياڭجۈنفۇ — جياڭجۈن (سانغۈن) مەھكىمىسى

جياڭجۈن مەھكىمىسى شەرقىي چوڭ كوچىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان كاتتا قورغان ئىچىدە بولۇپ، يەر مەيدانى 300 كۋادرات مېتىر كېلەتتى. بۇنىڭ چوڭ دەرۋازىسى جۇڭگودىكى قەدىمىي خان سارايلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىلىرىغا ئوخشاش ئېگىز كۆتۈرۈپ ياسالغان. ئۆگزىلىرى كاھىشلانغان، تۆت ئەتراپى يېشىل خىشتىن ياسالغان ئەجدىھا باشلىق ئۈچ (لوڭتۇ) ۋە سېرىق سىرلىق ساپال گۈللەر بىلەن نەقىشلەنگەنىدى. دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تاشتىن ياسالغان، ئېگىزلىكى ئىككى يېرىم مېتىر كېلىدىغان ئىككى شىر بىر-بىرىگە ھومىيىپ قارىشىپ تۇراتتى. دەرۋازىدىن 20 مېتىر نېرىدا ئىككى يەردە ئىككى سۇپا بولۇپ، ھەر خىل سىردا سىرلانغان جۇڭگوچە شىپاڭ يەنى راۋاقچە بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرسىگە ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان چوڭ بوم ئاۋازلىق سېرىق مىس كانايدىن ئىككىسى ئېسىقلىق تۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل كاناي-سۇناي، داقا-دۇمباق، جاڭ ۋە تەبىلباز قاتارلىق ساز قوراللىرىنى تۇتقان كىشىلەر تۇراتتى. يەنە بىر شىپاڭدا غىجەك، قۇمۇش بالىمان، پۇۋلەپ چالىدىغان جەمشىد بالىمانى قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تۇتقان كىشىلەر قاتار تىزىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىزىل تاۋاردىن ئالدى-كەينىگە ئەنقانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئۇزۇن چاپان، بېشىغا چىغدىن توقۇلغان قىزىل پۆپۈكلۈك قالپاق، پۇتىغا قىزىل لاتىدىن تىكىلگەن ئۆتۈك كىيەتتى. ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەن، چۈش ۋە كەچتە جياڭجۈن ۋە ئۇنىڭ خانىشى تاماق يېگەن، دەم ئالغان ۋاقىتنىڭ ئالدى-كەينىدە ساز چېلىپ، نەغمە-ناۋا قىلىپ، جياڭجۈن ۋە ئۇنىڭ خانىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچاتتى. جياڭجۈن مەھكىمىسىگە مېھمان چاقىرىلغاندا چوڭ ئامباللارنىڭ يىغىلىشى ۋە ياكى دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ ساز چېلىپ تۇراتتى. جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر مەشق مەيدانى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپى تام بىلەن ئىھاتە قىلىنغان بولۇپ، چوڭ مەركىزىي يولغا ئۇدۇل ئىككى دەرۋازىسى بار ئىدى. دەرۋازىدا ئىككى چېرىك پوستتا تۇرۇپ، ئەمەلدار ۋە چېرىكلەردىن باشقا پۇقرالارنى بۇ يولدا يۈرۈشكە رۇخسەت قىلمايتتى. جياڭجۈن مەھكىمىسىگە كىرگەندە، دەرۋازىنىڭ ئىككىلا تەرىپى ئۆي بولۇپ، بىر ئۆيدە دەرۋازىۋەنلەر،

چېرىكلەر تۇراتتى، بۇلار دەرۋازىنى مۇھاپىزەت قىلاتتى؛ يەنە بىر ئۆيدە دائىم پو (زەمبىرەك) ئاتىدىغان ئېگىز بويلۇق، ئاۋاق، ئۇزۇن چاچ قويغان بىر قېرى پوچى، پو بەتلىگۈچى ۋە پوغا دورا تەييارلىغۇچىلار تۇراتتى. ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەن قەلئەنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىدىغان ۋاقىتتا، چۈش ۋاقتىدا، كەچ قەلئەنىڭ دەرۋازىسى تاقىلىدىغان ۋاقىتتا بىر قېتىمدىن پو ئاتاتتى. بۇندىن باشقا جىياڭجۈن مەھكىمىسىدىن چىقسا-كىرسە توققۇز پايدىن، خانىش مەھكىمىدىن چىقسا-كىرسە يەتتە پايدىن پو ئاتاتتى. بىرىنچى دەرۋازىدىن كىرىپ 100 مېتىر مىقدارى ماڭغاندا، ئىككىنچى دەرۋازا بار ئىدى. بۇ دەرۋازىمۇ ئالاھىدە ياسالغان بولۇپ، بۇ يەردىمۇ مەخسۇس ئىشىك باقارلار تۇراتتى. بىرىنچى دەرۋازا بىلەن ئىككىنچى دەرۋازا ئارىسىدا يامۇلنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان چېرىكلەر ھەم بىر گارنىزون ئەسكەر تۇراتتى. ئىككىنچى دەرۋازىدىن كىرگەندە 2000 كىشى سىغقۇدەك مەيدان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرق، غەرب تەرىپىدە رەتلىك سېلىنغان ئۆيلەر بار ئىدى، بۇنىڭدا پەقەت جىياڭجۈن مەھكىمىسىنى مەخسۇس ساقلايدىغان ليەن تۇراتتى، بۇ ئۆيلەردىن 50 مېتىر يىراقلىقتا ئۈچىنچى دەرۋازا بولۇپ، بۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىر مېتىر ئېگىزلىكتە ياسالغان كەڭ سەھنە بار ئىدى. بۇ سەھنىگىمۇ مىڭغا يېقىن ئادەم سىغاتتى، سەھنىنىڭ تۆرى ۋاڭ-گۈڭلارغا خاس ئوردىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان قەدىمىي ئۇسلۇبتا ياسالغان، كۆپ تۈۋرۈكلۈك ئىدى. سەھنىنىڭ تورۇسلىرىغا مەنچىڭ خان تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن تاختايغا ئالتۇن ھەل بېرىلىپ چوڭ خەتلەر يېزىلغان تەبرىكنامىلەر، تۈۋرۈكلىرىگە مەنچىڭ خانغا، خاندانلىققا، جىياڭجۈنگە، ئۇنىڭ دۆلىتىگە ئەبەدىي بەخت-سائادەت، ئۆزلىرىگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ يېزىلغان تاختايلار قاتار ئېسىلغانىدى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئالتۇن زەر بىلەن ئەجدىھانىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن سېرىق، قىزىل بايراقلار ئېسىقلىق تۇراتتى، سەھنىنىڭ تۆرىگە مەنچىڭ خاننىڭ سۈرىتى ئېسىلغان ئىدى. بۇ سەھنىنى «داتاڭ» دەپ ئاتايتتى، «داتاڭ» نىڭ تۆرىدە قاتارىسىغا قوش قاناتلىق ئىككى چوڭ ئېگىز ئىشىك بولۇپ، بۇنى «ئەرمىڭ» دەپ ئاتايتتى. بۇ ئىككى ئىشىك جىياڭجۈن، دوتۇڭ دەرىجىلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ خانىشلىرىنىڭلا كىرىپ-چىقىشى ئۈچۈن ئېچىلاتتى، باشقا ھەرقانداق ئەمەلدارلار ئۈچۈن ئېچىلمايتتى. قالغانلار يان ئىشىكتىن كىرىپ-چىقاتتى. بۇ يەردىمۇ تۆت چېرىك قورال تۇتۇپ تۇرۇپ، ئىچكىرىگە كىرمەكچى بولغان كىشىلەرنى تەكشۈرۈپ، كىرىشكە رۇخسەت قىلىنغانلىق قەغىزى بولسا كىرگۈزەتتى، بولمىسا قەتئىي كىرگۈزمەيتتى. مەزكۇر

«داتاڭ» نىڭ ئوڭ تەرىپىدە كاتىپلار، خەۋەرلەشكۈچىلەر، تەكشۈرگۈچىلەر تۇراتتى. ئۇلار جىياڭجۈن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگەن ئامباللارنى مۇشۇ ئۆيلەرگە كىرىپ باشقۇرغۇچى ئامبالغا كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپ، ئەنگە ئالدۇرغاندىن كېيىن، ئامبال كەلگۈچى كىشىنى جىياڭجۈنگە مەلۇم قىلاتتى. جىياڭجۈن قوشۇلسا ھېلىقى ئامبال كەلگۈچىنى باشلاپ جىياڭجۈن بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قايتۇرۇپ چىقاتتى، ئەگەر كەلگۈچىنىڭ ئارقىسىدا مۇھاپىزەتچىسى بولسا، جىياڭجۈننىڭ يېنىغا كىرىشتە مۇھاپىزەتچى مۇشۇ يەردە قالاتتى. «داتاڭ» نىڭ سول تەرىپىدىكى ئۆيلەردە ھەربىي ئىشلار ساقچى مۇھاپىزەتچى ئەسكەر بۆلۈمى بولۇپ، ھەر قايسىسىنىڭ باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلىرى بار ئىدى. «داتاڭ» نىڭ شەرق تەرىپىدە يەنە بىر قانچە كورپۇس ئۆيلەر بولۇپ، بۇ ئۆيلەردە كاتىبات، خوجىلىق ۋە باشقا بۆلۈملەر بار ئىدى. مەزكۇر «داتاڭ» سەھنىسىنىڭ شەرق، غەرب تەرىپىگە 50 مېتىر ماڭسىڭىز ئىككى تەرەپتىكى ئېگىز تامغا ئېچىلغان ئېگىزلىكى ئىككى يېرىم مېتىر كېلىدىغان دومىلاق كۆك خىشتىن ياسالغان ئەگمە ئىشىك كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ. شەرقتىكى ئىشىكتىن كىرگەندە، كەڭ بىر مەيدان بار، بۇ مەيداندىمۇ كورپۇس-كورپۇس قىلىپ ياسالغان ئۆي ۋە بۆلۈملەر بار. بۇ بۆلۈملەر چېرىكلەر گازارمىسى، ھەربىي ئىسكىلات ئىدى. غەرب تەرەپتىكى ئەگمە ئىشىكتىن كىرسىڭىز بىر كاتتا قورۇنى كۆرۈسىز، بۇ قورۇدا مەمۇرىي ئىشلار ۋەزىرلىرى ئىشخانىسى ۋە شۇ ساھەدە ئىشلەيدىغان ئەمەلدارلار تۇراتتى. بۇ يەردە يەنە ئالاھىدە رەتلىك سېلىنغان بۆلۈملەر بار بولۇپ، بۆلۈملەردە ئامبال، غالدا، باخشى قاتارلىق ئەمەلدارلار ئىشلەيتتى، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مانجۇ ۋە شىبەلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا كاتىپلار، تەرجىمانلار، ئالاقىچىلار ۋە چاپارمەنلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى يەنىلا مانجۇ، شىبە، خەنزۇلاردىن تەركىب تاپقاندى. بۇلار ئىلى جىياڭجۈنگە قاراشلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر، موڭغۇل، خۇيزۇ، شىبە، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى، نوپۇس، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى، يەر، سۇ، ئالۋاڭ-ياساق ئىشلىرىنى شۇنداقلا مەنسەپكە قويۇش، مەنسەپتىن قالدۇرۇش، مۇكاپاتلاش، جازالاش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. مۇشۇ قورۇنىڭ بىر چېتىدە يەنە بىر ئىشىك بولۇپ، بۇ ئىشىكتىن كىرسىڭىز يەنە بىر قورۇغا چىقىپ قالىسىز، بو قورۇدا بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان نەچچە ئون ئۆي، بۆلۈم، ئىشخانا بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمىدا باشقا ئۆيلەرگە نىسبەتەن ئېگىز ۋە ھەشەمەتلىك قىلىپ ياسالغان پېشايۋانلىق ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي بار ئىدى.

بۇ جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ خەزىنە خوجىدارلىقى تۈرۈشلۈق ئورۇن بولۇپ، خوجىدارلىق باشچىلىقىدىكى خەزىنە، دەپنە، مالىيە-ئىقتىسادقا مەسئۇل ئامباللار تۇراتتى. بۇ قورۇنىڭ شەرق تەرىپىدە يەنە بىر تۆمۈر ئىشىك بولۇپ، بۇ دائىم قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى، بۇنىڭدىن كىرسىڭىز قورۇنىڭ شىمالىي، غەربىي، جەنۇبىي تەرەپلىرىدە پۈتۈنلەي پولات پەنجىرە، تۆمۈر ئىشىكلەر بولۇپ، بۇلار قوپال زەنجىرلەر بىلەن قۇلۇپلانغان. بۇ ئىشىكلەرگە خەنزۇچە خەت بىلەن نومۇر سېلىنغان، قورۇنىڭ ئىچى دائىم جىمجىت تۇراتتى. مانا مۇشۇ تۆمۈر ئىشىكلىك ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ئىلى جياڭجۈنىنىڭ ئىلى خەلقىدىن قورال كۈچى ئارقىلىق بۇلاپ-تالاپ ئالغان مال-مۈلۈكلىرى يەنى ئالتۇن-كۈمۈش، قىممەت باھالىق دۇر، ئېسىل تاش، جاۋاھىراتلار، زەررىن جاۋاھىراتلىق تاج، ئالتۇن كەمەر، ئەڭ قىممەتلىك جوڭسا (ئوتىغات) قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەشيالار ساقلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئورۇن ئىنتايىن مەخپىي بولۇپ، قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىناتتى، خەزىنىچى ئامبالدىن باشقا ھەر قانداق كىشى كىرگۈزۈلمەيتتى.

ئەمدى يەنە «داتاڭ» غا كېلەيلى، «داتاڭ» دىكى ئۈچىنچى دەرۋازىدىن كىرىپ 50 مېتىرچە ماڭسىڭىز، تۆتىنچى ئىشىككە بارىسىز، بۇ يەردىمۇ ئىشىك باقارلار تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن كىرسىڭىز ئازادە تۆت چاسا قورۇغا چىقىسىز، قورۇنىڭ تۆرىدە تاملىرى گۈللۈك، چوڭ پەنجىرىلىك، ئالدى پىشايۋانلىق كۆك خىشتىن جۈڭگو ئۇسلۇبىدا ھەشەمەتلىك سېلىنغان بەش ئېغىزلىق ئۆي بار. بۇ ئۆيلەر جياڭجۈننىڭ ھەرەمخانىسى، خان-خانىشلارنىڭ ئىستىراھەت قىلىپ دەم ئېلىش سارىيى بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ ئىچى ھەر تۈرلۈك قىممەت باھالىق بىسات بىلەن ئالاھىدە زىننەتلەنگەن، بىر نەچچە مۇلازىم قىزلار يۈگۈرۈپ يۈرۈپ جياڭجۈن ۋە ئۇنىڭ خانىمى قاتارلىقلارغا خىزمەت قىلاتتى. بۇ سارايىنىڭ ئىككى چېتىدە يەنە بىر قانچە ئۆيلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمىدا خان-خانىشلارنىڭ مۇلازىملىرى، كېنىزەكلەر تۇراتتى، بىر قىسمى ئاشخانا، يۇيۇنۇش ۋە گىرىم قىلىش ئۆيلىرى ئىدى. قورۇنىڭ شەرق تەرىپىدە جياڭجۈننىڭ خاس ئىشخانىسى، تامغا-مۆھۈر تۇتىدىغان مەخسۇس كاتىپى ۋە مۇھاپىزەتچى مۇلازىملار تۇرىدىغان ئۆيلەر بار ئىدى. قورۇنىڭ غەرب تەرىپىدە جياڭجۈنگە خاس ياسالغان ئىنتايىن ھەشەمەتلىك «پايتەخت» ئۆيى بولۇپ، ئىچىگە چوڭ خەتلەر يېزىلغان لەۋھە-بايراقلار، ئالتۇن سىر بېرىلىپ چوڭ خەت يېزىلغان تاختايلار ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۆينىڭ تۆرىگە، ئوتتۇرىسىغا ئەجدىھا سۈرىتى كەشتىلەنگەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



كىمخاب يوپۇق يېپىلغان، ئاستىغا يولۋاس تېرىسى سېلىنغان «تەخت» قويۇلغان. جياڭجۈن چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىپ، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار بىلەن يىغىن ئاچقاندا، مۇشۇ «تەخت» تە ئولتۇرۇپ يىغىنغا نازارەتچىلىك قىلىدىكەنتۇق ۋە ھۆكۈم، يارلىق چىقىرىدىكەنتۇق. بۇ قورۇلۇشنىڭ غەربىدە ئارقىغا ئۆتىدىغان بىر ئىشىك بولۇپ، بۇنىڭدىن كىرسىڭىز جياڭجۈننىڭ دەم ئېلىش بېغى بولۇپ (ھەرەمباغ)، باغدا رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، قەپەزگە ئېلىنغان تۇرنا، شاتۇتى، بۇلبۇل، تورغاي ۋە تۇمۇچۇقلار سايراپ تۇراتتى. جياڭجۈن دەم ئېلىش ۋاقتىنى مۇشۇ باغدا ئۆتكۈزىدىكەن. بۇ باغنىڭ شىمالىي تېمىدا يەنە بىر ئىشىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆتسە 2ـ3 يۈز مو كېلىدىغان بىر چوڭ باغ بار. بۇ باغنى «جياڭجۈن بېغى» دەپ ئاتايدىكەن. باغنىڭ ئەتراپىغا تېرەك، قارىياغاچ، سۆگەت، ئەرمىدۇن، دولانا قاتارلىق دەرەخلەر تىكىلگەن، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆل بولۇپ، كۆلنىڭ چەت چۆرىسىگە گۈللەر تېرىلغان، كۆلنىڭ ئىچىگە بىر قېيىق سېلىنغانىكەن. خان ـ خانىشلار زېرىككەندە باغنى سەيلى قىلىپ، قېيىق بىلەن كۆلدە ئۈزۈپ ئوينايدىكەن، باغدا يەنە بۇغا ـ مارالمۇ بار ئىكەن. بۇ باغقا جياڭجۈن مەھكىمىسىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭلا كىرىپ سەيلە ـساياھەت قىلىشىغا بولىدىكەن، پۇقرالارنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدىكەن. بۇ باغنىڭ شەرقىدىكى تامنىڭ سىرتىدا جياڭجۈن ئات قورۇسى بار ئىدى. ئاتخانىدا يەم ـخەشەك ئامبارلىرى ۋە لاپاس بولۇپ، ئارغىماق، يورغا، يۈگۈرۈك ئاتلار، خېچىرلار لاپاستا تۇراتتى؛ بىر ئاتنى بىردىن ئادەم سىلاپ ـسىپاپ باقاتتى. ئاتلارنى ھەم ئات قارلارنى باشقۇرغۇچى «خاۋتۇر» دەپ ئاتىلاتتى. ئات قارلار ھەر يەكشەنبە كۈنى يورغا ئاتلارنى ئالدى بىلەن يۈيۈپ تارايتتى، يورغا ئاتلاردىن بىر قانچىسىنى ئىگەرلەپ، 20ـ30 سېرىق تۈچ قوڭغۇراق بېكىتىلگەن تاسمىنى ئاتلارنىڭ بويىنىغا ئېسىپ، چوڭ كوچىغا ئېلىپ چىقاتتى، ئاندىن ھەرقايسى لىڭدۈي، شىلىڭ، زولىڭ يامۇلى ئامباللىرىمۇ يورغا ئاتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، يورغا ئاتلار مۇسابىقىسى ئۆتكۈزەتتى. بۇنداق مۇسابىقىلەرنى جياڭجۈن باشلىق ھەرقايسى ئەمەلدارلار كۆرەتتى، قەلئە ئىچىدىكى پۇقرالارنىڭ كۆرۈشىگىمۇ رۇخسەت قىلىناتتى.

## جياڭجۈن(سانغۇن) ئىبادەتخانىسى

شەرقىي مەركىزىي چوڭ كوچىدا ھەيۋەتلىك جياڭجۈن ئىبادەتخانىسى، بۇنىڭغا

ياندىش كۆۋزى، مىگزى خاتىرە ئىبادەتخانىسى بار ئىدى. جياڭجۈن ئىبادەتخانىسى ئىلى جياڭجۈنىگە تەۋە جايلار ئىچىدە ئەڭ سەلتەنەتلىك، ئەڭ ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانا بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى پۈتۈنلەي جۇڭگوچە بولۇپ، ئاستى-ئۈستى، تام-تورۇسلىرى يېشىل، سېرىق، كۆك ساپاللار بىلەن ياسالغان، ئىبادەتخانىنى ئوتتۇرىسىدا ئۈچ دەرۋازىلىق پەشتاق «پەيپىڭمىن» بولۇپ، بۇ ناھايىتى چىرايلىق ياسالغانىكەن، بۇنىڭ پۈتۈن قۇرۇلۇشىنى تۆت تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ئىبادەتخانىنى كىشىلەر «جياڭجۈن بۇتى» ياكى «ئەلەم» بۇتخانىسى دەپمۇ ئاتىشاتتى، جياڭجۈن باشچىلىقىدىكى پۈتۈن ھەربىي ئەمەلدارلار قەمەرىيە يىل ھېسابى بويىچە 3-ھەم 10-ئايدا ئىككى قېتىم مۇشۇ ئىبادەتخانىغا كېلىپ، بۇتقا چوقۇناتتى، خاتىرە مۇراسىمى ئۆتكۈزەتتى. كالا، قوي، چوشقىلارنى سويۇپ، پۈتۈن پېتى بۇتنىڭ ئالدىغا قويۇپ، شاڭ كۆيدۈرۈپ، تۇتروق سېلىپ، جاڭ-دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ، ھەممىسى بۇتنىڭ ئالدىدا سەپ تارتىپ تۇرغان چاغدا، سىرتتا توققۇز پاي پو ئېتىلاتتى. ئاندىن مەخسۇس راھىپ تەرىپىدىن ئۆزىگە خاس تىلاۋەت ئوقۇلغاندىن كېيىن، قوڭغۇراق چېلىنىپ، بۇتقا تازىم قىلىناتتى. ئاندىن ئىبادەتخانىدىن چىقىشاتتى، بۇ كۈنلىرى بۇتخانا قورۇسىغا دۆلەت بايرىقى ئېسىلاتتى، خاس زالدا چاي بېرىلگەندىن كېيىن بۇتقا چوقۇنغۇچىلار قايتىشاتتى.

كۆۋزى، مىگزى بۇتخانىسىمۇ ھەشەمەتلىك ياسالغان بولۇپ، «قەلەم مەنسەپدارلىرى بۇتخانىسى»، «بۇتخانا» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ بۇتخانىدىمۇ نۇرغۇن ئۆي بولغاندىن سىرت كۆۋزى، مىگزى ئىسمى يېزىلغان ئاق سىرلىق خاتىرە تاختا بار ئىدى. بۇنىڭ ئەتراپى ۋە شىرە ئۈستىدە 50 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە نەچچە يۈزلىگەن ئاق تاختايلار تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇلارغا خەنزۇچە خەتلەر يېزىلغانىدى، ئەتراپىدىكى ئۆيلەردىكى جوزا ئۈستىگە ئېگىزلىكى 20-30 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئاق سىردا سىرلانغان بىر نەچچە مىڭ ئاق تاختايلار تىزىپ قويۇلغان، تاختايغا قارا سىياھ بىلەن چوڭ-كىچىك خەتلەر يېزىلغانىدى. پۈتۈن «قەلەم» مەنسەپدارلىرى قەمەرىيە يىلى ھېسابىدا 3-ھەم 10-ئايلاردا يىلىغا ئىككى قېتىم يىغىلىپ كېلىپ، كۆۋزى، مىگزىنى خاتىرىلەيتتى. بۇ كۈنى بۇتخانا ھويلىسىغا چىڭ سۇلالىسى دۆلەت بايرىقى ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ بايراقلىرى قاتار ئېسىلاتتى، ئىبادەت مۇراسىمى جياڭجۈن بۇتخانىسىدىكىگە ئوخشاش ئۆتكۈزۈلەتتى، مۇراسىم ۋاقتىدا توققۇز پاي پو ئېتىلاتتى، مۇراسىمدىن كېيىن بارلىق كىشىلەر ئۆيلەرگە كىرىپ، تاختايلارغا يېزىلغان خەتلەرنى ئوقۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تارقىلاتتى.

## قەلئەنىڭ غەربىي، شىمالىي ۋە جەنۇبىي مەركىزىي كوچىلىرى

غەربىي مەركىزىي كوچىدا دۇتۇڭ يامۇلى بار بولۇپ، بۇ كۆرەدە جياڭجۈن مەھكىمىسىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئالىي «ئەلەم» مەنسەپدارلىرى تۇرىدىغان ئورۇن ئىدى. بۇنىڭ بىرىنچى دەرۋازىسى ئالدىدا ئىككى شىر ھەيكىلى، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر مەشق مەيدانى بولۇپ، يامۇلنىڭ بىناسىغا بارغىچە يەنە ئۈچ ئورۇندا دەرۋازا بولۇپ، بۇ دەرۋازىلارنى خاس كىشىلەر ساقلايتتى. بۇ ئورۇن ئاساسىي جەھەتتىن چېگرا ئامانلىقىنى ساقلايتتى، قەلئەدىكى پىيادە، توپچى ۋە ئاتلىق قىسىملارغا قوماندانلىق قىلاتتى. يامۇل ئىچىدىكى گازارمىلاردا بىر-ئىككى يىلىك چېرىك دائىم تۇراتتى، بۇلار يامۇلنى مۇھاپىزەت قىلاتتى. بۇ كوچىدا يەنە شىلىڭ، زولىڭ يامۇلى، مۇزىكا دۈي ۋە پىيادە قىسىملار يىغىلىشلىرى (گازارمىلىرى)، ئاھالىلەر، تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆيلىرى بار ئىدى.

شىمالىي مەركىزىي كوچىدا بىر لىڭدۈي، ئىككى شىلىڭ يامۇلى، خەۋەرلىشىش ئورنى، بىر چوڭ بۇتخانا، شەخسىي سودىگەرلەرنىڭ بىر قەدەر چوڭ دۇكانلىرى، شەخسىيلەر بىرلىشىپ ئاچقان ھاراق زاۋۇتى (دوشايخانا. مۇھەررىردىن ئىزاھات)، قول سانائەتچىلەر، ئاشخانىلار، ئۇششاق تىجارەتچىلەر بار ئىدى.

جەنۇبىي مەركىزىي كوچىدا سودىگەرلەر جەمئىيىتى-شاڭۋۇخۇي، بىر لىڭدۈي يامۇلى، بىر نەچچە زولىڭ يامۇلى، پىيادە، توپچى، ئاتلىق قىسىملارنىڭ گازارمىلىرى، بىر چوڭ ئىبادەتخانا بار ئىدى، بۇلاردىن سىرت سودىگەرلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ دۇكانلىرى، ئاھالىلەر ۋە ئۇششاق تىجارەتچىلەر بار ئىدى.

## مانجۇ خاڭزىسى، خەنبىڭ خاڭزىسى، شىبە خاڭزىسى

مانجۇ خاڭزىسى(كوچىسى) قەلئەنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، سېپىل ئىچىنىڭ 4 \ 1 گە توغرا كېلىدۇ. بۇ كوچىغا جايلاشقان قورۇلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولۇپ، بۇنى مانجۇ «خاڭزا» ياكى مانجۇلار كوچىسى دەپ ئاتىشاتتى. سەۋەبى مانجۇ ئەمەلدارلار، مانجۇلار ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ كوچىغا ئورۇنلاشقانىكەن. مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەر بىرىگە خاس ياسالغان ئوتتۇرا، كىچىك يامۇلچىلىرى، چىرايلىق ئازادە ياسالغان ئۆي-جايلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر قاندىقىنىڭ بىر كىچىك تاشقىرى قورۇسى بولۇپ، كوچىغا قارىغان دەرۋازىنىڭ

ئۇدۇلىدىكى تامنى ئويۇپ ياسالغان بىر ئويۇقچە بولاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قورۇ ساقلىغۇچى مەئبۇتنىڭ ئىسمى يېزىلغان تاختا دائىم ئېسىقلىق تۇراتتى. قورۇ ئىگىسى ھەر كۈنى كەچتە ئاشۇ ئويۇقچىدىكى مەئبۇتقا ئاتاپ شام يېقىپ، ئۇنىڭغا تېۋىنىپ قورۇنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشنى ئاشۇ مەئبۇتقا ھاۋالە قىلىدىكەن. بۇ كوچىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە سىپىلغا يۆلەپ سېلىنغان ئايالىلار ئىبادەتخانىسى «نياڭ نياڭ مياۋ» بار. بۇ بۇتخانىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى زاللىرىدا لايدىن ياسالغان ئاياللارغا بەخت ئاتا قىلىدىغان ئانا بۇت، بالا تەلەپ قىلغۇچىلارغا بالا ئاتا قىلىدىغان ئانا بۇت، ئۆمۈرنى ئۇزۇن قىلىدىغان ئانا بۇت، قىزىل ئانا بۇت، چېچەك ئانا بۇت، ئاقئانام ئانا بۇت، كۆك ئانام ئانا بۇت دېگەندەك كېسەللىكلەرگە شىپالىق تىلەيدىغان بىر مۇنچە مەئبۇتلار بار ئىدى. كۈرەدىكى مانجۇ، خەنزۇ، شىبە ئاياللار قەمەرىيە يىلى ھېسابى بويىچە 4-ئاينىڭ 8-كۈنى ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى كىيىپ، بالىلىرىنى يېتىلەپ، قوللىرىدا رەڭگارەڭ قەغەز گۈللەرنى، گۈل سېۋەتلىرىنى تۇتۇپ، تۈرلۈك مايلىق يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كېلىپ بۇ ئىبادەتخانىنى تاۋابى زىيارەت قىلاتتى. ئۇلار ئىبادەتخانىغا كىرگەندىن كېيىن، كۆجە كۆيدۈرۈپ، شاڭ ياقاتتى، ئاندى ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ مەقسىتى ۋە تەلىپى بويىچە تېگىشلىك مەئبۇت-ئانىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئېلىپ كەلگەن گۈل ۋە يېمەكلىكلىرىنى قويۇپ، ئۆز ھاجىتىنى ئېيتىپ يىغلاپ باش قوياتتى. شۇنىڭدىن كېيىن راھىبەلەرگە نەزىر-سەدىقاتلىرىنى ئېھسان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە باشقا ئىزگۇ تەلەپلىرىنىڭ ئىجابەت بولغان-بولمىغانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن راھىبەلەرگە پال ئاچقۇزاتتى، ئۇلاردىن بىشارەت ئېلىپ قايتىپ چىقاتتى.

مۇشۇنداق كۈنلەردە بۇتخانا ئالدىدىكى مەيداندا بۇتقا ئاتاپ چاڭچىلە ئويۇنى قويۇلاتتى، مەيدان كاتتا بازارغا ئايلىنىپ، تىجارەتچىلەر بىلەن تولۇپ كېتەتتى، مەيخانىلار ئېچىلىپ، ئەپيۇن چېكىش، قىمار ئويناش جانلىنىپ كېتەتتى. بۇ ئۈچ كۈن داۋام قىلاتتى، يىراق-يېقىندىكىلەر مەيلىك، ھارۋىلىق ۋە پىيادە كېلىپ، ئاشۇ تاماشىغا قاتنىشاتتى. بۇ كۈنلىرى ئادەتلەنگەن مۇتىھەم، ھاراقكەش، لۈكچەك چېرىكلەر كىشىلەرگە قەستەن تۆھمەت قىلىپ، زورمۇ-زور جېدەل چىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ پۇل ۋە نەرسە-كېرەكلىرىنى تارتىۋېلىپ، قىمارخانىغا كىرىپ قىمار ئوينايتتى.

قەلئەنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا «خەنزۇلار كوچىسى» جايلاشقان. بۇ كوچىمۇ رەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىنىك بولۇپ، مەركىزىگە دەرۋازا ئورنىتىلغان، دەرۋازا ھەر كۈنى كېچىدە تاقىلىدۇ. بۇ كوچىغا ئاساسەن خەنزۇلار ئورۇنلاشقان، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى چېرىكلەر ئائىلىلىرى، بىر قىسمى خەنزۇ ئاھالىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ قورۇ - جايى بولۇپ، ئۆزىگە خاس ياسالغان، ئەتراپىغا دەرەخلەر تىكىلگەنىدى.

بۇ كوچىنىڭ جەنۇبىغا ئىنتايىن چوڭ ئاشلىق ئامبىرى، چوڭ ھەربىي ئەسلىھەلەر ئىسكىلاتى ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن «نەنكۇ» يەنى جەنۇبىي ئىسكىلات دەپ ئاتايتتى. بۇ يەردە چېرىكلەرگە كېرەكلىك ئەشيالار، چېرىكلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، ئاتلىق چېرىكلەرنىڭ ئېگەر جابدۇقلىرى ساقلىناتتى. ئاشلىق ئامبىرىدا بولسا ئىلى تەۋەسىدىكى دېھقانلاردىن مەجبۇرىي يىغىۋېلىنغان 10 ـ 20 مىڭ چېرىك ۋە ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارغا بىر يىل يەتكۈدەك زاپاس ئوزۇقلۇق ئاشلىق، ئات - ئۇلاغلىرىنىڭ يەم - خەشىكى تۇراتتى. ئۇ چاغدا ئىلى جياڭجۈنى چېرىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى بېقىش ئۈچۈن دېھقانلارغا سېلىق سالاتتى، دېھقانلار ئۆزىگە قانچىلىك سېلىق سېلىنغان بولسا، شۇنچىلىكىنى ئۆزىدە بار - يوقلۇقىغا قارىماي تۈگەل تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى، بۇ سېلىق يولىنىڭ يىراق، يېقىنلىقىدىن قەتئىينەزەر كۆرەدىكى ئاشۇ ئاشلىق سېڭغا ئېلىپ كېلىنىپ تاپشۇرۇلاتتى، بېدە، ئوت - چۆپ، يەم - خەشەكمۇ شۇنداق قىلىناتتى. يوقسۇل دېھقانلار سېلىقنى تاپشۇرالمىسا، ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي قىلىنىپ، بوينىغا زەنجىر سېلىنىپ باغلىناتتى، ئۇرۇپ ھوشسىز قىلىۋېتىلەتتى، بەزىلەر تاياق زەربىسىدىن ئۆلۈپمۇ كېتەتتى. چېرىكلەر بولسا خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى تەييارنى يەپ، ئەپيۇن چېكىپ، قىمار ئويناپ كۈن ئۆتكۈزەتتى.

قەلئەنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە شىبەلەرنىڭ ئائىلىلىرى ئورۇنلاشقانلىقتىن، بۇ يەر «شىبە خاڭزا» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ چاغدا جياڭجۈن مەھكىمىسىدە شىبەلەردىن لىڭدۈي ئامباللىرى، زوڭگەن، باخشى، غالدا، مۇشقا قاتارلىق ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇشۇ شىبە كوچىسىدا ئولتۇراتتى، ئۆزىگە خاس ئۆيلىرى، ياملى، ئىشخانا ۋە ئاتخانىلىرى بار ئىدى.

شىبە كوچىسىنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدە بىر قورغان سېپىل بار ئىدى. بۇنىڭدا ئايرىم - ئايرىم تۆت قورغانچە بولۇپ، تۆت خىل ھەربىي ئەسلىھە قويۇلاتتى، بۇنى شىمالىي ئىسكىلات «بېيكۇ» دەپ ئاتايتتى، بۇ ئىسكىلاتلاردا كونا كۈرە جياڭجۈنى مەغلۇب بولغان مەزگىلدىكى ۋە شۇ دەۋرگە ئائىت ھەربىي ئەسلىھەلەر مەخسۇس ساقلىناتتى. بىرىنچى قورغانچىدا پىلتە بىلەن ئاتىدىغان، ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگرامدىن

20 كىلوگىرامغىچە بولغان دومىلاق، چوڭ-كىچىكلىكى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان چۆيۈن بومبا، پىلتىلىك زەمبىرەككە سېلىپ ئاتىدىغان بەش كىلوگىرامدىن 10 كىلوگىرامغىچە بولغان دومىلاق چۆيۈن زەمبىرەك ئوقى، پىلتە بىلەن ئاتىدىغان قوغۇشۇن ئوقلۇق قارا مىلتىق، پىلتىلىك ئۇزۇن تاپانچا قاتارلىق ئەشيالار؛ ئىككىنچى قورغانچىدا زەمبىرەك ۋە قارا مىلتىققا بەتلەپ ئاتىدىغان مەخسۇس ئىشلەنگەن مىلتىق دورىسى؛ ئۈچىنچى قورغانچىدا ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ باش كىيىمى، ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئۇنۋانى بويىچە كىيىدىغان زەرباپ لىباسلار، زەر كەمەرلەر، ئەمەلدارلارنىڭ لاتىدىن تىكىلگەن قېلىن چەملىك ئۆتۈكى، ئەسكەرلەر ئۈچۈن تىكىلىپ، ئالدى-ئارقىغا «بىلگ» دەپ يېزىلغان كالتە پىنجەك، تىزغا كېلىدىغان قارا چاپان، چېرىكلەرنىڭ قارا پوتىسى، چېرىكلەرنىڭ كالتە قونچىلىق قارا لاتا ئۆتۈكى قاتارلىق ھەر خىل كىيىم-كېچەكلىرى؛ تۆتىنچى قورغانچىدا ئەسكەرلەر سوقۇش ۋاقتىدا ئىشلىتىدىغان قالقان، كالتە قىلىچ، نەيزە، تەبەر، ئىنتايىن كۆپ ئوقيا، بامبۇكتىن ياسىلىپ ئۇچىغا كىچىك نەيزە بېكىتىلگەن ياغاچ ئوق، ئوقياچىلار ئۇرۇش ۋاقتىدا ياغاچ ئوقلارنى قاچىلايدىغان ئوقدانلار ۋە باشقا خىلدىكى ھەربىي قوراللار ساقلىناتتى. بۇ قورغانچىلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ئامبال مەسئۇل بولۇپ، بىر قانچە چېرىك بىلەن مۇھاپىزەت قىلىناتتى.

جياڭجۈن مەھكىمىسى قورغىنىغا يانداش سېلىنغان يەنە بىر ئىبادەتخانا بولۇپ، بۇنى چىڭخۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئوتتۇرا دەرۋازىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە لايدىن ياسالغان بىر ئاق يۈزلۈك مۇلازىمنىڭ ھەيكىلى بولۇپ، ئۇ لايدىن ياسالغان بىر ئاق بوز ئاتنى تۇتۇپ تۇراتتى. غەرب تەرىپىدە لايدىن ياسالغان قوڭۇر يۈزلۈك مۇلازىمنىڭ ھەيكىلى بولۇپ، ئۇ لايدىن ياسالغان بىر قىزىل قوڭۇر ئاتنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئېيتىشلىرىدىن قارىغاندا، مەئبۇتنىڭ پۇقرالارغا بەك مېھرىبانلىقى كەلگەندە، مۇلايىملىق بىلەن ئاق بوز ئاتنى مىنىپ سىرتقا چىقىپ، قەلئەنى ئايلىنىپ، پۇقرالارغا ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت قىلىپ، گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىپ قايتارمىش. ئەگەر دۈشمەن تەرەپتىن قەلئەگە ئاپەت يەتكۈزۈلگەندە ياكى شەھەر خەلقى ھەددىدىن تاشقىرى گۇناھ قىلىپ ئازغۇنداپ كەتكەندە، مەئبۇت غەزەپكە كېلىپ، قوڭۇر ئاتنى مىنىپ، قولىغا ئومۇت ئېلىپ قەلئەگە چىقىپ، دۈشمەننى، ئازغۇنداپ كەتكەن پۇقرالارنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۆرۈپ ـ سوقۇپ شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىپ، شەھەرنى تىنچلاندۇرارمىش.

بۇ ئىبادەتخانىدا بىر ئالتۇن يۈزلۈك ھەيكەل بار ئىدى. بۇ ھەيكەل قەمەرىيە يىلى ھېسابى بويىچە 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بىر قېتىم جوۋغا (تەختىراۋانغا. مۇھەررىردىن ئىزاھات) سېلىپ، چوڭ كوچىلارغا ئېلىپ چىقىلىپ، چوڭ دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ مۇراسىمدا ئېتىقادچىلار مەئبۇت ئالدىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقىچە بولغان ئىخلاسىنى نامايان قىلاتتى. بۇ مۇراسىمغا قاتناشقان بىر قانچە مىڭ چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال ۋە كىچىك باللار بويىنغا تاقاق سېلىپ، بۇنى زەنجىر بىلەن بويىنغا باغلاپ، مەئبۇتنىڭ ئالدىدىن تىزلىنىپ ئۆتۈپ، مەئبۇتتىن گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىشاتتى. بۇنداق مۇراسىمغا ئىلى تەۋەسىدىن بىر نەچچە مىڭ بۇتپەرەسلەر كېلىپ تاۋابى زىيارەت قىلسا، يەنە بىر نەچچە مىڭ كىشى سەيلە ـ تاماشا ئۈچۈن كۆرەڭگە يىغىلاتتى. بۇنداق مۇراسىم كۈنلىرى قەلئە ئالاھىدە زىننەتلىنەتتى، بازار جانلىنىپ، سودا ـ سېتىق، ئېلىم ـ بېرىم قىزىپ كېتەتتى.

## ۋۇبەي شياۋتاڭ

يۇقىرىقى ئىبادەتخانىنىڭ شەرق تەرىپىدە كۆلىمى كەڭ ۋە شۇ زاماننىڭ تەلىپىگە لايىق ياسالغان بىر مەكتەپ بار ئىدى. بۇ مەكتەپ مەنچىڭ چاڭ گېڭنى ئىلى جياڭجۈنلىكىگە قايتا بەلگىلىگەندىن كېيىن سېلىنغانىكەن. ئۇ ۋاقىتتىكى مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ يېشى چوڭ، تارقاق ھەم قالاق بولۇپ، ھەربىي ئىقتىداردىن ئايرىلغانىدى. چاڭ گېڭ قايتا جياڭجۈن بولغاندىن كېيىن چېرىكلەرنىڭ ئىنتىزامىنى ۋە ھەربىي ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، ساپاسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بىر پىلان تۈزۈپ، خانغا يوللاپ، خاننىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ شىمالىدىن بىر يىڭ ئىنتىزاملىق پىيادە چېرىك، خۇبېيدىن ياڭ زەنشۈي باشچىلىقىدا بىر يىڭ چېرىكنى يۆتكەپ كېلىپ، چېرىكلەرگە ھەربىي ماھارەت، ھەربىي مەشق ئېلىپ بارغان. چاڭ گېڭ كۆرەدە پىيادە چېرىك يېتىشتۈرىدىغان بىر ھەربىي مەكتەپ قۇرۇپ، پىيادىلەرنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيىلىمەكچى بولغان. بۇ مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن «ۋۇبەي شياۋتاڭ ـ بەشيۈز كىشىلىك مەكتەپ» دەپ نام قويغان. مەكتەپ قۇرۇلۇشى پىلان بويىچە رەتلىك سېلىنغان، ئەتراپى قورغانچە بولۇپ، مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىگە بىر قانچە كورپۇس مەكتەپ سىنىپى ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرى، ئاشخانىلار جايلاشتۇرۇلغان، قورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا 500 كىشى مەشق ئۆتكۈزگىدەك

مەيدان، ئۇنىڭ ئالدىغا مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشخانىسى ۋە بىر قانچە ئۆيلەر ياسالغان.

چاڭ گېڭ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغان، مەكتەپكە ئوقۇغۇچىنى ئۆزى تاللاپ ئالغان. ئاساسەن مانجۇ، خەنزۇ، شىبەلەر ۋۇبەي شياۋتاڭغا ئوقۇغۇچى بولۇپ تاللانغان. ياپونىيەدە ئوقۇپ كەلگەن ياڭ شاڭجى مەكتەپنىڭ ئىلمىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بېكىتىلگەن. جوڭگونىڭ شىمالىي ۋە خۇبېيدىن يۆتكەپ كەلگەن چېرىكلەر ئىچىدىن تاللانغانلارنى مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا بەلگىلىگەن.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن چاڭ گېڭنىڭ خىزمىتى يۆتكەلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىلى دۇتۇڭنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گۇاڭ فۇ جياڭجۈنلۇككە كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئىش تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ۋۇبەي شاۋتاڭنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. كېيىن گۇاڭ فۇ خان تەرىپىدىن گۇاڭجۇغا خىزمەتكە تەيىنلىنىدۇ، لېكىن ئۇ تۈرلۈك سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ ئىستىپا سوراپ يېتىۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن گۇاڭ فۇ جياڭجۈنلۈكتىن قالدۇرىلىدۇ. 1911-يىلى جى رۇي ئىلىغا جياڭجۈن بولۇپ كېلىدۇ. ئۇ كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى ۋەزىرلەرنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشى بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ.

## جۇڭگۇلو، دۇمباق ۋە جاڭ

كۈرە قەلئەسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بىر راۋاق بار. بۇنى «جوڭگۇلو (قوڭغۇراق راۋىقى)، دۇمباق ۋە جاڭ» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ راۋاق ئۈچ قەۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە بىر ئادەم ياتقىدەك تاختاي بوتكا بولۇپ، ئۇنىڭدا مەخسۇس بىر كىشى تۇراتتى. ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە كاتتا چۆيۈن قوڭغۇراق-جاڭ ئېسىلغان، يەنە بىر تەرىپىگە چوڭ دۇمباق (بوتكا سىرتىغا) بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇنى ھەم «گۇلو» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ راۋاق گۇاڭشۈينىڭ 13-يىلى سېلىنغان. بۇ راۋاقتا دۇمباق بىلەن جاڭنىڭ قويۇلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، كۈرە ئىلى جياڭجۈنلىكىنىڭ مەركىزى، جياڭجۈن مەھكىمىسى تۇرغان مۇھىم جاي، قەلئەنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا كۆپلىگەن چوڭ گازارمىلار، يىڭفاڭلار، باشقا ئورۇنلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېرىكلەرمۇ مۇشۇ جايدا تۇرىدىكەن، دۇتۇڭ، لىڭدۇي ۋە باشقا يامۇللارمۇ مۇشۇ جايدا ئىكەن. لېكىن ھەرقايسى ئورۇنلار ئارىسىدا ھازىرقىدەك تېلېفون، رادىئو قاتارلىق خەۋەرلىشىش ۋاسىتىلىرى يوق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قەلئەنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېگىز مۇنارلىق راۋاق ياساپ، ئۇنىڭغا دۇمباق ۋە جاڭ بېكىتىپ، چېرىكلەرنىڭ قاراۋۇلغا تۇرۇش،

www.uyghurkitap.com



قاراۋۇلدىن چۈشۈشىنى مانا مۇشۇ دۇمباق، جاڭنىڭ ئۇرۇلۇشىغا قاراپ بەلگىلىمەكچى بولغانىكەن.

ۋاقىتنى بەلگىلەش ئۇسۇل-چارىسى مۇنداق ئىكەن: ھەر كۈنى كۈن پاتقاندىن تارتىپ، تاڭ يورۇغانغا قەدەر ۋاقىتنى تەخمىنەن سەككىز سائەت قىلىپ بەلگىلەپ، ھەر بىر سائەت ئارىلىقىنى «گېڭ» ياكى «جىڭمۇ» دەپ ئاتايدىكەن، ھەر بىر سائەت «گېڭ» نىڭ ۋاقىتنى سائەتكە قاراپ بەلگىلىمەستىن، مەخسۇس ياسالغان شاڭنىڭ سەككىز يېرىگە ئوخشاش ئارىلىقتا يىپ باغلاپ، ھەر بىر يىپنىڭ ئارىلىقىنى بىر سائەت ياكى بىر «گېڭ» قىلىپ بەلگىلەپ، شاڭنى مەخسۇس قاچىغا سېلىپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ قويىدىكەن. شاڭ كۆيۈپ مەلۇم بەلگىگە كەلگەندە، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى كىشى ئاۋۋال دۇمباقنى بىر قانچە قېتىم قاتتىق ئۇرۇپ، بىر «جىڭ»، بىر «گېڭ» ۋاقىت توشقان بولسا، جاڭنى بىر قېتىم ئۇرىدىكەن، بۇنى ئاڭلىغان ئەمەلدارلار، چېرىكلەر، پۇقرالار ۋاقىتنىڭ بىر «گېڭ» بولغانلىقىنى بايقايدىكەن. شۇنداق قىلىپ سەككىز «گېڭ» بولغاندا، ئاۋۋال دۇمباقنى بىر قانچە قېتىم ئۇرۇپ، ئاندىن جاڭنى سەككىز قېتىم ئۇرىدىكەن. بۇ سەككىز «جېڭ»، «گېڭ» توشۇپ تاڭ يورۇغان ۋاقىت ھېسابلىنىدىكەن. ھەر بىر دۇمباق ۋە جاڭ ئۇرۇلغاندا قاراۋۇللار، گارنىزونلار ئالمىشىپ تۇرىدىكەن، ئاھالىلەر ئولتۇراقلىق كوچىلاردىكى جېسەكچىلەر قولىدىكى كالتىكىنى ئاشۇ ئۇرۇلغان دۇمباق ۋە جاڭ بىلەن بىردەك ئۇرىدىكەن، ئەگەر ئۇلار كالتىكىنى دۇمباق، جاڭغا قارىماي قالايمىقان ئۇرۇپ قويسا، قەلئە ساقچىلىرى ئۇلارنى جازالايدىكەن. ئاھالىلەر جېسەكچىلەرنىڭ كالتەك ئۇرۇشىغا قاراپ، كۈننىڭ قانچە «جىڭ»، «گېڭ» بولغانلىقىنى بايقايدىكەن. بىرىنچى قېتىم جاڭ ئۇرۇلۇشى بىلەنلا سېپىلنىڭ بارلىق دەرۋازىلىرى دەرۋازا قاراۋۇل بېگى تەرىپىدىن قۇلۇپلىنىپ، ئاچقۇچ شەھەر باشقۇرۇش ئامبىلىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدىكەن. سەككىز «جىڭ»، «گېڭ» غا جاڭ ئۇرۇلغاندا، دەرۋازا قاراۋۇل بېگى ئاچقۇچنى قايتا ئېلىپ كېلىپ، دەرۋازىلارنى ئاچىدىكەن. ئەينى ۋاقىتنىڭ تۈزۈمى بويىچە «جىڭ»، «گېڭ» دىن كېيىن كىشىلەرنىڭ كوچىلاردا يۈرۈشى مەنئىي قىلىنىدىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈرگۈچىلەر بولسا ساقچىلار تۇتۇپ قاماپ قويىدىكەن ياكى جەرىمانە ئالىدىكەن. كېچىدە چوڭ كوچا، گۈلو ئەتراپى، جياڭجۈن مەھكىمىسى ۋە باشقا يامۇللارنىڭ ئالدىغا چوڭ پانۇس، ئاھالىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان كوچىغا كىچىك پانۇس ئېسىلىپ شام بىلەن يورۇتىلاتتىكەن. شام يېقىش، شام ئۆچۈرۈشمۇ ئاشۇ دۇمباق، جاڭلارنىڭ

ئۆرۈلۈشىغا قاراپ بولىدىكەن. ھەر يىلقى چاغان كۈنلىرى راۋاق ئاجايىپ چىرايلىق زىننەتلىنىپ، پانوسلار ئىلىپ قويۇلىدىكەن، راۋاق ئەتراپىدا تۈرلۈك كوچا ئويۇنلىرى، گوتەي (ياغاچ پۇتچىلاپ مېڭىش)، ئەجدىھا، شىر ئويۇنلىرى ئوينىلىدىكەن، قولىغا رەڭگارەڭ پانوسلارنى تۇتقانلار چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال دېمەي راۋاق ئالدىغا كېلىپ، ئويۇننى كۆرۈپ، چاغاننى تەبرىكلەيدىكەن.

راۋاقنىڭ ئىككىنچى بىر رولى، راۋاق ئۈستىدە تۇرغان ئادەم قەلئەنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى كۆزىتىپ تۇرىدىكەن، مۇبادا بىر ئورۇندا يانغىن ياكى ئوت ھادىسىسى يۈز بەرسە ياكى بىرەر ئەھۋال سادىر بولسا، راۋاق ئۈستىدىكى ئادەم قوڭغۇراقنى جىددىي ھالەتتە چالىدىكەن، بۇنى ئاڭلىغانلار دەرھال سىرتقا چىقىپ، ئەھۋال سادىر بولغان ئورۇنغا بېرىپ، خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن.

كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە چوڭ-كىچىك تىجارەتچىلەر راۋاقنىڭ ئەتراپىنى ئىگىلەپ، ھەرخىل دۇكان، ئاشخانا ۋە بوتكىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، راۋاقنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى ئۆيلەرنى ئىلكىگە ئېلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن راۋاقنىڭ ئەتراپىنىڭ مۇھىتى ناچارلىشىپ، راۋاقنىڭ كۆرۈنۈشى، مەنزىرىسىگە تەسىر يەتتى. شۇ چاغدا يەنى مىنگونىڭ 16-يىلى كورەدە تۇرغان بىيۇشى تىجارەتچىلەرنى راۋاق ئەتراپىدىن يۆتكەپ، ئۇلارنىڭ قايتىدىن راۋاق ئەتراپىغا كېلىپ تىجارەت قىلىشىنى قەتئىي مەنئى قىلدى. شۇ يىلى راۋاقنىڭ ئاستى-ئۈستىنى بىر قېتىم رېمونت قىلدۇردى.

راۋاق ئۈستىدە دۇمباق، جاڭ ئۇرۇش 1940-يىلىغا قادەر داۋام قىلىپ، ئاندىن توختىدى. بۇ راۋاق بىر تارىخىي ئاسارە-ئەتىقە سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالدى.

ھازىر بۇ راۋاق كورە بازىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا، كورە بازارلىق ۋە ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئېتىبار بېرىشى، يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا راۋاق ھەر جەھەتتىن مۇۋاپىق قوغدىلىپ كەلمەكتە. مەزكۇر راۋاق 1983-1984-يىلىدا (بىر قېتىملىق قارا بوراندا كونا راۋاق ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىكتىن) ئەسلىي ھالىتى ساقلاپ قېلىنغان ھالدا بىر قېتىم قايتا رېمونت قىلىنىپ، يېڭى قىياپەتكە كەلتۈرۈلدى.

www.uyghurkitap.com



# ئىلىنىڭ جۇڭگوچە داۋالاش، دورىگەرلىك ئىشلىرى ھەققىدە ئەسلىمىلەر

جۇ باۋلىن

جۇڭگوچە داۋالاش، دورىگەرلىك ئىشى ـ ۋەتىنىمىزنىڭ داۋالاش، دورىگەرلىك ئىشلىرىنىڭ خەزىنىسى ۋە ماددىي ئاساسىدۇر. ئۇ نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە كېسەل داۋالاش، خەلقنىڭ سالامەتلىكى ۋە مىللىتىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا غايەت زور رول ئويناپ كەلگەن. دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، قاتناش ئىشلىرى قۇلايسىز بولغاچقا، جۇڭگوچە داۋالاش، دورىگەرلىك ئىشلىرى ۋەتىنىنىڭ چېگرا رايونلىرىغا كېچىكىپرەك يېتىپ كەلگەن. بولۇپمۇ ئىلى رايونىدا بۇغا مۈڭگۈزى، دىڭزىيا، ھىڭ، سوغىگۈل، پەربۇن، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق نەچچە ئون خىل ئېسىل دورا ماتېرىياللىرى مول بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ داڭلىق دورا ماتېرىياللىرى بىلەن كېسەللەردىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە كېسەل داۋالاش ئىشلىرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىنلا باشلانغان.

چىڭ سۇلالىسى تۈڭجى يىللىرىنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا چوڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. لېكىن رەھبەرلىك ھوقۇقى ھە دېگەندىلا فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چاڭگىلىغا كىرىپ كېتىپ، نۇرغۇن فېئودال بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر قۇرۇلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا قوقان خاندانلىقىنىڭ (ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە) ئوفىتسېرى ياقۇپبەگ ۋەزىيەت قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ رايونىمىزغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ھەتتا ئۇ تەسىر دائىرىسىنى ئۈرۈمچىگىچە كېڭەيتتى. تۇڭجىنىڭ 10 ـ يىلى (1871 ـ يىلى) چاررۇسىيە مۇتىھەملىك بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئىلى رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېلىمىزنىڭ پۈتكۈل شىنجاڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىش كويىدا بولدى.

گۇاڭشۈينىڭ تۇنجى يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، زوزوڭتاڭ ئەسكەر تارتىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئىككى يىلغا يېقىن قانلىق

ئۇرۇش قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارنى ئاخىرى مەغلۇپ قىلىپ، ئىلىنى قايتۇرۇۋالدى.

زوزۇڭتاڭ قوشۇنلىرى شىنجاڭغا كىرگەن چاغدا ھەربىي قوشۇنلار «غەربىي چوڭ قوشۇن» دەپ ئاتىلاتتى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى سىرتقا تىرىكچىلىك قىلىپ چىققان بەزىبىر ئۇششاق تىجارەتچىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەربىي قوشۇنلارغا ئەگىشىپ، غەربكە قاراپ ئون مىڭ چاقىرىملىق يىپەك يولى سەپىرىگە ئاتلاندى. ئۇلار «قوشۇنغا ئەگىشىپ كەلگەنلەر» دەپ ئاتالدى. بۇ ئۇششاق تىجارەتچىلەر شەنشى، گەنسۇ، خۇنەن ۋە تيەنجىننىڭ ياڭليۇچىڭ دېگەن جايلىرىدىن كەلگەنىدى. شۇ چاغلاردا ياڭليۇچىڭدا: «10 ئىش قىلساڭ توققۇزىدا مەنپەئەت يوق، پەقەت قوشۇنغا ئەگىشىپ مېڭىشلا ئوڭلۇق» دەيدىغان تەمسىللەر تارقالغانىدى.

زوزۇڭتاڭ قوشۇنغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كەلگەن بۇ ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئۈرۈمچى، قارا شەھەر، گۇچۇڭ، چۆچەكلەردە سودا سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ تولىسى ئاخىرى شۇ چاغدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ جياڭجۇن مەھكىمىسى تۇرغان جاي — سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس) ناھىيىسىگە كېلىپ سودا-تىجارەت قىلدى. ئۇ چاغلاردا سۈيدۈڭ شەھىرىدە ھەر خىل كەسىپلەر تەرەققىي تاپقان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگوچە داۋالاش-دورىگەرلىك ئىشى يوق ھېسابىدا ئىدى. بار-يوقى بىرلا كىچىككىنە دورا دۇكىنىدىمۇ دورا كەمچىل بولۇپ (ئۇ چاغلاردا يەرلىك دورا مەنبەسىگە ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمەيتتى، بۇ دورىلار يىغىۋېلىنىپ ئىشلىتىلمەيتتى) ھەر مىللەت خەلقىنىڭ داۋالىنىش ئېھتىياجىنى قامدىيالمايتتى.

ھەربىي قوشۇنغا ئەگىشىپ ئەڭ بۇرۇن شىنجاڭغا كەلگەن تيەنجىن ياڭليۇچىڭلىق دەي ئەپەندى دورىگەرلىك بىلىمىدىن خەۋەردار ئادەم بولۇپلا قالماستىن، داۋالاش تېخنىكىسىدىنمۇ خەۋەردار بولۇپ، كېسەل كۆرۈپ داۋالىيالاتتى. دەي ئەپەندى دوختۇر ۋە دورا كەمچىل بولۇۋاتقان ئەھۋالنى كۆرۈپ، دوختۇرلۇق قىلىش، دورا سېتىش نىيىتىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ سىركە، جياڭيۇ دۇكىنىنىڭ تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئاساسىدا، تيەنجىندىكى دورا پۇرۇشلاردىن دورا سېتىپ ئېلىشقا كىرىشتى ۋە جوڭگوچە داۋالاش دورا دۇكىنى ئېچىپ، تىجارەت باشلايدۇ. ئۇ كەسىپ ئەھلى بولغاچقا، ئاتاقلىق دورا ماتېرىياللىرىغا ئېتىبار بېرەتتى. ياسالغان دورىلارنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرەتتى، ساختا ئىش قىلمايتتى. نەتىجىدە ئۇ ھەر مىللەت داۋالانغۇچىلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالقىشىغا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېزلا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تەرەققىي قىلىپ، شۇ چاغدىكى ئىلىدىكى توققۇز شەھەر (قەلئە) بويىچە جۇڭگوچە داۋالاش دورىلىرىنى ساتىدىغان مەركىزىي دۇكانغا ئايلىنىپ، «شىڭتەيخې سودا ماگىزىنى» دېگەن نامى چىقىدۇ.

بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرىرەك يىللاردا لى جۇن دېگەن يەنە بىر شەنشىلىك كىشى بىر كىچىك دورا دۇكىنى ئاچقانىكەن. ئۇ ئەجدادلىرىدىن قالغان دوختۇرلۇق ھۈنىرى بىلەن كېسەل داۋالايدىكەن. ئۇنىڭ دوختۇرلۇق تېخنىكىسى يۇقىرىراق بولغانلىقى ۋە دائىم سىرتقا چىقىپ داۋالاش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن سۈيدۈڭ تەۋەسىدە نامى چىقىپلا قالماستىن، چاپچالدىكى شىبەلەر، ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ ناھايىتى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى لى چېڭجاڭ ئاتىسىنىڭ مىراسىغا ۋە دوختۇرلۇق كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىغە دورا بېرىپ كېسەللىنى داۋالاپ كەلگەن. 1956 ـ يىلى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلەشكەندىن كېيىن، ئۇ سۈيدۈڭ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 78 يېشىدا ۋاپات بولغىچە ئىشلەپ كەلگەن.

«شىڭتەيخې» بىلەن لى جۇن ئەپەندى جۇڭگوچە داۋالاش، دورىگەرلىكنى تەشەببۇس قىلىپ يولغا قويغاندىن كېيىن بەزى سودىگەرلەرمۇ جۇڭگوچە داۋالاش، دورا ـ ئۇسۇملۇكلەر تىجارىتىگە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى، شۇنداق قىلىپ ئىلىدىكى ھەر قايسى شەھەرلەردە (قەلئەلەردە) نۇرغۇن دورا دۇكانلىرى كەينى ـ كەينىدىن ئېچىلىشقا باشلىدى.

گۇاڭشۈينىڭ 9 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) كونا كۈرە شەھىرى ۋەيران بولغاندىن كېيىن 10 يىل ئۆتكەندە، توققۇز شەھەرنىڭ مەركىزىدە يېڭى شەھەر بىنا قىلىنىپ، جياڭجۈن مەھكىمىسىمۇ كۈرە يېڭى شەھىرىگە كۆچۈپ كەلدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوشۇمچە ياردەم بېرىش تەدبىرىنى قوللانغاچقا، نۇرغۇن سودىگەرلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن كۈرە شەھىرىگە كۆچۈپ كەلدى. تۆت رەستە قاتار دۇكانلار بىلەن تولۇپ، ئاۋات مەنزىرىلىك تۇس ئالغانىدى. «كىچىك تيەنجىن» دەپ نام چىقارغان سۈيدۈڭ شەھىرى بۇنىڭ ئالدىدا سۇرۇنلىشىپ قالغانىدى.

ئەسلىدە كونا شەھەردە تىجارەت قىلىدىغان «گۇاڭجىتاڭ» ناملىق جۇڭگوچە دورا دۇكىنى بولۇپ، دۇكان خوجايىنىنىڭ پەملىسى ليۇ ئىدى، ئۇمۇ يېڭى شەھەرگە كۆچۈپ كەلدى. ئۇ چاغدا «گۇاڭجىتاڭ»دا دوختۇرلۇق قىلىدىغان جىن ئەپەندى

ئىچكى كېسەللەر، ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئۇستا، كېسەل كۆرۈش تەجرىبىسى مول بولغاچقا، ھەر مىللەت بىمارلىرى ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. لېكىن «گۇاڭجىتاڭ» نىڭ دورا تۈرلىرى تولۇق بولمىغاچقا، نۇرغۇن بىمارلار قاتناش قۇلايسىز بولغان سۈيدۈڭگە بېرىپ دورا ئالاتتى، شۇڭا قىيىنچىلىق كۆپرەك ئىدى.

بۇ چاغدا تيەنجىندىن كەلگەن تەن باۋخې، گوشياڭپۇ دېگەن ئىككى سودىگەر ئاۋۋال «دېشىڭلۇڭ» مىلچمال دۇكىنى ئاچقان، كېيىن جۇڭگوچە ئۇسۇملۇك دورا سودىسىنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ، گوگېڭيۈي، لى چۈنخۇا، ليۇ تيەنچېڭ قاتارلىقلار بىلەن شېرىكلىشىپ«دېشىڭلۇڭ» دۇكىنى جايلاشقان كوچىدىن بىر قورۇ-جاي سېتىۋېلىپ، «دېشىنتاڭ» دورا دۇكىنى ئاچقان، ئۇلار بىمارلارغا قولايلىق تۇغدۇرۇش ۋە دورا سېتىش يولىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن يەن پەمىلىلىك بىر دوختۇرنى تەكلىپ قىلىپ، مەخسۇس كېسەل كۆرۈش ئۈچۈن دۇكاندا ئولتۇرغۇزغان. بۇ يەن ئەپەندى جوڭگوچە داۋالاش ۋە دورا ئىلمىگە پىششىق، كېسەللىككە ئىنچىكە دىئاگنوز قويىدىغان، تەجرىبىلىك، كېسەل كۆرۈش ئۇسۇلىمۇ جانلىق بولغاچقا، ھەر مىللەت بىمارلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھۆكۈمەت خادىملىرىنىمۇ داۋالاپ، شۇ مەزگىلدىكى مەشھۇر تېۋىپ بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ رولى ۋە تەسىرى بىلەن «دېشىنتاڭ» نىڭ تىجارىتى كۈن ساناپ ئاۋاتلىشىپ، تىجارەت كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەن. شۇنىڭدەك بۇ دۇكان دورا ياسايدىغان سايمان-جابدۇقلارنى سېتىۋېلىپ، دوختۇرخانا سېلىپ، خادىملارنى كۆپەيتىپ مەلھەم دورا، كومىلاچ دورا، ئۇۋاق دورا ۋە دورا تابلېتكىسى قاتارلىق دائىم ئىشلىتىدىغان دورىلارنى ئۆزلىرى ياسايدىغان بولغان. نەتىجىدە بىمارلارغا قولايلىق بولۇپ، بۇ دورىلار دۇكاندا ئۆتۈملۈك مالغا ئايلانغان.

ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن تىجارەت دائىرىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى، پىششىق دورا ئىشلەشنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشى ۋە دەسمايىسىنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى ئارقىسىدا «دېشىنتاڭ» دۇكىنى «شىڭتەيخې» دىن ناھايىتى ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتۈپ كەتكەن. شۇنىڭدەك تيەنجىندە شۆبە دۇكان ئېچىپ، ئىلىغا ئەۋەتىلىدىغان ماللارنى تەييارلاش ۋە ئەۋەتىپ بېرىش ئىشلىرىنى يولغا قويغان. ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن دورىنىڭ سۈپىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. قايسى جايدىن كەلتۈرۈلگەن دورا ماتېرىياللىرى بولسۇن ساپ بولۇشىغا دىققەت قىلغان ۋە ئىنچىكىلەپ تاللاپ، پاكىز، سۈپەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىشلىگەن، ھەر خىل دورىلارغا «دورا ماركىسى» چاپلىغان. «دورا ماركىسى» ئۆلچەملىك دورىنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى بويىچە رەسمىي سىزىلىپ، تەييارلىنىدىغان بىر خىل رېتسىپ كارتوچكىسى ئىدى. ئۇنىڭدا دورىنىڭ سىزما نۇسخىسى بېرىلگەن. خاراكتېرى چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، دورا ئۆزىنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى بىلەن تامامەن ئوخشاپ كېتەتتى. قايىنىتىپ ئىچىدىغان دورىلارنى تەييارلىغاندا، ئىچىدىغان دورىلارنى تەييارلىغاندا، ھەر بىر بولاقنىڭ مىقدارى دورا ماركىسىغا يېزىلىپ بىللە بېرىلەتتى. بۇ دورىنى پەرق ئېتىشكە قولايلىق بولاتتى. بۇنداق قىلىش بىمارلارنىڭ دورا سۈپىتىنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يالغان دورا سېتىپ خەلقنى ئالدايدىغان ئىشلارنى توسۇش رولىنىمۇ ئوينايتتى. ئۇلار بىمارلارنىڭ دورا ئېلىشىغا قولايلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، كېچە-كۈندۈز ئىشلەيدىغان مەخسۇس ئورۇن قۇرغان. ئۇلار دورىسى ساپ، باھاسى مۇۋاپىق بولۇش ۋە ئەتراپلىق خىزمەت قىلىش بىلەن ناھايىتى يۇقىرى ئابروي قازانغان. شۇنىڭدەك ئۇلار ھۈنەر تېخنىكىسىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ئىلغار تېخنىكا كىرگۈزۈپ، ئىشلىنىدىغان دورا مەھسۇلاتىنىمۇ پەيدىنپەي كۆپەيتىپ، يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ئىشلىتىۋېرىشكە بولىدىغان دورىلارنى كۆپلەپ ئىشلەيدىغان بولغان. ئۇلار ئاددىي بولاق دورا ئىشلەشتىن موم قاپلىق دورىلارنى ئىشلەشكە ئۆتۈپ، دورا ماتېرىياللىرىنى تەييارلاشقا ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئىنچىكىلەپ ئىشلىگەن. بۇلارنىڭ دورىسى جاي-جايلاردا سېتىلىپ، ئۆز كەسپداشلىرى ئىچىدە بىر مەزگىل ئالدىنقى ئورۇنغا ئىگە بولغان.

مىنگونىڭ 3-يىلى (1914-يىلى) بۇرۇن دۇكاندا دوختۇرلۇق قىلىۋاتقان يەن ئەپەندى ئىش سەۋەبىدىن يۇرتىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن «دېشىنتاڭ» تىيەنجىندىن شياۋبىچېن ئەپەندىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، دۇكاندا كېسەل داۋالاشقا ئولتۇرغۇزغان. شياۋبىچېن ئەپەندى بۇ چاغدا 30 ياشتىن ئاشقان، ئاتا-بوۋىسىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن دوختۇر بولۇپ، ئاقكۆڭۈل، كېسەل كۆرگىلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ھەق بىلەن ھېسابلاشماي، باي-گاداي دەپ ئايرىماي ھەممىگە ئوخشاش قارايدىغان ئادەم ئىدى. بۇ بىمارلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ داۋالايتتى، ھەق تەلەپ قىلمايتتى. پەقەت بىر پىيالە چاي ئىچىپلا قايتاتتى. ئۇ ئىلىدا 50 نەچچە يىل دوختۇرلۇق قىلىپ نۇرغۇن ئېغىر-قىيىن كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتقان. ئۇنىڭ تېبابەتچىلىك ھەققىدە يازغان خاتىرىلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى، ئەپسۇسكى، ئۇنى رەتلەپ توپلام قىلالماي ئالەمدىن ئۆتتى.

شىياۋبىچېن ئەپەندى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇمىدلىك شاگىرتى شۇي دېمىڭ ئۇنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ھەر مىللەت بىمارلىرىنى داۋالاپ كەلدى. ئۇ تېبابەتچىلىكتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئاغرىقنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، كېسەللىكنى دەل تېپىپ دورا بېرىدۇ. ئۇنىڭدا جۇڭگو تېبابەتچىلىكىنىڭ ئەنئەنىۋى خىسلىتى گەۋدىلىك ئىدى. ئۇ نەچچە ئون يىللار ھارماي-تالماي ئىشلەپ، كېسەل داۋالاش جەھەتتە مول تەجرىبە توپلىغان. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىنمۇ تېبابەتچىلىكنى داۋاملاشتۇردى. غۇلجا شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك، ئىلى ئوبلاستلىق جۇڭگوچە داۋالاش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. 1984 - يىلى غۇلجا شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.

جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ باشقا كەسىپلەرگە ئوخشاشلا، ئىلىنىڭ جۇڭگوچە داۋالاش ئىشىمۇ گۈللىنىش ۋە چۈشكۈنلىشىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈردى. ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈگىگى يىللىرىدا باشلىنىپ، گوماڭشۈي يىللىرىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، مىنگو يىللىرى گۈللەنگەن، شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە چۈشكۈنلىشىشكە يۈزلەنگەن ئىدى.

مىنگونىڭ 25-يىلى (1936-يىلى) مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى كورەدىن غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كەلدى. بۇ سودىگەرلەرگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. نۇرغۇن سودا دۇكانلىرى ئارقا-ئارقىدىن غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كەلدى. «دېشىنتاڭ» مۇ شۇ چاغدا كۆچۈپ كەلگەنىدى.

«دېشىنتاڭ» غۇلجىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن چوڭكۆۋرۈكنىڭ جەنۇبىدىكى (ھازىرقى شىنخۇا شەرقىي يولى) چوڭ كوچىدا دۇكان ئاچتى. بازار مەركىزىگە جايلاشقان بۇ كوچا سودا دۇكانلىرى كۆپ، ئاۋات كوچا ئىدى. «دېشىنتاڭ» شىمالغا قارىغان ئۈچ ئېغىز ئۆينى (قورۇنىڭ ئىچىدە يەنە بىر نەچچە ئېغىز ئۆي بار) ئىجارىگە ئالدى. سول تەرىپىدە «سەنمىن» تىياتىرخانىسى (كېيىنكى ئاممىۋىي كىنوخانا)، ئوڭ تەرىپىدە «شىنخۇا» تىياتىرخانىسى (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە بۇزۇۋېتىلگەن)، ئۇدۇلدىكى كوچىدا «تۇڭجىتاڭ» دورا دۇكىنى بار ئىدى. دۇكان ئىشىكىنىڭ پېشانىسىگە كۆزنى چاقنىتىدىغان «دېشىنتاڭ» دېگەن ھەل بېرىلگەن خەت يېزىلغان تاختا ئېسىلغانىدى. دۇكاننىڭ ئىچى چىرايلىق، پاكىز بېزەلگەن، كونا، يېڭىچە ئارىلاش پاسوندا سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. دۇكان تىجارەت باشلىغاندىن

كېيىن شىياۋبىچېن ئەپەندىمۇ كۆچۈپ كېلىپ، دۇكاندا داۋالاش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى، شۇندىن كېيىن «گۇاڭجىتاڭ» نىڭ تىجارىتى پەيدىنپەي چېكىنىشكە باشلىدى.

«دېشىنتاڭ» نىڭ ئاساسىي دۇكىنى غۇلجىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، كورەدىكى دورا ياساش دۇكىنىنى ساقلاپ قېلىپ، بۇرۇنقىدەك ھەرخىل دورىلارنى ياساپ، بازار ئېھتىياجىنى قامداپ تۇردى. غۇلجىدا ئۆزىنىڭ ماتېرىيالىنى ياخشى تاللاش، دورا سۈپىتى ياخشى بولۇش، باھاسى مۇۋاپىق بولۇش قاتارلىق تىجارەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى ساقلاپ ماڭدى. چەت ناھىيە بازارلىرىدىكى بىمارلار بۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ كېلىپ داۋالىنىپ تۇردى، شۇنداق قىلىپ بۇ دۇكان ئاز ئۆتمەيلا تېبابەتچىلىك ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋە بىمارلارنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولۇپ، جەمئىيەتتە خېلى يۇقىرى ئابروي قازاندى.

«دېشىنتاڭ» غۇلجىغا كۆچۈپ كەلمەستە غۇلجا شەھىرىدە «دېتەيبى»، «تەيخېتاڭ»، «فۇچىڭخې»، «يۈيتەيخۇ» ۋە «تۇڭجىتاڭ» دېگەندەك جۇڭگوچە ئۆسۈملۈك دورا دۇكانلىرى بار ئىدى. بۇ دۇكانلارنىمۇ « قوشۇنغا ئەگىشىپ كەلگەنلەر» غۇلجىغا كېلىپ ئاچقان. ئۇلار تىجارەت باشلاپ ئۇزاق ئۆتمەيلا دەسمايىسى يېتىشمەي، ئىلاجىسىز كەسپىنى ئۆزگەرتكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە «تۇڭجىتاڭ» دۇكىنىلا ساقلىنىپ قالغاندى. بۇ دۇكاننى جۇخېڭچۈن، لى تۇڭخې، ياڭ جىچاۋلار شېرىكلىشىپ ئاچقانىدى. ئۇلار قارا ئاشلىقتىن سىركە، جياڭيۇ ياساپ قوشۇمچە ئوقەت قىلاتتى. ئۇلار جۇڭگوچە داۋالاش دورىلىرىنى «دېشىنتاڭ» نىڭ تىيەنجىندىكى شۆبە دۇكىنى ئارقىلىق ئالاتتى. ئالىدىغان دورا مىقدارى ئاز ئىدى. شۇ چاغلاردا بۇ دورا دۇكىنىدا دۇڭ ئەپەندى تۇراتتى. مەن ئۇنى كۆرگەن ۋاقىتلاردا يېشى 70 تىن ئاشقانىكەن. ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ۋاپات بولغان.

«تۇڭجىتاڭ» نىڭ پايچىكى ياڭ جىچاۋ خېبېي ئۆلكىسى چىجۇ ناھىيىسىدىن بولۇپ، جۇڭگوچە ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن دەسلەپتە «دېشىنتاڭ» دا جۇڭگوچە دورىلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ياساش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. دورا ياساش تېخنىكىسىغا ناھايىتى پىششىق بولغاچقا، دورا ماتېرىياللىرىنى نېپىز ھەم تەكشى توغرايتتى. ئۇ ھەر خىل دورا ماتېرىياللىرىنى ئۆزىگە يارىشا ھەر خىل شەكىللەردە توغراپ، رەڭدار، تەكشى چىقىراتتى. بۇ ساھەدە ئۇ چېۋەر ئۇستا بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىنى

يىغىپ ئىشلىتىش جەھەتتە بەلگىلىك رول ئوينىغانىدى.

ئۇ كېيىن «دېشىنتاڭ» دىن چېكىنىپ چىقىپ جۇخېڭچۈن، لى تۇڭخېلار بىلەن بىرلىشىپ «تۇڭجىتاڭ» دورا دۇكىنىنى ئاچقان، دۇڭ ئەپەندى كېسەل بولۇپ دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن، ياڭ جىچاۋ دۇكاندا ئولتۇرۇپ كېسەل كۆرۈپ «تۇڭجىتاڭ» نىڭ تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرغان.

بۇ مەزگىلدە خىلمۇ-خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزى دورا دۇكانلىرى كەسپىنى ئۆزگەرتتى ياكى توختاتتى. بىراق يېڭىدىن ئېچىلغانلىرىمۇ بار ئىدى. مەسىلەن: فۇلىيەنشەن ئاچقان «فۇشىڭتاڭ» دورا دۇكىنى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. فۇلىيەنشەن ئەپەندى ئەسلىدە «گۇاڭجىتاڭ» دۇكىنىدا شاگىرت ئىدى. ئۇستا بولۇپ چىققاندىن كېيىن ئوغلىغا دوختۇرلۇق ئىلمىنى ئۆگىتىپ قويۇش مەقسىتىدە «گۇاڭجىتاڭ» دىن چېكىنىپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا دورا دۇكىنى ئاچقان. بىر تەرەپتىن ئوغلى فۇشىرۇيگە دوختۇرلۇقنى ئۆگەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن دورا ساتقان. ئۇنىڭدىن باشقا ياۋيۇڭخې، جاڭ جيەنيۈيلەرمۇ ئىلگىرى-كېيىن «دېشىنتاڭ» دىن چېكىنىپ چىقىپ،ئۆزلىرى دۇكان ئاچقان. شياۋبىچېن ئەپەندى «دېشىنتاڭ» دا كېسەل داۋالاۋاتقان چاغدا گۇڭ خۇاچياۋ دورىگەرلىك كەسپىنى ئۆزگەرتىپ كېسەل كۆرۈدىغان بولغان. گۇڭ خۇاچياۋ ئەسلىدە «يۈيتەيخۇ» نىڭ دورا تەييارلاش ئۇستىسى ئىدى، ئۇ كۆپ يىللار بويى دورىچىلىق جەھەتتە مول تەجرىبىگە ئىگە بولغاچقا، دورىلارنىڭ خاراكتېرى، ئۈنۈمى، رېتسىپ يېزىش قاتارلىقلارنى بىلىۋالغان ھەمدە قاراپ تەكشۈرۈش، تىڭشاپ تەكشۈرۈش، سوراپ تەكشۈرۈش، تومۇر تۇتۇش قاتارلىق كېسەل ئېنىقلاش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن «يۈيتەيخۇ» دىن بوشىنىپ چىققاندىن كېيىن دۇكاندا كېسەل داۋالايدىغان بولغان.

1944-يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى. مىللىي ئارمىيە سۈيدۈڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلغان كۈنى كەچتە «شىڭتەيخې» دۇكىنىغا ئوت كېتىپ كۆيۈپ كەتتى. يالغۇز دەي ئەپەندىنىلا بىر ئۇيغۇر ئىشچى ئوت ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ، بېقىپ ئامان قالغانىكەن. قاتناش ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن دەي ئەپەندى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ لەنجۇغا قايتىپ كەتكەن. ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى بولۇۋاتقان مەزگىللەردە ئىلىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى جۇڭگوچە داۋالاش دورا دۇكانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تىجارىتىنى توختاپ قالغان.

جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى شىنجاڭغا كېلىپ ئىش باشقۇرغان ۋاقتىنىڭ ئالدى-

www.uyghurkitap.com



كەينىلىرىدە «دېشىنتاڭ»، «تۇڭجىتاڭ»، «فۇشىڭتاڭ» دۇكانلىرى ئارقا-ئارقىدىن تىجارەت قىلىشقا باشلىدى. فۇلىيەنشەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى فۇشىرۇي دوختۇرخانا ئېچىپ «فۇشىڭتاڭ» نىڭ كەسپىنى زورىغا داۋاملاشتۇرۇپ ماڭدى. «تۇڭجىتاڭ» نىڭ پايچىكلىرى جۇخېڭچۈن، ياڭ جىچاۋ، لى تۇڭخېلار ئارقا-ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتۈپ، تىجارەتكە جۇخېڭچۈننىڭ ئاتىسى جۇ خېڭتەي ئىگىدارچىلىق قىلدى. لېكىن كىشىلەردە خاتىرجەمسىزلىك بولغاچقا، ئوقەت ياخشى يۈرۈشمەي داۋاملىق تىجارەت قىلىشقا ئامال بولمىغانلىقتىن، بۇ بوۋاي دۇكاندىكى بارلىق تەئەللۇقاتنى سېتىپ، پۇلنى پايچىكلارنىڭ بالا-چاقىلىرىغا بۆلۈپ بېرىۋېتىپ، ئۆزى ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ بېرىپ، «فۇچۇەنيۇڭ»، «جۇچيەنخېڭ» دۇكانلىرىغا ئىشقا كىردى. ئازادلىقتىن كېيىن ئاڭلىساق ئۈرۈمچىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

«تۇڭجىتاڭ» نىڭ يېڭى دۇكان خوجايىنى تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن دۇكان نامىنى «جۇنشىڭتاڭ» غا ئۆزگەرتىپ، «دېشىنتاڭ» دۇكىنىدا تېۋىپلىق قىلىدىغان شۈي دېمىڭ ئەپەندىنى دۇكاندا تېۋىپلىق قىلىشقا ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى. بۇ مەزگىل جاھان پاراكەندە بولۇپ تۇرغان بولغاچقا، «دېشىنتاڭ» مۇ ئامالسىز قىلىپ، كورەدىكى تىجارەت پونكىتىنى تاقاپ قويدى. ياۋيوڭخې ئاچقان دورا دۇكىنىمۇ ھالىدىن كېتىپ تاقىلىپ قالدى. ئۇنى لى شاۋنەن دېگەن بىر تېۋىپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ داۋاملاشتۇرۇدى. لى شاۋنەن ياۋروپاچە دوختۇر ئىدى. ئۇ غۇلجىدىمۇ بىرىنچى بولۇپ خۇسۇسىي دوختۇرخانا ئاچقان كىشى ئىدى. يەرلىك مىللەت خەلقىدىن ئۇنىڭ دوختۇرخانىسىغا كېلىپ داۋالىنىدىغانلار كۆپ ئىدى. دوختۇر لى شاۋنەن ياۋروپاچە دورىلار بىلەنمۇ، جۇڭگوچە ئۇسۇلۇك دورىلار بىلەنمۇ داۋالايتتى. ئۇ چاغلاردىكى ياۋروپاچە دورىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سولفات تەركىبلىك دورىلار بولۇپ، ھۆكۈمەت دورىخانىسىدىن ئېلىناتتى. ھۆكۈمەت دورىخانىسى ئۇ چاغلاردا ھازىرقى ئىلى تىياتىرخانىسىنىڭ ئارقىسىدىكى كوچىدا ئىدى. شۇ چاغدىكى دورا ئىنتايىن قىس ئەھۋالدا بۇ ئامىنىڭ قىيىنچىلىقىنى يەڭگىللىتىشتە مۇھىم ئىش ھېسابلىناتتى.

«شىنرېتاڭ» نىڭ خوجايىنى جاڭ جيەنيۇيمۇ شۇ قالايمىقانچىلىق مەزگىللىرىدە ئۈرۈمچىگە كېتىپ، دورا دۇكىنىنى ماۋخېردۇن ئىسىملىك بىر شىبە تېۋىپقا ئۆتكۈزۈپ بەردى، كورەدىكى «گۇاڭجىتاڭ» نىمۇ لىيۇلياڭسەي غۇلجىغا كۆچۈرۈپ كەلدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھەممە كەسپلەر گۈللىنىشكە باشلىدى.

پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا جۇڭگوچە داۋالاش، دورىگەرلىك ئىشلىرىمۇ پەيدىنپەي تەرەققىي قىلدى.

جاڭ جيەنماۋ ئالدى بىلەن «شىنرېنتاڭ» نى ئەسلىگە كەلتۈردى. لى دوختۇر ۋاكالىتەن باشقۇرۇۋاتقان «فۇجۇيتاڭ» نى ياۋ يۇڭشېن ئۆتكۈزۈۋالدى. لى دوختۇر ياۋيۇڭشېن بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيەتلىرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ۋاڭ داۋشېڭ بىلەن شېرىكلىشىپ «باۋئېركاڭ دوختۇرخانىسى» نى ئاچتى. شۇ يىلى يەنە «شيۇفېڭ» جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرخانىسى، سۇڭ گۇاڭجۇن جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرخانىسىمۇ تىجارەت باشلىدى. ئۇلار غۇلجىغا كەلگەندە دورىلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ستالىن كوچىدا، بىرى ئازاد يولىدا دۇكان ئاچتى.

1955-يىلى ھۆكۈمەت مەخسۇس تىجارەت قىلىدىغان ئورۇن «ئىلى تېببىي دورا ماتېرىياللىرى شىركىتى» نى قۇردى. قىسقىغىنە بىر نەچچە يىلدىلا ناھىيىلەردىمۇ دورا شىركەتلىرى قۇرۇلدى ۋە ئۇلگۇچە سېتىش، پارچە سېتىش، سېتىۋېلىش كەسىپلىرى يولغا قويۇلۇپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىمىزدىكى دورا ماتېرىياللىرى ئېھتىياجىنى تەمىن قىلالمايدىغان ئەھۋال تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلى رايونىنىڭ تېببىي داۋالاش-سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ماددىي ئاساس سېلىندى. بۇ ئىلى ئوبلاستىدا جۇڭگوچە دورا ماتېرىياللىرى مەنبەسىنى ئېچىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

شۇ يىلى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ سەھىيە باشقارمىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ۋە شۇئەن شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى ئارقىلىق جۇڭگوچە داۋالاش ئىلمىگە پىششىق دوختۇرلاردىن شۇي شاۋشيەن، ياڭ ۋېيتىڭلارنى شىئەندىن ئالاھىدە تەكلىپ ئەكىلىپ، ئىلى ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان جۇڭگوچە داۋالاش بۆلۈمىگە ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭدەك يەنە ئۈرۈمچى شەھىرىدىن دورا ئۇستىسى ۋۇتۇڭجۇنى يۆتكەپ كەلدى، ئۇلار بىرلىكتە جۇڭگوچە داۋالاش بۆلۈمىنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلىدى.

ئىلى رايونىدىكى جۇڭگوچە داۋالاش، دورىگەرلىك ئىشلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن، تېۋىپ شۇي شاۋشيەن ھاردىم-ئاچتىم دېمەي، يېزا-قىشلاقلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئۆگەندى. شۇنىڭدەك بىر قانچە دورا دۇكانلىرىغا زىيارەت قىلىپ بېرىپ، جۇڭگوچە

داۋالاش، دورىگەرلىك خادىملىرى بىلەن ئىلمىي تەجرىبىلەرنى كەڭ ئالماشتۇردى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى جۇڭگوچە داۋالاش، دورىگەرلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە كەڭتاشا سۆزلەشتى. «دېشىنتاڭ» نىڭ جىگىلىسى جاڭ پېيرۇ بۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، خېلى يىللار ساقلاپ كەلگەن قاشتېشى پۆپۈكلۈك يەلپۈگۈچىنى شۈي شاۋشيەنگە خاتىرە ئۈچۈن تەقدىم قىلغانىدى.

تېۋىپ شۈي شاۋشيەن شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئەنكاڭ ناھىيىسىدىن بولۇپ، بالا چېغىدىن باشلاپلا ئاتىسىدىن تېۋىپلىقنى ئۆگەنگەن. ئۇ كىلاسسىك تېبابەتچىلىك كىتابى «شاھلار ئىچكىي كېسەللىكلەر دەستۇرى»، «كېزىك كېسەللىكى» دېگەن كىتابلارنى ئوقۇغان. ئۇ كېسەل داۋالاشتا مول تەجرىبىگە ئىگە دادىسىنىڭ كەينىدە دورا ساندۇقىنى يۈدۈپ، غەربىي شىمال سېرىق تۇپىلىق ئېگىزلىكى رايونلىرىدا چەت، نامرات يېزا-قىشلاقلارنى ئارىلاپ، نامراتلارنىڭ كېسەللىرىنى داۋالاپ يۈرۈپ، ياش ۋاقتىدىلا تىبابەتچىلىك ئىلمىنى پىششىق بىلىۋالغان. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇ شىئەن، نەنجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا ئۆز ئالدىغا تېبابەتچىلىك قىلغان. كونا جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى ئارقىلىق دوختۇر شى جىنمو بىلەن بىرلىكتە جۇڭگوچە داۋالاش ئىلمىي جەمئىيىتىدىگە ئەزالىققا قوبۇل قىلىنغان ھەم ئىچكى كېسەللىك، ئاياللار كېسەللىكلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ بىر نەچچە ئون يىللىق تېبابەتچىلىك ھاياتىدا تىرىشىپ ئۆگىنىپ، قېتىرقىنىپ ئىشلەپ، قەدىمكىي تەلىماتلارنى جارى قىلدۇرۇشقا ماھىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى بىلىملەرنىمۇ ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ كەلگەن. ئۇ مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇپ كەلگەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ جۇڭگوچە داۋالاش بۆلۈمىدە 1955-يىلى 10-ئايدا بەش خىزمەتچى خادىم بار ئىدى. بۇ بۆلۈم 1980-يىلىغا كەلگەندە 30 نەچچە خىزمەتچىگە ئىگە چوڭ بۆلۈمگە يەنى ھەم كېسەل كۆرۈدىغان، ھەم كېسەلخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالايدىغان دوختۇرخانىغا ئايلاندى. ئوبوروت سوممىسى 20 مىڭ يۈەندىن 100 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئىلى ئوبلاستىدا جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرخانىسى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇنىڭغا دوختۇر شۈي شاۋشيەننىڭ نۇرغۇن ئەمگەك تەرى سىڭگەن. ئۇنىڭ تېبابەتچىلىك تېخنىكىسى ئۈستۈن بولۇپ، ھارماي-تالماي، كېچە-كۈندۈز ئىشلەپ، ئىلى رايونىدىكى نەچچە 10 مىڭلىغان كىشىلەرنى داۋالاپ ساقايتىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدە

ناھايىتى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1980-يىلى ئۇنىڭغا مۇدىر ۋىراچ (پروفېسسور بىلەن تەڭ) دېگەن تېخنىكا ئۇنۋانى بەردى. شىنجاڭ جۇڭگوچە داۋالاش ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇنى پەخرىي مۇدىرىيەت ئەزالىقىغا سايلىدى، 1982-يىلى ئىلى جۇڭگوچە داۋالاش ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغاندا مۇئاۋىن مۇدىرىيەت باشلىقلىقىغا سايلاندى ھەمدە ئۇ يەنە ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا سايلاندى.

پېشقەدەم دوختۇر شۈي شاۋشيەنىڭ يېشى ھازىر 80 گە يېقىنلاشتى. ئۇ جىسمانىي قۇۋۋىتى ئاجىز، كېسەلچان بولسىمۇ، لېكىن پارتىيىنىڭ جۇڭگوچە داۋالاش ئىلمىنى راۋاجلاندۇرۇش يۈزىسىدىن ئالاقىدار سىياسەتلەرنى چىقىرىپ ۋە تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ۋەتەننىڭ داۋالاش ۋە دورىگەرلىك خەزىنىسىنى قېزىش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشنى قوللىغانلىقىنى كۆرۈپ چەكسىز خۇشال بولۇپ، جۇڭگوچە داۋالاش ئىشلىرى ئۈچۈن قولىدىن كەلگىنىچە ئىشلەشكە بەل باغلىدى. ئۇ بۇلتۇر دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، «لىمىن» دورا دۇكىنىنىڭ تەكلىپى بويىچە دۇكاندا ئولتۇرۇپ كېسەل داۋالاشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت بىمارلىرىنى ئىنتايىن خۇشال قىلدى.

1956-يىلى 2-ئايدا پارتىيە خۇسۇسىي سودا-سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە باشلىغان چاغدا، «دېشىنتاڭ» نىڭ جىڭلىسى جاڭ پېيرۇ دۆلەتنىڭ چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، ئۆزگەرتىش سېپىگە قوشۇلدى. ئۇنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن جۇڭگوچە داۋالاش، دورىگەرلىك كەسپى پۈتۈن كەسىپ بويىچە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىگە ئۆتۈپ، بىر تۇتاش ھالدا دورا شىركىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. شىركەت خۇسۇسىي دورا دۇكانلىرىدىن سەككىزنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۈچ ئورۇندا تىجارەت پۇنكىتى قۇردى. بۇلار شەرقىي شىنخۇا كوچىسى ۋە ستالىن كوچىسىدا دۇكان ئاچتى. دوختۇرلار ھەر بىر دۇكاندا تۇرۇپ كېسەل كۆرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شېرىكلەشكەن چاغدا جۇڭگوچە دورىگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار 21 نەپەر، دوختۇرلار بەش نەپەر ئىدى. ئومۇمىي مەبلىغى 40 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭ سەل كەم يېرىمى «دېشىنتاڭ» غا تەئەللۇق، قالغان يېرىمى يەتتە دۇكاننىڭ ئىدى. خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق ۋاقتىدىكى ئىش ھەققى بويىچە بېكىتىلدى. لېكىن جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرلىرىنىڭ ئىش ھەققى دەسلەپتە مۇقىم بولمىغاچقا، شېرىكلەشكەندىن كېيىن ئۇلار كېسەل كۆرۈش ھەققىنى ئۆزلىرى ئېلىپ تۇردى.

ھەر قايسى دورا دۇكانلىرىنىڭ نامى ئوخشاش بولمىغاچقا شىركەت بىلەن خۇسۇسىي تەرەپ بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ، «دېشەنتاڭ» نىڭ ئۈچ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن نامىنى ساقلاپ قېلىشنى لايىق كۆرۈپ، ئاساسىي باشقۇرغۇچى ئورۇننىڭ تەستىقى بىلەن دۇكانغا «ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى <دېشەنتاڭ> دورا دۇكىنى» دەپ نام بەردى.

شېرىكلەشكەندىن كېيىن دورا شىركەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانلىشى ئارقىلىق، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق دورا زاۋۇتى قۇرۇلدى. بۇ زاۋۇت يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ ئارسلان سۆڭىكى، بۇغا مۈڭگۈزى، قار لەيلىسى قاتارلىقلاردىن قوشۇپ ياسىغان «ئارسلان سۆڭىكى-قار لەيلىسى ھارىقى» مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كەڭ سېتىلماقتا؛ «بۇغا مۈڭگۈزى يىلىمى» مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن شەرەپلىك نام ئالدى. بۇ ۋاقىتلاردا غۇلجا ناھىيىسىدە دورا ئۆسۈملۈكلىرى مەيدانى ۋە توققۇز تارا ناھىيىسىنىڭ موخۇر رايونى چاپچىغولىدا شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تۇنجى بۇغا فېرمىسى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ بويىچە بۇغىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۈلگە كۆرسىتىش - كېڭەيتىش رولىنى ئوينىدى. شىركەت بۇغىچىلىقتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئاساستا، 1958-يىلى يەنە غۇلجا ناھىيىسىنىڭ چۇلۇقاي يېزىسىدا 2-بۇغا فېرمىسىنى قۇردى. بۇلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بەزى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە گوڭشېلارمۇ بۇغا فېرمىلىرىنى قۇردى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن پارتىيىنىڭ يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن شەخسىيلەر بۇغا بېقىش ئىشى خېلى تېز راۋاجلاندى. دورا شىركەت 1980-يىلى بۇغا بېقىش گۇۋاھنامىسىنى تارقاتقان چاغدا 3693 تۇياق بۇغىغا گۇۋاھنامە بېرىلگەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىيلەر باققان بۇغا 1954 تۇياق بولۇپ، يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

1959-يىلى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى «دېشەنتاڭ» دۇكىنى بىرلەشمە دوختۇرخانا بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، جۇڭگوچە داۋالاش بۆلۈمى بولۇپ ئۆزگەرتىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن يەنە يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بويىچە «دېشەنتاڭ» بىرلەشمە دوختۇرخانىدىن ئايرىلىپ چىقتى. دوختۇرلار دوختۇرخانىدا ئىشلەپ قېلىۋەردى، باشقا خادىملار دورا شىركەت قارمىقىغا ئۆتتى. شىركەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئىككى ئورۇندا يەنى «ئازاد»

يولى، شىنخۇا شەرقىي يولىدا قايتىدىن تېببىي دورا دۇكىنى قۇرۇلدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە «دېڭشىنتاڭ» دېگەن نام ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئازادلىق يولى دورا دۇكىنى «شىنخۇا» دورا دۇكىنى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

ئىلى ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ جۇڭگوچە داۋالاش بۆلۈمى داۋالاشقا كىرىشكەندىن كېيىن، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4-شى دوختۇرخانىسى (گوسپىتال)، ئىلىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلار دوختۇرخانىسى ۋە كۈنەس، نىلقا، چاپچال، غۇلجا ناھىيىلىرىنىڭ دوختۇرخانىلىرىدىمۇ جۇڭگوچە داۋالاش بۆلۈملىرى ۋە دورىخانىلىرى تەسىس قىلىندى. شەرت-شارائىتى بار بەزى گۇڭشى شىپاخانىلىرىمۇ جۇڭگوچە داۋالاشنى ۋە جۇڭگوچە داۋالاش دورىلىرى ئىشلىتىشنى يولغا قويدى.

مەملىكەتلىك پەن-تېخنىكا خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پەن-تېخنىكا كومىتېتى بىلەن سەھىيە ئىدارىسى بىرلىكتە ئىلى ۋىلايەتلىك ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تاغلىق رايونلارغا، فېرمىلارغا ئەۋەتىپ، ئىلى رايونىنىڭ ئۆسۈملۈك دورا بايلىقىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ چىقتى ۋە نۇرغۇن ئۆسۈملۈك دورا ئەۋرىشكىسىنى توپلىدى. شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىشلىتىدىغان بىر قىسىم دورا رېتسېپلىرى ۋە خەلق ئىچىدە قوللىنىپ يۈرگەن دورا رېتسېپلىرىنى يىغدى، ئۈچ يىل كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ئاساسىدا، «ئىلى جۇڭگوچە داۋالاش ئۆسۈملۈك دورىلىرى قوللانمىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ كىتابقا 400 دىن ئارتۇق دورا ماتېرىياللىرى كىرگۈزۈلگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى تونۇشتۇرۇلغان. ھەر بىر دورا ماتېرىيالىنىڭ شەكلى، خاراكتېرى، يىغىش-پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇلى ۋە تەركىبى، رولى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئىلى رايونىدىكى ئۆسۈملۈك دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆسۈش مۇھىتى ۋە تارقىلىش ئەھۋاللىرى بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب مىللىي رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىلى رايونىنىڭ دورا ماتېرىيال بايلىقىنى تېخىمۇ ئېچىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئاساس ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكەن.

ئۇيغۇر، قازاق خەلقىنىڭ تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىلمىمۇ داۋالاش ئىشلىرىدا ئۆزىگە خاس تېببىي نەزەرىيە ۋە داۋالاش ئۇسۇلىغا ئىگە، ئۇنىڭ تارىخى ئۇزۇن، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە كەڭ تارقالغان. ئۇ قېرىنداش مىللەتلەر خەلقلىرى ئارىسىدا ناھايىتى ئېتىبارغا ۋە ئالقىشقا سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. ئەمما تارىخىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تېز تەرەققىي قىلالماي قالغان. مىللىي تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ جۇڭگوچە داۋالاش، دورىگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئوخشاش كۆپ پالاكەتلەرگە دۇچ كەلگەن. شۇنداق ئەھۋالدىمۇ، بەزى جۇرئەتلىك مىللىي تېۋىپلار بۇ قىممەتلىك مىراسنى راۋاجلاندۇرۇشتا رول ئوينىغان.

ئۇيغۇر، قازاق تېۋىپلار يېزا-قىشلاقلاردا تېۋىپلىق قىلغاندىن تاشقىرى، خېلى بىر قىسمى شەھەر-بازارلاردا تېۋىپلىق قىلىپ كەلگەن. ئۇلار مىللىي ئەنئەنىۋى داۋالاش قائىدىسى بويىچە كېسەل كۆرۈپ، دورا بېرىدۇ. ئۇلار ئىشلىتىدىغان دورىلار بولۇپ، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە مەدەن تەركىبىدىكى دورىلار ۋە باشقا دورىلار بولۇپ، دائىملىق ئىشلىتىدىغانلىرى 100 خىلدىن ئاشىدۇ. كۆپىنچىسىنى جەنۇب تەرەپتىن سېتىۋالىدۇ. مۇڭغۇلكۇرە، نىلقا، تېكەس قاتارلىق ناھىيىلەردە موڭغۇل تېۋىپلارمۇ خېلى كۆپ، بۇلارنىڭ تولاراقى لامالار. موڭغۇل تېۋىپلار كۆپىنچە جۇڭگوچە داۋالاش دورىلىرىنى ئىشلىتىدۇ. ئۇلار جۇڭگوچە داۋالاش دورا ماتېرىياللىرىنى سېتىۋالغان چاغدا موڭغۇلچە تېبابەتچىلىك كىتابلىرىغا قاراپ دورا ئىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىۋالىدۇ، ھاجىتىگە يارىشا سېتىۋالىدۇ. مىللىي تېۋىپلار ئىشلىتىدىغان دورىلار ئاساسىي جەھەتتىن جۇڭگوچە داۋالاش دورىلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇلارنى تەڭشەش-ئىشلىتىش پەرق قىلىدۇ. جۇڭگوچە داۋالاش تېۋىپلىرى كۆپىنچە قايىنىتىلىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىدۇ. مىللىي تېۋىپلار بولسا ئۇۋاق ھالدا تەييارلانغان دورىلارنى ئىشلىتىدۇ.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى غۇلجا شەھەر كوچىلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ دورا خالتىلىرىنى يېيىپ دورا سېتىش ئورنى(«سەكسەن خالتا»)نى كۆرسىتىدۇ. مۇھەررىردىن ئىزاھات) 30 نەچچە بولۇپ، بۇنىڭدا ئىشلەيدىغانلار 40 نەچچە كىشى ئىكەن. 1960-يىلى ئۇلار بەش تىجارەت پۇنكىتىغا تەشكىللەنگەن. 24 ئائىلە، 39 ئادەم كوپېراتسىيە دورا دۇكىنىغا كىرگەن. ئۇلار مىللىيچە دورىلارنى ئاساس قىلىپ قوشۇمچە جۇڭگوچە، ياۋروپاچە دورىلارنىمۇ ساتقان، بۇلار شەھەرلىك كوپېراتسىيە باش سارىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىش قىلغان.

1964-يىلى غۇلجا شەھەرلىك سەھىيە بۆلۈمى كوپېراتسىيە دورا دۇكىنىدىكى ئۇيغۇر تېۋىپلار توققۇز كىشىنى ئايرىپ چىقىپ، غۇلجا شەھەرلىك بىرلەشمە مىللىي شىپاخانىنى(ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ ئۈلىنى) قۇردى. بۇنىڭغا شەھەرلىك سەھىيە بۆلۈمى رەھبەرلىك قىلاتتى. شىپاخانا ئېچىلىپ

ئۈچ يىلدا خېلىلا تېز راۋاجلاندى، مىللىي تېبابەتچىلىكنى ئاساس قىلىپ يېڭىنە بىلەن داۋالاش، ياۋروپاچە داۋالاش مەخسۇس بۆلۈملىرىنى قۇردى. ئىشلىتىدىغان دورا تۈرلىرىمۇ كۆپىيىپ 200 نەچچە خىلغا يېتىپ، داۋالاش ئۈنۈمى ئۆستى. ئۇ ھەر مىللەت خەلقى ياخشى كۆرۈدىغان ئىلى رايونىدا بىردىن بىر ئۇيغۇر تىبابىتى شىپاخانىسى بولۇپ قالدى. بۇ شىپاخانا چېگرا رايون تېبابەتچىلىك ئىشلىرىغا ئۆزگىچە تۆھپە قوشتى.

تارىخ يېڭى سەھىپە ئاچتى. پارتىيىنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە جانلاندۇرۇش ۋە «كۆپ خىل شەكىل، كۆپ خىل يول، كۆپ قاتلاملىق بولۇش» تىن ئىبارەت تېببىي داۋالاش ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش سىياسىتىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، ئوبلاستىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرخانىلىرى، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى شىپاخانىلىرى ۋە قازاق، موڭغۇلچە داۋالاش پۇنكىتلىرى قۇرۇلدى. شەخسىي دوختۇرلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن شىپاخانا ئېچىپ، جۇڭگوچە داۋالاش ئىشلىرى جانلىنىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىستىقبالى چەكسىزدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى

# 4- سان

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوراللىق كۈچلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدا

قوجاي دوقاس

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى – ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلىڭى. 1944-يىلى 7-ئايدا ئىنقىلاب باتۇرى ئەكبەر ئېسبوسىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى نىلقىدا ئوق ئاتقاندى. شۇنىڭدىن ھازىرغىچە يىرىم ئەسىرچە ۋاقىت ئۆتتى. ئالتاي خەلقى بولسا 1940-يىلىدىن باشلاپلا ئۇرۇشقا ئاتلانغاندى. ئالتاي خەلقىنىڭ بۇ كۈرىشى ئىلىدىكى تەشكىللىك، مەقسەتلىك، پىلانلىق ئىنقىلابقا ئۇلاشقاندىن كېيىنلا ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە چەت ئەل جاھانگىرلىكىگە قارشى قوزغىلاڭ ئىدى. شۇ سەۋەبتىن رەئىس ماۋزېدوڭ بۇ ئىنقىلابنى «جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى»دەپ يۇقىرى باھا بەردى.

مەن بۇ ماقالەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوراللىق كۈچلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللارنى بايان قىلماقچىمەن.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەسلەپتە پارتىزانلارنىڭ قوراللىق كۈرىشى بىلەن باشلىنىپ، ئۇلار غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن 1945-يىلى 8-ئاپرېل كۈنى رەسمىي مىللىي ئارمىيە قۇرۇلدى. ئارمىيە قۇرۇلماستا پارتىزان ئەترەتلىرى شۇ ئەترەتنىڭ باشلىقىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلاتتى. مەسىلەن، پۈتۈن شىمالىي شىنجاڭ بويىچە ئون پارتىزان ئەترىتى قۇرۇلغان. ئۇلار:

ئالتايدىكى دەلىلقان ئەترىتى 1940-يىلى 1-ئايدا كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدىكى ئىرىسقان، ئاقتېكە، سۇلايمان، ئىسىمقان، ئوسمانلار باشچىلىقىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتناشقان. بۇنىڭ باشلىنىش سەۋەبى مۇنداق بولغانىكەن: شىنجاڭدىكى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى خەلق قولىدىكى قورال-ياراغنى يىغىۋېلىش

مەقسىتىدە ئۆگىنىش قىلىدۇ، دېگەن باھانا بىلەن ئالتايدىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن 300 كىشىنى نەزەربەنت قىلىدۇ.بۇ خورلۇققا چىدىمىغان خەلق ئەزىمەتلىرى قولىغا قورال ئالىدۇ ـ دە، كۆكتوقاي ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن ناھىيە ھاكىمىنى ئۆلتۈرۈپ، قوراللىق قوزغىلاڭنى باشلىۋېتىدۇ.ئۇلارنىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبىگە ئېرىشىدۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خېلى نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچىنى يوقىتىدۇ. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قورال ـ ياراغ يىغىشنى تاشلاپ، پارتىزانلارنى بېسىقتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، بىراق قوزغىلاڭچىلار ئەكسىيەتچى قوشۇنىنىڭ قولىدىن قورال ـ ياراغلىرىنى تارتىپ ئالىۋېرىدۇ ـ دە، مىڭلىغان قوزغىلاڭچىلارنى قوراللاندۇرىدۇ. لېكىن قوراللىق كۈچلەردە مۇستەھكەم تەرتىپ ـ ئىنتىزام بولمىغانلىقى، بىر قىسىم يېتەكچىلەرنىڭ ئاڭسىز ۋە پىلانسىزلىقى سەۋەبىدىن، بۇ قوزغىلاڭ تالاي ـ تالاي يوللارنى باسىدۇ. قوزغىلاڭچىلار 1944 ـ يىلىغا كەلگەندىلا قوراللىق كۈچ توپلاپ، 500 كىشىلىك پارتىزان ئەترىتى بولۇپ تەشكىللىنىدۇ. ئىلىدىن ياردەمگە بارغان لېسكىن قوماندانلىقىدىكى كەڭساي ئاتلىق پولكى ياردىمى بىلەن 1945 ـ يىلى9 ـ ئايدا ئالتاينى ئازاد قىلىدۇ.شۇنىڭ بىلەن ئالتاي پارتىزانلىرى دەلىلقان پارتىزانلىرى، دەپ ئاتىلىدۇ.

نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي تېغىنى بازا قىلغان پاتىخ مۇسلىموف، ئەكبەر، سېيىت، غېنى، خەمىت، ناۋان (گومىنداڭ بۇلارنى ئالتە ئوغرى دەپ ئاتىغانىدى)لار باشچىلىقىدىكى ئەكبەر ئەترىتى 1944 ـ يىلى7 ـ ئايدا قۇرۇلغان. نىلقىنى ئازاد قىلغۇچە بۇلارنىڭ ئادەم سانى500 گە يەتكەن.غۇلجىنى ئازاد قىلىشقا ئاتلانغاندا ئەكبەرنىڭ قولىدا 200 ئادەم، غېنىنىڭ قولىدا 180 ئادەم، ناۋاننىڭ قولىدا 120 ئادەم بار ئىدى.بۇپارتىزانلار قوشۇنى غۇلجا شەھىرىنى ۋە پۈتۈن ئىلى رايوننى ئازاد قىلىپ، قالغان ئىككى ۋىلايەتنىڭ ئازاد بولۇشىغا ئۇل سېلىپ بەردى.

1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىلىنىڭ شەرقىي بەش ناھىيىسىدىكى ئوۋچى يىگىتلەردىن 400 كىشىلىك قازىقان پارتىزانلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. يېرىم ئاي ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئالغاندىن كېيىن بۇ قوشۇن نىلقا تاغلىرىدىن ئېشىپ ساۋەنگە چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماناس ـ شىخو ئارىلىقىدىكى يولنى چورت كېسىپ تاشلاپ، گومىنداڭنىڭ شىخودىكى ھەربىي كۈچىنى قىسماققا ئالىدۇ، ئۇلارغا ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان ھەربىي ياردەمنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. مىللىي ئارمىيە تەلكە داۋىنىدىن ئېشىپ جىڭدىن شىخوغا ھۇجۇم قىلغاندا بۇ قوشۇن دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بېرىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۆرتۆنكىدىكى گومىنداڭ قوراللىق كۈچلىرىنى يوقىتىشتا قازىقان قىسمى ئالاھىدە ئەمگەك سىڭدۈردى. 1945-يىلى 9-ئايدىن كېيىن قازىقان پارتىزانلىرى مىللىي ئارمىيە 7-ئاتلىق پولكى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ماناسنىڭ تاغ تەرەپ چېگرىسىنى قوغدايدۇ.

نۇرپاي قوشۇنى 1945-يىلى 5-ئايدا ساۋەندە قۇرۇلغان. 70 ئادەمدىن تەشكىللەنگەن بۇ پارتىزانلار قازىقان پارتىزانلىرى بىلەن ھەمدەم بولۇپ، گومىنداڭنىڭ ھەربىي كۈچىنى يوقىتىشتا ئالاھىدە ئەمگەك سىڭدۈرگەن.

300 كىشىلىك قوجاقمەت پارتىزانلىرى 1945-يىلى 5-ئايدا جىمىنەي ناھىيىسىدە قۇرۇلغان.

زوڭغۇروپ (موڭغۇل) باتۇر قوشۇنى 1945-يىلى 6-ئايدا قوبۇقتا قۇرۇلغان. بۇ قوشۇن ئارمىيىمىزنىڭ قوبۇقنى ئازاد قىلىشىدا ئالاھىدە زور ھەسسە قوشقان. موڭغۇل، قازاقتىن قۇرۇلغان بۇ قوشۇندا 100 نەچچە ئادەم بار ئىدى.

ئېلايوۋ پارتىزانلىرى چۆچەكتە 1945-يىلى 5-ئايدا قۇرۇلغان، بۇنىڭدا 130 ئادەم بار ئىدى.

نىكولايوۋ پارتىزانلىرى 1945-يىلى 6-ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئادەم سانى 110 كىشى ئىدى.

بايچۇرىن (تاتار) قوشۇنى جىڭ،شىخو ناھىيىلىرى ئارىلىقىدا ھەرىكەت قىلاتتى. 65 كىشىدىن تەركىب تاپقان بۇ قوشۇن كۆپىنچە «تىل» تۇتۇش، ئەھۋال ئىگىلەش، يول-كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇش، تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئارمىيىگە ياردەم بەردى. بۇ قوشۇندىكىلەر بورتالا، جىڭ، غۇلجا ناھىيىلىرىدىكى ھەر مىللەت ئەزىمەتلىرىدىن قۇرۇلغانىدى.

شۇچاغدا ئىلگىرى-كېيىن قۇرۇلغان پارتىزان ئەترەتلىرىدە جەمئىي 2575 ئادەم بار ئىدى.

پارتىزان ئەترەتلىرىگە قاتناشقان بۇ كىشىلەرنىڭ تولىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئېغىر زۇلمىغا گىرىپتار بولغانلار ئىدى. بەزىلىرىنىڭ يېقىن كىشىلىرى گومىنداڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، بەزىلىرى يەرلىك ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئېزىلىشىغا ئۇچراپ،ھۆرلۈك، ئەركىنلىك، تەڭلىك ۋە ئازادلىققا تەشنا بولغانلار ئىدى. گومىنداڭغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغانلىقى ئۈچۈن ئازساندىكى ئوغرى، لۈكچەكلەر، شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلەرمۇ پارتىزانلار ئەترەتلىرىگە

قوبۇل قىلىنىۋەرگەن، بۇنداق كىشىلەر ئازسانىدىكى خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈپمۇ بۇردى. 1946-يىلدىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئاڭلىق ماركسىزمچىلار قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن بۇنىڭغا ئوخشاش خاتالىقلار تۈزىتىلدى.

## مۇنتىزىم قوراللىق ئارمىيە

نىلقا پارتىزانلىرى غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. قورغاس – سۈيدۈڭ پارتىزانلىرىنىڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن ھەربىي ياردىمى بىلەن پارتىزانلار 1944 يىلى 7-نويابىردا غۇلجا شەھىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئازاد قىلدى. 12-نويابىر كۈنى غۇلجىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ئېلىخان تۆرە (ئۆزبېك) ھۆكۈمەت باشلىقلىقىغا سايلاندى. ھۆكۈمەت تەركىبىگە ئاۋۋال توققۇز كىشى، كېيىن تولۇقلاپ 11 كىشى تەيىنلەندى. بۇلار ئاساسىي جەھەتتىن مۇتەئەسسىپ ئېقىمغا مەنسۇپ دىنىي يۇقىرى قاتلام ۋەكىللىرى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار خەلق ئىچىدىكى دىنىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتلارنى يۈرگۈزدى. ئېلىخان تۆرە ئۇدۇل كەلگەن يىغىن-سورۇنلاردا ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا قارشى سۆزلەرنى سۆزلىدى. گېزىتلەردە ئەكسىيەتچىل ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. ئۇلار ئىنقىلاب شوئارىنى، نىشانىنى بۇرمىلاپ، قانداقتۇر بىر ئىسلام دۆلىتى قۇرىمىز، دەپ جار سالدى.

ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوف، دەلىلقان سۇگۇر باييۇ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق ماركسىزمچىلار ئالدىغا چىقىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى. ئۇلار سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن دوست بولۇپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى، 1946-يىلى ئېلىخان تۆرىنى رەھبەرلىك ئورنىدىن قالدۇرۇپ، ئىنقىلاب غەلىبىسىنى قوغدىدى، ئىنقىلابنىڭ توغرا نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا شارائىت ياراتتى.

ئىنقىلابچىلار ئېلىخان تۆرىنى ئاغدۇرۇشتىن بۇرۇنلا ھەربىي ھوقۇقنى ئۆز قوللىرىغا ئالغانىدى. 1945-يىلى 8-ئاپرېل كۈنى مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىندى. بۇ چاغدا تارباغاتاي، ئالتاي ئازاد بولمىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئارمىيە تەركىبىدە ئاساسەن پارتىزان ئەترەتلىرىلا بولدى. ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە

www.uyghurkitap.com



ئارقا-ئارقىدىن ئون پارتىزان ئەترىتى قۇرۇلدى.

باش قوماندانلىق شتاب غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلدى. رەھبەرلىك تەركىبى تۆۋەندىكىچە بولدى:

باش قوماندان پالىنوۋ (رۇس)

شتاب باشلىقى ماژاروۋ (رۇس)

سىياسىي بۆلۈم باشلىقى ئابدىكېرىم ئابباسوف

پۈتۈن ئارمىيىدە 29 مىڭ 650 كىشى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پارتىزان ئەترەتلىرىدىن تاللاپ ئېلىنغانلارمۇ، يەرلىك ئورۇنلاردىن چاقىرىلغانلارمۇ بار ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاز ساندا غوللۇق كۈچلەرمۇ كەلدى. باش شتابتا 1000 كىشى خىزمەت ئىشلەيتتى.

## پولكلار، قىسملار

**1**. ئاتلىق دىۋىزىيون، ئورنى غۇلجا، 700 ئادەم.

كوماندىرى ناسىرووۋ زاكىر.

**2**. قاراۋۇل باتالىيونى(پىيادە ئەسكەرلەر)، ئورنى غۇلجا، 500 كىشى.

كوماندىرى قېيۇم

**3**. غۇلجا ئارقا سەپ 1-پولك، 1500 كىشى.

پولك كوماندىرى كۆلەبېكوۋ

كومىسسارى يوسۇپوۋ

شتاب باشلىقى شونوبسوۋ

**4**. غۇلجا ئارقا سەپ 2-پىيادىلەر پولكى.500 كىشى.

كوماندىرى قېيۇمبەگ غوجا

**5**. غۇلجا ئارقا سەپ 4 - پىيادىلەر پولكى(بۇ پولك زاپاس پولك بولغاچقا ئادەم سانى مۇقىملاشمىغانىدى)

كوماندىرى.....

شتاب باشلىقى مارتوۋ

سىياسىي بۆلۈم باشلىقى ياروۋ

**6**. نىلقا ئاتلىق پولك. 1945 - يىلى 9-ئايدا قۇرۇلغان، ئورنى نىلقا موڭغۇل مەكتىپى(زاپاس قوشۇن)، 300 كىشى.

پولك كوماندىرى　　　نازاروۋ(رۇس)

ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى، ئورنى شىخەنزە، ئادەم سانى550·

قوماندانى　　　پالىنوۋ(رۇس)

كومىسسارى　　　داۋىتوۋ

شتاب باشلىقى　　　بورىن

7· پىيادىلەر 1 ـ بىرىگادا (لۈي)، ئورنى ماناس دەرياسى بويى، 3000 كىشى·

كوماندىرى　　　موگوتنوف

كومىسسارى　　　مەرغۇپ ئىسھاقوپ

شتاب باشلىقى　　　بارىس

8· پىيادىلەر 2 ـ بىرىگادا، ئورنى ماناس بويى،3000 كىشى·

كوماندىرى　　　ئىدايوۋ

كومىسسارى　　　موللاخۇن

9· زەمبىرەكچىلەر چوڭ ئەترىتى، 370 كىشى·

كوماندىرى　　　زاركوۋ

ئورۇنباسار كوماندىرى　باشانوۋ

10· مۇستەقىل ئاتلىق بىرىگادا، ئورنى ساۋەندە· 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قۇرۇلغان، 800 كىشى·

كوماندىرى　　　لېسكىن

ئورۇنباسارى　　　موللاجان

شتاب باشلىقى　　　بارىسوۋ

11· دۆربىلجىن 4 ـ ئاتلىق پولكى، ئورنى ماناس، 1200 كىشى·

كوماندىرى　　　ئايتۇغان (تاتار)

ئورۇنباسارى　　　يۈسۈپوۋ

سىياسىي بۆلۈم باشلىقى　ئەخمەتشايوۋ

12· 3 ـ ئاتلىق پولك، ئورنى ماناستا·

كوماندىرى　　　دېنىسوۋ

شتاب باشلىقى　　　ئەنباتوۋ

سىياسىي بۆلۈم باشلىقى　ئەنناس

13· خۇيزۇ ئاتلىق 10 ـ پولك، ئورنى شىخەنزە، 600 كىشى·

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كوماندىرى مەنسۇر لومىيوف

**14.** موڭغۇل 8 ـ ئاتلىق پولك.

كوماندىرى ئېردە

كومىسسارى ئىمىنوۋ توختى

كېيىن 7 ـ ئاتلىق پولك بىلەن خوېزۇ، موڭغۇل پولكلىرى بىر بىرىگادا بولۇپ قۇرۇلدى.

كوماندىرى دۇيسەنبېكوۋ قايسا

كومىسسارى ئۆرەكېنوۋ ئابدۇراخمان

**15.** تارباتاي 6 ـ قازاق پولك، ئورنى شىخەنزى، 1945 ـ يىلى9 ـ ئايدا قۇرۇلدى، 850 كىشى.

كوماندىرى دۇيسەنبېكوۋ قايسا

كومىسسارى ئۆرەكېنوۋ ئابدۇراخمان

شتاب باشلىقى سابىت

مۇئاۋىن شتاب باشلىقى نۇرلان

**16.** توققۇزتارا 5 ـ ئاتلىق پولك، ماناس دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى تاغ باغرىدا ئىستېھكام قۇرغان، 1200 كىشى.

كوماندىرى نۇسۇپقان كۇنبايوۋ

ئورۇن باسار كوماندىرى مەنئازاروۋ تۇرسۇن(قىرغىز)

شتاب باشلىقى تورغايوۋ (قىرغىز)

**17.** 7 ـ ئاتلىق پولك، ئورنى ماناس بويىدا.1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قۇرۇلغان، 100 كىشى.

كوماندىرى ماناسبايوف قازىقان

كومىسسارى ئەبىشوف سەرسەنبېك

**18.** 3 ـ ئاتلىق پولك، ئورنى سەنداۋخېزىدا، 900 كىشى.

1945 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قۇرۇلغان.

كوماندىرى يېگانوۋ

كومىسسارى پاتىخ جا بىقبايوۋ

شتاب باشلىقى زېنكوۋ (رۇس)

**19.** پىيادىلەر ئارقا سەپ پولكى، ئورنى يەنسىخەيدە، 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا

قۇرۇلغان،2500 كىشى.

كوماندىرى قېيۇمبەگ غوجا

كومىسسارى غىلاجىدىن قارپىيوۋ

كومىسسارى باستوۋ

**20**. شىبە ئىسكادىرون(لىيەن)،شىخەنزىدە تۇرغان، 170 كىشى.

كوماندىرى ناربانوۋ

كومىسسارى مورتىنزان

**21**. دۆربىلجىن ساقچى ئىسكادىرون،1945-يىلى 10-ئايدا قۇرۇلغان، 250 كىشى.

كوماندىرى سىپاپكوۋ

**22**. ئاتلىق 1-بىرىگادا، ئورنى موڭغۇلكۈرەدە، 1945-يىلى10-ئايدا قۇرۇلغان، 700 كىشى.

كوماندىرى ئىسھاقبېك مونونوف

شتاب باشلىقى يۇنۇس

**23**. 2-ئاتلىق بىرىگادا، يۇلتۇزدا قۇرۇلغان،1200 كىشى.

كوماندىرى نوغايباييوۋ

كومىسسارى داكىپوۋ

كومىسسارى سايىم قاتوۋ

**24**. 1-ئاتلىق پولك، ئورنى مۇزداۋاندا، 1200 كىشى.

كوماندىرى مەۋلانوف

كومىسسارى ئۇمۇرزاقوۋ

**25**. 3-ئىسكادىرون، ئورنى تېكەس-ئاقسۇدا، 100 كىشى.

كوماندىرى رەپىق بايچۇرىن

كومىسسارى

**26**. 12 -ئىسكادىرون، ئورنى موڭغۇلكۈرەدە.

كوماندىرى ئىمىرھاجى

بۇ ئىككى ئىسكادىرون سىرتقا قارىتا 3- ئاتلىق پولك ۋە 12-ئاتلىق پولك دەپ ئاتالدى. ئۇرۇش بولۇپ قالسا كېڭەيتىپ قۇرۇلماقچى ئىدى.

**27**. سارسۇمبە 3-ئاتلىق پولك، ئورنى سارسۇمبىدە، 1945-يىلى 9-ئايدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قۇرۇلغان، 1000 كىشى.

كوماندىرى سۇگۇربايېف بەدەلقان

كومىسسارى يۇسۇپجان

شتاب باشلىقى ئەيتكەن

**28**. ئالتاي پارتىزانلىرى، 400 كىشى.

پۈتۈن ئارمىيىدىكى پولكلارنىڭ 13 ى ئاتلىق پولك بولدى.مۇستەقىل ئىككى باتالىيون، بەش بىرىگادا بار ئىدى.ماناس بويىدا ئابارون تۇتۇپ ياتقان شۇ يىللاردا پۈتۈن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئادەم سانى 29 مىڭ 650 كىشى ئىدى.

*　　*　　*

1946-يىلى 6-ئاينىڭ 26-كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەكىللىرى«11 ماددىلىق بىتىم» گە ئىمزا قويىدى.شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى قەغەز يۈزىدە شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ، ماناس بويىدىن چېكىندۈرۈلدى. ئارمىيىدە چوڭ تەرتىپكە سېلىش يۈرگۈزۈلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەمگە كەلگەن ئوفىتسېرلار بىلەن سوۋېتلىك رۇس، قازاق، قىرغىزلار ئاساسىي جەھەتتىن ۋەتىنىگە قايتتى.پولك كوماندىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك بىر تۈركۈم ئېھتىياجلىق كىشىلەر شىنجاڭنىڭ يەرلىك كىشىلىرى دېگەن نام بىلەن قالدۇرۇلۇپ، ئاساسلىق ئورۇنلاردا ھوقۇق تۇتۇپ تۇردى.

1946-يىلى7-ئايدىن كېيىن ئارمىيە قۇرۇلۇشىدا رەتلەش يۈرگۈزۈلدى.شۇ قېتىمقى رەتلەشتىن كېيىن 1949- يىلغىچە ئۆزگىرىش بولمىدى. ئاز ساندىكى رەھبەرلەرنىڭ بىر قىسمىدىن يەنە بىر قىسمىغا يۆتكەلگەنلىرى بولدى. بەزىلىرى يەرلىك ئورۇنلارغا ئەۋەتىلدى ۋە باشقىلار.

## باش قوماندانلىق شتاب

باش قوماندانلىق شتابى گېنېرال شتابى دەپ ئاتىلاتتى.ئۇنىڭدا 246 كىشى خىزمەت قىلاتتى.

5باش قوماندان : گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك مونونوف

باش قوماندان ئورۇنباسارى: گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايېف

كومىسسارى ئابدۇرېھىم ھەسەنوف

شتاب باشلىقى مازاروۋ

سىياسىي بۆلۈم باشلىقى نۇرسادىروۋ (ئالدىدا)، زاھىر ساۋدانوۋ (كېيىن.)

ئارمىيىنىڭ بۆلۈم، بۆلۈمچىلىرى:

1. شتابنىڭ ئالاقە-قاتناش ئىسكادرونى، 106 كىشى.

2. قاراۋۇل ئىسكادرونى،280 كىشى.

كوماندىرى مەجىت

3. تەمىنات باشقارمىسى، 552 كىشى.

باشلىقى رەسۇلوۋ

4. باش دوختۇرخانا، 119 كىشى.

باشلىقى نەسىمجان

5. قاراۋۇل باتالىيونى، 496 كىشى.

كوماندىرى ۋالىنوۋ

6. ئارقا سەپ پولكى، 1351 كىشى

كوماندىرى ئابدۇرېھىم سامساق

كومىسسارى سادىقوۋ

شتاب باشلىقى باۋكەي

سىياسى بۆلۈم باشلىقى توختى ئىبراھىم

7. قاراۋۇل روتا، 88 كىشى

روتا كوماندىرى نۇرتايوۋ ھاجى

8. ھەربىي مەكتەپ، ئورنى بايانداي،161 كىشى.

مەكتەپ مۇدىرى تۇردىيوۋ

ئورۇنباسارى ئەسەن جۇنۇس ئوغلى

(ئەسەن جۇنۇس 1947-يىلدىن - 1949يىلغىچە ئالتاي ئاتلىق پولكىنىڭ شتاب باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.)

يۇقىرىقىلارنىڭ بارلىقى گېنېرال شتابىغا بىۋاسىتە قارايتتى. بۇنىڭدا جەمئىي3401 كىشى بار ئىدى.

## پولكلار

شىخو پىيادىلەر 1-پولكى، 1837 كىشى.

كوماندىرى مەرغۇپ ئىسھاقوۋ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كومىسسارى قېيىيۇم مۇسا

شتاب باشلىقى رامزان

سىياسى بۆلۈم باشلىقى ھەسەنوۋ

**2**. غۇلجا پىيادىلەر 2-پولكى، ئورنى يەنسىخەيدە، 1989 كىشى.

كوماندىرى ئايتۇغان

كومىسسارى ئوماتوۋ

**3**. قوبۇق 2-ئاتلىق پولك، ئورنى دۆربىلجىندە 1163 كىشى.

كوماندىرى نۇسۇپقان كۇنبايوۋ

ئورۇنباسار كوماندىرى جاغدا بابالىكوۋ

كومىسسارى قازىقان ماناسبايوۋ

شتاب باشلىقى رامازان( بۇرۇنقىسى)

سالاھىدىن سىدىقوۋ (كېيىنكىسى)

**4**. ساۋەن ئاتلىق پولك، ئورنى ساۋەندە، 1108 كىشى.

كوماندىرى ئىمىنوۋ

كومىسسارى رەخىموۋ ئابلىز

شتاب باشلىقى گىما دىيوۋ مالىك

سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى قايدار

**5**. زەمبىرەكچىلەر ئەترىتى.ئورنى يەنسىخەيدە، 323 كىشى.

كوماندىرى ئەسخەتتايوۋ

كومىسسارى مۇسايوۋ

شتاب باشلىقى سۇلتانغەلى

سىياسى بۆلۈم مۇدىرى سامساق

**6**. ماتورلۇق روتا، 216 كىشى.

كوماندىرى پوربىيوۋ

**7**. شىخۇ ھەربىي دوختۇرخانا، 27 كىشى.

باشلىقى راشات قايىبولىن

**8**. تېكەس ئاتلىق پولك، 1037 كىشى.

كوماندىرى خەمىت ئەلىيوۋ

كومىسسارى قۇربانوۋ

شتاب باشلىقى      ئامانوۋ

سىياسى بۆلۈم مۇدىرى   مامىتوۋ قۇربان

**9**. شوتا ئاتلىق پولك، ئورنى شوتىدا، 178 كىشى.

كوماندىرى        ئىبستەمەسوۋ بىلال

**10**. سارسۇمبە ئاتلىق 3-پولك، ئورنى سارسۇمبە (هازىرقى ئالتاي شەهىرى) لاگىرىدا، 1225 كىشى .

كوماندىرى        بەدەلقان سۇگۇرباييېف

كومىسسارى       كاكىم

شتاب باشلىقى  (1947-يىلىدىن ـ 1950يىلىغىچە ) سالاهىدىن سىدىقوۋ

شتاب باشلىقىنىڭ ئورۇنباسارى  ئەسەن جۇنۇس

سىياسى بۆلۈم مۇدىرى      ئابدۇۋەلى

**11**. تارباغاتاي 4 ـ ئاتلىق پولك، 1315 كىشى.

كوماندىرى       ستو دېنكوۋ

كومىسسارى    بالقاش باغىن، باۋدۇن نۇر

(بالقاش 48 ـ يىلى غۇلجىدىكى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىغا يۆتكىلىپ باردى. ئۇنىڭ ئورنىغا باۋدۇن نۇر كومىسسار بولدى )

## شىمالىي هەربىي شتاب

شىمالىي هەربىي شتابنى گېنېرال شتابى دەپمۇ ئاتايتتى.

قوماندانى: گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇرباييېف

**1**. سارسۇمبە 6 ـ قاراۋۇل ئىسكادىرون

كوماندىرى          قاسىموۋ ئابلاجان

كومىسسارى         توختى

شتاب باشلىقى        نۇراخمەت

**2**. سارسۇمبە هەربىي دوختۇرخانا

باشلىقى          ئەخەت

سارسۇمبە ئاتلىق پولكى بىلەن تارباغاتاي 4-پولكى شىمالىي هەربىي شتابقا بويسۇناتتى.

شۇچاغدا شىمالىي گېنېرال شتابىنىڭ قارمىقىدا 2979 جەڭچى-ئوفىتسېر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بار ئىدى.

موڭغۇل ئاتلىق دىۋىزىيون1945-يىلى پولك ئىدى. كېيىن دىۋىزىيونغا ئۆزگەرتىلدى. 588 كىشى بار ئىدى.

كوماندىرى ئېردە

كومىسسارى ئىمىنوۋ توختى

تارباغاتاي قاراۋۇل ئىسكادرونى، 144 كىشى.

كوماندىرى خەمىت

شۈنداق قىلىپ 1946-يىلى ئىيۇل ئېيىدىن 1949-يىلىنىڭ يانۋار ئېيىغىچە مىللىي ئارمىيىدە 14 مىڭ 690 كىشى بار ئىدى.

## ئازادلىقتىن كېيىن

1949-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قوشۇلدى. پارتىيە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى، ئارمىيىدە پارتكوم قۇرۇلدى. سىياسىي كومىسسارلىق تۈزۈمى ئورنىتىلدى، سىياسىي-ئىدىيىۋى تەربىيە كۈچەيتىلدى.

1949-يىلى 12-ئاينىڭ 20-كۈنى غەربىي-شىمالغا يۈرۈش قىلغان ئارمىيىنىڭ قوماندانى ۋە كومىسسارى گېنېرال پېڭ دېخۇەي ئىمزا قويغان مۇنداق بىر بۇيرۇق شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا يەتكۈزۈلدى:

ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلسۇن!

ئۇ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5-كورپۇسى بولۇپ قۇرۇلسۇن!

5-كورپۇسنىڭ كوماندىرلىقىغا لېسكىن، ئورۇنباسارى، قوشۇمچە شتاب باشلىقلىقىغا مەرغۇپ ئىسھاقوۋ، ئورۇنباسار كومىسسارلىققا زاھىر ساۋدانوۋ تەيىنلەنسۇن!

13-دىۋىزىيە كوماندارلىقىغا ئىمىنوۋ، 14-دىۋىزىيىنىڭ ئورۇنباسار كوماندىرلىقىغا باشىنوۋ تەيىنلەنسۇن!

قوماندان ۋە كومىسسار پېڭ دېخۇەي

20. 12. 1949

1950-يىلى 2-يانۋاردا سارسۇمبە 3-ئاتلىق پولك كوماندىرى بەدەلقان 5-

كورپۇس شتابىدىن كەلگەن تېلېگرامىمىنى سارسۇمبىدىكى گېنېرال شتابىنىڭ زالىدا ئوفىتسېرلارغا يەتكۈزدى. ئۇنىڭدا :

دۇڭ شىنيۇن 5 ـ كورپۇس كومىسسارلىقىغا، لى يۇنخې سىياسىي باشقارمىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئىبراھىمباي 14 ـ دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى دېيىلگەن.

5 ـ كورپۇس قوماندانلىق شتابىدا 170 ئوفىتسېر، 107 ئەسكەر، جەمئىي 277 كىشى بار ئىدى.

**2**. ئالاقە ـ قاتناش ئىسكادرونىدا توققۇز ئوفىتسېر، 91 ئەسكەر، جەمئىي 100 كىشى بار ئىدى.

**3**. غۇلجا شەھەرلىك گارنىزوندا 15 ئوفىتسېر، 253 ئەسكەر، جەمئىي 268 كىشى بار ئىدى.

**4**. باش ئارقا سەپ بۆلۈمىدە 113 ئوفىتسېر، 443 ئەسكەر، جەمئىي 556 كىشى.

**5**. باش دوختۇرخانا، 24 ئوفىتسېر، 91 ئەسكەر، جەمئىي 115 كىشى.

**6**. شىخو دوختۇرخانىسى، 12 ئوفىتسېر، 14 ئەسكەر، جەمئىي 26 كىشى.

**7**. ئالاھىدە ئاتلىق دىۋىزىيون، 31 ئوفىتسېر، 414 ئەسكەر، جەمئىي 445 كىشى.

**8**. شىخو پىيادىلەر پولكى، 113 ئوفىتسېر، 1629 ئەسكەر، جەمئىي 1742 كىشى.

**9**. غۇلجا 2 ـ پىيادىلەر پولكى، 110 ئوفىتسېر، 1457 ئەسكەر، جەمئىي 1567 كىشى.

**10**. زاپاس پىيادە ئەسكەرلەر پولكى، 124 ئوفىتسېر، 1214 ئەسكەر، جەمئىي 1338 كىشى.

**11**. تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولك، 73 ئوفىتسېر، 917 ئەسكەر، جەمئىي 990 كىشى.

**12**. قوبۇق 2 ـ ئاتلىق پولك، 70 ئوفىتسېر، 1057 ئەسكەر، جەمئىي 1128 كىشى.

**13**. سارسۇمبە 3 ـ ئاتلىق پولك، 99 ئوفىتسېر 1106 ئەسكەر، جەمئىي 1128 كىشى.

**14**. ساۋەن ئاتلىق پولكى، 67 ئوفىتسېر، 976 ئەسكەر، جەمئىي 1093

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كىشى.

**15**. شىمالىي قوماندانلىق شتاب،22 ئوفىتسېر، 50 ئەسكەر، جەمئىي72 كىشى.

**16**. سارسۇمبە ھەربىي دوختۇرخانا، ئۈچ ئوفىتسېر 13 ئەسكەر، جەمئىي 16 كىشى.

**17**. موڭغۇل ئاتلىق باتالىيون، 35 ئوفىتسېر، 551 ئەسكەر، جەمئىي 586 كىشى.

**18**. ئارت دىۋىزىيون (زەمبىرەكچىلەر بۆلۈمى)، 27 ئوفىتسېر، 285 ئەسكەر، جەمئىي 312 كىشى.

**19**. جازالانغانلارنى باشقۇرۇش روتىسى، 11 ئوفىتسېر، 78 ئەسكەر، جەمئىي 89 كىشى.

**20**. ماتارلۇق قوراللار باتالىيونى، ئون ئوفىتسېر، 194 ئەسكەر، جەمئىي 204 كىشى.

**21**. چۆچەك گارنىزون ئەسكادرونى، 21 ئوفىتسېر، 135 ئەسكەر، جەمئىي 143 كىشى.

**22**. شوتا ئاتلىق ئەسكادرون، 21 ئوفىتسېر، 165 ئەسكەر، جەمئىي 177 كىشى.

**23**. ھەربىي مەكتەپ، 15 ئوفىتسېر، 55 ئەسكەر، جەمئىي 67 كىشى.

يۇقىرىدىكى بارلىق قىسىملاردىكى ئادەم سانى 13 مىڭ 710 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە قازاق ئوفىتسېرلار 356 كىشى بولۇپ، ئوفىتسېرلار سانىنىڭ 28 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى.

مىللىي ئارمىيىدە بەنجاڭ، مۇئاۋىن پەنجاڭ، زاپخوز، كاتىپ بولۇپ ئىشلەيدىغانلارنى ئۇ چاغدا ئوتتۇر ئوفىتسېر دەيتتى. 12 مىڭ 439 جەڭچى ئىچىدە 1861 ئوتتۇر ئوفىتسېر بار ئىدى. مەن بۇلارنى جەڭچىلەر سانىغا قوشتۇم.

مىللىي ئارمىيە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەركىبىگە ئۆتتۇشتىن بۇرۇن سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئۇستاۋىنى قوللانغانىدى. ئۇنىڭدا بىر باشلىقلىق تۈزۈم يۈرگۈزۈلىدۇ، سىياسىي، ئىدىيولوگىيىلىك تۈزۈم يۈرگۈزۈلمەيدۇ. جەڭچىلەر بۇيرۇققا بويسۇنىدۇ. پارتىيە رەھبەرلىكى، ئاڭلىق تەرتىپ-ئىنتىزام يوق، سىياسىي تۇرمۇشتا دېموكراتىيە بولمايدۇ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى، ئوفىتسېرلار بىلەن

جەڭچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە قىلىپسىزلىق كۆپ، خېلى بىر تۈركۈم ئوفىتسېرلار گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن ئۆتكەن، كەم ئۇچۇن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسى تىكلەنمىگەن، ئاز ساندىكى كىشىلەردە تار مىللەتچىلىك ئېغىر بولغانلىقتىن، جەڭچىلەرنىڭ نارازىلىقى كۈچلۈك ئىدى. ئارمىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىمۇ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ ئېغىر مەسىلىلەر ساقلانغانىدى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەركىبىگە ئۆتكەندىن كېيىن مىللىي ئارمىيىدە پارتىيە ۋەكىلى تۈزۈمى تىكلەندى. سىياسىي، ئىدىيىۋى خىزمەت كۈچەيتىلدى. سىنىپىي تەربىيە يۈرگۈزۈلدى. پارتىيىنىڭ تەشكىلىي كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، ئارمىيە ئىچىدىكى مىللەتارىستلىق ئىستىل تۈزىتىلدى. ئۈچ چوڭ دېموكراتىيە، ئۈچ چوڭ مەجبۇرىيەت ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئارمىيىنى سۆيۈش، خەلقنى قوغداش، جەڭچىلەرنى سۆيۈپ، كادىرلارنى ھۆرمەتلەش، ۋەتەننى سۆيۈش تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى. جەڭچى-ئوفىتسېرلار پارتىيە رەھبەرلىكىنى ۋە پارتىيە تەربىيىسىنى قىزغىن قوبۇل قىلدى. پارتىيىگە قىزغىن مۇھەببەت قويغان جەڭچى-ئوفىتسېرلار كونا جەمئىيەتتىن يۇقتۇرۇۋالغان ناچار ئىدىيە، كەيپىياتلارنى، خاتا ئىستىللارنى تۈزەتتى. شۇڭا ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇزاق يىللار جەريانىدا ئارمىيىمىز پارتىيە سۆزىگە قۇلاق سالدى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، پارتىيە تاپشۇرغان تارىخىي بۇرچىنى شەرەپ بىلەن ئورۇنلىدى.

1951-يىلى 3-ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەر بىر قىسىملىرى ئىخچاملىنىپ تەرتىپكە سېلىندى. شۇ قاتاردا 5-كورپۇس قارمىقىدىكى كۆپلىگەن پولك، قىسىملار قىسقارتىلىپ، ئىككى دىۋىزىيە، بىر ھەربىي دوختۇرخانا، مۇستەقىل ئىلى باتالىيونى ساقلاپ قېلىندى.

14-دىۋىزىيىنىڭ ئورنى شىخودا بولدى

كوماندىرى: ئىبراھىم باي، كومىسسارى: خۇجىڭ

بۇ دىۋىزىيە قارمىقىدا ئۈچ پولك بولۇپ، ئۇلار:

40-پولك، ئورنى ئۈرۈمچى، كوماندىرى: يۇسۇپوۋ، كومىسسارى: دۇڭ شەنشىڭ.

41-پولك، ئورنى چۆچەك، كوماندىرى: ئالېكسەنكى، كومىسسارى: جاڭ شىفېڭ

42-پولك، ئورنى غۇلجا، كومىسسارى: باۋشەن (قىزىل ئارمىيىدىن) پولك كوماندىرىنىڭ ئورۇنباسارى: شارشېبېك.

13-دىۋىزىيە، ئورنى قەشقەر كوماندىرى: مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوۋ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كومىسسارى: زوچى

دىۋىزىيە قارمىقىدىكى پولكلار:

37-پولك، ئورنى ئاقسۇ، كوماندىرى ئامانتۇر بايزاقوۋ، كومىسسارى: ۋاڭ گاڭزىلىڭ.

38-پولك، ئورنى قەشقەر، پولك كوماندىرى: تۇراق ئىسمايىل، كومىسسارى: خۇاڭ ۋېي

39-پولك، ئورنى خوتەن، كوماندىرى: سايىتوۋ، كومىسسارى: خۇاڭ چىڭ

ئىلى باتالىيونى، باتالىيون قارمىقىدا بىر خەنزۇ روتا، ئىككى مىللىي روتا بار ئىدى.

باتالىيون كوماندىرى: سادىقوۋ، سىياسىي يېتەكچىسى: لى خىچىڭ، ئورۇنباسار سىياسىي يېتەكچى: قوجاي، شتاب باشلىقى: نامانوۋ

1953-يىلى 3-ئايدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئارمىيە ئۈچ تۈرگە، يەنى مۇداپىئە، ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش قىسىملىرى بولۇپ ئايرىلدى. ئازراق قىسىم قوشۇمچە ئىچكى مۇداپىئە (جەمئىيەت خەۋپسىزلىكىنى ساقلاش) سېپىگە ئاجرىتىلدى. شۇ چاغدا مىللىي ئارمىيىدىن ئاتاقلىق ئىككى پولك دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

بۇنىڭ بىرسى 4-ئاتلىق پولك ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئۇلانباي دېگەن يېرىدە تۇردى. بۇ پولكتىكى جەڭچى-ئوفىتسېرلارنىڭ 60 پىرسەنتى قازاق ئىدى.

پولك كوماندىرى: باۋكەي

كومىسسارى: دۇڭ شەنچىڭ

شتاب باشلىقى: ئەزىزوۋ قاسىم

سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى: شاۋدۇنوۋ ئابدۇكېرىم.

شۇ يىلى 9-ئايدا باۋكەي تارباغاتاي شۆبە ھەربىي رايونىغا ئورۇنباسار قوماندان بولۇپ يۆتكەلگەندىن كېيىن، بۇ پولكقا ئوسمانوۋ رامازان كوماندىر بولۇپ تەيىنلەندى.

60-يىللاردا پولك كوماندىرى مۇسايوۋ ھاشىم، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرشىدىن بولدى.

كومىسسارى: سۇڭ خۇڭداۋ

ئورۇنباسار كومىسسارى: قوجاي

شتاب باشلىقى: ئەخمەتباي

3-ئاتلىق پولك قەشقەر خاڭدىدا تۇردى. ئۇنىڭ دەسلەپكى كوماندىرى مۇزەپپەر. كېيىنكى كوماندىرى ئەزىزوۋ قاسىم

60-يىللارنىڭ ئاخىرىدا بۇ پولكنىڭ باشلىقلىرى يەنە بىر نۆۋەت تەڭشەلگەن. ئۇ چاغدا:

پولك كوماندىرى: ئېلاخۇن

سىياسىي كومىسسارى: چېڭ جىڭۋېي

**مىللىي ئارمىينىڭ ھەربىي ئۇنۋان تۈزۈمى**

| | |
|---|---|
| 1. گېنېرال لېيتېنانت | 1、中将 |
| 2. گېنېرال مايور | 2、少将 |
| 3. پولكوۋنىك | 3、上校 |
| 4. پود پولكوۋنىك | 4、中校 |
| 5. مايور | 5、少校 |
| 6. كاپىتان | 6、大尉 |
| 7. ستارشى لېيتېنانت (پاروتچىك) | 7、上尉 |
| 8. لېيتېنانت (پادپاروتچىك) | 8、中尉 |
| 9. مىلادشى لېيتېنانت (پراپىرچىك) | 9、少尉 |
| 10. ستارشىنا | 10、准尉 |
| 11. ستارشى سېرژانت | 11、上士 |
| 12. سېرژانت | 12、中士 |
| 13. مىلادشى سېرژانت | 13、下士 |
| 14. يېفرىتېر | 14、上等兵 |
| 15. ئاددىي ئەسكەر | 15、列兵 |

مىللىي ئارمىيىمىز جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەركىبىگە ئۆتكەندىن كېيىن، خەلق ئۈچۈن پۈتۈن نىيەت بىلەن خىزمەت ئىشلەش ئىدىيىسى تىكلەندى. سانسىزلىغان ئىلغار كوممۇنىستلار تەربىيىلەندى. ئارمىيە قىسىملىرى پارتىيە رەھبەرلىكىدە قەتئىي چىڭ تۇردى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا خىزمەت ئىشلىگەن قىزىل ئارمىيە پېشقەدەم كوممۇنىستلىرى ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش، تارىخنى سۆيۈش قاتارلىق ئەنئەنىۋى تەربىيىنى سىڭدۈردى. يەرلىك ئورۇنلارغا يۈزلىگەن قابىل كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پارتىيە غەمخورلىقىدا بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

دەسلەپكى ئىنقىلابىي پائالىيىتىنى مىللىي ئارمىيىدە باشلىغان نۇرغۇن جەڭچى، ئوفىتسېرلار مۇشۇ كۈنلەردە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا ھەرقايسى سەپلەردە سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشماقتا. شۇنداقلا بىر تۈركۈم پېشقەدەم جەڭچىلەر شەرەپلىك ھالدا پېنسىيىگە چىقىپ، ئىنقىلاب تارىخىدىن ئەسلىمە يېزىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزمەكتە.

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئالاھىدە بەلگىلىرى

### مىللىي ئارمىيە بايرىقى

بايراقنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئوڭدىن سولغا قاراپ «لائىلاھەئىللەللاھمۇھەممەدۇررەسۇلۇللاھ» دېگەن ئەرەبچە يېزىق يېزىلغان. بۇ بايراق ئوڭ تەرەپ قىسمىغا يۇلتۇزنى يېرىم ئوراپ تۇرغان ھىلال ئاي چۈشۈرۈلگەن يېشىل رەڭلىك بايراق ئىدى (يەنى ئاي يۇلتۇزلۇق بايراق ئىدى).

### ئارمىيە كاكارى (باش كىيىمگە تاقىلىدىغان بەلگە):

بوغداي باشقى ئىككى تەرەپتىن ئايلاندۇرۇلۇپ چەمبەر ھاسىل قىلغان، ئوتتۇرىسىدىكى يۇلتۇزنى يېرىم ئوراپ تۇرغان ھىلال ئاي چۈشۈرۈلگەن دۈگىلەك شەكىلدە ئىدى.

### ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان ئوردېن، مېداللار:

1. «ئازادلىق» ئوردېنى (ئالتۇن ئوردېن) ئوتتۇرىسىغا يۇلتۇز ئىشلەنگەن ھىلال ئاي شەكلىدە.

2. «ئازادلىق 2 ـ» ئوردېنى (كۈمۈش ئوردېن) ئوتتۇرىسىغا يۇلتۇز ئىشلەنگەن ھىلال ئاي شەكلىدە.

3. «باتۇرلۇق» ئوردېنى، دۈگىلەك، يۇلتۇزنى يېرىم ئوراپ تۇرغان ھىلال ئاي شەكلى ئوتتۇرىسىغا چۈشۈرۈلگەن، تۆۋەن تەرىپىگە «1946» رەقەملىرى يېزىلغان.

4. «ساداقەت» ئوردېنى. بۇ ئوردېننىڭ شەكلى «باتۇرلۇق» ئوردېنى شەكلى بىلەن ئوخشاش.

5. «ئىستىقلالىيەت» (ئالتۇن) ئوردېنى، چوڭ يۇلتۇزنىڭ مەركىزىگە

يۇلتۇزنى يېرىم ئوراپ تۇرغان ھىلال ئاي شەكلى چۈشۈرۈلگەن.

**6**. «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش» ئوردېنى «ئىستىقلالىيەت» ئوردېنىغا ئوخشاش.

**مىللىي ئارمىيىنىڭ پاگونلىرى:**

پاگوننىڭ رەڭگى ئەسكىرىي تۈرلەر بويىچە پەرقلىق، ھەممە پاگوننىڭ باش تەرىپىدە ئاي-يۇلتۇز شەكلى چۈشۈرۈلگەن مېتال تۈگمىلەر بار.

ھەربىي ئۇنۋانلارنىڭ دەرىجىلىرى ئاشۇ پاگونغا تاقالغان توغرا بالداق ۋە يۇلتۇز سانىغا قاراپ ئايرىلىدۇ. مەسىلەن:

پراپىرچىك پاگونىدىكى بەلگە: بىر توغرا بالداق بىر يۇلتۇز.

پادپاروتچىك: بىر بالداق ئىككى يۇلتۇز.

كاپىتان: بىر بالداق تۆت يۇلتۇز.

مايور: قوش بالداق بىر يۇلتۇز

پودپولكوۋنىك: قوش بالداق ئىككى يۇلتۇز.

پولكوۋنىك: قوش بالداق ئۈچ يۇلتۇز.

گېنېرال مايور: پاگوننىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە يىلانباغرى بالداق تاقاپ، بىر يۇلتۇز تاقىلىدۇ.

گېنېرال لېتېنانت: پاگونى گېنېرال مايورنىڭكىدەك يىلانباغرى بالداق تارتىپ، ئىككى يۇلتۇز تاقىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئالاھىدە بەلگىلىرى



▶ بايرىقى



◀ كاكارى

ئازادلىق(ئالتۇن ئوردېن)



ئازادلىق ئۈچۈن 2 ـ(كۈمۈش ئوردېن)



باتۇرلۇق ئۈچۈن



ساداقەتلىك



ئىستىقلالىيەت (ئالتۇن ئوردېن)



ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش



پاگونلىرى:

گېنېرال مايور ◀





◄ گېنېرال لېتنانت



پولكوۋنىك ►



◄ پاد پولكوۋنىك



مايور ►



كاپىتان



پاروتچىك



پاتپاروتچىك



پراپىرشىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# ئىلى يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى توغرىسىدا قىسقىچە بايان

ئېيساجان مۇسا، ئىمىن ئىبراھىم

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتلەردە ئادەتتە «مۇسۇلمان بار يەردە مەسچىت بولىدۇ، مەسچىت بار يەردە مەكتەپ (مەدرىسە) بولىدۇ» دېگەن سۆز بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە. ئىلى ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ 1860 - يىللاردىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن ئىلگىرىكى مائارىپىمۇ ئاساسەن دىنىي مائارىپ ئىدى.

1840 - يىللار ئەتراپىدا غۇلجا شەھىرىدىن راشىدىن، مەنسۇر قاتارلىق كىشىلەر يەتتە سۇغا چىقىپ، شۇ زامانغا نىسبەتەن ئىلغارراق بولغان ئوقۇشلارنى ئوقۇپ كېلىپ، غۇلجا شەھىرىدىكى يېڭىلىق تەرەپدارلىرىغا تەشۋىق قىلغان، بەيتۇللا چوڭ مەسچىتى يېنىدىكى دىنىي مەكتەپ ئانا تىل، ھېساب، ئەدەبىيات دەرسلىرىنى قوشۇمچە ئۆتكەن.

1866 - يىلى ئىلى سۇلتانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەرقايسى جايلاردا شۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى، بوز يەر ئېچىش، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشلىرىنىڭ كەڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، پەننىي بىلىملەرگە بولغان ئېھتىياج كۆچەيدى. دەسلەپكى قەدەمدە بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەر، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ئۆز ئىقتىسادىغا تايىنىپ ياركەنت، شەمەي، بۇخارا، تاشكەنت، قازان قاتارلىق شەھەرلەرگە چىقىپ، پەننىي بىلىملەر ۋە ھۈنەر - سەنئەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ كەلدى ۋە ئىلىدا «پەننىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرساق ئادەملىرىمىزنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ئاشىدۇ، مەدەنىيىتى يۈكسىلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىدۇ، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلىنىدۇ...» دېگەندەك ئىلغار ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلدى.

بىراق ئەينى زاماندا دىن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر يېڭىلىق ئېلىپ كىرگۈچىلەرگە شەرىئەت ئارقىلىق قارشى غۇلغۇللا كۆتەرگەن. شۇنداق بولسىمۇ پەننىي بىلىم ئوقۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەن

بەزى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا ئاستا-ئاستا تەبىئىي جۇغراپىيە، ئىسلام تارىخى، ئەنبىيالار تارىخى، ئومۇمىي تارىخ، تەبىئەت، ھېساب (ئەبجەت ھېسابىمۇ بار)، ئانا تىل، ئەدەبىيات قاتارلىق دەرسلەر كىرگەن.

1871-يىلى چاررۇسىيە قوراللىق قوشۇن كىرگۈزۈپ ئىلىنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئارقىدىنلا چاررۇسىيە پۇقرالىرىدىن نەچچە مىڭلىغان ئائىلىنى ئىلى ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەرگە كىرگۈزدى. ئوتتۇرىدىكى چېگرا ئېلىپ تاشلانغانلىقتىن ئىلى رايونىدىكى كۆپلىگەن ياشلار رۇسىيە شەھەرلىرىگە ھەتتا تۈركىيە، مىسىر ۋە ياۋروپالارغىچە بېرىپ سودا-سېتىق قىلدى. ئىلىم-پەن ۋە تىل ئۆگەندى. بۇ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئىلىدىكى پەننىي دەرسلەرنى قوشۇمچە قىلغان دىنىي مەكتەپلەر ۋە رۇسىيە مەكتەپلىرىنىڭ پروگراممىسى بويىچە دەرس ئۆتىلىدىغان مەكتەپلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بۇ دەۋردە ئۆتكەن تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەردىن باۋۇدۇنباينى ئىلى پەننىي مائارىپىغا قوشقان تۆھپىسى ئۈچۈن ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ كىشى 1890-يىلى ياركەنتكە چىقىپ تاتار پەننىي مەكتىپىدە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلىدىكى نوپۇزلۇق ئۆلىمالاردىن بولغان ناسىر ئەئلەم ئاخۇنۇمنىڭ قوللىشى ئاستىدا بەيتۇللا چوڭ مەسچىدى يېنىدىكى دىنىي مەكتەپتە ھېساب، ئاناتىل، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، رەسىم، شېئىر، قاتارلىق پەننىي دەرسلەرنى قوشۇمچە ئۆتۈشكە تۈرتكىلىك قىلدى، مۇسابايوف تىجارەتخانىسى ۋە باشقا مۇلۇكلەرنىڭ زاكات پۇلى ھېسابىغا، 1895-يىلى بەيتۇللا مەسچىد دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە زالى بىلەن تۆت سىنىپلىق مەكتەپ سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ دوسكا، پارتىلىرىنىمۇ ياۋرۇپاچە ياستىپ، مەخسۇس پەننىي دەرس ئۆتىدىغان مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. بۇ مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرىنى باۋۇدۇنباي ئۆزى تاللاپ، مەكتەپ خىراجىتىنى ۋە مۇئەللىملىرىنىڭ مائاشىنى ئۆزى تەمىنلىدى. مانا بۇ ئىلى ۋىلايىتىدە بىزگە مەلۇم تۇنجى پەننىي مەكتەپ.بۇنىڭ تەسىرى بىلەن ھەرقايسى جايلاردىمۇ پەننىي دەرسلەر ئوقۇلىدىغان سىنىپلار ۋە مەكتەپلەر ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

1880-يىلى غۇلجا شەھرىدىكى ئوردا مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق مۇسابايوفلار قورۇسىدا-ئەيسا خەلپىتىم① بىلەن ھاشىر خەلپىتىملەر بالا ئوقۇتىۋاتقان دىنىي مەكتەپتە پەننىي دەرسلەر قوشۇمچە ئۆتۈلۈشكە باشلىدى. 1881-يىلى سىدىقھاجى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئابىدوپ دېگەن كىشى ئۆز يېنىدىن ئىقتىساد چىقىرىپ، قازان مەدرىسىدىن ئۆز زامانىدىكى مەشھۇر مائارىپچى كەشفۇل ئەسرار داموللىنى ئالدۇرۇپ، تاشلەپكىدىكى تاتار مەسچىد يېنىدىكى دىنىي مەكتەپكە قويىدى. كەشفۇل ئەسرار داموللىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇ مەكتەپتە ئانا تىل، ئەدەبىيات، ھېساب، ساۋاقيان ئېلىپبەسى قاتارلىق پەننىي دەرسلەر قوشۇپ ئۆتۈلدى. 1910 ـ يىلىغا كەلگەندە تاتار جامائەتچىلىكى مەسچىدنىڭ سول تەرىپىگە ئون سىنىپلىق ئىككى قەۋەت بىنا سالدۇردى.

1916 ـ يىلى باۋۇدۇنباينىڭ خىراجىتى بىلەن رۇسىيىدىن ئابدۇللا بوبى، خەدىچە ئابىستاي قاتارلىق مۇئەللىملەر يۆتكەپ كېلىنگەن، كېيىن بۇ مەكتەپنىڭ نامى «مەكتەبى نۇر» ئاتىلىپ، مۇكەممەل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بولغانىدى.

1885 ـ يىلى گابىتوپ شېرىپىدىن ھاجىم دېگەن تاتار كىشى بەيتۇللا مەسچىتى جامەسىنىڭ جەنۇبىغا تۆت سىنىپلىق، ئون ئېغىز ياتاقلىق مەكتەپ ياسىتىپ بەرگەن، بۇ مەكتەپ «مەكتەبى كەشفىيە» دەپ ئاتالغان.

1890 ـ يىلى خېلىل، مەخپىر ئەپەندىلەر ئىلگىرىكى غۇلجا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ (ھازىرقى تۆتلۈۋەنىڭ) شىمالىدىكى سۇ بويىغا ئۈچ سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ ئاچتى. 1920 ـ يىلى بۇ ئورۇنغا تۆت سىنىپلىق ئىككى قەۋەت يېڭى مەكتەپ سېلىنىپ، ئەخمەت، مەرۇپ سەئىدى، مەرۇپجان قاتارلىق كىشىلەر ئوقۇتقۇچى بولغانىدى.

1879 ـ يىلى ئۆزبېك مەھەللىسىدىكى مەسچىت يېنىغا سېلىنغان دىنىي مەكتەپنى 1911 ـ يىلى غەندىنباي پەخرىدىنوپ دېگەن كىشى بۇزدۇرۇپ، ئورنىغا تۆت سىنىپلىق ئۆزبېك مەكتىپى سالدۇرۇپ، پەننىي دەرسلەر ئوقۇتۇلۇشقا باشلىغانىدى.

1905 ـ يىلى خەلىچە ئابىستاي، غەزىز ئەۋزى ۋە غاينۇرە قاتارلىقلار ھەرەمباغ قىزىلكۆۋرۈك يېنىدا (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنىدا) ئىككى ئېغىز ئۆيدە بىلىمىگە قاراپ ئۈچ سىنىپلىق «قوشما سىنىپ» تەشكىللەپ، پەننىي مەكتەپ ئاچقان.

مۇشۇ مەزگىللەردىكى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى پەننىي دەرسلەرنى قوشۇمچە ئوقۇتقان بولۇپ، بۇلارنىڭ دەرسلىكى رۇسىيىنىڭ قازان شەھىرىدىن كۆپرەك كەلتۈرۈلگەن.

باۋۇدۇنباي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر مۇنچە دۆلەتلەردىن باشقا ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەر بىلەنمۇ سودا مۇناسىۋىتى قىلاتتى. ئۇ سىرت مەملىكەتلەرنىڭ سانائەت

1908 - یلی قازانشه هرده بیسلفان
مه درسه (دینی مه کته پ) پروگرامسننك
"ابتدائیه" قسمی‌نك بر هفته‌لك درسلرجدولی.

| درس اسملری | حاضرلك صنفی | برنچی صنف | ایکنچی | اوچنچی | دورتنچی | بیشنچی |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قرآن | — | ٥ | ٥ | ٤ | ٢ | ٢ |
| ضروریات دینیه | ١ | ٢ | ٣ | ٢ | ٢ | ٢ |
| قواعد تورکیه | — | — | — | — | ٢ | ٢ |
| قراءة تورکیه | ٦ | ٥ | ٤ | ٢ | ٢ | ١ |
| املاء | ٣ | ٢ | ٢ | ١ | ١ | ١ |
| انشاء | — | ١ | ١ | ١ | ١ | ١ |
| حدیث وعربیه | — | — | — | ٢ | ٢ | ٢ |
| روسچه | — | — | ٣ | ٦ | ٦ | ٦ |
| فارسیچه | — | — | — | ١ | ١ | ١ |
| حساب | ٣ | ٣ | ٣ | ٣ | ٣ | ٣ |
| جغرافیه | — | — | — | — | ١ | ١ |
| تاریخ | ١ | ١ | ١ | ٢ | ١ | ٢ |
| علم اشیاء | — | — | — | — | ١ | ١ |
| کورکام یازو | ٣ | ٢ | ١ | ١ | ١ | ١ |
| اشکال | ١ | ١ | ١ | ١ | — | |
| اسچوط | — | ١ | ١ | ١ | ١ | — |
| حفظ | — | ١ | ١ | ١ | ١ | ١ |
| مقام | — | — | — | — | — | ١ |
| جمعسی | ١٨ | ٢٤ | ٢٦ | ٢٨ | ٢٨ | ٢٨ |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكىدىن ئىلھاملىنىپ، گېرمانىيىدىن بىر كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنى سېتىۋېلىپ، 1905-يىلى بۇ زاۋۇتنى تېخنىكلىرى بىلەن قوشۇپ ئىلىغا يۆتكەپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

1906-يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ بىرقىسىم سېخلىرى ئىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، يەنە بىرقىسىم سېخلىرى تېخنىك ئىشچىلار كەمچىل بولغاچقا ئىشقا كىرىشتۈرۈلمەي تۇرۇپ قالىدۇ. شۇڭا باۋۇدۇنباي 1907-يىلى ھازىرقى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنىدا تېخنىك ئۇستىلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپىنى ئاچقان. مەكتەپكە بۇخارادا ئوقۇغان ئىمىر داموللام، نىزامىدىن قاتارلىق كىشىلەرنى ۋە زاۋۇت بىلەن بىرگە كەلگەن بەزى تېخنىك ئىشچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇيغۇر، قازاق، تاتار قاتارلىق مىللەتلەردىن 200 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ دەرس باشلىغان. بۇ مەكتەپتە تىل-ئەدەبىيات، ھېساب، فىزىكا قاتارلىق پەننىي دەرسلەر ئوقۇتۇلغاندىن تاشقىرى، زاۋۇتتا ئىشلىنىدىغان تېرە پىرىوم قىلىش، ئۆچەي ئايرىش، مويچىلىق، ئەنجۈمە سازلىق، ئىگەر-جابدۇق ياساش، شورنىكچىلىق قاتارلىق كەسپلەر ئۆگىتىلگەن. بۇ مەكتەپنى 1907-يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى دېيىشكە بولىدۇ.

شۇ يىللاردا ئىلىدىكى ياشلار ئىچىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغۇچىلارنىڭ، بىرقىسىملىرى ھۈسەيىن ئەپەندى باشچىلىقىدا ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا ماڭغان، يەنە بىرقىسىم ياشلارنى باۋۇدۇنباي ئۆز مال-مۈلكىنىڭ زاكات پۇلى ھېسابىغا تۈركىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. چەتكە ئوقۇشقا چىققانلارنىڭ ئالدى 1913-يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ قايتىپ كېلىپ، ئۆز كەسپى بويىچە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىشلىدى. بىر قىسمى بەيتۇللا مەسچىتى يېنىدىكى پەننىي مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ مەكتەپكە «ھۈسەينىيە مەكتىپى» دەپ نام بېرىلدى. كېيىن «ئىلى مەكتەپ» كە ئۆزگەرتىلدى.

1911-يىلى بېشىرباي دېگەن كىشى ئۆزى پۇل چىقىرىپ ھازىرقى 3-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ شىمالىدىكى يول بويىغا ئوتتۇرىسى كارىدورلۇق، ئالتە سىنىپلىق مەكتەپ سالدۇرۇپ، زامانغا لايىق پارتا، دوسكىلارنى ياسىتىپ بەردى. بۇ مەكتەپنى مەخسۇس قىزلار مەكتىپى قىلىپ ئېچىپ، سىبىت ئايىم، قىزىلكۆزۈك مەكتىپىدىكى خەلچە ئابىستاي، غەزىز ئەۋزى، غەينۇرە ئاپپاي قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كەلدى. (بۇ مەكتەپكە كېيىنرەك ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارمۇ قوبۇل قىلىنغاندى.)

بىراق ئەينى يىللاردىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر مەكتەپلەردە پەننىي دەرسلەرنىڭ ئۆتۈلۈشىگە، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشىغا چىش-تىرنىقى بىلەن قارشى ئىدى. شۇ يىللاردا ئۆتكەن ئادىلبەك، ئىمام مەھەممەتباي، ياقۇپباي قاتارلىق كىشىلەر ھەدېسىلا ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا كىرىپ: « پەننىي مەكتەپلەر كۆپىيىپ كەتتى، ئۇلار بالىلارنى جەدىت قىلىپ تەربىيىلەۋاتىدۇ... ئوقۇغۇچىلارنى ئەسكەرگە ئوخشاش مەشققە دەسسىتىپ، ھۆكۈمەتكە قارشى قىلىپ ئۆستۈرۈۋاتىدۇ...» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر بىلەن چېقىمچىلىق قىلىدۇ. ياقۇپبەگ ھاكىمبەگ غوجىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، «بېشىرباي بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئارقىسىغا قىزلار ئۈچۈن مەكتەپ سېلىۋاتىدۇ، قىزلار ئوقۇپ نېمە قىلىدۇ؟» دەپ دادلىسا، ئادىلبەگ قاتارلىقلار دوتەينىڭ ئالدىغا كىرىپ: «پەننىي مەكتەپلەر بالىلارنى كالتە قۇيرۇق (ياۋروپاچە قىسقا تون كىيدىغان) قىلىپ تەربىيىلەپ بۇزۇۋېتىدىغان بولدى. ھۆكۈمەتكە قارشى كەيپىياتنى ئۆستۈرۈۋاتىدۇ» دېگەندەك پىتنە-ئىغۋالار بىلەن چاقىدۇ. بۇ نادان، قارا كۈچلەرنىڭ قۇترىتىشى سەۋەبىدىن ئەينى يىللاردا ئابدۇراخمان ئەپەندى، جىرجىس ھاجىم قاتارلىق بەزى ئىلغار مۇئەللىملەر تۈرمىگە تاشلانغانىدى.

مەشھۇر ناتىق، مەرىپەتپەرۋەر ئالىم نەسوھا داموللام 1910-يىلى مىسىردا ئوقۇپ قايتىپ كېلىپ، سۇدەرۋازا مەسچىتى يېنىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە مەكتەپ ئېچىپ، ئۆزى ئوغۇل بالىلارنى، ئايالى قىز بالىلارنى يىغىپ، پەننىي دەرس ئوقۇتقانىدى. شۇ چاغدىكى ئىلى ۋەزىيىتى توغرىسىدا نەسوھا داموللام بىر شېئىردا:

بىزنىڭ ئىلىدا شۇنچە لايى كۆپ.
زاكات بەرمەيدىغان بىمەنا بايى كۆپ.
توراپ سەيسىگە خەلقنى دائىم،
رەستە-بازار، كوچىدا يايى كۆپ.
پەقىر-مىسكىن، غېرىبلەر شەنگە،
ئالدامچى، قاشقاق لولى، گادايى كۆپ...

دەپ كۆرسەتكەن، يەنە بىر شېئىرىدا:

شاراپەتلىك ئەزىزلەر قالمىدى، قالدى كاساپەتلەر،
رەئىس بولماق ئۈچۈن سەرپ ئېتۇر بارى-يوقىنى بىل،
سەنلەرگە نى كۆرۈندى سەبىلەر، ئېي ھاماقەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



................................

نەسۇھ ئاخىر زاماندا ئىلتىجا قىل خۇدايىڭغا،
سالامەت ئولسا ئىمانىڭ، ئەجەپ كۆرگىل كارامەتلەر.

دەپ يازغانىدى. نەسوھا داموللام خوراپاتلىق كۇچەيگەن، چېقىمچىلارنىڭ ھەرىكىتى ئەشەددىيلەشكەن ئەھۋال ئاستىدا، 1918 ـ يىلى مەكتەپتىن ئايرىلىپ جاغىستايغا، كېيىن خۇنخاي مازارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

1762 ـ يىلى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭغارلارنى تىنجىتىپ ئىلىدا گېنېرال مەھكىمىسى (جياڭجۇنفۇ) تەسىس قىلغان بولۇپ، چېگرانى قوغداش، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن شەرقىي شىمالدىن بىرقىسىم شىبە ئوفىتسېر ـ جەڭچىلىرىنى ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ ئىلىغا يۆتكەپ چىققانىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن خەنزۇ ئەسكەرلەر، مانجۇرىيىدىن مانجۇ ئەسكەرلەر، چېچەخار ئۆلكىسىدىن سولون ئەسكەرلەر، چاخار ئۆلكىسىدىن موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئېلىپ چىققانىدى. موڭغۇل يىلڭ (باتالىيون) بورتالادا، سولون يىڭى كونا قورغاستا، شىبە يىڭى چاپچالدا تۇرسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى كۈرەدە ـ گېنېرال مەھكىمىسىنىڭ يېنىدا ئايرىم كوچىلاردا تۇراتتى. شۇڭا بۇ يەردە 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپلا خەنزۇ، شىبە، مانجۇلارنىڭ باللىرى ئوقۇيدىغان كۈرە مەكتىپى (ئۇ چاغدا خەنزۇچە «شۆتاڭ» دەپ ئاتىلاتتى) بارلىققا كەلدى. 1911 ـ يىلى جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتىگە ئوخشاشلا ئىلىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

شۇ يىلى مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇپەتتىشى ياڭ زېڭشىنىڭ تەستىقى بىلەن كۈرە قەلئەسى ئىچىگە 500 ئوقۇغۇچى سىغىدىغان چوڭ مەكتەپ سېلىنىدى. يەرلىك خەلق بۇ مەكتەپنى «كۈرە شۆتاڭ» ياكى «ئۇبەي شۆتاڭ» دەپ ئاتايتتى. بۇ مەكتەپتە خەنزۇ، شىبە، مانجۇ، ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىنىڭ باللىرى ئوقۇغان. ھۆكۈمەت ئوقۇغۇچىلارنى پۈتۈن تەمىنات بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇ مەكتەپ 1933 ـ يىلى «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغۇچە ئۆتكەن 20 نەچچە يىل جەريانىدا نۇرغۇن زىيالىيلارنى تەربىيىلەپ چىققان.

غۇلجا شەھىرىدىكى «تائالىيە مەكتىپى» مۇ بىر قەدەر تارىخى ئۇزۇن مەكتەپلەرنىڭ بىرسىدۇر.

بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى ئەسلىدە مۇتائالى خەلپەمنىڭ قورۇ ـ جايى بولۇپ، بۇ

كىشى 1895-يىلىدىن باشلاپ بۇ قورۇدا دىنىي مەكتەپ ئاچقان ئىدى. 1911-يىلى پارتلىغان شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن تېيىپزات خەلپەت، ئەمرۇللا خەلپەت ۋە داۋامىدىن خەلپەتلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا بۇ مەكتەپتە بارا-بارا پەننىي دەرسلەر ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى.

مۇتائالى خەلپەم (خەلپەم ھەزرەت) 1932 -يىلى مەككىدىن قايتىپ كېلىپ بۇ قورۇ-جاينى پۈتۈنلەي مەكتەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى باشقا قورۇ-جايغا كۆچۈپ چىققان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ مەكتەپنىڭ نامى «تائالىيە مەكتەپ» دەپ، مۇتائالى خەلپەمنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1915-يىلى ناغرىچىدىكى ئەسقەر قارىم دېگەن كىشى ئۆز قورۇسىدا ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، دىن دەرسى بىلەن ئانا تىل، ھېساب، ئەدەبىيات دەرسلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇتقانىدى. كېيىن ئابدۇسالام ئەپەندى، يارمەھەممەت مەخسۇملار بۇ مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ، پەننىي دەرسلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. 1933-يىلىغا كەلگەندە بۇ مەكتەپ كېڭىيىپ مەسچىت قورۇسىغا كۆچۈپ چىققان. بۇ مەسچىت ھەر جۈمە كۈنى زىكرى سۆھبەت بولىدىغان خانىقا ئىدى، شۇڭا خانىقا ئىچىگە كۆچۈپ چىققان بۇ مەكتەپنى «خانىقا مەكتەپ» دەپ ئاتىغان.

1918-يىلى شەنگەن يامۇل ئىچىدە ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ (شۆتاڭ) ئېچىلغان. بۇ مەكتەپ كەسپىي تېخنىكوم خاراكتېرىدە بولۇپ، ھەر مىللەت بالىلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىپ، خەنزۇچە تىل - يېزىق ئۆگەتتى. بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ئەمەلدار، تەرجىمان، كاتىپ ياكى بوغالتىر بولۇپ چىقاتتى.

1918-يىلى ئەتراپىدا بىر قىسىم رۇس پۇقرالىرى غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كەلدى. رۇس بالىلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن باۋۇدۇن ھاجىم ھازىرقى بىرىنچى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىچىگە ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ سېلىپ بەرگەن، كېيىن رۇس ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن 1932-يىلىغا كەلگەندە بۇ مەكتەپ تۆت سىنىپلىق مەكتەپ بولغان.

1920-يىللىرىدا يەنە بىر قىسىم مەكتەپلەر يېڭىدىن قۇرۇلدى. ھازىرقى 4-دېۋىزىيە دوختۇرخانىسى ئورنىدا بىر خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىلدى.

1922-يىلى سەيدۇللا مەخسۇم تاختىيون مەھەللە مەسچىتىنىڭ يېنىدا ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتتى. دەسلەپتە دىنىي دەرس ۋە پەننىي دەرس قوشۇپ ئۆتتۇلدى، كېيىن پەننىي دەرسلەر كۆپەيتىلدى.

www.uyghurkitap.com



1923-يىلى ھاشىر رازاق ئەپەندى دۆڭمەھەللىدىن قورۇ-جاي ئېلىپ، يېڭىچە بىر مەكتەپ ئاچتى. بۇ مەكتەپ پەيدىنپەي كېڭىيىپ، ھازىرقى 5-باشلانغۇچ مەكتەپ («روشەن» مەكتەپ) كە ئاساس سېلىنغانىدى. 1932-يىللاردا بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى 200 دىن ئاشقان، ئون سىنىپ بولۇپ، ئون نەپەر ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتكەن.

1924-يىلى داموللا رازىيوپ دېگەن كىشى ئىمىن ئاخۇن بىلەن بىرلىشىپ ھەرەمباغ مەسچىتى يېنىدا ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ ئاچقان. بۇ مەكتەپتە دەسلەپتە دىنىي ۋە پەننىي دەرسلەر ئارىلاش ئۆتۈلگەن، كېيىن رەسمىي پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپكە ئايلانغان.

1927-يىلى ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 6-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يېنىدىكى تاتار مەسچىتى يېنىغا تاتار ئاتلار كومىتېتىنىڭ تەشكىللىنىشى بىلەن ئۈچ سىنىپلىق بىر مەكتەپ سېلىنغان. مۇنىرە، پاتىمە، پەرىخە قاتارلىق مۇئەللىملەر دەرس ئۆتكەن.

بۇ يىللاردا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىدا كۆپلىگەن يېڭىلىقلار بولغان. مەكتەپلەردە ئەدەبىيات-سەنئەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى كۈچىيىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلىرىمۇ جانلانغان. پۇتبول، ۋالىبول، گەرەتكە، قاچقانچۇق ئويۇنلىرى ئومۇملاشقان بولدى. بۇ يېڭىلىقلارنى كىرگۈزۈشتە تۈركىيىدىن كەلگەن ئابدۇراخمان ئەپەندى قاتارلىق يەتتە زىيالىي ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدى.

مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتى 1911-يىلى شىنخەي ئىنقىلابى ئارقىلىق ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. بىراق يۈەن شىكەي ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالغانلىقتىن شىمالىي مىللىتارىستلار ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتتى.

مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى باش مۇپەتتىشى بولۇپ كەلگەن ياڭ زېڭشىنمۇ 1921-يىلى شىنجاڭنىڭ دۇدۇسى (مەمۇرىي ۋە ھەربىي باشلىقى) بولۇۋالدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە «ئىشىكنى تاقاپ، ئۆزىنى قوغداش، خەلقنى نادانلاشتۇرۇش» سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىدى. ئەكسىچە مانجۇ خاندانلىقى يۈرگۈزگەن مىللىي زۇلۇم ۋە قۇل قىلىش سىياسىتىنى تېخىمۇ بەتتەر كۈچەيتتى. شۇ سەۋەبتىن پۈتۈن شىنجاڭدا ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى ئەۋج ئالدى. جۈملىدىن قۇمۇل، تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرى ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتنى تەۋرىتىپ

قويدى. 1928-يىلى مىللەتارىست ياڭ زېڭشىننىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ھەربىي - سىياسىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق جىن شۇرېن تارتىۋالدى. لېكىن بۇ زومىگەرنىڭ دەۋرىدە خەلق ئۈستىدىكى مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇم تېخىمۇ كۈچەيدى. نەتىجىدە قۇمۇل، تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ ئۈزۈلمەي داۋام قىلىۋاتقان ئىنقىلابىي كۈرىشى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، 1933-يىلىغا كەلگەندە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. 4-ئاينىڭ 12-كۈنى شىنجاڭدا دېموكراتىك ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بۇ ھۆكۈمەتكەن يەرلىك مىللەتلەر ۋەكىللىرىمۇ قاتناشتۇرۇلدى.

بىراق جىن شۇرېننىڭ ھەربىي باشلىقى شېڭ شىسەي ئۆزىنى «ماركسىزمچى، سوتسىيالىزم تەرەپدارى» دەپ جاكارلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەينى شارائىتتىن ئۈستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى، ئۇ ئۆزىنى نىقابلاپ، شىنجاڭ خەلقىغە پايدىلىق بەزى ئىشلارنى قىلدى. مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، 3-ئىنتېرناتسىئونالدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن ۋەكىللەر، كادىرلار كىرگۈزدى. چىن تيەنچۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە قول سېلىشى بىلەن «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى تۈزۈپ ئېلان قىلدى. بۇ ئىشلار شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە باشقا ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پايدىلىق بولدى.

«12-ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆلكىلىك دېموكراتىك ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى بارلىق ناھىيىلەردە 1933-يىلىدىن باشلاپ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. ئۇرۇمچىدىكى مەركىزىي ئۇيۇشمىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا داۋۇتوپ ئىدى. 1934-يىلى 8-ئايدا 3-ئېنتېرناتسىيونالنىڭ ئەزاسى، كوممۇنىست ۋاڭ باۋچەن، ئۇنىڭدىن كېيىن خۇاڭ مىخۇۋلارنىڭ رەھبەرلىكىدە جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما قۇرۇلدى. بۇ ئۇيۇشمىنىڭمۇ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە، ھەتتا ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەردە شۆبىلىرى قۇرۇلدى. بۇ ئۇيۇشمىلار شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپلا قالماستىن، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تاشقى جەھەتتە جاھانگىرلىككە قارشى، ئىچكى جەھەتتە ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەڭ - باراۋەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە رول

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆيىندى.

1911-يىلى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى بىلەن تەڭ ئىلىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇيغۇرچە مەتبە، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن خەنزۇچە مەتبە ئۈسكۈنىلىرى كىرگۈزۈلۈپ، مىخ مەتبەدە گېزىت ۋە ھەرخىل كىتابلارنى بېسىپ چىقىرىشقا باشلىغانىدى. دېموكراتىك ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدىمۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ گېزىت-ژۇرنال، كىتابلار مىخ مەتبە بىلەن چىقىرىلىپ، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن گېزىت-ژۇرنال ۋە ھەرخىل ئوقۇش ماتېرىياللىرى، پوچتا-تېلېگراف، باسما ئۈسكۈنىلىرى كىرىشكە باشلىدى. بىر قىسىم دوختۇرلار كىرىپ، يېڭىچە داۋالاش ئىشلىرىمۇ يولغا قويۇلدى. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈردى.

1933-يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىي-مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1934-يىلىدىن باشلاپ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي مائارىپ ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي مائارىپ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى 12-ئايدا قۇرۇلدى. 11 ناھىيىدە شۆبە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلدى. ئەدەبىيات-سەنئەت (سانائىينەفىسە) پائالىيەتلىرى جانلاندى. شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈزگەن كېلىشىمى بويىچە 1933-يىلىدىن 1935-يىلىغىچە ھەر يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا (ساگوغا)100 نەپەردىن مىللىي ئوقۇغۇچى چىقىرىلىشقا باشلىدى.

1934-يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋەكىلى بۇرھان شەھىدى ئىلىغا كېلىپ، بۇ يەردىكى ئەمەلدارلار، ئۇيغۇر، تاتار، ئۆزبېك بايلىرى ۋە قازاق بولۇسلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئاچتى. بۇ يىغىندا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان ھەرخىل شىركەتلەرنى قۇرۇش، ئىلى گىمنازىيە مەكتىپىنى سېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى. نەتىجىدە ئىلى گىمنازىيە مەكتىپى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن قۇرۇلۇپ، 1936-يىلىدىن باشلاپ رەسمىي ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ دەرس باشلىدى.

ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىنىڭ دەسلەپكى باشلىقى خەبىب يۇنۇچى ئىدى. بۇ ئىدارە قۇرۇلغاندىن كېيىن ناھىيىلەردە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى كۆپلەپ ئېچىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. بەزى ناھىيىدە بەشتىن ئونغىچە، كۆنەس،

نىلقا ناھىيىلىرىدە 15 كىچە باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. مائارىپ سېپىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئوقۇتقۇچىغا بولغان ئېھتىياجمۇ ئاشتى.

مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ۋە ناھىيىلەردە ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تولۇقسىز پېداگوگىكا مەكتەپ پروگراممىسىدىكى پېداگوگىكا، ئانا تىل، ھېساب، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، تارىخ، ئاناتومىيە، تەبىئەت قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. نەتىجىدە، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ۋىلايەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىكى دىنىي مەكتەپلەرمۇ 1920-يىلىدىن كېيىن دىنىي دەرسكە پەننىي دەرسلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئوقۇتۇشنى يەيدىنپەي كۈچەيتتى.

1914-يىلى قورغاس ناھىيە چىلپەڭزىدىكى كىچىك مازارلىق ئابدۇللا غوجامبىر ھاجى ئوغلى تۈركىيىگە چىقىپ ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز مەھەللىسىدە بىر مەكتەپ ئېچىپ («نىجات» مەكتەپ. مۇھەررىردىن ئىزاھات) دىنىي ۋە پەننىي دەسلەرنى ئارىلاش ئوقۇتقان. 1920-يىلىدىن كېيىن بۇ مەكتەپ كېڭىيىپ ئاساسلىقى پەننىي دەرسلەرنى ئوقۇتىدىغان مەكتەپكە ئايلانغان.

1925-يىلى چاپچال ناھىيىسىنىڭ خۇنخاي مازىرىدا ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ باشقۇرۇشىدا پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىلغان. كېيىن بۇ مەكتەپ شۇ ئەتراپتىكى مەكتەپلەر ئۈچۈن مەركىزىي مەكتەپ بولۇپ قالغان.

بۇ مەزگىللەردە ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ناھىيىلەردىمۇ دىنىي مەكتەپلەرنى قۇرۇش، مۇكەممەللەشتۇرۇش ۋە پەننىي مەكتەپكە ئۆزگەرتىش جەريانى تېزلەشتى. كۈنەس ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا 1920-يىلىدىن كېيىن، بولۇپمۇ «12-ئاپرېل» ئۆزگىرىشىدىن كېيىن بۇ ئۆزگىرىش بىر قەدەر تېز بولغاندى.

1918-يىلى ھازىرقى كۈنەس ناھىيە بەشتۆپىنىڭ چاقما ئېغىزىغا جايلاشقان يالغۇز كۆكتۆبە ئۈستىگە ئوتتۇرا ئاسىيا پاسونىدا مەسچىد سالدۇرغان قۇۋان زەڭگى يەنە ئۈچ سىنىپلىق كونىچە مەكتەپ سالدۇرۇپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن مۇھەممەتقارى دېگەن ئۇيغۇر كىشىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، دىنىي دەرس ئوقۇتقان. 1920-يىلىدىن كېيىن ئىسلام ئىسىملىك تاتار زىيالىينى تەكلىپ قىلىپ، پەيدىنپەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پەننىي دەرسلەرنى كۆپەيتىپ ئوقۇتقان. كۈنەس مائارىپىنى گۈللەندۈرگۈچىلەردىن بىرى بولغان ساتىبالدى دېگەن كىشى قازاقىستاندىن غۇلجىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن غۇلجا تاتار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان قالدىموللا بېكتۇرلىن دېگەن زىيالىينى ئالمالىقتىكى جىڭشىكە سايدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. ساتىبالدى ئۆزى باش بولۇپ مەسچىت ۋە دىنىي مەكتەپ سالدۇرغان (ئالتە ئېغىزلىق ياغاچ ئۆينىڭ بەشىنى سىنىپ قىلغان)، قالىموللىنىڭ جاپالىق ئەجرى ئارقىسىدا بۇ يەردىن دىنىي ۋە پەننىي بىلىم ئالغان نۇرغۇن زىيالىي يېتىشىپ چىققان.

ساتىبالدىنى ئۆلگە قىلغان نوغايبېك (ئارالتۆپە كەڭسۇدىكى ئېستېمەس ئاقىلاقچىنىڭ بالىسى) دىنىي دەرس ئوقۇتۇۋاتقان كىگىز ئۆينىڭ ئورنىغا 1919-يىلى ئىككى ئېغىز ياغاچ ئۆي سالدۇرۇپ، چاقما ئىچىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان سالاخى سەئىدى دېگەن تاتار زىيالىينى تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 30 ئوقۇغۇچىغا دىنىي ۋە پەننى دەرسلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئوقۇتقان. 1930-يىلغا كەلگەندە يەنە بەش ئېغىز ياغاچ ئۆي سالدۇرۇپ، ئوقۇغۇچى سانىنى 60 قا كۆپەيتكەن.

1933-يىلى «12-ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى بىلەن قۇرۇلغان دېموكراتىك ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» ئارقىلىق پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1935-يىلى قۇرۇلغان كۈنەس تالدى «تۇران» مەكتىپى ئەنە شۇ تەرەققىياتنىڭ گەۋدىلىك مىسالى. بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىدىمۇ ساتىبالدى، مەخسۇتلار يېتەكچىلىك رول ئوينىغان. ئۇلار «تۇران» مەكتىپىگە تېكەستىن ئەخمەتبېك (تاتار) دېگەن بىلىملىك كىشىنى يۆتكەپ كېلىپ مۇدىرلىققا قويغان. ئۈرۈمچىدىن جاك جاۋلىن ۋە ئادىل سەكسەن دېگەن زىيالىيلارنى ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ كەلگەن. جاك جاۋلىن مۇدىر، ئادىل ئوقۇتۇش بۆلۈم باشلىقى بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن سىدىق بەلبەۋتى قاتارلىق قابىل ئوقۇتقۇچىلىرى بولغان. شۇڭا بۇ مەكتەپ ھەر جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن تېزلا كۆزگە كۆرۈنگەن.

1933-يىلى نوغايبېكنىڭ ئىنىسى قاناتبېك زەڭگە ئۆز بالىلىرى ۋە ئىنىلىرىنى ئوقۇتۇشتىن باشلاپ، كېيىن 1-، 2-، 3-، 4- سىنىپلىرى بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتتى.

1933 ـ يىلى قاناتبەك ئاقىلاقچى غۇلجىدىن ئۆمەر ئاخۇن، سېيىت ئاخۇن دېگەن ئۇستىلارنى ئېلىپ كېلىپ 1935 ـ يىلىغىچە ئوتتۇرىسى كارىدورلۇق 14 سىنىپلىق مەكتەپ سالدۇردى. ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ غۇلجىدىن يۆتكەپ كەلدى، ئوقۇغۇچى سانى 380 گە يەتتى.

1933 ـ يىلى ئارالتۆپە ئۆچكەپتەر دېگەن يەردە قانابايى دېگەن كىشى ئىككى سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ ئاچتى. 1937 ـ يىلىغا كەلگەندە كېسەكتاملىق بەش سىنىپلىق مەكتەپ سالدۇرۇپ، 120 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى ئاساسلىقى خەلقتىن يىغىپ بېرەتتى.

1935 ـ يىلى ئارالتۆپىدە رۇسلار رۇس مەكتىپى ئاچتى، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارمۇ 1939 ـ يىلى ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ ئاچتى. كېيىن سىنىپ سانى كۆپەيتىلىپ، ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئوقۇغۇچىلار 120 دىن ئاشقانىدى. بۇ مەكتەپكە بۇ چاغدا سالاخى سەئىدى مۇدىر بولغان. رەھىم تومپاق، يۇسۇپجان، خەلىچە بانۇم، سۆيۈمبىكە قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار دەرس بەرگەن. كۆنەستە يەنە ئۈچبۇلاق مىس مەكتىپى، چاقمىدا سادى مەكتىپى، قارا بۇغرادا چۆيۈنباي مەكتىپى، قىزىلتالدا ئىسمىبېك مەكتىپى، ئاقبۇرخان مەكتىپى، ئاقبۇلاق ساغا قاسىمبېك مەكتەپلىرىمۇ كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلغانىدى. 1940 ـ يىلى كۈنەس ناھىيە بولۇپ تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ (سىنىپ)لارمۇ تەسىس قىلىنغان.

غۇلجا ۋە ئىلقا ناھىيىلىرىنىڭ پەننىي مەكتەپلىرىمۇ خېلى بالدۇرراق مەيدانغا كەلگەن ۋە تېز تەرەققىي قىلغان.

بۇ مەزگىللەردە مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش، رېمونت قىلىش، ياتاق خىراجەتلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشلىرىنى ھۆكۈمەت تەمىنلىمەيتتى. بەلكى ھەر مىللەت بايلىرى، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ۋە ئاتا ـ ئانىلار كومىتېتلىرى ياردەم قىلىپ ھەل قىلىناتتى. خەلقتىن يىغىلغان ئۆشرە ـ زاكات كىرىمىنىڭ 70 پىرسەنتى مەدەنىيەت، مائارىپ خىراجىتى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ئۈچۈن سەرپ قىلىناتتى. 30 پىرسەنتى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇپ ئىشلىتىشىگە يوللاپ بېرىلەتتى.

1936 ـ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت: «سىنىپ سانى ئالتىدىن، ئوقۇتقۇچى سانى 10 دىن ئاشقان مەكتەپلەرنى مائارىپ ئىدارىسى ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ، خىراجىتىگە ھۆكۈمەت مەسئۇل بولۇش» نى قارار قىلدى. ئەينى يىللاردا بۇ شەرتكە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

توشىدىغان مەكتەپلەردىن غۇلجا شەھىرىدە 13ى بار ئىدى. تۆۋەندە بۇ مەكتەپلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىمىز:

**1. ئىلى مەكتەپ.** بۇ مەكتەپ ئىلگىرى «بەيتۇللا مەكتەپ»، «مەدرىس مەكتەپ» دېگەنناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. شەھەر ئىچىدىكى مۇختەر خەلپىتىم ئاچقان مەكتەپ ۋە تاختىيون مەھەللىسىدىكى سەيدۇللا مەخسۇمنىڭ ئۈچ سىنىپلىق مەكتىپى 1933-يىلى بۇ مەكتەپكە قوشۇلغان. 1937-يىلى توغرا كۆۋرۈكتىكى «دەرنەك مەكتىپى» بۇ مەكتەپنىڭ شۆبىسى بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقىلار جەمئىي 20 سىنىپ، 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بولغان «ئىلى مەكتىپى» بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ مەكتەپتە ئوغۇل-قىزلار ئارىلاش ئوقۇيتتى. بىرىنچى سىنىپتىن يەتتىنچى سىنىپقىچە بولغان رۇشتىيە (يەتتە يىللىق) مەكتەپ ئىدى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا يەنە قازاق، تاتار بالىلىرىمۇ ئوقۇيتتى. 1944-يىلى مەدرىس جامەسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ياتاق ۋە سىنىپلار بولۇپ 40-50 ئېغىز ئۆي بولغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق، تاماق، مۇنچا خىراجەتلىرىنى دەسلەپتە ئىلى ئەتراپىدىكى 84 شاڭيۇ، كېيىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كۆتۈرگەن. بۇ مەكتەپتە 1936-يىلىدىن باشلاپ «ئىزچىلار تەشكىلى» قۇرۇلۇپ، مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدا تەرتىپ ساقلاشقا ھەمكارلاشقان.

**2. ئۈچدەرۋازا مەكتەپ.** بۇ مەكتەپ 1933-يىلى رەسمىي ئالتە سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلۇپ، «ئۈچدەرۋازا مەكتەپ» دەپ ئاتالغان. 1936-يىلى دېموكراتىك ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ئىلى ۋەكىلى ھۇسەيىنبەگنىڭ نامىغا «ھۇسەيىنىيە مەكتەپ» دەم نام بېرىلگەن. كېيىن مەرۇپ سەئىدىنىڭ «بۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلاردىن زور ئۈمىد كۈتىمىز، مەكتەپنىڭ نامى ئۈمىد مەكتەپ بولسۇن» دېگەن تەشەببۇسى بىلەن «ئۈمىد مەكتەپ» دېگەن نام بېرىلگەن.

**3. خەنزۇ مەكتەپ.** 1933-يىلىغا كەلگەندە شەنگەن يامۇلى ئىچىدىكى خەنزۇچە ئوقۇتىدىغان مەكتەپ ھازىرقى ئوبلاستلىق سودا ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئورنىغا كۆچۈپ چىققان، ئىلگىرىكى 3-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ غەربىدىكى بۇتخانا بۇزۇلۇپ، ئورنىغا مەكتەپ سېلىنغاندىن كېيىن، خەنزۇ مەكتەپ بۇ ئورۇنغا يۆتكەلدى. 1937-يىلى بۇ مەكتەپ 1-چۆلى مەكتەپ دەپ ئاتالدى. كېيىنكى 4-ماگازىنىنىڭ ئارقىسىدىكى سۇ بويىدا يەنە بىر خەنزۇ مەكتەپ بولۇپ، ئۇ «يويۈك مەكتەپ» دەپ ئاتىلاتتى. كېيىن بۇ مەكتەپ لەڭزە بېشىغا كۆچۈپ چىقتى. بۇ خەنزۇ

مەكتەپلەردىمۇ «ئىزچىلار تەشكىلى» قۇرۇلغانىدى.

**4. ناغرىچى مەكتەپ.** بۇ ئەسلىدىكى ئەسقەر قارىمىنىڭ قورۇسىدىن خانىقا ئېچىگە كۆچۈپ چىققان مەكتەپ ئىدى. خانىقا قورۇسىدا مۇراتبېك ئىسىملىك بىر قازاق كىشى بولۇپ، بۇ كىشى ۋاپات بولغاندا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى مۇراتبېكنىڭ يىل نەزىرىنى ئۆتكۈزۈشكە 11 ئات، 11 كالا، 11 قوي ۋە باشقا راسخوتلىرى ئۈچۈن بىر مۇنچە مال ئېلىپ كېلىدۇ. نەزىرگە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا شۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق مۆتىۋەرلەردىن بولغان نەسىردىن داموللام مۇراتبېكنىڭ ئوغۇللىرى ھاجىبېك ۋە مۇقەممېكلەرگە: «نەزىرگە ئېلىپ كەلگەن ماللىرىڭلار كۆپ ئىكەن. بىر قىسمىنى نەزىرگە ئىشلىتىپ، قالغىنىنى مەكتەپ سېلىشقا ئىشلەتسەڭلار، بۇنىڭ بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ساۋابى ئۇلۇغ بولاتتى» دەپ مەسلىھەت كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاغا-ئىنىلەر بۇ مەسلىھەتنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، مالنىڭ بىر قىسمىنى مەكتەپ سېلىشقا بېرىدۇ. بۇ پۇل بىلەن مەكتەپ بىناسى ياسىلىپ، باللار يېڭى بىناغا كىرىپ دەرس باشلىغاندا نەسىردىن داموللام كېلىپ «بۇ مەكتەپ مۇراتبېكنىڭ نەزىر راسخوتى بىلەن ياسالدى. مەكتەپنىڭ نامى <مۇرات مەكتەپ> دەپ ئاتالسا» دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپ «مۇرات مەكتەپ» دەپ نام ئالغانىدى.

**5. تائالىيە مەكتەپ.** 1933-يىلى بۇ ئالتە سىنىپلىق مەكتەپ ئىدى. 1935-يىلى ئاغۇ مەھەللىسىدىكى كەنجاخۇن ئەپەندىمنىڭ ئىككى سىنىپلىق مەكتىپى بىلەن كۆنچى مەھەللىسىدىكى ھاكىم ئەپەندىنىڭ ئىككى سىنىپلىق مەكتىپى بۇ مەكتەپكە قوشۇلدى. 1937-يىلىغا كەلگەندە قازانچى مەھەللىسىدىكى «ئايخان ئانا مەكتىپى» بىلەن تاشكۆۋرۈكتىكى زاكىر قارىمنىڭ ئۈچ سىنىپلىق مەكتىپى شۆبە مەكتەپ بولۇپ قوشۇلۇپ سىنىپى 18 گە، ئوقۇتقۇچىسى 32 گە يېتىپ، يەتتە يىللىق (رۇشتىيە) مەكتەپ بولۇپ شەكىللەندى.

بۇ يەردە مەرىپەتپەرۋەر ئايخان ئانا توغرىسىدا بىر ئاز توختىلىپ ئۆتسەك ئوشۇقلۇق قىلماس. «ئاپرېل» ئۆزگىرىشى دىن كېيىن بىلىم ئېلىشقا تەشنا باللارنىڭ سانى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. ئىگە - چاقىسىز يېتىم - يېسىرلارنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، غۇلجا شەھىرىنىڭ ھازىرقى ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ئورنىدا ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ ئېچىلدى، بۇ مەكتەپنىڭ بارلىق تەمىناتى خەيرى-ئېھسانغا تايىنىپ ھەل قىلىناتتى، شۇڭا «خەيرىيە» مەكتەپ دەپ ئاتالغانىدى، قازانچىلىق ئايخان ئانا «خەيرىيە» مەكتەپدىكى باللارنىڭ ئوقۇش شارائىتىنىڭ

ناچار، سىنىپلار تارچىلىق قىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ قازانچىدىكى ئاستى-ئۈستى تاختايلىق 16 ئېغىز ئۆيىنى يېتەرلىك مەيدانى بىلەن «خەيرىيە مەكتەپ» كە ئۆتۈنۈپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپنىڭ نامى «ئايخان ئانا مەكتىپى» دەپ ئاتالغانىدى. ئەينى يىللاردا بۇ ئايالنىڭ مۇنداق مەرىپەتپەرۋەرلىك روھى جەمئىيەتتە چوڭ تەسىر قوزغىغانىدى. ئىلى ۋىلايەتلىك مادەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇھەممەت يۈسۈپ ھاجىم، شۇ چاغدىكى نوپۇزلۇق كىشىلەردىن ھۈسەيىنبەگ، نامان ئاخۇن، مەرۇپ سەئىدى، داموللا رازىيوپ، نەجىپ ئەۋزى، ئابدۇراخمان ئەۋزى قاتارلىق كىشىلەر «خەيرىيە» مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ، ئايخان ئانىنىڭ قورۇسىغا باردى. شۇ چاغدا بالىلار قوللىرىدا بايراق تۇتۇپ، ئايخان ئانىنى مەدھىيىلەپ ناخشىلار ئېيتقان. بۇ داغدۇغىلىق مەنزىرىنى كۆرگەن ئايخان ئانا كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ: «كايىپسىلەر، بۇ ئۆز پەرزەنتلىرىمنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ!» دېگەن. (1937-يىلى «خەيرىيە مەكتىپى» نىڭ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرى «ئايخان ئانا مەكتىپى» گە كۆچۈپ باردى. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار سۆسەر ھاجىم (خۇيزۇ) قورۇسىدىكى مەكتەپكە قوشۇلۇپ يەنىلا «خەيرىيە» مەكتىپى بولدى. يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار كېيىنكى «بوستان مېھمانخانىسى» ئورنىدا «دارىلئېيتام مەكتىپى» نى تەشكىل قىلدى.) بۇ ئىشتىن ئىلھام ئالغان ئاتا-ئانىلار تاشلەپكە بازىرىدا بىر خەيرى-ئېھسان دۇكىنى ئاچتى. بۇ دۇكانغا تۇردى ئاخۇن دېگەن كىشى مەسئۇل بولۇپ، دۇكان تىجارىتىنىڭ پايدىسى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ۋە مەكتەپنىڭ باشقا راسخوتلىرى ھەل قىلىندى.

**6. دۆڭمەھەللە مەكتەپ.** ھاشىر رازاق باشقۇرۇپ كەلگەن بۇ مەكتەپ 1933-يىلىغا كەلگەندە كېڭىيىپ ئالتە سىنىپلىق، ئون ئوقۇتقۇچىسى بار، 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغان مەكتەپكە ئايلانغان. ھاشىم گۆھەر باقى مۇدىر بولغان مەزگىلدە سىنىپ سانى 13 كە يېتىپ، يەتتە يىللىق رۇشتىيە مەكتەپ بولدى. سىراجىدىن ۋە ئىبراھىم ئەلىلەر مۇدىر بولغان مەزگىلدە» روشەن مەكتەپ « دەم نام بېرىلدى.

**7. ھەرەمباغ مەكتەپ.** بۇ مەكتەپنى دامولла رازىيوپ داۋاملىق باشقۇرۇپ كەلگەن. 1937-يىلىغا كەلگەندە ئالتە سىنىپلىق، ئون نەپەر ئوقۇتقۇچىغا ئىگە ئاساسلىق مەكتەپلەر قاتارىغا ئۆتكەن. ئىمىن تارىخ قاتارلىق كىشىلەر بۇ مەكتەپنىڭ غوللۇق ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى.

**8. خەيرىيە مەكتەپ.** 1937-يىلى يېتىم-يېسىر باللار ئۈچۈن سۆسەر ھاجىم قورۇسىدا بىر مەكتەپ تەشكىل قىلغانىدى. بۇ مەكتەپكە يېزا - قىشلاقلاردىنمۇ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىناتتى. مەكتەپنىڭ ياتاق، تاماق راسخوتلىرىنىڭ ھەممىسى خەيرى-ئېھسانغا تايىنىپ ھەل قىلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ مەكتەپ «خەيرىيە مەكتىپى» دەپ ئاتىلاتتى. دەسلەپتە توققۇز سىنىپ، 300 چە ئوقۇغۇچىسى بار، يەتتە يىللىق مەكتەپ ئىدى. مەكتەپ مۇدىرى زۆھرە ئاپپاي، ئىلمىي مۇدىرى شاكۇرە ئاپپاي بولۇپ، رامزىيە، گۈلچېھرە يىلىقبايۇۋا (تاتار)، زۇنۇن قادىرى، مۇتەللىپ، ئالمجان، غوپۇرجان قاتارلىق كىشىلەر دەرس ئۆتكەنىدى. سۆسەر ھاجى بۇ مەكتەپكە ئۆز قورۇ-جايىنى تەقدىم قىلغاندىن سىرت، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشلىرىغىمۇ غەمخورلۇق قىلىپ ياردەم بېرەتتى. مەھەممەت ئىمىن خەلپەت، ئابدۇللا مەخسۇم قاتارلىق كىشىلەر، مەكتەپنىڭ ئاتا-ئانىلار كومىتېتىغا قاتناشقان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئەخماتجان قاسىمى بۇ مەكتەپكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى مەكتەپكە كېلىپ، يېتىم باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى.

**9. تاتار مەكتەپ.** بۇ مەكتەپ 1927-يىلى تاتارلار پۇل چىقىرىپ سالدۇرغان ۋە مەكتەپ ئىچىگە كۆلۈبمۇ سالغانىدى. 1881-يىلى بازار ئىچىدىكى «نوغاي مەسچىتى» يېنىغا سالغان «مەكتەبى نۇر» مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلىرى بۇ مەكتەپكە كېلىپ قوشۇلغاندىن كېيىن، تاتار مەكتىپى چوڭ مەكتەپكە ئايلانغان. تاتار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەنتەربىيە ئىشلىرى ياخشى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئەينى يىللاردا ئۈلگىلىك مەكتەپلەرنىڭ بىرى ئىدى. (ھازىر بۇ مەكتەپ ئورنىدا غۇلجا شەھەرلىك 6-باشلانغۇچ مەكتەپ بار)

**10. ئۆزبېك مەكتەپ.** بۇ مەكتەپمۇ تارىخى ئۇزۇن مەكتەپلەرنىڭ بىرى، 1930-يىلىغىچە تۆت سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپ بولغان بولسا، 1930-يىلىدىن كېيىن يەتتە يىللىق مەكتەپكە ئايلانغان. 1932-يىلى ئەسلىدىكى تۆت سىنىپقا يەنە تۆت سىنىپ قوشۇپ سېلىنغان، 300 گە يېقىن ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. 1935-يىلى قازى مەخسۇمنىڭ، دالا ئىلخانىنىڭ تۆت ئېغىزلىق ئۆيىمۇ مەكتەپكە بېرىلىپ، سىنىپ سانى 11 گە يەتكەن. ئۆزبېك جامائەتچىلىكى بۇ مەكتەپنىڭ نەمۇنىلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، «نەمۇنە مەكتەپ » دەپ نام بەرگەن. بۇنىڭدا ئۆزبېك ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا ئۇيغۇر، تاتار، خۇيزۇ، قازاق، مانجۇ باللىرىمۇ ئوقۇغان. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەكتەپنىڭ دەرسلىكلىرى تاشكەنتتىن بىۋاسىتە زاكاز قىلىپ ئالدۇرۇلاتتى. ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا خەمىت ۋەكىلى، خەمىت سەئىدى قاتارلىق مائارىپچىلار ئاكتىپ رول ئوينىغان. نەسرۇللا قارى (پەرھەتى) مەكتەپ ئىچىدە سانائىينەفىسە تەشكىل قىلىپ، سەنئەت ئىشلىرىغا جان كىرگۈزگەن، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ فورما كىيىمىنى كىيەتتى. كېيىنى يىللاردا بۇ مەكتەپنىڭ ئىلى مائارىپىدا تۇتقان ئورنى خېلى چوڭ بولغان.

**11. ئايدۆك مەكتەپ.** بۇ مەكتەپتە 1933-يىلىدىن ئىلگىرى ئىككى سىنىپلىق ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. 1933-يىلىدىن كېيىن سىنىپ سانى بەشكە كۆپەيدى. مويكا مەھەللىسىدە يەنە ئىككى سىنىپلىق شۆبە مەكتەپ قۇرۇلدى. 1937-يىلىغا كەلگەندە سىنىپلار توققۇزغا، ئوقۇغۇچىسى 300 گە يېتىپ، ئاساسلىق مەكتەپلەر قاتارىغا ئۆتكەن.

**12. قارادۆك مەكتەپ.** بۇ مەكتەپ 1933 - يىلى كونا دىنىي مەكتەپتىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئالتە سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلغان. ئازاد يېزىدا ئىككى سىنىپلىق شۆبە مەكتىپى بار ئىدى. 1936-يىلى «ياردەم شىركىتى» يېڭى مەكتەپ بىناسى سېلىپ، بۇ ئىككى مەكتەپنى بىر جايغا يىغىپ «ياردەم» مەكتەپ دەپ نام بەرگەن. ئۇنىڭ دۆلەتباغ مەھەللىسىدىكى تۆت سىنىپلىق شۆبىسىنى قوشقاندا، 1937-يىلى جەمئىي 20 سىنىپ، 700 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. كېيىنى يىللاردا بۇ مەكتەپتە شەھەردىن كىرگەن ئوقۇغۇچىلار يېتىپ قوپۇپ ئوقۇيدىغان ياتاقلار بار ئىدى. ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلىرى 40 قا يېتەتتى.

**13. خۇيزۇ مەكتەپ.** 1933-يىلىغىچە خۇيزۇ چوڭ مەسچىتى يېنىدا 40-50 چە تالىپ ئوقۇيدىغان بىر دىنىي مەكتەپ بولۇپ، خەنزۇچە، تىل-ئەدەبىيات دەرسلىرى ئازراق قوشۇلۇپ ئوقۇتۇلاتتى. 1934-يىلى لوجاڭگا بۇ مەكتەپنىڭ يېنىدا ئىككى سىنىپلىق يەننىي مەكتەپ تەشكىل قىلىپ دەرس ئۆتتى. شۇ يىلى يەنە چېلەك مەھەللىسى مەسچىتى يېنىدا ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا يەننىي دەرس ئۆتۈلدى. نۇراخۇن ئاقساقال مەسچىتى ئىچىدە بەش سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىلدى. بۇ ئۈچ مەكتەپنى خۇيزۇ ئۇيۇشمىسى باشقۇراتتى. 1937-يىلى بۇ مەكتەپلەر بىرلەشتۈرۈلۈپ «9-چۆلى مەكتەپ» دەپ ئاتالدى. مەكتەپكە لوجاڭگا مۇدىر بولدى. خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈلدى. بۇ مەكتەپتە يەننىي دەرسنى ئازراق ئارىلاشتۇرۇپ ئوقۇيدىغان دىنىي دەرس سىنىپلىرىمۇ بار ئىدى.

يۇقىرىقىلار ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن مەكتەپلەر ئەھۋالى. شەرق مەھەللىدىكى «شەرق مەكتەپ» ئوخشاش سىنىپ سانى بەشتىن ئاشمايدىغان مەكتەپلەر يەنىلا ئۇيۇشمىلارنىڭ باشقۇرۇشىدا قالىۋەردى. ناھىيىلەردىكى ئالتە سىنىپلىق مەكتەپلەردىنمۇ بىردىن ئۇچكىچە مەركىزىي مەكتەپلەرلا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

مەسىلەن، كۈنەستىكى تالدى «تۇران مەكتىپى»، ئارالتۆپە قازاق مەكتىپى، بەشتۆپە مەكتىپى، نىلقىدىكى موڭغۇل مەكتەپ، بازار ئىچىدىكى قازاق مەكتەپ قاتارلىقلار، چاپچال ناھىيىسىنىڭ جاغىستاي يېزىسىغا ئوخشاش مائارىپى تەرەققىي قىلغان يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ مەكتەپلىرى خەلق باشقۇرۇشىدا قالىۋەرگەن.

1938 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر قايسى ناھىيىلەردە چوڭلارنىڭ ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 1941 ـ يىلىغىچە كەڭ راۋاجلانغانىدى. جاغىستايدا ئوسمان يۇنۇس، ئابدۇرېھىم ئەيسا قاتارلىق زىيالىيلار 1933 ـ يىلىدىن باشلاپلا كۈندۈزى مەكتەپتە دەرس ئۆتسە، كەچ كۇرستا چوڭلارغا دەرس ئۆتۈپ، نۇرغۇن كىشىنى ساۋاتلىق قىلغانىدى.

1941 ـ يىلى شېڭ شىسەي سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى. نەتىجىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەر يىلى ئېلىپ تۇرىدىغان دەرسلىكلەر توختىدى. ئوقۇتقۇچىلار قولىدا بار دەرسلىكلەرگىلا تايىنىدىغان بولۇپ قالدى. ۋۇجىڭشىن دەۋرىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولدى.

1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى قايتا راۋاجلاندى، بارلىق باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ۋە مەكتەپنىڭ باشقا راسخوتلىرى ھۆكۈمەتتىن بېرىلىدىغان بولدى. بۇ مەزگىلدە مەكتەپلەرنىڭ تەلىم ـ تەربىيە پىلانى، ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسىگە ئوخشاش بولدى. مەكتەپ سانى ۋە ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلار سانىمۇ تېز كۆپەيدى. (ئىلى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ تارىخى ئايرىم يېزىلغانلىقتىن بۇ ماتېرىيالغا كىرگۈزۈلمىدى.) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئەسلىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ سانى 295 كە، سىنىپ سانى 980 گە، ئوقۇتقۇچى سانى 1051 گە، ئوقۇغۇچى سانى 28 مىڭ 343 كە يەتكەنىدى. 1949 ـ يىلى كۈزگە كەلگەندە، مەكتەپ سانى 342 گە، سىنىپ سانى 1321 گە، ئوقۇتقۇچى سانى 1413 كە، ئوقۇغۇچىلار سانى

39 مىڭ 269 غا يەتتى.

1950 ـ يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ باشقارمىسى ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيەلەرنىڭ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى پەننىي مەكتەپلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ جەدۋەللەشتۈرگەن. بۇ چاغدا ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 1134 سىنىپ، 30 مىڭ 734 ئوقۇغۇچى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 180 سىنىپ، 4938 ئوقۇغۇچى، غۇلجا شەھىرىدىكى «ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى»، تېببىي مەكتەپ، ھۈنەر مەكتەپ ۋە رۇس مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەردە 2096 ئوقۇتقۇچى بولۇپ، جەمئىي 46 مىڭ 768 كىشىلىك ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى بولغانىدى.

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە، شەھەرلەردىكى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 1950 ـ يىلىدىكى تەپسىلىي سانىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرەيلى:

| ناھىيە شەھەرلەر | باشلانغۇچ مەكتەپ | | | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | سىنىپ سانى | ئوقۇغۇچى | | سىنىپ سانى | ئوقۇغۇچى | |
| | | ئوغۇل | قىز | | ئوغۇل | قىز |
| غۇلجا شەھەر | 219 | 4548 | 3410 | 61 | 1191 | 689 |
| غۇلجا ناھىيە | 219 | 4624 | 2623 | 21 | 351 | 77 |
| سۇيدۇڭ | 85 | 1865 | 967 | 14 | 327 | 48 |
| چىلپەڭزە( كونا قورغاس) | 83 | 2083 | 830 | 10 | 256 | 18 |
| كۈنەس | 83 | 2232 | 566 | 10 | 278 | 15 |
| نىلقا | 76 | 2345 | 739 | 15 | 331 | 14 |
| توققۇزتارا | 68 | 1649 | 695 | 5 | 108 | 10 |
| مۇڭغۇلكۈرە | 59 | 1811 | 475 | 9 | 201 | 16 |
| تېكەس(قىزىلكۈرە) | 92 | 2459 | 820 | 10 | 278 | 25 |
| چاپچال(سۇمۇل) | 86 | 1963 | 1109 | 11 | 268 | 42 |
| بورتالا | 26 | 507 | 243 | 9 | 253 | – |
| جىڭ | 21 | 437 | 47 | 3 | 25 | 15 |
| ئارشاڭ | 17 | 432 | 111 | 5 | 46 | – |
| جەمئىي | 1134 | 26990 | 12744 | 180 | 3939 | 999 |

1950 ـ يىلىدىن كېيىن پارتىيىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ خىزمەتلىرى توغرىسىدىكى بىر قاتار سىياسەتلىرى يولغا قويۇلۇپ، ئىلى مائارىپى تېخىمۇ كەڭ تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ۋە دەرسلىك پروگراممىلار پەيدىنپەي يېڭىلاندى. زامانىۋى مائارىپ سېپى تارىختىكى ھەرقانداق

ۋاقىتتىكىدىن راۋاجلاندى.

* * *

بىز بۇ ماقالىنى رەتلەپ يېزىشتا ھەر خىل يازما مەنبەلەردىن ۋە مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆز ئۆمرىنى بېغىشلىغان پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئەسلىمىلىرىدىن پايدىلاندۇق. بىزگە ياردەم قىلغان يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمىز. ئىلى يېقىنقى زامان مائارىپ تارىخىنى بىر پارچە ماقالە بىلەنلا يورۇتۇپ بېرىش قىيىن، بىز بۇ ماقالىنى ئىلى مائارىپ تارىخىنى تەتقىق قىلىۋاتقان ۋە يېزىۋاتقان يولداشلارغا پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ قالار، دېگەن ئۈمىدتە ئېلان قىلدۇق. ۋاقىت، ئورۇن، ئادەم ئىسىملىرى جەھەتتە ئىلگىرى-كېيىنلىك ۋە تولۇق بولمىغان ئەھۋاللار بولۇشى، بەزى پاكىتلىرىمىز بىر تەرەپلىمە، تەھلىل-خۇلاسىلىرىمىزدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان جايلىرى بولۇشى مۇمكىن، يولداشلارنىڭ تۈزىتىپ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

(ئەسكەرتىش: بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلاشتا 1985-يىلى يېزىلغان نۇسخىسىغا بەزى تولۇقلاشلار كىرگۈزۈلدى.)

1990-يىلى 7-ئاي

---

ئىزاھات:

① خەلپەت- دىنىي مەكتەپتە دەرس ئۆتكۈچى مۇئەللىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئاشۇ يىللاردا

(ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ئەسلىمە)

ئىرشىدىن تاتلىق

ھەر بىر مىللەت ۋە ھەربىر خەلقنىڭ مەڭگۈ ئەزىزلەپ ياخشى كۆرۈپ ئەسلەيدىغان، قەدىرلەيدىغان سۆيۈملۈك كىشىلىرى بولىدۇ.

مانا مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى، بىزنىڭ قەدىردان رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىدۇر.

ئۇنىڭ زېرەكلىكى، بىلىم ۋە قابىلىيىتى، ھەربىي ئىستىدادىنى، ناتىقلىق ماھارىتىنى دوستلىرىلا ئەمەس، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ ئېتىراپ قىلغاندى.

1945-يىلىنىڭ ئاخىرقى ئايلىرى ئىدى. مەن غۇلجا شەھىرىدىكى جەللاپ ھاجىمنىڭ قورۇسىغا جايلاشقان ھەربىي دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقىشىم كېرەك ئىدى. شۇ كۈنلەردە غۇلجا شەھىرىدە بىرمۇ تونۇشۇم يوق ئىدى.

بۇ دوختۇرخانىغا كېزىك بىلەن ئاغرىپ كىرگەن ئىكەنمەن. لېكىن بۇ يەرگە مېنى كىم جايلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتىم.

بىر كۈنى بۇ يەرگە پودپولكوۋنىك قاسىمجان قەمبىرى كىرىپ كەلدى. ئۇ كىشى بىزنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن خادىك ئېلىپ كەلگەنىكەن. مەرھۇم مەن بىلەن بىللە ئاقسۇدىكى يەرلىك «پىدائىي» قىسمىدا كوماندىر ئىززۆوت يارىدەمچىسى بولۇپ چىققان روزى تۆمۈر دىگەن ئوقۇتقۇچىنى شىپاخانىدىن ئېلىپ چىقتى. بىزنى توغرىكۆۋرۈكتىن ماموت ھاجىمنىڭ مېھمانخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ، 2-قەۋەتتىكى دېرىزىسى ھويلىغا قاراپ تۇرىدىغان بىر ھۇجرىغا جايلاشتۇردى.

بۇ يەردىكى بىز بىلەن بىللە ئاقسۇ كونا شەھەر ۋە باي ناھىيىلىرىدىن 1945-يىلى بىرىنچى ئۆكتەبىردە بۇيرۇق بويىچە غۇلجىغا چېكىنىپ چىققان بىرقىسىم كىشىلەر بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پېشقەدەم شائىر، مىللىي ئازادلىق كۆرشىنىڭ كونا جەڭچىسى، تارىخچى، جامائەت ئەربابى، مىللىي ئارمىيە كاپىتانى

نىمشېھىت ئارمىيە ئىلى سايرامىمۇ بار ئىكەن. بۇ كىشىنىڭ ئاقسۇدىكى ۋاقتىدا دادام تاتلىق ئاخۇن، تاغام مەمەتنۇر موللا مۇسا ئوغلى بىلەن باردى-كەلدىسى بار ئىدى. بىز كۆرۈشۈپ ئامانلاشتۇق. ئۇ كىشىمۇ بويتاق بولۇپ، شۇ يەردە ئىكەن.

بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۈچ ۋاقلىق تامىقىنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئاشخانىسىدىن مەخسۇس بىر ئاشپەز يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرىدىكەن.

بىز بۇ يەرگە كېلىپ 2-كۈنىدىن كېيىن كاپىتان شائىر ئارمىيە ئىلى جىڭ، شىخو، چۆچەك قاتارلىق ئۇرۇش چوڭراق ۋە ئېغىرراق بولغان جايلاردىكى كۈرەش قەھرىمانلىرىنى، جەڭچىلەرنىڭ تارىخى خاتىرىسىنى، ئامىمىنىڭ جەڭچىلەرگە ماسلىشىپ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى يېزىش ئۈچۈن تەشكىل قىلىنغان بىر گۇرۇپپا كىشىلەر بىلەن يۇرۇپ كەتتى. شائىر ئارمىيە ئىلىنى شۇ يەردىكىلەر ياخشى تىلەكلەر بىلەن ئۇزىتىپ قويدۇق. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، بىر كۈنى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىنلا قاسىمجان قەمبىرى يېتىپ كەلدى.

- قېنى، تەييارلىنىپ مەن بىلەن بىللە مېڭىڭلار!-دەپ ئىككىمىزنى ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمەت بىناسىغا باشلاپ باردى. بۇ يەر بۇرۇن گومىنداڭ ئىلى ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانلىق شتابى ئىكەن.

قاسىمجان قەمبىرى شۇ چاغدا ئىلى ئازاد رايون ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ كادىرلار ئىشخانىسىغا مەسئۇل ئىكەن. بىزنى ئۇدۇللا ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. بۇ يەردە يەرلىك ئىلى ئۇيغۇرلىرىدىن ياشقىنە بىر يىگىت، ئاقسۇ كونا شەھەرلىك ئابدۇۋاھىت روزى دېگەن چارۋا مال تېخنىكىمۇ① ئىشلەيدىكەن.

ئۇلار بىز بىلەن سالاملىشىپ تونۇشقاندىن كېيىن، بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئالدىمىزغا چاي قويدى. كېيىن ئىككىمىزگە كادىرلار ئانكىتى بەردى. روزى تۆمۈر ئىككىمىز قارىمۇ-قارشى ئولتۇرۇپ ئانكىتنى تولدۇرۇپ بەردۇق.

قاسىمجان قەمبىرى ئانكىتنى قولىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ھايال قىلمايلا مەرھۇم ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن قول تۇتۇشۇپ خۇشال كىرىپ كېلىشتى ۋە بىزگە قاراپ:

- يۇرۇڭلار، يىگىتلەر ...، - دەپ بىزنى ئەگەشتۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى. بىز كادىرلار بۆلۈمىدىن چىقىپ، خۇددى شۇ بىناغا ئوخشايدىغان ئايرىم بىر كورپۇس بىناغا كىردۇق. بۇ ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پەلەمپەي بىلەن چىقىپ سىرتقى ئىشىكتىن كىرىش بىلەن كۆزىمىز سىرتقا قاراپ ئىچقىلىق تۇرغان يەنە بىر ئىشىككە چۈشتى. ئارىدا سولغا كەتكەن كىچىككىنە بىر كارىدور بار ئىكەن. ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. تام مەشتىن چىققان ئوتنىڭ تەپتى كارىدورنىمۇ، ئۆينىمۇ ئىسسىتىۋەتكەنىدى. ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە يانداپ قويۇلغان ئىككى ئىش ئۈستىلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىككى ھەربىي كىشى جىددىي ئىشلەۋاتاتتى. بۇلارنىڭ بىرسى پودپولكوۋنىك، يەنە بىرسى كاپىتان ئىدى.

بىزنىڭ ئالدىمىزدا بۇ ئۆيگە كىرگەن ئابباسوف بىلەن قاسىمجان قەمبىرى بۇ ئىككى ھەربىي كىشى بىلەن ئۆزۈندىن بېرى كۆرۈشمىگەن كىشىلەردەك قول ئېلىشىپ سەمىمىي، دوستانە، خۇشخۇي چاقچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى.

كېيىن قاسىمجان قەمبىرى بىلەن ئابدۇكېرىم ئاباسوف پودپولكوۋنىك كىشىگە بىزنى كۆرسىتىپ:

- ئەپەندىم، بۇ ئىككى كىشىنى سىزنىڭ قوبۇل قىلىپ، خىزمەتكە تەقسىم قىلىشىڭىزغا ئېلىپ كىردۇق، -دېيىشتى.

بىز ئىككىمىز ئىشىكتىن كىرىپلا ئۇلاردىن 3-4 قەدەم بېرى تۇرغانىدۇق. ئەپەندىم بۇرۇلۇپ بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلدى. بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ:

- كېلىڭلار! -دەپ ئورۇندۇقتا تەكلىپ قىلدى. بىز سەل تارتىنىپ، ئەمما ھەربىي قائىدە بويىچە يېنىك ۋە پۇختا قەدەم بىلەن ئۈستەلنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆرسەتكەن ئورۇندۇققا ئولتۇردۇق. ئەپەندىم ئىككىمىزگە ئۈستەلنى كۆرسىتىپ:

- يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇڭلار... ! مانا بۇ قەغەزگە: «بىز ئاقسۇ پارتىزان قىسمىدىن» دەپ يېزىڭلار! - دېدى.

دېمەك، بۇ ئەپەندىم بىزنىڭ نەدىن ۋە قانداقلارچە بۇ يەرگە كەلگىنىمىزنى بىلىدىكەن، ئىككىمىزگە ئىككى پارچە ئاق، سىزىقسىز قەغەز، قېرىنداش، قەلەم بەردى. بىز يازدۇق، خېتىمىزنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ:

- خېتىڭلار ياخشى ئىكەن... -ماڭا بۇرۇلۇپ،- سىزنى شىخو ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە مەسئۇل كاتىپ قىلىپ ئەۋەتسەك بارامسىز؟ - دېدى. مەن سەل ئەيمىنىپ تۇرۇپ:

- ياق ئەپەندىم... ! مەسئۇل كاتىپلىقنى ئەپلەشتۈرەلمەيمەن. قولۇم قەلەمگە قارىغاندا مىلتىققا خېلى ئوبدانلا ئۆگىنىپ قاپتۇ! -دەپ جاۋاب بەردىم.

ئەپەندىم يېنىمدىكى روزى تۆمۈرگە قارىدى ۋە:

- سىزچۇ؟... ! سىزنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەۋەتسەك بارامسىز؟! - دەپ سورىدى. روزى تۆمۈر مۇلايىملىق بىلەن:

- باراي، ئەپەندىم! - دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى. ئەپەندىم ماڭا قاراپ:

- سىزنىڭ كىيىمىڭىزنى يەڭگۈشلەش كېرەك ئىكەن، - دەپ ئۈستەلگە بېرىپ خەت يېزىشقا كىرىشتى. خەتنى تۈگىتىپ ئاخىرىغا ئىمزا قويدى.

- بۇ خەتنى ئېلىپ ساي بويىدىكى كونا سەرەڭگە زاۋۇتى ئورنىغا جايلاشقان ھەربىي تەمىناتقا بېرىڭ. مېنىڭ ھېسابىمغا سىزگە بىر كىشىلىك ئىچكى-سىرتقى كىيىم-كېچەك، تەمىنات قەغىزى (ئاتىستات) بېرىدۇ. ئۇنى ئېلىپ ھازىر تۇرىۋاتقان ئورنىڭىزدا بىر ھەپتە دەم ئېلىڭ... ! كېلەر ھەپتە خۇددى بۈگۈنكى كۈندە، مۇشۇ سائەتتە كېلىپ، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش بۇيرۇقىنى ئېلىڭ! -دېدى.

ئاباسوف بىلەن قاسىمجان قەمبىرى روزى تۆمۈرنى باشلاپ، ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمەت ئومۇمىي ئىشلار بۆلۈمىگە خىزمەتكە تەيىنلەش قەغىزىنى يازدۇرۇپ بېرىشكە كېتىشتى.

ئەپەندىم سىرتقا چىقىشىمىزغا ئۈلگۈرۈپ يېتىپ كەلگەن خادىكقا قاراپ ماڭدى. شۇ چاغدا ھېلىقى بۆلۈمدىكى كاپىتان چىقىپ:

-ئەخمەت ئەپەندىم، چۈشتىن بۇرۇن قايتىپ كېلەمسىز؟ -دەپ سورىدى.

- ياق، كاپىتان! -دېدى، ئەپەندىم يېنىك تەلەپپۇزدا، -مەن كېسەل يوقلىغىلى بارىمەن، چۈشتە كېلەي...

كىشىلەر ئارىسىدا ئىسمى سەممىي ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ، قىسقا-قىسقا سۆھبەتلەردە بەكمۇ يېقىملىق تۇيغۇ بىلەن تەكرارلىنىدىغان ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ شۇ كىشى ئىكەنلىكىنى ئۇ چاغدا مەن نەدىن بىلەي ... !

* * *

شۇنداق قىلىپ غۇلجا شەھەرلىك گارنىزون كومېندانتىنىڭ كاتىپلىقىغا ئورۇنلاشتىم. ئۇ چاغدا بۇ ئورۇن غۇلجا شەھىرىنىڭ بويىنىكېسىك دېگەن يېرىگە چىقىدىغان كوچىدىكى مۇسابايوفلارنىڭ بانكا قىلغان كونا قورۇسىدا ئىدى.

شۇ كۈنلەردە ئەخمەت ئەپەندىم بىر نەۋرە ئىنىسى سادىق بىلەن خانىمى ماھىنۇر قاسىمنىڭ ئاكىسى رۇستەمنى ② تولۇق ھەربىي فورما بىلەن غۇلجا شەھەرلىك كومېندانتقا ئېلىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



- مەن يېقىندا گومىنداڭ ۋەكىلى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەتكە ئۈرۈمچىگە بارىمەن، سۆھبەت بىر تەرەپ بولغىچە بۇلار سىزلەرنىڭ قىسمىدا ھەربىي تەلىم ئالسۇن، خىزمەت قىلسۇن، پىشسۇن، چېنىقسۇن، تاۋلانسۇن! - دەپ تاپشۇرۇپ كەتتى.

ئۇلار شۇ كۈنىلا ئىزۋوتلارغا تەقسىم قىلىندى. كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم بىزگە: «بۇلارغا باشقىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىڭلار، ۋەزىپە تەقسىم قىلىشتا، ھەربىي مەشىقلەردە ئۇلارنىڭ كۆزىگە ياكى مېنىڭ يۈزۈمگە قارىماي، تەلەپچان، ئىنتىزامچان، قاتتىق قول بولۇڭلار! ھەربىي، سىياسىي ئۆگىنىشنى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇڭلار! پولاتتەك ئىنتىزامدىن ئالتۇندەك نەتىجە، غەلىبە بارلىققا كېلىدۇ... ! ئۇلار تېخى ياش، ئۆگەنسۇن، باشقىلار بىلەن تەڭ جاپا تارتىپ تەڭ دەم ئالسۇن، نۆۋەت كەلگەندە ئۆيگە چىقسۇن، بولمىسا گازارمىدا كۆپچىلىككە ئوخشاش دەم ئالسۇن!» دەپ خەت يازغىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

ئۇلار بىتىم ئىمزالانغىچە كومىندانتتا شۇ تەلەپ بويىچە ئىشلىدى، بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن يەنە ئەخمەت ئەپەندىم ئۆزى كېلىپ ئېلىپ كەتتى.

* * *

1946-يىلى ئىيۇن ئايلىرى ئىدى. ئاقسۇدىن چېققانلارنى ئاساس قىلغان ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن غۇلجىغا چىققىپ ھەربىي، ساقچى، مەمۇرىي خىزمەت ئۆتەۋاتقانلارنى ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قورۇسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تېرەكلىككە يىغدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى مەزگىلى ئىدى. ھاۋا ئوچۇق، بىزگە قىلىنغان ئۇقتۇرۇشتا: «گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن ئىلى تەرەپ خەلق ۋەكىللىرى تۈزگەن 11 ماددىلىق بىتىم توغرىسىدا مەخسۇس دوكلات بېرىلىدۇ...» دېيىلگەن، ئەمما دوكلاتچىنىڭ ئىسمى ئېيتىلمىغانىدى.

بۇ يەرگە يىغىلغانلار 70 تىن ئارتۇق كىشى ئىدۇق. دوكلاتچىنى كۈتۈپ تەقەززالىق بىلەن ئىنتىلىپ ئولتۇردۇق. بىردىنلا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. ئۆزى يالغۇز ئىدى. بېشىدا گۈللۈك ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك مانچىستىر دوخاۋا دوپپا، ئۇچىسىدا شىم-كاستيۇم، رەڭلىك گالىستۇك تاقىغان، ئايىغىدا يېنىك شىبلىت، مەيدىسىدە شۇ چاغلاردا تارقىتىلغان «ئازادلىق» ئوردېنى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

مەن مۇشۇ ئوردېنى توغرىسىدا بولغان مۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغانىدىم. شۇ سۆز بىردىنلار ئېسىمگە كېلىپ قالدى. كىمدۇ بىرى (هازىر ئېسىمدە يوق) ئەخمەت ئەپەندىمدىن:

- ئەپەندىم! سىزنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئوردىنلىرىڭىزمۇ بارغۇ، نېمىشقا ئۇلارنى تاقىماي، مۇشۇ ئوردېنىنىلا تاقايسىز؟ - دەپ سورىغان، ئەخمەت ئەپەندىم ئۇ كىشىگە:

- مېنىڭ ئۇچۇن خەلقىنىڭ ئازادلىقى كۇپايە... بۇ ئوردېنىنى دەل شۇ سەۋەبتىن ئەتىۋارلاپ تاقايمەن ...! -دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەپەندىم ئالدىمىزغا يېتىپ كەلدى... بىز گۇرۇلدە ئورنىمىزدىن قوزغالدۇق.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكوم، تۇغقانلار، جەڭچىلەر، كوماندىرلار، ئەپەندىلەر، خانىملار، ئىشچى -خىزمەتچى دوستلار ! - دېدى ئەپەندىم.

- ۋائەلەيكۇم ئەسسالام! -دەپ جاۋاب بەردى بىزدىن بۇرۇن، سېپىمىزنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىككى مويسىپىت كىشى. بۇلارنىڭ بىرى، بىز ئاقسۇ كونا شەھەرنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىدىن ئازاد قىلغاندا، يەرلىك كىشىلەردىن سايلانغان 35 كۇنلۇك هاكىم شايىپقارى هاجى③ دېگەن ئىلغار خەلقچىل زات ئىدى. بىز ئۇ كىشىنى هاكىم قىلىپ سايلىغاندا، تۇرمىدىن چىققىنىغا ئاران بىر نەچچە كۇنلا بولغانىكەن. ئۇ كىشى بوز دۆڭدىن كېلىپ تۈز ئاۋاتتا ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇنلار باشلاپ چۇشكەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا قوشۇلغان. يەنە بىرى، مۇئاۋىن هاكىم، ئاقسۇ كونا شەھەرلىك مۇھەممەتنىيازخان داموللا ④ دېگەن مەرىپەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ناتىق، ئالىم كىشى ئىدى. بۇلارمۇ بىز بىلەن بىللە چىققان ۋە ئىلى ۋاقىتلىق هۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن كۇتۇلىۋاتقانلاردىن ئىدى. شۇ يەردىكى ھەربىيلەرمۇ قائىدە بويىچە تىك تۇرۇپ، كۆپچىلىككە قوشۇلۇپ سالامغا جاۋاب بەردى.

- ئولتۇرۇڭلار! ئولتۇرۇڭلار... ! كەڭ -كۇشادە سۆزلىشەيلى! -دېدى ئەخمەت ئەپەندىم بىزگە.

بىز ئەگىمەچ ئۇچ بۇرجەك سەپ هاسىل قىلىپ ئولتۇردۇق. ئەخمەت ئەپەندىم تەمكىنلىك بىلەن سۆزىنى باشلىدى.

بۇ يەردە پەقەت ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ قىلغان سۆزلىرىنىڭ يادىمدا قالغان مەزمۇنلىرىنىلا بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتىمەن.

- ... شۇنداق قىلىپ، بىز خەلق ۋەكىللىرى گومىنداڭ مەركىزىي هۆكۈمىتىنىڭ

ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىلەن 11 ئاي سۆھبەت قىلدۇق. بۇ جەرياندا ئۇلار بىزنى 120 سائەت سۆز بىلەن بومباردىمان قىلدى. بىزمۇ ئۇلارنى 120 سائەت گەپ بىلەن بومباردىمان قىلدۇق. ئۇلار بىزنىڭ قويغان دەلىل-ئىسپات، كۆرسەتكەن ھۆججەتلىرىمىزگە قايىل بولدى. شۇ چاغدا گومىنداڭ تەرەپ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى مەندىن:

- سىزلەر بۇ ئۇستىلىقنى نەدىن ئۆگەندىڭلار؟ - دەپ سوراپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا «تۈلكىنىڭ تەقسىماتى» دېگەن مەسەلنى ئېيتىپ بەردىم.

بىزنىڭ ئارىمىزدىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى، كېيىن غۇلغۇلىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئولتۇرغانلار سورۇننى قىزىتىۋەتتى. ھەممە كىشىنىڭ چىرايىنى تەنتەنە ۋە ھاياجانلىق ھالەت قاپلىغانىدى. شۇ چاغدا ئەخمەت ئەپەندىم:

- بىز يەنە ئۆز سۆھبىتىمىزگە قايتىپ كېلەيلى...! شۇنداق قىلىپ 11 ماددىلىق بىتىم ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە قوشۇمچە ماددىلىرىمۇ تۈزۈلدى، ئىمزا قويۇلدى، تەستىقلەندى ۋە تەستىقنامىلىرىمۇ ئالماشتۇرۇلدى. پات ئارىدا ئېلان قىلىنىدۇ. گېزىت يۈزىدە كۆرىسىلەر.

بۇ تۈزۈلگەن بىتىم بويىچە پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىلىپ، تىنچلىق ئەسلىگە كېلىدۇ. خەلق ھەر جەھەتتىن ئەركىنلىك بىلەن تەمىن قىلىنىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئاز-كۆپلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئىش يۈزىدىكى ۋە سىياسىي ھاياتىدىكى ئورنى ھەم باراۋەرلىكى جەزمەن ئىشقا ئاشۇرىلىدۇ. ئانچە ئۇزۇنغا بارماي پۈتۈن ئۆلكە بويىچە دەسلەپتە بىر قېتىم ئومۇمىي خەلق سايلىمى ئۆتكۈزىلىدۇ. خەلقچىل سىياسەتنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق پۈتۈن خەلق ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا، ئۆزلىرىگە ئۈزۈل-كېسىل خىزمەت قىلىدىغان، خەلقنى سۆيىدىغان، خەلقنىڭ ھوقۇق، مەنپەئەتلىرىنى جان تىكىپ ھىمايە قىلىدىغان، خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى باش تارتماي كۆپلەپ ئىشلەيدىغان ۋىجدانلىق، ئەخلاقلىق كىشىلەرنى سايلايدۇ.

بىتىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ھازىرقى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىلىپ، قايتىدىن ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنىدۇ.

ئەمدى گەپ بىتىمنى قانداق قىلىپ ئەلتۆكۈس ئىجرا قىلىشتا قالدى. ئۇلارنىڭ بىتىمنى ئىجرا قىلمىقى قىيىن، چۈنكى بىتىم ۋە ئۇنىڭدىكى گەپ-سۆزلەر ئۇلارغا ياقمايدۇ. بۇنى ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ۋە ماھىيىتىدىن كۆرۈش كېرەك. بىز قەتئىي ۋە ئۈزۈل-كېسىل ئىجرا قىلىمىز. ئۇلار ئەلتۆكۈس ئىجرا قىلمىسا، بىز ھېيدەكچىلىك

قىلىمىز. توقۇنۇشقان ئىككى تەرەپنىڭ ھازىرقى ھالەتتىكى چېگرا سىزىقى بىكار قىلىنىدۇ. بىز ئۇرۇشتا ئەسىر ئالغان كىشىلەرنى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز، ئۇلارمۇ تۇرمىدىكى بارلىق سىياسىي جىنايەتچىلەرنى شەرتسىز بوشىتىپ، ئۆز جايلىرىغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. خەلقنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش، كۆچۈش، سايلامغا قاتنىشىش، دىنغا ئېتىقاد قىلىش، پىكىر، مەتبۇئات، نامايىش قىلىش ئەركىنلىكىنى سىياسىي ۋە قانۇن جەھەتتىن تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. سىياسىي ساقچىلار تارقىلىدۇ. ھەرقانداق ئورۇننىڭ خەلقنى ئۆزى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىشى، قاتىللىق قورالىنى ئىشقا سېلىشى، جىسمانىي ئازاب بىلەن قىيناشلىرى قاتتىق چەكلىنىدۇ ۋە مەنئىي قىلىنىدۇ. بۇ يەردە مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەر قايسى مىللەتلەرنى يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەسئۇل بولۇپ، خىزمەت بىلەن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرىدۇ. ھازىر قىسمىدا ئىشلەۋاتقان ھەربىي يولداشلار، كېيىن بېتىم بويىچە جەنۇبتا مىللىي قوشۇن تەشكىل قىلىنغان چاغدا يۆتكىلىدۇ. ئۆز جايلىرىغا بارغاندىن كېيىن بېتىمنىڭ ئاكتىپ تەشۋىقاتچىلىرى، ئىجراچىلىرى بولۇشلىرىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن.

— پىكىر-تەلەپلىرىڭلار بولسا تارتىنماي ئوتتۇرىغا قويۇشۇڭلارنى سورايمەن...، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا.

ھەممىمىز قاتتىق ھاياجان بىلەن چاۋاك چېلىپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق.

— ئولتۇرۇڭلار! ئولتۇرۇڭلار! يەنە بىر ۋاقىت بار ئىكەن، پىكىر-تەلەپلىرىڭلار بولسا ئاڭلاي!— دېدى ئەخمەت ئەپەندىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

شۇ چاغدا سېپىمىزدىكىلەردىن تۇردى يۇنۇس دېگەن بىر يىگىت قوزغالدى.

— مېنىڭ پىكرىم بار!— دېدى ئۇ.

— ھە...ھە سۆزلەڭ! — دېدى ئەخمەت ئەپەندىم.

— بىز ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇش ۋە بەلگىلىمىسىگە بويسۇنۇپ، ئۆز جايلىرىمىزغا خىزمەتكە بارساق، ئۇلار كۆرۈنۈشتە ئۇقتۇرۇشقا ئەمەل قىلىپ بىزگە «ئوبدان كەپسىلەر!» دەپ بەزىبىر ئىشلارنى قىلىشقا يول قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، «ھە! قولغا چۈشتۈڭلارمۇ، نوچىلار!» دەپ، بىزنىڭ ئىزىمىزغا چۈشۈپ، ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇپ، ئورنىمىزنى كولايدۇ. ئەپلەپ-سەپلەپ شەرتىمىزنى ھازىرلاپ، تەۋقى لەنەتتىن بىرنى توقۇيدۇ. كەشىمىزنى ئاسانلا توغرىلايدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئادەتلەنگەن. بىزگىمۇ شۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلسا قانداق قىلىمىز؟- دەپ سورىدى.

-قورقىۋاتامسىز؟!- دەپ ئۇ كىشىگە قارىدى ئەخمەت ئەپەندىم. سوئال سورىغۇچى:

- ئۇلارنىڭ پىتنە-ئىغۋا توقۇپ چىقىرىدىغان كارخانىسى بار، قورال - ياراغقا ئىگە ئەسكەرلىرى بار، ئۇ يەرگە بېرىپ ئىشلەيدىغان بىزنىڭ قولىمىزدا ئۇقتۇرۇشتىن باشقا نەرسە يوق، قورقماي بولمايدۇ، ئەپەندىم،- دېدى. ئەخمەت ئەپەندىم :

-قورقماڭ! قورقونچاقلار بىزگە دوست بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدا قوراللىق ئەسكىرى، تۈرمىسى، ئاغزىدا پىتنىسى بولسا، بىزنىڭ يۆلەنچۈكىمىز خەلق. بىز خەلق ئۈچۈن ئىشلىگۈچىلەرمىز، يەنى خەلقىمىزنىڭ چاكىرى. شۇنداقلا ئىنقىلابچىلارمىز. ئىنقىلابچىلاردا ھەمىشە بىر ئىنقىلابچىغا خاس جەسۇرلۇق، سەزگۈرلۈك بولۇشى كېرەك. بىز سەزگۈر، مەسئۇلىيەتلىك بىلەن خەلق ئۈچۈن يۈرەكلىك ئىشلىسەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەمتەر بولۇپ، ئاما بىلەن بىرلەشسەك، ئاممىدىن ئۆگەنسەك، ئاممىغا يۆلەنسەك، ئاما بىلەن ئىچقويۇن- تاشقويۇن بولۇپ كېتەلىسەك، ھەرقانداق ئەكسىيەتچى بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يېتىم قالىدۇ،-دېدى.

سوئال سورىغۇچى رازىمەنلىك بىلدۈرۈپ:

-رەھمەت، ئەپەندىم، چۈشەندىم، - دېدى.

شۇچاغدا بىزنىڭ قاتارىمىزدىن يەنە بىر كىشى ئورنىدىن تۇردى.

- بۇ بېتىمگە يېزىلغان قارىسى سىيا، ئىپقى قەغەزدىنلا ئىبارەت، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بولسا ئالدامچىلىقتا ئۇچىغا چىققان نېمىلەر. مۆردىتى كەلسە ئۆزىنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىسىنىمۇ ئالداپ، ئېلىپ چىقىپ سېتىۋېتىدۇ ياكى ئورىغا ئىتتىرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى «ھارۋىدا يۈرۈپ تۇشقان ئوۋلايدۇ» دېيىشىدۇ. ئۇلار بىز قان تۆكۈپ، قۇربان بېرىپ، ئىنقىلاب قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن ئازغىنە ھوقۇقىمىزنى تارتىپ ئېلىش ئۈچۈن، قولىدىن كەلگەن بارلىق ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ كۆردى. ئەپلەشمىگەندىن كېيىن كونا ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى ئىشلىتىپ ھارۋىدا تۇشقان ئوۋلىغىلى چىقتى. ئۇلار سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا بېتىمگە قول قويغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۆزلىرى بەرگەن ۋەدىسىنىڭ بىرسىدىمۇ تۇرمايدۇ. مەن ئۆز ھاياتىمدىن كۆرە سىلەرنىڭ ھاياتىڭلاردىن كۆپرەك ئەنسىرەۋاتىمەن، - دېدى.

ـتوغرا، ـ دېدى ئەخمەت ئەپەندىم سالماق هالدا، ـ ئۇلار سىز دېگەندەك ئالدامچىلىقتا داڭ چىقارغان . ئەمما، بىزنىڭمۇ ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ئەسلى ماهىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدىغان ئانالىز پىچىقىمىز بار. بىز بىتىم ھەققىدىكى سۆھبەت باشلانغاندىن تارتىپ هازىرغىچە، ئۇلار كۆتۈرۈپ چىققان ساختا نۇقتىلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ ئانالىز پىچىقى بىلەن پارە ـ پارە قىلىپ، ئۆز قولىغا تاشلاپ بېرىپ كەلدۇق. بىتىم ھەرگىزمۇ نۇقتا ئەمەس، بەلكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، قوراللىق كۈرەشتىن كېيىن ئېلىپ بارغان سىياسىي كۈرەشنىڭ يەكۈنى.

«هارۋىدا توشقان ئوۋلاش» مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئۇلارنىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەن كونا ئۇسۇلى، بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئۇسۇل كارغا كەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار يەنە كونا مۇقامغا دەسسەش خام خىيالىدا بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، ئويغانغان خەلق ئاممىسىنىڭ غەزەپ ـ نەپرەت دېڭىزىغا چوقۇم غەرق بولىدۇ.

بىزنىڭ هاياتىمىزدىن ئەنسىرىگىنىڭىز ئۈچۈن سىزگە كۆپ رەھمەت. مەن بېشىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ چىقىپ ئىنقىلابقا قاتناشقان. قورقۇنچاقلىق بىر ئىنقىلابچىغا خاس خىسلەت ئەمەس. خەلقىمىزدە: «باتۇر ئۆمرىدە بىر ئۆلىدۇ، خەلق قەلبىدە كۈندە ياشايدۇ. قورقۇنچاق كۈندە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدۇ...» دېگەن تەمسىل بار. ئەگەر مېنىڭ هاياتىمنىڭ بەدىلىگە ئازادلىق، ئەركىنلىك كېلىدىغان بولسا، بۇنداق ئۆلۈمگە ھېلىمۇ مەن خۇشال ـ خۇرام هالدا كۆكسۈمنى كېرىپ بارىمەن! ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن سوئال سورىغۇچىمۇ، جاۋاب بەرگۈچىمۇ جىم بولدى. سۆھبەت مەيدانىنى جىمجىتلىق قاپلىدى، باشقا سوئال سورىغۇچىمۇ چىقمىدى. يىغىننى ئاخىرلاشقان ھېسابلاپ، ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق. ئەخمەت ئەپەندىمنى چۆرىدەپ تېرەكلىك باغدىن يېنىپ چىقتۇق.

* * *

1949 ـ يىلى ئاپرېل ئېيىنىڭ باشلىرى ئىدى. ئىلى ۋىلايەتلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ كاتىبات بۆلۈمىدە كۆچۈرگۈچى كاتىپ ئىدىم. بىر كۈنى «ئىتتىپاق» غۇلجا شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى ھەسەنىم پالتىبايوپ، مەسئۇل كاتىپى خەلپەت سۈزۈك هاجىيوپلار ئىمزا قويغان بىر ئۇقتۇرۇش كەلدى. ئۇنىڭدا «8 ـ ئاپرېل مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىغا تۆت يىل توشقان خاتىرە كۈن، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بارلىق <ئىتتىپاق> ئەزالىرى ۋە

www.uyghurkitap.com



ئىشچى-خىزمەتچى، كادىرلارنى ۋە خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىلى ئايرودرومىنىڭ يېنىدا كۆچەت تىكىش پائالىيىتى ئېلىپ بارماقچىمىز. سىزلەرنىڭ 9-يەرلىك تەشكىلاتتىكى يولداشلار <ئىتتىپاق> مەركىزىي كومىتېتىدىكى يولداشلار بىلەن بىر ئورۇندا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

8-ئاپرېل ئەتىگەن سائەت سەككىزدە <ئىلى مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى>بىناسى (بۇ مەكتەپ كېيىن <ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى> دەپ ئۆزگەرتىلگەن) غا يېتىپ كېلىڭلار، شۇ يەردىن بىرلىكتە ئىش مەيدانىغا بارىمىز!» دېيىلگەنىدى.

8-ئاپرېل كۈنى ئەتىگەندە بىز كىشىلىرىمىزنى تولۇقلاپ سەپكە تىزىلدۇق. بىلىم يۇرتىنىڭ سايبويى تەرەپتىكى دەرۋازىسىدىن مەكتەپ ھويلىسىغا كىرگىنىمىزدە، ئەخمەت ئەپەندىم ھويلىغا قويۇلغان ئۇستەلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قىزغىن سۆزلەۋاتقانىكەن:

- بىز ئىنقىلاب ئوچىقى بولغان غۇلجا شەھىرىنى گۈزەل، زامانىۋى تۈسكە ئىگە، باغۇ-بوستانلىق، كۆركەم مەنزىرىلىك شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز...

... قېنى، يولداشلار، خىزمەتداشلار، دوستلار! ئىش مەيدانىغا قاراپ قەدەم تاشلايلى! ئىش، ئەمگەك بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

كۆچەت تىكىش مەيدانىغا بېرىپلا ئىش باشقۇرۇش ئورنىغا ئۆزىمىزنى تىزىملاتتۇق. بۇ يەردىن بىر كىشى بىزنى «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتى ئىشلەۋاتقان ئورۇنغا باشلاپ باردى.

ئۇ يەردە ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق «ئىتتىپاق» باش ئاپپاراتىنىڭ ھەممە كادىرلىرى، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى جىددىي ئەمگەك تەييارلىقى قىلىشىۋاتقانىكەن.

بىزنى 2-3 تىن قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ گۇرۇپپىلىرىغا قوشۇۋەتتى. ئەخمەت ئەپەندىمۇ بىزنىڭ يېنىمىزدىكى بىر گۇرۇپپىدا ئاددىي گۇرۇپپا ئەزاسى سۈپىتىدە ئەمگەككە قاتناشتى. ئىككى سائەتچە بىللە ئىشلىدۇق. بۇ ئىككى سائەتلىك ئەمگەك تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. بۇنىڭ بىردىن بىر سەۋەبچىسى، ئەلۋەتتە ئەخمەتجان ئەپەندىم ئىدى. مەرھۇمنىڭ جۈملىلىرى قىسقا ئەمما مەنىلىك، ئىخچام، يېنىك، ئىستىھزالىق، لەتىپە خاراكتېرلىك چاقچاقلىرى، چىرايلىق، جانلىق ئوخشىتىشلىرى، بەزەن جاراڭلىق كۈلۈشلىرى، شىددەت بىلەن چاپقان گۈرجەك، جوتۇ (مېتىن) ئاۋازلىرىغا قوشۇلۇپ، ئارقا-ئارقىدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بەزىدە بىزمۇ بۇ كۈلكە

ۋە چاقچاقلارغا ئارىلىشىپ قالاتتۇق. مەرھۇم ئەخمەت ئەپەندىم مانا مۇشۇنداق ئاددىي-ساددا، كەمتەر، بەجاندىل خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئېسىل پەزىلەتلىك، ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ۋە ئىنتېرناتسيونالىزمچى ئىدى.

ئاشۇ قاينام-تاشقىنلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق بىر ئىش بولغان.

- مەن رىزۋانگۈل ھەققىدىكى «شەپقەت ھەمشىرىسى» دېگەن ئوچېرىكىمنى يېزىپ ئاخىرلاشتۇرغانىدىم، «شىددەتلىك جەڭلەردە ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل مانا شۇنداق مەردلەرچە قۇربان بولدى! » دېگەن سۆزنى يېڭىلا قەغەز بېتىگە كۆچۈرۈپ، «ئەسەرنى تاماملىدىم» دەپ ھېسابلىغانىدىم، - دەيدۇ پېشقەدەم يازغۇچى زۇنۇن قادىرى،- بىرسى كېلىپ دولامنى يېنىكلا باستى، قارىسام ئەخمەت ئەپەندىم ئىكەن، ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

- ياخشى، مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يېزىش كېرەك. سىز كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى، بۇ ئىنقىلابقا سىزمۇ قاتناشتىڭىز... ئىنقىلابتا قۇربان بولغانلار يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ قىزلىرىمۇ؟!... باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭسۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىدىنمۇ قۇربان بولغانلار ئاز ئەمەس، بۇنىمۇ كۆرۈش كېرەك،-دېدى.

مەن ھۆپپىدە قىزاردىم، خىجالەت بولدۇم، دەرھاللا بايىقى جۈملىنىڭ ئاخىرىغا: «شۇ كۈنى قانلىق جەڭلەردە تۆكۈلگەن قىزى رازىيەمۇ شەرەپلىك ھالدا قۇربان بولدى» دېگەن قۇرلارنى قوشۇپ يېزىپ قويدۇم. ئەخمەت ئەپەندىم:

- مانا ئەمدى ياخشى بولدى. تالانتلىق يازغۇچى ھەممىشە مەسىلىگە ئەتراپلىق قارايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى كېرەك،-دېدى. ئاندىن ماڭا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ،- ئەمدى بۇ ئەسەرنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلساق بولىدۇ،- دەپ چىقىپ كەتتى.

مەرھۇم ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن بىللە بىز ئىككى سائەت ئەمگەك قىلىپ، ئۆزىمىزگە تاپشۇرۇلغان كۆچەت تىكىش، ئېرىق ئېلىش ۋەزىپىمىزنى تۈگەتتۇق. تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىشلىدۇق.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولدى، ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق ھەممىمىز دۈگىلەك چەمبەر شەكلىدە سەپ ھاسىل قىلىپ ئورۇن ئالدۇق. ئوتتۇرىغا داستىخان سېلىندى، ھەر كىم ئۆزى ئېلىپ چىققان ئاز-تولا يېمەكلىكلەرنى داستىخانغا قويدى. ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن ئېغىز تېگىپ ئازراق ئارام ئالدۇق. ئاندىن ئەخمەت ئەپەندىم بىر قىسىم كىشىلەرنى شۇ مەيداندىكى چالا قالغان ئىشنى پۈتتۈرۈشكە ئاجراتتى. بىر بۆلۈم كىشىلەرنى باشلاپ، تېخى ئىشنى پۈتتۈرەلمەيۋاتقان ئورۇنلارغا ياردەم قىلىشقا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



باردى.

شۇ قېتىمقى ئەمگەكتىن كېيىن مەن ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئادەتتىكى ئىش كىيىملىرى بىلەن كىشلەر ئارىسىدا، دۇكانلاردا، ئاشلىق، چارۋا ـ مال بازارلىرىدا، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردە ئاربلاپ يۈرۈپ، كىشلەر بىلەن ئەھۋالىلىشىۋاتقانلىقىنى، پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى، بەزى ئىشلارنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ھەل قىلىۋاتقانلىقىنى خېلى كۆپ ئۇچراتتىم. ئەمما شەخسەن ئۇچرىشىپ، بىۋاستە سۆزلىشىش نېسىپ بولمىدى.

شۇ كۈندىكى ئۇچرىشىشىنىڭ مەن ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈشۈش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇ چاغدا مەن نەدىن بىلەي!

* * *

كۈنلار: «ئون كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار» دېيىشىدىغان. 1949 ـ يىلى ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك مونونوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، گېنېرال لېيتېنانت دەلىلقان، لۇجى، غېنى كېرىموپ، ئابدۇرېشىت ئىمىنوف، ئوسمانجان ناسىرلار تەكلىپكە بىنائەن بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان تۇنجى قېتىملىق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. بۇ كىشلەرنى تولىمۇ خۇشال قىلىدىغان ئىش ئىدى. لېكىن بۇ خۇشاللىق 27 ـ ئاۋغۇستتا يۈز بەرگەن مۇدھىش ئايروپىلان ھادىسىسى سەۋەبىدىن چوڭ قايغۇلۇق مۇسىبەتكە ئايلاندى.

بىر كۈنى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ تاغىسى ناسىر ئاكا ياتىقىمغا كىرىپ كەلدى.

ـ ئۇكام! سىز ھازىر ئىلىدا چىقىۋاتقان گېزىت، ژۇرناللارغا ئانچە ـ مۇنچە ماقالە، شېئىر يېزىپ يۈرىسىز، مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز ۋاقتىدا ئۆزى توغرىسىدا ماڭا بەزىبىر مەلۇماتلارنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن بۇنى باشقا كىشىلەرگە دېمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىشلارنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن چاغلاردا مەرھۇم بىزنىڭ ئۆيدە تۇراتتى. بۇ چاغ ئىلى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسى ئىدى. كېيىن ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرى كۆتۈرۈلدى. ئەپەندىمنىڭ ۋاقتى تازا ئالدىراش بولۇپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە بىز ئەپەندىمنى ئۆيلەپ قويىغان بولساقمۇ، كۆپرەك ۋاقتى خىزمەت، ئىنقىلاب ئىشلىرى بىلەن ئۆتەتتى. ئۆيدە ئانچە كۆپ تۇرمايتتى. كېيىنچە تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بۈگۈن نېمىشقىدۇر، مەرھۇم ئەخمەت ئەپەندى شۇ چاغلاردا ماڭا ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن ئىشلىرى ئېسىمگە كېلىپ،

ئۇيان-بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى سىزنىڭ قېشىڭىزغا كىردىم. سىزگە سۆزلەپ بېرەي، يېزىپ قويۇڭ. سىز ياش، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە لازىم بولۇپ قالار، -دېدى.

- خوپ! -دەپ تەييارلاندىم.

- يېزىڭ، ئۇكام! بىزنىڭ ئەخمەتجان مەخمۇت ئوغلى 1913-يىلى تۇغۇلغان. ئۇ كىچىك چېغىدىنلا توغرا سۆزلۈك، ھەرقانداق ئىشقا قىزىقىدىغان زېرەك بالا ئىدى. يەتتە يېشىدا، يەنى 1920-يىلى دادىسىدىن يېتىم قالدى، شۇ يىلى بىر بۆلۈم كۆچمەن ئىشلەمچى ئۇيغۇرلار ۋە تۇغقانلارغا قوشۇلۇپ، سۇيدۇڭدىن قورغاس ئارقىلىق ئالمۇتىغا چىقىپ كەتتى.

مەرھۇمنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ماڭا دەپ بېرىشىچە، ئالمۇتىغا چىققاندىن كېيىن، 1920-يىللىرى ئالمۇتىنىڭ تۆڭگان كوچىسىدا ئېچىلغان «ئىنتېرنات» (دارىلئېتام) مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىپ دۆلەت تەمىناتى بىلەن ئوقۇغان، باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى شۇ يەردە پۈتكۈزگەن. تاشكەنتتە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. بۇ يەردە يەنە قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇپ، مەكتەپ ۋە كۇرسلارنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگەتكەن. شۇ يىلى ئەينى چاغدىكى «تاتارىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى» نىڭ مەركىزى قازان شەھىرىدە ئېچىلغان «لېنىن» نامىدىكى «كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېت» قا تاللىنىپ بېرىپ ئوقۇغان. بۇ مەكتەپنىمۇ ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ، مەدەنىي-مائارىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، دىپلوماتىيە، كەسپىي ۋە ئاممىۋى تەشكىلات قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت ئىشلەپ كەلگەن.

1940-يىلىنىڭ ھارپىسىدا ئۆزىنىڭ تەلىپى بىلەن نامانگەنگە بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولغان. شۇ مەزگىلدە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قاسىماخۇن دىگەن ئۇيغۇرنىڭ لەيلىخان دىگەن قىزى بىلەن تونۇشۇپ، شۇ ئائىلىگە «بالا»(ئىچ كۈيئوغۇل) بولۇپ كىرىش شەرتى بىلەن ئۆيلەنگەن. دادىسى مەخمۇتنىڭ ئىسمى ئورنىغا قاسىم دېگەن ئىسمىنى قوللىنىشنى رەسمىيلەشتۈرگەن. بۇ ھەقتە ئۆز ۋاقتىدا خەت يېزىپ، بىزنىڭ رازىلىقىمىزنى ئالغان.

1940-يىلىنىڭ باشلىرىدا بىزگە ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، بالىلىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەن يۇرتىنى، ئۆزى بىلىدىغان ئۇرۇق-تۇغقانلارنى ۋە مېنى كۆرگۈسى كەلگەنلىكى، مېنىڭ قېشىمغا قايتىپ كەلسە، ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولۇش-بولماسلىقىنى سوراپ خەت يازغانىدى. مەن دەسلەپتە بۇ خەتلەرگە

www.uyghurkitap.com



ئوچۇق جاۋاب بەرمىگەن ئىدىم. چۈنكى ئۇچاغلاردا شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن ئىلىنىڭ سىياسىي ھاۋاسى تولىمۇ يامان، بەكمۇ ئەنسىز ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ ئىلى تەۋەسىدىكى قولچوماقلىرى كۈندە دېگىدەك قاتىللىق ۋە ئاق تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا تۈردە كەڭ يۈرگۈزۈۋاتاتتى. ھەر كېچىسى ھەر مىللەت، ھەر ساھە كىشىلىرىدىن ئونلاپ، يۈزلەپ بىگۇناھ كىشى تۇتقۇن قىلىنىۋاتاتتى. لېكىن مەرھۇم ئۆز يۇرتىنى سېغىنغانلىقى -- ۋەتەنپەرۋەرلىكى، بۇيەردىكى ئۇرۇق-تۇغقان، قېرىنداشلىرىنى كۆرگۈسى كەلگەنلىكى، بىزنىڭ ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولغان قېرىنداشلىق رىشتىمىز سەۋەبىدىن، بىز تۇغقانلار مەسلىھەتلىشىپ: «ئىلىغا كەلسەڭ كەل. بىزمۇ سېنى سېغىندۇق، ھەممىمىزنىڭ كۆرگۈسى كەلدى.بۇيەرگە كەلگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلارسەن ياكى ئۆزۈڭ خالىغان بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ تىرىكچىلىك قىلارسەن. بىزمۇ قاراپ تۇرماسمىز. سېنى بىرەر كەسىپنىڭ ئەھلى قىلىپ قويۇشقا قۇربىمىز يېتىدۇ...» دەپ جاۋاب خەت يازدۇق.

ئىلىنىڭ سىياسىي ھاۋاسى توغرۇلۇق خەتكە بىرەر نەرسە يېزىشتىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلاتتۇق، شۇڭا بۇ خەتكىمۇ بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە يازمىدۇق. مۇبادا خەت تەكشۈرۈلۈپ قولغا چۈشۈپ قالساق، بىشىمىزدىن كېتىشىمىز تۇرغان گەپ ئىدى.

شۇ قېتىمقى خەت كېتىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي جاۋاب خەت كەلدى. ئۇ خەتتە ئۆزىنىڭ بۇ پىكىرگە قوشۇلغانلىقىنى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ئاياپ ئەلى چېگرىسىدىن ئۆتمەيدىغانلىقىنى يازغان. قايسى چېگرىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى پەقەت يوشۇرۇن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن بىزگە خەۋەر قىلىپ خەت يازىدىغانلىقىنىلا ئىزھار قىلغان. شۇندىن بېرى بىر نەچچە پارچە خەت ۋە سۈرەتلەر كەلدى. لېكىن بۇ ھەقتە ھېچقانداق گەپ يوق ئىدى. بۇ ئىش گويا ئۇنتۇلۇپ قېلىۋاتقاندەك ئىدى.

1942-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى بىر پارچە خەت كەلدى، خەتتە تىنچلىق، ئامانلىق سورىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئامان-ئېسەنلىكى ئىزھار قىلىنغان. خېتىنىڭ ئاخىرىدا: «مەن تارباغاتاي تاغلىرىنى بويلاپ سەپەرگە چىقتىم. بۇندىن كېيىنكى ئادرېسىمنى شۇ يەردىن ئەۋەتىمەن...» دېگەن گەپ بار ئىدى.

تارباغاتاي (مۇڭغۇلچە سۇغۇر دېگەن سۆز) بىر تاغنىڭ ئىسمى شۇنداقلا چۆچەك ۋىلايىتىنىڭمۇ نامى ئىدى. بۇ ئىلىغا قارىغاندا كىچىك بولسىمۇ، شۇچاغدا زىيالىيلار توپلانغان جاي ئىدى. بىز مەرھۇمنىڭ: «مەن سىزلەرنى ئاياپ ئەلى چېگرىسىدىن ئۆتمەيمەن» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدۇق. لېكىن ئۇنىڭ « يۇرتقا قاراپ » دېمەي « تارباغاتاي

تاغلىرىنى بويلاپ...» دېگەن سۆزى بىزنى ئىككىلەندۈرۈپ قويدى. ئۇ قەيەردىنلا ئۆتسە يوشۇرۇن، غەيرىي قانۇنىي رەۋىشتە ئۆتەتتى، ئاشكارا ۋە قانۇنلۇق ئۆتەلمەيتتى. ئاخىرى بىز ئاشۇ تەرەپتىن بىرەر شەپە ياكى ئادرېس يېزىلغان خەت كېلىشىنى كۈتۈش قارارىغا كەلدۇق.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن بوشاپ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەنلەردىن بىر-ئىككى كىشى مەرھۇمنىڭ ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە، گۇناھكارلار ئارىسىدا ئەمگەك قىلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ۋە يازغان خېتىنى ئېلىپ كەلدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتۇق. ئەخمەت ئەپەندىم چۆچەككە كېلىپ 3- كۈنى بىر ساتقۇننىڭ مەلۇماتى بويىچە«گۇمانلىق ئۇنسۇر» دەپ قولغا ئېلىنغان ۋە ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە يۆتكەلگەنىكەن. ئېھتىيات يۈزىسىدىن بىزمۇ ئۇنىڭغا ئوچۇق-ئاشكارا خەت يازمىدۇق.

1944-يىلىنىڭ باھار ئايلىرى ئىدى. غۇلجىدا ۋەزىيەت ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتتى.

شۇچاغدا داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، تەجرىبىلىك جاسۇس، گومىنداڭ ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىيۇ بىندې (خۇيزۇ) گومىنداڭ ئۆلكىلىك شتابىنىڭ پەۋقۇلئاددە هوقۇقلۇق ۋەكىلى نامى بىلەن ئەسلى يۇرتى غۇلجىغا كەلگەنىدى.

ئۇ غۇلجىغا كېلىپلا يۇرت كاتتىلىرى ۋە مۆتىۋەرلىرىنىڭ رايىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن چوڭ تەييارلىق بىلەن ئىككى نەۋرىسىنىڭ سۈننەت تويىنى ئۆتكۈزدى. ئۇ چاغدا باللارنى سۈننەت قىلىشتا غۇلجا شەھىرىدە مېنىڭ داڭقىم چىققانىدى. لىيۇبىندې بۇ تويغا غۇلجا شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە مۆتىۋەرلىرىنى چاقىردى. مەن ئۇنىڭ ئىككى نەۋرىسىنىڭ ئىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈگىتىپ سورۇنغا كىردىم. تاماقتىن كېيىن لىيۇبىندې سورۇندىكى جامائەت ۋە يۇرت ئەھلىگە سېخىيلىق كۆرسىتىپ، ماڭا 20 كۈمۈش تەڭگە، بىر قارا چاي، بىر كىيىملىك مووۇت قويدى. ئۇچاغلاردا غۇلجا بازىرىدا مووۇت رەختلەر يوق ئىدى. دېمەك، بۇ مەن ئۈچۈن يۇقىرى مۇكاپات ئىدى. مەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، لىيۇ بىندېنىڭ قولىغا مەھكەم يېپىشتىم.

- جانابلىرى! مەن بۇنەرسىلەرنى ئالمىسام، مېنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ھاجىتىم بار ئىدى. بۇ ئىككى ئوغۇل ئورنىدىن تۇرغىچە مەن كۈندە كېلىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسام،- دېدىم.

لىۋ بىندې يەرلىك خىيزۇ بولغاچقا ئۇيغۇرچە سۆزنى سۇدەك بىلەتتى. ئىلى ئۇيغۇر تەلەپپۇزىدا سۆزلەيتتى. ماڭا لەپپىدە تىكىلىپ قاراپ:

- ناسىراخۇن! بۇ نەرسىلەر ئاز بولۇپ قالمىغاندۇ؟! - دەپ سورىدى.

- يوقسۇ، جاناپلىرى...! سىلىنىڭ ماڭا بەرگەنلىرى مەن ئۈچۈن چوڭ مۇكاپات، بۇ ئىلتىپاتلىرىغا كۆپتىن-كۆپ رەھمەت. مېنىڭ سىلىگە چۈشكەن ھاجىتىمنى باشقا كىشى ھەل قىلالمايدۇ. شۇڭا ئۆزلىرىگە يالۋۇرۇۋاتىمەن،- دەپ ئېگىلدىم.

بۇ تازا ئوبدان پۇرسەت ئىدى.بۇ سورۇندا لىۋ بىندې ئۆزىگە جەلپ قىلماقچى بولغان يۇرت كاتتىلىرىدىن بىر قىسمى بار ئىدى.

- نېمە ھاجىتىڭىز بار ئىدى؟- دەپ ماڭا قارىدى. قوينۇمدىن ئەخمەت ئەپەندىم تۇغۇلغان ئانا يۇرتىنى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى سېغىنغان ۋە كۆرگۈسى كەلگەنلىكىنى، يۇرتقا قايتىپ كېلىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئىزھار قىلىپ يازغان دەسلەپكى ئاددىي بىر پارچە خېتىنى ئېلىپ، لىۋ بىندېغا سۇنۇپ تۇرۇپ:

- مەن مۇشۇ خەتنى يازغان كىشىنىڭ ئاتىسى ئورنىدا قالغان كىچىك دادىسىمەن.ئۇ بىزدىن يەتتە يېشىدا ئايرىلغان. ھازىر چوڭ بولۇپ ئەس-ھوشىنى تېپىپ، بىزنى ئەسلەپ بۇخەتنى يازغان. بىز تۇغقانلار مەسلىھەتلىشىپ ئۇنىڭغا: «بىزمۇ سىنى سېغىندۇق. كەلسەڭ-كەل» دەپ خەت يازغان ئىدۇق. بىزنىڭ خېتىمىزگە ئىشىنىپ چۆچەك چېگرىسىدىن بۇ تەرەپكە ئۆتكەنىكەن. بىراق «سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن گۇمانلىق كىشى» دەپ تۇتۇلۇپ، ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامىلىپتۇ. ئۆزلىرى ئاتىدارچىلىق قىلىپ، شۇ تۇغقىنىمىزنى ئازاد قىلۋەتسىكەن! ئۇرۇق-تۇغقانلار دىدارلىشىپ قالساق،سىلىنىڭ ھەقلىرىگە دۇئا قىلساق،- دېدىم.

لىۋ بىندې خەتنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ چىقىپ ماڭا قايتۇرۇپ بەردى.شۇ يەردە ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن ماڭا بۇرۇلۇپ:

- تۇغقىنىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ - دەپ سورىدى.

مەن دەرھاللا:

- ئىسمى ئەخمەت، دادىسىنىڭ ئىسمى قاسىمى،- دەپ جاۋاب بەردىم.چۈنكى خەتتەشۇنداق يېزىلغانىدى. لىۋ بىندې قويۇن دەپتىرىنى چىقىرىپ مەن ئېيتىپ بەرگەن ئىسىملارنى يېزىلۋالدى. ئۇ مەغرۇر قىياپەتتە كۆپچىلىككە يەنە بىر قۇر قاراپ چىقىپ، ئاخىرىدا:

- بوپتۇ، باللارغا ياخشى قارا! 10 ـ15 كۈن كۈت. كەلمىسە مېنىڭ قېشىمغا

كېلىپ بېشىمنى ئاغرىتما!ــ دېدى.

بىز ساناپ يۈرۈپ ئون كۈننى ئاران توشقۇزدۇق.يۈرىكىمىز تاقىلداپ تەقەززا بولۇپ تۇراتتۇق. 11-ياكى12-كۈنلىرى بولسا كېرەك. ئېھتىمالىم، كەچقۇرۇن ناماز ئەسىر مەزگىلىدە، ئۇچىنىڭغا كونىراپ ئۆڭۈپ كەتكەن ئەمما پاكىزە كاستيۇم-شىم، بېشىغا كونىراق گۈللۈك مانچىستېر ئىلى دوپپىسى، ئايىغىغا مايلانغان شىبلىت كىيگەن،گالىستۇك تاقىغان هالدا ئەخمەتچان قاسىمى كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى. كېيىنكى يىللاردا بىز بىر قانچە قېتىم سۈرەت ئالماشتۇرۇپ كۆرۈپ تۇرغاچقا، ئۇ كىرىشى بىلەنلا بىر-بىرىمىزنى تونۇپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتۇق. كېيىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلىشتۇق... يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقانلار بىلەن ئۆزىمىزنى بەزلەشتۇق.

بىز ئۇزاققىچە ئەھۋاللاشتۇق.خۇشاللىقتىن بولسا كېرەك، شۇ كۈنى گېلىمىزدىن تۈزۈك غىزا ئۆتمىدى. ئۇزاق پاراڭلىشىپ قاچانلاردىكى يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇق. ئەخمەتجان مەرھۇم ئۆيدە بىر ھەپتىچە دەم ئېلىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۆي كوچا، دۆڭ كوچا، چوڭ بازار، ئالتە بازارلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆردى.

شۇ مەزگىللەردە غۇلجا بازارلىرىدا زاۋۇت رەختى يوق ئىدى. ئۇ مۇزارت داۋان ئارقىلىق ئالتە شەھەردىن ماتا، چەكمەن ئېلىپ چىققان سودىگەرلەر بىلەن كېلىشىپ، ماتا، چەكمەن ئېلىپ ساتتى. لېكىن بۇ سودىدا زىيان تارتتى. مەرھۇم ئاخىرى ئەينەكچىلىك قىلماقچى بولدى. بۇ كەسىپنىڭ بازىرى، ماتېرىيالى، ۋە خېرىدارى بارئىدى. كامىسيون (ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنى) دىن ئالماس، ئەينەك ۋە جازا ئالدۇق.جازىغا ئەينەكنى قاچىلاپ كوچا ئارىلاپ ماڭىدىغان بولدى. ھەر كۈنى ئەتىگەن ھەر قايسىمىز ھەر تەرەپكە چىقىپ كېتەتتۇق. ئاخشىمى بىراقلا كۆرۈشەتتۇق. ئىنقىلابقىچە شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندى، باشقىلارنىڭ كېيىن ئېيتىشىچە، مەرھۇم شۇ ئەينەكچىلىككە كىرىشكەن كۈندىن باشلاپ ئىنقىلابنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش يولىدا ھەرىكەت ئېلىپ بارغانىكەن.

1944-يىلى 12-نويابىر مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن شۇ ئىنقىلابتا ئاتىقى چىققان بىر ئەربابنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، بىر ئاغىنىسىنىڭ سۈننەت تويىدىكى ئولتۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوفلار شۇ ئەربابنى بىر خاس ئۆيدە يوشۇرۇن ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا تارتقانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



شۇ تەشۋىشلىك كۈنلەردە، ئۇرۇق-تۇغقانلار خەم بولۇپ، مەسلىھەتلىشىپ، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ماھنۇر ئىككىسىنى چېتىپ قويدۇق.

ئىنقىلاب بولدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى.غۇلجا شەھىرىدىكى بىر قانچە مۆھىم ئورۇنغا جايلىشىۋالغان گومىنداڭ قىسىملىرىغا قارشى جەڭدىي ئۇرۇش بولىۋاتاتتى.ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ قورۇسىدا چوڭ ئاممىۋىي ئاشخانا تەشكىل قىلىنىپ، جەڭگە قاتنىشىۋاتقان ئەسكەرلەرنى تاماق بىلەن تەمىن قىلاتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى «جەڭچىلەرنى ۋاقتىدا، ئىسسىق تاماق بىلەن غىزالاندۇرۇش — بۇمۇ بىر ئىنقىلاب، ئىنقىلاب ئىشلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكى يوق» دەپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاممىۋىي ئاشخانىغا كېلىپ سۇ توشۇپ، ئاشخانا ئىشىغا قاراشتى.

شۇ كۈنلەردە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزاسى، ئۆزبېك ۋەكىلى، تاشكەنتلىك ئۆزبېك يازغۇچى، شائىر خەمىت سەئىدى⑤بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا قازان بېشىدا ئەخمەت ئەپەندىنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. خەمىت سەئىدى خېلى بۇرۇنلا ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان كىشى. ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن تاشكەنتتە تۇرغان چاغدا تونۇشقانىكەن. بۇ كىشى ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن:

- ئەپەندىم، بۇ ئىشىڭىز بولماپتۇ. تالانتىڭىزنى ئىشقا سېلىپ، قابىلىيىتىڭىزنى جارى قىلدۇرىدىغان يەر بۇ ئەمەس. مەن بىلەن يۈرۈڭ! - دەپ خادىك ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت گېزىتخانىسىغا ئېلىپ كەپتۇ.

شۇ كۈنلەردە بۇ گېزىتخانىغا باشلىق بولۇپ تۇرغان كىشى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ھۆكۈمەت ھېسابىدا شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇپ كەلگەن يەرلىك زىيالىي تۇرسۇن ئىسرائىل ئىكەن، شۇنداق قىلىپ ئەخمەت ئەپەندىم گېزىتخانىدا ئىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ.

بۇ كۈنلەردە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ خاراكتېرى، تەشكىلىي سىخېمىسى، خىزمەت پروگراممىسى، ھۆكۈمەت نامىدىن خەلققە ۋە باشقىلارغا چىقىرىلغان خىتابنامە، چاقىرىق، بايانات ۋە مۇراجىئەت لايىھىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدا ھۆكۈمەت ئەزالىرى مەجلىسىدە جەڭدىي تالاش-تارتىش ۋە مۇزاكىرىلەر بولىۋاتقان، ئەمما بۇ ھەقتە ھېچكىممۇ بىرەر ئىجابىي تەكلىپ، لايىھە ياكى تولۇقراق پىكىر ئوتتۇرىغا قويالماي تۇرغان مەزگىللەر ئىكەن. مەجلىسكە قاتناشقان ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئاخىرى مەسلىھەتلىشىپ، بۇ

ئىشنى ھۆكۈمەت ئەزاسى خەمىت سەئىدىگە تاپشۇرۇپ خەمىت سەئىدى شۇ يەردىلا:
- مېنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىم يوق.قولۇمدىن كەلمەيدۇ. بۇنداق ئىشلاردىن تولۇق خەۋىرى بار ۋە قابىلىيەتلىك بىر كىشى بار، ئۆزى ئۇيغۇر، بىراق ھۆكۈمەت ئەزاسى ئەمەس. ھازىر گېزىتخانىدا ئىشلەيدۇ. بۇ ئىشقا ئەنە شۇ كىشىنى تەكلىپ قىلىپ تاپشۇرايلى. ئۇ كىشى بۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چوقۇم، شەكسىز چىقىدۇ!-- دەپ تونۇشتۇرىدۇ.
- كىم ئۇ؟-- دېيىشىپتۇ ھۆكۈمەت ئەزالىرى.
- ئەخمەتجان ئەپەندىم، مېنىڭ ۋە بۇيەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ بىلىمى، قابىلىيىتى، تەجرىبىسى ئۇ كىشىنىڭكىدەك مول ۋە ئەتراپلىق ئەمەس.- دەپ تونۇشتۇرىدۇ.
- قايسى ئەخمەت ئەپەندىم؟
- ھە! ھېلىقى ھۆكۈمەت ئاشخانىسىدا سۇ توشۇپ يۈرگەن بولمىسۇن يەنە.
- نەق ئۆزى شۇ!
- ۋاي، ئۇ كىشىنىڭ قولىدىن شۇنداق چوڭ ئىشلار كېلەمدىكىنا؟
- ئۇ كىشى خېلى بۇرۇنلا مېنى يوشۇرۇن كۆرەشكە تارتقانلارنىڭ بىرسى.
- ئەسكى چاپانىنىڭ ئىچىدە ئادەم بار دەڭلا.
- ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ئۇ كىشى....
مانا مۇشۇنداق ئۇزاق تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن شۇ يەردە ئولتۇرغان ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن بىرى سۆزگە ئارىلىشىپ:
- خەمىت سەئىدى توغرا ئېيتىدۇ.دەرۋەقە ئۇ كىشىنىڭ قولىدىن خېلى چوڭ ئىشلار كېلىدۇ. قابىلىيەتلىك، چوڭقۇر پىكىرلىك ناتىق ئادەم. مېنىمۇ بۇ كۆرەشكە جەلپ قىلغان كىشىنىڭ بىرسى شۇ ئىدى،-- دېدى.
- ھە، شۇنداقمىدى؟! ئەمىسە بىز ئۇ كىشىنىڭ بۇنداق ئىش-پائالىيەتلىرىنى نېمە ئۈچۈن بىلمەيمىز؟
- توغرا، ھەر كىشىنىڭ ئۆز دائىرىسى بار. مۇشۇ ئولتۇرغانلار ئىچىدە بەزىلىرىمىز ئۆزىمىزنى تەجرىبىلىك، قابىلىيەتلىك، يوشۇرۇن پائالىيەتلەرگە قاتناشقان دەپ ھېسابلايمىز، ھەقىقەتەن جاپالىق كۈنلەردە مۇشكۇل ئىنقىلابىي ئىشلارنى قىلدۇق، لېكىن كىمنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى ھېلىمۇ تولۇق بىلمەيمىز. بۇنى ئۆز ۋاقتىدىكى ۋەزىيەت بەلگىلىگەن. بۇرۇن بىلمىگەن بولساق ئەمدى بىلىمىز.

مەنمۇ خەمىت سەئىدىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن. ئەخمەت ئەپەندىمنى مەجلىسمىدىن چىقىرىپ قويۇشنى ھازىرچە تەكلىپ قىلمايمەن. ئەخمەت ئەپەندىمنى مەجلىسىمىز-گە تەكلىپ قىلايلى. دۆچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئۇ كىشىگە ئوچۇق ئېيتايلى. ئۇ كىشىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ كۆرەيلى.- دېدى.

ئاخىرى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىكى شۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ قارار قوبۇل قىلىشقان. مەجلىسنى باشقۇرۇۋاتقان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەئىسى خەمىت سەئىدىنى ئۆزىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ گېزىتخانىغا بېرىپ، ئەخمەت ئەپەندىمنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. ئەخمەت ئەپەندىم خەمىت سەئىدى بىلەن كېلىپ ھۆكۈمەت ئەزالىرى مەجلىسىدە ئەھۋال بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى ئۈستىگە ئېلىشقا ماقۇل بولۇپ مۆھلەت سورىغان.

مەجلىس رەئىسى:

- 15 كۈن يېتەرمۇ؟!-دەپ سورىغاندا، ئەخمەت ئەپەندىم تەمكىنلىك بىلەن:

- بىر ھەپتە يېتەرلىك،- دەپ جاۋاب بەرگەن.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ مەخسۇس يىغىنىدا ئەخمەت ئەپەندىم خىتابنامە، پروگراما، مۇراجىئەتنامە، باياناتلار، ۋاقىتلىق ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەتنىڭ خاراكتېرى، تەشكىلىي سىخېمىسى قاتارلىقلار ھەققىدە يېزىپ كەلگەن يۇرۇشلۇك دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىزاھلاپ، شەرھلەپ ئىككى سائەتلىك دەرس سۆزلىگەن. مەجلىس ئەھلى بۇ دوكلات، چۈشەندۈرۈشلەرگە قوشۇمچە قىلغۇدەك ياكى تۈزەتكىدەك، تولۇقلىغىدەك باشقا پىكىرمۇ بەرمىگەن. قارشى پىكىرمۇ بولمىغان. نەتىجىدە شۇ مەجلىسنىڭ ئۆزىدىلا بۇ لايىھەلەر ھەققىدە قارار ماقۇللانغان. شۇنداقلا ئەخمەت ئەپەندىگە پودپولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىپ، ۋاقىتلىق مەركىزىي ھەربىي ھۆكۈمەت ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىنغان.

مەرھۇم ئەخمەت ئەپەندىم ئۆزى ھەققىدە ماڭا ئېيتىپ بەرگەنلىرى ۋە مېنىڭ ئېسىمدە قالغانلىرى مۇشۇلار.

ئەخمەتجان ئەپەندىم بېيجىڭغا مېڭىشتىن سەل ئىلگىركى بىر كۈنى مېنىڭ قېشىمغا كەلدى.

- تاغا! بالىڭىز ئوسمانجان ئېغىر-بېسىق، زىرەك، ئوبدان بالا بوپتۇ. قالغان بىلىمنى ئۇنىڭغا مەن بېرەي. مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ ئوقۇسۇن، ئۆگەنسۇن. يېزىۋاتقان نەرسىلىرىم بار ئىدى. يېتىشەلمەي قالدىم. ياردەملىشىپ يېزىپ

بەرسۇن،- دېدى. ئۇ چاغدا بالام ئوسمانجان «ئىلى مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى»دا ئاخىرقى يىللىق ئوقۇشىنى ئوقۇۋاتاتتى.

- مېنىڭ بالام - سىزنىڭ بالىڭىز، خىزمىتىڭىزگە يارىسا مەيلى، - دېدىم.

ئۇ بىردەم ئولتۇرۇپ ئەھۋاللىشىپ قايتىپ كەتتى.

مەرھۇم ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ نۇرغۇن پائالىيەتلىرى سەپداشلىرى، خىزمەتداشلىرى ۋە دوست-يولداشلىرى بىلەن بىللە ئۆتكەن، ئۇلار ۋە خەلق ئامىسى مەرھۇمنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى بىلىدۇ. مەرھۇمنىڭ نۇرغۇن ئىش-پائالىيەتلىرى ھەرمىللەت خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. خەلق بۇ ئىشلارنى ئاسان ئۇنتۇپ قالمايدۇ. قەدىرلەپ ئەسلەيدۇ،... دەپ كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ سۆزىنى تۈگەتتى.

* * *

مەن ناسىر ئاكىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئۆز ئەينى بويىچە قەغەز بېتىگە قوندۇردۇم، ئاققا كۆچۈرگەندىن كېيىن ئۆزىگە قايتا ئوقۇپ بەردىم. ناسىر ئاكا يېڭىدىن ئېسىگە كەلگەن ئەسلىمىسى بويىچە بەزەن يەرلىرىنى تولۇقلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ نۇسقا كۆچۈرۈپ، بىر نۇسخىنى «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتىغا ئەۋەتتىم، بىر نۇسخىنى ناسىر ئاكا ئالدى، ئۈچىنچى نۇسخىسىنى كۆپىيىسى بىلەن قوشۇپ ئۆزۈم ئېلىپ قالدىم. بۇ كۆپىيە بىلەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىنى ئەخمەت ئەپەندىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى بىر سۈرىتى بىلەن قوشۇپ، ئەخمەت ئەپەندىمنى كۆرگەن كۆزدە كۆرۈپ قەدىرلەپ ساقلاپ كەلگەنىدىم، ئاتالمىش « مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دېگەن زوراۋانلىق ھەرىكەت يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ شىنجاڭدىكى قول چوماقچىلىرى، ئاتارمەن-چاپارمەنلىرى جاي-جايلاردا بىر قىسىم ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلارنى تۇتقۇن قىلدى. بۇ ئىش 1968-يىلى 27-ماي كەچ مېنىڭ بېشىمغىمۇ كەلدى. سۈرەت، قولىيازمىلىرىم ھەممىسىنى ئېلىپ كەتتى. بۇ ئەسلىمە شۇ قول يازمىلارنى يېزىش جەريانىدا خاتىرە قالغان ۋە مەزكۇر قول يازمىنى بىر قانچە قېتىم ئوقۇش نەتىجىسىدە ئۆزلىشىپ يادىمدا قالغانلىرىغا ئاساسەن يېزىلدى.

1984-يىلى 20-ئاپرېل

ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

---

ئىزاھات:

① ئابدۇۋاھىت روزى ـ ئازادلىقتىن كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى» دە مۇھەررىر، كېيىن كۇچار نەسىللىك قوي فېرمىسىدا باشلىق بولۇپ ئىشلىگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئۆلتۈرۈلگەن. يازغان ھېكايىلىرى بار.

② رۇستەم ـ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۆي ـ مۈلۈك ئىدارىسىنىڭ كادىرى.

③ شايىپقارى ھاجى ـ بىتىم بويىچە تەشكىل قىلىنغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئاقسۇ ۋالىيسى ئابلىز مەخسۇمنىڭ مۇئاۋىنى قىلىپ ئەۋەتىلگەن، ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋاپات بولغان.

④ مۇھەممەتنىيازخان داموللا ـ شۇ چاغدا يەنە مۇئاۋىن ھاكىملىققا ئەۋەتىلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن ۋاپات بولدى.

⑤ خەمىت سەئىدى ـ ئۆزبېكلەر بۇ كىشىنى خەمىت داموللام دەپمۇ ئاتايدۇ، ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئىنستىتوتىدا ئەدەبىيات نەزەرىيىسى دەرسى بەرگەن، كېيىن خىزمەتتىن چېكىنگەن، ئەسەرلىرى بار.

# ئۇنتۇلماس خاتىرە

ئەخمەت تۇردىيوپ

قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئالغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، بۇنىڭدىن 40 يىل بۇرۇنقى مۇنۇ بىر ئىش ئېسىمدىن زادىلا چىقمايدۇ. 1948-يىلى سېنتەبىر ئېيىنىڭ باشلىرى ئىدى. بۇ چاغدا مەن شىخو 40-پولك 3-باتالىيون 7-روتىنىڭ كوماندىرى ئىدىم. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىش ئالدىنقى سەپ قىسىملىرى شىخو ناھىيىسىنىڭ شەرقىگە 60 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا ئورۇنلاشقان. بۇ جاينىڭ ئەسلى ئىسمى يەنىسخەي بولۇپ، كېيىن ھەربىي سىر تەرىقىسىدە «ئورمانباغ» دەپ ئاتالغانىدى. ئالدىنقى سەپ قىسىملىرى جەنۇبتىكى قارا تۆڭكىنىڭ كۆكچولاق دېگەن يېرىدىن شىمالدا چولاقتېرەك ھەم جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ قۇملۇقلىرىغىچە قۇرۇلغان ئىستىھكاملاردا جەڭگىۋار ھالەتتە تۇراتتى. بۇ مەزگىل ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تۈزگەن «11 ماددىلىق بىتىم» گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەستەن بۇزۇلغان مەزگىل ئىدى. شۇڭا ئىككى تەرەپ قىسىملىرى جىددىي ئۇرۇش ھالىتىدە تۇراتتى. بىزنىڭ قىسىملىرىمىز بىر تەرەپتىن ھەربىي مەشىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئالدىراش ھالدا كېچە-كۈندۈز ھەرخىل ئىستىھكاملارنى ياساپ، دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا جىددىي كىرىشىپ كەتكەنىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى رەھبەرلىرىمىز ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە كېلىدىكەن، دېگەن خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە «ئورمانباغ»قا، پۈتۈن ئالدىنقى سەپ جەڭچىلىرى ئارىسىغا تارقالدى. مەن شۇ كۈنى باتالىيون نۆۋەتچىسى ئىدىم. پولك كوماندىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، قىسىمىنىڭ جەڭگىۋار ھالىتىدىن ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەرگە دوكلات قىلىدىغان بولدۇم. بۇنىڭدىن مەن قاتتىق ھاياجانلاندىم، نېمىنى، قانداق دوكلات قىلىشنى ھېچ ئەسلىيەلمىدىم. مەن ئىلگىرى سۆيۈملۈك رەھبىرىمىزنىڭ سۆزلىرىنى گېزىتتىن ئوقۇغان، كوماندىرلارنىڭ دوكلاتلىرىدىن ئاڭلىغانىدىم، ئۆزىنى كۆرمىگەنىدىم. قەلبىمدە

www.uyghurkitap.com



ئۇ كىشىگە تەبىئىي ھالدا قىزغىن مۇھەببەت ۋە بىر كۆرۈش ئىستىكى بار ئىدى. بۇ يالغۇز مېنىڭلا ئارزۇيۇم، ھاياجىنىم بولماي، مىڭلىغان كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ ئارزۇسى ۋە ھاياجىنى ئىدى. شۇڭا جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرغان كوماندىر ـ جەڭچىلەر مىنۇت، سائەتلەرنىڭ تېزرەك ئۆتۈپ، رەھبەرلىرىمىزنىڭ چاپسانراق يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزلەپ كۈتەتتى. شۇ ئارىدا ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق بىر قانچە رەھبەرلەر ئالدىنقى سەپ قىسىم قوماندانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا يېتىپ كەلدى، مەن ھەربىي قائىدە بويىچە، ھۆرمەت قەدەم بىلەن مېڭىپ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قىسىمنىڭ جەڭگىۋار ھالىتىدىن قىسقىچە دوكلات قىلدىم. ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىگە بەكمۇ يارىشىملىق ماش رەڭ ھەربىي كىيىم، پۇتىغا ھەربىيچە سېرىق ئۆتۈك كىيگەنىدى، مېنىڭ دوكلاتىمنى ئىنتايىن سەمىمىيەت ۋە دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى كۈلۈمسىرەپ تۇرغان نۇرانە چىرايى، كەڭ پېشانىسى، ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقان قاپقارا بۇرۇتى تا ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدا بۈگۈن بولغان ئىشتەكلا تۇرىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى مېنىڭ دوكلاتىمنى قوبۇل قىلىپ، مەيداندا ھۆرمەت بىلەن تىزىلىپ تۇرغان كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە قاراپ ئېھتىرام بىلدۈردى ۋە «جەڭگىۋار كوماندىر ـ جەڭچىلەر سالامەتمۇ سىلەر؟!» دەپ ئۇلاردىن قىزغىن ھال سورىدى. بارلىق كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئەخمەتجان قاسىمغا جاۋابەن: «ۋەزىپە ئۆتەشكە تەييار بىز!» دەپ بىردەك توۋلىدى، بۇ جەڭگىۋار سادا «ئورمانباغ» ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈردى.

ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال ئىسھاقبېك، ئابدۇركېرىم ئابباسوفلار ھاردۇقمۇ ئالماي، پۈتۈن قىسىمنىڭ جەڭگىۋار ھالىتىنى، ئاكوپ ـ لەخمىلەرنى، جەڭچىلەرنىڭ تاماق، ياتاق ئەھۋالىنى، ھەتتا ئورۇن ـ كۆرپىلەرگىچە تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈردى. بۇ چاغدا كوماندىر ـ جەڭچىلەر سېغىنغان ئاتا ـ ئانىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن تاساددىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندەك كۆزلىرىدىن ھاياجان ياشلىرى تۆكۈپ، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلىرىمىزگە چەكسىز ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇردى، ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋار ھالىتىدىن دوكلات قىلدى. رەھبەرلەر قىسىم ۋە جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋار ھالىتى، يۈكسەك ئىنتىزامچانلىقى ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئەخمەتجان قاسىمى تەكشۈرۈشتىن كېيىن كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە: «قىسىمدىكى

بارلىق كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ مۇشۇنداق يۇكسەك جەڭگىۋارلىقنى ساقلاپ، ئۆز ئىستىھكاملىرىنى قوغداپ ۋە ھوشيارلىق بىلەن قوغداپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئارقا سەپتىكى خەلقىمىز خاتىرجەم بولماقتا، لېكىن دۈشمەننى تەۋەككۇلچىلىك قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، شۇڭلاشقا ھوشيارلىقىمىزنى ھەسسىلەپ ئۆستۈرۈپ، جەڭگىۋارلىقىمىزنى بىردەممۇ بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك. پات ئارىدا قالغان يەتتە ۋىلايەتمۇ ئەلتۆكۈس ئازاد بولىدۇ، شۇ ۋاقىتتا ھەممىمىز تېخىمۇ خاتىرجەم بولىمىز» دېدى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سۆزىنى كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشى، ئۇررا سادالىرى پات-پاتلا ئۈزۈپ تۇردى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سۆزى تەخمىنەن 20 مىنۇت داۋام قىلدى.

پولك شتابىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن پەيدىن يۇقىرى دەرىجىلىك بارلىق ئوفىتسېرلار پولك شتابى ئالدىدىكى جەڭچىلەر ئۆزلىرى ياسىغان ئاددىي يازلىق كۇلۇبقا يىغىلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئالقىش ساداسى ئىچىدە سەھنىگە چىقتى، سەھنىنىڭ ئالدىنقى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تاختىغا جۇڭگو خەرىتىسىنى ئاستى. ھەممىمىز قانداقتۇر بىر جىددىي ۋەزىپە ياكى بۇيرۇق بېرىلىدۇ، دېگەن ئۈمىدتە ئىدۇق. ئابدۇكېرىم ئابباسوف قولىغا بىر تال ئىنچىكە چۇبۇق ئېلىپ، خەرىتىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ ھەممىمىزگە قاراپ: «ھۆرمەتلىك ئوفىتسېرلار، ھازىر مەن سىلەرگە يۇقىرىنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭ غەلىبىلىرى ئۈستىدە قىسقىچە چۈشەنچە بەرمەكچىمەن» دېدى، ئابباسوفنىڭ بۇ سۆزى قىزغىن قارشى ئېلىندى. ھەممىمىز ئۇنىڭ سۆزىگە پۈتۈن زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈردۇق. ئابباسوف ئالدى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ «11 ماددىلىق بىتىم»نى بۇزغانلىقى، يەتتە ۋىلايەت خەلقىگە سىلىۋاتقان زۇلۇمى، خەلقنىڭ گومىنداڭغا قارشى كۈرەشلىرى ئۈستىدە توختالدى. مەن بىر تەرەپتىن ئابباسوفنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن تەھلىل قىلدىم. بۇ چاغدا مەندە: تاكتىكا، ئىستراتېگىيە جەھەتلەردە ئوخشاشلىق شارائىت بىزدە ئىدى، تەشەببۇسكارلىق ۋە ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىمۇ بىزنىڭ قولىمىزدا ئىدى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بولسا، بۇنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولۇپ، جېنى تۈمشۇقىغا كېلىپ قالغاندى، ئەپسۇسكى، شۇنداق بىر چاغدا «11 ماددىلىق بىتىم» تۈزۈلدى، ئەمدى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «11 ماددىلىق بىتىم»نى قەستەن بۇزۇپ، خەلققە شۇنچە زورلۇق-

زومبۇلۇق قىلىنۋاتىدۇ، تۇگىمەس بالايى-ئاپەتلەرنى ئارقا-ئارقىدىن پەيدا قىلىنۋاتىدۇ، ئەجىبا بىز نېمىشقا پاسسىپ مۇداپىئەدە تۇرىمىز؟ نېمىشقا ھۇجۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرمەيدىكەنمىز؟ دېگەن ئوي پەيدا بولدى. ئاباسوف سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپ، بىزنىڭ بۇ ھالىتىمىزنى سەزگەندەك: «جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىنى پىلانلىق ھالدا قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق سېپى يەنئەندىن 1947-يىلىنىڭ باشلىرىدا چېكىنىپ چىققاندى. شۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چوتنى خاتا سوقۇپ، كومپارتىيىنى ئەمدى يوقىتىدىغان بولدۇق دەپ پو ئاتتى، زوراۋانلىقنى كۈچەيتتى، ھەتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىمۇ سۈپۈرۈپ تاشلىماقچى بولغانىدى. لېكىن گومىنداڭ دېگىنىنى قىلالمىدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەل قىلغۇچ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يەنئەننى قايتۇرىۋالدى، خۇاڭخېنى كېسىپ ئۆتۈپ شەرققە يۈرۈش قىلدى» دېدى. ئۇ پۈتۈن ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ، ئازاد بولغان رايونلارنى قولىدىكى چېۋىق بىلەن خەرىتىدىن كۆرسىتىپ بەردى. ئابدۇكېرىم ئاباسوف سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ چوڭ غەلىبىلىرىنى، جايلارنىڭ ئىسمىلىرىنى، دۈشمەن قوشۇنىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان، ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى، ھازىر ئۇرۇشنىڭ نەلەردە داۋام قىلىنۋاتقانلىقىنى، دۈشمەننىڭ تارمار بولغان،تەسلىم بولغان قىسىملىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئېنىق چۈشەندۈردى. بىزنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتمەي تۇرۇشىمىزنىڭ قىسقىچە سەۋەبىنى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا 100 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنىڭ تۇرۇۋاتقانلىقى، ھۇجۇمنى باشلىغاندا نۇرغۇن قان تۆكۈلىدىغانلىقى، بىز مۇداپىئەدە تۇرغاندا، گومىنداڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى شىنجاڭدىن باشقا ئۇرۇش سەپلىرىگە يۆتكىيەلمەيدىغىنى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشى ئوخشاشلا بىزنىڭمۇ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز بولىدىغانلىقىنى، غەلىبە نىشانىمىز بىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. مەن پەقەت شۇ چاغدىلا جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەققىدە دەسلەپكى ساۋاتقا ئىگە بولدۇم. ئاباسوفنىڭ: «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسى بىزنىڭ غەلىبىمىز» دېگەن سۆزىدىن بىزنىڭ ئىنقىلابىي ئۇرۇشىمىز جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ مەندە شۇنداقلا بارلىق ئوفىتسېرلاردا پەيدا بولغان

يېڭى چۈشەنچە بولۇپ قالدى. 1949 ـ يىلى ئەمەلىيەت بۇنى ئىسپاتلىدى.

شۇ كۈنى كەچتە «2 ـ ئازاد نىشانلىق» پولكىنىڭ يەر ئاستى كۇلۇبىدا ئىززۋوت كوماندىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ۋە سىياسىي خىزمەتچىلەرگە يىغىن بولدى. يىغىندا ئەخمەتجان قاسىمى سۆز قىلدى ۋە يوليورۇق بەردى. ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: «ئابدۇكېرىم سىلەرگە دوكلات بەردى، ئۇنى ئاڭلىدىڭلار. بۇندىن كېيىن ھەربىي مەشقنى، جەڭگىۋارلىقنى، ئىنتىزامچانلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ھوشيارلىقنى ھەسسىلەپ ئۆستۈرۈش كېرەك.» ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا جىددىي ۋەزىيەت قاتارىدا مۇنۇ ئۈچ مەسىلىنى قىسمىنىڭ ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى:

1. بىز ھازىرغىچە ئارمىيىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك مەسىلىسىنى ئاساسەن خەلققە تايىنىپ، سېتىۋېلىش بىلەن تەمىنلەۋاتىمىز، بۇ ئەھۋالنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئازايتىش، ئاخىرىدا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن قىسىملار بىر بۆلەك كۈچ ئاجرىتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى يولغا قويۇش كېرەك. بۇ ناھايىتى مۇھىم.

2. قىسىمدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئىمكانىيەت بار ساۋات چىقىرىشى، تېخنىكا ئۆگىنىشى، بىلىمىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشى، بۇنى ئەمەلىي پىلان ۋە تەدبىر تۈزۈپ ئىجرا قىلىشى لازىم.

3. ھەربىي مەشقنى كۈچەيتىپ، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە، قىسىمدىكى بارلىق كوماندىر ـ جەڭچىلەر سىياسىي ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشى، دۇنيا ۋەزىيىتى ھەققىدە توغرا تونۇشقا ئىگە بولۇشى لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىش زۆرۈر.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يوليورۇقى قىسىم دائىرىسىدە كۆپ ئۆتمەيلا ئەمەلىيلىشىشكە باشلىدى. پولك شتابى بىر قىسىم كۈچ ئاجرىتىپ، شىخو ناھىيىسىنىڭ بۆرتۈڭكە دېگەن يېرىدە دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇشقا باشلىدى. شىخو ناھىيىسىدە شوپۇرلۇق كۇرس ئېچىپ، قىسىمدىن بىر قىسىم جەڭچىلەرنى ئوقۇشقا ئەۋەتتى، قىسىمدىكى سىياسىي تەشۋىقات جانلاندۇرۇلدى. بۇ ھال قىسىمنىڭ قىياپىتىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى.

# سادىر پالۋاننىڭ يېقىندىن تېپىلغان قوشاقلىرى ھەققىدە

تېيىپجان ھادى

بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ جەريانىنى ئۆگىنىشتە شۇ مىللەتنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەكشۈرۈش، خەلق ئېغىز مەنبەلىرىنى قېزىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەپسۇسكى، ئۆتكەن بىر مەزگىل ئىچىدە «سول» چىل ئىدىيىنىڭ كاساپىتى بىلەن بۇ خىزمەت ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كانىنى ئېچىش ئىشى ئومۇميۈزلۈك ئەمەللەشمىدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ۋەتىنىمىز ئاسمىنىدىكى قارا بۇلۇت تارقاپ، باھار ئاپتىپى ئىللىق نۇر چېچىپ، يۈرەكلىرىمىزنى قاپلىغان شۈرەمەللەر ئېرىدى. باشلىغان ئىشلىرىمىزنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەر ساھە بويىچە ئاتلىنىپ كەتتۇق. ئەجرىمىزدىن چېچەكلەر ئېچىلىشقا باشلىدى. يولداش مەسۇم باست ئېلان قىلىشقا سۇنغان «سادىر پالۋان قوشاقلىرى» ئەنە شۇنداق ياخشى ۋەزىيەتنىڭ مېۋىسى ئىدى.

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىردە چىرىك چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى خەلق ئىنقىلابى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئەۋج ئالغانىدى. سادىر پالۋان ئەنە شۇ مەزگىللەردە چىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆتۈرۈلۈپ چىققان خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ بىرى. ئۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى بولۇپلا قالماستىن، ئەينى يىللاردىكى ۋەقەلەرنى، خەلقنىڭ مۇڭ ـ زارىنى، ئارزۇ ـ ئارمىنىنى ئۆز قوشاقلىرىدا ئەكس ئەتتۈرگەن ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى. سادىر پالۋان – بىر چوڭ تېما. «سادىر پالۋان قوشاقلىرى» مۇشۇ چوڭ تېمىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن دۆلىتىمىز ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى بىر قېتىم تەپسىلى كۆرۈپ چىقساق، شۇ نەرسىنى ئوچۇق كۆرۈۋالايمىزكى، ئەڭ دەسلەپتە ئېلان قىلىنىپ، بىكىتىلىپ كەتكەن قوشاقلار ھازىرغىچە مەتبۇئاتلاردا تەكرار بېسىلىۋاتىدۇ. باشقىچە يېڭىلىق

يوق ·بىزنىڭ سادىر پالۋاننىڭ هاياتىي پائالىيەتلىرىگە بولغان چۈشەنچىمىز، سادىر پالۋان قوشاقلىرىغا بولغان چۈشەنچىمىز ئەشۇ دەسلەپتە ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللار بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. بۇ ساھەدە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى. سادىر پالۋاننىڭ چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭدىكى پائالىيەت دائىرىسى قانچىلىك بولغان؟ ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئېلان قىلىنىپ كەلگەن قوشاقلىرىدىن باشقا قوشاقلىرى يوقمىدى؟ دېگەن سوئاللارنى «سادىر پالۋاننىڭ يېڭىدىن تېپىلغان قوشاقلىرى» بىر قەدەر يېشىپ بەردى.

يېڭىدىن تېپىلغان بۇ قوشاقلار زادى سادىر پالۋاننىڭمۇ، ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، سادىر پالۋاننىڭ ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان قوشاقلىرى بىلەن يېڭىدىن تېپىلغان قوشاقلارنى ئۇسلۇب، تىل، شەكىل ۋە باشقا بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى تەرەپتىن سېلىشتۇرۇپ، تەتقىق قىلىشنى مۇشۇ ساھەدە بىلىمى كۈچلۈك بولغان يولداشلارنىڭ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىگە قالدۇرۇپ، بۇ ماقالەمدە مەن يېڭىدىن تېپىلغان قوشاقلاردا تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلەر بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ قوشاقلار سادىر پالۋاننىڭ قوشاقلىرى ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ ئۆتىمەن.

* * *

سادىر پالۋاننىڭ ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان قوشاقلىرىنى ئەسلىگىنىمىزدە، مەرھۇم بۇ قوشاقلىرىدا شۇ دەۋردە ئىلى دېھقانلىرىنىڭ ھېچبىر مادارىنى قويمىغان ئېغىر ئالۋاڭ ـ سېلىقنى، ئۇستى ـ ئۇستىلەپ ئېشىۋاتقان ھوسۇلنى ①، ئۇنى پۈتۈن بىساتىنى سېتىپ تۆلىيەلمەيۋاتقان ئېغىر تۇرمۇشنى، سادىر پالۋان ئۆزىنىڭ دېھقانلارنى بۇ ئېچىنىشلىق زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغانلىقى، تاغۇ ـ تاشلارنى ماكان قىلغان سەرگەردانلىق ھاياتىنى، چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ پايلاقچىلارنى چىقىرىپ، تۇتماقچى بولغانلىقى، تۇتۇق بەرمىگەنلىكى، كېيىن بىر قانچە قېتىم تۇتۇلۇپ، يامۇل ـ زىندانلاردا كۆرگەن كۈنلىرى ۋە ئۇ يەرلەردىن قانداقچە قېچىپ قۇتۇلغانلىقى، ئاخىرى قورallıق كۈرەشكە كۆچكەنلىكى، بالىلىق ھاياتى، ئەل ـ يۇرتىنى سېغىنغانلىقى ۋە باشقا ئەھۋاللارنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، سادىر پالۋان 1798 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1871 ـ يىلى 73 يېشىدا ۋاپات بولغان دەپ ئېلان قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ (بۇ توغرىسىدا مېنىڭ باشقىچە كۆز

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قارىشىم بولسىمۇ، ھازىرچە مۇشۇ ۋاقىتنى توغرا دەپ مۇزاكىرە قىلىپ تۇرايلى.) سادىر پالۋاننىڭ ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان قوشاقلىرىنى يىل ھېسابىغا سۈندۈرغاندا، 1860ـ يىللارغىچە (سادىر پالۋان 62 ياشقا كەلگەندە) ئېيتىلغان قوشاقلار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. سادىر پالۋاننىڭ شۆھرىتىنى چىقارغان ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى بولسا 1864ـ يىلى قوزغالغان. سادىر پالۋاننىڭ ھازىرغىچە ئېلان قىلىنىپ كېلىۋاتقان قوشاقلىرىدا مۇشۇ يىللار ئىچىدە بولغان ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قوشاقلار يوق. ئەجەبا سادىر پالۋان ھاياتى ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ قىزغىن ئۆتكەن بۇ كۈرەش يىللىرى ئىچىدە قوشاق ئېيتماي ئۆتكەنمىدۇ؟ يولداش مەسۇم باسىت ئېلان قىلىشقا سۇنغان سادىر پالۋان قوشاقلىرى بىزنىڭ سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بەردى. سادىر پالۋاننىڭ يېڭىدىن تېپىلغان قوشاقلىرى 1864ـ يىلىدىن 1870ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ۋەقەلەرنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان قوشاقلاردا كەم بولۇپ تۇرغان بوشلۇقنى تولۇقلىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ پۈتۈن ئۆمرى ناخشا ـ قوشاق بىلەن يۇغۇرۇلغان سادىر پالۋاننىڭ ئاجايىپ ۋەقەلەر يۈز بېرىۋاتقان قوزغىلاڭ پەيتلىرىنى قوشاققا قاتماي تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

يېڭىدىن تېپىلغان قوشاقلارنىڭ بىر قىسمىدا سادىر پالۋاننىڭ ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن ئىلگىرىكى ھايات پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، يېڭىدىن تېپىلغان قوشاقلار ئىچىدىكى:

سېپىلنى تېشىپ چىقتىم،
كۆزۈمنى ئېچىپ چىقتىم.
ئايماقلارنى جەملەشكە،
تاغلارغا قېچىپ چىقتىم.
دېگەن قوشاقنى مىسالغا ئېلىپ كۆرەيلى.

بۇندىن بىر قانچە يىللار ئىلگىرى مەشھۇر تارىخچى تېيىپزات خەلپىتىم ھايات ۋاقتىدا قىلىشقان بىر سۆھبىتىمىزدە، ئۇ مەرھۇم سادىر پالۋان ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ: «سادىر پالۋان دەسلەپتە خەلققە ۋە ئۆزىگە زورلۇق ـ زومبۇلۇق ئىشلەتكەن ئەمەلدارلاردىن شەخسىي قىساس ئېلىش كويىدا بولۇپ، ئەلنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىشىنى ئويلاپ يەتمىگەنىكەن، بىر قېتىم ئۇ زىندانغا سولىنىپ، ئەخمەتبەگ② بىلەن بىر يەردە يېتىپ قاپتۇ. ئەخمەتبەگ ئۇنىڭغا نۇرغۇن دەلىللەرنى سۆزلەپ، سادىر پالۋاننى ئەلنى ئۇيۇشتۇرۇشقا دالالەت قىپتۇ. سادىر ناھايىتى خۇشلۇق بىلەن ئۇنىڭ پىكرىنى

قوبۇل قىلىپ زىنداندىن قېچىپ چىقىپ، ئەتراپىغا ئادەم تويلاپ ئۆز كۈچىنى ئۇلغايتقانىكەن. سادىرنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا دالالەت قىلغان كىشى ئەخمەتبەگدۇر» دەپ سادىر پالۋاننىڭ بىر يۇقىرىدا مىسالغا ئالغان قوشىقىنىڭ قىسمەن سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالغان ئىدى. يېڭىدىن تېپىلغان قوشاقلار ئىچىدىكى مۇنۇ بىر كۇپلېت قوشاق يەنە تېيىپزات خەلپىتىمنىڭ سادىر پالۋان ھەققىدە سۆزلىگەن ۋەقەلىكىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ:

ئوتقا كىرسەم ئوت رەستە،
تاغقا چىقسام تاغ رەستە.
كۆزۈمنى ئاچقانلارنى،
دائىم تۇتىمەن ئەستە.

يېقىندا بىز سادىر پالۋاننىڭ يۇرتى موللا توختىيۇزىگە چىقىپ، سادىر پالۋاننىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق. سادىر پالۋاننىڭ نەۋرىسى ـ ھېمىدىخاندىن بولغان بالىسى كېرىمقۇلنىڭ ئوغلى 96 ياشلىق ھاشىر ئاكىنىڭ سالامەتلىكى ھېلىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىكەن. كۆز ـ قۇلاقلىرى ئۆتكۈر، قول ـ ئاياغلىرى تېمەن ئىكەن. ياز كۈنلىرى شۇ ئەتراپتىكى يۇرتلاردا بولغان ئۆلۈم ـ يېتىم، توي ـ تۆكۈنلەرگە پىيادە بېرىپ كېلەلەيدىكەن. بىز ئۇنىڭدىن سادىرنىڭ قوشاقلىرى توغرىسىدا سورىغىنىمىزدا، ئۇ ئوڭ قولى بىلەن قۇلىقىنى تۇتۇپ، سادىر پالۋان ناخشىسى ئاھاڭىغا سېلىپ بىر قانچە قوشاقلارنى ئېيتىپ بەردى. ھاشىرئاكا ئېيتقان قوشاقلار ئىچىدە:

دالويى ھۆكۈم قىلدى،
مېنىڭ ئىشىم بوش ئەندى.
ئەخمەت خەزىنىچى،تۆت بەگ،
ئۇزاتماڭلار، خوش ئەندى.
ئېگىز ھاۋانىڭ قۇشى،
يالغۇز تاشنى خالايدۇ.
يىغلىماڭلار، قېرىنداشلار،
ئۆلتۈرمەيدۇ، پالايدۇ.

دېگەنگە ئوخشاش قوشاقلار بار. بۇ قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى تېيىپزات خەلپىتىمنىڭ سادىر پالۋان ھەققىدە ئېيتقان ۋەقەلىكلىرىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



* * *

يېقىندىن تېپىلغان قوشاقلار ئىچىدە كىشىنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغان بىر قىسىم قوشاقلار --- ۋەتەنپەرۋەر شائىر موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ توغرىسىدا ئېيتىلغان قوشاقلاردۇر.

1877-يىلى ن.ن.پانتوسوف قازان شەھىرىدە موللا بىلالنىڭ «كىتاب غازات دەرمۇلكى چىن» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، بۇ ئەسەرگە بېرىلگەن كىرىش سۆزىدە: «بۇ ئەسەرنى يازغان ئادەم غۇلجىلىق موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپتۇر... ئۇ مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى بولغان كۈرەشلەر ۋە رۇس پادىشاھ ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان جەڭلەرگە ئىشتىراك قىلغان، ھازىر ئۇ 54 ياشلارغا كەلدى. غۇلجىدا ياشايدۇ.»③دەپ يازىدۇ. ئە. ھىدايەت ئوغلى ئۆزىنىڭ «موللا بىلال ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەرىكەتلىرى» دېگەن ماقالىسىدە بۇنىڭغا موللا بىلالنىڭ مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرىنى مىسال ئېلىپ كۆرسىتىدۇ:

«بىرى پالتۇبېك ئوسمان ئاخۇن بىلە،
ئىدى ئاسىم ئاخۇنكى ناخۇن بىلە.
باھادىر جالال بىلەن نازىم بىلال،
يۈسۈپ ئېلى قاسىم كى سادىر كامال»④

يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن سۆزلەردىن بىز موللا بىلال بىلەن سادىرنىڭ ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بىللە قاتناشقانلىقىنى، بۇ ئەھۋالنى موللا بىلال ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.لېكىن سادىر بىلەن موللا بىلالنىڭ ئۆز ئارا تونۇشلۇقى قانچىلىك ئىكەنلىكى ھازىرغىچە بىزگە قاراڭغۇ ئىدى. بۇ ئەھۋالنى يورۇتۇش جەھەتتە يېڭى تېپىلغان قوشاقلار ئىچىدىكى:

موللا بىلال ئۆز باغرىم،
گېپىم بار ئاڭا ئايرىم.
يۈزمۇ - يۈز سۆزلەشكىلى،
بەيتۇللاغا ئۈچ⑤ باردىم.

دېگەن قوشاقلار ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. زىنداندىن «كۆزىنى ئېچىپ چىققان» سادىر ئۆز ئەتراپىغا تاغ يۈرەك ھەمراھلارنى توپلاش بىلەن بىللە، كۈندىن - كۈنگە ئاڭ - پىكرى، ئەمەلىي تەجرىبىسى ئېشىپ، كۈرەشنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، جەمئىيەتتىكى نوپۇزلۇق ئادەملەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىپ،

قوللىغۇچىلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلغان. بۇنداق كىشىلەردىن بىرى يالقۇنلۇق تەشۋىقاتچى، شائىر موللا بىلال ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن.شۇڭا سادىر پالۋان موللا بىلالنى ئىزدەپ بەيتۇللاغا ئۈچ قېتىم بارغان. سادىر موللا بىلالنىڭ ئۆز ئىشىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوللىغانلىقىنى قوشاقلىرىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

موللا بىلال تەقۋادار،
نەگە بارسام يولۇم بار.
موللا بىلال ئالدىدا،
ئوڭ كۆكسۈمدە قولۇم بار.

دېمەك، موللا بىلال سادىرنى قوللىغان ۋە قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن ئۆزى بېجىرىشكە تېگىشلىك بەزى ئىشلارنى ئىشلىگەن. شائىرنىڭ بۇ ھەرىكىتى بەزى رەزىل پايلاقچىلار ئارقىلىق چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن، ئىلى جياڭجۈنى موللا بىلالنى تۇتماقچى بولغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سادىر پالۋان ئۆزىنىڭ ھەيران قالارلىق بەدىئىي تىلى بىلەن:

موللا بىلال خاتىپنى⑥
جياڭجۈن تۇتىمەن دەپتۇ.
بەردەڭگىلىك سادىر بار،
جياڭجۈن ھۆل تېزەك يەپتۇ.

دەپ دۈشمەنگە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن، ئۆزىنىڭ موللا بىلالنىڭ ئامانلىقى كويىدا پىداكار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

يېڭى تېپىلغان قوشاقلار ئىچىدىكى موللا بىلالغا ئائىت قوشاقلاردىن بىزگە شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، شۇ چاغقىچە بىز ۋەتەنپەرۋەر شائىر موللا بىلالنى 1864-يىلى قوزغالغان ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاددىي ئىشتىراكچىسى دەپلا تونۇپ كەلگەن ئىدۇق. موللا بىلال بۇ قوزغىلاڭنىڭ قاتناشقۇچىسىلا ئەمەس، قوزغىلاڭنى تەييارلىغۇچىلارنىڭ بىرى ئىكەن. شۇنداق، موللا بىلال ئىلى «بەيتۇللا مەسچىتى»دەك مەركىزىي جامەنىڭ خاتىپى بولغانىكەن.

* * *

بۇ قېتىم ئېلان قىلىنغان قوشاقلاردا يەنە سادىر پالۋاننىڭ ئىلى جياڭجۈننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خەلققە سالغان زۇلۇمى، قوزغىلاڭ پارتلىغاندىن كېيىن قوللانغان ئىككى يۈزلىمىلىك رەزىل ۋاستىلىرىنى پاش قىلغان قوشاقلىرىنى كۆرۈمىز. بۇ قوشاقلارنىڭ چىنلىقىنى ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخنى ۋاراقلاپ ئىسپات قىلىقىلى بولىدۇ.

ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاش ئالدىدا ئىلى جياڭجۈنى چاڭ چىن ئىدى، ئۇ ئىلى دېھقانلىرى ئۈستىدىكى ئالۋاڭ ـ ياساقنى ھەسسىلەپ كۆپەيتمۇەتتى. پۇقرالار ئەرز ـ ئەھۋالىنى ئېيتىپ زارلانسا، يالغان ۋەدىلەرنى بېرىپ، كاززاپلىق قىلىشتا ئۇچىغا چىقتى، سادىر ئۆز قوشاقلىرىدا مۇنداق پاش قىلغان:

ماڭغان يولۇم قازانچى،
غانجۇغامدا ئارغامچى.
ۋەدىسىدە تۇرمىدى،
جياڭجۈن دېگەن يالغانچى.

خەلقنىڭ غەزىپى تېشىپ، ئاخىرى 1864 ـ يىلى قوزغىلاڭ پارتلىدى. چىڭ خاندانلىقىنىڭ شۇ چاغدىكى پادىشاھى تۇڭجى خان قوزغىلاڭ پارتلىغاندىن كېيىن جياڭجۈنگە غەزەبلىنىپ مۇنداق يارلىق چۈشۈرگەنىدى:

«چاڭ چىن ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ئالدىنى ئالمىدى، ۋەقە يۈز بەرگەنـدىن كېيىن تەدبىر قوللىنىپ تىنجىتمىدى. ھەقىقەتەن چاكىنا،قابىلىيەتسىز، ۋەزىپىسىگە لايىق ئىش كۆرمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەسەتخورلۇق قارا نىيىتى بار. چاڭ چىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىلىدا چارە كۆرۈشنى كۈتسۇن».⑦

چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئوردا مەھكىمىسى ئىلى جياڭجۈنى چاڭ چىننى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىغان كۈنلا يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى مىڭ شۇينى جياڭجۈنلۈككە تەيىنلەيدۇ. بۇ چاغدا قوزغىلاڭچىلار باياندايىنى ئىشغال قىلىپ بولۇپ، چوڭ كۈرەگە ئوق ياغدۇرۋاتاتتى. يېڭى جياڭجۈن مىڭ شۈي قوزغىلاڭچىلارنى ھاماقەت قىلىش ئۈچۈن ئىشنى سۈلھە بىلەن پۈتۈشمەك بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. قوزغىلاڭچىلار بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. بۇ ۋەقە «ئىلى تارىخى» سەھىپىلىرىدە مۇنداق يېزىلغان:

«... شول گەزدە باياندايى ياردىمىگە كۈرەدىن ئىككىنچى دابقۇر⑧چېرىك چىققان ئىدى... 710 نەپەر ئۆلۈكلىرىنى ئۇرۇش مەيدانىدا قالدۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ مەغلۇبىيەتلەرنى مانجۇلار كونا جياڭجۈننىڭ تەدبىرسىزلىكىدىن كۆرەتتى. شۇنىڭچۈن كونا جياڭجۈننى چۈشۈرۈپ، ئورنىغا <مىڭ>دېگەن مەمۇرنى

جياڭجۇن سايلىدى. بۇ يېڭى جياڭجۇن ئىختىلال ئوتىنى ۋاقتىدا ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئىختىلالچىلارنىڭ تىلىگىنىنى بېرىپ بولسىمۇ چىقىشماق بولدى ۋە تۆت تۈرلۈك تەكلىپ بەردى».⑨

جياڭجۇننىڭ ئۆز ۋەكىللىرى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپىدىكى ئىككى تەكلىپ مۇۋاپىق بولسىمۇ، قالغانلىرى نالايىق بولغاچقا، قوزغىلاڭچىلار قوبۇل قىلمىغان. سادىر پالۋاننىڭ قوشاقلىرىدا بۇ ئىشلار مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

جياڭجۇن قويدى قولىنى،
توسىمىدۇق يولىنى.
ئالماي ئۆزگە بەردۇق،
بىزگە بەرگەن پۇلىنى.

مۇشۇ سۆھبەتتە كۆرە ئەمەلدارلىرى«كۆرەگە ئەكىلىۋالغان 200 مۇسۇلماننى چىقىرىپ بەرمەك بولدى»⑩ بۇ توغرىسىدا سادىر مۇنداق دەيدۇ:

قارا تاشنىڭ ئالدىدا،
ئۆلۈكنى سېپىل قىلدۇق.
ئۆلتۈرمەسكە پۇقرانى،
جياڭجۇننى كېپىل قىلدۇق.

لېكىن كۆرە ئەمەلدارلىرى كېلىشمىگە خىلاپلىق قىلىپ، يەنە مىڭ چېرىك باشلاپ چىققان. «ئىختىلالچىلار ۋەكىللىرى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش توغرىسىدا چىڭ دالويى بىلەن سۆھبەت قىلىپ ياتقاندا، سېپىل ئۈستىدىن بىرى مىلتىق ئاتتى، سامساق تۆگچىغا⑪ ئوق تەگدى ـ شېھىت بولدى⑫» بۇ ۋاپاسىزلىقنى سادىر پالۋان ئۆز قوشاقلىرىدا مۇنداق پاش قىلغان:

جياڭجۇننى قويۇپ بەرسەم،
باشلاپ كەپتۇ مىڭ لەشكەر.
لېۋىمنى راسا چىشلەپ،
بىلدىم قىلىچ، خەنجەر.
سادىردا بار بەردەڭگە،
تويدى چېرىك مەرگەنگە.
پۇشايمان يېدى جياڭجۇن،
جەڭ قىلىشقا كەلگەنگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن چىققان لەشكەرلەر يېڭىلىپ، ئېغىر قورالللىرىنى تاشلاپ قاچقان، سادىر پالۋان قوشاقلىرىدا بۇ ۋەقەلەر مۇنداق بايان قىلىنغان:

دۈشمەن قاچتى شەھەرگە،
ئاتقان پولىرى قالدى.
ناشتا قىلماي سەھەردە،
ئۈچ پونى سادىر ئالدى.

سادىر پالۋاننىڭ بۇ قېتىم ئېلان قىلىنغان قوشاقلىرى ئىچىدىكى يەنە بىر قىسىم قوشاقلار ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىنكى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكى، چارروسىيە بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىششىشى، چارروسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئىلىغا بېسىپ كىرىشى بىلەن ئىلى خەلقىنىڭ كۆرگەن كۈنلىرى قاتارلىق تارىخىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

مانجۇ چىللاپ ئورۇسنى⑬
ئاتتى، چاپتى چەنتۈنى.
ئەل - يۇرت راۋا كۆرمەيدۇ،
ئورۇس ئاتلىق مەتۈنى.

چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ساتقىنلىقى، چارروسىيە بىلەن ئېغىز بۇرۇن يالاشقانلىرى ۋە چارروسىيىنىڭ رەزىللىكلىرىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلار يالغۇز چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرىدىلا يېزىپ قالدۇرۇلغان بولماي، نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرى، تارىخىي يازمىلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقىي شاھىدى بولغان شائىر مولla بىلالمۇ:

ئاق خان بىلەن قارا خان،
ئىتتىپاق ئىكەن باشتا.
كەتمەكنى خىيال قىلىپ.
كېمە ياسىدۇق قاشتا.
دەپ يازغاندى.⑭

ئەينى دەۋردە چىڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ لىڭشىپ قالغان ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئىچكى جەھەتتىن خەلق قوزغىلاڭلىرىنى قانلىق باستۇرسا، تاشقى جەھەتتىن چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ ئايىغىغا ئۆمىلەيدىغان ئەھۋالغا

چۇشۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ پەسكەشلىكى ئۇلۇغ «تەيپىڭ تىيەنگو ھەرىكىتى»نى ئەنگلىيە، فرانسىيە جاھانگىر قوشۇنلىرى بىلەن باستۇرغان گودىنىدەك بىر مەلئۇنغا خاندانلىقنىڭ سېرىق كەمزۇلىنى كىيگۈزۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. ئەلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۇچۇن ئۇ چارروسىيە جاھانگىرلىكىنى چىللاپ كىرىشتەك رەزىل ۋاستىنى ئىشلىتىشتىن قايتمىدى.

تاغدا بۆرى ھۇۋلايدۇ،
ئەلنى چىرىك بۇلايدۇ.
ئەل گۈلەيسە قولىنى،
چىغ كۇلادا تولايدۇ.
مۇزداۋان دېگەن داۋان،
داۋان ئەمەس ھاڭ ئىكەن.
ئاق پاشا چېرىكلىرى،
بىر - بىرىدىن زاڭ ئىكەن.

بۇ قوشاقلاردا سادىر پالۋان تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن چارروسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تەبىئىتىنى ئېچىپ بەرگەن.

* * *

يېڭى ئېلان قىلىنغان بۇ قوشاقلارنىڭ چىنلىقىنى يەنە سادىر پالۋان بۇ قوشاقلاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ناملىرىدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بىر پۇرچاققا بىر قوشاق،
توقۇپ بەردىم ئاخشىمى.
ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم،
گۇل مومامدەك ياخشىنى.
مومام توقوغان بۆزدە،
ماڭا پوسماق تىكىپ بەرگەن.
چوڭ دادام پوپۇش تىككەن،
مەن ئۇنى ئاياپ كىيگەن.

دېگەن قوشاقلاردىكى «گۇل موما» سادىر پالۋاننىڭ بوۋىسى بۇۋاش تاشچىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(قومۇللۇق كىشى) ئايالى بولۇپ، بوۋاش تاشچى بىلەن گۈل ئاندىن ئىككى ئوغۇل بولغان. ئوغۇللارنىڭ چوڭى – ھۈسەيىن، كىچىكى – سادىر پالۋاننىڭ دادىسى – خۇشئەخمەت ئىدى. سادىرنىڭ پوپۇش تىكىپ بەرگەن چوڭ دادىسى – دادىسىنىڭ ئاكىسى ھۈسەيىندۇر. ھۈسەيىن چوڭ بولغاندا پوپۇش تىكىشنى ئۆگىنىپ «ھۈسەيىن پوپۇشچى» ئاتالغانىكەن.

كۈلدە كۆمەش پۇشۇرغان،
ناسىر كامغا ئوق تەگدى.
قىساس ئوتى يامان ئىكەن،
دۈشمەننى سادىر يەڭدى.

دېگەن قوشاقنى ئالساق، بۇ قوشاقتا تىلغا ئېلىنغان ناسىركام كىم؟ ئېنىقلىشىمىزچە، ھۈسەيىن پوپۇشچىنىڭ ناسىر ۋە مەمخان ئاتلىق ئىككى ئوغلى بولغانىكەن. سادىر پالۋان ياموۇلدىن «كۆزنى ئېچىپ چىققان» دىلا، بۇ ئىككىسى ئۇنىڭ توپىغا قوشۇلغان ۋە جەڭلەردە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى ئۈچۈن ناسىر پالۋان، مەمخان پالۋان⑮ دەپ ئاتالغان. سادىرنىڭ «كۈلدە كۆمەچ پۇشۇرغان» ئاكىسى مۇشۇ ناسىردۇر.⑯

سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى پەرق ئېتىشتە مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئالامەتلەرنىڭ يەنە بىرى شۇكى، خۇددى كىلاسسىك شائىرلار ئۆز شېئىرلىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۆزىنىڭ نامىنى ياكى تەخەللۇسىنى يېزىپ قويغاندەك، سادىر پالۋانمۇ بەزى قوشاقلىرى ئىچىگە ئۆزىنىڭ نامىنى قوشۇپ ماڭىدۇ. بۇ قېتىم ئېلان قىلىنغان قوشاقلار ئىچىدىمۇ بىز بۇ خۇسۇسىيەتنى ئۇچرىتىمىز.

* * *

يىغىپ ئېيتقاندا، سادىر پالۋاننىڭ ئىلگىرى ئېلان قىلىنىپ كېلىۋاتقان قوشاقلىرىدا سادىر زۇلۇمغا قارشى ئاتلىنىپ چىققان كۈندىن ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغىچە بولغان ئىشلار ۋە قوزغىلاڭ دەۋرىدىكى قىسمەن ۋەقەلەر بايان قىلىنغان بولسا، بۇ نۆۋەت تېپىلغان قوشاقلار ئىچىدە ئەشۇ ۋەقەلەرنىڭ كەم ئورۇنلىرىنى تولدۇرغان قوشاقلار بولۇش بىلەن بىللە 1864-يىلىدىن باشلانغان ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكى، خەلقنىڭ قانلىق باستۇرۇشتا چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن چاررۇسىيە جاھانگىرلىكى ئوتتۇرىسىدىكى شەرمەندە بىرلىك، ئىلى خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈنلەر،

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى بىرلىشىپ، دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىش قاتارلىق كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاجايىپ قوشاقلارنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز.

خەلق قەھرىمانى سادىر پالۋان ئۆمۈر بويى قوشاق ئېيتقان. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمۈر تارىخىنى، ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى قوشاققا قېتىپ يورۇتۇپ بەرگەن. لېكىن بىزنىڭ سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى ئۆگىنىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز، هازىرچە خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى يىغىپ رەتلىشىمىز يېتەرلىك بولمىدى. دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقى ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم قوشاقلارنىلا تەكرار نەشر قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالدۇق. بىز سادىرنىڭ ئۆز ۋەتىنى، ئۆز يۇرتىدا ياشاپ تۇرۇپ، بۇ ساھەدە تېخى ھېچقانداق تەتقىقات، ئىزدىنىش ئېلىپ بارمىدۇق دېسەك مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز، سادىر پالۋاننىڭ نەۋرىسى هاشىر ئاكا ئېلان قىلىشقا سۇنغان يېڭى تېپىلغان سادىر پالۋان قوشاقلىرىنىڭ ئەسلى توپلىغۇچىسى موللا ھەمراھ كاتىبى «سادىرنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى بىلەن قويۇق بېرىش ـ كېلىش قىلغان، بىر مەزگىل مۇشۇ يۇرتتا ئىمام بولۇپ تۇرغان» دەپ ئىسپات قىلدى. بىز: «ھە، موللا ھەمراھ كاتىپى بۇ قوشاقلارنى سادىر پالۋاننىڭ ئۆز يۇرتى، ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ يىغقانىكەن» دېگەن تونۇشقا كەلدۇق. سادىرنىڭ يۇرتى ھېلىمۇ يۆتكىلىپ كەتمەي ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ، پالۋاننىڭ نۇرغۇن ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى ۋە ھۆرمەتلىك مويسىپىتلار ھېلىمۇ هايات ياشاۋېتىپتۇ. مەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلىغۇچى، تەتقىق قىلغۇچى يولداشلارنىڭ ئەينى يىللاردا موللا ھەمرا كاتىپى ئىشلىگەن ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. خەلق – بىر مېۋىلىك دەرەخ. بىز ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئېتەك تۇتۇشقا ئېرىنمىسەكلا، ئېتەكلىرىمىز قۇرۇق قالمايدۇ. ئەھۋالنى بىلىدىغان پېشقەدەملەرنىڭ هايات ۋاقتىنى غەنىمەت بىلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ئىجتىھات قىلىشىمىز لازىم.

تەقدىم قىلىنغان يېڭى قوشاقلار ئۈستىدىكى مۇلاھىزەمنى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتۇرۇش بىلەن سادىر پالۋاننىڭ هاياتى ھەققىدىكى بەزى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھۆرمەتلىك كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

1. ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر ئىش ـ سادىر پالۋان قاچان تۇغۇلغان، قانچە يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى مەسىلە. سادىر پالۋاننىڭ

ئۆمۈر باياناممىسى بىرگە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان ئوقۇش كىتابلىرى ۋە ئەدەبىيات مەجمۇئەلىرىدىن مەلۇم. بۇ توغرىسىدا ئۆزىمىزنىڭ تەتقىق قىلىپ، ئېلان قىلغان نەرسىمىز يوق. يۇقىرىقى ماتېرىياللاردا سادىر پالۋان «1798-يىلى تۇغۇلۇپ 1871-يىلى 73 يېشىدا ۋاپات بولغان» دېيىلگەن. مۇشۇنى ئاساس قىلغاندا سادىر پالۋان 1864-يىلىدىكى قوزغىلاڭغا قاتناشقان ۋاقتتا 66 ياشقا كىرگەن ۋە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ 73 يېشىدا ۋاپات بولغان بولىدۇ. مېنىڭچە، سادىر پالۋان ئەلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ۋاقتىدا ئۈنچىلىك ياشىنىپ قالغان بولمىسا كېرەك.

سادىر ئۆز باللىرى توغرىسىدا ئېيتقان:

بولۇس ئاتلىق ئوغلۇم بار،
دادا دېيىشى تاتلىق.
خۇدا بەرگەن ئوغلۇم بار،
كىچىكى قىز -دانخان ئاتلىق.

دېگەن قوشىقىنى ئېسىمىزگە ئالساق، بۇ قوشاقتا تىلغا ئېلىنغان «خۇدا بەرگەن ئوغۇل» — سادىر پالۋاننىڭ ئىككىنچى ئايالى ھېمىدىخاندىن تۇغۇلغان كېرەمقۇلدۇر، كېرامقۇل سادىرنىڭ بەشىنچى ئوغلى، كېرەمقۇلنىڭ ھازىر ھايات ياشاۋاتقان ئوغلى ھاشىر ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە، كېرەمقۇلى 1942-يىلى 74 يېشىدا ۋاپات بولغانىكەن، بۇنىڭغا قارىغاندا، كېرەمقۇلى 1868-يىلى سادىر پالۋان 70 ياشقا كىرگەندە تۇغۇلغان بولۇپ چىقىدۇ. كېرەمقۇلدىن كېيىن يەنە سادىرنىڭ نۇرخان دېگەن قىزى بولغان⑰ بۇ ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بىر تەرەپ.

سادىر پالۋاننىڭ يېشى توغرىسىدىكى گۇماننى كۈچەيتىدىغان يەنە بىر تەرەپ-تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىزگە مەلۇمكى، ئەلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان موللا بىلال (1824-1899) قوزغىلاڭغا ئىشتىراك قىلغان مەزگىلدە 40 ياشلار ئەتراپىدا بولغان. سادىر پالۋاننىڭ قوزغىلاڭغا قاتناشقان ۋاقتىدىكى يېشى بىلەن موللا بىلالنىڭ شۇ ۋاقتىدىكى يېشىنى سېلىشتۇرغاندا، سادىر پالۋان موللا بىلالدىن 25 ياش چوڭ بولىدۇ. بۇ يەردە ئازمۇ ئەمەس، تولۇق بىر ئاتا - باللىق ياش پەرقى كېلىپ چىقىدۇ، لېكىن، سادىر پالۋاننىڭ قوشاقلىرىدىن بىز سادىرنىڭ موللا بىلالنى«ئۆز باغرىم»،«ئۇستازىم»،«موللا بىلال ئالدىدا ئوك كۆكسۈمدە قولۇم بار» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن تىلغا ئالغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ھازىر موللا توختىيۈزىدە تۇرۇشلۇق داۋۇتجان ئەخمەت ئوغلى، ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەردىن ئاۋاكرى ئاكا، ئارا ئۆستەڭلىك تۇرسۇن ئاخۇن ۋە قەيسەر ئاكا مەرھۇملاردەك سادىر پالۋان ۋەقەلىكىنى پىششىق بىلىدىغان زاتلاردىن«سادىر پالۋان بايانداي سېپىلىنى تەشكەندە 41 ياش ئىدى، ئۇ دورىنى كالىنىڭ ئۇچىيىگە قاچىلاپ پارتلاتقانىكەن» دېگەن گەپلەرنى قىلغانىكەن.

سادىر پالۋاننىڭ ئەۋلادلىرى ۋە جامائەت ئىچىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، سادىر پالۋان ئۇرۇشتىن كېيىن، سېپىل غولدىكى كۇزلەكنىڭ باش تەرىپىدە ئۆزلىرى ئۇچۇن خاڭ كولاۋاتقان چاغدا(كۇز پەسلىدە) تۇيۇقسىز يىقىلىپ، شۇكۇنى كەچتىلا ھەدىسىنىڭ ئۆيىدە ۋاپات بولغانىكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈلدىكى، سادىر پالۋان قېرىپ، قېرىلىق چۈشكىدە ياتمىغان. بۇ ئەھۋاللار سادىرنىڭ يېشىنى ئېلان قىلىپ كېلىۋاتقان ماتېرىياللار بىلەن زىت كېلىپ، بىزنىڭ پىكرىمىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردا، سادىر پالۋاننىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىلى قانداق ئاساسلارغا تايىنىپ بېكىتىلگەن؟ بۇ تەرىپى بىزگە قاراڭغۇ، ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان قوشاقلار ئىچىدە، چارروۋسىيىگە ئائىت بىرەر كۆپلېتمۇ قوشاق يوق. بۇ ئەھۋال كىشىنى تېخىمۇ ئەجەپلەندۈرىدۇ.

2. سادىر پالۋان ھەرگىز بەزىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك ساۋاتسىز، قارا كۈچ ئىگىسىلا ئەمەس، سادىرنىڭ قوشاقلىرىدىن، ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى شائىر ۋە بىلىملىك زاتلار بىلەن قىلغان بېرىش ـ كېلىشلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق ئادەملىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. سادىر پالۋان ئۆز دەۋرىنىڭ يىراقنى كۆرەر كۆزەتكۈچىسى، چوڭ سىياسىيون، ئۇرۇشنىڭ « توققۇزى رەڭ، بىرسى جەڭ» لىك قانۇنىيىتىنى ئىگىلىگەن ھەربىي قوماندان.

---

ئىزاھات:

① ھوسۇل – چىڭ ھاكىمىيىتى دەۋرىدە دېھقانلاردىن ئېلىنىدىغان دېھقانچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بېجى.

② ئەخمەتبەگ ـ ئىلىدىكى مەشھۇر ئۇستەكلەرنىڭ بىرى «ئاق ئۆستەڭ» نى چاپتۇرغان چوروق ھېكىمنىڭ ئوغلى.

③ ن.ن.پانتوسوف «كىتاب غازات دەرمولكى چىن» 3 ـ بەت، قازان، 1877 ـ يىل.

④ «قازاق ئېلى» ژۇرنىلى، 1948 ـ يىلى، يانۋار سانىدىن.

⑤ بەيتۇللا مەسچىتى ـ ئىلىدىكى مەركىزىي جامە.

⑥ خاتىپ ـ چوڭ مەسچىت، جامەلەردە خۇتبە ئوقۇغۇچى.

⑦ «چىڭ ئوردىسىنىڭ ھەقىقىي خاتىرىلىرى» 4776 ـ بەت.

⑧ دابقۇر ـ قېتىم مەنىسىدە.

⑨ «ئىلى تارىخى» 43 ـ بەت. ئىمىنجان باھاۋۇدۇن.

⑩ «ئىلى تارىخى» قولىيازما، 44 ـ بەت، ئىمىنجان باھاۋۇدۇن.

⑪ تۇڭچى ـ تەرجىمان.

⑫ «ئىلى تارىخى» قولىيازما، 61 ـ بەت، ئىمىنجان باھاۋۇدۇن.

⑬ سادىر پالۋان قوشاقلىرىدىكى مانجۇ چىڭ ھۆكۈمىتىنى، ئورۇس چارروسىيىنى كۆرسىتىدۇ.

⑭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، «موللابىلال بىن موللا يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا»، شېرىپىدىن ئۆمەر

⑮ ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىدا 40 كىشىگە پالۋان نامى بېرىلگەن.

⑯ ناسىرنىڭ لەقىمى«توشقان». ئۇنىڭ نىزام ھاجى پوپۇشچى دېگەن ئوغلى ـ 1935 ـ يىلى ئەتراپىدا ھازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق ساقچىنىڭ ئارقىسىدىكى مەھەللىدە ۋاپات بولغان.نىزام ھاجى پوپۇشچىنىڭ قىزى زورەم غۇلجا شەھەر« شەرق مەھەللە» دە،غۇلجا شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق ئەخمەت پەرەڭ، ئۆمەرجان سابىرى «توشقان»، ياقۇپ ئايۇپ،جالالىدىن جارۇللالار يۇقىرىقى پوپۇشچىلار ئەۋلادلىرىدۇر.

⑰ سادىر پالۋان قوشاقلىرىدا تىلغا ئېلىنغان «كىچىكى دانىخان» سادىر پالۋاننىڭ بېقىۋالغان قىزى.

# جاڭ پېيۈەننىڭ ئىلىدىكى ئۆكتەملىكى ۋە ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈشى

سىدىق ئىمىن

مەن 1909-يىلى قورغاس ناھىيىسىنىڭ كۈرە يېزىسىدا تۇغۇلۇپ تاكى بۈگۈنگىچە شۇ يەردە ياشاپ كېلىۋاتىمەن. 80 يىلچە ياشىغان ئۆمرۈمنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان چاغلىرىمنى ئىجتىمائىي ئىشلارغا قاتنىشىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. بۇنىڭ ئىچىدە جاڭ پېيۈەننىڭ تەۋەككۈلچىلىك، مەنسەپپەرەسلىك ۋە تالان - تاراج قىلىش ھەرىكەتلىرى سۆڭەك - سۆڭىكىمگە تۆمۈر تامغىدەك بېسىلىپ، كۆڭلۈمگە مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز قالدۇرغانىدى. شۇڭا ئۇنى ئاشكارىلاش ھەمدە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئەشۇنداق ئەبلەخلەردىن ساقلىنىشىدا ساۋاق قىلىشىنى مەقسەت قىلىپ مۇشۇ ماقالىنى يېزىۋاتىمەن. بايان قىلغان ۋەقەنىڭ ئومۇمىي جەريانى مۇشۇنداق بولغىنى بىلەن بۇنىڭدا چۈشۈپ قالغان، يوزە كېتىپ قالغان يەرلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئارىلىقتا 50 يىل - يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. مۇشۇنداق ئۇزاق مۇرەككەپ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ئارقىسىدا خاتىرەمدىكى بەزىبىر مەسىلىلەرنىڭ ئۇنتۇلۇپ قېلىشى تۇرغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى ئىشلارنى باشقىلاردىن سوراپ ئۇقۇپ يازدىم، شۇ سەۋەبتىن كىتابخانلاردىن ماقالىنىڭ چولتا قالغان - تولۇق بولمىغان يەرلىرىگە تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاڭ پېيۈەننىڭ خىزمەت تارىخى، شېڭ شىسەيدىن بۇرۇنقى خىزمەتلىرى، جىن شۇرېن مەزگىلىدىكى ئورنى، جىن شۇرېن ئاغدۇرۇلۇپ شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىنكى پوزىتسىيىسى، كۈرەگە كەلگەندىن كېيىنكى ئىپادىسى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا باشقىلار كۆپرەك توختالغانىدى، مەن ئۇنىڭغا قوشۇلىمەن. ئۇنى تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن.

گېنېرال نيۇشى 1928-يىلى كۈرەدىكى جېن شۇشىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كۈرەدىكى «يۇنىەن خۇيگۇەن» دەپ ئاتىلىدىغان خۇسۇسىي داچىسىدا بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يىل دەم ئېلىپ، بۆيرۇق كۆتۈپ ياتتى، 1929 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىكى ھۆكۈمەت ئۇنى قارا شەھەرگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن بۆيرۇق چۈشكەندىن كېيىن، بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ بىراقلا كۆچۈپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن جىن شۇرېن جاڭ پېييۈەننى مۇئاۋىن دۇتۇڭ(باش بۇغ)، ئىلى تۇنكېنشى(بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋالىيسى) ۋە جىڭبېي سىلىڭ (گارنىرون قوماندانى)دىن ئىبارەت ئۈچ مەنسەپ بىلەن كۆرەگە ئەۋەتتى. ئۇنىڭ مەھكىمىسىنىڭ ۋىۋىسكىسىغا «مۇئاۋىن دۇتۇڭ،ئىلى تۇنكېنشى، جىڭبېي سىلىڭبۇ» دەپ يېزىلغانىدى، نيۇشى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، جاڭ پېييۈەن ۋەزىپىگە ئولتۇرغانغا قەدەر سىلىڭيۈەنلىك ۋەزىپىسىنى ئىلى چېگرا رايون ئاتلىق پولك پولكوۋنىكى پەن چى ۋاقىتلىق ئۆتەپ تۇرغانىدى.

جاڭ پېييۈەن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ۋاقىتلىق سىلىڭيۈەن پەن چىگە تېلېگراما يوللاپ:«مەن پالانى ئاينىڭ پالانى كۈنى كۆرەگە يېتىپ بارىمەن. تېلېگراممىنى ئالغاندىن كېيىن پۈتۈن ئىلى چېگرا رايوندىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلارغا، خەلق تەشكىلاتلىرىغا، ھەر مىللەت قەبىلە باشلىقلىرىغا، دىنىي كىشىلەرگە، سودىگەرلەرگە، دېھقان، چارۋىچىلار، مەكتەپلەرگە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، مېنىڭ يېتىپ بارىدىغانلىقىم ئۇقتۇرۇلسۇن» دەپ تاپشۇرغانىكەن. ۋاقىتلىق سىلىڭيۈەن پەنچى تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئىلى چېگرا رايونىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلارغا،خەلق تەشكىلاتلىرىغا، مەكتەپلەرگە، ھەربىي قىسىملارنىڭ لىيەندىن يۇقىرى ئورگانلىرىغا،ۋالىي مەھكىمە ۋالىيسى ۋە ناھىيە ھاكىملىرىغا، ھاكىمبەگ غوجا، مۇسابايلارغا، باباشوبقا، ھەرخىل شىركەتلەرگە، ئۆزبېك، تاتارلارنىڭ مۆتىبەرلىرىگە، خەنزۇ سودىگەرلەرگە، ئاخۇن، لامالارغا، قازاق، موڭغۇل،شىبە،داغۇر مىللەتلىرىنىڭ چوڭلىرىغا ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ، ئىلىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن جاڭ پېييۈەن(جاڭ زېمىن) دۇتۇڭ ۋە سىلىڭيۈەننىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ قارشى ئېلىش كېرەكلىكى، شەرت شارائىتى بار ئىدارە، جەمئىيەتلەر جىڭ، داخىيەنزىگە قەدەر بېرىش، قالغانلار سۈيدۈڭ ـ كۆرە ئارىلىقىدا كۈتۈۋېلىش چېدىرلىرىنى تىكىپ، ئىدارە، جەمئىيەت، مەكتەپلەر ئالاھىدە تەييارلىق قىلىپ چوڭ يول ئۈستىدە، يۇقىرىلار يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سەپ تارتىپ قارشى ئېلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا جىددىي بۇيرۇق چۈشۈردى.بۇيرۇق چۈشكەندىن كېيىن ئىلى رايونى بويىچە ھەربىي، مەمۇرى ئەمەلدارلار، قەبىلە باشلىقلىرى، ئاقىلاقچى، زەڭگى، ئۇكۇرداي،ئىلگداي، يۇرت ئاقساقاللىرى، مەكتەپلەر، ئىدارە، جەمئىيەتلەر ھەرىكەتكە كېلىپ، ھەممىسى

كۆرەگە كېلىپ توپلاندى. شەھەر ناھايىتى كاتتا زىننەتلەندى، بايراقلار ئېسىلىپ، چوڭ كوچىلارغا زىننەت دەرۋازىلىرى ياسالدى. بىر قانچە مىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر، توپچى قىسىملار، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سۈيدۈڭ-كۆرە ئارىلىقىدىكى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سانجاق سەپ تۈزۈپ تۇردى. پۇقرالارمۇ سەپ تارتىپ تۇرۇشتى، سائەت 10 مەزگىلىدە جاڭ پېيۈەن يۈزلىگەن مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر قوغدىشى بىلەن دوخۇۋوي مۇزىكا ساداسى ئىچىدە كۆرەنىڭ سىرتىغا يېتىپ كېلىپ، كۆرە سىلىڭبۇسى تەييارلاپ چىققان ئەينەكلىك كالاسكا ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ھەربىيلەرگە، مەمۇرىي خادىملارغا ھەربىيچە سالام بېرىپ ماڭدى. قىسمەن ئورگانلارنىڭ كۈتۈۋېلىش چېدىرىغا چۈشكەندىن باشقا، قالغانلىرىغا چۈشمەيلا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇدۇل ماڭغان پېتى كۆرە شەھەر سېپىلىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىدىن شەھەرگە كىردى. شەھەر ئىچى شەرقىي چوڭ كوچىدىكى جىن شۇشى مەھكىمىسى (بۇرۇنقى گېنېرال مەھكىمىسى)گە چۈشۈپ ئورۇنلاشتى. ئۇ خىزمەتكە كىرىشكەندىن كېيىن، پۈتۈن ھەربىي، مەمۇرى ئەمەلدارلارنى بىر قۇر رەتلىدى، بەزىلىرىنى مەنسەپتىن ئېلىپ تاشلىدى، بەزىلىرىنى يېڭىدىن مەنسەپكە قويدى، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ شىڭ شىسەيگە قارشىلىق بىلدۈرۈش ئىپادىلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ كۆرەدە تۇرۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ماجۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى يېقىن سەپدىشى ياڭ زىخۇي بىلەن (جاڭ پېيۈەن بۇرۇن ياڭ زىخۇي بىلەن بىرگە ئىشلىگەن بولۇپ، ھەر ئىككىسى جىن شۇرېن دەۋرىدە ئۇرۇش سېپىدە قوماندان بولغانىكەن) ئاستىرتىن تىل بىرىكتۈرۈپ، شېڭ شىسەيگە قارشى مەخپىي ھەرىكەت پىلانى تۈزگەنىكەن. بۇ ئۈچ كىشى ئەسلى جىن شۇرېن دەۋرىدىكى ئۇرۇش قوماندانلىرى بولغاچقا، جىن شۇرېن ئاغدۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي شىنجاڭدا تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن بۇ ئۈچ قوماندان تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ئۆز ئارا بىرلىشىپ، جەنۇبتىن ماجۇڭيىڭ، ئۈرۈمچىدىن ياڭ زىخۇي، ئىلى تەرەپتىن جاڭ پېيۈەن كۈچ توپلاپ ئۈچ تەرەپتىن شېڭ شىسەيگە ھۇجۇم قىلىپ، شېڭ شىسەينى ئاغدۇرۇپ، ئۈرۈمچىنى بېسىۋېلىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش يولىدا چوڭ پىلان تۈزۈپ ھەرىكەت قوزغىدى. ئۈرۈمچىدىن چۈشۈرۈلگەن بۇيرۇق- پەرمانلارنى ئىجرا قىلماي رەت قىلدى، شۇنداق قىلىپ جاڭ پېيۈەن ئۈرۈمچىگە قارشى ھەربىي يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن ئوچۇق-ئاشكارا تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى.مۇشۇ جەرياندا ماجۇڭيىڭنىڭ مەخپىي ئاخباراتچىلىرى مۇز داۋان ئارقىلىق بىر نەچچە قېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆرەگە كېلىپ، مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، يەنە شۇ مۇز داۋان بىلەن قايتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەدە كۆرگەنلەر بار ئىدى. جاڭ پېيىۋەن ئەلى چېگرا رايونىدىكى زاپاس ئەسكەرلەرنى، كۆرەدىكى ۋە چېگرادىكى پىيادە، ئاتلىق ۋە توپچى قىسىملارنى قايتىدىن رەتلەپ، قوراللاندۇرۇپ مەشىق قىلدۇردى. شىڭ شىسەي بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا شىخو، ماناس قاتارلىق جايلارنى تاللاپ،شىخونى ئالدىنقى سەپ فرونت قىلىپ بېكىتتى. ئالدىنقى سەپكە ھەربىي قورال-ياراغ ۋە باشقا ئەسلىھەلەر، ئاشلىق تەمىناتلارنى ماڭدۇرۇشقا باشلىدى. ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى شىخودا قۇرۇلدى. ئارقا سەپ قوماندانلىق شتابىغا جاڭ پېيىۋەن ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلدى. ئارقا سەپتە پۈتۈن ناھىيە، شەھەرلەردىكى ئات، ئۆكۈز ھارۋىلىرى، ئات-ئۇلاغلار تىزىمغا ئېلىنىپ، ئاشلىق، يەم-خەشەك ۋە قورال-ياراغ، ئوق-دورىلار ئالدىنقى سەپكە توشۇلۇشقا باشلىدى. ئون مىڭلىغان ئاتلىق، پىيادە قىسىملار، توپچى قىسىملار، ئاتلىق،پىيادە ۋە ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۈزۈلمەي يولغا چىقماقتا ئىدى. شەھەر، يېزا-قىشلاقلاردا چاپارمەنلەر، خەلق ئەسكەرلىرى دېھقانلارغا ئېغىر ئالۋاڭ-ياساق سېلىپ، خەلقنى كېچە - كۈندۈز قوغلاپ، ئاشلىق، يەم - خەشەك،ئوق-دورىلارنى ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈشكە مەجبۇرلاپ، ئۇرۇپ - سوقۇپ زۇلۇم قىلماقتا ئىدى، چوڭ قوشۇن شەھەردىن ئۆزاپ كەتكەن، توپچى قىسىملار كاتتا زەمبىرەكلەرنى ئاتقا سۆرۈتۈپ كېتىۋاتاتتى. بەزىلىرى چاقلىق پىلىموت-مىناميوتلارنى ئاتلارغا ئارتىپ، خوشياقمىغاندەك ئاستا يۇرۇۋاتاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 16 ئاتقا سۆرۈتۈلگەن چوڭ كالىبىرلىق زەمبىرەكلەرمۇ بار ئىدى. بۇ چوڭ زەمبىرەكلەر كۆرەگە قانداق كېلىپ قالغان؟

1917-يىلى سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، چار پادىشاھ ھاكىمىيىتى زاۋالغا يۈز تۇتقان ۋاقىتدا، چارروسىيىنىڭ گېنېراللىرىدىن ئاتامان دۇتوپ بىلەن ئەينىكوۋلار بىر قانچە مىڭ كازاك قوشۇنلىرىنى باشلاپ قېچىپ قورغاس چېگرا بويىغا كېلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن پاناھ تىلەپ چېگرىدىن ئۆتۈپ كىرىشنى تەلەپ قىلغان، كۆرەدىكى گېنېرال نيۇشى بۇ تەلەپنى ئۇرۇمچىگە مەلۇم قىلغاندا، ئۇرۇمچىدىكى ھۆكۈمەت: «ئۇلار جۇڭگو زېمىنىغا ئۆتۈپ پانالىنىشقا بولىدۇ، لېكىن چېگرىدىن كىرگۈزگەندە پۈتۈن قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ قورالسىزلاندۇرۇش شەرت. باشقا ھەربىي لاۋازىمەتلىرىنىمۇ تاپشۇرۇشى شەرت. ئاندىن چېگرىدىن كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. چېگرىدىن كىرگەندىن كېيىن ئاددىي پۇقرا قاتارىدا بولىدۇ، بىز جۇڭگو زېمىنىدا

غەيرىي ھەربىي ئىشلار ۋە كەسپلەر بىلەن جان بېقىشقا يول بېرىمىز. ئەگەر مۇشۇ شەرتكە ماقۇل بولسا، بارلىق ئۇرۇش قوراللىرى، ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى تىزىملاپ رەسمىيەت بويىچە چېگرىدىن كىرىشكە رۇخسەت قىلىنسا بولىدۇ» دەپ تېلېگراما بىلەن يوليورۇق بەرگەن. تېلېگراممىدا يەنە: «بۇ قورال - ياراغلارنى كۆرە گېنېرال مەھكىمىسى تاپشۇرۇپ ئالسۇن، كۆرە توپچى قىسىملار باشلىقى دېڭ زوجېن كۆرە جەنۇبىي قورال ئىسكىلاتىدا (توپچى قىسىم ئىسكىلاتى) مەخسۇس مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلىسۇن» دېيىلگەن. مۇشۇ بۇيرۇق بويىچە چاررۇسىيىنىڭ ئىككى گېنېرالىنىڭ قول ئاستىدىكى بارلىق قىسىملىرىنىڭ ھەربىي قورال - ياراغ، ئەسلىھەلىرى رەسمىي تىزىملىنىپ، دېڭ زوجېن مەسئۇللىقىدا تاپشۇرۇپ ئېلىنىپ، كۆرەدىكى جەنۇبىي توپچى قىسىم ئىسكىلاتىدا مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلانغان، قوراللارنى دېڭ زوجېن بىۋاستە باشقۇراتتى، گېنېرال نيۇشىمۇ ھەرقانداق شارائىتتا ئىشلەتمىگەنىدى. بۇ قوراللار ئىچىدە 16 ئاتقا سۆرىتىدىغان چوڭ كالىبىرلىق زەمبىرەكلەر، يېڭى تىپتىكى زەمبىرەكلەر، پارچىلاپ ئاتقا ئارتىلغان دالا زەمبىرەكلىرى، ئاتقا سۆرىتىلىدىغان چاقلىق پىلىموتلار، چاررۇسىيىدە ئىشلەنگەن بەشئاتار مىلتىقلار، ستانكىۋاي پىلىموتلار بار ئىدى، يەنە ئات قوشۇپ سۆرەيدىغان چاقلىق چوڭ ھەربىي قازانلار، تۆرلۈك ھەربىي ئەسلىھەلەر، نۇرغۇن يەشىكلەرگە قاچىلانغان زەمبىرەك، پىلىموت، مىلتىق ئوقلىرىمۇ بار ئىدى.

جاڭ پېيۈەن بۇ قورال-ياراغ ئىسكىلاتىغا قول تەككۈزۈپ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن چوڭ كالىبىرلىق زەمبىرەكلەر، پىلىموت، مىناميۇتلارنى ئېلىپ، ئاتقا سۆرىتىدىغانلارنى سۆرىتىپ، بەزىلىرىنى ھارۋىلارغا بېسىپ (ئۇ چاغلاردا ئاپتوموبىل يوق ئىدى) ئالدىنقى سەپكە ماڭدۇردى. جاڭ پېيۈەن ياڭ زېڭشىنى ئوتتۇرا فرونتقا قويۇپ، ئۆزى ئارقا سەپتە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلماقچى بولۇپ، ئومۇمىي ھەرىكەتنى باشلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ سەپەردە كېتىۋاتقان ئەسكەرلىرى، ئارقا سەپتىكى قىسىملىرى بارغانلا يېرىدە خەلققە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، بۇلاپ-تالاپ، ئۇرۇپ-سوقۇپ خەلقنى پاراكەندە قىلاتتى.

## جاڭ پېيۈەننىڭ ئۇرۇش تەۋەككۇلچىلىكى

جاڭ پېيۈەن ئىلىدا تۇرۇشلۇق بارلىق قوراللىق قىسىملارنى سەپەرۋەر قىلدى. ئۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



جەنۇبىي فرونت، ئوتتۇرا فرونت ۋە ئىلى ئارقا سەپ بولۇپ، ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ شىڭ شىسەينى مەغلۇب قىلىپ، ئاندىن ئىلىنى مەركەز قىلىش، شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت تەختىگە ئۆزى ئولتۇرۇشنى خام خىيال قىلىپ، ئۇرۇش تەۋەككۇلچىلىك مەيدانىغا چۈشتى. ماناس،شىخو ئالدىنقى سەپىدىكى ئون مىڭلىغان ئەسكەرلەر ئۈچۈن نەچچە مىليون جىڭ ئاشلىق، يەم ـ چۆپ، ۋە باشقا لازىمەتلەرنى يەتكۈزۈپ تۇرۇش كېرەك ئىدى. شۇ مەقسەتتە جاڭ پېييۈەن ئىلىنىڭ پۈتۈن ناھىيىلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق، يەم ـچۆپلىرىنى ئۆز ناھىيىسىدىكى ئات ـ ئۆكۈز ھارۋىلىرى بىلەن ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈشنى، بۇنىڭغا بويسۇنمىغۇچىلار بولسا قاتتىق جازالاشنى تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلار كېچە ـ كۈندۈز دېمەي ئات ـ ئۇلاغ ھارۋىلىرى بىلەن شىخو، ماناسقا قورال ـياراغ، ئوزۇق ـتۈلۈك توشۇشقا ئاتلاندۇرۇلدى. ئالدىنقى سەپكە يۈك توشۇپ بارغان دېھقانلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەربىي قىسملار تۇتۇۋېلىپ قايتۇرماستىن، قىسملارغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ مەجبۇرىي ئىشلەتتى ۋە ئات ـھارۋىلىرىدىن ئايرىپ قالدى.

كۈرە شەھىرىنىڭ جەنۇبىيقىسمىغا رەت ـ رەت قىلىپ سېپىلىنغان ئېگىز كاتتا ئىسكىلاتلارنى ئاشلىق بىلەن تولدۇرىۋەتتى. نەچچە مىليون باغ بېدە، ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەك تاغدەك دۆۋىلەندى. كۈرە شەھىرىدىكى «پوچەنخۇ» دەيدىغان چوڭ تىجارەت شىركىتىگە ۋە باشقا تىجارەتچىلەرگە يوقىلاڭ باھانە ـسەۋەبلەر بىلەن جەرىمانە قويۇپ، شەھەر سېپىلىنى رېمونت قىلدۇردى. ئۆز مەھكىمىسىنىڭ قورغان تاملىرىنى مۇستەھكەملىدى. ئەسكەرلەرنى قورال بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن كۈرەدە «جىزاۋجۈي ـ قورال ـياراغ ياساش ئىدارىسى» دېگەن بىر كارخانىنى قۇرۇپ، قىلىچ، نەيزە،قول بومبا ياساش ئۇستىلىرىنى يىغىپ كېلىپ، پىلتىلىق قول بومبا، كالتە قىلىچ، نەيزە قاتارلىق قوراللارنى ناھايىتى كۆپ ياساپ تەييارلىدى. ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇش ئېھتىماللىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، تارقاق كىيىم تىكىش كارخانىلىرىنى قۇرۇپ، كىيىم تىككۈچى ئۇستىلارنى يىغىپ، پاختىلىق كىيىم ۋە جۇگا (جۇۋا) قاتارلىقلارنى تىكتۇردى.بۇ تەييارلىقلار ئۈچۈن ئۇنىڭ خەزىنىسىدە يېتەرلىك پۇل يوق ئىدى، شۇڭا غۇلجىدىكى بايلاردىن پۇل قەرز ئېلىش پىلانىنىمۇ تۈزدى. يەنە بىر تەرەپتىن كۈرەدىكى باسمىخانىدا بەش يۈەنلىك قەغەز پۇل چىقىرىش تەييارلىقىنى ئىشلىدى. بۇ قەغەز پۇللار تېخى بازارغا چىقىرىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى (مەن شۇ چاغدا ئەشۇ باسمىخانىدا ئىشلەيتتىم.) تولۇق قوراللانغان ۋە تاللانغان ئەسكەرلىرىنى ئالدىنقى

سەپكە يولغا سېلىنغۇەتكەندىن كېيىن، ئارقا سەپتە قېرى ـ چۆرە يارامسىز دەپ شاللىنغۇەتكەن ئەسكەرلىرىنى قۇراشتۇرۇپ، كونا مىلتىق ـ قوراللار بىلەن قوراللاندۇردى. ئۇ چاغدا ناھىيىلىك ساقچى مەھكىمىسى كۇرەدە بولۇپ، رەتلەنگەن ساقچى قىسمىلىرىمۇ بار ئىدى. جاڭ پېيىۋەننى مۇھاپىزەت قىلىدىغان مەخسۇس ئاتلىق لىيەن بولۇپ، ئۇ 20 ياشتىن يۇقىرى، قاۋۇل خەنزۇ، مانجۇ،شىبە ياشلىرىدىن تەركىب تاپقانىدى. ھەربىي ماھارەتتە پىششىق تەربىيە كۆرگەن بۇ لىيەندىكىلەر قارا ئات مىنگەن، قارا ئىگەر جابدۇق بىلەن جابدۇنغان، قارا سوكنى كىيىم، قارا تېرە جۇۋا كىيگەن، ھەممىسى ياپون ماۋزۇرلىرى (ياغاچ قاپلىق چوڭ تاپانچا) ۋە ئەنگلىيىنىڭ قىسقا بەشئاتار مىلتىقىنى ئاسقان، دومبىسىگە يالىڭاچ قىلىچ قىستۇرغان، ئىگەرنىڭ غانجۇغىسىغا بىر قانچە ياغاچ ساپلىق قول بومبا ئاسقانىدى. ھەر ئىشتا غالىپ كەلگەندەك ئەلپازدا يۈرۈشەتتى. جاڭ پېيىۋەننىڭ ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سەپ ۋە ئارقا سەپ تەييارلىق ئىشلىرىنى شۇ تەرىقىدە جىددىي تۇتۇپ ئىشلىدى. ئەسكەرلەرنى ئالدىنقى سەپكە ماڭدۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي،جاڭ پېيىۋەن ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىدىغانلىق خەۋىرى تارقىلىشقا باشلىدى. ھەربىي ھالەتنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئارقا سەپ ئەسكىرى كۈچ جەھەتتە بوشاپ قالغانىدى. خەلق بۇ ھالدىن ئەنسىرەيتتى. ھەربىي ھالەت تەرتىپى بويىچە كەچ سائەت سەككىزدىن كېيىن ئەسكەرلەر مەھەللە ـ كوچىلاردا يۈرۈپ، ئۆتكەن ـ كەچكەن كىشىلەرنى تەكشۈرەتتى. بولۇپمۇ سېپىل سىرتىدا تەكشۈرۈش قاتتىق ئىدى. كەچ سائەت سەككىزدىن كېيىن خەلقلەر كوچىغا چىقمايدىغان، مەسچىتكە بارالمايدىغان بولدى. خەلق ئارىسىغا قويۇۋەتكەن تىڭچىلار كۆپ بولۇپ، كوچىدا توپلاشقان ياكى بىر نەچچە كىشى پاراڭلىشىۋاتقان بولسا، دەرھال تۇتۇپ قاماپ قوياتتى. شەھەرگە كۆمۈر، ئوتۇن،ياغاچ ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرگەن ياكى تۇغقان يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ كېپىل بولغۇدەك ئادىمى بولمىسا، ساقچى ئىدارىسى تۈرمىگە قاماپ قوياتتى. بەزى قامالغانلار ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنىدى.

ۋەزىيەت ئەنە شۇنداق جىددىيلىشىپ كەتكەن كۈنلەردە جاڭ پېيىۋەن ئۆزىنىڭ كۇرەدىكى مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ مەيداندا كاتتا يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىنغا ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار،ئىلى ۋالىيسىنىڭ ۋەكىلى، ناھىيە ھاكىملىرى، مەكتەپلەر، ھەر ساھە كىشىلىرى بولۇپ بىر قانچە مىڭ كىشى قاتناشتى. يىغىن سەھنە ئەتراپى جاڭ پېيىۋەننىڭ مۇھاپىزەتچى قىسىملىرى ۋە ساقچى قىسىملىرى تەرىپىدىن قورشالغان، سەھنىدە جاڭ پېيىۋەن ۋە بىر قانچە ئوفىتسېرلار، شتاب

www.uyghurkitap.com



باشلىقى، مەسلىھەتچىلەر، ناھىيە ھاكىملىرى ئورۇن ئالغان، يىغىن بىر تۇرلۇك سۇرلۇك تۇس ئالغانىدى. يىغىن باشقۇرغۇچى يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: « يىغىن باشلاندى.يىغىن ئاخىرلاشقىچە ھەرقانداق كىشى ئورنىدىن قىمىر قىلماي ئولتۇرۇشى، مەيلىچە كېتىپ قالماسلىقى لازىم، ھازىر جاڭ سىلىڭيۈەننى سۆزگە تەكلىپ قىلىمىز...» دېدى. دوخۇۋوي مۇزىكا چېلىندى. جاڭ پېيىيۈەن مەغرۇر قىياپەتتە سەھنە ئالدىدىكى ئۇستەلنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ماشرەڭ ھەربىي شەپكىسىنى ئېلىپ ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە قويدى ۋە چېچىنى بىر نەچچە قېتىم سىلاپ قويۇپ ئاندىن سۆز باشلىدى. سۆزىنى باشلاپلا شېڭ شىسەينى قاتتىق سۆكۈپ ھاقارەتلىدى: «شېڭ شىسەي ئوغرى، ھاكىمىيەت بېشىغا ئۆزى چىقىۋالدى. ئۇنى ھېچكىم سايلىغان ئەمەس. بىز ئۇنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا تەختكە ئولتۇرۇشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك. پات ئارىدا بىز ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى يوقىتىمىز. ھازىر ئوتتۇرا سەپتە ياڭ زېخۇي شېڭ شىسەيگە تاقابىل تۇرۇۋاتىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا ماجۇڭيىڭمۇ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش تەييارلىقىنى ئىشلەپ بولدى. مەن كۈچلۈك قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە ماڭدۇردۇم، ھازىر قىسىملىرىمىز ۋە ئۇرۇش تەمىناتلىرىمىزنىڭ ئايىغى تېخى سەنتەيدىن ئۆتۈپ بولغىنى يوق. نەچچە مىليون جىڭ ئاشلىق تېخى كورەدە تۇرۇۋاتىدۇ. نەچچە مىليون باغ بەدە-چۆپ يەتكۈزۈلۈپ بولمىدى. ئەشۇ نەرسىلەرنى بىر ئاي ئىچىدە شىخو، ماناسقا يەتكۈزۈشىمىز شەرت، بۇنىڭغا قىلچە بوشاڭلىق قىلىشقا ۋە كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. ھەربىر ھاكىملار جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، بۇ خىزمەتنى ۋاقتىدا ئورۇنداشلىرى كېرەك. ئەگەر بىپەرۋالىق قىلغۇچىلار بولسا، ھەربىي تۈزۈم بويىچە جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.» جاڭ پېيىيۈەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: «ئاڭلىشىمچە بەزى ناھىيە ھاكىملىرى <ھازىر تۆۋىمىزدىكى ئات-ئۇلاغلار، ھارۋىلار ئالدىنقى سەپكە كېتىپ بولدى. تېخى قايتىپ كەلمىدى، ھازىر قىشلاقلاردا بىرمۇ ئات-ئۇلاغ تاپقىلى بولمايدۇ. ئات مىنگەن ئادەمنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ، بىز قانداق يەتكۈزىمىز> دېيىشكۈدەك. بۇ سۆزلەر سەۋەب بولالمايدۇ. بۇيرۇقنى چوقۇم ئىجرا قىلىش كېرەك.» جاڭ پېيىيۈەن غەزەبلىنىپ مۇنداق دېدى: «ھە! ئىلىدا ئات-ئۇلاغ، قاتناش ۋاستىلىرى تۈگەپ كەتكەن بولسا، ئادەم يوقمىكەن، بىر ئادەم بەش باغدىن بەدە ـ چۆپنى يۇدۇپ ماڭسا، 1000 ئادەم 5000 باغ بەدە ـ چۆپنى يەتكۈزەلمەمدۇ؟! 20 جىڭدىن ئاشلىق كۆتەرسە،20مىڭ جىڭ ئاشلىقنى يەتكۈزەلمەمدۇ؟! بۇ قاتناش

قورالى ئەمەسمۇ! شۇڭلاشقا ھەرقانداق باھانە-سەۋەب كۆرسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ.» ئۇ ۋاقىراپ- جارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ غەزەب بىلەن توۋلىدى. «مەن ئالدىنقى سەپكە بارغاندىن كېيىن ھۇجۇم باشلايمەن. كۆپ بولسا بىر ئايغا قالماي شىڭ شىسەينى ئاغدۇرۇپ، ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلىپ،ئىلىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلىنى مەركەز قىلىمەن.شۇڭغىچە سىزلەر جاپاغا چىداپ بۇيرۇقنى ئورۇندىشىڭلار لازىم» دېدى. ئۇنىڭ سۆزىدىن كېيىن سۇيدۇڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى(ئىسمىنى ئەسلىيەلمىدىم) ھاكىملارغا ۋاكالىتەن سۆزگە چىقىپ، جاڭ سىلىڭيۈەننىڭ سۆزىنى قوللاپ، ماختاپ بىر مۇنچە سۆز قىلىپ كۆككە كۆتۈردى. «جاڭ سىلىڭيۈەن چوقۇم شىڭ شىسەينى ئاغدۇرۇپ، ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلىدۇ،چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، بىز ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇندايمىز» دېدى. بۇ يىغىندىن كېيىن خەلق ئارىسىدا چوڭ تەشۋىش پەيدا بولدى. «ئەگەر ئادەمگە كۆتەرتىپ ئۇ نەرسىلەرنى ئالدىنقى سەپكە توشۇغۇزىدىغان بولسا، بۇ قەھرىتان قىشتا تۈگىشىدىغان بوپتۇق» دېيىشىپ، جاڭ پېييۈەنگە خۇدادىن بالا تىلىدى. جاڭ پېييۈەننىڭ يىغىندا قىلغان سۆزى ھەش - پەش دېگىچە پۈتۈن ئىلىغا پۇر كەتتى.

## غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ كۈرەگە كېلىشى

جاڭ پېييۈەننىڭ كۈرەدە ئاچقان يىغىنى غۇلجا ئاھالىسى ئىچىدە قاتتىق ئەكس تەسىر قوزغىدى. غۇلجا شەھىرىدىكى ياڭ خۇيجاڭ، تۇداخۇنبايلار باشچىلىقىدىكى ئىلى سودىگەرلىرى جەمئىيىتى يىغىن ئېچىپ، جاڭ پېييۈەننىڭ شىڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقى، بۇ ھەقتە كۈرەدە چوڭ يىغىن ئاچقانلىقى، جاڭ پېييۈەن پات ئارىدا ئالدىنقى سەپكە ماڭىدىغانلىقى، ھازىر ئۇرۇش تەييارلىقى تۈپەيلىدىن خەلققە ئىنتايىن ئېغىرچىلىقلار ۋە خەۋپ-خەتەر كېلىۋاتقانلىقى قاتارلىق جىددىي مەسىلىلەر ئۈستىدە جىددىي مۇزاكىرە قىلدى. ھەممە كىشىلەر بىر ئېغىزدىن مۇنداق قارارغا كەلدى: «بىز ھەرمىللەت ۋەكىللىرىنى سايلاپ كۈرەگە بېرىپ، فۇڭلىڭدۈي ئامبالنى تېپىپ مەسلىھەت ئالايلى. شۇ ئارقىلىق جاڭ پېيىۈەن بىلەن كۆرۈشۈپ ئۈرۈمچى بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىق، ئۇرۇشنى توختىتىش ۋە ئۆزىنىڭمۇ ئۈرۈمچىگە بارماسلىقى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرەيلى. ئىلاجى بولسا ئۇرۇشنى توختىتىشقا ماقۇل كەلتۈرەيلى» دېيىشتى. كۈرەگە ئەۋەتىلىدىغان ۋەكىللەرنىڭ ئىسمىلىكى بېكىتىلدى. ۋەكىللەر غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە

كىشىلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىدى: ياڭ خۇيجاڭ باشچىلىقىدىكى خەنزۇ تىجارەتچىلەر، ئۇيغۇرلاردىن هاكىمبەگ غوجا، تۇداخۇنباي، رەخىمجان سابىر هاجى، شېرىپىدىن داموللا، ئەنۋەر مۇسابايوفلار، تاتارلاردىن پاتىخ ئاللاياروپ، غىلاجىدىن باي، كامالىدىن، ۋاققاس هاجى، خۇيزۇلاردىن يۇسۇپ هاجى، كېرىم هاجى، سۆسەر هاجى، مائاخۇن، ئۆزبېكلەردىن مىرزاپ باي، مۇنەۋۋەرباي، ۋە باشقىلار بولۇپ 40 نەچچە كىشى ئىككى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كۇرەگە كېلىدۇ. ئۇلار كۇرەگە كەلگەندىن كېيىن كۇرەدىن ئىبراھىم شاڭزۇڭ، شاڭ جىڭباڭ خۇيجاڭ قاتارلىق كىشىلەر بۇلارغا قوشۇلىدۇ. كۇرەدە مەنچىڭ دەۋرىدىن تارتىپ هەر دەۋردىكى هاكىمىيەت تۇتقۇچىلارغا مەسلىھەتچى بولۇپ كەلگەن، ئۇقۇمۇشلۇق، يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بىر شىبە ئامبال ـ فۇڭ لىڭدۇي ئامبال دېگەن كىشى بار ئىدى. جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ كۇرەدە هاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرغان ياڭ نيۇشى ۋە جاڭ پېييۇەن قاتارلىق گېنېراللارغىمۇ مەسلىھەتچى بولۇپ كەلگەنىدى. شۇ چاغدا بۇ كىشىنىڭ يېشى 80 دىن ئاشقان. ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان بولسىمۇ، هۆكۈمەت باشچىلىرى ئۇ كىشىنى ئالاهىدە هۆرمەت قىلاتتى. چوڭ ـ چوڭ ئىشلاردا شۇ كىشىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالاتتى. بۇ كىشى خەنزۇچە ئالىي مەلۇماتلىق، بىلىمى يۇقىرى، تەجرىبىسى مول، ئۇيغۇرچە سۆزگىمۇ ئۇستا،راۋان سۆزلەيتتى.بۇ ئامبال 1930 ـ يىلى كۇرەنىڭ شىمالىدىكى چوڭ يول بويىغا بىر كاتتا مېۋىلىك باغ بىنا قىلغانىدى. باغ ياساشتا غۇلجىدىكى ئۆزبېك مىرزاپ باينىڭ مەسلىھەتى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن هەرخىل ياخشى سورتلۇق ئالما كۆچەتلىرىنى ئالدۇرۇپ باغقا تىككەن، مىرزاپ باي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەنە 12 تۇپ دۇپ دەرەخ كۆچىتى ئالغاچ كېلىپ، شۇ باغنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىنىڭ يول بويىغا تام ياقىلىتىپ قويغانىدى. (تارىختىن ساۋادى يوق بىراۋلار بۇ دۇپ دەرەخلەرنى «لىن زېشۇي تىككەن» دەپ خاتا هۆكۈم چىقارماقتا. مۇھەررىردىن ئىزاهات) 1945 ـ يىلى كۇرە ساقچى ئىدارە كادىرلىرىدىن تۇرسۇن هاپىز، تۇرسۇن سايىتلار مۇشۇ باغنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىككى يىل باشقۇرغان چاغدا، بۇ دۇپ دەرەخلىرى بار ئىدى. هازىر شۇ دۇپ دەرىخىدىن تۆت تۇپ دەرەخ ناهايىتى چوڭ بولۇپ، هەيۋەت ئۆسكەنلىكىنى كۆردۈم. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان فۇڭ ئامبال كۇرەدە تۇنجى قېتىم مېۋىلىك باغ بىنا قىلىپ، چەت ئەلدىن دۇپ دەرىخىنى ئىلىغا كەلتۈرۈپ ئۆستۈرگەن كىشىدۇر.

غۇلجىدىن كەلگەن ۋەكىللەر كۇرەدىكى ۋەكىللەر بىلەن بىرگە ئەشۇ فۇڭ

ئامبالنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇ ئادەم غۇلجىدىن كەلگەنلەر بىلەن بىر ـ بىرلەپ سوراپ تونۇشۇپ، ئامانلاشقاندىن كېيىن مۇنچە كۆپ كىشىنىڭ غۇلجىدىن كېلىشىدىكى سەۋەبىنى سورايدۇ. ھاكىمبەگ خوجا، مىزراپ باي، يالڭ خۇيجاڭلار بۇ يەرگە كېلىش سەۋەبلىرىنى بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈرىدۇ. ۋەكىللەر: «فۇڭ ئامبال بىلەن بىرلىكتە جاڭ سىلىڭيۈەن بىلەن، ئۈرۈمچى بىلەن ئۈرۈش قىلماي، ئىشنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىپ كۆرسەك، دېگەن مەقسەتتە، سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزنى ئېلىشقا كەلگەنىدۇق، مەسلىھەت كۆرسەتسىڭىز» دېيىشتى. فۇڭ ئامبال بۇلارنىڭ پىكىرىنى سەممىي ئاڭلىدى ۋە «مۇشۇ ئولتۇرغانلار ئىچىدە ۋەكىللەردىن باشقا كىشى بارمۇ؟ باشقا كىشى بولسا چىقىپ كەتسۇن» دەپ ئېھتىياتتىن تەۋسىيە قىلدى. «يوق» دەپ جاۋاب ئالغاندىن كېيىن فۇڭ ئامبال: «بۇ كەلگىنىڭلار ناھايىتى ياخشى ئىش بوپتۇ، مەن قوللايمەن. مەنمۇ جاڭ سىلىڭيۈەنگە بىر قانچە قېتىم بېرىپ نەسىھەت قىلدىم، ياندۇردۇم. ئۇ، ماقۇل دىگەن بولسىمۇ يەنىلا ئۆز پىكرىدىن يانمايۋاتىدۇ. بۇ ياخشى ھال ئەمەس، بۇنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ. ئۈرۈمچى ئاتا، بىز بولساق بالا، ئۈرۈمچى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ پايدا ئالالمايدۇ. ئۈرۈمچىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى كۆپ، ئۈرۈمچى مەغلۇب بولغان شەھەر ئەمەس، ئۇنى بويسۇندۇرالمايدۇ. ئىلى بولسا چېگرا رايون. بۇ يەرنى بوش تاشلاپ كېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. 1872 ـيىلى چاررۇسىيە ئىلىنى بېسىۋېلىپ، ئون يىل چىقىپ كەتمەي ياتقان ئىدى. بۇ ئادەم ئارقا سەپنى بوش قالدۇرۇپ، ئۈرۈمچى بىلەن ئۇرۇش قىلسا بولامدۇ؟ بۇ خەتەرلىك ئىش، ئۇنداق بولسا يۇرۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە بېرىپ، سۆزلىشىپ، نەسىھەت قىلىپ كۆرەيلى. سۆزىمىزگە قۇلاق سالسا ئۆزگىمۇ، يۇقىرىلارغىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. ئەل ئامان بولىدۇ» دېدى ۋە يەنە» ئىنساپقا كېلىپ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، ئىلى خەلقىنىڭ بېشىغا چوڭ بالا كېلىدۇ» دېدى. ئۇ ئامبال ئۆزىنىڭ كالاسكا ھارۋىسىنى قاتقۇزۇپ كالاسكىغا ئولتۇردى، ۋەكىللەر ئۆز ماشىنىلىرىدا ئولتۇرۇپ سىلىڭبۇغا بېرىپ، دەرۋاز ئالدىدا توختاپ، خەۋەرچى ئارقىلىق فۇڭ ئامبال بىلەن غۇلجا ۋەكىللىرى كەلگەنلىكىنى جاڭ يېيىۈەن سىلىڭغا يەتكۈزدى. جاڭ سىلىڭ كىرىشكە رۇخسەت قىلدى. ۋەكىللەر شەرپىگە سىلىڭبۇ قوبۇلخانىسىنىڭ ئىككىنچى ئىشىكىنى ئېچىشقا بۇيرىدى (ئىككىنچى ئىشىك، قوبۇلخانىنىڭ تۆرىدىكى تۆت قاناتلىق ئىشىك بولۇپ، دائىم يېپىق تۇراتتى. ئىچكىرىگە كىرگۈچىلەر يان ئىشىك بىلەن

كىرەتتى. ئۇ يەردە كېچە ـ كۈندۈز تۆت نەپەر قوراللىق ئەسكەر پوستا تۇراتتى. بۇ ئىككىنچى ئىشىك پەقەت گېنېراللار، يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار ۋە ئامباللارغىلا ئېچىلىدۇ. ناھىيە ھاكىملىرىغىمۇ ئېچىپ بېرىلمەيدۇ. بۇ قېتىمقى ۋەكىللەر ئىچىدە چوڭ ئامبال بارلىقى ۋە ۋەكىللەرنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، بۇ ئىشىكنى ئېچىپ قۇبۇل قىلغانىدى)، ئىككىنچى ئىشىكنى ئېچىپ جاڭ پېيىۋەن ئۆزى چوڭ قۇبۇلخانىغا چىقىپ ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلدى ۋە مەخسۇس ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلدى. ۋەكىللەر ئورۇن ئالدى. كۈتكۈچىلەر ئۇلارغا چاي كەلتۈردى. ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ۋەكىللەر ئاۋۋال فۇڭ ئامبالنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. فۇڭ ئامبال مۇنداق دېدى: « بۇ ۋەكىللەر سىزدىن ھال سوراپ كەپتۇ. جانابىڭىزنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇش ۋە ئىشىڭىزغا غەلىبە تىلەپ كەپتۇ» دېدى. جاڭ پېيىۋەن ئورنىدىن تۇرۇپ ۋەكىللەرگە رەھمەت ئېيتتى. ئاندىن كېيىن ياڭ خۈيجاڭ غۇلجىدىن كەلگەن ۋەكىللەرنى بىر ـ بىرلەپ ئىسىم ـ فامىللىرىنى ئېيتىپ تونۇشتۇردى. ئاندىن فۇڭ ئامبال ۋەكىللەرنىڭ كېلىش مەقستىنى بىر ـ بىرلەپ جاڭ پېيىۋەنگە ئېيتقاندىن كېيىن، «يىغىپ ئېيتقاندا، ۋەكىللەرنىڭ تەلىپى، ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئۇرۇشنى توختىتىش، مەسىلىنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشنى ئويلاپ كۆرسە، جاڭ سىلىڭيۇەن ئىلىنى تاشلاپ ئالدىنقى سەپكە كېتىپ قالمىسا، دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن» دېدى. ھەممە ۋەكىللەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ: «شۇنداق، بىزنىڭ تەلىپىمىز ئۈچ تۇرلۇك تەلەپ» دېيىشتى. جاڭ پېيىۋەن «بولىدۇ، ئولتۇرۇڭلار» دەپ تەكلىپ قىلدى. جاڭ سۆز باشلاپ ئۆزىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىدى، شېڭ شىسەينى قاغاپ تىللىدى. ئۇرۇمچىگە ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، شېڭ شىسەينى ئاغدۇرۇپ، ئۇرۇمچىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى قايتا تەشكىللەپ، ئىلىنى ئۆلكە مەركىزى قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر مۇنچە سۆزلىدى.ئۇرۇشنى توختىتىشقا بولمايدىغانلىقى، ئۆزى ئالدىنقى سەپكە بېرىپ قوماندانلىق قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ :« سىزلەر ھېچقانداق غەم ـ قايغۇ قىلماڭلار، مەن بارغاندىن كېيىن بىر ئايغا قالماي ئىشنى تاماملاپ، سىزلەرگە تېلېگراممىا يوللاپ خۇش خەۋەر بېرىمەن. ئۇ ھېچقانچە مۇشكۇل ئىش ئەمەس. ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلساق، شېڭ شىسەينىڭ تەسلىم بولماي ئامالى يوق، شېڭ شىسەينى جازالايمىز. ئۇرۇمچى ئۆزلىكىدىن بويسۇنىدۇ، خالاس» دېدى. جاڭ پېيىۋەنىنىڭ سۆزى ئاخىرلاشتى، فۇڭ ئامبال سۆز قىلىپ: «كۆپچىلىك يۇقىرىدا تەلىپىنى ئېيتتى، ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىغە

ۋاكالىتەن ئالدىڭىزغا كەپتۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇلارنىڭ تەلىپى توغرىدەك قىلىدۇ، مېنىڭ پىكرىمۇ ئۇلارنىڭ پىكرىگە ئوخشاش، ئىلاجى بار سوقۇشنى توختاتسىڭىز، مەسىلىنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلسىڭىز. سىز ئۇرۇمچىگە بارمىسىڭىز ياخشى بولارمىكىن. چۈنكى ئىلىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ھەممىسى ئالدىنقى سەپكە كېتىپ، ئىلى چېگرا رايونى بوش قالدى. ئۆتكەندىن بېرى ساقلاپ كېلىۋاتقان يېڭى تىپتىكى قورال-ياراغلارمۇ ئالدىنقى سەپكە توشۇلۇپ بولدى، بۇ يەردە قالغان ناچار قوراللار بىلەن چېگرىنى مۇداپىئە قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك بۇ يەردە ئەسكىرىي كۈچمۇ قالماي، ئارقا سەپ بوش قالدى. ئويلاپ كۆرسىڭىز بولارمىكىن. ئۆتكەن تارىختا چاررۇسىيە قوشۇنلىرى ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئىلىنى ئون يىل بېسىپ ياتقانىدى، مەركەزنىڭ ئەمرى بىلەن زوزوڭتاڭ ئەسكەر تارتىپ كېلىپ، چاررۇسىيىنى قوراللىق كۈچ بىلەن ئاران قوغلاپ چىقارغانىدى. بىزدە بۇ تەجرىبە-ساۋاقلار بار. شۇڭا سىز ئارقا سەپنى بوش تاشلاپ، ئىلىدىن كېتىپ قالماڭ. ئۇرۇمچى كۆچلۈك يەر، ئۇ يەردە بۇرۇندىن ئۇرۇش بولمىغان. ئۇرۇمچىنى ئىشغال قىلىش ئاسان ئەمەس، بىز قارشى تۇرمىغىنىمىز تۈزۈك. جاڭ سىلىڭيۇەن ئەقىل - پاراسەتلىك كىشى، ئۇرۇش بولسا ئەل-يۇرت ۋەيران بولىدۇ. ئۇرۇش بولمىسا ئاۋات بولىدۇ. پۇقرا خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئەل-يۇرت سىزگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ. جاڭ سىلىڭيۇەننىڭ ئويلاپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى. جاڭ پېيىۇەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ئاز سۈكۈت قىلىپ تۇردى. ئاندىن سۆزىنى ئوڭشاپ: «سىز ۋەكىللەرنىڭ كەلگىنىڭىزگە رەھمەت. ھازىرقى دەۋردە بىر دۆلەتنىڭ يەنە بىر دۆلەت زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.خاتىرجەم بولۇڭلار» دېدى. ئۇ ئورۇندىن تۇرۇپ كۆرەڭلەپ:»مەن كۆپ ئۇرۇشلاردا بولغانمەن، بۇ ئۇرۇش ھېچقانچە ئىش ئەمەس، ئۇرۇشنى توختىتىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. مەن بارمىسامۇ بولمايدۇ، چۈنكى مەن ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىمەن ئەمەسمۇ. مەن بارغاندىن كېيىن جەزمەن شېڭ شىسەينى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى تار - مار قىلىپ، سىزلەرگە غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزىمەن. سىزلەر ئەندىشە قىلماي، ئارقا سەپنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەڭلار. مەن ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سىزلەرنىڭ ئىشلىگەن خىزمىتىڭلارغا قاراپ مەنسەپ بېرىمەن. خەيرى - خوش، ئامان بولۇڭلار. مېنىڭ ئىشىم ئالدىراش بولغانلىقتىن سىزلەر بىلەن كەڭ-تاشا سۆزلىشەلىدىم، رەنجىمەڭلار» دېدى. ۋەكىللەرمۇ ئۇنىڭ ئىشىغا ياخشىلىق تىلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خوشلاشتى. جاڭ پېيىۋەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ، ئاخىرىدا ھەربىي چاس بېرىپ ۋەكىللەر بىلەن بىللە داتىڭغىچە ئۇزۇتۇپ چىقتى. ۋەكىللەر سىلىڭبۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا چىققاندىن كېيىن، فۇڭ ئامبال بىلەن خوشلىشىپ، غۇلجىغا ئۇمىدسىز قايتتى.

جاڭ پېيىۋەن ئۆزىنىڭ ئۇرۇش پىلانى بويىچە، شەھەر ئىچى ـ سىرتىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۈچ لىيەن قوراشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇردى. بىر لىيەن شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، پىيادە قىسىم ئىدى. ياپون مىلتىقى، تۇققۇز ئاتار مىلتىق، كالتە قىلىچ، قول بومبىلار بىلەن قوراللانغان بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز سېپىل ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى. شەھەر ئىچىنى ساقچى قىسىملىرى كۆزىتەتتى، ئىككى لىيەن سېپىل سىرتىدا بولۇپ، ئۇلار غۇلجا شەھىرى بىلەن باياندايدىكى ئۇششاق تىجارەتچى ۋە دېھقانلاردىن (خۇيزۇلاردىن) تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 60 ياشلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارغا غۇلجىلىق تېيىس ئاخۇن دىگەن كىشى باشلىق ئىدى. تېيىس ئاخۇننىڭ لىيەنگە كۈرەنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىكى ئۇيغۇر بازىرىدىن سېپىلنىڭ شىمالىي بىلەن سېپىلنىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىگىچە مۇداپىئە قىلىش تاپشۇرۇلغانىدى. يەنە غۇلجا سەھرا دېھقانلىرىدىن قوراشتۇرۇلغان خۇيزۇ لىيەنى (باياندايلىقلار) بولۇپ، بۇنىڭغا ما فامىلىلىك كىشى باشلىق بولغان ئاتلىق لىيەن ئىدى. ما لىيەنجاڭغا سېپىلنىڭ سىرتى، شەرقىي جەنۇبىدىن سېپىل بۇرجىكىدىن غەربىي دەرۋازىغا قەدەر مۇداپىئە قىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئاتلىرىغا مىنىپ، ئۆز كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تۇققۇز ئاتار مىلتىق، بەزىلىرى قوغۇشۇن ئوقلۇق بىر ئاتار مىلتىق، پەيجاڭلىرى (ئىززوت كوماندىرلىرى) كونا ياپون مىلتىقلىرىنى تۇتاتتى، يەنە بىر قىسمىدا مىلتىق يوق يالغۇز قىلىچ ئېسىۋالاتتى. ئۇلار سېپىل سىرتىدىكى ئۇيغۇر بازىرىدىكى دەڭلەردە (سارايلاردا) ياتاتتى، ئۇلارنىڭ سېرىق تاۋاردىن تىكىلگەن، ئۇزۇن كېلەڭسىز بايرىقى بولۇپ، بايراقنىڭ يان تەرىپىگە ئۆز لىيەنىنىڭ نامىنى ئۇششاق خەنزۇچە خەتتە يېزىپ قويغان، بايراقنىڭ ئوتتۇرىسىغا خەنزۇچە «马»(ما) ھەرپىنى يوغان قىلىپ يېزىپ قويغانىدى. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. بايراق كۆتۈرىدىغان 60 ياشلار چامىسىدىكى ساقاللىق قېرى كىيىمىنىڭ بىر يېڭىنى ساپماي يېرىم يالىڭاچ ھالدا سېپىنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. كەچ كىرىپ كوچىدا ئادەملەر مېڭىشتىن توختىغاندىن كېيىن ئۇلار بازاردىكى تىجارەتچىلەرنىڭ

ئاشلىق، يەم ساقلايدىغان ساندۇقلىرىنى بۇزۇپ، ساندۇقتىكى ئاشلىقلارنى بۇلاپ كېتەتتى. بۇ ئەھۋال ھەركۈنى داۋاملىشىپ تۇرغاچقا، تىجارەتچىلەر ئاخىرى قۇرۇق ساندۇق بىلەن قالاتتى. ئۇلار ھەتتە پۇقرالارنىڭ ئۆگزىلىرىگە بېسىپ قويغان بېدە، چۆپلىرىنىمۇ زورلۇق بىلەن تارتىپ ئالاتتى. بۇلاردىن باشقا غۇلجىدىكى ياقۇپ باي باباشوپىنىڭ ئوغلى يۈسۈپ بايۋەتچىنى پولك كوماندىرى قىلىپ تەيىنلەپ، غۇلجا سەھرالىرىدىن ئۇيغۇر دېھقانلارنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ،200 ئادەمنى كۈرەگە ئېلىپ كېلىپ، سېپىل سىرتىدىكى خۇسۇسىي دەڭ (يولۇچىلار قونالغۇ ئۆيلىرى) گە قاماپ قويغانىدى. بۇ بىچارىلەرگە ھېچكىم قارىمىدى، تاماقمۇ بەرمىدى، ئۇلار ئۆزلىرى ئالغاچ كەلگەن قۇرۇق ناننى غاجىلاپ، زىمىستان قىشتا سوغ ئۆيدە ياتاتتى. بازاردىكى ئاشخانا، ناۋايخانىلارمۇ تاقىلىپ كەتكەن، چۈنكى ئەسكەرلەر خەلقتىن نەرسە ئالسا پۇل تۆلىمەيتتى، بازارلار چۆلدەرەپ كەتكەن، ئۇن، نان تېپىلماس ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى.

دەل مۇشۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق كۈرەگە كەلگەن «دوڭبېيجۈن» دەيدىغان بىر دىۋىزىيە قوشۇن بار ئىدى. ئاڭلىشىمچە، بۇ قوشۇن ياپون جاھانگىرلىكى شەرقىي شىمالنى بېسىۋالغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېكىنىپ، سىبىرىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن قوشۇن ئىكەن. بۇلارنىڭ چېگرىدىن كىرىشىگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلغانىكەن. بۇ «دوڭبېيجۈن » (شەرقىي شىمال قوشۇنى) قارىمىقىدىكى بىر دىۋىزىيە شىڭ فەملىلىك بىر كىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قورغاستىن كىرىپ كۈرەدە ئورۇنلاشقان 1000دىن ئارتۇق كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ قورال-ياراغلىرى بارلىقى نامەلۇم. ئاڭلىشىمىزچە، بۇ قوشۇن سوۋېت چېگرىسىغا چېكىنىپ كىرگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ قوبۇل قىلغانمىش. ئۇلار كۈرەگە كېلىپ سېپىل ئىچىدىكى قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى « تارجى كوچىسى» دىكى بىر كاتتا گازارمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ گارنىزون شتابى، سىياسىي باشقارمىلىرى ئايرىم - ئايرىم قۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا دوڭبېي ئارمىيىسى ئۇچۇن مەخسۇس 500 كىشىلىك ئوفىتسېرلار مەكتىپى ئاچقان، مەكتەپتىكى ۋە خىزمەتتىكى ئوفىتسېرلارنىڭ كىيگەن كىيىملىرىمۇ جاڭ پېيىۋەن قوشۇنىدىكىلەردىن ياخشى، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا تىكىلگەن شىبىلىت-خەيلەرنى كىيەتتى،بېشىدا ماشىرەڭ ھەربىي شەپكىسى بارئىدى. ئادەتتىكى ئەسكەرلىرى كۆلرەڭ رەختتىن كىيىم كىيەتتى. ھەر جەھەتتىن جاڭ پېيىۋەن ئەسكەرلىرىدىن ياخشىراق ئىدى. ئوفىتسېرلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار كوچىغا كۆپ چىقمايتتى، خەلقنىڭ نەرسىلىرىنى پۇلسىز ئالمايتتى، ئۇلارنى مەكتەپ دەرىجىلىرى بويىچە سەپكە تىزىلدۇرۇپ، تەرتىپلىك يوسۇندا ئىككى قېتىم كوچا ئايلاندۇرۇپ قايتۇرۇپ كېتەتتى. ناخشا ئېيتقۇزاتتى. بۇ دوڭبېي قوشۇنىنىڭ بارلىق تەمىناتى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىپ بېرىلەتتى. ئاشلىقنى سۈيدۈڭ ناھىيىسىدىن ئالاتتى، شىڭ سىلىڭيۈەن بۇ بىر دېۋىزىيە ئەسكىرىنى شەرقىي شىمالدىن باشلاپ كەلگەن، كۈرەدە تۇرغان چاغدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىنتىپاقلىقنا دىققەت قىلىپ تۇرغاندى. جاڭ پېييۈەن بىلەن شىڭ سىلىڭيۈەن ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق سۈركىلىش، توقۇنۇش بولمىغان، ئىككى تەرەپ ئەسكەرلىرى ئارىسىدىمۇ زىددىيەت كۆرۈلمىگەنىدى (بۇنىڭ ئىچكى سىرلىرى بىزگە نامەلۇم). جاڭ پېييۈەن شىڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدۇۋاتقان ھالەتتىمۇ شەرقىي شىمال قوشۇنى ھېچقانداق پوزىتسىيە بىلدۈرمىگەن، ئاڭلىمىغان، كۆرمىگەندەك قىياپەتتە تۇرغاندى. شىڭ سىلىڭيۈەن ئورتا بويلۇق، ئاددىي كىيىندىغان، مۇئامىلىسى يۇمشاق يۇۋاش كىشى ئىدى. بېشىغا ياپونچە ئاق شىلەپە كىيىپ، قارا كۆز ئەينەك تاقاتتى، ئارىلاپ پىيادە مۇنار ئالدىغا كېلىپ ئۆز كىشلىرىنى كۆزىتەتتى، تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكانلىرىغا كېلىپ، ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى. خەلقلەرمۇ ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرەتتى. شىڭ شىجاڭ ئاق بورۇتلۇق ئادەم بولغاچقا، ئۇيغۇرلار «ئاق بورۇتلۇق شىجاڭ» دەپ ئاتايتتى. ئۇ كىشى ئۇيغۇر، قازاقلار بىلەنمۇ پاراڭلىشاتتى. جاڭ پېييۈەننىڭ ئوفىتسىر، ئەسكەرلىرى ئۇ كىشىنى كۆرسە تىك تۇرۇپ سالام بېرەتتى، ئۇ كىشى چاس بېرىپ سالام قايتۇراتتى. بۇ قوشۇن كۈرەگە كەلگەندىن تارتىپ تاكى جاڭ پېييۈەن جەددىي تەشۋىشلىك كۈندە قالغان 28 ـ دېكابىر كۈنىگىچە ئۇلار ئارىسىدا ھېچقانداق چوڭ ـ كىچىك ۋەقە يۈز بەرمىگەنىدى.

## جاڭ پېييۈەننىڭ كۈرەنى تاشلاپ قېچىشى ۋە شەرمەندە ھالاكىتى

12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ھاۋا ئوچۇق ۋە جاندىن ئۆتكىدەك سوغ ئىدى. جاڭ پېييۈەن ئۆزىنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى بىلەن بەنت ئىدى، شۇ كۈنى كېچىسى سائەت ئۈچتىن ئۆتكەندە تۇيۇقسىزلا شەھەر سېپىلىنىڭ غەربىي ۋە شىمالىي تەرىپىدىن «تاڭ ـ تۇڭ» ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. تاراسلاپ ئېتىلغان پىلىموت ئوقى ئاڭلىنىش

بىلەن تەڭلا شۇ تەرەپتىن گۈمبۈرلەپ زەمبىرەك قويۇق ئېتىلىشقا باشلىدى. پىلىموت، بەشئاتار مىلتىق ئوقلىرى ۋىژىلداپ جاھاننى لەرزىگە كەلتۈردى. ئوقلار شەھەر ئۈستىدە خۇددى ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ ئۆتەتتى، نەچچە يۈز پاي زەمبىرەك ئېتىلىپ، شەھەرنى تۇمان قاپلاپ كەتتى، كېچە سائەت ئۇچلەردە باشلانغان ئېتىش ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 10 غىچە توختىماي ئېتىلىپ سائەت 10دىن ئاشقاندا، بىردىنلا تىمتاس توختاپ قالدى. ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكەنىكەن. شۇنچە كۆپ ئېتىلغان زەمبىرەك خەلقنىڭ ئۆي-ئىمارەتلىرىگە زىيان يەتكۈزمەپتۇ. شەھەرمۇ خاراپ بولماپتۇ. شەھەر سېپىلى سىرتىدىكى ۋە سېپىل ئىچىدىكى خەلقلەر بۇ ۋەقەدىن ئىنتايىن ھەيران ئىدى. بۇ ئوقلارنىڭ قەيەردىن ئېتىلىۋاتقانلىقى ۋە كىم ئېتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك ئالالماي، ۋەھىمە ئىچىدە قالغانىدى. مانا مۇشۇنداق كۈتمىگەن ۋەقە جاڭ پېيىۋەننىمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ ئىبراھىم شاڭزۇڭنى چاقىرتىپ ۋەقەنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى سورىغاندا، ئىبراھىم شاڭزۇڭ: «بىزمۇ بۇ ۋەقەدىن ھېچقانداق دېرەك ئالالمىدۇق. تۈنۈگۈن تارجى تەرەپتىكى قومغا ئۆتۈنغا بارغان كىشىلەر چىلپەڭزە يولىنىڭ چېتىدە كۆپلىگەن قارا ئات مىنگەن كىشىلەرنى كۆرۈپتىكەن، ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلەلمىدۇق» دەپ جاۋاپ بەردى. «ئۇلار قورالىقمىكەن» دېدى جاڭ پېيىۋەن، ئىبراھىم بۇنىڭغا جاۋاپ بېرەلمىدى. جاڭ پېيىۋەن ئالاقزادە بولۇپ: «ھازىر سەن دەرھال چىقىپ ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلا! نەدىن كەلگەن بىرنىمىلەركەن، تەپسىلىي ئېنىقلاپ دەرھال خەۋەرىنى يەتكۈزۈپ كەل، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر ئەمەس، ئۇلار بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ. بۇ چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنى بولۇشى ئېھتىمال. ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇلار دۆلەت ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ» دېدى.

ئەنە شۇ نامەلۇم كىشىلەر توپ ـ زەمبىرەك ئاتقان. غەربىي دەرۋازا ۋە شىمالىي دەرۋازا تەرەپتىكى سېپىل ئۈستىدە مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان جاڭ پېيىۋەننىڭ قىسىملىرى سېپىلغا ۋە دەرۋازىغا يېقىنلاپ كەلگەن نامەلۇم قوشۇنغا مىلتىق ۋە قول بومبا بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنىكەن. شۇ چاغدا شىمالىي دەرۋازا ئالدىدا نامەلۇم قوشۇننىڭ ئىككى ئارغىماق ئېتىنى ئۆلتۈرگەنىكەن. ئۇلار ئىككى بىرىچكا ھارۋىسىنى تاشلاپ كەتكەنىكەن. جاڭ پېيىۋەن قوشۇنى دەرھال قول بومبا بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، نامەلۇم ئەسكەرلەر 500 مېتىر ئارقىغا چېكىنىپ يول چېتىدىكى تامنىڭ ئارقىسىغا

www.uyghurkitap.com



يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ سېپىلنى ئوققا تۇتقانىكەن. كۈندۈز سائەت 10 لاردا ئېتىشىش توختاپ قالغاندىن كېيىن، سېپىل سىرتىدىكى ئىككى لىيەن خۇيزۇ ئەسكەر قىلىچلىرىنى يالاڭاچلاپ ھەيۋە بىلەن شىمالىي دەرۋازىغا يېقىنلاپ بارغاندا، ھېلىقى يوشۇرۇن نامەلۇم قىسىم بىر پاي ئوق بىلەن بىر خۇيزۇ ئەسكەرنى ئاتتىن يۇمىلىتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن. خۇيزۇ ئەسكەرلەر ئۆلگەن ئەسكەرنى ئېلىپ قېچىپ چېكىنگەندىن كېيىن، بۇ جايغا قايتا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىغان.

كۈندۈز سائەت 12 لەردە جىمجىتلىقنى بۇزۇپ يىراقتىن ھاۋا بوشلۇقىدا گۈركىرىگەن بىر يات ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز بارغانچە يېقىنلاشتى. خەلق كوچىلارغا چىقىپ قانداقتۇ ئاپتوموبىل كېلەرمىكىن دەپ ھەيرانلىقتا قارىشىپ تۇراتتى، شۇ چاغدا شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىن ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بىر ئايروپىلان كۆرۈندى. ئايروپىلان شەھەر ئۈستىدە ئىككى ئايلىنىپ ئۇچۇپ، ئاندىن غەرب تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بولدى. بۇ چاغدا نۇرغۇن كىشى شىمالىي دەرۋازا سىرتىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىككى ئات بىلەن بىرىچكا ھارۋىنى كۆرۈپ تۇرۇۋشقان ۋە غەرب تەرەپكە مېڭىشقا جۈرئەت قىلالماي تۇرغان چاغ ئىدى. بۇلار ئايروپىلاننى كۆرۈپ، بومباردىمان قىلىشىدىن ئەنسىرەپ تەرەپ-تەرەپكە قېچىشتى. ئىشىك - دەرۋازىلىرىنى بېكىتىپ ئۆيلىرىگە موكۇنۇۋالدى. خىلمۇ خىل گۇمانىي سۆزلەر خەلق ئىچىدە تارقىلىشقا باشلىدى.

جاڭ پېيىۋەن بۇ ھۇجۇم قىلغان قوشۇن نەدىن كەلگەن ۋە نېمە قىلماقچى؟ ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى، دەرھال ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى يىغىپ، جىددىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ مۇزاكىرە قىلىۋاتاتتى، شەھەر ئۈستىدە ئايروپىلان ئۇچقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ ئەس - ھوشىنى يوقاتتى. ئۇ مەسلەكداشلىرىغا قاراپ: «ھازىر بىزنىڭ ئەھۋالىمىز يامانلاشتى، چەت ئەللىكلەر بىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندەك تۇرىدۇ. مەن ئاچال يولى ئارقىلىق ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، ياڭ زىخۇي بىلەن بىرلىشىپ، ئىلىغا قايتىدىن كېلىشنىڭ ئامالىنى قىلاي. سىلەر شەھەردە قالىۋېرىڭلار. سىزلەرگە ھېچ گەپ يوق. ئىش مەن بىلەن تۈگەيدۇ» دەپ تاپشۇردى. ئۇ جىددىي تەييارلىقتا كىرىشتى، شۇ كۈنى كېچىدە يولغا چىقىش ئۈچۈن بىللە ماڭىدىغان ئادەملىرىنى رەتلىدى. ئېلىپ ماڭىدىغان نەرسىلەرنى قاچىلىدى. ئۇنىڭ قوماندالىق شتابى ئىنتايىن قالايمىقاندى. سېپىل ئۈستىدىكى ئەسكەرلەرنى

قايتۇرۇپ كەلدى. قېچىشتىن بىر سائەت ئىلگىرى ئادەم ئەۋەتىپ شىڭ شىجاڭنى «مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم مەسىلە بار، دەرھال كېلىپ كېتىڭ...» دەپ چاقىرىپ ئېلىپ كەلدى. شىڭ شىجاڭ ھېچقانداق گۇمان-ئەندىشە قىلماي، بىر مۇھاپىزەتچى ئەسكىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ قاماپ قويۇپ، شىڭ شىجاڭنى جاڭ پېيىۋەن قوبۇل قىلدى.

بۇ چاغدا قوماندان شتابىنىڭ ئىچى قالايمىقانچىلىق، 40-50چە ئات ئىگەرلەپ تەييارلىنىپ قويۇلغان. ھەربىر ئاتنى بىردىن ئەسكەر تۇتۇپ تۇراتتى. ئىلگىرى چارروسىيە گېنېراللىرى ئاتامان دۇتوپلار مىنىپ كەلگەن ئىككى ئارغىماقمۇ ئىگەرلەپ تەييارلانغانىدى. جاڭ پېيىۋەن ئۆزى بىر ئارغىماققا مىندى. شىڭ شىجاڭنىمۇ يەنە بىر ئارغىماققا مىنگۈزۈپ يولغا چىقتى، قورال-لانغان 40-50 ئەسكەر ئاتلارغا ئارتىلغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بىرگە يولغا چىقتى(ئاتقا ئارتىلغان نەرسىلەر توغرىسىدا بەزىلەر ئالتۇن-كۈمۈش دېسە، بەزىلەر دوللار ئىكەن دېيىشتى، بەزىلىرى ھۆكۈمەتلىنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرى ئىكەن دېيىشتى.)

ئۇلار شەرقىي دەرۋازىنى ئاچقۇزۇپ، ئۇيغۇر بازىرىدا تۇرىدىغان ئىبراھىم شاگىرتىنى(ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى) چاقىرىپ: «بىزگە يول باشلايدىغان ئىشەنچلىك ئادەم تاپ، ئات مىنىپ كەلسۇن، بىزنى بورىبوسۇن مازار ئارقىلىق ئاچال يولى بىلەن جىڭغا يەتكۈزۈپ قويسۇن» دەپ تاپشۇردى. ئىبراھىم شاگىرت شۇ يەردىكى 40 ياشلارغا كەلگەن ئەيسا دېگەن كىشىنى (بۇ كىشى خەنزۇ تىلىغا ئۇستا ئىدى) چاقىرىپ، جاڭ پېيىۋەنگە يول باشلاشقا قوشۇپ قويۇپ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى.

جاڭ پېيىۋەن شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە ئاق بايراقنى ئېگىز چىقارغۇزۇپ قويۇپ، ئاتلىرىنى قامچىلىغان پېتى غۇلجا يولىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، ئۇ شۇ يۈرگىنىچە غۇلجا شەھىرىدىمۇ توختىماي، ئۇدۇل بورىبوسۇن ئارقىلىق سۇلتان ئۇۋەيس مازىرىغا يېتىپ باردى. جاڭ پېيىۋەن ئەسلىدە ئاچال يولى ئارقىلىق جىڭغا ۋە شىخو، ماناسقا بېرىپ، ياڭ زىخۇي بىلەن بىرلىكتە شېڭ شىسەيگە قارشى دەرھال ھۇجۇم باشلاش ۋە ئۇنى ئاغدۇرۇش، ئاندىن ئارقىسىغا قايتىپ، ئاچال ئارقىلىق ئەسكەرلەرنى ئىلىغا باشلاپ كېلىپ، بۇ يەرنى تۇتۇش پىلانىنى تۈزگەنىدى.

جاڭ پېيىۋەن مازارغا سەھەر ۋاقتىدا يېتىپ بېرىپ، بىر شاگىيۇنىڭ ئۆيىگە چۈشتى(بۇ چاغلاردا مازاردا ھۆكۈمەت ئىدارىسى ياكى يولۇچىلار چۈشىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مېھمانخانا يوق ئىدى.) ئۇ ئۆيگە كىرىپ بىر ئاز ئارام ئېلىپ ئولتۇرىشىغا، ئۇنىڭ قوغدىغۇچى ئەسكەرلىرىدىن بىر نەچچىسى ئالاقزادە ھالدا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭغا: «ھۆرمەتلىك قوماندان، ھازىر شەرق تەرەپتىكى تاغ ئۈستىدە ۋە ئەتراپتا نامەلۇم ئاتلىق ئەسكەرلەر پەيدا بولۇپ قالدى، بىزنى قورشاپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ دوكلات قىلدى.(كۆرەگە ھۇجۇم قىلغۇچىلار شىڭ شىسەيگە ياردەم بېرىپ ئىلىنى تىنجىتىش ئۈچۈن «تارباغاتاي ئەترىتى» دېگەن نام بىلەن سوۋېت چېگرىسىدىن ئۆتكەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىكىلەر ئىدى. مۇھەررىردىن ئىزاھات) بۇ خەۋەردىن ئېسىنى يوقاتقان جاڭ پېييۈەن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ دۇربۇنىنى ئېلىپ، يالاڭباش تالاغا چىقىپ تاغ تەرەپكە قارىدى-دە، بېشىنى چايقاپ ئارقىغا ياندى، ئاندىن قورۇغا كىرىپ تاپانچىسىنى ئېلىپ، ئاۋۋال ئۆزى مىنگەن ئارغىماقنى ئېتىپ، ئارقىدىنلا ئالدىدا تۇرغان شىڭ شىجاڭنىمۇ ئېتىۋەتتى، جىنىدىن تويغان بۇ قوماندان ئاخىرىدا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋالدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ چىققانلار پاتپاراق بولۇپ، ھەرقايسى ئۆز جېنىنى ئېلىپ قېچىشقا باشلىدى. بىر قىسمى غۇلجا سەھرالىرىغا قېچىپ كەتتى، بىر قىسمى غۇلجا شەھىرىگە قاراپ قاچتى.

بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن غۇلجىدىكى ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي قىسىم كىشى ئەۋەتىپ شىڭ شىجاڭنىڭ جەسىدىنى غۇلجا شەھىرىگە ئېلىپ كېلىپ، شەھەردىكى بۇتخانىدا تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ دەپنە قىلدى. بۇ تەزىيىگە بىر قانچە ئوفىتسېرلار قاتناشتى. ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىمۇ قاتناشتى. جاڭپېييۈەننىڭ جەسىدىنى ئۇنىڭ خوتۇن تۇغقانلىرى ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن جاڭ پېييۈەن مەغلۇب بولدى. ئۇنىڭ ئىلىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۆزىنىڭ مەسخىرىلىك ھالاكىتى بىلەن ئاياغلاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئالى تارىخ ماتېرىياللىرى

# 5- سان

# ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى قوزغىلىڭىنىڭ ئۆتمۈش جەريانى توغرىسىدا

ياڭ ليۇفىڭ

ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى قوزغىلىڭى ـ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئوبلاستىمىز تەۋەسىدە پارتىلىغان بولۇپ، ئوبلاستىمىزنىڭ يېقىنقى 100 يىللىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئاتلاپ ئۆتۈشكە بولمايدىغان بىر تارىخىي ئەمەلىيەت. بۇ تارىخىي ئەمەلىيەتنى تەپسىلىي، كونكرېت يېزىپ چىقىش ئۈچۈن كۆپ تەرەپلىمىلىك ماتېرىياللارنى يىغىپ، شۇ ئاساستا كېرەكسىزلىرىنى تاشلاپ جەۋھىرىنى ئېلىپ، يالغانلىرىنى تاشلاپ راستىنى ئېلىپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىشقا كىشىلەرنىڭ نەزەر ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ، نەتىجىلىك ئىشلار قىلىشقا جەلپ قىلىش نىيىتىدە، قولۇمدا بار ماتېرىياللارنى رەتلەپ بۇ ۋەقەنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان يېزىپ چىقتىم، تەنقىدىي تۈزىتىشلەرنى قارشى ئالىمەن.

(1)

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ يىللىرىدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي، شىمالىنى تىنچلاندۇرۇپ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا ھەربىي ھۆكۈمەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. زوزۇڭتاڭ ياقۇپبەگ(بەدۆلەت) يېغىلىقىنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، شىنجاڭنى مەمۇرىي ئۆلكە قىلىپ ئۆزگەرتىش ھەققىدە چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا مەكتۇپ سۇنغانىدى. لېكىن 1880 ـ يىلى ئۇ شىنجاڭدىن يۆتكىلىپ كەتكىچە چىڭ ئوردىسى ئۇنىڭ تەكلىپىنى تەستىقلىمىغەنلىكى سەۋەبىدىن، ئەمەلگە ئاشماي قالدى. زوزۇڭتاڭنىڭ ئورنىغا شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرى نازىرى (دۇبەن) بولۇپ ئولتۇرغان لىيۇجىنتاڭ 1883 ـ يىلى شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ قۇرۇش لايىھىسىنى چىڭ ئوردىسىغا يەنە بىر قېتىم سۇندى. شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ تەستىقى بىلەن شىنجاڭ

رەسمىي مەمۇرىي ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ بىلەن ئىلى ئايرىپ باشقۇرۇلىدىغان بولدى. ئىلىدا گېنېرال مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، چىڭ ئوردىسىغا بىۋاسىتە بېقىنىدىغان بولدى.

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال ۋە ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەزگىللەر «ۋۇشۇي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى داۋاملىشىۋاتقان پەيت بولغاچقا، ۋەزىيەتتە قىسقىغىنە مۇقىملىق دەۋرى ھۆكۈم سۈرگەنىدى. بىراق بۇ مەزگىللەردە چىڭ ئوردىسى زەئىپلىشىپ تەۋرىنىپ قالغان، سىياسىي چىرىكلىشىش ئەۋج ئېلىپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى خىيانەتچىلىك، پارىخورلوققا بېرىلىپ كەتكەن، تۈرلۈك-تۈمەن ئالۋاڭ- سېلىقلار، قاقتى- سوقتى قىلىشلار دەستىدىن پۇقرالار كۆن ئالالماي نارازىلىقلار پەلەككە يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيە، چاررۇسىيە جاھانگىرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى تاجاۋۇزچىلىقى، كېڭەيمىچىلىكى، تالان- تاراج قىلىشىغا چىڭ ئوردىسىنىڭ تىز پۈككەنلىكى، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىچكى زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماي بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرغانىدى. شىنجاڭدىكى خەنزۇلار ئىچىدە مۇنداق ئىدىيە- كەيپىياتلار تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى.

شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى ئۆز زامانىدا زوزۇڭتاڭ قوشۇنلىرى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن خۇنەن قوشۇنلىرى ۋە خۇبېي قوشۇنلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. بۇلار ئىچىدە بەزى كىشىلەر «گېلاۋخۇي پارتىيىسى» بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ چوڭقۇرراق تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى.

«گېلاۋخۇي» شىنجاڭدا «گېدىخۇي» دەپمۇ ئاتىلاتتى. زوزۇڭتاڭنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن قوشۇنلىرى ئىچىدە «گېلاۋخۇي پارتىيىسى» نىڭ ئەزالىرى بولۇپ، چۆچەك، ئىلى، جىڭ قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە پارتىيە پائالىيەتلىرى بار ئىدى. ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى شۈي سەنتەي «گېلاۋخۇي» تەشكىلاتىنىڭ بىرىنچى باشلىقى، ياڭ زەنشۈي مۇئاۋىن باشلىقى بولغانىدى. ئۇ چاغدا ئۇلار خەلقئارادىكى دېموكراتىك سىياسىي پىكىر ئېقىمىنىڭ ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى « مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش، جاھانگىرلارنى يوقىتىش » ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغانلار ئىدى. بولۇپمۇ 1905- يىلى سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىرى «جۇڭخوا ئىنقىلابىي ئىتتىپاقى»نى قۇرۇپ، «مانجۇلارنى قوغلاپ چىقىرىش، جۇڭخوانى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش،

يەر ـ زېمىنگە تەڭ ھوقۇقلۇق بولۇش» تىن ئىبارەت ئىنقىلابىي شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن «ئىتتىپاق» نىڭ بەزى ئەزالىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كىرگەن. ئىلى ئاساسلىق پائالىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى.

شىنجاڭدىكى خەنزۇلاردىن باشقا مىللەتلەر مەنچىڭ ئوردىسىنىڭ ئىنتايىن كەمسىتىشلىرىگە ئۇچرايتتى. ئۇلارغا ئىنتايىن ئادالەتسىز مۇئامىلە قىلىناتتى. داۋگۇاڭ يىللىرىدىن كېيىن شىنجاڭدا مىللىي توپىلاڭلار بىر قوزغىلىپ بىر بېسىلىپ تۇرغاچقا، مەنچىڭ ئوردىسى ئۇيغۇرلارغا قارىتا تېخىمۇ قاتتىق سىياسەت قوللاندى: ئومۇمەن ئەنجانلىقلاردىن ئىلىدا يەتتە يىلدىن ئوشوق ماكان تۇتۇپ ئولتۇرغانلار بولسا، ئاندىن ئىلى مۇسۇلمانلىرى نوپۇسىغا ئېلىش رۇخسەت قىلىنغان، لېكىن نىكاھلىنىپ ئۆي تۇتۇشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان، ھاكىمبەگ (شىنجاڭدىكى بەگلىك تۈزۈمىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپ) دىن تۆۋەنىدىكى 4 ـ دەرىجىلىك بەگكىچە بولغان ئەمەلدارلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىغا سادىق خىزمەت كۆرسەتكەن ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆرۈمە چاچ قو يۇشىغا رۇخسەت، قالغانلىرىغا رۇخسەت قىلىنمىغان، پۇقرالارنىڭ شورتۇز تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا چەك قويۇلغان، ئۇيغۇرلارنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ چەت ئەل كىشىلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىغا چەك قويۇلغان. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مانجۇلار ئولتۇراقلاشقان جايلارغا ـ مانجۇ قورغانلىرىغا كىرىشىگە چەك قويۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا مەنسەپكە قويۇش، ئۇنۋان بېرىشتىمۇ ئىنتايىن قاتتىق چەكلىگەن. ئەڭ يۇقىرى ھېسابلىنىدىغان ھاكىمبەگلىك مەنسىپىنى ئۇيغۇرلارغا زادىلا بېرىپ باقمىغان، ئۇلارغا پەقەت 3 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبەگلىكنىلا بەرگەن. ئۇنۋان بېرىشتە بولسا بىرىنچى دەرىجىلىك تەيجىلىكتىن ئاشۇرمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە زورلۇق بىلەن ئالۋاڭ ـ ياساق سېلىپ خەلقنىڭ بايلىقىنى بۇلاپ ئالغان. مانجۇ ئوفىتسېر، چېرىكلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خالىغانچە بوزەك قىلىپ پاراكەندە قىلغان. مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللار خەنزۇدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مۇقەررەر غەزەپ ـ نەپرىتىنى ۋە قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

## (2)

1911 ـ يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى)10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋۇچاڭدا شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن

ھەرقايسى ئۆلكىلەر ھايال قىلماي ئارقا ـ ئارقىدىن ئاۋاز قوشتى، چىڭ ئوردىسى بەرداشلىق بېرەلمەي گۇمران بولۇشقا يۈزلەندى. شۇچاغدىكى شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا، ئىلى گېنېرالى جى رۇي، زەيلەن چىڭۋاڭ، گەنسۇ ۋالىيسى چاڭ گىڭ قاتارلىقلار كولۇندا ياكى ئالتايدا ۋاقىتلىق پايتەخت قۇرۇپ، شۇەنتۇڭنى ئەپكىلىپ بىر مەزگىل پاناھلىنىش ۋە ئىنقىلابقا قارشىلىق كۆرسىتىشنى مەسلىھەت قىلىشقان. بۇ ئەھۋال شىنجاڭدا شىنخەي ئىنقىلابىغا ئاۋاز قوشۇپ قوزغىلاڭنىڭ پارتلىشىغا تېخىمۇ تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئالدى بىلەن بەزى كىشىلەر يۈەن داخۇانى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مەنچىڭ پادىشاھىنىڭ غەربكە كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا دەۋەت قىلغان. يۈەن دا خۇا بۇنىڭغا ماقۇل بولۇش بوياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرىنى باندىتلار ، دەپ چىڭ ئوردىسىنى ئۆزىگە ئارقا تېرەك قىلغان. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى رازۋېدكا قىلىش كويىغا چۈشۈپ، توپلىغان ئاخباراتلىرىنى يۈەن داخۇاغا دوكلات قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەنسەپ ـ ئۇنۋانلىرىنى ئۆستۈرۈش غەرىزىگە يەتكەن. يۈەن داخۇا ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرىنى كۆپلەپ تۇتۇپ، كاللىسىنى ئالغان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئىنقىلاب رەھبەرلىرى ۋە ئىنقىلابچىلاردىن ليۇ شەنجۇن، چىڭ گۇاڭمو، چىڭ جويفاڭ قاتارلىق 143 تىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرگەنىدى.

ليۇ شەنجۇن ئاۋۋال ئىلىدىكى ۋەن شياڭچۈن بىلەن ئالاقە قىلغان (ۋەن شياڭچۈن ئەسلى ئىسمى ۋەن چاڭفىڭ، ئىچكىرىدىن چىققاندىن كېيىن ۋەن شياڭچۈن دەپ ئۆزگەرتىۋالغان). 1907 ـ يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 33 ـ يىلى) ئىلى گېنېرالى چاڭ گىڭ خۇبېي قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدىن يۆتكىلىپ ئىلىغا مېڭىش ۋاقتىدا «ئىتتىپاق» ئەزالىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئارمىيىگە كىرىپ بوياققا چىققان. ۋەن شياڭچۈن ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن ھەربىي ۋە ئىلىم ساھەلىرىنىڭ تولىسى مانجۇ كىشىلىرى بولغاچقا، پائالىيەت ئېلىپ بېرىش تەس بولغان، شۇ سەۋەبتىن پىلاننى ئۆزگەرتىپ ئۈرۈمچىگە كېتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

يۈەن داخۇا ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرىنى بېسىقتۇرغان چاغدا خۇبېيلىق جا خوڭجۈن ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. باشقا بىر ئىقرارنامىغا چېتىلىپ قالغاچقا، يۈەن داخۇا ئۇنى قولغا ئېلىشتىن ئىلگىرى غۇلجىغا قېچىپ بېرىۋالغان. كېيىن شىنجاڭ بىلەن ئىلى ئۇرۇشقاندا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جاخوگجۇن ئالدىنقى سەپكە بېرىپ شىنجاڭ قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇشقان. قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن.

يۈەن داخۇا ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكەندىن كېيىن چىڭ ئوردىسىنىڭ ئىچكى كابىنېت باش مىنىستىر مەھكىمىسىگە ۋەقەنىڭ جەريانىنى بايان قىلىپ تېلېگرامما يوللىغان. تېلېگراممىدا: «خەۋەر تېپىشىمىزچە، باندىتلار باشلىقى لىيۇ شەنجۇن قاتارلىقلار ئىچكىرىدە نۇرغۇن ئىش تېرىپ قويۇپ، ئاندىن بۇ يەرگە كېلىپ قۇتراتقۇلۇق قىلغان، كىشىلەرنى پارەكەندە قىلىۋەتكەن. پۇقرالارنىڭ پاش قىلىشى بويىچە، قورچاق زۇڭتۇڭ تاڭ شاۋيۈن، قورچاق پارتىيە باشلىقى چىڭ گۋاڭمۇ قاتارلىقلار دەرھال قولغا ئېلىندى. ئارقىدىنلا قورچاق مارشال لىيۇ شەنجۇن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاپ سول بېلىگە «ئىسيان» دېگەن قىزىل-سېرىق رەڭلىك چوڭ خەت يېزىلغان ئاق لاتا باغلاپ بەلگە قىلغان . بۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا جىددىي تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، بىرىنچى ئاينىڭ 9-كۈنى كەچتە (كونا يىل ھېسابى بويىچە-مۇھەررىردىن ئىزاھات) 100 نەچچە باندىت سېپىل ئىچىدىكى مەسلىھەتچى ئامبال گازارمىسىغا ئۇشتۇمتۇت بېسىپ كىرىپ قورال-ياراغلارنى تارتىۋېلىپ، چېرىكلەرگە تەھدىت سالغان، ئاندىن مۇپەتتىش مەھكىمىسىدىن شەرقىي گازارمىغا بېسىپ كىرگەن. ئاندىن قۇرۇقلۇق ئارمىيە زەمبىرەكچىلەر باتالىيونىغا ھۇجۇم قىلغان. ئۇلار زەمبىرەكنى قولغا چۈشۈرۈپ سېپىل ئۈستىگە قۇرۇپ ھەر قايسى مەھكىمىلەرنى توپقا تۇتماقچى بولغان، پۈتۈن شەھەر خەۋپ ئاستىدا قالغان. مۇپەتتىش مەھكىمىسى ئوفىتسېرى دىڭ يۆسەن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قارشىلىق كۆرسىتىپ بىرقانچىسىنى ئۇجۇقتۇرغاندىن كېيىن ، ئۇلار چېكىنىشكە باشلىغان. دىڭ يۆسەن ۋەئۇنىڭ ياردەمچىسى ئۇرۇشتا ئۆلگەن. ئۇلار ئاندىن كېيىن بىرىنچى ساقچى رايونىغا ھۇجۇم قىلغان. گازارمىدىكىلەرنىڭ زەربىسى بىلەن چېكىنگەن··· باندىتلار بارغانلا يېرىدە ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەي، يەنە مەسلىھەتچى ئامبال گازارمىسىغا قايتىپ كەلگەن. قۇرۇقلۇق ئارمىيە پولك كوماندىرى ۋاڭ يىلەن، ساۋيۇگيۈ قاتارلىقلار پىيادىلەر قوشۇنىنى تېز يۆتكەپ كېلىپ، مەسلىھەتچى ئامبال گازارمىسى مۇھاسىرىگە ئېلىندى. تاڭ سەھەردە بىر تەرەپتىن ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن توپقا تۇتۇش نەتىجىسىدە، ئاخىرى قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى··· پۇقرالارغا قىلچە دەخلى يەتمىدى. باندىت باشلىقى تاڭ شاۋيۈن، چىڭ جۈيفاڭلار قولغا چۈشۈپ قانۇنىي جازاغا تارتىلدى.رايونىمىز تىنچ خاتىرجەم···» دېيىلگەن.

دېمەك ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە پائالىيەتلىرى يۈەن داخۋا تەرىپىدىن مۇشۇنداق ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاندى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئىلى ئىنقىلابىي قوزغىلىڭى پارتلىدى.

1906-يىلى(گۇاڭشۈنىڭ 32-يىلى) كۈزدە ۋۇچاڭدىكى «دىجىخۇي» تەشكىلاتى مەنچىڭ ھەربىي قوشۇنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. بۇ چاغدا ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى فىڭ يى (يەنى فىڭ تېمىن) فېڭ داشۇ قاتارلىقلار مۇھىم گۇمانلىق ئادەملەر ھېسابلىنىپ، مەنچىڭ ئوردىسى ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئىزدەپ يۈرگەنلىكتىن، ئۇلار ۋۇخەندە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا ئىمكانىيەت قالمايدۇ. فېڭ تېمىن قاتارلىقلار ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ يەنە بىر ئادىمى ياڭ زەنشۇ بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت قىلاتتى. 1907-يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 33-يىلى) ئىلى گېنېرالى چاڭ گىڭ چىڭ ئوردىسىنىڭ نەنياڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدىن بىر قىسمىنى ئىلىغا يۆتكەپ كېلىپ، ئىلىدا مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇشنىڭ ئاساسىي كۈچى قىلىش بۇيرۇقىنى ئالىدۇ. خۇنەننىڭ باش ۋالىيسى جاۋئېرشۈن بۇيرۇق بويىچە ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنى تاللاپ، قوشۇننى تەشكىللەشنى ياڭ زەنشۇگە تاپشۇرىدۇ. فېڭ تېمىن قاتارلىقلار تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن بولغاچقا، ئۇ يەردە تۇرۇۋېرىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ياڭ زەنشۇ تاللىغان قىسىملارغا قوشۇلۇپ، ياڭ زەنشۇ بىلەن ئىلىغا كەلگەن. ئەنە شۇلار كېيىنكى ئىلى ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرىي تايانچ كۈچلىرى بولغان.

ياڭ زەنشۇ ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى خوسەن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. ياپونىيىدىكى چېغىدا «ئىتتىپاق» قا كىرگەن، دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن مەنچىڭ ئوردىسىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن بولسىمۇ، لېكىن يوشۇرۇن تۈردە ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

ياڭ زەنشۇ تاللىۋالغان ئوفىتسېر-ئەسكەرلەر خۇبېي قۇرۇقلۇق ئارمىيە 8-شەھەر مۇداپىئە قىسىملىرىدىكى خادىملار بولۇپ، ئوفىتسېر، ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاددىي جەڭچىلەر بولۇپ 800 كىشى ئىدى. ئۇلار قۇرۇقلۇق ئارمىيە پىيادە قىسمى، كىچىك زەمبىرەك قىسمى، دالا زەمبىرەك قىسمى، قۇرۇلۇش قىسمى قىلىپ تەشكىل قىلىندى. تەشكىللەپ بولغاندىن كېيىن 1908-يىلى 1-ئاينىڭ 7-كۈنى (گۇاڭشۈنىڭ 39-يىلى 12-ئاينىڭ 4-كۈنى) ۋۇچاڭدىن يولغا چىقىپ شۇ يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنى (گۇاڭشۈنىڭ 34-يىلى 6-ئاينىڭ 7-كۈنى) ئىلىغا يېتىپ كېلىپ، ھەربىي تەلىم-تەربىيە نەمۇنە قىسمى قىلىپ تۇرغۇزۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىلىدىكى شىبە، سولۇن، يېڭى قوبۇل قىلىنغان موڭغۇل ئەسكەرلەر پىيادە، ئاتلىق قىسىم، زەمبىرەكچى قىسىم، قورۇلۇش قىسمى بولۇپ، ئارىلاش بىرىگادا ئۇيۇشتۇرۇلدى. ياڭ زەنشۇ بىرىگادا كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

ياڭ زەنشۇ بىلەن بىللە ئىلىغا كەلگەن ئىنقىلابىي پارتىيە ئادەملىرىدىن فىڭ تېمىن، فېڭ داشۇلاردىن باشقا يەنە خاۋ كېچۈەن، لى كېگو، فاڭ شياۋسى، شۈي شۈيۈەن، شىڭ زېخۇڭ، جۇ نەنچىن، لى يىڭ، لەن شياۋخۋا، ۋەن چاڭفىڭ، لىيۇچىشەن، چۆيۇچىڭ، تەن جۇڭلىن، خۇاڭ يوڭفىڭ قاتارلىقلار بار ئىدى. شىئەن شەھىرىگە كەلگەندە لى مېڭىياۋ قوشۇلغانىدى. ئۇلار ئىلى ئىنقىلابىنىڭ ئۇل كۆچى بولۇپ شەكىللەندى.

**(3)**

ئىلى غەربىي شىمالدىكى بىر چەت رايون بولسىمۇ، بىراق رۇسىيە بىلەن چېگرىداش بولغاچقا، ئورنى مۇھىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، ماددىي بايلىقى مول، نوپۇسى كۆپرەك، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىلا مۇھىم ھەربىي ئورۇن بولغان. چيەنلۇڭ جۇڭغارلارنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن توققۇز قورغان سالدۇرۇپ، كۆپ ئەسكەر تۇرغۇزغان، شۇڭا بالدۇرراق تەرەققىياتقا يۈزلەنگەنىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى گېنېرال چاڭ گېڭ ئىلىدا ئەسكەر تۇتۇپ تۇرغاندا چىڭ ئوردىسى «ۋۇشۇي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە دۇچ كەلگەن پەيت بولۇپ، كاڭ يوۋېي، لياڭ چىچاۋلار مەغلۇب بولغان بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسى بەزىبىر «يېڭى سىياسەت» لەرنى يولغا قويغان. مەسىلەن، مەكتەپ ئېچىش، زاۋۇت-فابرىكا قۇرۇش، يول ياساش، ئاپتوموبىل ئىشلىتىش، ئېلېكتىر چىراقلىرى ئورنىتىش قاتارلىق ئىشلارنى يولغا قويۇپ، يېڭىلىق پەيدا بولۇشقا باشلىغان، كىشىلەر قەلبى يېڭىلاش ھەرىكىتىگە مايىل بولغانىدى. ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن خىلمۇ-خىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىسىدا، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسىنى ماقۇل كۆرۈدىغانلار، ئاۋاز قوشقۇچىلار كۈن ساناپ كۆپەيگەنىدى.

ئەسكەرلەرگە قوشۇلۇپ ياڭ زەنشۇ بىلەن بىللە ئىلىغا كەلگەن ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى، ياڭ زەنشۇ تەرىپىدىن ھەربىي قوشۇنلار ۋە ئىدارە ئورگانلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار ھەرقايسى تەرەپلەردە تەشۋىق قىلىش ۋە تەشكىللەش

خىزمەتلىرىنى يۈرگۈزۈپ، تەسىرى پەيدىن-پەي كېڭەيگەن. دەرۋەقە بۇ ھال چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ۋە مۇلكى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىغان. شۇ چاغدىكى مۇئاۋىن ۋالىي شۇيگوجى، مۇداپىئە قوماندانى جى يۈكۈيلار سۈيدۈڭدە يۈز بەرگەن قىمارۋازلارنىڭ ئۇرۇش، جېدەل-ماجىراسىنى باھانە قىلىپ، بۇ ۋەقەنى ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى چىقارغان جېدەل دەپ گېنېرال چاڭ گېڭغا دوكلات قىلىپ، چاڭ فېڭنى، جۇجىفالارنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئېسىپ سازايە قىلغان. ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزاسى ۋەن شياڭچۈن مۇشۇ سەۋەبتىن ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېتىپ پاناھلانغان. لېكىن ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى بۇنىڭلىق بىلەن كۆرەشنى بوشاشتۇرۇپ، پائالىيىتىنى ئازايتقان ئەمەس، ئۇلار خەنزۇچە، مانجۇچە، موڭغۇلچە ۋە ئۇيغۇرچە تۆت تىلدا كۈندىلىك گېزىت چىقارغان ھەمدە مەكتەپ ئېچىپ ئۇ يەردىنى تەشۋىقات بازىسى قىلغان. 1911-يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ 3-يىلى)10 -ئاينىڭ 10-كۈنى شىنخەي ئىنقىلابى ئالدى بىلەن ۋۇچاڭدا پارتلىدى. ئۇ چاغدا فىڭ تېمىن ۋۇچاڭ تەرەپ بىلەن كېلىشىپ ماسلىشىپ ھەركەت قىلماقچى بولغانىكەن. لېكىن فىڭ تېمىن مەسلىھەتچى ئامبال مەھكىمىسىدە كاتىپلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، تەسىر كۈچى ئانچە كۈچلۈك بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە پېتىنمىغان. كېيىن لى مىڭبياۋ شەنشىلىك ھەربىيلەرنى، لى فوخۇاڭ خۇبېيلىق ھەربىيلەرنى، فىڭ داشۇ يەرلىك مۇسۇلمانلار بىلەن يېشىل تۇغلۇق ھەربىيلەرنى ھەركەتلەندۈرۈپ كۆرگەن بولسىمۇ، تەييارلىقى پىشىپ ئۈلگۈرمىگەن. ئۈرۈمچىدىكى ليۇشەنچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن چاغدا فېڭ تېمىن ماسلىشىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ياڭ زەنشۇ ئەتراپلىق ئويلىشىپ ھەركەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. تونۇش بىرلىككە كەلمىگەنلىكتىن قوزغالمىغان. ليۇشەنچۈن ئۈرۈمچىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، ئىلى ۋەزىيىتى بىردىنلا جىددىيلىشىپ كېتىپ، نەچچە يىلدىن بېرى تەييارلىق قىلىۋاتقان ئىلى ئىنقىلابى تېگىپلا كەتسە پارتلاپ كېتىش ھالىتىگە كەلگەنىدى.

ئىلى گېنېرالى چاڭ گېڭ شەنشى-گەنسۇ باش ۋالىيلىقىغا يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئىلى گېنېرالى ۋەزىپىسىنى جى رۇي ئۈستىگە ئالدى. جى رۇي (1852-1912) مانجۇ ھال تۇغلۇق كىشى، تاتارلار قەبىلىسىدىن، تەخەللۇسى بەي يۇ، ئىسمى گوڭ يىڭ، يەنە بىر تەخەللۇسى گوشۈەن، ئاخىرقى يىللاردىكى ئىسمى يۇئەن، ئۇ گۇاڭشۈي يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوردا ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ مۇھەررىر، تەپتىش قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1892-يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 18-يىلى) ئىش

بېجىرگۈچىلىكتىن ئۆستۈرۈلۈپ شىغاۋۇل مەھكىمىسىگە (قائىدە-يوسۇن مەھكىمىسى) ياندىش ئامبال بولغان. جۇڭگو-ياپونىيە جاۋۇ ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ مەكتۇپ سۇنۇپ، لى خۇڭجاڭ ئەيشى-ئىشرەتكە بېرىلىپ ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقمىدى، يې چىچاۋ قورقۇنچاقلىق قىلىپ جۇرئەت قىلمىدى، دەپ ئەيىبلىگەن ۋە «بىز چېكىنسەك، دۈشمەن كىرىدۇ، بىز يول قويساق، دۈشمەن كۆرەڭلەيدۇ، شۇڭا بۈگۈنگىچە دەردىنى تارتىۋاتىمىز» دەپ قاتتىق ئەيىبلىگەن. ئۇنىڭ جىن فېي ۋە چىن فېي دېگەن ئىككى سىڭلىسى سىشتەيخو خان ئانىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقتىن كېنىزەك قاتارىغا چۈشۈرۈلگەندە، ئۇمۇ ئۇلاستاي (ھازىرقى موڭغۇلىيىدە) نىڭ مەھلىھەتچى ئامباللىقىغا يۆتكىۋېتىلگەن. غەربىي شىمالنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى كۈچەيتىش پىلانى ۋە زومىگەر قوشنا ئەلنىڭ (رۇسىيە) ھىيلە-نەيرەڭلىرىنى پاش قىلىش يۈزىسىدىن ئوردىغا بەش نۆۋەت مەكتۇپ يوللىغان. 1910-يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ 2-يىلى) خاڭجۇغا گېنېرال بولۇپ بارغان. 1911-يىلى ئىلى گېنېرالى بولۇپ يۆتكەلگەن. ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ كەلگەن چاغلار چاڭجياڭ ۋادىسىدا ئىنقىلاب ۋەزىيىتى ئۇلغايغان پەيتلەر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىلىدىكى كىشىلەرمۇ قوزغىلىش كويىغا چۈشكەن ۋە ئىنقىلاب ئوتى كېڭىيىۋاتقانىدى. ئىلىدىكى ھەربىي قوشۇنلار ئىچىدە جەنۇبىي جوڭگودىن يۆتكەپ كەلگەن ئوفىتسېر-جەڭچىلەر بولۇپ، ئۇلار ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جى رۇينىڭ گۇمان-ئەندىشىسى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىدۇ. ئاخىرى تەدبىر قوللىنىپ ياڭ زەنشۈنى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى پولك، باتالىيونلاردىكى ئەسكەر، ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسىنى تارقىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قايتۇرۇۋېتىپ، كېيىنكى كۈندە بالا تېرىشىدىن يىراق قۇتۇلماقچى بولىدۇ. بۇلارنى يولغا سېلىش ۋاقتىدا جەڭچىلەر ئۇچىسىغا كىيىۋالغان جۇۋا، شالۋۇرلىرىنى سالدۇرۇپ، پۈتۈنلەي ئىسكىلاتقا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدى. ياڭ زەنشۇ ھازىر ھاۋا سوغۇق، تېرە جۇۋا، شالۋۇر كىيمىسە يولدا توڭلاپ ئۆلۈشى مۇمكىن دەپ جەڭچىلەر تېرە جۇۋا، شالۋۇرلارنى تاغدىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن تاپشۇرۇپ بېرىشنى جى رۇيدىن تەلەپ قىلىدۇ. جەڭچىلەر يولغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن جى رۇي 4-ئەترەت كوماندىرىنى ئەسكەرلىرى بىلەن ھېلىقى ئەسكەرلەر بېسىپ ئۆتىدىغان بېكەتلەرگە ئەۋەتىپ، ئۆتكەن ئەسكەرلەرنىڭ كىيگەن جۇۋا، شالۋۇرلىرىنى پۈتۈنلەي سالدۇرۇپ

تارتىۋالدۇ-دە، بۇ جەڭچىلەر غال-غال تىترەپ يول يۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇ. ئىچكىرىگە قايتۇرۇلىدىغان ئوفىتسېرلارغا جى رۇي يول خىراجىتى بەرمەي كېچىكتۈرىدۇ، مۇشۇ ئەھۋالدا ياڭ زەڭشىن خىزمىتىدىن ئىستىپا سورايدۇ. بۇنىڭغا بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلار قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، پۇقرالارمۇ بۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ ۋە نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ياڭ زەڭشىن ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرىدىن فېڭ تېمىن، جاۋ كېچۈەن، لى يۈخۇاڭ قاتارلىقلارنى ئىشقا سېلىپ پائال ھەرىكەت قىلىدۇ. ھالبۇكى، جەنۇبىي قورال-ياراغ ئىسكىلاتىنى باشقۇرىدىغان خۇاڭ لىجۇڭ ئىنقىلاب سېپىگە يوشۇرۇنچە كىرگەنىدى. ۋەزىيەت ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. فېڭ داشۇ بىلەن مالىنشاۋ قاتارلىقلار يەرلىك مىللىي ۋە دىنىي يۇقىرى قاتلام ئەربابلىرى بىلەن ئالاقە قىلىدۇ، تەن يۈشۇ «گېلاۋ خۇي» نىڭ كاتتىبېشى سىچۈەنلىك شۈي كەيتەي (ئىسمى سەنتەي) بىلەن مۇناسىۋەت قىلىدۇ، لى يۈخۇاڭ ئىلىدىكى يېڭى ھەربىي قىسىملار بىلەن ئالاقە قىلىدۇ. ياڭ زەڭشىن تېخىچە يۇقىرىغا تاپشۇرۇۋەتمىگەن مەسلىھەتچى ئامباللىق باشقۇرۇش دائىرىسىدىن پايدىلىنىپ، شۈي كەيتەينى «يىيوڭجۈن» قىسىملىرىنىڭ پولك كوماندىرلىقىغا مەخپىي تەيىنلىۋالغانىدى. (ئۇ چاغدا پولكلار، گارنىزون قىسىملىرى، يېشىل تۇغلۇق باتالىيونلىرىدىكى جەڭچى-ئوفىتسېرلار ئىچىدە «گېلاۋخۇي» غا كىرگەن ئادەملەر ئاز ئەمەستى.) شۇنداق قىلىپ، يېڭى، كونا مانجۇ باتالىيونىدىن باشقا ھەربىي قىسىملاردا شەرت-شارائىت پىشىپ قالغانىدى. تەشۋىق قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر مۆتىۋەرلىرىدىكى خەنزۇلارنى ئۆچ كۆرىدىغان كەيپىياتلارمۇ پەيدىنپەي يوقىلىپ، ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلىدىغان بولغان (زوزۇڭتاڭ شىنجاڭغا قوشۇن تارتىپ كىرگەن چاغدا ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى خەلقنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ھەرىكەتلىرىنى قىلغاچقا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە خەنزۇلارغا نەپرەت بىلەن قاراش كەيپىياتلىرى پەيدا بولغان. بۇ ئەھۋاللار بۇ چاغدا تەلتۆكۈس تۈگەپ كەتمىگەنىدى.) ئىلى ئىنقىلابىي ھەرىكىتى مۇشۇ چاغقا كەلگەندە ئاساسىي جەھەتتىن پىشىپ قالغانىدى.

بۇ چاغلاردا ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى ھەر كۈنى كەچتە لى يۈخۇاڭنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ ۋەزىيەتنى مۇلاھىزە قىلاتتى. خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇراتتى. ئەسلىدە شۈەنتۇڭنىڭ 3-يىلى قەمەرىيە 11-ئاينىڭ 24-كۈنى (1912-يىلى 1-ئاينىڭ 12-كۈنى) قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قارار قىلىنغانىدى. ھەرىكەت پىلانى جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇۋاتقان چاغدا، سىرتتا گەپ تارقىلىپ كېتىپ، شەھەر خەلقى

ئىنسىزچىلىككە چۈشۈپ قالىدۇ، شۈنىڭدەك قەمەرىيە 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى (1912 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى) لەنجۇدا ھەربىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ۋەزىيەت تېخىمۇ داۋالغۇپ كېتىدۇ. شۇڭا 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى (قەمەرىيە 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى) جەنۇبىي دەرۋازا سىرتىدىكى زەمبىرەكچىلەر باتالىيونىدا ۋاقىتتىن بۇرۇن يىغىن ئۆتكۈزىدۇ. يىغىنغا 69 كىشى قاتنىشىپ بۇلارغا «تېيەنشۆ تۇەن» (پولاتتەك قان كېچەرلەر پولكى) دەپ نام بېرىلىپ، شۇ كۈنى كېچە سائەت 12 دە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قارار قىلىنىدۇ. شۇ چاغدا ھەممىيلەن ياڭ زەنشۈنى باش قوماندانلىققا، ھەربىي مەشىق كوماندىرى فىڭ باۋنى شتاب باشلىقلىقىغا، فىڭ تېمىننى دىپلوماتىيە ئىشىغا، فىڭ داشۈنى ئىچكى ئىشلارغا، خۇاڭ لىجۇڭنى مالىيە ئىشلىرىغا، چىڭ جىنشىڭنى ئالاقە باغلاشقا، جۇشەنچىن، لى پۇخۇاڭ، تەن جۇڭلىن، لىيۇ چىشەن قاتارلىقلارنى ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. كۈتۈلمىگەندە يىغىندىن ئىككى نەپەر شىبە ئەسكەر قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ. مەخپىيەتلىك ئاشكارلىنىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋاقتى سائەت توققۇزغا ئۆزگەرتىلىدۇ. ئىش تەقسىماتى مۇنداق بولىدۇ: خاۋ كېشۇ گېنېرال مەھكىمىسىگە، فېڭ تېمىن شىمالىي ھەربىي ئىسكىلاتقا ھۇجۇم قىلىدۇ. لى پۇخۇاڭ باش قوماندان بولۇپ، شەرقىي دەرۋازىنى ئىشغال قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ، شىمالىي مىلىتارىستلار قوشۇنىدىن چىققان ئوفىتسېرلار قول ئاستىدىكى قىسىملارنى قورغان ئىچىگە كىرىپ ماسلىششقا قوماندانلىق قىلىدۇ (ئۇ چاغدا قىسىملار كۇرە سېپىلىنىڭ سىرتىدا ئىككى چاقىرىم كېلىدىغان جايدا تۇراتتى، سېپىل ئىچىدە پەقەت بىر تاغ زەمبىرەك ئەترىتى، بىر دالا زەمبىرەك ئەترىتىلا بولۇپ، ھەربىي كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن، 100 دىن ئارتۇق كىشى ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىش ئۈچۈن گىراناتلارنى ئېلىپ تەقابىلىنىپ يوشۇرۇنچە سېپىل ئىچىگە كىرگۈزۈلگەنىدى.)

ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقان چاغدا، جى رۈي ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن دوكلاتلارنى ئېلىپ تۇردى. لېكىن سېپىلنىڭ ئىچى ـ سىرتىنى موڭغۇل ئەسكەرلەر مۇھاپىزەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە 50 نەچچە ئوفىتسېر بار، ئەندىشە قىلىش ئوشۇقچە دەپ قاراپ، جى رۈي خاتىرجەم ئىدى. 19 ـ كۈنىگە كەلگەندە ھېلىقى قېچىپ چىققان شىبە ئەسكەر بىلەن پولك دىجورنىسى چىڭ جافو، دوسما يۈنخىڭلار كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ دوكلاد قىلغاندىن كېيىنلا سەگەكلىشىپ، بىر تەرەپتىن سېپىل ئىچىدىكى تۇغلۇق ئەسكەرلەرگە

قورال تارقاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە مائاش تارقىتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش ھەققىدە چىڭ جافۇغا بۇيرۇق بەردى. مۇھىم ئورۇنلارنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭدەك موڭغۇل قىسىملىرىدىن 1000 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئىلى دەريا ياقىسىغا يۆتكەپ كېلىپ، كونترول قىلىشنى كۈچەيتتى.

1912 ـ يىلى (مىنگونىڭ تۇنجى يىلى)1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى (قەمەرىيە 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى) كەچ سائەت توققۇز ۋاقتى. جۇشەنچىن پولكىنىڭ دىجورنى ئوفىتسېر بولغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ كاناپچىغا كاناي چېلىپ ئەسكەرلەرنى يىغىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. جۇشەنچىن بۇ چاغدا ئىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيە 1 ـ پىيادىلەر پولكى، 1 ـ باتالىيونىنىڭ ئىنسپېكتورى ئىدى. مۇشۇ شارائىتتىن پايدىلىنىپ ئۆز قارمىقىدىكى ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئالدى بىلەن جەنۇبىي دەرۋازىغا ھۇجۇم قىلىپ، جەنۇبىي قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتىنى ئىشغال قىلدۇ. بۇ 1 ـ باتالىيونىنىڭ مانجۇ كوماندىرى ئەھۋالنى كۆرۈپلا قېچىپ كېتىدۇ. لى پۇخۇاڭ شەرقىي دەرۋازىنى ئىشغال قىلىپ، قوشۇنلار ئارقا ـ ئارقىدىن سېپىل ئىچىگە كىرىدۇ. قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتىنى ئىشغال قىلىۋالغاچقا، ھەر تەرەپتىن كىرگەن قوشۇنلار ئىسكىلاتتىكى قورال ـ ياراغلارنى ئېلىپ قوراللىنىدۇ. جاۋكېچۈەن قوشۇننى باشلاپ گېنېرال مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىدۇ. جى رۇي ئارقا تەرەپتىكى گۈلخانىنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، شەرقىي كوچىدىكى ئولدىچۈن دورغاچىنىڭ يامۇلىغا قېچىپ كىرىۋالىدۇ. پولك دىجورنىسى، باتالىيونلار گازارمىلىرى پەيتىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى سېزىپ، شەھەرنى قوغداپ قېلىش، قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك مەسلىھەتىگە كېلىدۇ، لېكىن شىمالىي قورال ئىسكىلاتىنى باشقۇرىدىغان يېڭى مانجۇ باتالىيونى كۆك تۇغىنىڭ دورغاچىسى مىڭ كوتەي قىسىملىرى ئىسكىلاتنى تاپشۇرۇپ بېرىشتىن باش تارتىدۇ. رىشاتكىنى توساق قىلىپ قوغدىنىپ، قوزغىلاڭچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. جۇشەنچىن، ليۇچىشەنلەر مەنچىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئوقى تېگىپ قۇربان بولىدۇ. ئىنقىلابىي ئارمىيە شىمالىي قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالالمايدۇ. بۇ ئىسكىلاتتا كونىچە ھەربىي قورال ـ ياراغلار ساقلىناتتى. ئەگەردە سېپىل سىرتىدا تۇرىدىغان مانجۇ، موڭغۇل مۇنتىزىم قىسىملىرى ۋە سۇيدۇڭ گارنىزون مۇداپىئە باتالىيونىدىكى نۇرغۇن مەنچىڭ قوشۇنلىرى بىرلىشىپ سېپىلغا ھۇجۇم قىلسا ۋە قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتىدىكى قوراللارنى قولغا كىرگۈزۈۋالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىنقىلابىي ئارمىيە خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالاتتى. شۇنداقلا سېپىل ئىچىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاھالىلەرنىڭ تولىسى ئۇيغۇر، سولان، ئۆيرات، شىبە، چاخار ئاھالىلىرى ئىدى. ئۇلاردا چىڭ سۇلالىسىغا قارىتا ئىخلاس چوڭقۇرراق بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ ئەھمىيىتىنى ئانچە چۈشەنمەيتتى. ئەگەر ئۇلارمۇ قوزغىلىپ قارشىلىق قىلىدىغان بولسا، ئىنقىلابىي ئارمىيىگە ئىككى تەرەپتىن زەربە بېرىدىغان كۈچ بولاتتى-دە، بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەختكە يارىشا، جى رۇي ئالدىنئالا تەييارلىق قىلالمىغاچقا، ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شىمالىي قورال ئىسكىلاتىدىكى يېڭى مانجۇ باتالىيونىدىكى مەنچىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئىنقىلابىي ئارمىيە شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، تىركىشىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا فېڭ تېمىن قاتارلىق كىشىلەر ئىلىدا بار ئەڭ چوڭ 24 مىللىمېتىر كالىبىرلىق زەمبىرەك بىلەن شىمالىي ھەربىي ئىسكىلاتنى توپقا تۇتۇش، كىرسىن بىلەن ئوت يېقىپ رشاتكىنى كۆيدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ياڭ زەنشۇ ئىنقىلاب قىلىشتا ئالدى بىلەن خەلق رايىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، ئەگەر توپقا تۇتۇپ، ئوت قويۇپ، كوچا ئۇرۇشى قىلىنسا پۇقرالارغا زىيان-زەخمەت يېتىدۇ. مانجۇ باتالىيونىدىكى ئەسكەرلەرنىمۇ كۆپ قىرغىن قىلماسلىق كېرەك دەپ قاراپ، ئالدى بىلەن قورغاس تەرەپكە قارىتىپ بىر قانچە پاي توپ ئېتىپ، زەمبىرەك ئوقىنىڭ ھەيۋىسى بىلەن ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەشنى قارار قىلدى. توپ ئېتىلغاندىن كېيىن چېگرانىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇۋاتقان روسىيە ئەسكەرلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇلار ئەسلىدە تۆگچى يىللىرىدا مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ئارىلاشقان باھانە بىلەن ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى بېسىۋالغان كونا ئۇسۇلى بويىچە، بىر بىرلەشمە ئەترەت چىقىرىپ، قورغاس سېپىدىن يوشۇرۇن تورده ئىلىغا قاراپ ماڭدۇرغانىكەن. زەمبىرەك ئوقى دەل روس ئەسكەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشكەن، روس قوشۇنى بىز تەرەپنى بۇرۇنلا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىكەن، دەپ ئويلاپ، چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئىنقىلابىي ئارمىيە پۈتۈن كۈچىنى يېڭى مانجۇ باتالىيونىغا تاقابىل تۇرۇش ئۇرۇشىغا سېلىشقا پۇرسەت بولغان.

شىمالىي ھەربىي ئىسكىلاتتىكى يېڭى مانجۇ باتالىيونىغا قانچە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ئالالمىغانلىقتىن ئىنقىلابىي ئارمىيە باشقىچە تاكتىكا قوللاندى. ئۇلار ياڭ زەنشۇنى سابىق گېنېرال گۇاڭ فۇغا ئەۋەتىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۇنى ۋاقىتلىق ۋالىي (دۇدۇ) بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئابرويى ئارقىلىق يېڭى مانجۇ باتالىيونىنى ئۇرۇش توختىتىشقا مەجبۇرلاشنى قارار قىلدى.

گۇاڭ فۇ شىبە بولۇپ، ھەممەيلەن ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى. شۇ

مەزگىلدە ئۇ ھەم ياشىنىپ قالغان ھەم ئاغرىقچان بولغاچقا، بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا زادىلا ماقۇل بولمىدى، لېكىن ياڭ زەڭشۈننىڭ قايتا-قايتا تەلەپ قىلىشى ۋە خەلقنى ئۇرۇش ئازابىدىن ساقلاپ قېلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوتتۇرىغا چىقىپ باشقۇرۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە گۇاڭ فۇ كۆپچىلىككە مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ئېلان قىلدى. يېڭى مانجۇ باتالىيونى ئەزەلدىن گۇاڭ فۇنىڭ ئابرويىغا ئىخلاس قىلىدىغان بولغاچقا، دەرھال ئۇرۇشنى توختاتتى. شۇنىڭدەك خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمان ۋە زاڭزۇلاردىن تەركىب تاپقان «ئورتاق ئىلگىرلەش» جەمئىيىتىنى قۇرۇپ، ياڭ زەڭشۈنى جەمئىيەت باشلىقى قىلىپ كۆرسەتتى. بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى جاكارلىدى. ئۇرۇش شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن گۇاڭ فۇ بىلەن ياڭ زەڭشۇ نامىدا دۇتۇڭ، تۆت يېتەكچى ئامبال، يېڭى مانجۇ باتالىيونىنىڭ دورغاچىسى (كوماندىرى)، ئورۇنباسار باشلىقلىرى، ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ باشچىلىرى، يەرلىك تەشكىلاتلارنى چاقىرىپ، سودىگەرلەر جەمئىيىتىدە يىغىن ئۆتكۈزۈپ، يېڭى مانجۇ باتالىيونىغا ھەربىي فورما كىيىمىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە، غۇلجىدا تۇرۇشلۇق شىبە باتالىيونىغا قورال-ياراغنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىشنى قارار قىلدى. يېڭى مانجۇ باتالىيونى گۇاڭ فۇنىڭ كاپالەت بېرىش ئارقىسىدا بۇيرۇققا بويسۇنۇپ ئىجرا قىلدى. شىبە باتالىيونى 400 نەپەر ئوقۇغۇچى ۋە مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، غۇلجا، كۈرە ئىككى تەرەپتىن ئىنقىلابىي ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ئاقىۋەت ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا، شىبە باتالىيونىنىڭ دورغاچىسى (كوماندىرى) بۇيرۇققا ئىتائەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياڭ زەڭشۈننىڭ تەكلىپى بىلەن كۆپچىلىك گۇاڭ فۇنى ۋاقىتلىق دۇدۇ (ۋالىي) لىققا سايلىدى.

1912-يىلى (مىنگونىڭ تۇنجى يىلى)1 -ئاينىڭ 8-كۈنى (يەنى شىنخەي 11-ئاينىڭ 20-كۈنى) گۇاڭ فۇ سودىگەرلەر جەمئىيىتىدە ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالدى. يېڭى، كونا مانجۇ باتالىيونلىرى ۋە تۆت باتالىيون قەبىلە ئەمەلدارلىرى يەنىلا ئۆز پېتىچە تۇرىۋەردى. كونا ھەربىي تەشكىلى دەرىجە ناملىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېڭى ئىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيە 1-دىۋىزىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. دىۋىزىيە كوماندىرلىقىنى ياڭ زەڭشۇ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. بىر تەرەپتىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگىرامما يوللاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى تەشكىللىگەن، ھەمدە رۇسىيە كونسۇلىغا نوتا تاپشۇرغان. نوتىنى فېڭ تېمىن تەييارلاپ، شۇ كۈنى سائەت 11 دە

www.uyghurkitap.com



يوللىغان، نوتىدا: «دۆلىتىمىزدىكى ئەسكەرلەر، خەلقلەر ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مەنچىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇمھۇرىيەت قۇردى. بۇ سۇن جۇڭشەن ئەپەندى رەھبەرلىك قىلغان پۈتكۈل ئىنقىلابقا تەئەللۇق قوزغىلاڭ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن تۈزگەن كېلىشىملىرى داۋاملىق كۈچكە ئىگە. مىنگو ئارمىيىسى چەت ئەللىكلەرنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىنى بىردەك قوغدايدۇ» دېيىلگەن. رۇسىيە جاۋاب نوتا يوللاپ، خەلق ئارمىيىسىنى ئېتىراپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بەش مىللەتتىن تەركىب تاپقان جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنغان، پەرمان چىقىرىپ خەلق خاتىرجەم قىلىنىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەت پەيدىنپەي مۇقىملاشقان.

لېكىن مۇشۇ ۋاقىتتا جى رۇي يەنىلا سىرتتا قېچىپ يۈرەتتى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قوماندانى ياڭ زەنشۇ جى رۇينى تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە ئىنئام بېرىش توغرىسىدا ئېلان چىقاردى. ئېلاننىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «خەلق ئەسكەرلىرىمىز ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مەنچىڭ ئىستىبدات تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇمھۇرىيەت قۇردى. گېنېرال جى رۇي، مۇئاۋىن دۇتۇڭ شى شەن، ساقچى ئەمەلدارى ليۇ × × ، تۇغلۇق ئەمەلدارى چۈن جۇمىن، شياۋچاڭ قاتارلىقلار تۇتۇلماي قېچىپ يۈرىدۇ. بۇلار توغرىسىدا خەۋەر بەرگۈچىلەرگە 100 مىڭ سەر كۈمۈچ ئىنئام بېرىلىدۇ، گېنېرال جى رۇينى تۇتۇپ ھەربىي ھۆكۈمەتكە تاپشۇرغانلارغا 200 مىڭ سەر كۈمۈچ ئىنئام بېرىلىدۇ. بۇلارنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ مەلۇم قىلمىغانلار، شۇلارغا ئوخشاش جازاغا تارتىلىدۇ» دېيىلگەن. جى رۇي بۇ چاغدا ئولدىچۈن دۇرغاچىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. ئولدىچۈن ئۆزىنىڭ چېتىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ھەربىي ھۆكۈمەتتە پىيادە قىسىملار پولك كوماندىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان جىڭ جۇچۇەننى ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. فېڭ تېمىن، مابۇيۈنلار ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، ئولدىچۈن دورغاچىنىڭ يامول سارىيىنىڭ شەرقىي كارىدورىدا جى رۇينى تۇتىدۇ. دۇمباق مۇنارىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى مالىيە ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئېلىپ بېرىپ مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. چۈن جۇمىن، ساقچى ئەمەلدارى ليۇ × × لەرمۇ 20-كۈنى چۈشتىن كېيىن قولغا چۈشۈپ، كاللىسى ئېلىنىپ مۇنارغا ئېسىپ قويۇپ سازايە قىلىنىدۇ، مۇئاۋىن دۇتۇڭ شى شەننى فېڭ تېمىن، سەي داخۇالار شۇ كۈنى كەچتە تېپىپ قولغا چۈشۈرىدۇ. ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى ئەسىرلەرگە تۈز مۇئامىلە قىلىش سىياسىتى بويىچە

ئۇنى قويۇپ بېرىدۇ ۋە يول راسخوتى بېرىپ، سىبىرىيە ئارقىلىق ئۆز يۇرتىغا يولغا سالىدۇ.

شىبە باتالىيونىنىڭ كوماندىرى فۇلخۇلۇن، سولۇن باتالىيونىنىڭ كوماندىرى كوي لۇ، ئۇيرات باتالىيونىنىڭ كوماندىرى مودېچۇن، چاخار باتالىيونىنىڭ كوماندىرى چۇەنگوي، كونا مانجۇ باتالىيونىنىڭ سولقول دورغاچىسى لى شىچۇەن، ئوڭقول دورغاچىسى دې كىچتو، يېڭى مانجۇ باتالىيونىنىڭ سولقول دورغاچىسى مىڭ كۇتەي، ئوڭقول دورغاچىسى رونچۇن، پولك ئوفىتسېرلىرىدىن چىڭ جىنجىيا، دوسىما گاۋلو قاتارلىقلار دۇدۇ مەھكىمىسىگە بېرىپ يېڭى ھۆكۈمەتنى ھېمايە قىلىدىغانلىقلىرىنى ئىپادىلىدى. بولۇپمۇ كونا تورغاۋۇتلارنىڭ ئويرا بېگى بالتا، ئىلى ئۇيغۇر مۆتىبەرلىرىدىن ھۇسەنباي قاتارلىقلار زور كۈچ بىلەن قوللىدى.

قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن باشلاپ ئۇرۇش ئاخىرلاشقىچە ئىنقىلابىي ئارمىيىدىن 50 نەپچە كىشى قۇربان بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەترەت مۇپەتتىش ئوفىتسېرى جۇشەنچىن، ئەترەت ئوفىتسېرى لىيۇچىشەنلەر بار.

ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. سابىق ئىلى گېنېرالى گۇاڭ فۇ ۋاقىتلىق دۇدۇ، ياڭ زەنشۇ باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى باشلىقى بولدى. ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن باشقا خادىملار:

مۇئاۋىن قوماندان: جۇدېشىڭ، ئەنخۇيلۇق، سۇيدۇڭ ناھىيە گارنىزون كوماندىرى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن ئوق-دورا ئىسكىلاتىغا كىرىپ ئوت قويۇپ پارتلىتىپ ئۆلۈۋېلىپ، مەنچىڭ ئوردىسىغا ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ھەربىي شتاب باشلىقى: خې جىيادۇڭ، غۇلجا ناھىيە ھاكىمى، قوشۇمچە گېنېرال مەھكىمىسىنىڭ كاتىپى.

ھەربىي شتابىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى: شۇي شىنۇۋ، خۇبېيلىق، «گېلاۋخۇي» تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى، ئىنقىلاب مەزگىلىدە خەنزۇ، مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرۈپ، پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ قالايمىقانچىلىق چىقارماقچى بولغان. ياڭ زەنشۇ نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن قوزغىلاڭغا قاتناشقان.

مالىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى: خې جىيادۇڭ قوشۇمچە ئىشلىگەن.

مالىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى: خۇاڭ لىچۇڭ، ئەنخۇيلۇق، كېيىن ھاكىم، ھەربىي قورال-ياراغ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى: خاۋ كېچۈن، خۇبېيلىق، خۇبېي قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن.

ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى ئارقا سەپ تەمىنات باشلىقى: جاڭ جۈيچۈەن، كېيىن پىيادىلەر پولك كوماندىرى بولغان.

ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى مائارىپ-ئاقارتىش ئىشلىرى مۇئاۋىن باشلىقى: لى زوڭبياۋ، شەنشىلىك، شەنشى داشۆنىڭ ئوقۇغۇچىسى.

دىپلوماتىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى: فېڭ تېمىن، خۇبېيلىق، خۇبېي «زىجياڭ» مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. «بەيخوا گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى.

دىپلوماتىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى: ۋاڭ ۋېيتۇڭ.

خەلق ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى: فېڭ تېمىن قوشۇمچە ئىشلىگەن.

خەلق ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى: خۇاڭ شىجىڭ، ئىلىدىكى مۆتىبەرلەردىن، گېنېرال مەھكىمىسىنىڭ كاتىبى.

تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: فېڭ داشۇ، خۇبېيلىق، ياپونىيە ساقچى مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى.

ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى: لى يۇخۇاڭ، خۇبېيلىق، نەمۇنىلىك باتالىيون پىيادىلەر ئەترىتىنىڭ كوماندىرى.

بىرىنچى پولك كوماندىرى: مالىڭشياۋ، خېنەنلىك، مۇسۇلمان نەمۇنىلىك باتالىيون پىيادىلەر ئەترىتىنىڭ ئوفىتسېرى.

قۇرۇقلۇق ئارمىيە پىيادىلەر بىرىگادىسىنى»ڭ باشلىقى: چېڭ جىنشىڭ، خۇبېيلىق، زەمبىرەكچىلەر پولكىنىڭ كوماندىرى.

ئاتلىق ئەسكەر بىرىگادىسىنىڭ باشلىقى: چياڭ گوشىڭ.

زەمبىرەكچىلەر پولكىنىڭ كوماندىرى: دىڭ زوچېن، خۇبېيلىق، زەمبىرەكچىلەر باتالىيونىنىڭ كوماندىرى.

پىيادىلەر 1-بىرىگادا 1-پولك كوماندىرى: شاۋدىۋەنيۈەن.

پىيادىلەر 1-بىرىگادا 2-پولك كوماندىرى: ۋاڭ تىيۈن.

«پىدائىيلار» قىسمى پىيادە پولك كوماندىرى: شۈي سەنتەي (يەنى شۈي شىنۇۋ، شۈي كەيتەي.)

ئېغىر قورال ئەترىتىنىڭ باشلىقى: لىيۇ خۇچېن.

قۇرۇلۇش باتالىيونىنىڭ باشلىقى: جاڭ لىشەن.

ۋاقىتلىق دۇدۇ مەھكىمىسىنىڭ 1-كاتىبى: زىلاڭ جيا جىن.
ۋاقىتلىق دۇدۇ مەھكىمىسىنىڭ كاتىبات بۆلۈمى باشلىقى: زىلاڭ يىڭئا.
ۋاقىتلىق دۇدۇ مەھكىمىسىنىڭ كاتىبات بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى: خې جىڭلو.

**(4)**

ئىلى ئىنقىلابىي قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن چاغدا ئۈرۈمچى يەنىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇانىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، غەربىي شىمالنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئىلى ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى تېخىمۇ يېڭى قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە دوكلاد يوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۈەن داخۇاغىمۇ تېلېگرامما يوللاپ، جۇمھۇرىيەتكە ئاۋاز قوشۇشقا دەۋەت قىلدى. بىراق يۈەن داخۇا جاھىللىق قىلىپ، مەنچىڭ ئوردىسىغا قاتتىق ساداقەتمەنلىك قىلدى. ئىلى ئىنقىلابىنى يوز ئۆرۈگەنلىك دەپ قارىدى. ياڭ زەڭشىنى باندىت، ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلغۇاتىدۇ، دەپ ھاقارەتلىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ياڭ زەڭشۇ قاتارلىقلار يۈەن داخۇادىن ئۈمىدىنى ئۈزدى ۋە شەرققە يۈرۈش قىلىدىغان قوشۇننى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇرۇشقا ھازىرلىق قىلدى. يۈەن داخۇا ئۇرۇش مەيدانىدا كۆرۈشىمىز، دەپ جاۋاب تېلېگرامما يوللاپ، بىرىگادا كوماندىرى ۋاڭ يىلەن باشچىلىقىدىكى قوشۇننى ئىلىغا قاراپ ئاتلاندۇردى. ئىلى ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرىدى.

ئىلىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن چاغدا ئىلى گېنېرالى گۇاڭ فۇنى چىڭ ئوردىسى خاڭجۇغا گېنېرال قىلىپ يۆتكىگەنىدى. ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا قوزغىلاڭ پارتلىدى. قوزغىلاڭدىن كېيىن 1912-يىلى (مىنگونىڭ تۇنجى يىلى)1-ئاينىڭ 8-كۈنى ( شۈەنتۇڭنىڭ 3-يىلى 11-ئاينىڭ 20-كۈنى) گۇاڭ فۇچىڭ ئوردىسى كابىنېتىغا تېلېگرامما يوللاپ: «... گۇاڭ فۇ ۋەزىپەمنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ رۇخسەت ئالغانىدىم، كەسكىن ۋەقە يۈز بېرىپ قېلىپ، قاراپ تۇرۇشقا بولمىدى، ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇرەسسە قىلىپ، ئۇرۇشنى دەرھال توختاتتىم، ئىككى تەرەپتىن 30 دەك كىشى ئۆلۈپتۇ ۋە يارىدار بوپتۇ. جى رۇي ئۆلتۈرۈلدى، مۇھۇرى يوقىلىپتۇ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل پۇقرالىرى دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىمىدى. ھازىر بۇندىن كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋاتىمىز، خىراجەتكە موھتاج بولىۋاتىمىز. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋازارىتى <داۋشىڭ> بانكىسى ئارقىلىق 200 مىڭ سەر كۈمۈش قۇتقۇزۇش سوممىسى ئاجرىتىپ بەرسە» دەپ ئىلتىماس يازغان.

شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۋامۇ 1-ئاينىڭ 9-كۈنى ئىچكى كابىنىتقا تېلېگراممىا يوللاپ: «ئۆلكىلىك تېلېگراف ئىدارىسىگە تەپسىلىي ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ تېلېگرامما يوللاشنى تاپشۇرغانىدۇق، جاۋاب ئالالماپتۇ. جىڭدىكى قوشۇنلارنىڭ قوماندانىغا تېزلىكتە دوكلات قىلىش ھەققىدە تېلېگرامما يوللىدۇق. شۇنىڭدەك قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاتلىق قىسىملىرىدىن بىر باتالىيون ئەسكەرنى رازۋېدكا قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتۇق. ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ھەممە قىسىملارنى ئەۋەتىپ ياردەم بەرمەكچىمىز. لېكىن ئەسكىرىي كۈچ ئاز، تەمىناتتىن ئۈزۈلۈپ قالدۇق. ئۆلكە خەزىنىسىدە ھېچنەرسە قالمىدى، ئەگەر بىرەر ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ قالسا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. خەتەرلىك ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بىر نەچچە باتالىيون ئەسكەر قوبۇل قىلىپ شەھەردە تۇرغۇزۇشقا بىزگە بىر نەچچە تۈمەن پۇل ئاجرىتىپ بەرگىلى بولامدىكىن...» دېگەن.

چىڭ ئۇردا كابىنىتى مۇنداق جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتكەن: «...ياردەمچى قوشۇننى كۆپرەك ئەۋەتكىلار، ئەسكەر ئېلىپ بىر نەچچە باتالىيوننى قۇرۇش ئۈچۈن خىراجەت سورىغانىكەنسىلەر. ھازىر ۋازارىتىمىز مالىيىسى قۇرۇق بولۇپ قالاي دېدى. ئەسلىدە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشقىلارغا ياردەم قىلىش لازىم ئىدى. بىراق قولىمىزدىن كەلمەيۋاتىدۇ. ئالدى بىلەن ئۆز يېرىڭلاردا ئامال قىلىپ ھازىرقى جىددىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ تۇرساڭلار ۋە چاڭ گىڭ بۇ چاغدا شەنشى، گەنسۇ باش نازىرى ئىدى) ياردەم بېرىپ تۇرۇش توغرىسىدا تېلېگرامما يوللاپ مەسلىھەتلىشىپ كۆرسەڭلار.» (1912-يىلى 1-ئاينىڭ 10-كۈنى، شۈەنتۇڭنىڭ 3-يىلى 11-ئاينىڭ 22-كۈنى)

شۇ كۈنى ئىلى-تارباغاتاي ۋالىيسى فەن جىڭنىڭ تېلېگراممىسىنىمۇ ئىچكى كابىنىتقا يوللاپ بەردى. ئۇنىڭ مەزمۇنىدا تۆۋەندىكىچە قاراشلار بار ئىدى: « ...كۈرەدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيىدە خەنزۇلارغا قارىغاندا تۇغلۇق قىسىملار كۆپ، گۇاڭ فۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇرەسسە قىلسىمۇ، ئۇنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ. ئىلى گۇاڭ فۇنى دەستەك قىلىپ كۆتۈرۈپ چىققان بىلەن، مانجۇ قوشۇنلىرى ئېتىراپ قىلمايدۇ. تەمىنات ۋە قورال-ياراغ ئالىدىغان يېرى يوق. قانداق قىلىپ ئۆزاق بەرداشلىق بېرەلىسۇن.» دېمەك، بىر مەزگىل ئارقىغا سۈرۈپ قويسا ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى پۇت تىرەپ

تۇرالمايدۇ، دەپ قارىغان. لېكىن يۈەن داخۇا ئۇرۇشقا ئاستىرىتتىن جىددىي تەييارلىق قىلغانىدى. بىر تەرەپتىن شىنشى، گەنسۇ باش نازىرى چاڭ گىڭغا، تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلى ئېرخۇنغا تېلېگراممىا يوللاپ، مۇستەقىل دۇدۇ دېگەن نامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن مۈلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارنى چاقىرىپ مەخپىي يىغىن ئېچىپ، گۇاڭ فۇغا ئالدانماسلىقنى، ھەربىي قوشۇنلارنى يىغىپ ئۇرۇشقا ئاتلىنىشقا تەييار تۇرۇشنى تاپىلىدى.

ئۆز ئارا تېلېگراممىلار ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە، مەنچىڭ خان ئوردىسى چاڭ گىڭ، ئېرخۇن، يۈەن داخۇالارغا: «ئىلى مەسىلىسى توغرىسىدا تېزلىكتە مەسلىھەتلىشىپ ئامال تېپىش كېرەك. تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىن بولسا، بۇ ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. ئەگەردە ۋەز-نەسىھەتكە كۆنمىسە، ھەربىي قوشۇننى ئەۋەتىپ، قورallıق يوقىتىش بىلەن نەسىھەت قىلىپ قولغا كەلتۈرۈشنى تەڭ قوللىنىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش ھەم توپىلاڭچىلارنى يوقىتىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك» دەپ تېلېگراممىا چۈشۈردى.

ئەمدى ئۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋال مۇنداق ئىدى: گەنسۇغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان، چىڭ ئوردىسىغا سادىق بولغان باش نازىر چاڭ گىڭ، شىنشىدىكى ئىنقىلابىي ھەربىيلەرنى تىزگىنلەپ تۇرۇش رولىنى ئاران ئاتقۇرالايتتى. غەربكە ئەسكەر ئەۋەتىپ شىنجاڭدىكى يۈەن داخۇاغا ياردەم بەرگىدەك مادارى يوق ئىدى. تارباغاتاينىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى ئېرخۇن ئۆز پاشىسىنى ئۆزى ئاران قورىيالايتتى. ئۇ چىڭ خان ئوردىسىغا يوللىغان تېلېگراممىسىدا: « تارباغاتايدا ھەربىي قوشۇن يوق، گەرچە مانجۇ، موڭغۇل تۇغلۇق باتالىيونلىرى بولسىمۇ، سېپىلنى قوغداشقا ئاران چامىسى كېلىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇرۇشقا چىقالمايدۇ. ئەمدى ئەسكەر ئالساق جىددىي ئېھتىياجغا ئۈلگۈرەلمەيدۇ ھەم پۇلمۇ، قورال-ياراغمۇ يوق، مۇشۇنداق ھالەتتە قانداق قىلساق بولىدۇ؟ ... ئامبال تېخى ۋەزىپىگە كەلمىدى، خىزمەتنى ئۆتكۈزۈپ ئالىدىغان ئادەم يوق. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا توپىلاڭ بولغان ئىلىنى كۆزدە تۇتۇپ، تارباغاتاي نەزەردىن ساقىت قىلىنسا، ئۇ چاغدا ياخشى پىلان بولماي قالىدۇ، قايتا-قايتا ئويلاپ كۆردۈم، مېنىڭ زېمىننى قوغداش مەسئۇلىيىتىم بار ...» دەپ زارلانغان. ئۇ: مەن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، تارباغاتاينى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرالىسام مۇشۇنىڭ ئۆزى غەنىمەت ئىدى، ئىنتايىن قىيىن ھالدا قالدىم، ئىلىغا ياردەم بېرىشتىن گەپ ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، دېمەكچى، ئەمدى ئالتاي مەسىلىسىگە كەلسەك، چىڭ خان ئوردىسى ئۇ يەردىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خەلقلەرنى خاترجەم قىلىش ئۈچۈن شاھزادە بالتانى ئالتاي ئىش بېجىرگۈچى ئامباللىقىغا تەيىنلىگەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۈەن داخۋا يۈەن شىكەيگە مەخپىي تېلېگراممىا يوللاپ قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، ئۇ: «بالتا ياپونىيىدە ئوقۇغان، مەيدانى تۇراقلاشمىغان كىشى، ئەگەردە ئوردىغا ساداقەتمەن بولسىغۇ ياخشى، ناۋادا مۇستەقىل بولۇش خىيالىدا بولسا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن» دېگەن. راستىنى ئېيتقاندا، ئالتاي ئىش بېجىرىش ئامانلىقىغا كىمنىڭ تەيىنلىنىشىدىن قەتئىينەزەر ئالتاي ۋەزىيىتى ياخشىلىنىپ كەتمەيتتى. ئۇ يەردىكى ئەسكىرىي كۈچ شۇ يەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئاران بېجىرەلەيتتى. ھەتتا مۇشۇنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ تولۇق چىقالمايتتى.

**(5)**

ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت دائىرىلىرى يۈەن داخۋانىڭ ئىلىنى قامال قىلىۋاتقان ۋە تارباغاتاي قورۇق بوپقالغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇنداقلا ئاشلىق، تەمىنات، قورال-ياراغ ۋە پۇقرالارنىڭ كەيپىياتى قاتارلىقلارمۇ بىر جايدا ئۇزاق ئايرىلىپ تۇرۇۋېرىپ قىيىنچىلىقتا دۇچار بولۇشقا يول قويمايدىغان بولغاچقا، شەرققە ئەسكەر چىقىرىشنى قارار قىلدى. ئىلى بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش رەسمىي باشلاندى.

بۇ چاغدا يۈەن داخۋا ۋاڭ يىلەن قاتارلىقلار قوماندانلىقىدىكى ئەسكەرلىرىنى ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەندى. ئىلى تەرەپ لى فۇخۇاڭنى شەرققە ئاتلانغان تارماق قوشۇننىڭ كوماندىرى، قوشۇمچە پىيادىلەر پولكىنىڭ كوماندىرى، ۋۇ بىڭچۈەن، گاۋخۇېيجۇڭ، چاخەنشەنلەرنى تارماق قوشۇننىڭ مەسلىھەتچىلىرى قىلىپ تەيىنلەپ بىر پىيادە پولك، بىر ئاتلىق پولك، بىر زەمبىرەكچىلەر باتالىيونى، ئېغىر-يېنىك قورال ئەترىتىنى جىڭغا بېرىپ ئۇرۇش قىلىشقا ئاتلاندۇردى. ئىلى قوشۇنلىرى جىڭدا مەنچىڭ گېنېرالى ليۇخەيلۇڭ بىلەن ئالتە سائەت شىددەتلىك ئۇرۇشۇپ، ليۇخەيلۇڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇب قىلدى. ئۇلار شەرققە چېكىنىپ قېچىپ گورتوغادا ئاباروں تۇتتى. ئىنقىلابىي ئارمىيە جىڭنى (جىڭ ناھىيىسىنى) ئىشغال قىلدى. ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ ئالدىنقى سەپ مۇستەقىل ئاتلىق پولكى چيەن گۇاڭخەن قوماندانلىقىدا غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ گورتوغا قىستاپ باردى. شۇ چاغدا چيەن گۇاڭخەن بىلەن لى فۇخۇاڭ ئوتتۇرىسىدا پىكىر بىرلىكى بولماي قالدى ۋە ئاسىيلىق قىلىش ئېھتىمالى بايقالدى. بۇ ئەھۋالدىن ئىلى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ياڭ زەنشۇ ئۆزى بىۋاستە ئالدىنقى سەپكە بېرىپ قوماندانلىق قىلدى. ياڭ زەنشۇ جىڭغا

يېتىپ بېرىشقىلا چيەن گۇاڭخەن، سەي لوشەن، لى يىشۇن، ۋاڭ يۇڭشىن، گوجىنجاڭلار بىرلىشىپ قول ئاستىدىكى ئۈچ ئاتلىق باتالىيونىنى باشلاپ دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. شتاب مەسلىھەتچىسى ۋۇ بىڭچيەن، جاخەنشەن، ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چىن يوشەن قاتارلىقلار قۇربان بولدى. چيەن گۇاڭخەن ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن ۋاڭ يىلەننىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، لى فوخۇاڭ قوماندانلىقىدىكى شەرققە يۈرۈش قىلىش قوشۇنلىرىنى گورتۇدا پۈتۈنلەي مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. لېكىن زەمبىرەكچىلەر ئەترىتى ئاستا ماڭغاچقا دېگەن ۋاقىتتا گورتۇغا يېتىپ بارالمىغاندى، يەنى مۇھاسىرە چەمبىرىكىنىڭ سىرتىدا ئىدى. ۋاڭ يىلەن، چيەن گۇاڭخەنلەر ياڭ زەنشۇنىڭ جەڭگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال بىر ئاتلىق ئەترەتنى جەنۇبىي تاغ باغرى بىلەن جەڭ تەرەپكە ئەۋەتىپ، ياڭ زەنشۇ قوشۇنلىرىنى مۇھاسىرىگە ئالماقچى بولدى. ۋاڭ يىلەن، چيەن گۇاڭخەنلەرنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ساچۇەنزىگە يېتىپ كەلگەندە، ئىلى زەمبىرەكچىلەر ئەترىتى سېزىپ قېلىپ، شىددەتلىك توپ ئوقى ئاستىدا قېلىپ، ئامالسىز چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا ياڭ زەنشۇنىڭ يېنىدا پەقەت 200 چە مۇھاپىزەتچى ئەسكەر بار ئىدى. لى فوخۇاڭ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر يوق، ۋەزىيەت ئىنتايىن خەۋپلىك ئىدى. شۇ چاغدا ۋاقىتلىق ئىلى گېنېرالى ۋەزىپىسىگە تۇرغان ئېرخۇن مىنگونىڭ تۇنجى يىلى 2-ئاينىڭ 24-كۈنى (شۈەنتاڭنىڭ 3-يىلى 12-ئاينىڭ 27-كۈنى، شىنخەي يىلى) ئىچكى كابىنىتقا تېلېگرامما يوللاپ: «خەۋەر تېپىشىمىزچە 24-كۈنى (مىنگو تۇنجى يىلى 2-ئاينىڭ 11-كۈنى) ئەتىگەن سائەت سەككىزدە شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانى ۋاڭ يىلەن قوماندانلىقىدا شىكېشۇنىڭ غەربىدىكى گورتۇ ئەتراپىدا ئىلى باندىتلىرى بىلەن جەڭ قىلغان. ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى قالتىس باتۇرلۇق كۆرسەتكەن. تۆت سائەت داۋام قىلغان جەڭدە نەچچە يۈز باندىت ئۆلتۈرۈلگەن، يارىدار بولغانلىرى ھېسابسىز، 100 دىن ئارتۇق ئەسىر ئېلىنغان. غەنىمەت ئېلىنغان قورال-ياراغ، ئات-ئۇلاغ ناھايىتى نۇرغۇن... ھۆكۈمەت ئارمىيىسىدە ئۆلگەن، يارىلانغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس... ئارمىيىمىز تولۇق غەلىبە قازاندى» دەپ خۇشخەۋەر يەتكۈزگەن. شۇنىڭدەك ئەمدىكى ئۇرۇش توغرىسىدا: «بالدۇرراق يوقىتىش كېرەك» دېگەن پىكىرنى قويغان. ئېرخۇن شۇ چاغدا غەلىبە كوزىرى بىزدە، دەپ قارىغان. شۇ ئايدا يۈەن داخۇامۇ 28-كۈنى (مىنگونىڭ تۇنجى يىلى 2-ئاينىڭ 15-كۈنى) ئۇرۇمچىدىن چىڭ ئوردىسىغا تېلېگرامما يوللاپ: «... قورچاق شەرققە يۈرۈش قىلىش

www.uyghurkitap.com



ئەترىتىنىڭ قوماندانى لى رىڭتوڭ تىرىك قولغا چۈشۈپ، قانۇن بويىچە كاللىسى كېسىلىپ سازايە قىلىندى. قالغان ئوغرىلار قاچتى. ھازىر ۋاڭ يىلەن قاچقان باندىتلارنى قوغلاپ زەربە بەرمەكتە، ۋاقىتلىق ئىلى شەھەر مۇداپىئە ئامبىلى جۇدىچۇەن قوشۇنىمۇ جىڭدىن ئۆتۈپ يېتىپ كېلەي دەپقالدى. جۇدىچۇەن دىڭلىس ئېغىزى بىلەن، ۋاڭ يىلەن كەڭساي ئېغىزى بىلەن، چاخار قىسىملىرى ۋە ئېرخۇن قوشۇنلىرى تەلكە تاغ يوللىرى ئارقىلىق مېڭىپ ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بېرىلدى. باندىتلار جەزمەن ئۆز ئىچىدىن پارچىلىنىدۇ... مۇسۇلمان توپىلاڭچى قىسىملىرىنى ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشقا مەخپىي دەۋەت قىلىنىۋاتىدۇ. ئاسىيلار باشلىقى خې جيادۇڭ، ياڭ زەنشۇلەر قېچىپ كەتمىسىلا جەزمەن تىرىك قولغا چۈشىدۇ. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى رۇسىيە ئەلچىخانىسىغا خې جيادوڭ، ياڭ زەنشۇلەر رۇسىيىگە قېچىپ بارسا، قوبۇل قىلماسلىق، قالغانلىرىغا كەڭچىلىك قىلىنسا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالدىنئالا نوتا تاپشۇرۇپ قويۇشنى تەكلىپ قىلىمىز »دېگەن. دېمەك، يۇەن داخۇا، ئېرخۇنلار تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ غەلىبىدىن كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە ئويلاشقىنى تۇرغان.

يۇقىرىدىكى تېلېگراممىلاردا ئېيتىلغان ئەھۋاللارنى ئېرخۇن، يۇەن داخۇالار مۇبالىغە قىلىۋەتكەن بولۇشىمۇ ئېھتىمال. لېكىن ئاشۇ بىر تەرىپىدىن قارىغاندا ئىلى ئىنقىلابىي ئارمىيىسى ھەقىقەتەن خېلى خەتەر ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ چاغدا زەمبىرەكچىلەر ئەترىتى چېكىنىپ جىڭنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۈچى يېتىشمەيدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا كۆپچىلىك ياڭ زەنشۇيگە ئىلىغا قايتىپ مۇداپىئە قىلىش تەكلىپىنى بەردى. ياڭ زەنشۇنىڭ قارىشىچە ئەگەر چېكىنىدىغان بولسا، ئىشنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايتتى، ھەتتا پۈتۈن ئىنقىلاب نابۇت بولۇش خەۋپى بار ئىدى. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ غەلىبىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ياڭ زەنشۇ چاخار قىسىملىرىنىڭ باشلىقى سوداغا تۇغلۇق ئاتلىق قىسىملاردىن مىڭ كىشىنى دەررۇ يۆتكەپ قوراللىق ياردەمگە كېلىش ۋە ئىككى كۈن ئىچىدە جىڭغا يېتىپ كېلىش توغرىسىدا جىددىي بۇيرۇق چۈشۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن زەمبىرەكچىلەر ئەترىتىگە ئىستىھكامدا چىڭ تۇرۇپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. ئۆزى بولسا مۇھاپىزەتچى ئاتلىق قىسىملارنى باشلاپ جىڭدىن ئىلىغا ماڭدىغان قىساڭ خېسەنتو (قارا چوققا) دا تۇرۇپ، ئالدىنقى سەپتە يېڭىلىپ چېچىلىپ كەتكەن

ئەسكەر-ئوفىتسېرلارنى يىغىشتۇردى. بىر سوتكىدا مىڭدىن ئارتۇق ئادەم توپلاندى. قوشۇن يىغىلغاندىن كېيىن بىر ئاز ئارام ئالدۇرۇپ، غىزا-تاماق يېگەندىن كېيىن ياڭ زەنشۇ ئەسكەر-ئوفىتسېرلارغا ئىنقىلابنىڭ ئەھمىيىتى، ئۆتكەن باسقۇچتىكى ئۇرۇشنىڭ تەجرىبە ساۋاقلىرىنى چۈشەندۇردى. كۆپچىلىكنى يېڭى خىزمەت كۆرسىتىشكە چاقىردى. شۇنىڭدەك ئۆزى كۆپچىلىك بىلەن بىللە جەڭ قىلىدىغانلىقىنى، ھەرگىز قايتماي، ئۆلسىمۇ كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭ بىلەن قوشۇن زور دەرىجىدە روھلاندى. بۇ مىڭ نەچچە يۈز ئەسكەرنى ياڭ زەنشۇ تۆت چوڭ ئەترەتكە ئايرىدى. جەڭچىلەرگە يارىلانغاندا ئىشلىتىشكە بىر تۇتام شىرنىلىك پاختا بەردى. ئاتاكىغا ئۆتۇش ۋە چېكىنىشتە چىراغ بىلەن بەلگە بېرىدىغان بولدى. پاختا مەركەزنىڭ يېشىل چىرىغى ھېسابىدا كېچىلىك پارول قىلىندى. شۇنداق قىلىپ ساچۇەنزىگە يۈرۈش قىلىپ، دۈشمەنلەر ئويلىمىغان چاغدا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى.

[1] ۋاڭ يىلەن قاتارلىقلار ئۇ چاغدا خاتا ھۆكۈم قىلغانىدى. ئىنقىلابىي ئارمىيە گورتۇدا يوقىتىلدى. جىڭدىكى ئەسكىرىي كۈچى ئاجىز، ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ دەپ قاراپ، جىڭ تەرەپتىن ھېچقانداق مۇداپىئە كۆرمىگەنىدى. ئويلىمىغان يەردە ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم زەربىسىدە تاقابىل تۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي، ئامالسىز ئۇرۇشۇپ تۇرۇپ چېكىنىپ گورتۇغا قاچتى. ئىنقىلابىي ئارمىيە ئارقىدىن ئىز بېسىپ گورتۇغىچە قوغلاپ باردى. بۇ چاغدا چاخار ئاتلىق ئەترىتىمۇ يېتىپ كەلدى. ۋاڭ يىلەن قاتارلىقلار قارشىلىق كۆرسىتىشكە مادارى كەلمەي، ئۇرۇمچى تەرەپكە قاچتى. بۇ ئۇرۇشتا يەن داخۇا تەرەپتىن نەچچە مىڭ كىشى ئۆلدى ۋە يارىلاندى. ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ مۇھىم تايانچىلىرىدىن فاڭ شياۋسى قۇربان بولدى. ئاتلىق باتالىيون كوماندىرى لى رىڭتوڭ، پىيادىلار باتالىيونىنىڭ كوماندىرى لى دېشىڭ، چيۇ بوچىڭ، شتاب ئوفىتسېرى گاۋ خۇەيجۇڭ قاتارلىق نەچچە ئون كىشى قۇربان بولدى.

بۇ چاغدا ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي ۋەزىيىتىدە تىركىشىپ تۇرۇش ھالىتى شەكىللەندى.

يەن داخۇا بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەنىدى. ئۇ ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتكەندىن باشقا يەنە ئىنقىلاب رەھبەرلىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشكە سۇيىقەستچىلەرنىمۇ ئەۋەتتى. شۇنداقلا ئىنقىلاب سېپىنى پارچىلاش ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىمۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قوزغىلىشقا قۇتراتتى. ياڭ زەنشۇ ئالدىنقى سەپنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئارقا سەپتىن ئەنسىرەپ ئىلىغا قايتىپ كېلىپ باشچىلىق قىلدى.

ئىنقىلابىي ئارمىيە جىڭخى ئىشغا قىلغان چاغدا ياڭ زەنشۇ، فېڭ تېمىنلار ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتكە (ئەسكەرتىش: مىلادى 1912-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى، شىنخەي 11-ئاينىڭ 13-كۈنى جۇڭخۇا ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى شاڭخەيدە قۇرۇلدى. دۆلەتكە «جۇڭخۇا مىنگو» دەپ نام باردى. شۇ كۈنى مىنگونىڭ تۇنجى يىلى، تۇنجى كۈنى بولدى. 1912-يىلى 2-ئاينىڭ 12-كۈنى شۈەنتۇڭنىڭ 3-يىلى 12-ئاينىڭ 25-كۈنى چىڭ پادىشاھى تەختىنى بوشاتتى. شۇڭا ماقالىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى يىل، ئايلىرى مۇشۇ بويىچە بايان قىلىنىدۇ) ئىلى ئىنقىلابىنىڭ ئۆتمۈش ئەھۋالىنى دوكلات قىلغانىدى. ھەمدە مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن يۈەن داخۇاغا يېڭىنكىلىك قىلىپ ئۇرۇش قوزغىماسلىق، ئىلى ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە روسىيىدىن مىلتىق، زەمبىرەك سېتىۋىلىشقا رۇخسەت قىلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان. لى يۈەنخۇڭ تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن يۈەن شىكەيگە تېلېگراما يوللاپ: «... ئىلىدىكى ئارمىيىمىزنىڭ تەشەببۇسى بىلەن توققۇز قەلئە قايتۇرۇۋېلىنغان. ئەھۋال بەك مۇرەككەپ بولغاچقا ئىنسانپەرۋەرلىك يۈزىسىدىن سابىق گېنېرال گۇاڭ فۇنى دۇدۇ قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ توقۇنۇشنى باسقان. شىنجاڭ مۇپەتتىشى بۇنىڭغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرىدىكەن. ئەگەر ئىلى بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش ئوتى تۇتىشىپ كەتسە، ئېغىر ئەھۋال پەيدا بولۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى تەۋرىتىپ قويۇشى ئېھتىمال. شۇڭا ئالاھىدە تېلېگراما يوللىدى. شىنجاڭ مۇپەتتىشى بىلەن ئىلىغا ئۆز ئارا يارىشىپ ياخشى، خوپ ئۆتۈش توغرىسىدا تېلېگراما يوللىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن. شۇ چاغدا توقۇنۇش پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىپ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى تىزگىنلەپ تۇرۇشقا بولاتتى» دېگەن (مىنگونىڭ تۇنجى يىلى 2-ئاينىڭ 21-كۈنى) يۈەن شىكەي 2-ئاينىڭ 22-كۈنى جاۋاب تېلېگراما يوللاپ: «... ئەنسىرىگىنىڭىز ئورۇنلۇق، شىنجاڭ مۇپەتتىشىگە ۋە سابىق گېنېرال گۇاڭ فۇغا دەرھال ئۇچرىشىپ، ئۇرۇش ئوتىنى بېسىقتۇرۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى قوغداش توغرىسىدا تېلېگراما يوللىدۇق» دېگەن. 2-ئاينىڭ 23-كۈنى لى يۈەنخۇڭ يۈەن داخۇاغا يەنە: «بېيجىڭ جۇمھۇرىيەت جاكارلىدى. جەنۇب-شىمال بىرلىككە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مىنگو دۆلىتىنىڭ بەخت-سائادىتى

ئۇلغايغۇسى. جانابى ئالىيلىرى بولسا غەربىي شىمالنىڭ رەھبىرى، يۇقىرىلارنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت كېلىشىنى ۋە چەتنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشىنى خالىمايسىز. جۇملىدىن جانابلىرى مىللىتىمىزدىن چىققان دانىشمەن، مىنگو دۆلىتى يېڭى قۇرۇلدى، تالانت ئىگىلىرىگە تولىمۇ موھتاج. خەۋەر تېپىشىمىزچە، ئىلى تەرەپ سۆھبەتلىشىش توغرىسىدا بىرقانچە قېتىم تېلېگىراما يوللاپتىكەن. چوڭ ۋەزىيەتنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋاقتىدا ئىشتىراك قىلىپ بېرىشىڭىزنى خالايتتىم. ئالاھىدە سەممىي ئاگاھلاندۇرۇۋاتىمەن. ئەپۇ قىلارسىز» دەپ تېلېگىراما يوللىغان.

يۈەن داخۇا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالمىغان، يۇقىرىدىن يارىشىشقا دەۋەت قىلىپ تېلېگىراما كېلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئىلى تەرەپ بىلەن سۆھبەتلىشىپ يارىشىشنى تەلەپ قىلىپ تېلېگىراما يوللاشقا مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا ياڭ زەڭشۈ ئىلىغا قايتىپ كەلگەنىدى.

ئىلى تەرەپ فېڭ داشۇ، لى فۇخۇاڭ، خې جيادۇڭ، خاۋ كېچۈەن، شۈي جيەنگو، چېڭ جىنلارنى تولۇق هوقۇقلۇق سۆھبەت ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتىپ، يۈەن داخۇانىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرى بىلەن تارباغاتايدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

سۆھبەت ئارقىلىق ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى جۇمھۇرىيەت قۇرۇش پىكرىگە كېلىشتى. يۈەن داخۇا ۋەزىيەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا مىنگونىڭ تۇنجى يىلى 3-ئاينىڭ 8-كۈنى جۇمھۇرىيەت بولغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى ھەمدە بېيجىڭغا بايراقنى ئۆزگەرتىش ۋە خىزمىتىدىن ئىستىپا سوراش ھەققىدە تېلېگىراما يوللىدى. شۇنىڭدەك قەشقەر دوتىيى (ۋالىيسى) يۈەن خوڭخۇنى شىنجاڭنىڭ مۇپەتتىشى قىلىپ تەيىنلەش ھەققىدە مەخپىي تەكلىپ بەردى. 4-ئايدا بېيجىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى يۈەن خوڭخۇنى تەيىنلەپ بۇيرۇق ئېلان قىلدى.

يۈەن داخۇانىڭ يۈەن خوڭخۇنى ئۆز ئورنىغا تەيىنلەش ھەققىدە مەخپىي تەكلىپ بېرىشىدىكى سەۋەب، شىنجاڭنى داۋاملىق تۇردە مۇتەئەسسىپ كونا كۈچلەرنىڭ تىزگىنلىشىگە تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ چاغدا شىنجاڭدىكى كونا بىيروكراتلار، مەسىلەن، مەمۇرىي ئىشلار باشلىقى چېڭ جېتاڭ، مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرى باشلىقى دۇتۇڭ، ئەدلىيە ئىشلىرى باشلىقى سۇڭ جىڭشى قاتارلىقلار ئىچكىرىگە كېتىپ قالغانلىقتىن ئۇ يۈەن خوڭخۇنى ئېسىگە ئالغانىدى. يۈەن خوڭخۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكى توغرىسىدىكى تېلېگىراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشقا ئۇرۇمچىگە ماڭغاندا سەپەر ئۈستىدە «گېلاۋخۇي» باشلىقلىرى ۋېي

www.uyghurkitap.com



دېشى، بىەن يۈڭفۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۈرۈمچىگە ئېلىپ ماڭغان 200 مىڭ سەر كۈمۈشنى «گېلاۋخوي» چىلار بۆلۈشۈپ ئالغان.

يۈەن خۇڭخۇ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى سەۋەبىدىن يۈەن داخۇا خىزمەتتىن قول ئۈزۈشكىمۇ، ئۈرۈمچىدىن دەرھال قوزغىلىپ يۈرۈپ كېتىشكىمۇ مۇمكىن بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن ياڭ زېڭشىننى دۇدۇ (ۋالىي) نامىزاتلىقىغا يوشۇرۇن يوللاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلى بىلەن سۆھبەتنى داۋاملاشتۇردى. لېكىن يوشۇرۇن بوزغۇنچىلىق ھەرىكەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ، يى جىڭشەن قاتارلىقلارغا تاپشۇرۇق بېرىپ ئىلى چاخار سولقانات موڭغۇللار باشلىقى ئۈۋاڭدەي، مۇئاۋىن باشلىقى سۇمۇيەن قاتارلىقلارنى قۇترىتىپ، مىنگونىڭ تۇنجى يىلى 4-ئايدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتكەن. ياڭ زەنشۈي دەرھال زەمبىرەكچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى چىڭ شېشىڭ، ئاتلىق ئەترەت باشلىقى جاڭ گوشڭلارنى ئەۋەتىپ توپىلاڭنى بېسىقتۇرغان.

مىنگونىڭ تۇنجى يىلى 5-ئاينىڭ 13-كۈنى يۈەن شىكەي رىياسەتچىلىكىدىكى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى پەرمان چۈشۈرۈپ گۇاڭ فۇنى ئىلى چېگرا ساقلاش ئامباللىقىغا، ياڭ زەنشۈنى ئىلىنىڭ ھەربىي قوماندانلىقىغا، خې جياڭدۇڭنى ئىلى دوتەيلىكى (ۋالىيسى) گە تەيىنلىدى. شۇ ئاينىڭ 17-كۈنى تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلى ئېرخۇن خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىپ ئورنى بوش قالغاندى، بى گۇيفاڭنى تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلىدى. بى گۇيفاڭ خىزمىتىگە بارغىچە تارباغاتاي تۇغلۇق لاگېرىنىڭ قوماندانى ۋېن چى ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇردى. شۇ ئاينىڭ 18-كۈنى ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى. شىنجاڭدىن تېخى قوزغىلىپ كەتمىگەن سابىق باش ۋالىي يۈەن داخۇا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتەك مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇلۇپ، پۈتۈن ئۆلكە دائىرىسىدىكى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىي قوشۇنلارنى يۆتكەش-ئىشلىتىش ئۇنىڭ ئىلكىدە بولدى. بۇ تەدبىر ئىلى ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى ئىنتايىن مۇشكۈل ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. سەۋەبى: گۇاڭ فۇ، ياڭ زەنشۈلەرنىڭ خىزمەت ئورنىنى تۆۋەنلىتىپلا قالماستىن، ئەكسىيەتچىل كۈچ بولغان يۈەن داخۇانىڭ ھوقۇق تەسىرىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە كۈچەيتىۋەتتى. بۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىنتايىن قارشىلىقىنى قوزغىدى. تۇنجى يىلى 5-ئاينىڭ 23-كۈنى ئىلى تەرەپ شاڭخەيدىكى گېزىت ئورۇنلىرى ئارقىلىق مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ لى يۈەنخۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ، يۈەن داخۇانى «جۇمھۇرىيەت سىياسىي تۈزۈلمىسىگە باشتا ئۆچمەنلىك قىلدى، كېيىنچە نىيىتىنى يوشۇردى، ئاندىن كېيىن

ساختىلىق بىلەن يالغان ئېتىراپ قىلدى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ھېيلىگەرلىك قىلىپ پۇرسەتنى كۈتتى، نىيىتى تۈز ئەمەس. مەسىلەن، دۆلەت بايرىقىنى ئۆزگەرتمىدى، كاكار (باش كىيىمگە تاقالغان بەلگە) ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىدى. ھۆكۈمەت ھۆججەت ئالاقىلىرىنى باش ۋالىي (دۇدۇ) دەك كۆپ يۇرگۇزۇۋاتىدۇ. مۇپەتتىش قارمىقىدىكى بۆلۈم، مەھكىمىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىمۇ شۇنداق، باشقىلارنىمۇ مۇشۇنىڭدىن بىلگىلى بولىدۇ» دەپ ئەيىبلىدى. يۇقىرىقى تەيىنلەش بۇيرۇقلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن خې جيادوڭ، فىڭ داشۇ، لى فۇخۇاڭلار 5-ئاينىڭ 31-كۈنى شاڭخەي «مىنشىڭباۋ» گېزىتىدە ھۆكۈمەت تەدبىرىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى يەنە ئاشكارا ئەيىبلەپ: «گېزىت ئورۇنلىرىغا مەلۇم بولغايكى: يېقىندىن بۇيان گوۋۇيۈەن (دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى) شىنجاڭنىڭ بىر مۇنچە ئىشلىرىدا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىدىنمۇ بەتتەر ئىشلارنى قىلدى، بۇلارنى تۆۋەندىكىچە كۆرستىمىز: تارباغاتاي ئەسلىدە ئىلىنىڭ مۇئاۋىن دوتۇڭى تۇرىدىغان ئورۇن ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇنىڭغا قارىماي مەسلىھەتچى ئامبال تەيىنلەندى. بۇ بىر؛ بۇ بوش قالغان مەنسەپ ئورنىنى ئەسلىدە ئىلى-شىنجاڭ سۆھبەتلىشىپ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن ئويلاشسا بولاتتى. چېگرا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىدەك مۇھىم ئىشقا نەزەر سالماي، بۇنداق ئىشتىن خەۋىرى يوق بىر يات كىشىنى تەيىنلىدى. بۇ ئىككىنچىسى؛ تارباغاتاينىڭ ئىلىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇرغان ۋېن چى تۇغلۇق قوشۇنى ئامباللىقىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن خىيانەت قىلغان پۇللار توغرىسىدا ئېغىز ئاچماي، مەنسەپكە كۆتۈردى. يېڭى تەيىنلەنگەن بې گۈيڭفاڭنىڭ كېلىشىمۇ ناتايىن، بەك ئورۇنسىز ئىش قىلىندى، بۇ ئۈچىنچىسى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپ ۋەقە يۈز بېرىشى، يۈەن داخۇانىڭ جۇمھۇرىيەتنى ھەقىقىي ئېتىراپ قىلمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققانىدى، ھالبۇكى ئۇلارنى باندىتلار دەپ ھاقارەتلىگەن، بۇ تۆتىنچىسى؛ ئەمەلدارلار سۇيىقەستكە ئۇچرىسا، مەنچىڭ دەۋرىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئادەتتە قانداق ئىشلىگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئاندىن تەقدىرلەيتتى ياكى مۇكاپاتلايتتى. پەرق قىلماي ئىنئام بېرىش ھەرگىز ئادىللىق بولمايدۇ. بۇ بەشىنچىسى؛ … ئىلى دۇدۇ (ۋالىي) سىنى كۆپچىلىك سايلىغان. مەسلىھەت قىلمايلا ئۇنى چېگرا ساقلاش ئامباللىقىغا ئۆزگەرتىۋەتكەن. بۇ ئالتىنچىسى؛ ئىلى ۋىلايىتى (داۋ) بۇرۇنلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى. بۈگۈن بۇنىڭغا ۋالىي تەيىنلەنگەن، بۇ يەتتىنچىسى؛ كونا تۈزۈم مەزگىلىدە ئىلى- تارباغاتاي ۋىلايىتى بار ئىدى. بۈگۈن ئىلى ۋىلايىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، بۇ سەككىزىنچىسى…» شۇنداقلا يۈەن داخۇانىڭ

www.uyghurkitap.com

سەت ئەپتى بەشرىسىنى پاش قىلغان. «دەسلەپ جۇمھۇرىيەت جاكارلانغان چاغدا يۈەن داخۋا يۈقىرىدىكىلەرنى (ئەسكەرتىش: يۈەن شىكەينى دېمەكچى) ساداقەتسىز ـ ۋاپاسىزلار، دەپ تىل ـ ھاقارەت قىلغانىدى، كېيىن ۋەزىيەتنى بايقاپ يالغاندىن ئىتىراپ قىلغان بولۇپ، ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم سۈرۈش كويىغا چۈشتى. ئاندىن كېيىن كىشىلەر نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغاندا چۆچەك ئارقىلىق رۇسىيىگە قېچىپ كەتتى.» دېگەن، شۇنداقلا گوۋۋيۈەننىڭ يۇقىرىقىدەك بىمەنە بۇيرۇقلارنى پەقەت يۈەن داخۋانىڭ سۆزىگىلا ئىشىنىپ چىقىرىپ قويغانلىقىنى كۆرسىتىپ، يۈەن داخۋادەك شەخسنىڭ گوۋۋيۈەننى ھاماقەت قىلىشىغا جامائەت پىكرى چەك قويۇشى كېرەك دەپ مۇراجىئەت قىلدى. خېي جيادوڭنىڭ بېيجىڭدىكى بۇيۇك زۇڭتۇڭغا، گوۋۋيۈەنگە، مەسلىھەت كېڭىشىگە، ۋۇچاڭدىكى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ لى يۈەنخۇڭغا، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ دۇدۇ (ۋالىي) لىرىغا، ھەرقايسى گېزىتلەرگە، تەشكىلاتلارغا تېلېگرامما يوللاپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى ئەيىبلەپ، يۈەن داخۋانى پاش قىلغانلىقى ۋە ئىلى ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشنى رەت قىلغانلىقىنى شۇ كۈنى ئاشۇ گېزىت بېسىپ تارقاتتى.

يۈەن داخۋانى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تويىلاڭنى تىنچلاندۇرۇش ئىشىغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىگە ئىلىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى قاتتىق قارشى تۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئىلى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭمۇ قەتئىي قارشىلىقىنى قوزغىدى. مىنگونىڭ 3 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شاڭخەي «مىنشىڭباۋ» گېزىتى شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ گوۋۋيۈەننىڭ ئوچۇقتىن ئوچۇق يۈەن داخۋاغا يان باسقانلىقىنى ۋە بۇنى چوڭ ئەربابلارنى مەنسەپكە ئولتۇرغۇزۇپ، قوشنا ئەللەرگە كۈلكە بولۇۋاتقانلىقىنى ... جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى مۇستەبىت تۈزۈمىدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى» دەپ قارايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلى بې گۇيفاڭ تېخى خىزمەت ئورنىغا بارمىغان چاغدا، مىنگونىڭ تۇنجى يىلى 7 ـ ئايدا تارباغاتايدا تويىلاڭ كۆتۈرۈلدى. سابىق مەسلىھەتچى ئامبال ئېرخۇن رۇسىيىگە قېچىپ كەتتى. بې گۇيفاڭ بېيجىڭدىن 150 مىڭ سەر كۈمۈش بېرىلسە ئاندىن خىزمەتكە بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئالتاينىڭ ئىشى ئاز تۇرۇپ 160 مىڭ سەر بېرىلىپتۇ. تارباغاتاينىڭ ئورنى مۇھىم تۇرۇقلۇق ئاران 130 مىڭ سەر بېرىلسە «ئىشلارنى دېگەندەك يولغا سېلىپ كەتمەك تەس بولۇپ قالىدۇ» دەپ ئويلايتتى. يۈەن شىكەي

ئەھۋالغا قاراپ كۆپەيتىپ بېرىلسۇن دەپ تەستىقلىدى. ئۇ تارباغاتاي ئارقىلىق ئىلى ئىنقىلابىي ۋەزىيىتىنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغانىدى.

جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ۋە ئىلى تەرەپ قەتئىي قارشى تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنىڭ ئۇستىگە مىنگونىڭ تۈنجى يىلى 6-ئاينىڭ 3-كۈنى كېچىدە مالۇشەن باشقۇرۇشىدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە 18-پولك 2-باتالىيونى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن يۈەن داخۇا 6-ئاينىڭ 5-كۈنى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ ئۇرۇمچىدىن ئىچكىرىگە كەتتى. يۈەن داخۇا ئىچكىرىگە كەتكەندىن كېيىنمۇ قارا نىيىتىدىن يانمىغان، داۋاملىق ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چوڭ ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتەلمىدى.

(6)

ياڭ زېڭشىن مىنگونىڭ 1-يىلى 5-ئاينىڭ 18-كۈنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىنجاڭ ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلەندى، يۈەن داخۇا ئۇرۇمچىدىن كەتكەن كۈنلا تامغىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىشقا چۈشتى.

ياڭ زېڭشىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆرۈنۈشتە جۇمھۇرىيەتنى تەشەببۇس قىلىپ، تىنچ يول ئارقىلىق شىنجاڭ بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشنى ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۇردى، ئىلى ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئىنقىلابىي كۈچىنى ساقلاپ ئىنقىلاب مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن تىنچ ۋاستىلەرنى قوللانمىسىمۇ بولمايتتى.

مىنگونىڭ 1-يىلى 6-ئايلاردا ئۆلكە تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى جۇرۇيچى، سى دېجۈەن، ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى خې جيادوڭ، لى فۇخۇاڭ، خۇاڭ لىجۇڭلار قايتا-قايتا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق 7-ئاينىڭ 8-كۈنى 11 ماددىلىق كېلىشىم تۈزدى. ئاساسلىق مەزمۇنى: شىنجاڭ جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلىش، ئىلىدىكى جۇمھۇرىيەتنى ئەڭ ئالدىدا تەشەببۇس قىلغان قوشۇنلار ھەم بارلىق خادىملارنى جۇڭخۇا مىنگو جۇمھۇرىيەت پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى دەپ ھېسابلاش؛ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئالتاي، تارباغاتاي شىنجاڭ تەۋەسىدە بولۇش، ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالىي مەمۇرىي ئەمەلدارى دەپ ئېتىراپ قىلىش، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئورگانلارنى قايتىدىن تەشكىللەش، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ خادىملىرىنى كۆرسىتىش، گۇاڭ فۇ دۇدۇ (ۋالىي)لىق خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەندىن كېيىن ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش» چيەن گۇاڭخەن، چارشەن، لى يۈرۈن، ۋاڭ يۈنشىن، گۇجىنجاڭ قاتارلىقلارنى

www.uyghurkitap.com



ئومۇمنىڭ دۈشمەنلىرى دەپ قاراپ، شىنجاڭ، ئىلى ھەربىي ساھەسىدە ئەمدى تۇرغۇزماسلىق؛ ئىلى تەرەپتىن ئۇرۇشتا قۇربان بولغان خادىملارغا نەپىقىنى كۆپەيتىش، جۇمھۇرىيەت ئىشلىرىغا قاتناشقانلىقى سەۋەبىدىن شىنجاڭ ئۆلكىسى تەرىپىدىن قامالغانلارنى بىردەك قويۇپ بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يۇقىرىدىكى ماددىلار «تارباغاتاي كېڭەش شەرتلىرى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئىلى تەرەپ ئىمزا قويۇپ ياڭ زېڭشىنغا تاپشۇردى. شىنجاڭ بىلەن ئىلىنىڭ يارىشىشى شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى.

يارىشىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت تەشكىلىي ۋە خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەريانىدا، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ بىلەن ئىلى بىر ئائىلە ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەرگە ياردەم قىلىمىز، دەپ ھەدەپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تۈرلۈك سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىرلەرنى قوللىنىپ ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەرنى ھەرقايسى جايلارغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىپ ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ كۈچىنى پارچىلاپ، ئاندىن بىر ـ بىرلەپ يوقاتماقچى بولدى.

ئىككى تەرەپ بىر قانچە ئاي سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرىدا كادىرلارنى تۆۋەندىكىچە ئورۇنلاشتۇردى:

مىنگونىڭ 1 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخباراتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ياڭ زەنشۈي قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت ياساۋۇل بېگى (تىدۇ) قىلىپ تەيىنلەنسۇن، ۋەزىپىسىگە بېرىشتىن ئىلگىرى ياڭ دېشىڭ ۋەزىپىنى ۋاقىتىنچە قوشۇمچە ئۆتىسۇن». ياڭ زېڭشىننىڭ تېلېگراما بېرىپ سۈيلىشى ئارقىلىق، مىنگونىڭ 1 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ياڭ زەنشۇ ئىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيە دىۋىزىيە كوماندىرىغا ۋە ئىلى شەھەر مۇداپىئە گارنىزون قوماندانلىقىغا ئائىت تۈرلۈك تامغا ۋە ھۆججەت ئارخىپلىرىنى گۇاڭ فۇغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، قەشقەردە ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن شۇ كۈنىلا يولغا چىقتى. ئىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى دىۋىزىيە كوماندىرىنىڭ ئورنى بوش قالغانلىقى ئۈچۈن، مىنگونىڭ 2 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگراما يوللاپ، گۇاڭ فۇنىڭ قوشۇمچە ئۆتىشىگە پەرمان چۈشۈرۈشنى تەۋسىيە قىلدى. ئىلى خەلق ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى خې جيادۇڭ شىنجاڭ خەلق ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ يۆتكەلدى. مىنگونىڭ 1 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى دەرھال خې جيادۇڭنى شىنجاڭ خەلق ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە جەنۇبىي شىنجاڭ جارچى سىلاۋچىسى

قىلىپ تەيىنلىدى. خې جيادۇڭ ئىلى تەرەپتىكى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ھۆججەتتە ئۈچ رايونغا تەۋە بولغانلىقى ھەم ئاتا-ئانىسى ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن، رۇخسەت سوراپ ۋە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. 9-ئاينىڭ 9-كۈنى بېيجىڭ ۋاقىتلىق بۈيۈك زۇڭتۇڭى: «شىنجاڭ خەلق ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى خې جيادۇڭنىڭ بېشىغا مۇسىبەت چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، مەھكىمىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى، قوشۇمچە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جارچى سىلاۋچىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈردى. ئەمەلىيەتتە خې جيادۇڭ ۋەزىپىسىگە بارماي، خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، يۇرتىغا قايتىش ئالدىدا تۇراتتى. ياڭ زېڭشىن ئەلۋەتتە بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن قوشۇلۇپ، بۈيۈك زۇڭتۇڭنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىدى، شۇنىڭدەك يول خىراجىتى ئۈچۈن 10 مىڭ سەر كۈمۈش بەردى. ئىلى مالىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ لىجۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەندى.

بېيجىڭ ھۆكۈمىتى مىنگونىڭ 2-يىلى 1-ئاينىڭ 6-كۈنى پەرمان چۈشۈردى، خۇاڭ لىجۇڭ 5-ئاينىڭ 4-كۈنى خىزمەت ئورنىغا باردى. خې جيادۇڭ 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ ئۆتكۈزۈپ بەردى، كېيىن ئىچكىرىگە كەتتى.

تەن جۇڭلىن تارباغاتايغا مۇئاۋىن گېنېرال بولۇپ يۆتكەلدى.

جيا گۇشىڭ قۇمۇلغا مۇئاۋىن گېنېرال بولۇپ يۆتكەلدى.

خاۋ كېچۈەن يۇرتىغا قايتىشقا رۇخسەت سورىدى، ياڭ زېڭشىن ئۈچ ئايلىق مائاش، يول خىراجىتىگە 1000 سەر كۈمۈش بېرىپ، ئۇنى خۇبېيغا بېرىپ ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆگىنىشكە بۇيرىدى ھەم قابىلىيىتىگە قاراپ ئىشلىتىش ھەققىدە لى يۈەنخۇڭغا تېلېگىرامما بەردى.

شۇ سەنتەينى گەنسۇغا ئەۋەتىپ باش مۇپەتتىش جاڭ× × نىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇردى. كېيىن شۇ سەنتەي يۇرتى سىچۈەنگە قايتىشقا رۇخسەت سورىغاندا، ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغىمۇ يول خىراجىتى بېرىپ، سىچۈەن گېنېرالىنىڭ قابىلىيىتىگە قاراپ ئىشلىتىشىگە تاپشۇردى.

ئىلى ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم رەھبىرى فېڭ تېمىننى بولسا ئىلى، تارباغاتاينىڭ مۇپەتتىشى قوشۇمچە ئىلى چېگرا ساقلاش مەھكىمىسىنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىسى قىلىپ تەيىنلىدى، ئىلى-تارباغاتاي گارنىزون قوماندانلىقىنى لى فۇخۇاڭ ئۈستىگە ئالدى.

مۇشۇنداق قىلىپ ياڭ زېڭشىن ئىلىدىكى ئىنقىلابىي كۈچنى جاي-جايلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تارقىتىۋېتىش چارىسىنى قوللىنىپ، ئۇلارنى تەرەققىي قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ياڭ زېڭشىننىڭ خىلمۇ خىل پارچىلاش چارىلىرىدىنى ئىلى تەرەپ كۆڭلىدە بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن قارشىلىق قىلغۇدەك مادارى قالمىغانىدى. شۇ ۋاقىتتا جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتتە سۈن جۇڭشەن ۋاقىتلىق بۈيۈك زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ يۈەن شىكەيگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى پۈتۈلگەنلىكتىن، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاب ۋەزىيىتى جىددىي پەسىيىشكە يۈزلەنگەنىدى. يۈەن شىكەي مىنگونىڭ 1-يىلى 3-ئايدا ۋاقىتلىق بۈيۈك زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىگە چىقىپ، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسىنى قولغا كىرگۈزىۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى. غەربىي شىمالنىڭ بىر بۆلۈكىدىكى ئىلى شىنخەي قوزغىلىڭى ھەم بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرىدىن بېرىدىغان ياردىمىدىن مەھرۇم قالدى ھەم ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدىكى بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى، بۇ ۋاقىتتا ئاساسىي جەھەتتىن تەنھا قېلىپ ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن تامامەن، ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىلىدىغانغا ساناقلىقلا كۈن قالغانىدى.

يۆتكىۋېتىلگەن ياكى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ يۇرتىغا قايتقان فېڭ تېمىن، لى فۇخۇاڭ يەنىلا گۇاڭ فۇنىڭ ۋالىي بولۇشىنى ھىمايە قىلىپ، ئىلىدا تەسلىكتە بەرداشلىق بېرىۋاتاتتى (شۇ ۋاقىتتا گۇاڭ فۇنىڭ ۋالىيلىقى بېيجىڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ چېگرا ساقلاش ئامانلىقىغا، ۋالىي مەھكىمىسى چېگرا ساقلاش مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەنىدى.) ئەسلىدە تەسىس قىلىنغان ھەربىي ئىشلار باشقارمىسى دۇبۇيە شتابىغا ئۆزگەرتىلدى، ھەربىي شتاب ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، چېگرا ساقلاش مەھكىمىسىدە ھەربىي ئىشلار نازارىتى تەسىس قىلىندى. قالغان خەلق ئىشلار، مالىيە، دىپلوماتىيە، مەسلىھەتچىلەر باشقارمىلىرى مەھكىمىلىرى ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ قالدى. كۆرۈنۈشتە شىنجاڭ بىرلىككە كەلگەندەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇستەقىللىق ھالەت ساقلىنىپ قېلىۋەردى. لېكىن بۇنداق ھالەتنى ساقلاپ قېلىش ناھايىتى تەس ئىدى. ئىلى ئەزەلدىنلا ئۆز يېرىنىڭ مالىيىسىگە تايانماي ئىچكىرىنىڭ ياردىمىگە تايىناتتى، ھازىر خىراجەت ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، تامامەن ئۆزىگە تايىنىپ قەغەز پۇل تارقىتىشقا توغرا كەلگەنىدى. بۇنداق قۇرۇق قەغەز پۇل شۇ ۋاقىتتا 2 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ، ئېغىر كۆڭگە قالغانىدى. بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىد قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، فېڭ تېمىن، لى فۇخۇاڭلار ئىلىدىكى قوشۇننىڭ

ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئامال قىلىپ چەتنىڭ ياردىمىنى قولغا كىرگۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رۇسىيىنىڭ ئىلى تەۋەسىدە كان ئېچىش، ياغاچ كېسىشكە ماقۇل بولۇش شەرتى بىلەن رۇسىيىدىن 5 مىليون سەر كۈمۈش قەرز ئالماقچى بولدى.

ياڭ زېڭشىن ئىلىنىڭ مۇستەقىل بولۇپ تۇرۇش ھالىتىنى ئەلۋەتتە كۆزىگە قادالغان مىخ دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا يول قويمايتتى. ئىلىنى يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ بىر تەرەپتىن تارباغاتاي، ئالتايدىكى مۇلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلارنى ئۆزىگە تارتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا فېڭ تېمىن، لى فۇخۇاڭنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىنى ئاستىرتتىن نازارەت قىلدى، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە فېڭ تېمىن، لى فۇخۇاڭ قاتارلىقلارنى گەنسۇغا يۆتكەپ ئايماق باشلىقى قىلىشنى سوراپ مەخپىي تېلېگرامما ئەۋەتتى ۋە زور ئىنئام بېرىمەن دەپ ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەشكە ئالدىدى. لېكىن فېڭ تېمىن، لى فۇخۇاڭلار بۇنى رەت قىلدى. ياڭ زېڭشىن ئىلى تەرەپنىڭ رۇسىيىدىن قەرز پۇل ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىشنى تۇتۇۋېلىپ، مىنگونىڭ 2-يىلى 2-ئاينىڭ 15-كۈنى بېيجىڭغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ فېڭ تېمىن، لى فۇخۇاڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ، نىيىتى يامان، دەپ ئەرز قىلىپ «ھازىر ئىلى قوشۇنىدا پەقەت مىڭ نەچچە يۈز كىشىلا بار، ۋاقىتىنچە تىنچ ئۆتۈشكە بولىدۇ. ئەگەر رۇسىيىدىن 5 مىليون سەر كۈمۈش پۇل قەرز ئالىدىغان بولسا، بۇ نۇرغۇن پۇل بىلەن ئەسكەر تولۇقلاپ، قورال-ياراغ سېتىۋالىدۇ، شىنجاڭدا 2-قېتىملىق ئىنقىلاب دەرھاللا قوزغىلىدۇ... ئىلىدىكى خادىملارنى تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمىزدە، ئۇلاردا مەركەزگە ھۆرمەت قىلىش ئىدىيىسى يوق، ئۇلارنىڭ مەركەزنىڭ بۇيرۇقىغا ئۇچۇق قارشى تۇرماي، تىرىشىپ ئىجرا قىلىدىشى مەركەزنىڭ ھەربىي خىراجەت ياردىمىگە ئىگە بولۇشنى كۆزلەشتىن ئىبارەت، شۇڭا مۇشۇ ھېيلىگەرلىكنى ئىشقا سېلىۋاتىدۇ. ھازىر رۇسىيىدىن 5 مىليون سەر كۈمۈش قەرز ئېلىپلا قالسا، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولمايلا قالماستىن، بۈيۈك زۇڭتۇڭنىڭ بۇيرۇقىمۇ ئىلىدا ئاقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، بۇ شىنجاڭنىڭ تىنچ ۋە خەپسىز بولۇش-بولماسلىقىغا تاقىلىدىغان ئىش. ھەرگىز سەل چاغلاشقا بولمايدۇ... رۇسىيە قەرز پۇل بېرىپلا قالسا، ئىلى تايانچىم بار دەپ غەم تارتمايدۇ، شىنجاڭ بىلەن دۈشمەنلىشىدۇ، چېگرىدا بالايى-ئاپەت ئۈزۈلۈكسىز يۈز بېرىپ خاتىرجەم كۈن بولمايدۇ...» دېگەن ھەم بېيجىڭ ھۆكۈمىتىدىن تەستىقلىمەسلىكنى ئۆتۈنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياڭ زېڭشىن

يەنە تۆۋەندىكى ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئىلىغا تاقابىل تۇرغان:

ئالدى بىلەن ئىلى تەرەپتىكى خادىملارنى سېتىۋېلىپ ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرۇپ، ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالغان ھەم ئۆزىگە ھەر دائىم يوشۇرۇنچە ئاخبارات بېرىپ تۇرىدىغان قىلغان. مۇشۇنداق خادىملار ئارىسىدا ئەڭ مۇھىم كىشى كۇاڭ شى ئىدى. كۇاڭ شى خۇبېيلىق بولۇپ، ئىلى ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتتا ئۇنى لى فۇخۇاڭ قاتارلىقلار ئىلىدا ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن، كېيىن ئۇرۇمچىگە ئەۋەتكەندە ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان، شىنجاڭ ـ ئىلى سۆھبىتى مەزگىلىدە، ئۇ بىر تەرەپتىن ئوتتۇرىغا ئۈتقۈيرۇقلۇق قىلىپ ئىلى تەرەپتىكى ئاساسلىق خادىملار ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلابى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن فېڭ تېمىن، لى فۇخۇاڭنى ئۇرۇمچى بىلەن قارشىلىشىشقا كۈشكۈرتۈپ، ئىلى تەرەپنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرغان ھەم ئىلى تەرەپنى يېتىم ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. بۇ قېتىم رۇسىيەدىن قەرز ئېلىش ئىشىنىمۇ كۇاڭ شى تىڭ ـ تىڭلاپ بىلگەندىن كېيىن ياڭ زېڭشىنغا مەخپىي مەلۇم قىلغان.

ئاندىن قالسا شۇگۇجىننى ئىلىنىڭ ۋالىيسى، قوشۇمچە ئالاقىلەشكۈچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئىلى تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئىلىنىڭ مۇستەقىللىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭغا قارىتىۋالماقچى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تارباغاتاي، ئالتاينى قوشۇپ ئالماقچى بولدى.

ئەڭ مۇھىم تەدبىرى شۇكى، مادېيۈەننى بىر باتالىيون ئەسكەر بىلەن كۈرە قەلئەسىگە ناھايىتى يېقىن بولغان سۈيدۈڭدە تۇرۇشقا ئەۋەتىپ، پۇرسەت كۈتۈپ ئىش كۆرمەكچى بولدى. ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە سۇنغان «فېڭ تېمىن، لى فۇخۇاڭ قانۇنغا رىئايە قىلماي ئۆز بېشىمچىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنى تازىلاش كېرەك» دېگەن تەكلىپىنى تەستىقلىگەندىن كېيىن، مادېيۈەنگە قول سېلىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن، مىنگونىڭ 2 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مادېيۈەن بۇيرۇققا بىنائەن، سەھەردە سېپىل دەرۋازىسى ئېچىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەلئە ئىچىگە كىرىپ، فېڭ تېمىن، لى فۇخۇاڭلارنى ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن كوچىغا سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى.

ياڭ زېڭشىن مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن مىنگونىڭ 2 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلارغا تېلېگرامما ئەۋەتتى.

تېلېگراممىدا: فېڭ تېمىن، لى فۇخۇاڭ «يامان غەرەزدە بولۇپ بۇزغۇنچىلىق قىلىش كويىدا بولۇپ كەلگەن ھەم يوشۇرۇن سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا ئۇرۇنغان، چېگرا ساقلاش ئامبىلى گۇاڭ فۇ مەركەزگە مەلۇم قىلىپ ئالغان بۇيرۇققا بىنائەن ھەربىي قانۇن بويىچە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ھازىر شىنجاڭ بىلەن ئىلى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، جايلار تىنچلاندى» ۋە ھاكازا دېيىلگەن.

فېڭ تېمىن، لى فۇخۇاڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن گۇاڭ فۇ 12-ئاينىڭ 28-كۈنى يەنە فېڭ داشۇ، ۋۇچېڭرۇڭنىڭ ئىلىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدا گوۋۇيۈەنگە تېلېگراما يوللىدى.

پۈتۈن شىنجاڭنى بىر مەھەل زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى قوزغىلىڭى ھەرىكىتى مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئۇجۇقتۇرۇلدى دېيىشكە بولىدۇ.

ياڭ زېڭشىن پەسكەش ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، فېڭ تېمىن، لى فۇخۇاڭنى دەھشەتلىك ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىنمۇ ئىلىنىڭ مەسىلىسى تامامەن ھەل بولۇپ كەتمىدى. ياڭ زېڭشىن ئىلىنى پۈتۈنلەي ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەدبىر قوللىنىپ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىپ، قوشۇننى قىسقارتتى، خادىملارنى ئورۇنلاشتۇردى، پۇل تۈزۈمىنى رەتكە سالدى.

شۇ ۋاقىتتا ئىلىدا گۇاڭ فۇلا بۇرۇنقى ھەربىي، مەمۇرىي خادىملارنى ساقلاپ قالغانىدى. گەرچە مىنگونىڭ 2-يىلى 5-ئاينىڭ 8-كۈنى شىنجاڭ مۇپەتتىش مەھكىمىسىنىڭ شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن ياڭ فېيشا ئىلىغا شۇەنۋېشى (ئۆلكىنىڭ ۋەكىلى) قىلىپ يۆتكەلگەن، مىنگونىڭ 3-يىلى 1-ئايدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتى يەنە چېگرا ساقلاش ئامبىلىنى شەھەر مۇھاپىزەت ئامبىلىغا ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭ مۇپەتتىشىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدا بولۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ياڭ زېڭشىن گۇاڭ فۇنىڭ بەلگىلىك ئىناۋىتى بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىشكە دەرھال قول سالالمىدى. ياڭ زېڭشىننىڭ شۇ يىلى 1-ئاينىڭ 24-كۈنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدىكى مۇنۇ مەزمۇنلار بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: «چېگرا ساقلاش ئامبىلى گۇاڭ فۇ پەزىلەتلىك، ئىناۋىتى ئۈستۈن ئادەم. ھەر قايسى ساھەدىكىلەر چوڭقۇر ئىخلاس قىلىدۇ، گەرچە ئاغرىپ دەم ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھازىرچە ئورنىدىن قالدۇرماي، ئۇنىڭ ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ ئىدارە قىلىپ تۇرۇشنى سورايمىز. ئەگەر چېگرا ساقلاش ئامبىلىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ

تۇرالمىغۇدەك بولسا، ئاندىن بۈيۈك زۇڭتۇڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىلى شەھەر مۇھاپىزەت ئامبىلى قىلىپ ئۆزگەرتىپ ھەربىي قوشۇننى باشقۇرىدىغان بىر ئادەم تەيىنلەنسە ...»

گۇاڭ فۇ مىنگونىڭ 3-يىلى 2-ئاينىڭ 1-كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى. يۈەن شىكەي 2-ئاينىڭ 8-كۈنى قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنېرال پولكوۋنىكى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ نەپىقە بېرىش، ئۇنىڭ دەپنە خىراجىتىگە 10 مىڭ سەر كۈمۈش بېرىش،تاۋۇتىنى ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ ماڭغاندا، يول بويىدىكى يەرلىك ئەمەلدارلار ياخشى كۈتۈۋېلىشى لازىم، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

گۇاڭ فۇ ئۆلگەندىن كېيىن شۇ يىلى 2-ئاينىڭ 6-كۈنى شىنجاڭ بىلەن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئۆز ئارا تېلېگراما بېرىشكەندىن كېيىن، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئىلى چېگرا ساقلاش ئامبىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شەھەر مۇھاپىزەت ئامبىلى تەسىس قىلىش، ھەم ئىلى گېنېرالىغا تەئەللۇق خىزمەت ھوقۇقىنى شىنجاڭ مۇپەتتىشىنىڭ قوشۇمچە ئاتقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ياڭ فېيشانى شەھەر مۇھاپىزەت ئامبىلى قىلىپ رەسمىي تەيىنلەش ھەم مۇئاۋىن ۋالىي (دۇتۇڭ) ئۇنۋانى بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. 2-ئاينىڭ 8-كۈنى يەنە مۇشۇ جايدىكى قوشۇننى بىردەك شەھەر مۇھاپىزەت ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش شۇنىڭدەك ھەر قايسى تۇغلۇق باتالىيونلار ۋە موڭغۇل، قازاقلارنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

ياڭ فېيشا مىنگونىڭ 3-يىلى 2-ئايدا رەسمىي ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىپ ئىشقا چۈشتى، قوشۇننى قىسقارتىپ ئىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى 1-دىۋىزىيىسىنى ئارىلاشما 1-بىرىگادا قىلىپ ئۆزگەرتكەندىن باشقا، ئورگانلارنى قايتىدىن تەشكىللەش قاتارلىق ئىشلارنى ئېلىپ باردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىلى تامامەن ياڭ زېڭشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. شىنجاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. ياڭ فېيشا بولسا ياڭ زېڭشىنغا ۋاكالىتەن ئىلىدا شەھەر مۇھاپىزەت ئامبىلى دېگەن نام بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى يەنە بالايى-ئاپەت بىلەن بەخت-سائادەتنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان يېڭى ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى.



www.uyghurkitap.com

# جاڭ جىجۇڭ ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى

## تاۋ تيەنبەي

مۇھەررىردىن: تاۋ تيەنبەي 1916-يىلى تۇغۇلغان. ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېفېي شەھىرى ۋۇشەن بازىرىنىڭ جىگچۇاڭ يېزىسىدىن، ئىلى كۇيتۇن مائارىپ شۆبىسىدە ئوقۇتقۇچى، كۇيتۇن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، ئۇ 1945-يىلى 8-ئايدىن باشلاپ جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى شىنجاڭدىن كەتكىچە جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىگە كاتىپ بولغان. شۇڭا كومىتېتىمىزنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن «جاڭ جىجۇڭ ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دېگەن تېمىدا بۇ ماقالىنى يازدى.

**(1)**

1945-يىلى 9-ئاينىڭ 13-كۈنى جاڭ جىجۇڭ چوڭچىڭدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. شۇ كۈنى كەچتە 8-ئۇرۇش رايونى قوماندانى جۇ شاۋلياڭ، مۇئاۋىن قوماندانى گوجىچاۋ، ئۆلكە رەئىسى ۋۇجۇڭشىن، 29-جىتۇەنجۈننىڭ (كورپۇس) باش قوماندانى لى تيېجۈن قاتارلىقلار بىلەن ئۇچراشتى ۋە تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپتى:

ئىلى ئۆزگىرىشىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى رولى: مىللىي ئارمىيە ئايروپىلان، زەمبىرەكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقى؛ ھازىر ئىككى تەرەپ ماناس دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تىركىشىپ تۇرغانلىقى، ئۈرۈمچى بىلەن ئارىلىقى 140 كىلومېتىر كېلىدىغانلىقى، ماناس دەرياسىنىڭ سۈيى تېيىز، ئادەم، ئات كېچىپ ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقى؛ ئۈرۈمچىنى قوغداپ تۇرغان قوشۇندا، مەركىزىي ھەربىي مەكتەپنىڭ ئۈرۈمچى 9-شۆبىسىدىكى 380 نەپەر ئوقۇغۇچىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا پەقەت ئالتە باتالىيون (يىڭ) ئەسكىرىي كۈچ بارلىقى، ھازىر چىڭخەيدىكى ماپېنشاڭنىڭ 5-ئاتلىق كورپۇسى ۋە مەركىزىي ئارمىيە شۈي روچىڭنىڭ 46-دىۋىزىيىسى ياردەم بېرىشكە جىددىي يۆتكىلىۋاتقانلىقى (ئاتلىق 5-كورپۇس كېيىن ئۆزگەرتىلىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



179 ـ بەرىگادا بولدى)، لېكىن ناھايىتى تېز بولغاندىمۇ 8 ـ 10 كۈنلەردە ئاران يېتىپ كېلەلىشى مۇمكىنلىكى؛ ئەگەر قاتناش ئەھۋالىدا كۈتۈلمىگەن ئەھۋال سادىر بولماي ھەر كۈنى توختىماي توشۇپ تۇرالىسا، ئاشلىق، ئوق ـ دورا يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ۋۇجۇڭشىن يازما ماتېرىيال بەردى؛ ئاساسلىقى مىللەت، دىن ۋە تۈرمە ئەھۋاللىرى توغرىسىدا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلەر ھەددىدىن زىيادە تەشۋىشتە قېلىپ، قاچماقچى بولۇۋاتقانىكەن. قىسقىسى ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەن.

جاڭ جىجۇڭ، جياڭ جېيشىگە ۋاكالىتەن جۇشاۋلياڭ قاتارلىقلارغا قوشۇنلارنى رەھلاندۇرۇپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، ئۈرۈمچىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تاپىلىدى. شۇنداقلا ئۇ بۇ ئىشنى پەقەت سىياسىي يول بىلەنلا ھەل قىلىش ـ ياخشى چارە ئىكەنلىكىنى، سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن ۋاسىتىچى ئادەم بولۇشى لازىملىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا ئەڭ ياخشى ۋاسىتىچى ئىكەنلىكىنى ئويلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاشقى ئىشلار مەسئۇلى لىيۇزەيروڭغا (گۇاڭدۇڭلۇق، لېنىننى كۆرگەن، ئازادلىقتىن كېيىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئىشلىگەن «رۇس تىلى گىراماتىكىسى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى، ۋاپات بولغان) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت باش كونسۇلى ياشايېۋ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلىماقچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئارىغا چۈشۈپ مۇرەسسە قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى يەتكۈزۈشنى تاپىلىغان.

9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ ياشايېۋ بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ ئەلى ئۆزگىرىشىگە قارىتا قانداق پىكىردە ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئۇ: بۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، سوۋېت ئىتتىپاقى قول سېلىش ئەپسىز ئىكەنلىكىنى؛ شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ شەخسەن قارىشىچە، ئامال قىلىپ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جاڭ جىجۇڭ ئۇنىڭ قارىشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشتىكى توسقۇنلۇقلارنى تۈگىتىش يولىدا ئۇنىڭ ئارىغا چۈشۈپ يول مېڭىپ بېرىشىنى خالاش ـ خالىماسلىقىنى سورىدى، شۇنىڭدەك ئالدى بىلەن غۇلجا تەرەپ ھەربىي ھەرىكەتنى توختاتسا، ئاندىن ئىككى تەرەپ ۋەكىل ئەۋەتىپ كېڭەش ئۆتكۈزسە، دېدى. ئۇ، جاڭ جىجۇڭنىڭ پىكرىنى موسكۋاغا يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە شەخسەن ئۆزىنىڭ ياردەملىشىشنى خالايدىغانلىقىنى، بىراق ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ھەرىكەت قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ

يەنە: «جۇڭگو ھۆكۈمىتى سوۋېت ھۆكۈمىتىگە پىكىرىنى ئېيتسا ئاسانراق ئۈنۈم بېرەتتى» دېدى.

جاڭ جىجۇڭ مۇۋەققەت باش كونسۇل ياشايېۋنىڭ سۆزىدە سەمىمىيلىك بار، دەپ ھېسابلىدى. شۇنىڭ بىلەن جاڭ جىجۇڭ جياڭ جيېشىگە: «ئەھۋال جىددىي، ئەگەر ئۈرۈمچى قولدىن كەتسە، مەركەزنىڭ ئابروي-ئىناۋىتىگە چوڭ تەسىر كەلتۈرىدۇ. ئۇلارنى ئىتائەت قىلدۇرىمىز دېگەن ھالەتتىمۇ ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، دەرھال ھۆكۈم قىلسىڭىز، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىغا چۈشۈپ مۇرەسسە قىلىش توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىمىز فۇچاڭغا دەرھال تېلېگرامما يوللاشقا بولامدۇ-يوق؟» دېگەن تەكلىپنى قويۇپ جىددىي تېلېگرامما يوللىدى. جاڭ جىجۇڭ بۇ تېلېگراممىنى يوللاش ۋاقتىدا جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلاردىن پىكىر سورىغان، ئۇلار قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

9-ئاينىڭ 16-كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلان بىلەن چوڭچىڭغا قايتىپ بېرىپ، ئەھۋالنى جياڭ جيېشىگە تەپسىلىي دوكلات قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېتروۋ جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا بىر «مېمېراندوم» تاپشۇردى. ئەسلى مەزمۇنى مۇنداق: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى كونسۇلى سوۋېت ھۆكۈمىتىگە يوللىغان دوكلاتىدا ئېيتىشىچە: بىر نەچچە مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرىمىز دەپ مەزكۇر كونسۇلىمىزگە رۇسلار ئارىغا چۈشۈپ، جۇڭگو دائىرىلىرى بىلەن ئارىمىزدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشنى مۇرەسسە قىلىشقا قاتنىشىپ بەرسىمىكىن، دېگۈدەك، ھەمدە قوزغىلاڭچى خەلق ئەسلىدە جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتمەكچى ئەمەس، ئۇلارنىڭ مەقسىتى مۇسۇلمانلار شىنجاڭدا كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ، غۇلجا، تارباغاتاي، ئالتاي، قەشقەرگە ئوخشاش جايلارنى ئاپتونومىيىگە ئىگە قىلىشنى مەقسەد قىلىدۇ، دەپتۇ. مەزكۇر ۋەكىللەر يەنە ئۆتمۈشتە شىنجاڭ دائىرىلىرى ئۆزلىرىگە قىلغان خىلمۇ-خىل جەبرى زۇلۇملىرىنى بايان قىپتۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شىنجاڭ بىلەن چېگرىداش رايونلىرىنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە تەرتىپكە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى خالىسا، شىنجاڭدا پەيدا بولغان بۇ ۋەزىيەتنى مۇرەسسەگە كەلتۈرۈشكە قولايلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، غۇلجا شەھىرىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلىمىزنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە قولىدىن كەلگىنىچە ياردەملىشىشكە تەيىن قىلماقچىمىز».

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى جياڭ جيېشىدىن يوليورۇق ئالغاندىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۆۋەندىكىچە جاۋاب قايتۇرغانىدى: «1. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا سوۋېت ھۆكۈمىتى ياردەملىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ھۆكۈمىتىمىز بۇنىڭغا ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتىدۇ. 2. چېگرا رايون خەلقى بەھرىمەن بولىدىغان شارائىتنى ياخشىلاش مەسىلىسى توغرىسىدا، رەئىس جياڭ جيېشى: ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىغە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، دەپ بۇرۇنلا جاكارلىغانىدى. بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۇلارنىڭ ھالىتىنى بۇندىن كېيىن ياخشىلاش مەقسىتىدە، ھۆكۈمىتىمىز مىنىستىر جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. 3. ھۆكۈمىتىمىز بۇ ۋەقەنى كېڭىشىپ ھەل قىلىش ئۈچۈن ۋەقە چىقارغۇچىلار ئۆز ۋەكىلىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، جاڭ بۇجاڭغا ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلىشىنى ئالاھىدە ئۈمىد قىلىدۇ. ھۆكۈمىتىمىز بەلگىلىگەن سىياسەتلەر بويىچە، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى سىياسىي جەھەتتە ئىچكىرىدىكى خەلقلەر بىلەن ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن قىلىدۇ. 4. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلى ياردەم قىلىشنى خالىسا، ئۇلارغا ئۈرۈمچىگە كېلىپ جاڭ بۇجاڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلىمىز. بۇ ۋەكىللەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىز كاپالەتلىك قىلىمىز».

(2)

1945-يىلى 10-ئاينىڭ 12-كۈنى جياڭ جيېشى جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭغا يەنە بېرىشقا بۇيرىدى.

بۇ چاغدا جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، شىنجاڭ مەسىلىسى مىللەت مەسىلىسى بىلەن دىپلوماتىيە مەسىلىسى گىرەلىشىپ ھاسىل بولغان بىر ھالەت بولۇپ، بۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئاسانغا چۈشمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ جياڭ جيېشىدىن: «شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا شۇ يەردىكى مىللەتلەرگە ئەمەلىي ھوقۇق بېرىش كېرەك، شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل سىياسەت قوللانغاندىلا ئاندىن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ» دەپ يوليورۇق سورىدى. شۇ مەزگىلدىكى گومىنداڭنىڭ يۇقىرى قاتلام ئەربابلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى ماقۇللاتماق قىيىن ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ تولىسى سوۋېتكە قارشى ئىدى. ئۇنى تېزرەك سەپەرگە ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن، جياڭ جيېشى ئۇنىڭغا: «شىنجاڭ مەسىلىسىنى سىز تولۇق ھوقۇقلۇق بىر تەرەپ قىلىسىز،

بولىدۇ، قىيىن مەسىلىلەر دۇچ كەلسە، ئۆز ۋاقتىدا تېلېگراممىا يوللاڭ» دەپ مۇئەييەن ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ جاڭ جىجۇڭ شۇ ئاينىڭ 14-كۈنى ئىككىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە كەلدى. بىللە كەلگەنلەر: «سەنمىنجۇيى» نەزەرىيىچىسى لياڭ خەنساۋ، شىنجاڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان پېڭ شاۋشەن، جياڭ جىڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىللە ئوقۇغان چۈي ۋۇ، خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ دەسلەپكى قارارلىرىدا ئوقۇغان، ئىنگلىزچە كاتىپ جاڭ جىيۇ، خۋاڭپۇ مەكتىپى 1-قارارىدا ئوقۇغان، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن دىڭ ۋېنپىي، «جوڭتۇڭ» (جۇڭگو گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە ھەيئىتى تەكشۈرۈش ۋە ستاتىستىكا قىلىش ئىدارىسى-گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى) خادىمى ۋاڭ زىڭشەن (خۇيزۇ)، ھەربىي كومىتېت سىياسىي بۆلۈم كاتىبات باشقارما باشلىقى ليۇ مىڭچۇن، «جۇڭتۇڭ» خادىمى، ئىنگلىزچە تاشقى ئىشلار كاتىبى تۇڭ شېگاڭ، ھەمراھ بولۇپ كەلگەن مەسلىھەتچى جاڭ لىجۇن، كاتىپ يۇ جەنباڭلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى بىنا (شىڭ شىسەينىڭ ئىشخانا بىناسى) غا ئورۇنلاشتى.

بۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى غۇلجا ھۆكۈمىتىنى ۋەكىللىرى رەخىمجان سابىر ھاجىيوف، ئوبۇلخەيرى تۆرە (كېيىن مەملىكەتلىك تۈنجى نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان)، ئەخمەتجان قاسىمىدىن ئىبارەت ئۈچ كىشى، ئابدۇكېرىم ئاباسوف قاتارلىقلارنى بىللە ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەنىكەن. ئۇلار «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن ئىزنەك تاقىغان ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كۈتكۈچىسى فاڭ كوجاڭ ۋە تەرجىمان خې گۋاڭكۈيلارغا: «بىز شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە ۋەكىل بولۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت قىلىشقا كەلدۇق، مانا گۇۋاھنامىلىرىمىز، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىمۇ گۇۋاھنامىسىنى كۆرسەتسۇن» دەپتۇ.

جاڭ جىجۇڭ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىپ، 10-ئاينىڭ 15-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇۋەققەت باش كونسۇلى ياشايېۋ بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېترووۋ جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا تاپشۇرغان «مېمراندوم» نىڭ مەزمۇنى ۋە جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ جاۋابىنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇتۇردى. ئاندىن كېيىن: «مەن پەقەت مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى سالاھىيىتىم بىلەن ۋەقە تۇغدۇرغانلار ۋەكىلىنىلا قوبۇل قىلالايمەن. ئاتالمىش <شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋەكىلى> نى قوبۇل قىلالمايمەن» دېدى. ياشايپۇنىڭ چۈشەنچە بېرىشى ئارقىلىق غۇلجا ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى ئەسلىدىكى پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن 17-ئۆكتەبىر كۈنى جاڭ جىجۇڭ غۇلجا تەرەپنىڭ ئۈچ ۋەكىلىنى قوبۇل قىلدى.

جاڭ جىجۇڭ بۇ ئۈچ ۋەكىل بىلەن سەممىمىي تەلەپپۇزدا سۆھبەتلەشتى. ئۇيغۇرچە تەرجىمان خې گۇاڭكۇي ئىدى. سۆھبەت ئېمىسى: «قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىقنى ۋە ئائىلىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» دېگەن ئىبارەت بولدى. جاڭ جىجۇڭ: «بىز تۇنجى قېتىم دىدار كۆرۈشۈپ تۇرساقمۇ، لېكىن بىر ئائىلىدىكى ئاكا-ئۇكىلار بولغاچقا، چەكسىز خۇرسەنلىك ھېس قىلىۋاتىمەن. بىر چوڭ ئائىلە ئىچىدە بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا ھەممىنىڭ پىكرى بىردەك بولماسلىقى، ھەتتا ئۇرۇش-جېدەل قىلىشىپ قېلىشى مۇمكىن، بۇنىڭدىن خالىي بولماق تەس، ئۆتمۈشتە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەسىلىلەر، مەسىلەن، غۇلجا ۋەقەسىنى ئالساق مەركەز ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ، يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلەلمەي قالدى. بۇنىڭغا چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىمەن، قارىمۇ-قارشىلىقنى پات ئارىدا تۈگىتىپ، قورۇلۇشقا كىرىشىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. ئۈچ ۋەكىل جاڭ جىجۇڭنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى سۇرلۇك ھالەتتىن مۆتىدىل ھالەتكە ئۆزگەردى. جاڭ جىجۇڭ ئۇلاردىن مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا كونكرېت پىكىرلىرىنى قويۇشنى ئۆتۈندى. ۋەكىل ئەخمەتجان: «ئالدى بىلەن جاڭ بوجاڭنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقساق» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن جاڭ جىجۇڭ بىللە كەلگەن خادىملىرىنى چاقىرىپ، «مىللەتلەر تەڭ باراۋەر بولۇش، سىياسىي جەھەتتە دېموكراتىيە بولۇش، يەرلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش» تۈپ پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، غۇلجا ھۆكۈمىتى ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە جاكارلىغان «سىياسىي پروگرامما» غا سېلىشتۇرۇپ تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ، «مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى قىسمەن ۋەقەنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھىسى» نى يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەر بىردەك تەڭ-باراۋەر بولىدۇ؛ شىنجاڭ خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا يار-يۆلەك بولۇپ، خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرىلىدۇ؛ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت، تىل-يېزىقلىرىغا ھۆرمەت قىلىنىدۇ؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي، مال-مۈلۈك، سۆز، ھەرىكەت،

ئولتۇراقلىشىش، مەتبۇئات، يىغىن ئۆتكۈزۈش، تەشكىلات ئۇيۇشتۇرۇش ئەركىنلىكى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ؛ مەسلىھەت كېڭەش ئەزالىرى ۋە ناھىيە ھاكىملىرى خەلق تەرىپىدىن سايلىنىدۇ (مۇئاۋىن ھاكىمنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەۋەتىدۇ)، ۋالىيلارنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كۆرسىتىپ، مەركەز ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ، يەرلىك زاتلاردىن سايلاپ قويۇلسا بولىدۇ؛ ھەربىي ھەرىكەتلەر توختىتىلىپ، بىر ئاي مۆھلەت ئىچىدە تەرتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ۋەقە بولغان مەزگىلدىكى قانۇنغا مۇۋاپىق بولمىغان بارلىق تەشكىلاتلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ؛ ۋەقە تۈپەيلىدىن تۇتۇپ قامالغانلارنى ئۆز ئارا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ قويۇپ بېرىلىدۇ؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىك ئىتتىپاقىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار دېگەنلەردىن ئىبارەت.

10-ئاينىڭ 20-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن جاڭ جىجۇڭ ئۇرۇمچىدىكى «يېڭى بىنا» دا ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشتى. ئۆز ئارا سالاملاشقاندىن كېيىن «كۆرسەتمە لايىھە» نى ئۇلارغا تاپشۇردى. ئۇلار غولجىغا ئېلىپ بېرىپ تەپسىلىي تەتقىق قىلغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. لېكىن ئۇلار: بىز كەلگەن چاغدا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋە قەشقەر قاتارلىق تۆت ۋىلايەتنىڭ «مۇستەقىل» بولۇشىغا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ كەلگەندۇق، دەپ قالدى. جاڭ جىجۇڭ بۇنىڭغا ھاڭ-تاڭ قالدى. چۈنكى بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «مېمراندوم» دا يەتكۈزۈلگەن: «قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ ئەسلىدە جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىش نىيىتى يوق» دېگىنىگە ئەلۋەتتە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن سوراپ سۈرۈشتۈردى. ئۇلار بۇ ھەقتە نۇرغۇن شەرھىيلەپ چۈشەندۈردى. بىزنىڭ «مۇستەقىل بولۇش» دېگىنىمىز سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلارنى خەلق ئۆزى باشقۇرۇشى كېرەك، تاشقى ئىشلار، قاتناش، پۇل تۈزۈمى قاتارلىقلارنى مەركەز باشقۇرۇشى كېرەك، دېگەن سۆز ئىدى» دېدى. جاڭ جىجۇڭ شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ ئەسلى ئېيتماقچى بولغىنى، ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى، پەقەت «مىللىي ئاپتونومىيە»، «مىللەت ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» ۋە «مىللىي مۇستەقىللىق» دېگەن ئۇقۇملارنى پەرقسىز ئارىلاشتۇرۇپ قوللانغانلىقىنى بىلدى.

شۇنىڭ بىلەن جاڭ جىجۇڭ ئۇلارغا يەنە بىر پەس سەمىمىيەتلىك بىلەن سۆزلىدى. ئېيتىسى «دۆلەتنى ھىمايە قىلىش، ھۆكۈمەتكە بويسۇنۇش» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئومۇمەن مەنىسى مۇنداق: پايونىيىنىڭ ئون مىڭ ئايرۇپىلانى ۋە قۇدرەتلىك

دېگىنىز فىلۇتى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بولۇپ، جۇڭگوغا خىيانەتكارلىق بىلەن تاجاۋۇز قىلدى ھەمدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگىچە ئىچكىرىلەپ كىردى. لېكىن بىزنىڭ سەككىز يىل مۇشەققەتلىك كۈرەش قىلىشىمىز ئارقىسىدا، ياپونىيە ئاخىرى شەرتسىز تەسلىم بولدى. كوممۇنىستىك پارتىيە مەسىلىسى توغرىسىدا مەن ئىككى قېتىم يەنئەنگە باردىم، ماۋزېدۇڭ ئەپەندىمۇ چوڭچىڭغا باردى. ھازىر مەسىلە ئومۇمىي ھېسابتا ھەل بولدى. ئىككى تەرەپ ئۆتكۈزگەن سۆھبەتنىڭ نەتىجىسى گېزىتتە ئېلان قىلىندى. ھەر قايسىلىرى كۆرگەن بولۇشىڭلار ئېھتىمال. كومپارتىيە تىنچلىق، دېموكراتىيە، بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ... مەركەزمۇ ئەلۋەتتە شۇنى تەشەببۇس قىلىدۇ... بۇندىن كېيىن مەركەز چوڭراق كۈچ سەرپ قىلىپ شىنجاڭغا ياردەم قىلىدۇ، شىنجاڭنى قۇرىدۇ. شىنجاڭ خەلقى ئۈمىد قىلغان نەرسىلەرنى، مەركەز جەزمەن تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. مەركەز شىنجاڭ خەلقىدىن دۆلەتنى ھىمايە قىلىپ، ھۆكۈمەتكە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. جاڭ جىجوڭ يەنە: «جۇڭگو پۇقراسى بولۇش شەرەپلىك ئىش» دەپ تەكىتلىدى.

ئۈچ ۋەكىل بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ئاز تەسىرلەنگەن بولسىمۇ، پوزىتسىيىسى تېخىمۇ ياخشىلاندى، ئۆتمۈشتە مەركەزنىڭ ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇنداق تەشەببۇستا ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئۇزاق زامانلار زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە دەردىنى تارتىپ، تاقەت قىلغىلى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئىنقىلابىي ھەرىكەت بىلەن قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ئېيتتى. غۇلجىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆز ھۆكۈمىتىگە ۋە خەلق ئاممىسىغا تەپسىلىي چۈشەندۈرىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

شۇ كۈنى كەچتە جاڭ جىجوڭ سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى ياشايېۋ بىلەن پاراڭلاشتى. كۆپ قېتىم بېرىش-كېلىش قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى ئۆز ئارا پاراڭلار بىر قەدەر ئۇدۇلراق بولدى. جاڭ جىجوڭ ياشايېۋدىن بۇ ئىش ھەققىدە قانداق پىكىردە ئىكەنلىكىنى سورىدى (جاڭ جىجوڭنىڭ ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدىن ياشايېۋ تولۇق خەۋەردار ئىدى)، ياشايېۋ: «ئىلى تەرەپ ئەلۋەتتە جۇڭگودىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ ئاساسىي پرىنسىپ، لېكىن مېنىڭ قارىشىمچە مەركەزنىڭ <كۆرسەتمە لايىھە> سى ئىلى خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرالماسلىقى ئېھتىمال، ۋەكىللەر ئاۋۋال غۇلجىغا قايتىپ تۇرسۇن، 9-10 كۈنلەردىن كېيىن داۋاملىق سۆھبەتلەشسە بولىدۇ» دېدى.

10-ئاينىڭ 21-كۈنى ئىلى ۋەكىللىرى قايتىشقا تەييارلاندى، شۇ كۈنى كەچتە جاڭ جىجۇڭ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، «سەنمىنجۇيى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭنى ئۆتمۈش تارىخىدىكى كونا ئىزغا چۈشۈرۈپ قويماسلىققا بولىدۇ» دېگەن مەزمۇندا سۆز قىلدى. ئۇ خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ گومىنداڭ دەۋرىگىچە قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «تارىختىن قارىغاندا روشەن ئىككى پاكىت بار. بىرىنچى: شىنجاڭ 2000 يىلدىن بۇرۇنلا جۇڭگو زېمىنى، بۇنى پۈتۈن دۇنيا ئورتاق ئېتىراپ قىلىدۇ. ئىككىنچى: مەركەزنىڭ كۈچى يېتىشىپ كېتەلمىگەن چاغلاردا، شىنجاڭدا ئۇششاق دۆلەتلەر قۇرۇلۇپ، بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، خەلق ئىنتايىن ئېغىر جەبرى-جاپالارغا گىرىپتار بولغان، بەزىدە ھەتتا چەت كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى، بۇلاڭ-تالاڭ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا ئۇچراپ، خەلق تېخىمۇ ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتقان. مەن ئۆزئارا ئىشەنچە ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن، خەلققە نىسبەتەن ئېيتقانداق، شىنجاڭ-بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق يىللار قان-تەر تۆكۈپ ئۆزلەشتۈرگەن زېمىن ئىكەنلىكىنى جۇڭگو بىلەن قان بىلەن گۆشتەك چەمبەرچاس باغلانغان ئىكەنلىكىنى مەركەز شىنجاڭنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويمايدىغانلىقىنى تونۇش كېرەك. ھۆكۈمەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆتمۈشتىكى توپىلاڭ-توقۇنۇشلارنىڭ تەگىدىن تولىسى سىياسەتتىكى خاتالىق تۈپەيلىدىن سادىر بولغانلىقىنى تونۇش كېرەك» دېدى.

ئۇ بىر قانچە دەۋرلەردىكى ھۆكۈمرانلار شىنجاڭ خەلقىغە قارىتا بويسۇندۇرۇش، قاتتىق بېسىم ئىشلىتىش ۋە مىللىي كەمسىتىشتەك خاتا سىياسەت يۈرگۈزۈپ كەلگەنلىكىنى تەنقىد قىلدى. مەركەز بۇندىن كېيىن تارىختا يۈز بەرگەن بۇ يولغا ھەرگىز قايتا ماڭمايدىغانلىقى، سەنمىنجۇيىغا ئەمەل قىلىپ، شىنجاڭ خەلقىغە بەخت-سائادەت يارىتىش ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. ئۇ: «سىزلەرنىڭ ئۈستىڭىزلەرگە ئالغان مەجبۇرىيەت ئېغىر، شىنجاڭ خەلقىنى مەڭگۈ ئەركىنلىك، بەخت-سائادەتلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ جاۋابكارلىق سىزلەرنىڭ زىممىڭىزلارغا يۈكلەنگەن. ئەمدى بۇ ۋەزىپىنى ھەقىقىي تۈردە ئۈستۈڭلارغا ئېلىشىڭلارنى سورايمەن» دېدى.

ئىلى ۋەكىللىرى جاڭ جىجۇڭنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خېلىلا سەمىمىي ئىنكاس قايتۇردى. ئۇلار: «ئۆتمۈشتىكى يەرلىك ئىدارىلەر (شېڭ شىسەينى دېمەكچى) نىڭ زوراۋانلىقى كىشىلەر قەلبىگە ناھايىتى پاراكەندىچىلىك سېلىۋەتكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەركەزنىڭ شىنجاڭغا قارىتا سىياسىتى ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا دەل، ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەندۇق» دېيىشتى. ئۇلار سۆزلىرىدە «جۇڭخۇا مىنگو» ۋە «مەركىزىي ھۆكۈمەت» دېگەن ئىبارىلەرنى كۆپ قوللاندى. ھەممە قايتىپ بارغاندىن كېيىن بارلىق تىرىشچانلىق بىلەن غۇلجا ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئاز بولسا 10 كۈن، كۆپ بولسا ئىككى ھەپتىدە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدىغانلىقلىرىنى ئېيتتى. 10-ئاينىڭ 22-كۈنى جاڭ جىجۇڭ تەيىنلىگەن خادىم ئۇلارنى ئۇزۇتۇپ ماناس ئالدىنقى سېپىدىن ئۆتكۈزۈپ قويدى.

(3)

1945-يىلى 11-ئاينىڭ 13-كۈنى، ئىلى ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. 14-كۈنى غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ «يازما جاۋابى» نى ئۇلار جاڭ جىجۇڭغا ئۆز قولى بىلەن تاپشۇردى. «يازما جاۋاب» نىڭ تولۇق ئاتىلىشى: «ئىلى تەرەپنىڭ مەركەزنىڭ <كۆرسەتمە لايىھە> سىگە قارىتا پىكرى ۋە تەلەپلىرى-شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان قوراللىق توقۇنۇش ۋەقەسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋەكىلىنىڭ قويغان <كۆرسەتمە لايىھەسى>گە قارىتا شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ پىكرى».

«يازما جاۋاب» دا: «مۇسۇلمانلار شەرقىي تۈركىستاندىن خەنزۇ ھاكىمىيىتىگە تەۋە بولۇپ كىرگەندىن بۇيان جەبرى زۇلۇمغا گىرىپتار بولۇپ كەلدى»، «مىللەتلەر باراۋەرلىكى دېگەن بۇ ئىبارىلەر تەشۋىقاتتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلدە يولغا قويۇلغان ئەمەس. خەنزۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىن، ئۆرپ-ئادەت ۋە مىللىي مەدەنىيىتىگە قارىتا ئېزىش، كەمسىتىش ۋە ھاقارەت قىلىشلىرى قىلچە چەكلەنگەن ئەمەس.» دېيىلگەن.

يەنە داۋاملاشتۇرۇپ: «بىز قوماندان جياڭ ۋېيۈەنجاڭنىڭ 1945-يىلى 8-ئاينىڭ 24-كۈنى دۆلەت مۇداپىئە ئالىي كومىتېتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېت دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ۋاقىتلىق بىرلەشمە يىغىنىدا قىلغان يولىيورۇقىنى ئوقۇغان، ئۇنىڭدا: ھازىر خەلقئارادا مىللەت مەسىلىلىرى ھەل بولدى، بىز مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەر مەسىلىلىرىنى ئەلۋەتتە ھەل قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ سىياستىمىز: مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەردىن ئاپتونومىيە ئىقتىدارى بولمىغانلىرىغا يار-يۆلەك

بولۇپ، ئاپتونومىيە بولۇش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىنىشىمىز لازىم؛ چېگرا رايونلاردا ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە بولۇش ئىقتىدارى ھازىرلانغان چاغدا، ئاپتونومىيە بولسا بولىدۇ، دەپ ئېيتقان، بۇ يولىيورۇقتىن بىز چوڭقۇر رازى» دېيىلگەن.

داۋاملاشتۇرۇپ: شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار خېلى ئاپتونومىيە تەجرىبىسىگە ئىگە. شۇڭلاشقا يۇقىرى دەرىجىدە ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىدۇ، دەپ 11 ماددىلىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ بەش ماددىسى «كۆرسەتمە لايىھە» بىلەن توقۇنۇشمايدىكەن. ئىككى ماددىسى ئاساسىي جەھەتتىن يېقىن كېلىدىكەن. ئوخشىمايدىغان تۆت نۇقتا بار ئىكەن : 1. ۋەقە ھەل بولغاندىن كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى سايلاپ چىقىش تەلەپ قىلىنغان. 2. ھۆكۈمەت ئالاقە-ھۆججەتلىرىدە ۋە ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز يېزىقىنى قوللىنىش تەلەپ قىلىنغان. 3. سودىگەرلەر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئەركىن سودا قىلىش تەلەپ قىلىنغان. 4. ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە «مىللىي قوشۇن» تەشكىل قىلىش تەلەپ قىلىنغان.

11-ئاينىڭ 15-كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئىلى تەرەپنىڭ «يازما جاۋابى» غا يازما جاۋاب بەردى. 16-كۈنى يىغىن ئېچىلمىدى. 17-، 18-كۈنلىرى سۆھبەت داۋاملاشتى. ھەر قېتىمقى سۆھبەت بەش سائەتتىن ئارتۇق بولدى. سۆھبەت داۋامىدا ئىلى ۋەكىللىرى دائىرىلەر (شېڭ شىسەي) نىڭ تۇتقۇن قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرگەن قىلمىشلىرىغا كۆپ قېتىم رەددىيە بېرىپ «شىنجاڭ بەئەينى بىر زىندانغا ئايلاندى» دەپ كۆرسەتتى. شۇنىڭدەك شېڭ شىسەينىڭ زوراۋانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى خەنزۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئەزگەنلىكى، دېدى. مۇشۇ مەسىلىلەرگە قارىتا، جاڭ جىجۇڭ 17-كۈنى «مىللىي مەسىلە ۋە سىياسىي مەسىلە - <خەنزۇلار مۇسۇلمانلارنى ئەزدى، دېگەن ئىبارىدىكى خاتالىق>نى تۈزىتىش» دېگەن تېمىدا ئۇزۇن سۆز قىلدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: «مىللەت مەسىلىسى مەۋجۇت، لېكىن ئاساسلىقى سىياسىي مەسىلە. ئەگەردە ھۆكۈمەت مۇسۇلمانلارنى ئەزگەن بولسا، شۇ سەۋەب بىلەن مۇسۇلمانلار ھۆكۈمەتكە قارشىلىق قىلىشقا بولىدۇ، دېيىلسە بۇ غەرەزلىك ياكى غەرەزسىز ئېيتىلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئەمەلىيەتتە، ئارىغا ئالىلىق تۇغدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، مۇسۇلمانلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتقا زىيان يەتكۈزىدۇ. دۆلەتكىمۇ، خەلقىمۇ قىلچە پايدىسى يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پالانى كىشى (شىلىڭ شىسەينى دېمەكچى) تۇتقۇنلۇققا ئالدى، ئادەم ئۆلتۈردى. تەڭدىشى يوق زالىم، دەيسىلەر، بۇ پاكىت. لېكىن ھەر قايسىڭلار جەمئىيەتكە چىقىپ ئىگىلەپ كۆرسەڭلار شۇنى بىلىسىلەركى، ئۇ تۇتقان، ئۇ ئۆلتۈرگەن خەنزۇلار، مۇسۇلمانلاردىنمۇ كۆپ. ئۇ ئۆزى خەنزۇ، لېكىن ئادەم تۇتۇش ۋە ئۆلتۈرۈش جەھەتتە ئۇ بىگۇناھ خەنزۇلارنى ئاياپ قويغىنى يوق. بۇزۇق خەنزۇ ھۆكۈمرانلار ھەر مىللەت خەلقىنى ئەزگىنى پاكىت. <خەنزۇلار مۇسۇلمانلارنى ئەزدى>دېگەن بۇ سۆزدە ناھايىتى چوڭ نۇقسان بار، بۇ گەپ مەنىۋى قورۇلۇشقا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بىرىپ تاقىلىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ تۈزەتمىسەك بولمايدۇ. ھۆكۈمرانلار پەيدا قىلغان مىللىي قىرغىنچىلىق پاجىئەلىرىنىڭ سادىر بولۇشىغا ئەمدى يول قويۇشقا بولمايدۇ».

جاڭ جىجۇڭ مۇنداق دېدى: «ھازىرقى ئەڭ ئاساسىي مەسىلە، ئۆلكىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تەڭ خاتىرجەم ياشاش، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئۆزئارا ئىشىنىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. ھەممىيلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جيېشىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پەيتنى قولدىن بەرمەي بىرلىكتە تىرىشىپ، خۇددى ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللاردەك مېھرىبان شىنجاڭلىق قېرىنداشلاردىن بولۇپ، ئەبەدىل ئەبەد ئەركىن، تىنچ، بەختىيار ئۆتۈشى ئۈچۈن ئۇل سېلىپ بېرىشىمىز كېرەك».

ئىلى ۋەكىللىرى ئۇنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى تەكىتلىگەنلىكىگە ھۆرمەت بىلدۈردى. كۆپ قېتىملىق سۆھبەت ئارقىلىق كۆپ قىسىم ماددىلار ئۈستىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. لېكىن ئىلى تەرەپ ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان تۆت تەلەپتە چىڭ تۇرىۋالدى. «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دىن ۋاز كېچىشىمىزنىڭ ئۆزى ئەڭ زور يول قويغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۆت تەرەپتە ئەمدى يول قويالمايمىز، دېدى. جاڭ جىجۇڭ چۈشەندۈرۈپ شۇنچە جوراپ كەتكەن بولسىمۇ نەتىجە چىقمىدى.

شۇنىڭ بىلەن جاڭ جىجۇڭ ئەمەلدارلارنى چاقىرىپ، تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ يەنە يول قويدى. «تۈزىتىلگەن جاۋاب لايىھە» نىڭ تەپسىلى مەزمۇنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلار كېيىن ئىمزالانغان ماددىلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بۇنىڭ ھەممىسىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. ئىلى ۋەكىللىرى بۇنى بېكىتىشكە موۋەپپەقى يوقلۇقىنى، غۇلجىغا يەنە بىر قايتىپ يولىيورۇق سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئىلى ۋەكىللىرى بىلەن يەنە بىر نۆۋەت كۆرۈشۈپ

«نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايىدا بولغان ۋەقەنىڭ پايدىسى ۋە زىيىنى توغرىسىدا مۇلاھىزە» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن سىزلەرگە تۆت قېتىم سۆز قىلدىم. مۇھەببەت ـ ھېسسىيات مەسىلىسى، ئاقىلانىلىق مەسىلىسى، تارىخىي مەسىلىلەر، پاكىت ۋە ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرى ئۈستىدە سۆزلىدىم. بۇ قېتىم سىزلەرگە پايدا ـ زىيان مەسىلىسى توغرىسىدا ئوچۇق سۆزلىمەكچىمەن».

ئۇ سۆزىدە، تارىختىن قارىغاندا، ئۆتمۈشتە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ۋاقتى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولسۇن، كۆلىمى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ئاخىرى ھامان تىنچلاندۇرۇلغانىدى. مەسىلەن: جۇڭغار توپىلىڭى، چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭى قاتارلىقلار. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ، ئۇرۇش بولسا ھامان ئادەم ئۆلىدۇ، خانىۋەيرانچىلىق بولىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا چوڭ زىيان تارتىدىغىنى ئاشۇ شىنجاڭ خەلقىدۇر. دەرۋەقە، ئۇرۇش سەۋەبىدىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى سېلىقمۇ ئېغىرلىشىدۇ، بۇ ئېچىنارلىق ئاچچىق تارىخىي ساۋاقتۇر.

نامى ئەمەلىدىن ئېيتقاندا شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى، نامى شۇنداق بېكىتىلگەنىكەن، ھېچكىم بۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. يېقىندا جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كېڭىشىپ تۈزۈلگەن «جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» دا: «سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش نىيىتى يوق» دەپ يېزىلدى. شۇنىڭدەك، سوۋېت كونسۇلى بۇ قېتىمقى ۋەقەنى ھەل قىلىشىمىزغا ياردەم قىلىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمىز.

ھەربىي كۈچ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بەزىلەر ئىلى تەرەپ شىخونى ئىشغال قىلدى، غەلىبە قىلدى، دەپ قارىشى مۇمكىن، راستىنى ئېيتقاندا، ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، غەلىبە قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ، ئىش پۈتتى دەپ قاراشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىز ئەجدادلار قان ـ تەر تۆكۈپ ئاچقان بۇ زېمىننىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىشىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ. مەركىزىمۇ شىنجاڭنى ھەرگىز تاشلاپ بەرمەيدۇ. نەزەر دائىرەڭلارنى يىراققا تاشلاپ، ھازىرقى ئاز ـ تولا ئالغان پايدىنى دەپ، كەلگۈسىدىكى چوڭ بالايى ـ ئاپەتنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن شىنجاڭ خەلقى مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلاۋاتىمەن. پايدا ـ زىيان مەسىلىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com



ئۆيلىماي بولمايدۇ. شىنجاڭ خەلقى ئازاب-ئوقۇبەتنى يەتكۈدەك تارتقان. بىز ھەممىمىزدە بۇ جاۋابكارلىق بار. ۋەقەنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش يولىدا ئىزدەنگىنىمىزدىلا ئاندىن شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. سۆزۈمدە قاتتىق كەتكەن جايلىرى بولسا، ۋەكىللەرنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى.

11-ئاينىڭ 25-كۈنى، جاڭ جىجۇڭ تەيىنلىگەن خادىمنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىدە، ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى ئالدىنقى سەپ ئارقىلىق غۇلجىغا قايتتى. ئۈچ ۋەكىل 12-ئاينىڭ 25-كۈنى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. 26-كۈنى ئۇلار جاڭ جىجۇڭغا بىر ھۆججەت تاپشۇردى. «تۈزىتىلگەن جاۋاب» نى پرىنسىپ جەھەتتىن قوبۇل قىلىدىغانلىقى بىلدۈرگەن. لېكىن بۇرۇن قويغان 11 ماددىلىق تەلەپنىڭ سىرتىدا يەنە ئۈچ ماددا قوشقانىكەن. 1. سىياسىي ساقچىنى (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ساقچى باشقارمىسىنى دېمەكچى) ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ 2. 1945-يىلىدىكى ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا يۆتكەپ كەلگەن دۆلەت ئارمىيىسىنى قايتۇرۇپ كېتىش؛ 3. يەرلىك ساقچى خىزمىتىگە مۇسۇلمانلاردىن قويۇش دېگەندىن ئىبارەت. جاڭ جىجۇڭ بۇلار ئۇشۇقچە قويۇلغان مەسىلە، سۆھبەت قىلغۇدەك يېرى يوق، دەپ قاراپ قەتئىي رەت قىلدى. بۇ ئۈچ تەلەپنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ ئېلىڭلار دېدى، سۆھبەت قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

سوۋېت كونسۇلى ئارىغا چۈشۈپ، نۇرغۇن چۈشەنچە بېرىشى ئارقىسىدا، قاتمال ھالەت ئاران يۇمشىدى. ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى: «بۇ ئۈچ ماددىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا بىزدە ھوقۇق يوق، غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ يولیورۇق سورايلى» دېدى. لېكىن ھازىرچە ئۈچ ماددىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئاۋۋال تۈزۈلگەن 11 ماددىنى كونكرېت تەتقىق قىلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 12-ئاينىڭ 29-كۈنى سۆھبەتنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى بولدى. قايتا-قايتا كېڭىشىش، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، 11 ماددىنىڭ رەسمىي نۇسخىسى دەسلەپكى قەدەمدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلى «قوشۇمچە 1-ھۆججەت» قىلىنىپ، بۇ ئىككى ھۆججەت ئاۋۋال ئىمزالاندى. ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى «قوشۇمچە 2-ھۆججەت» قىلىنىپ، كېيىن سۆھبەت قىلىشقا قالدۇرۇلدى.

رەسمىي ھۆججەت نۇسخىسى بىلەن قوشۇمچە نۇسخا كېيىن قىسقارتىلىپ «تىنچلىق بىتىمى» دەپ ئاتالدى. ھۆججەتنىڭ رەسمىي نۇسخىسى «مەركىزىي

ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭ رايونىدىكى خەلقلەر ۋەكىللىرىنىڭ قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىمى» دەپ ئاتالدى. رەسمىي ھۆججەت 11 ماددا، «قوشۇمچە 1-ھۆججەت» ئۈچ ماددا بولۇپ، بۇ ئىككى ھۆججەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

ۋەقە ھەل بولغاندىن كېيىن ئۈچ ئاي ئىچىدە، ھەر قايسى ناھىيە خەلقلىرى ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيىلىك مەسلىھەت كېڭىشى تەشكىل قىلىنىدۇ. ناھىيىلىك مەسلىھەت كېڭىشى ناھىيىنىڭ ھاكىمىنى سايلاپ چىقىدۇ؛ مۇئاۋىن ھاكىم ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى خادىملىرىنى، ناھىيە ھاكىمى ئېلىپ ئىشلىتىش ھاۋالە قىلىنىدۇ. سايلام يولغا قويۇلغىچە ھازىرقى مەمۇرىي ئەمەلدارلار ساقلاپ تۇرىلىدۇ.

ۋالىي ۋە مۇئاۋىن ۋالىيلارنى شۇ يەرلىك كىشىلەر كۆرسىتىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بېرىشىگە سۇنىدۇ. ۋالىي مەھكىمە خادىملىرىنى ۋالىي تەيىنلەپ ئىشلىتىدۇ.

دۆلەت ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغىچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىنى مەركەز كېڭەيتىپ تولۇقلايدۇ، يەنى بۇرۇنقى 13 ھۆكۈمەت ئەزا سانىنى كۆپەيتىپ 25 كە يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭدىن ئون نەپىرىنى مەركەز بىۋاسىتە بېكىتىپ ئەۋەتىدۇ. قالغان 15 نەپىرىنى ھەر قايسى ۋىلايەتلەر كۆرسىتىپ يوللايدۇ. مەركەز تەيىنلەيدۇ. 15 كىشى ئىچىدە ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايدىن ئالتە كىشى بولۇپ، مۇئاۋىن رەئىس، مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋە مەخسۇس ئەزا بولۇپ بىردىن كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، دىنىي كەمسىتىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

ھۆكۈمەت ھۆججەت ئالاقىلىرىدا دۆلەت يېزىقى بىلەن مۇسۇلمانچە يېزىق تەڭ قوللىنىلىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۆز مىللىي يېزىقى قوللىنىلىدۇ. لېكىن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دۆلەت يېزىقى رەسمىي دەرس قاتارىدا ئۆتۈلىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە دۆلەت يېزىقى بىلەن مۇسۇلمانچە يېزىق تەڭ قوللىنىلىدۇ.

ھۆكۈمەت سودىگەرلەرگە ئىچكى ۋە تاشقى سودا ئەركىنلىكى بېرىدۇ. لېكىن تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەر مەركىزىي ھۆكۈمەت چەت ئەل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ھۆكۈمەتلىرى بىلەن تۈزگەن سودا كېلىشىملىرىگە رىئايە قىلىنىشلىرى كېرەك.

ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ئىشلار (رەسمىي ھۆججەتنىڭ 10-ماددىسى) يەتتە ماددا بولدى:

1. مىللىي ھەربىي قوشۇن تەشكىللەشكە يول قويۇلىدۇ، بۇ قوشۇن مۇسۇلمان خەلقلەردىن تولۇقلاش پرىنسىپ قىلىنىدۇ.

2. بۇ قوشۇن بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا قاتناشقان قوشۇنلار دۆلەت ھەربىي شتاتى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىدۇ.

3. بۇ ھەربىي قوشۇننىڭ سانى ۋە تۇرغۇزۇلىدىغان ئورنى ئايرىم مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. بۇ «قوشۇمچە 2-ھۆججەت» قىلىنىپ، ئىمزا قويغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

4. بۇ قوشۇننىڭ تەلىم-تەربىيە مەشقلىرى ۋە بۇيرۇقلىرى ئۇيغۇر، قازاق تىل-يېزىقىدا يۈرگۈزۈلۈش پرىنسىپ قىلىنىدۇ.

5. بۇ قوشۇندىكى ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ئەسلىدىكى دەرىجە-ۋەزىپىلىرىنى ساقلىغان ھالدا، تۈركۈمگە بۆلۈپ، ھەربىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىلىپ، تېگىشلىك ئوفىتسېرلىق تەلىم-تەربىيىگە ئىگە قىلىنىدۇ.

6. بۇ قوشۇننىڭ تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت تەربىيىچى خادىملارنى ئەۋەتىدۇ.

7. مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى بۇ قوشۇن بىلەن بىر ئورۇندا تۇرغۇزۇلمايدۇ. بۇلار ئۆزئارا دۈشمەنلىك قاراشتا بولماسلىقى، ئۆزئارا دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇشلىرى لازىم.

رەسمىي ھۆججەتنىڭ ئاخىرقى ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەندى: ۋەقە ھەل بولۇپ ئون كۈنى ئىچىدە، ھەر ئىككى تەرەپ تۇتۇلغان، قولغا ئېلىنغان كىشىلەرنى بوشىتىدۇ. ھەمدە ئۇلار بۇندىن كېيىن ھەر قانداق باھانە-سەۋەبلەر بىلەن كەمسىتىلمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. تۆۋەندە ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ ئىمزاسى.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى: جاڭ جىجۇڭ

خەلق ۋەكىللىرى: رەخىمجان سابىر ھاجىيوف، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى، ئۈرۈمچى يېڭى بىنا «تىنچلىق بىتىمى»نىڭ رەسمىي ھۆججىتى ۋە «قوشۇمچە 1- ھۆججەت»

ئىمزالىنىشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى جاڭ جىجۇڭ جياڭ جېيشىدىن كەلگەن جىددىي تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدى. تېلېگراممىدا: «بۇ يەردە بېجىرىشكە تېگىشلىك جىددىي ئىش بار، ۋاقىتلىق چوڭچىڭغا قايتىپ كەلسىڭىز» دەپتۇ. 1946-يىلى 1-ئاينىڭ 3-كۈنى، جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلانغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئىلى تەرەپنىڭ ئۈچ ۋەكىلى بىلەن يەنە سۆھبەتلەشتى. ئومۇمىي مەزمۇنى مۇنداق: ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش ۋە ئىتتىپاقداشلارنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى غەلىبە قىلغانلىقتىن، جۇڭگو ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، فرانسىيىدىن ئىبارەت بەش چوڭ دۆلەتنىڭ بىرىسى بولۇپ قالدى. جۇڭگو ئەمدى دۆلەت قۇرۇش ئىشىغا كىرىشىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى ھەممىمىز بىرلىكتە ئۈستىمىزگە ئېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. سىزلەرنىڭ خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، ۋەتەننى ھىمايە قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ، دەۋر سىزلەرگە ئارتقان مەسئۇلىيەت.

ئۇلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: «بىز جۇڭگو خەلقى، بىز ۋەتەننى جەزمەن ھىمايە قىلىمىز. بىزنىڭ پىكرىمىزنى جاڭ بۇجاڭ قايتىپ بارغاندا مەركەزگە يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزنى ئۆتۈنىمىز ۋە مەركەزدىكى رەھبەرلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز» دېيىشتى.

لېكىن ۋەزىيەت ھېلىھەم مۇرەككەپ ئىدى. ماناس ئالدىنقى سېپىدە ئىككى قوشۇن قارىمۇ قارشى ئابارون تۇتۇپ ياتاتتى. «تىنچلىق بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىنمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تاشقورغان دائىرىسىدە ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى؛ شۇنداقلا ھالقىلىق بولغان «قوشۇمچە 2-ھۆججەت» نىڭ ھەربىي ئىشلارغا ئائىت قىسمى ئۈستىدە تېخىچە كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىغانىدى؛ ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئىلى تەرەپ يېڭىدىن شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىنگەن دۆلەت ئارمىيىسىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشنى تەلەپ قىلغانىدى. ناھايىتى چىگىش بولغان بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە داۋاملىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى.

شۇنداقتىمۇ، 5-ئاتلىق كورپۇس كېلىش بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتى نورمال ھالغا كەلدى. ئېچكىرىگە كېتىدىغانلار ئازايدى. مەكتەپلەردە دەرس ئەسلىگە كەلدى. كېچىدە ئوق ئېتىشلار ئاڭلانمايدىغان بولدى. بىراق 5-ئاتلىق كورپۇسنى ئىلى تەرەپ قارشى ئالمايتتى. ئىلى تەرەپ چېكىندۈرۈپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان دۆلەت ئارمىيىسى-ئاساسلىقى مۇشۇ قوشۇن ئىدى.

جاڭ جىجۇڭ ناھايىتى ئوچۇق ئۇزۇپ جاۋاب بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «دۆلەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئارمىيىسىنى يۆتكەپ كېلىش يالغۇز ئۈچ ۋىلايەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، ماناس ئالدىنقى سېپىگە تۇرغۇزۇلغىنى يوق. بۇ پاكىت، شۇنىمۇ ئويلاپ كۆرۈشكىلار كېرەككى، ھېلىقى كىشى (شېڭ شىسەي) خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆزى تۇتۇپ قاماپ قويغان بىگۇناھ كىشىلەرنى قويۇپ بەرمىدى، ئەكسىچە يەنە نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنى تۇتتى. ئەگەر دۆلەت ئارمىيىسى يۆتكەپ كېلىنمىگەن بولسا، ئاشۇ بىگۇناھ كىشىلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ ئالغىلى بولامتى؟ بۇرھان ئەپەندىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلىمۇ بولمايتتىمىكىن! بورھان ئەپەندى مەشھۇر ئوقۇمۇشلۇق ئادەم، زوراۋان ھاكىمىيەت مەزگىلىدە ئۇ گۇناھكار ھېسابلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى، ھازىر بولسا ئۇرۇمچىنىڭ ۋالىيسى».

كېيىن ئىلى تەرەپ بۇ تەلىپىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. يۇقىرىقىلار سۆھبەتنىڭ بىرىنچى باسقۇچى.

جاڭ جىجۇڭ 1-ئاينىڭ 6-كۈنى چۆچەككە قايتىپ باردى. ئەمزا قويۇلغان «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ رەسمىي نۇسخىسى بىلەن «قوشۇمچە 1-ھۆججەت» نى جياڭ جيېشىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىگە سۇندى. جياڭ جيېشى قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىككىنچى كۈنى جياڭ جيېشى ئۇنىڭدىن ھال-ئەھۋال سوراش يۈزىسىدىن زىياپەت بەردى. گومىنداڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملىرى زىياپەتتە بىللە بولدى. ئاندىن كېيىن ئۇ تەكلىپكە بىنائەن، گومىنداڭ 6-نۆۋەتلىك كومىتېتى 2-ئومۇمىي يىغىنىدا «شىنجاڭ مىللىي مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن مەخسۇس تېمىدا دوكلات بەردى. شىنجاڭ خەلقىگە ئەمەلىي مەنپەئەت بېرىپ، شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەكىتلىدى ۋە ياخشى باھاغا ئېرىشتى. 2-ئاينىڭ بېشىدا جياڭ جيېشىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە جاڭ چۈننىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ جۇڭنىلەي، جۇدې مارشاللار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ھەممىدە ئۇلار بىلەن بىللە ھەر قايسى جايلارغا بېرىپ كۆزدىن كەچۈردى. يول ئۈستىدە بېيجىڭغا بارغان چاغدا، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن تۇيۇقسىزلا كەلگەن بىر جىددىي تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالدى؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى مىخائىل 2-ئاينىڭ 28-كۈنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىمىزغا كېلىپ، بىز غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىمىزدىن كەلگەن دوكلاتنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. ئۇنىڭدا غۇلجا خەلق ۋەكىللىرى جاڭ جىجۇڭ بۇجاڭ ئۇرۇمچىگە قاچان كېلەلەيدىكەن، ئەگەر يېقىن ئارىدا ئۇرۇمچىگە كېلەلمىسە، سۆھبەت بۇزۇلىدۇ، دەپ ھېسابلايمىز،

ئىمزالانغان بارلىق كېلىشىملەر پۈتۈنلەي ئىناۋەتسىز بولىدۇ، دەپتۇ دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ.

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا جاڭ جىجۇڭ ئىنتايىن جىددىيلىشىپ، ئالمان-تالمان ئۈرۈمچىگە مېڭىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ، بۇ چاغدا جياڭ جيېشى ئۇنى شەرقىي شىمالغا ئەۋەتمەكچى بولغان نىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، 4-ئاينىڭ 1-كۈنى غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەيدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن باش تارتىشقا بولمايدىغانلىقىنى سەزسىمۇ، جياڭ جيېشىگە رەئىسلىكنى قوشۇمچە ئۆتەشنى خالىمايدىغانلىقىنى، مۇمكىن بولسا شاۋلىزى بىلەن جاڭ جىڭگو ئىككىسىدىن بىرسىنى تاللاپ تەيىنلەشنى تەكلىپ قىلىدۇ. جياڭ جيېشى بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 4-ئاينىڭ 3-كۈنى ئۈچىنچى قېتىم تەڭرىتاغنى ئاتلاپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئىككىنچى باسقۇچلۇق مۇشكۈل، مۇرەككەپ سۆھبەتنى باشلايدۇ.

## (4)

4-ئاينىڭ 5-كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى. ۋەكىللەر ئالدى بىلەن ئۇنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىنى قوشۇمچە ئاتقۇرىدىغان بولغانلىقىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھەممە مەركەزگە تەشەككۈر ئېيتتى. لېكىن يەنە ئۇ ئىلگىرى رەت قىلغان سىياسىي ساقچىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمىنى يۆتكەپ كېتىش، يەرلىك ساقچىلىققا مۇسۇلمانلاردىن قويۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تەلەپنى قايتا ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇنىڭ ھەممىسى غۇلجىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ پىكرى، دېدى، ۋەكىللەرگىمۇ ناھايىتى ئوڭايسىز ئىدى. جاڭ جىجۇڭ بۇ تەلەپنى سىپايە تۈردە يەنە رەت قىلدى.

4-ئاينىڭ 7-كۈنى قوشۇمچە 2-ھۆججەت يەنى ھەربىي قوشۇننى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى ئۈستىدە رەسمىي سۆھبەت باشلاندى. ۋەكىللەر ئاتلىق ئون پولك، پىيادە ئۈچ پولك، جەمئىي 13 پولك قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ئۈچ ۋىلايەتتە ۋە قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچار، قارا شەھەر، ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت سەككىز ۋىلايەتتە تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ «قوشۇمچە 2-ھۆججەت» نىڭ ئەسلى نۇسخىسىدىكى ئىككى ئاتلىق پولك، ئامانلىق ساقلاش ئۈچ ئەترەت بولۇش دېگەن مۆلچەر ساندىن بەك يىراقلىشىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدەك ۋەقە بولغان ۋىلايەتلەردىن باشقا بەش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



ۋىلايەتتە بولۇپ تۇرغۇزۇش تەلەپ قىلىنغانىدى. بۇ ھالدا سۆھبەت قىلىشقا ئورۇن قالمىغانىدى.

4-ئاينىڭ 13-كۈنى ۋەكىللەر راست گەپنى قىلدى: ئەگەر شىنجاڭدا تۇرىدىغان دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ سانى بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ سانى تەڭ بولسا، ئۇ چاغدا مىللىي ئارمىيىنى ئۈچ پولكتىنمۇ ئازايتساق بولمايدىغان يېرى يوق، دېدى. جاڭ جىجۇڭ بۇنى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان تەلەپ، دەپ قاراپ ئويلاشمىدى. سۆھبەت توختاپ قالدى.

4-ئاينىڭ 15-كۈنى جاڭ جىجۇڭ سوۋېت كونسۇلى بىلەن كۆرۈشۈپ، چۈشەنچە بېرىپ كۆرۈشنى ئۆتۈندى. مۇۋەققەت باش كونسۇل ياشايېۋ ۋە يېقىندىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن باش كونسۇل ساۋېلىيېۋلار ياردەملەشتى.

4-ئاينىڭ 20-كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئىلى ۋەكىللىرى بىلەن يەنە ئۈچرىشىپ تۆت سائەت سۆزلىشىپ، نەتىجە بولمىدى.

4-ئاينىڭ 21-كۈنى، ئىلى تەرەپ باش ۋەكىلى رەخمىجان سابىر ھاجىيېوف غۇلجىغا قايتىپ دوكلات قىلماقچى بولدى. جاڭ جىجۇڭ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ رەخمىجاننىڭ تېز قايتىپ كېلىپ سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدى. شۇنىڭدەك ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە كىرىشىش ئۈچۈن ئىلى تەرەپنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى نامزاتىنى كۆرسىتىشنى تەكلىپ قىلدى. رەخمىجان ناھايىتى تېز قايتىپ كەلدى.

4-ئاينىڭ 26-كۈندىكى سۆھبەتتە، ئىلى تەرەپ ئون پولك قۇرۇش، دېگەن مەسىلىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، يول قويغىلى ئۇنىمىدى. يۈزمۇ يۈز سۆزلىشىشكە ئىلاجى قالمىدى.

5-ئاينىڭ 1-كۈنى كەچتە جاڭ جىجۇڭ تېخى ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ بەرمىگەن ياشايېۋ مۇۋەققەت كونسۇل بىلەن كۆرۈشتى. ياشايېۋ: «ئىلى تەرەپنى يەتتە پولك قۇرۇشقا ۋە ئۇرۇمچى، قەشقەرلەردە بىردىن پولك تۇرغۇزۇشقا ماقۇل كەلتۈرۈشكە ھەربىكەت قىلىپ كۆرەي ھەمدە بۇ ئاخىرقى چارە، ئەگەر قوبۇل كۆرمىسە، بۇندىن كېيىن ئارىدا مۇرەسسە قىلىش ئورنىدا تۇرۇشۇمغا ئەپسىز بولىدۇ» دېدى.

جاڭ جىجۇڭ سوۋېت كونسۇلىنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ كۈتۈلمىگەن دەرىجىدە غەلىتە بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكا پەرەسلىك قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرغانلىقىنىڭ

تەسىرىدىن بولغانمىكىن، دەپ گۇمانلاندى. بۇ چاغدا شەرقىي شىمالدا شىددەتلىك ئۇرۇش بولىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋاللاردىن كونسۇلخانا ئەلۋەتتە خەۋەر تېپىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭ جىجۇڭ موسكۋاغا مەخسۇس بىر ئادەم ئەۋەتىپ كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىپ، جياڭ جيېشىگە جىددىي تېلېگراما يوللىدى. چۈنكى ستالىن شىنجاڭدا ھەل قىلىش تەس بولغان مەسىلە يوق، دەپ ئېيتقانىدى. لېكىن جياڭ جيېشى بۇنىڭغا زادىلا جاۋاب قايتۇرمىدى.

5-ئاينىڭ 3-كۈنى يەنە بىر قېتىم سۆھبەت بولدى. ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى ھەربىي قوشۇننى يەتتە پولكقا قىسقارتىشقا بولىدۇ، دېدى-يۇ، لېكىن يەنە بىر قاتار قوشۇمچە شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.مەسىلەن: ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنلىرىغا قوماندان تەيىن قىلىشنى ۋە ئۇ ئۆلكىلىك ئالىي ھەربىي ئاپپاراتنىڭ ئاساسلىق مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەشنى؛ دۆلەت قوشۇنلىرىنى ئۈچ ۋىلايەتكە كىرگۈزمەسلىكنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدەك ئىلگىرى رەت قىلىنغان ئۈچ تەلەپنى ئاز-تولا ئۆزگەرتىپ يەنە ئوتتۇرىغا قويدى. قويغان شەرتلەر بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا ئىدى. بۇ چاغدا ئىچكىرىدىكى ئۇرۇش خەۋەرلىرى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىق خەۋپ ئاستىدا قالغان، قىسمەن دائىرىدىكى تىنچلىقمۇ مانا مۇشۇنداق قىيىنغا توختاۋاتاتتى. جاڭ جىجۇڭنىڭ بېشى ئىنتايىن قاتقانىدى. لېكىن مەسىلىنى ھەل قىلماي بولمايتتى.ئۇ بىر تەرەپتىن ئادەم ئەۋەتىپ ئىلى تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ تۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش كونسۇل ساۋىلىيېۋ بىلەن ئىككى قېتىم كۆرۈشتى. ساۋىلىيېۋ ياردەم قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قوشۇمچە ئېلىپ بېرىلغان بۇ پائالىيەتلەر نەتىجىسىدە، قاتمال ھالەتتە بوشايدىغاندەك بىشارەت سېزىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «لايىھەگە قارىتا لايىھە» نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ «لايىھە» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى كېيىن ئىمزا قويۇلغان «قوشۇمچە 2-ھۆججەت» تە ئەكس ئەتتۇرۇلدى.

5-ئاينىڭ 11-كۈنى ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى «لايىھەگە قارىتا لايىھە» نى ئومۇمىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. لېكىن يەنە بەزەن ئىنچىكە تارماقلار ۋە سۆز-ئىبارىلەرنى رەتلەپ چىقىش ئۈچۈن كېڭىشىش ھاجەت ئىدى. كېڭىشىش جەريانىدا يەنە بەزەن يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ھەتتا بىر سۆز، بىر جۈملە ئۈستىدىمۇ تالاش-تارتىشلار بولۇپ تۇردى. مەسىلەن: ئىلى تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنلىرى دۆلەت ئارمىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن «يۆتكەش بۇيرىقىنى كۈتىدۇ» دېگەن

www.uyghurkitap.com



تارماقنى زادىلا قوبۇل قىلمىدى. ئىلى تەرەپ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ «ھەربىي قوشۇن كوماندىرلىرى» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىغا «مىللىي» دېگەن سۆزنى قوشۇشنى تەشەببۇس قىلدى. جاڭ جىجۇڭ بولسا «يېڭى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان» دېگەن سۆزنى قوشۇشنى تەشەببۇس قىلدى. تالاش-تارتىشلار نەتىجىسىدە «مىللىي» ۋە «يېڭى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان» دېگەن سۆزلەر ئېلىپ تاشلىنىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنلىرىنىڭ كوماندىرلىرى، دەپ بېكىتىلدى. ئىلى تەرەپ دۆلەت ئارمىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن قوشۇنلارنىڭ قورال-ياراغلىرىنى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق باشقا دۆلەت ئارمىيىلىرىگە ئوخشاش، پۈتۈنلەي مەركەز تولۇقلاپ بېرىپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ مەسىلە ئۈستىدە ناھايىتى كەسكىن تالاش-تارتىش بولدى. ئاخىرىدا ئىلى تەرەپ «دەرھال» شۇنداق بولسۇن، دېگەن تەلەپ ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، «كەلگۈسىدە» دېگەن بىر سۆزنى قوشۇش ئارقىلىق ئاندىن پۈتكەن بولدى. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى ئېيتىپ كەلسەك كۆپ.

5-ئاينىڭ 22-كۈنى «قوشۇمچە 3-ھۆججەت» ئۈستىدە ئىككى تەرەپ سۆزمۇ-سۆز، جۈملىمۇ جۈملە مۇزاكىرە قىلىپ، تون يېرىم بولغاندا ئاندىن رەتلەپ، مۇزاكىرە قىلىپ بولدى. ئەتىسى ئىككى تەرەپ تەيىنلىگەن كىشىلەر ئىمزا قويدى.

«قوشۇمچە 3-ھۆججەت» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكىچە ئالتە ماددىدىن ئىبارەت. بۇ جاڭ جىجۇڭنىڭ «لايىھىگە قارىتا لايىھە» سىگە ئاساسەن تۈزىتىپ بېكىتىلدى. ھەر ئىككى تەرەپتە خېلى كۆپ يول قويۇش بولدى.

1. ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنلىرى ئۈچ پىيادىلەر پولكى، ئۈچ ئاتلىق پولك جەمئىي ئالتە پولك قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ. بۇنىڭ يېرىمى دۆلەت ئارمىيىسى، يېرىمى ئامانلىق ساقلاش پولكى بولىدۇ.

2. تۇرغۇزۇلىدىغان ئورنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى بىلەن چەكلىنىدۇ.

3. ھۆكۈمەت ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قوشۇنلىرى قوماندانلىقىغا بىر كىشىنى ساقلاپ قېلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ. بۇ قوماندان شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانىنىڭ ۋە ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشى لازىم. بۇ قوماندانىنى ھۆكۈمەت ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش مۇئاۋىن قوماندانلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە تەيىنلەيدۇ.

4. بۇ قوماندان تەيىنلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالاقىدار تارماقلار

بىلەن كېڭىشىپ ئاقسۇ، قەشقەر ئىككى ۋىلايەتتىكى ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ چىقىشقا يول قويىدۇ. ئۇ قىسىملارنى تولۇقلاشتا پۈتۈنلەي يەرلىك مۇسۇلمان خەلقلەردىن تولۇقلىنىدۇ.

5. مەزكۇر ئالتە پولكنىڭ تەمىناتى ۋە ئۇلارنىڭ «كەلگۈسى» دىكى قورال-ياراغلىرى پۈتۈنلەي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت ئارمىيىسى ۋە ئۆلكىمىزدىكى ئامانلىق ساقلاش قوشۇنلىرىنىڭ قائىدە ئۆلچەملىرى بويىچە بېجىرىلىدۇ.

6. دۆلەت چېگرىسىنى قوغداشقا مەركەزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى ئۈستىگە ئالغان قوشۇنلىرى مەسئۇل بولىدۇ.

ئىلى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان سىياسىي ساقچىنى (ساقچى باشقارمىسىنى) ھۆكۈمەت ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش مەسىلىسى، ئۆلكە بويىچە يەرلىك خەلقتىن ساقچىلىققا قويۇش مەسىلىسى، «سۆھبەت خاتىرىسى» دېگەن ئايرىم ھۆججەت قىلىندى. ئىلى تەرەپ بىر قىسىم دۆلەت قوشۇنلىرىنى چېكىندۇرۇپ كېتىش ۋە مەركەز ئارمىيىسىنى ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىگە كىرگۈزمەسلىك دېگەن ئىككى تەلەپتىن كەچتى. ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا كۆرسىتىدىغان ئەزا سانى ئالتىدىن سەككىزگە كۆپەيتىلدى.

6-ئاينىڭ 6-كۈنى يېڭى بىنا قورۇسى گۈل-چېچەكلەر بىلەن پۈركەنگەنىدى. مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى جاڭ جىجوڭ، خەلق ۋەكىللىرى رەخمىجان سابىر ھاجىيوف، ئابدۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىملار مەمنۇنىيەتلىك بىلەن قول ئېلىشىپ ئۆزئارا تەبرىكلىشىپ «قوشۇمچە 2-ھۆججەت» كە ئىمزا قويۇشتى. ئىككىنچى باسقۇچلۇق سۆھبەت مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت 4-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە 63 كۈن داۋاملاشتى. رەسمىي سۆھبەت توققۇز قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، غەيرىي رەسمىي سۆھبەت ناھايىتى كۆپ قېتىم بولدى. بۇ جەرياندا شىددەتلىك دولقۇنلار كۆتۈرۈلۈپ-پەسىيىپ تۇردى. كۈتۈلمىگەن مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. سۆھبەت نەچچە قېتىم بۇزۇلۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالدى.

ئىلى تەرەپ ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى ئەڭ ياش ئىدى. بېتىم ئىمزالانغان چاغدا ئەمدىلا 32 ياش ئىدى. ھەر قېتىمقى سۆھبەتتە ئۇ، پىكىر بايان قىلغۇچى ئىدى. ئەمەلىيەتتە سۆھبەتنىڭ مەسئۇلى ئىدى. بىر قېتىم قاتتىق تىركىشىپ قالغان چاغدا، جاڭ جىجوڭ تېرىكىپ قېلىپ: مەن 60 ياشقا تاقاپ قالغان ئادەممەن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



سىزنىڭ يېشىڭىزغا سېلىشتۇرغاندا بىر ھەسسە دېگۈدەك پەرقلىنىمىز، ئەگەر ئۈزاققىچە مۇنداق دە-تالاش قىلىۋەرسەك بۇ مۇناسىپ كەلمەيدۇ. سىز بىلەن سۆھبەت قىلىشقا ياشراق بىرسىنى ئەۋەتىش توغرىسىدا مەركەزگە تەكلىپ بېرەيمىكىن دەۋاتىمەن، مەن تىنچلىق مەجبۇرىيىتىنى ئۈستۈمگە ئېلىپ كەلگەنمەن، تىنچلىق يولىدا ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم، ئەڭ زور دەرىجىدە جاۋابكارلىقىمنى ئادا قىلدىم، دەپ ئىشىنىمەن. ئەگەر تىنچلىق قولغا كەلمەيدىغان بولسا، مەن خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىپ، ئۈرۈمچىدىن كېتىمەن، باشقا ئىلاجىم يوق، دېگەنىدى.

ۋەكىل ئەخمەتجان: «ئىلى خەلقى جاڭ بۇجاڭنى تولۇق ھىمايە قىلىدۇ. بىراق ئەگەردە خەلقنىڭ تەلىپى ئېيتقىندەك دەرىجىدە قانائەتلەندۈرۈلمىسە، مەسىلىمۇ ئاسان ھەل بولمايدۇ» دېدى. ھەقىقەتەنمۇ قالتىس رەقىبلەر دۈچ كېلىشكەن شاھمات بولدى، ئەخمەتجان ۋە قالغان ئىككى ۋەكىلمۇ جاڭ جىجۇڭنى سۆھبەتكە داۋاملىق قاتنىشىپ بېرىشكە قايتا-قايتا دەۋەت قىلدى. دېمەك، سۆھبەت مانا مۇشۇنداق ئاغزاكى بومباردىمان قىلىشلار بىلەن داۋاملاشقانىدى.

ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ تىرىشچانلىقى، بولۇپمۇ ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ ئۈرۈمچى-غۇلجا ئوتتۇرىسىدا جاپالىق يول يۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى خادىملىرىغا چۈشەنچە بېرىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئارىدا مۇرەسسە قىلىش نەتىجىسىدە ئاخىرى گۈل-گىياھلار بىخ ئۈرۈپ غۇنچە - پورەكلەيدىغان مەنزىرە ۋۇجۇتقا كەلدى. 577 كۈن داۋاملاشقان غۇلجا ۋەقەسى ئاخىرى تىنچلىق بىلەن ھەل بولدى. «تىنچلىق بىتىمى» تولۇق ئىمزالاندى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسىدىمۇ كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. بۇ ئۇزاق چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە ئىش. بۇ كېيىن شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشى ئۈچۈن مۇئەييەن ئۇل سېلىپ بەردى.

«تىنچلىق بىتىمى» تولۇق ئىمزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ جياڭ جيېشىگە بىر پارچە ئۇزۇن دوكلاد يوللىدى، غۇلجا ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبلىرى ۋە ئاقىۋىتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلدى. شۇنىڭدەك 1946-يىلى 1-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن گومىنداڭ 6-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2-ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەن دوكلادىدا ئوتتۇرىغا قويغان مۇنۇ ئۈچ نۇقتىنى: سەنمىنجۇيىنىڭ كۈچى ئارقىلىق شىنجاڭنى كاپالەتلەندۈرۈش؛ سىياسىينى ئايدىڭلاشتۇرۇش كۈچى ئارقىلىق شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇش؛ تولۇق ئىقتىسادى كۈچ ئارقىلىق شىنجاڭنى

قۇرۇشنى قايتا تەكىتلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ شىنجاڭ خەلقىنى ئۆزىمىزگە جەلپ قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىدى.

دوكلادتا مۇنداق دېيىلگەن: سەنمىنجۇيىدىكى «مىللەتلەر باراۋەرلىكى» پرىنسىپىنى ئىلى تەرەپنىڭ «قۇرۇق سۆز» دەپ مەسخىرە قىلىشى‚‚سەۋەبسىز ئىش ئەمەس. ئەمدى ئۇنى رېئال سىياسىي تۇرمۇشتا كۆرسىتىش كېرەك. شۇڭا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 25 نەپەر ئەزاسى ئىچىدە 16 نامزات يەرلىك مىللەت زاتلىرىدىن يوللاندى.

ئىچكى سىياسەت جەھەتتە كۆپ يىللار مابەينىدە شىنجاڭ خەلقى قاراڭغۇ زۇلمەتلىك، قاتتىق زۇلۇم ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا چىدىغۇسىز ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتىپ مەركەزگە قارىتا ناھايىتى زور ئارزۇ - ئۈمىددە بولۇپ كەلگەن.ھالبۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەمئىيەت تىنچ ئەمەس، خەلق ئەنسىزچىلىكتە قالغان. مەنسەپدارلارنىڭ تولىسى پۇرسەت قولدىن كەتكۈچە ئۆزىنى غەملەش كويىدا بولۇپ، خىيانەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، خەلقنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلگەن. شۇ سەۋەبتىن دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، ھۆكۈمەت تەرتىپ-تۈزۈمنى چىڭىتىپ، خىيانەتچىلەرنى جازالاپ، بېسىلىپ قالغان دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىپ، خەلقنىڭ مۈشكۈللۈكلىرىنى ھەل قىلىش كېرەك.

تاشقى ئىشلار جەھەتتە: تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ۋە مىللىي ھەم ئىقسادىي جەھەتتىكى كۆپخىل ئامىللارنى نەزەردە تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت قىلىش لازىم. مەركەز شىنجاڭدىكى سوۋېت-جۇڭگو ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى توغرىسىدىكى مەسىلە ئۈستىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تېز ئارىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەكلىپ قىلىمەن. كەلگۈسىدە جۇڭگو-سوۋېت سودىسى ئەسلىگە كەلسە، ماددىي ئەشيا كەمچىل بولىۋاتقان ئەھۋال تەدرىجى ياخشىلىنىشى مۇمكىن، لېكىن قوشنا ئەللەرگىلا يۆلىنىپ قېلىش ھەقىقەتەن ئۇزاق ئەسقاتىدىغان چارە ئەمەس، شۇڭلاشقا، مەركەزنىڭ شىنجاڭنى ئادەتتىكى ئۆلكىلەر قاتارىدا قارىماسلىقىنى، يۈز بەرگەن ئىشلارنى ھەل قىلماي، بولىشىغا تاشلاپ قويماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىمەن. ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش، مالىيە جەھەتتە قوشۇمچە ياردەم قىلىش، قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى جەھەتتە غەمخورلۇق قىلىش ئارقىلىق خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، خەلق رايىنى ئۆزىمىزگە جەلپ قىلىپ، چېگرا رايوننىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

مەدەنىيەت، مائارىپ، مىللەت، دىن قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، قايتىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەكشۈرۈپ، سىياسەت بەلگىلەپ چىقىش ھاجەت، تەتقىق قىلىپ پىشقاندىن كېيىن ئاندىن كونكرېت پىكىر قويىمىز. بۇ باياناتىمدا ناتوغرا جايلىرى بولسا، كۆرسەتمە بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ھەققىدىكى نامزاتلارنى قوشۇپ يوللىدىم. تەكشۈرۈپ يوليورۇق بەرسىڭىز.

جياڭ جېيشىنىڭ جاۋاب تېلېگراممىسى: «چوڭقۇر مەمنۇن بولدۇم. ئالاقىلدار تارماقلارنىڭ تېزلىكتە بېجىرىپ بېرىشىنى تاپىلىدىم» دېگەنلەردىن ئىبارەت.

1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت مەمۇرىي مەھكىمىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ نامزاتىنى ئېلان قىلدى،25 نەپەر ھۆكۈمەت ئەزاسىنىڭ ۋەزىپىسى، مىللىتى ۋە بولارنىڭ تەيىنلىنىش ئارقا كۆرۈنۈشى تۆۋەندىكىچە:

رەئىس: جاڭ جىجوڭ، خەنزۇ، مەركەز كۆرسىتىپ ئەۋەتكەن. غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى. قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

مۇئاۋىن رەئىس: ئەخمەتجان قاسىمى، ئۇيغۇر، ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

مۇئاۋىن رەئىس: بۇرھان شەھىدى، ئۇيغۇر، يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى: ۋاڭ زىڭشىەن، خۇيزۇ، مەركەز كۆرسىتىپ ئەۋەتكەن.

مۇئاۋىن نازىرى: رەخىمجان سابىر ھاجىيوف، ئۇيغۇر، ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: لويۈۋىن، خەنزۇ، مەركەز كۆرسىتىپ ئەۋەتكەن.

مۇئاۋىن نازىرى: ماتىڭشياڭ، خۇيزۇ، يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى: سەيپىدىن ئەزىزى، ئۇيغۇر، ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

مۇئاۋىن نازىرى: سەي زۇڭشەن، خەنزۇ، مەركەز كۆرسىتىپ ئەۋەتكەن.

قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى: مۇھەممەت ئىمىن، ئۇيغۇر، يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

مۇئاۋىن نازىرى: گۇچيەنجى، خەنزۇ، مەركەز كۆرسىتىپ ئەۋەتكەن.

باش كاتىپ: ليۇ مىڭچۈن، خەنزۇ، مەركەز كۆرسىتىپ ئەۋەتكەن. غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

مۇئاۋىن باش كاتىپ: ئابدۇكېرىم ئابباسوف ، ئۇيغۇر، ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

مۇئاۋىن باش كاتىپ: سالىس، قازاق، يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

ئىجتىمائىي باشقارما باشلىقى: جاۋجەنفىڭ، خەنزۇ، مەركەز كۆرسىتىپ ئەۋەتكەن.

مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى: ئېردەنى، موڭغۇل، يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى: دەللىقان سۇگۇربايېۋ، قازاق، ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

ھۆكۈمەت ئەزالىرى: چوي ۋۇ، خەنزۇ، مەركەز كۆرسىتىپ ئەۋەتكەن. قوشۇمچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى.

جيەن زېيلياڭ، خەنزۇ، مەركەز كۆرسىتىپ ئەۋەتكەن. (ۋەزىپىسىگە كەلمىگەن.)

ئىسھاقبېك مونونوف، قىرغىز، ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتكەن. قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قىسمىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى.

ئېلىخان تۆرە، ئۆزبېك، ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتكەن. قوشۇمچە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى.

ئوسمان، قازاق، ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتكەن. قوشۇمچە ئالتاينىڭ ۋالىيسى.

ئەيسا، ئۇيغۇر، يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

ئابدۇكېرىم مەخسۇم، ئۇيغۇر، يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەن. قوشۇمچە قەشقەرنىڭ ۋالىيسى.

جوڭ دېخۇا، شىبە، يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقى تىزىمدىكى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ رەت تەرتىپى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان رەت تەرتىپى بويىچە يېزىلدى. 25 نەپەر ھۆكۈمەت ئەزاسى ئىچىدە، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەت ھەرقايسى سەككىز كىشىدىن نامزات كۆرسەتكەنىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە بولغانىدى. مىللىي تەركىب جەھەتتە خەنزۇ ئەزالار سەككىز نەپەر. جيەن زېيلياڭ ۋەزىپىگە كەلمىگەن. شۇ يىلى 9-ئاينىڭ 24-كۈنى مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى لو يۈۋىن ۋەزىپىسىدىن قالدى. ئۇنىڭ ئورنىغا جانىمقان (قازاق) تەيىنلەندى. خەنزۇ ئەزا ئەمەلىيەتتە ئالتە كىشى بولدى. بۇ قۇرۇلما شىنجاڭ تارىخىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى ھالىتىنى ئۇزۇل-كېسىل ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ بىر يېڭىلىق بولدى. بۇ يېڭىلىق كېيىنكى كۈنلەردە جوڭگو، چەت ئەل مۇخبىرلىرى كەڭ تۈردە خەۋەر بەرگەن «شىنجاڭ مىللەتلەر بىرلەشمە ھۆكۈمىتى» ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(5)

1946-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ مىللەتلەر بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. بۇ بىر يېڭىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەيتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يۇ يورىڭنى قەسەمياد قىلىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئېلىشنى بىۋاستە نازارەت قىلىشقا ئالاھىدە ئەۋەتتى. مۇراسىم داغدۇغىلىق ئۆتتى. 25 نەپەر (ئەمەلىيەتتە 24 نەپەر) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسىدىن پەقەت جاڭ جىجۇڭ، ليو مىڭچۈن، چۈي ۋۇ، ۋاڭ زىڭشيەن، لو يۈۋىندىن ئىبارەت بەش كىشىلا ئىچكىرىدىن كەلگەن بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى يەرلىك كىشىلەر ئىدى.

شۇ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان تىنچلىقنى تەبرىكلەش زور يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. جاڭ جىجۇڭ «ئىلى ۋەقەسىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەپ «پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ چاكىرى ئورنىدا تۇرۇپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىغە سادىق خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى» بىلدۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىنچلىق شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى يولىدا بەرگەن ياردىمىگە تەشەككۈر ئېيتتى.

7-ئاينىڭ 18-كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنى جاڭ جىجۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان «سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ماقۇللىدى. مەزمۇنى: سىياسىي، مىللەت، تاشقى ئىشلار، ئىقتىساد، مالىيە، قاتناش، مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە سەھىيىدىن ئىبارەت توققۇز جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھۆكۈمەت ئەزالىرى پۈتۈن زېھنى بىلەن سۆزمۇ سۆز، جۈملىمۇ جۈملە ئىنچىكىلەپ مۇزاكىرە قىلدى. ئومۇمىي روھ ئىسلاھ قىلىش، قۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

«سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» نى ماقۇللىغان چاغدا جاڭ جىجۇڭ سۆز قىلدى: «پروگراممىنى ئىجرا قىلىشتىن مەقسەت، ئۆلكىمىزنى بەختىيار باغچىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ھازىر ئالدىمىزدا ئۇلۇغ ئىنقىلاب تۇرۇپتۇ، يەنى مەدەنىيەت ئىنقىلابى، مائارىپ ئىنقىلابى، پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى تۇرماقتا. ئۆلكىمىز تېخىچە ئوتتۇرا ئەسىردىن يېڭى باسقۇچقا ئۆتۈش دەۋرىدە تۇرماقتا. قىيىنچىلىقلار بەك نۇرغۇن، ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ تىرىشىپ كۈرەش

قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن»، مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان شەھىدى سۆز قىلىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، دۆلەتكە سادىق بولۇشنى تەكىتلىدى. شۇنىڭدەك قوشۇمچە رەئىس جاڭ جىجۇڭ قويغان بۇ پروگراممىا، ھەقىقەتەنمۇ شىنجاڭنىڭ نەچچە يىللاردىن بۇيانقى كېسىلىگە قارىتا بېرىلگەن بىر دورا، ھازىردىن باشلاپ بۇ دورا كېسەلدىن خالى قىلىدۇ. يېڭى تەقدىر، يېڭى بەخت بىزنىڭ ئالدىمىزدا نامايان بولماقتا، دەپ تەكىتلەپ سۆز قىلدى.

«سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە يوللىنىپ ئەنگە ئالدۇرۇلدى ۋە «قوشۇلىمىز» دېگەن جاۋاب تېلېگراممىا تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

بۇ چاغدا شىنجاڭدا بىر خىل جانلىنىش ۋۇجۇدقا كەلدى. جاڭ جىجۇڭ ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى «سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» دىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى پىلانلاشقا باشلىدى ۋە بەزى جەھەتلەردە غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمە بىلەن ئالاقە ئورناتتى. كېيىن غەربىي شىمال خەلق ئىگىلىكى كەسپىي شىركىتى ۋە غەربىي شىمال مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەمئىيىتى قۇرۇلدى. باش ئاپپاراتى لەنجۇدا تەسىس قىلىندى. ئۈرۈمچى، نەنجىڭ، شاڭخەيلەردە شۆبە ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئاساسىي نۇقتا قىلدى.

ئۈرۈمچىدە «جۇڭچىڭ» كۇتۇپخانىسى قۇرۇلدى. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. بېيجىڭ - شاڭخەي قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەكلىپ بىلەن كەلدى. تيانشان داشا (تەڭرىتاغ سارىيى) بىناسى ياسالدى. جەنۇبىي شىنجاڭغا سۇ قۇرۇلۇش ئەترىتى ئەۋەتىلدى. مەركىزىي مەمۇرىي مەھكىمە شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ئۆمىكىنى ئەۋەتتى. ئۆمەكباشلىقى گوفۇ شياڭ بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەرنى باشلاپ كېلىپ، قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

جاڭ جىجۇڭ مۇتەخەسسىسلەر بىلەن كۆپ قېتىم تەتقىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە ھاۋا كېلىماتى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا قاتناش ۋە سۇ قۇرۇلۇشىنى ئويلىنىش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. شۇنىڭ بىلەن تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ئۆمىكى، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ چىقىش پىلانىنى تۈزدى. ئىنژېنېر جاڭ زوڭيەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«دەريالارنى تىزگىنلەش پىلان لايىھىسى» نى ئىشلەپ چىقتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللاندى.

ئۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدە 120 مىڭ نوپۇس بولسىمۇ، ئارمىيە ۋە خەلقنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ كېتىش قىيىن ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىن ياكى خېشى كارىدورىدىن ئاشلىق توشۇپ كېلىنسە كىراسى بەك قىممەت توختايتتى. ھالبۇكى، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى چىڭگىدا ساسلىقىدا 100 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلىشكە بولىدىغان يەر بولسىمۇ، سۇ بولمىغانلىقتىن تېرىلماي ئاق ياتاتتى. جاڭ جىجۇڭ بىلەن تاۋسىيۇ ئىككەيلەن شۇ يەرگە بېرىپ تەكشۈردى. سۇ ئىدارىسى پىلانلاپ، «خۇڭيەنچى» سۇ ئامبىرى ياسالدى. ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، بىر ئۆستەڭ چېپىلىپ، ھەربىي قوشۇنلارنىڭ بىر قىسىم ئاشلىق مەسىلىسى ھەل قىلىندى. شۇ چاغدا بەزىلەر بۇ ئۆستەڭگە «جاڭ جىجۇڭ ئۆستىڭى» دەپ نام بېرىشنى تەكلىپ قىلغانىدى. جاڭ جىجۇڭ ئۇنىمىدى. «تىنچلىق ئۆستىڭى» دەپ نام بېرىلىپ ھازىرغىچە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. تاسىيۇ ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشىغا ناھايىتى قىزغىن ئىدى. جۇملىدىن ئۇ شەنشىنىڭ ۋېيخې دەريا ۋادىسىدا ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىنى ئىشلىگەنلىك ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇ «نامىمىزغا لايىق ئەمەلىي ئىش قىلىپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ياشايلى» دېگەن تېمىدا پىقىرغا بىر ئوقۇتۇش يازدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى بارلىق ھەربىي قوشۇنلارغا تارقاتقان. ئىشلەپچىقىرىشقا دىققەت قىلىش، يەرلىك دېھقانلارنىڭ ھوسۇل يىغىش، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى.

جاڭ جىجۇڭ يەنە جياڭ جيېشىگە ئارقا ـ ئارقىدىن تەكلىپ قويۇپ كەلدى. ئۇ شىنجاڭدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىملىقى ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشنى بېسىپ چۈشىدۇ، دەپ قارايتتى. «شىنجاڭ خەلقىنى ئۆزىمىزگە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەن كۆزقارىشىنى ئۇيغىتىشتا، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى روھى جەھەتتىكى دۆلەت مۇداپىئەسى بولۇپلا قالماستىن، بەزىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ ھېسابلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ غەربىي شىمال مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ كۆلىمىنى ناھايىتى چوڭ قىلغانىدى. ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەشكىلاتى شەكلىنى قوللىنىپ، مەدەنىيەت ئىلمىي مۇھاكىمە ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەربابلار مەسىلەن، شاۋشىنجى، لياڭ شۇمىڭ، يەن ياڭچۇ، فۇشياۋتۇڭ، جاڭ نەيچى، ۋاڭ زاۋشى، جۇ كېجى، ۋۇ يوشۈن، لى جىڭ، خۇۋەنلۇ، شيۈك فۇشى، تيەن

خەن، شېڭ يەنبىڭ، چاۋ ۋاڭيۈن، ماسىسوڭ، سەي چيۈشىڭ، لىو جىدى، لىن كېشىڭ، لويى ئەلى قاتارلىق كىشىلەر قوشۇمچە ھەيئەت رىياسەتچىلىككە تەكلىپ قىلىندى. شۇنىڭدەك ئۇلارنى شىنجاڭغا بېرىپ ئىلمىي لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىش پىلانلاندى. بورھان شەھىدى، لىيو مىڭچۈن، ئىمىن ئەيسا، يى جۈنزۈڭلارمۇ قوشۇمچە ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. شاۋنخەي بىلەن فاڭ يىجى مەخسۇس ئەزالىققا تەيىنلەندى. باش ئىش بېجىرگۈچى ۋاڭ سىچىڭ، مۇئاۋىن باش ئىش بېجىرگۈچى تەن ۋېييەنلەر ئەمەلىي مەسئۇلىيەتلىكنى ئۈستىگە ئالدى. تەن ۋېييەن ئەپەندى مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇللىقىنى، تاۋتيەنبەي مۇئاۋىنلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. كېيىنچە ۋەزىيەت ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن، بارلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇش پىلانلىرىنىڭ تولىسى ئەمەلگە ئاشمىدى. مەدەنىيەت جەمئىيىتى خىزمىتىگە قاتناشقان ياڭ جاۋلۇڭ، شۈي گۇاڭخۇا، فەن شيەنيۇڭ، داڭ جىگو قاتارلىقلار ھېلىمۇ ئۈرۈمچىدە.

## (6)

1946-يىلى 8-ئاينىڭ 28-كۈنى، جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ غۇلجىغا زىيارەتكە باردى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ شىنجاڭنىڭ تەپتىش باشلىقى مەسئۇد، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى ليۇرىڭ، گورۇپپا باشلىقى گېنېرال مايور داڭ بىڭاڭ، يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچى گوشىڭجىڭ، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ زېڭشىن، مۇئاۋىن نازىرى رەخىمجان سابىر ھاجىيوف، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چۈي ۋۇ، تاشقى ئىشلار ئالاھىدە خادىمى ليۇزەيرۇڭ، مۇئاۋىن باش كاتىپ ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ئىجتىمائىي باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئېردېنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى جوڭ دېخۇا، باش گارنىزون شتابى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لياڭ كېشىن، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى زاكىچىن، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باشلىقى خۇاڭ جىڭشيا، مەركىزىي ئاگېنتلىق (جۇڭياڭشې) نىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ مۇدىرى ياڭ يۇڭيى، تەرجىمە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى خې گۇاڭكۇي، ھاۋا ئارمىيە پاروتچىكى جاۋ يىگۇەن، ھەمراھ بولۇپ كەلگەن مەسلىھەتچى جاڭ لىجۈن، كاتىپ يۈجەنباڭ قاتارلىقلار بىللە باردى.

مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى تەييارلىق قىلىش ۋە جاڭ جىجۇڭنىڭ زىيارەتكە كېلىشىگە قارشى تۇرىدىغان كىشىلەرنى نەزەربەنت قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىر ھەپتە بۇرۇن غۇلجىغا قايتىپ كەلگەنىدى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ گېنېرال مايور گورۇپپا باشلىقى يۈيلىن، رادىئو ئىستانسىسى باشلىقى شۈي مۇڭجەنلەر سوۋغا-سالاملار ۋە مۇساپىرلارغا ياردەم قىلىشقا ئېلىپ ماڭغان ماددىي ئەشيالارنى ماشىنىغا بېسىپ ئىككى كۈن ئىلگىرى يولغا چىققانىدى. پىقىر ماشىنا بىلەن مېڭىپ يول بويى ئەھۋاللارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ماڭدىم، ماناس كۆۋرۈكى بۇزۇلغان، كىچىك ماشىنا سۇ كېچىپ ئۆتىدىكەن، ئىلى تەرەپ قاراۋۇللىرى ھۆرمەت سالىمى بېرىپ تۇرۇپتۇ. كەچتە شىخوغا كېلىپ چۈشتۇق، ئىلى تەرەپ قىزغىن كۈتىۋالدى. 8-ئاينىڭ 27-كۈنى ئەتىگەندە مايتاغقا بېرىپ ماي قاچىلىغاچ كان-زاۋۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، كەچتە غۇلجىغا يېتىپ كەلدۇق.

28-كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر ئايرودرومغا چىقىپ، جاڭ جىجۇڭنى قارشى ئالدى. ئايرودرومنىڭ كوچا ئېغىزىغا «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن كەلگەن مېھمانلارنى قارشى ئالىمىز!» دېگەن خەنزۇچە چوڭ خەت يېزىلغان پىلاكات ئېسىلغانىكەن. بىر قاتار ئەسكەر قىزلار قولىنى چېكىسىگە تىرەپ سالام بېرىپ، ھەيران بولغاندەك قىياپەتتە تۇراتتى. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ۋالىي مەھكىمىسىدە كۈتۈپ ئېلىندى. ۋالىي مەھكىمە دەرۋازىسىغا گومىنداڭ دۆلەت بايرىقى ئېسىلغان. پۈتۈن شەھەر بويىچە مۇشۇ بىرلا دۆلەت بايرىقى كۆرۈندۇ، چەترەك يەرلەردە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئاي-يۇلتۇز بايرىقىمۇ ئېسىلغان ئىكەن.

ئىلى تەرەپ ئۆزى ۋالىي ئېلىخان تۆرىنىڭ ئورنىغا ھاكىمبەگ غوجىنى ئالماشتۇرۇپتۇ. ئۇ مېھرىبان، ئۆزىنى تۇتقان، قائىدە-يوسۇنلۇق ئاقساقال ئىكەن. ھەممەيلەن بىلەن بىر-بىردىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى ناھايىتى ئالدىراش كۆرۈنەتتى. كۈتكۈچىلەرنىڭ تولىسى سېرىق چاچ ئەدەبلىك قىزلار ئىكەن. پائالىيەت كۈن تەرتىپى ئىنتايىن زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. كۈندە زىياپەت، زىياپەتلەر كۆپىنچە مېۋىلىك باغلاردا ئۆتكۈزۈلدى. مېۋە-چېۋە، غىزا-تاماقنىڭ تۈرلىرى بەك كۆپ ھەم مېزىلىك، زىياپەت ئارىلىقىدا نەغمە-ناۋا، ئۇسسۇل بولۇپ تۇردى. بىر-ئىككى سائەت دەم ئېلىپ، كۆپچىلىك خالىغان مېۋىلىكلەر ئارىلىرىدا سەيلە قىلىپ تۇردى. بەزى چاغلاردا زىياپەت ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن تارتىپ كەچ سائەت تۆتكىچە داۋاملاشتى. ئاڭلىشىمىزچە، بۇنداق كۈن بويى مېھمان قىلىش، ئالىي ئەزىز مېھمانلار ئۈچۈنلا ئۆتكۈزۈلىدىكەن.

مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھەمراھلىقىدا، جاڭ جىجۇڭ قورغاس دۆلەت چېگرىسىنى كۆزدىن كەچۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قاراۋۇلخانىلىرى رەتلىك سېلىنغان خىش ئۆيلەر ئىكەن. بىزنىڭ قاراۋۇلخانىلىرىمىز بولسا كونىراپ كەتكەن خارابە ئىكەن. مەركىزىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى ياڭ كېيى، لى چىڭسەن، جاۋشۇلار بەرگەن ماتېرىيالغا قارىغاندا، بۇ يەردىكى چېگرا بەلگىلىرى «مىنگونىڭ تۇنجى يىلى 1-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزى ئورناتقان بەلگىلەر ئىكەن» ئۇلار يەنە: تارباغاتايدىن ئىلىغىچە ئارىلىقتىكى شۇنچە ئۇزۇن چېگرانىڭ بەزى جايلىرىدا چېگرا بەلگىسىمۇ يوق، قومۇش قاشا قىلىپ قويۇلغان، بۇنداق بەلگىلەرنى خالىغان چاغدا يۆتكىۋېتىشكە بولىدۇ. سەل-پەللا يۆتكىۋېتىلسە، نەچچە مىڭ مو يەر كېتىدۇ، بۇ بىر ئويۇنچۇقتەك ئىش دەيدۇ.

جاڭ جىجۇڭ مەنزىرىلىك ئىلى دەرياسىنى، كەڭساي ۋە سايرام كۆللىرىنى تاماشا قىلدى. سۇيدۇڭ شەھىرى، توققۇزتارا، نىلقا ناھىيىلىرىگە بېرىپ ھەر مىللەت قېرىنداشلاردىن ھال سورىدى. يول بويلىرىدا خەلقلەر سەپ بولۇشۇپ قارشى ئالدى. چېدىرلار تىكىپ، مېۋە، يەل-يېمىشلار بىلەن سەمىمىي مېھمان قىلدى. جاڭ جىجۇڭ دائىم ياشانغان كىشىلەر بىلەن قول بېرىپ كۆرۈشۈپ، ئارقا-ئارقىدىن تەشەككۈر ئىزھار قىلىپ، ھال-ئەھۋالىنى سورىدى. غۇلجا شەھىرىدە ئۇ خەنزۇ ئۇيۇشمىسىنى زىيارەت قىلدى ھەمدە خەنزۇلارنىڭ ۋەكىللىرىنى چاقىرىپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى. چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەسەللىي بەردى، شۇنىڭدەك ئېردىنى، تاۋتيەنبەيلەرنى خەنزۇلار توپلىشىپ جايلاشقان جايغا ئەۋەتىپ، قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بەردى. ئۈرۈمچىگە كېتىشنى خالايدىغانلارنى تىزىملىدى. كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كېتىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە «نۇرغۇن خەنزۇ ئۆلتۈرۈلگەن، بەزى جايلاردا پەقەت قېرى، ئاجىز ۋە ئاياللار بولۇپ، بىر قانچە ئونلىغان كىشىلا قالغان، غۇلجا شەھىرىدە ئامان قالغان خەنزۇلارنىڭمۇ تولىسى قېرىلار، ئاياللار، نارىسىدىلەر، ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئۆلتۈرۈلۈپ تۈگەپ كەتكەن.» (جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىسىنىڭ خەنزۇچە 487-بېتىدىن ئېلىندى.) مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى: «ئىنقىلاب قوزغىلىپ چىققان چاغدا، بەزىلەر خەنزۇلارنى قىرىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. مەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان، ئەگەردە ئاشۇ تەلۋىلەرنىڭ مەيلىگە قويۇپ بېرىلىدىغان بولسا، بىرمۇ خەنزۇ ھايات قالماسلىقى مۇمكىن ئىدى » دېدى.

(يۇقىرىقى ئەسلىمىدىن.)

جاڭ جىجۇڭ مۇنداق دېدى: «مەنچىلىك خاندانلىقىنىڭ نەن گىڭراۋدىن ھېسابلىغاندا مۇسۇلمانلاردىن قىرىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ھېسابى يوق، بولۇپمۇ شېڭ شىسەي، ئۇنىڭ گۇماننى قوزغاپ قويىدىغانلا بولسا، قايسى مىللەت ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، قىرغىن قىلىۋەردى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خەنزۇلاردىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرغاچقا، ئۆچمەنلىك ھېسسىياتى تۇغۇلغان. بۇلار ئەمدى ئۆتمۈشتىكى تارىخ بولۇپ قالدى. سۈرۈشتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز بۇ پاجىئەلىك تارىخنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىغا يول قويماسلىقتىن ئىبارەت».

9-ئاينىڭ 2-كۈنى جاڭ جىجۇڭ غۇلجىدىكى كاتتا ئاممۋىي سورۇن ھېسابلىنىدىغان غەربىي باغچىدا ھۆكۈمەت زىياپىتى ئۆتكۈزدى. بۇ زىياپەتكە ھەر مىللەت ھەر ساھەدىكى زاتلاردىن 1500 دىن ئارتۇق كىشى تەكلىپ قىلىنىپ قاتناشتى. نەچچە مىڭ ئادەم ئەتراپتا تاماشا كۆرۈپ ئايلىنىپ يۈردى.

جاڭ جىجۇڭ زىياپەتتە «شىنجاڭنى پارلاق، مەڭگۈ تىنچلىققا ئېلىپ بارىدىغان بىردىن-بىر داغدام يول» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ نۇتۇقنىڭ تېكىستى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. بىردىن- بىر داغدام يول-تىنچ قۇرۇلۇش يولى ئىدى. ئۇ نۇتقىدا: «مەن ئۆلكە رەئىسى سالاھىيىتىم ۋە مەركەزنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىم بىلەن ھەر قايسىڭىزلاردىن ھال سوراش نىيىتىدە كەلدىم. ۋاقىت يار بەرمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ھەر قايسىڭىزلارنىڭ ئىش ئورۇنلىرىغا ئايرىم بېرىپ يوقلىيالمىدىم. بۇنىڭغا بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن. غۇلجا ۋەقەسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشى ئاساسلىقى مەركەزنىڭ تىنچلىق سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلغانلىقى، دوستىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم قىلغانلىقى، جۈملىدىن پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ تىنچلىقنى بىردەك تەلەپ قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر» دېدى.

ئارقىدىن ئۇ مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى سەمىمىي ھەمكارلىشىپ، «سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» نى تۈزۈپ چىققانلىقى، «سايلام قانۇنى» نى جاكارلىغانلىقىنى، مائارىپ تۈزۈمىنى تۈزىتىپ چىققانلىقى، خەلققە زىيان كەلتۈرىدىغان ئاپپاراتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى، سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بەرگەنلىكى، شېڭ شىسەي مۇسادىر قىلىۋالغان خەلقنىڭ مال-مۈلكىنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى

قاتارلىقلار ئۈستىدە توختالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، ماددىي بايلىقى مول، پەقەت ھەممەيلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، «سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» نى ئىزچىل ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بولساق، شىنجاڭنى بەختىيار ماكانغا ئايلاندۇرۇش تەس ئەمەس، ئالدى بىلەن ئىنچىكىلىك قىلىش كېرەك. ھەر قانداق كىشىنىڭ ياكى ھەرقانداق كۈچنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويۇشقا بولمايدۇ، دېدى.

ئۇنىڭ سۆزى ئۇيغۇرچە، رۇسچە تەرجىمە قىلىندى. ناھايىتى ياخشى تەسىرات قوزغىدى. زىياپەت بەش سائەت داۋاملاشتى، ناھايىتى تەرتىپلىك ئۆتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى دۇباشىن رەپىقىسى بىلەن زىياپەت ئاخىرلاشقىچە قاتنىشىپ قايتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى رايونىدا، ۋەقە ئەمدىلا تىنچلاندۇرۇلغان، كىشىلەرنىڭ پىكىر ھېسسىياتى تېخى نورمال ھالغا كەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، جاڭ جىجۇڭنىڭ ئوچۇق مەيداندا كۆپچىلىك بىلەن قەدەھ كۆتۈرۈشى، پاراڭلىشىپ ۋە يەنە نۇتۇق سۆزلىشى، ھېچقانداق بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكى، بۇ غۇلجا رەھبەرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. شۇنداقلا غۇلجىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پاراسەتلىك، قائىدە-يوسۇننى بىلىدىغان خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

9-ئاينىڭ 4-كۈنى جاڭ جىجۇڭ ھەمراھلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «دوگلاس» ماركىلىق 22 ئورۇندۇقلۇق ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە ئۇچۇپ كەتتى، پېقىرمۇ شۇ ئايروپىلان بىلەن بىللە قايتتىم.

1947-يىلى 5-ئاينىڭ 19-كۈنى نەنجىڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ تەستىقلىدى ۋە ئېلان قىلدى. بۇ مۇقەررەر ئىلى تەرەپنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. 8-ئاينىڭ 12-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى جاڭ جىجۇڭغا: «روزا ھېيتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن غۇلجىغا كەتتىم» دەپ بىر پارچە خەتنى تاشلاپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. ئارقىدىنلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ئىلى تەرەپ ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئۈرۈمچىدىن كېتىپ قالدى. ماناس دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا يەنە جىددىيلىك پەيدا بولدى.

9-ئاينىڭ 1-كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەخمجان سابىر ھاجىيوفقا ئالاقە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» تەشۋىقاتىنى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. قايتىپ كېلىپ داۋاملىق ئىشلەپ، «سىياسىي

www.uyghurkitap.com



ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» نىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دەۋەت قىلدى.

9-ئاينىڭ 8-كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭدىن كېتىپ قالدى.

10-ئاينىڭ 16-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەخىمجان سابىر ھاجىيوف بىرىنچى قېتىم جاڭ جىجۇڭغا جاۋاب خەت يازدى. ئاساسلىقى خەنزۇ ھەربىي، ساقچى، مەمۇرىي خادىملارنى ئەيىبلىگەن، مەسئۇدنى ئۆلكە رەئىسلىكىدىن ئېلىپ تاشلاش تەلەپ قىلىنغان. 12-ئاينىڭ 9-كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەخىمجان سابىر ھاجىيوفقا نەنجىڭدىن ئىككىنچى قېتىم خەت ئەۋەتتى. بەش خىل تەلەپ قويدى: ئۈچ ۋىلايەت دۆلەت بايرىقىنى ئېسىش؛ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقنى قوللىنىشى؛ ئىلىدىن ئەسكەر ئېلىشنى توختىتىش؛ «شەرقىي تۈركىستان» تەشۋىقاتىنى توختىتىش؛ ماناستىكى ئىككى تەرەپ قاتنىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق كىشىلەرنى كەمسىتمەسلىكتىن ئىبارەت.

1948-يىلى 12-ئاينىڭ 17-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى، رەخىمجان سابىر ھاجىيوفلار جاڭ جىجۇڭغا ئىككىنچى قېتىم خەت يازدى. ئۇنىڭدا: ھۆرمەتلىك جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى، ئانچە كۆپ بەس مۇنازىرە قىلىشىپ ئولتۇرماسلىقنى تەكلىپ قىلىمىز، دېگەن ۋە ئوسمان بىلەن سۇڭ شىلەن «تىنچلىق بىتىمى» گە بۇزغۇنچىلىق قىلغان باش جىنايەتچىلەر ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشقا لاياقىتى يوقلىقى ئېيتىلغان. تەشەببۇسكار تەدبىر قوللىنىپ، خەلق تەلىپىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈمىد قىلىنغان. 4-ئاينىڭ 1-كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەخىمجان سابىر ھاجىيوفقا لەنجۇدىن ئۈچىنچى قېتىم ئالاقە يوللاپ، باش-ئاخىرى چىقمايدىغان تالاش-تارتىش قىلماسلىقىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۆتكەنكى خەتتە ئوتتۇرىغا قويغان بەش تەلەپكە كونكرېت جاۋاب بېرىشنى ئۈمىد قىلدى.

10-ئاينىڭ 3-كۈنى ئەخمەتجان قىسىمى بىلەن رەخىمجان سابىر ھاجىيوف جاڭ جىجۇڭغا ئۈچىنچى قېتىم خەت يوللاپ، بەش تەلەپكە تۆۋەندىكىچە جاۋاب بەردى: «ئۈچ ۋىلايەت دۆلەت بايرىقىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، دەسلەپكى تەدبىرلەر قوللىنىلدى. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىق قوللىنىلىدۇ. سۇڭ شىلەن بىلەن ئوسمان، قالىبېكلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىي ھەرىكەت قوللانماي ئىلاجى يوق،

ھازىر ئەسلىدىكى تۇرغۇزۇلغان جايلىرىغا قايتۇرۇلدى. خەلققە زۇلۇم سالغان ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز؛ <شەرقىي تۈركىستان> مۇستەقىل بولۇش توغرىسىدا زادىلا تەشۋىقات بولغان ئەمەس؛ ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قاسنىقىدا قاراۋۇلخانىلارنىڭ كۆپەيتىلىشى ۋاقىتلىق ئىش، شۇنىڭدەك دۆلەت ئارمىيىسى شەرقىي گىرۋەكتە قاراۋۇلخانىلارنى كۆپەيتتى، بۇنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بارىكىن. خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاقلارنى كەمسىتكەن، دېگەن سۆز، پەقەت مىللەتلەر ئارىسىغا ئالىملىق سېلىش غەرىزىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» خەتنىڭ ئاخىرىدا: «سىزنىڭ ئادىل ۋە خەلقچىل ئابرويىڭىز بىزگە يېقىن كەلگۈسىدە بارلىق تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىش ئۈمىدىنى جەزمەن ئاتا قىلىدۇ» دېيىلگەن.

بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن ئىلگىرى جاڭ جىجۇڭ ئىلى تەرەپنىڭ مەسئۇد، سۇڭ شىلەن ۋە ئۇرۇمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇياجىلەرنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلەرنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنمىغان ۋە باشقا مەسىلىلىرىنى نەچچە قېتىم ئېيتىپ كەلگەنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، سۇڭ شىلەننىڭ ئورنىغا تاۋسىيۈنى، ليۇ ياجېنىڭ ئورنىغا ليۇخەندۇڭنى قويۇش توغرىسىدا جياڭ جېيشىگە تەكلىپ بېرىپ، ئىلى تەرەپنىڭ بىر قىسىم پىكىرىنى قوبۇل كۆرگەنىدى.

1949-يىلى 1-ئاينىڭ 10-كۈنى مەسئۇدنىڭ ئورنىغا بۇرھان شەھىدى رەئىس بولدى. بۇ چاغدا ماناس دەرياسىنىڭ ئىككى گىرۋىكى تىنچ ھالەتكە ئۆتتى. بۇرھان ئەپەندىنىڭ تېلېگرامما يولىۋرۇقىغا بىنائەن، پېقىر خى گۇاڭكۇي بىلەن بىللە نەنلياڭغا ئۇ كىشىنى زىيارەت قىلىپ بېرىپ تەسىراتىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ ھەقتە بۇرھان شەھىدىنىڭ «شىنجاڭنىڭ 50 يىل» دېگەن ئەسىرىدە بايان قىلىنغان. شۇڭا سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى توغرىسىدا مەن پەقەت بەزى تارىخىي ماتېرىياللارنىلا يازدىم. ئىككى تەرەپنىڭ تەشەببۇسلىرى، كىم ھەق، كىم ناھەقلىقى، تارىخىي نۇقتىدىن قانداق ھۆكۈم قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى تارىخ ساھەسىدىكىلەرنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشى ۋە ئىزدىنىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

# ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى (ئىلى بىلىم يۇرتى) ھەققىدە

مىرغىياس يۈسۈپ

كىشىلىك ھاياتتىكى نۇرغۇن ۋەقە ۋە ھادىسىلەر ئىنسان بالىسىغا ئۆزىنىڭ ئىزىنى قالدۇرماي مۇمكىن ئەمەس، بۇ ئىزلار خاتىرە سۈپىتىدە بىر ئۆمۈر ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بەزىلىرى تېز ئەستىن چىقىپ كېتىدۇ، لېكىن بەزى خاتىرىلەر ئۆمۈر بويى زادىلا ئەستىن چىقماي، شۇ شەخسنىڭ ھاياتىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى بۇ خاتىرىلەر شۇ شەخسنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە كىشىلىك تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغانلىقتىن بولىدۇ. ھەتتا ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېڭىدىن يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ، تېخىمۇ كېڭىيىپ، چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ.

«ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئۆلكىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى» مېنىڭ ھاياتىمدا ئەنە شۇنداق ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان، ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدىغان خاتىرىلەردۇر. چۈنكى مېنىڭ مائارىپ سېپىدە ئۆتكەن 40 يىللىق ھاياتىم بۇ ئانا مەكتىپىم بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

«بىلىم يۇرتى» ـ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مائارىپىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپ تەرەققىيات تارىخىدا ئاجايىپ ھەسسە قوشقان بىلىم ماكانى. ئۇنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرى، تۈزۈملىرى ۋە تەلىم ـ تەربىيە پرىنسىپلىرى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى، ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىش يوللىرى ھازىرمۇ رېئال ئەھمىيەتلىك بولۇپ، تولىمۇ قىممەتكە ئىگە. قىسقىغىنە بەش يىل ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلىرى خىللانغان، توغرا سىياسىي ئاڭغا ئىگە، ئىلمىي سەۋىيىسى يۇقىرى ھەربىي تەلىم-تەربىيىدىن خەۋىرى بار ھەر مىللەت ياش زىيالىيلىرى توپلانغان بىر بىلىم ئوچىقىغا ئايلىنىدۇ. ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيە تەربىيىسىنى ئالغان، ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق روھقا

ئىگە، ئىلغار زىيالىيلارنىڭ رەھبەرلىك قىلىشى بىلەن، شۇ ۋاقىتتىكى بىردىن-بىر سوتسىيالىستىك ئەل سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىلغار مائارىپىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق ھەقىقەتەن ئىسمى-جىسمىغا لايىق بىر مەرىپەت ماكانى بولۇپ قالدى. شۇڭا ئەشۇ يىللاردا ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئىدارە-جەمئىيەت ۋە كەڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئىچىدە «بىلىم يۇرتى» ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئوقۇغۇچىسى دېيىلسە، ئالاھىدە پەخىرلىك ھېس قىلىنىپ ھۆرمەت ھەم ئىشەنچ بىلەن قارىلاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن ئۆلكە بويىچە بۇنداق بىر ئابرويلۇق مەكتەپ يوق ئىدى.

## ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

1933-يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنى ئۇرۇمچىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە تەختكە چىققان شېڭ شىسەي، ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھەربىي ئۇستۇنلىكىگە تايىنىپ، ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ مېۋىسىنى ئاسانلا قولغا كىرگۈزىۋالدى. ئۇ بېشىدىن قولغا ئالغان ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن سىياسىي ئالدامچىلىق قىلىپ، يالغاندىن ماركسىزم-لېنىنىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان «ئىنقىلابچى» بولىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىۋېلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە قوزغالغان قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇپ ئۆلكىمىزنىڭ ۋەزىيىتىنى ۋاقىتلىق تىنچلاندۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى ۋە بەزى ئىشلارنى قىلدى. «... ئۆلكىمىزدىكى مىللەتلەر ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ كۈچىيىپ ۋە كېڭىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن شېڭ شىسەي، بۇرۇنقى ئەھۋالنى ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سەزگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىرلا يولى بارلىقىنى: يەنى مىللەتلەرنىڭ ئەمەلدىكى باراۋەرلىكىنى تەمىن ئېتىدىغان خەلقچىللىق سىياسەت يۈرگۈزمەي بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، يېرىم چارە كۆردى» دەپ ئېيتقاندى ئەخمەتجان قاسىمى. شۇڭا شېڭ شىسەي ئۆزۈن ئۆتمەيلا: «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش» تىن ئىبارەت ئالتە سىياسەتنى ئېلان قىلدى. ھەتتا ئۇ بۇنى شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ سىياسىي پروگراممىسى قىلدى. مەسىلەن، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، 1934-يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنى «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» يەنى

«فەندىخۇي» تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، ئۇنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ئاممىۋى سىياسىي تەشكىلات قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇقنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي-مائارىپ، ھەتتا ھەربىي جەھەتلەردىن توختاملار تۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتىن ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇرغۇن سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي مەسلىھەتچىلەر، مۇتەخەسسىسلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. بىر قىسىم كوممۇنىستلارمۇ كېلىپ ھاكىمىيەت يۈزگۈزۈشكە ياردەملىشىدۇ ۋە 1934-يىلى 11-ئايدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى چىقىرىش باشلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خېلىلا ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ.

مىللەتلەرنىڭ ئەمەلدىكى باراۋەرلىكىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن «ھەممە مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر» دېگەن شوئار ئاستىدا ھەر بىر مىللەتنىڭ زىيالىيلىرىنى، تەرەققىيپەرۋەر زاتلىرىنى ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت سورۇنلىرىغا قاتناشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خەنزۇ، مانجۇ ھاكىم مۇتلەقلىق سىياسىتىگە بىر قەدەر ئوخشىمىغان يېڭىچە چارىلەرنى كۆرىدۇ. شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش شوئارى ئاستىدا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ قۇرۇلۇشى، تاشيول قۇرۇلۇشى، سودا-سېتىق، مالىيە كىرىم-چىقىملىرىدا بولسۇن، بىر قاتار خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بىر مەھەل خاتىرجەم ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىپ ئازاب-ئوقۇبەتنى ھارغىچە تارتقان ھەر مىللەت خەلقى بىر ئاز ئاراملىق ھېس قىلىدۇ. مىللىي مائارىپ ۋە مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ «مەدەنىي - مائارىپ ئاقارتىش ئۇيۇشما» لىرىنى قۇرۇپ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئۇيۇشمىلار مىللىي، ئىجتىمائىي، ئاممىۋى تەشكىلات بولۇش سۈپىتىدە، شۇ ۋاقىتتىكى مەدەنىي-مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ يىللاردا شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىدە دېيەرلىك ئىقتىساد بولمىغانلىقتىن ئۇ بىر چەتتە تۇرۇپ بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى خەلقنىڭ كۈچى بىلەنلا ھەل قىلىشقا چاقىرىق قىلىدۇ، خالاس. ئەمما نادانلىق ۋە جاھالەتلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان ھەر مىللەت خەلقى، ئۆز ئۇيۇشمىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە مەردىپەت ئىشىنى ئېچىشقا كىرىشىدۇ. مەسىلەن، ئىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كەڭ خەلق ئاممىسىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ئىقتىساد توپلاش مەقسىتىدە بىر قېتىم ئىلى رايونىدىكى تەرەققىيپەرۋەر

زاتلارغا يەرلىك مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرىگە پەخرىي بىلەت ئەۋەتىپ تەكلىپ قىلىپ سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچىدۇ. ئارقىدىن ئويۇن قويۇپ، ئاخىرقى بىر نومۇرىدا ئالتە نەپەر ئوغۇل، ئالتە نەپەر قىز ئۆسمۈر ياماق كىيىملەرنى كىيىپ، ئاھ، زارلىغان ھالدا مۇڭلۇق ھالدا ناخشا ئېيتىپ چىقىدۇ:

ئاتا يوق، ئانا يوق، يېتىم بىز غېرىب،
چېكەرمىز جاپالار ئۆلۈپ تىرىلىپ.
ئوقۇر ئوينىشۇر، بارلىقلار ئوغۇل-قىزلىرى،
كىيىملىرى پۈتۈن، قىپقىزىل يۈزلىرى.
بۇ ھاللارغا رازىمۇ ۋىجدانىڭىز،
ئېچىلىك مەكتەپلەر قالۇر نامىڭىز.
ئەگەر يەتمىسىڭىز ئەۋلادلار ھالىغا،
جاھاننى تۇتىدۇ، كېيىن پەرىيادىڭىز.
... ... ... ... ... ... ...

بۇ ناخشا ئويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا قاتتىق تەسىر قىلىپ، بەزىلەرنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە شۇ مەيدان ئۆزىدىلا مەكتەپلەر ئېچىش ئۈچۈن نەچچە يۈزلەپ قوي، توپ-توپ گەزماللار، ئاشلىق ۋە نەق پۇللار ئىئانە قىلىنىدۇ. بۇلار ئۇيۇشما ئەزالىرى تەرىپىدىن تىزىملىنىپ، ئەتىسى گېزىتتە ئىلى رايونىغا ئېلان قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر مىللەت ئۇيۇشمىلىرى ئارقىلىق «ئاتىلار كومىتېتى» قۇرۇلۇپ، مەرىپەت دولقۇنى قوزغىلىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە بەزىلەر شەخسىي ئۆز ئىقتىسادى بىلەن مەكتەپ سالىدۇ. مەسىلەن، ئايخان ئانا سېلىپ بەرگەن مەكتەپ (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 21-باشلانغۇچ مەكتەپ)، «ھۈسەينىيە مەكتىپى» (غۇلجا شەھەرلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئورنىدا) قۇرۇلىدۇ. ھەر مىللەت خەلقى بۇ ئالىي جاناب مەرىپەتچىلەرنى مەڭگۈ ئەسلەپ تۇرۇش مەقسىتىدە بۇ مەكتەپلەرنىڭ نامىنى ئۇ كىشىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر قايسى مىللەت ئۇيۇشمىلىرى ۋە كوللېكتىپنىڭ ياردەم قىلىشى ئارقىلىق رۇس مەكتەپ، تاتار مەكتەپ، خەيرىيە (ياردەم) مەكتەپ قاتارلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلارنى ئىچىگە ئالغان مەكتەپلەر ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلىدۇ. نەتىجىدە، غۇلجا شەھىرىدە، يېزا-قىشلاق، ناھىيىلەردە مۇشۇنداق يول بىلەن پۇلى بارلار پۇلى بىلەن، كۈچى بارلار كۈچى بىلەن ياردەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بېرىش ئارقىلىق، تۈركۈملەپ، يېڭىچە مەكتەپلەر ئېچىلىپ، ھەر مىللەت بالىلىرى مەكتەپلەرگە باردى. ئەشۇ يىللاردا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بىر قانچىلىغان مەكتەپلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، نەچچە يۈزلىگەن مەكتەپلەر پەقەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلدى. ئۆزۈندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالەت ئۆزگەرتىلىپ، ھازىرقى زامان پەننىي بىلىملىرىنى ئوقۇشنى ئاساس قىلغان يېڭىچە ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە تۈزۈملىرى ئورنىتىلدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن، غۇلجا شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدا يېڭىدىن تەرەققىي قىلىپ كېلىۋاتقان نوۋبىگورد (يېڭى شەھەر) نىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدا 25 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان يەر ئاجرىتىلىپ ئىلى رايونى بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، سەۋىيىسى يۇقىرى زامانىۋىي مەكتەپ قۇرۇش ئىشى باشلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ مەكتەپ ئەتراپىدا — بىر زامانىۋىي كۇلۇب، ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئالتە قەۋەتلىك ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلدى. بۇلار ئەلۋەتتە شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش تەلىپىگە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغانلىقتىن، ھۆكۈمەتتىن خەلق ئاممىسىغىچە، شەھەردىن يېزا-قىشلاقلارغا قەدەر زور قوللاپ-قۇۋۋەتلەشكە ئىگە بولدى. نەتىجىدە 1935-يىلى يازدىن باشلاپ 1936-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 16 سىنىپلىق، لابىراتورىيە، قىرائەتخانا ۋە ئىشخانىلىرى بولغان كەڭ ۋە ئازادە، يورۇق بىر مەكتەپ ياسىلىپ چىقىلدى.

بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۇيغۇرلاردىن ھاكىمبەگ غوجا، ھۈسەيىن باي، تۇداخۇن باي، ياقۇپ باي، سېيتۋالدى باي ۋە سابىر ھاجىيوفلار؛ قازاقلاردىن ئوبۇل خەيرى تۆرە، جانبەكباي، مەخسۇت ئاقىلاقچى، دەۋلەت كەلدى ئاقىلاقچى، مېيىرھال ئاقىلاقچىلار؛ تاتارلاردىن غىلاجىدىن باي، زاكىرجان باي، نىزامبايلار شۇنداقلا يەنە رۇس، مۇڭغۇل، شىبە، خۇيزۇ مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر زاتلىرىمۇ ياردەم قىلدى. ئۆزبېكلەردىن نارغوجاباي، تاشمۇھەممەت باي، تۆلىگەن باي قاتارلىق زاتلار مەخسۇس ئىككى قەۋەتلىك ياتاق، ئاشخانا ۋە ئارقا سەپ بىنالىرىنى سېلىپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ ئەينى ۋاقىتتىكى ھەرقايسى مىللەتنىڭ ۋەتەن، مىللەتنى سۆيىدىغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلىرى، يارقىن مەرىپەتچىلەر، مەدەنىيەتسىزلىككە، خۇراپاتلىققا قارشى ئوت ئېچىپ، ھەر خىل توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇزۇن يىللار تاقىلىپ كەتكەن ئىلىم-پەن دەرۋازىسىنى ئېچىشقا زور ھەسسە قوشۇپ،

ئىلى رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مۇناسىپ ئورۇن ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى مىللەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن مەكتەپنىڭ نامىنى «ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى» دەپ ئاتاپ، ھەر مىللەت ياشلىرى ئۈچۈن مەكتەپ دەرۋازىسى كەڭ ئېچىلىدۇ، ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى باشلىنىدۇ. 1936 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بىرىنچى قارار ئۈچ سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىككىسى خەنزۇ، بىرى مىللىي سىنىپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار سانى 115 كە (پۈتۈنلەي ئوغۇللار) يېتىدۇ. لېكىن بۇ يىلى ياتاق بىناسى پۈتمىگەنلىكتىن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە غۇلجا شەھىرىدىن 35 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كونا قەلئە كۆرەدە ئوقۇش باشلايدۇ. بۇ سىنىپلار 1938 ـ يىلى ئۆز ئانا مەكتىپىگە قايتۇرۇپ كېلىنىپ، 1939 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئىلى تارىخىدىكى تۇنجى گىمنازىستلار بولۇپ، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ چىقىدۇ. بۇلار ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ بىرىنچى قاراردىكى ئوقۇغۇچىلىرى بولغانلىقتىن ــ خەنزۇ (1 ـ)، ئۇيغۇر (1 ـ) سىنىپ نامى بىلەن پۈتتۈرىدۇ. مەسىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، گېنېرال مايور ـ زاھىر ساۋدانوۋ، ئاپتونوم رايونلۇق رەڭلىك مېتال ئىدارىسى باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن مۇھەممەت ئەخمىدى، مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى، ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ھەربىي رايون ئاممىۋىي ئىشلار بۆلۈم مۇئاۋىنى بولۇپ ئىشلىگەن ئىمىنوۋ توختى، مىللىي ئارمىيە پولك مۇئاۋىن كومىسسارى، ئازادلىقتىن كېيىن غۇلجا شەھىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن ئۆمەروۋ مۇھەممەت ئىمىن، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم يېزا ئىگىلىك بۆلۈم مۇئاۋىنى بولۇپ ئىشلىگەن ئابدۇكېرىم ھاجىيوف قاتارلىقلار، ئاشۇ 1 ـ قارار ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىدى.

1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىككى سىنىپ خەنزۇ، بىر سىنىپ ئۇيغۇر، بىر سىنىپ قازاق، بىر سىنىپ موڭغۇل، بىر سىنىپ رۇس بولۇپ جەمئىي ئالتە سىنىپ 220 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. خەنزۇ، ئۇيغۇر سىنىپلار (2 ـ) نام بىلەن، باشقا مىللەت سىنىپلىرى بىرىنچى قېتىملىق بولغانلىقتىن (1 ـ) نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇلار تولۇق ئۈچ يىل ئوقۇپ، 1940 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەكتەپ پۈتتۈرۈپ چىقىدۇ.

1938 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇنجى قېتىم ئۈچ قىزلار (خەنزۇ، ئۇيغۇر، رۇس) سىنىپى قوبۇل قىلىنىدۇ. خەنزۇ، ئۇيغۇر قىزلار سىنىپلىرى (3 ـ) نام بىلەن رۇس قىزلار

سىنىپى (2-) نام بىلەن ئاتىلىپ، بۇلارمۇ تولۇق ئۈچ يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، 1941-يىلى 7-ئايدا ئىلى تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق قىزلار گىمنازىستلار بولۇپ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، پۈتۈن ئىلى رايونىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. چۈنكى بۇ يۈزدىن ئارتۇق ھەر مىللەت قىزلىرىنىڭ ئەينى يىللاردا ھەر خىل توسقۇنلۇقلارغا قارشى كۆرەش قىلىپ، گىمنازىيىنى پۈتتۈرۈپ چىقىشى، ئەسىرلەر بويى پۈركەنجىدىن ئايرىلالماي، قاتمۇ-قات زۇلۇم ئاستىدا ئېزىلىپ كېلىۋاتقان مۇسۇلمان مىللەت خانىم-قىزلىرىنىڭ مەرىپەت ئىزلەپ، ئىلىم-پەن ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇلار يەنە يۈزلەپ ھەر مىللەت قىزلىرىنىڭ يۇقىرىلاپ ئوقۇشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى. ئەنە شۇلاردىن: مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر بولۇپ 40 يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن پېشقەدەم مائارىپچى – سەلىمە تۇرسۇن، قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ تونۇلغان پاشاقىز ئەسقەر، قازاق خەلقىنىڭ مەشھۇر شائىرى تاڭجارىقنىڭ قىزى سارا تاڭجارىق، تۇنجى قىزلار گىمنازىيىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى دەۋرىدە ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ باش كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن ئامىنە غوپۇر، سۇيدۇڭ ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ۋە ئوبلاستلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن پاتەم سىدىق، ئۇزۇن يىل ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن ئەبۇك، ئۆزبېك قىزى توختىبۇۋى، ئىلى ئوبلاستلىق دوختۇرخانا باللار بۆلۈم مۇدىرى، باش ۋىراچ، «8-مارت قىزىل بايراقدارى» كوممۇنىست جاۋلەنىڭ (شىبە) ئوبلاستلىق دوختۇرخانا بەش ئەزا بۆلۈم باش ۋىراچى، خەلقنىڭ سۆيۈملۈك دوختۇرى ليۇمېي (شىبە) قاتارلىقلار. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يۈزلەپ، مىڭلاپ ھەر مىللەت خانىم-قىزلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن باشلامچى بولۇپ ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى.

1939-يىلى 9-ئايدا ئىككى خەنزۇ سىنىپ، بىر ئۇيغۇر سىنىپ، بىر شىبە سىنىپ بولۇپ تۆت سىنىپ (150 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى) قوبۇل قىلىندى. بۇ سىنىپلار خەنزۇ (4-)، ئۇيغۇر (4-)، شىبە (1-) سىنىپ نامى بىلەن ئۈچ يىل ئوقۇغاندىن كېيىن 1942-يىلى 7-ئايدا مەكتەپ پۈتتۈرۈپ چىقتى.

1940-يىلى 9-ئايدا ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىدىن يەنىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلارنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە، بىر يۇقىرى دارىلمۇئەللىمىن (گاۋسى) سىنىپى قوبۇل قىلىندى. بۇ سىنىپقا شۇ يىلى گىمنازىيىنى پۈتتۈرگەن ۋە كۆرەدىكى تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن ھەم جەمئىيەتتە ئىشلەپ يۇقىرى بىلىم ئېتىلىشنى

خالايدىغان زىيالىيلاردىن ئىمتىھان ئېلىنىپ ئۆتكەنلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ يۇقىرى دارىلمۇئەللىمىندە ئۇيغۇرلار ئاساس قىلىنغان بەش مىللەتتىن 30 نەپەر كىشى تاللاپ ئېلىنىدۇ. شۇ يىلى يەنە پىلان بويىچە ئىككى خەنزۇ (5-)، (6-)؛ ئىككى ئۇيغۇر (5-)، (6-)، بىر قازاق (2-)، بىر مۇڭغۇل (2-)، بىر شىبە (2-)، بىر رۇس (3-) سىنىپ بولۇپ، جەمئىي سەككىز گىمنازىيە سىنىپى (320 گە يېقىن ئوقۇغۇچى) قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇ يىلى ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن يىللىرى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار سانى 623 كە، سىنىپ سانى 16 گە يېتىدۇ. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلىرىمۇ 40 تىن ئېشىپ كېتىدۇ. چۇنكى شۇ يىللاردا ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە بارلىققا كەلگەن «بارلىقى ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ ئۇچۇن» دېگەن شوئار ئاستىغا توپلىنىپ كۈرەشكە چۇشكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىققان 1-، 2-، 3- قارار ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۇتتۇرۇپ كەلگەن، شۇنىڭدەك شۇ يىللاردا ئۆزىمىزدە ئوقۇپ يېتىشىپ چىققانلارنىڭمۇ بارلىققا كېلىشى بىلەن، پۇتۇن جەمئىيەت بويىچە مىللەتنى پەن-مەدەنىيەت ئارقىلىق قۇتقۇزۇشتەك بىر ئاممىۋىي دولقۇن قوزغالغانىدى. ھەتتا شىڭ شىسەي: «مىللىي بىرلىكسەپ دەۋرىدىكى مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پروگراممىسى» نىمۇ ئوچۇق ئېلان قىلىپ، مىللىي مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشى ئۇچۇن يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىدۇ. شۇڭا بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىدۇ.

1941-يىلى 9-ئايدا ئىككى خەنزۇ (7-)، (8-)، ئىككى ئۇيغۇر (7-)، (8-)، بىر قازاق (3-)، بىر قىزلار (2-) سىنىپلىرىدىن ئىبارەت ئالتە سىنىپ (320نەچچە نەپەر) ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇلارمۇ تولۇق ئۇچ يىل ئوقۇپ 1944-يىلى 7-ئايدا مەكتەپ پۇتتۇرۇپ چىقىدۇ. (ئەمما، قىزلار (2-) سىنىپى 1943-يىلى كۈزدىن باشلاپ ئىلى تارىخىدا تۇنجى قۇرۇلغان قىزلار گىمنازىيىسىگە قوشۇۋېتىلگەنلىكتىن ئاخىرقى يىلى شۇ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.)

1942-يىلى 9-ئايدا ئىككى خەنزۇ سىنىپ (بىرى خەنزۇ قىزلار سىنىپى)، ئىككى ئۇيغۇر سىنىپ (بىرى تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن)، بىر قازاق سىنىپى، يەنە بىر رۇس قىزلار سىنىپى بولۇپ، ئالتە سىنىپ (220 نەپەر) ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇلار خەنزۇ (9-)، ئۇيغۇر (9-)، قازاق (4-) نامى بىلەن ئىككى يىل ئوقۇپ، ئاخىرقى يىلى 1944-يىلى 11-ئايدا ئىنقىلاب بولۇپ تولۇق پۇتتۇرەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1943-يىلى 9-ئايدا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىندى. ئەمما مىللىي سىنىپلار بىر يولىلا قىسقىراپ شىبە، موڭغۇل، رۇس سىنىپلىرى ئېچىلمايدۇ. بىرلا ئۇيغۇر سىنىپ (تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن)، بىرلا قازاق (5-) سىنىپ ئېچىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە تۆت خەنزۇ سىنىپ (10-)، (11-)، (12-) ۋە بىر سىفەن سىنىپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

1944-يىلى 9-ئايدا ھېچقانداق يېڭى سىنىپ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى پارتلاپ، ئوقۇۋاتقانلارمۇ ئوقۇشنى تاشلاپ، ئىنقىلابقا قاتنىشىپ كېتىدۇ. مەكتەپ توختاپ قالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ «ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى» 1936-يىلى 9-ئايدىن 1944-يىلى 9-ئايغا قەدەر بولغان سەككىز يىل جەريانىدا ئىككى تارىخىي دەۋرنى، يەنى: تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىش-«مىللىي بىرلىكسەپ» دەۋرنى، چېكىنىپ يوقىلىش (گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى) دەۋرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئىلى مىللىي مائارىپ تارىخىدا پۈتۈن شىنجاڭ مائارىپ تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭدا 40 نەچچە سىنىپ، 1600 گە يېقىن ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. بۇنىڭ 1100 دىن ئارتۇقراقى ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى بولۇپ، 70 پىرسەنتتىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا 16 خەنزۇ سىنىپى ئىچىدە 60 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، شىبە، مانجۇ ياشلىرى ئوقۇيدۇ. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆز ناھىيە، شەھەرلىرىگە تەقسىم قىلىنىپ، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى پارتلىغانغا قەدەر ئۆز ئورۇنلىرىدا يۆزلەپ، مىڭلاپ ھەر مىللەت ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. شۇڭا ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى ئەينى يىللاردا شىمالىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىلى رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى ئانا مەكتەپ سۈپىتىدە ئۆچمەس خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى.

## «مىللىي بىرلىكسەپ» دەۋرىدىكى ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى

شىڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1935-يىلى «1-ئاۋغۇست خىتابنامىسى»نى ۋە شۇ يىلى 12-ئايدىكى «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش مىللىي بىرلىكسەپ» سىياسىتىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمىز ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئەڭ

مۇنەۋۋەر ئەزالىرىنى شىنجاڭنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى. بۇ كوممۇنىستلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. ھەر قايسى ساھە ۋە جايلارغا ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چاچتى. ئەنە شۇنداق تارىخىي شەرت-شارائىت ئاستىدا تەرەققىيپەرۋەر سىياسەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئىلغار زىيالىيلارنىڭ ئەستايىدىل تىرىششى ئارقىلىق ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى تارىختا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

مەكتەپنىڭ ھەر جەھەتتىكى شەرت-شارائىتلىرى تەدرىجىي ياخشىلىنىپ، ئوقۇتۇش تۈزۈملىرى مۇكەممەللىشىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۆسۈپ مەكتەپنىڭ ئابرويى تېزلا كۆتۈرۈلدى. 1936-يىلى ئارانلا ئۈچ سىنىپ قوبۇل قىلىنغان بولسا، 1940-، 1941-، 1942-يىللىرى سىنىپلارنىڭ سانى 16 گە، ئوقۇغۇچىلىرى 600 گە يېتىپ باردى. 1936-يىلى بىرمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بولمىغان بولسا، 1942-يىلىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ سانى 130 دىن ئېشىپ كەتتى. ھەتتا 1942-يىلىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ سانى 130 دىن ئېشىپ كەتتى. شۇ يىلى 7-ئايدا يۇقىرى دارىلمۇئەللىمىن سەۋىيىسىگە ئىگە، ھەر جەھەتتىن مۇكەممەللەشكەن كۈچلۈك بىر بۆلۈم (30 غا يېقىن) ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى يېتىلىپ چىقتى. مەسىلەن، مىللىي ئارمىيە پودپولكوۋنىكى، ئازادلىقتىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان ئامانتۇر بايزاكوف (قىرغىز، ۋاپات بولۇپ كەتتى)، مىللىي ئارمىيە مايورى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئاديۇتانتى مەرھۇم غەنى كەرىموۋ، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان مەرھۇم ئەۋەزبەك (قازاق)، مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى، ئازادلىقتىن كېيىن 40-پولكنىڭ پولكوۋنىكى بولغان بازكەي (قازاق)، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولۇپ ئىشلىگەن تۇرسۇن سادىق. مىللىي ئارمىيە كاپىتانى، ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان يەسۇكەي (تاتار)، ئۆلكىلىك «ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى» نىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن مەرھۇم سۇلتان ئۆسكەنباي (قىرغىز)، مىللىي ئارمىيە كاپىتانى، ئازادلىقتىن كېيىن 42-پولك مۇئاۋىن كومىسسارى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارە مەسلىھەتچىسى بولغان توختى ئىبراھىم (ناپالىئون)،

www.uyghurkitap.com



ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش ئەزاسى، پېشقەدەم مائارىپچى قۇربان نىزام، پېشقەدەم مائارىپچى ئىبراھىم ئەلىلەر ئەشۇ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى ئۆز نامىغا خاس ھەممە مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بولۇپمۇ سانى ئاز بولغان موڭغۇل، شىبە، قىرغىز، تاتار، خۇيزۇ زىيالىيلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. مەكتەپتە دەرس بەش خىل تىل بىلەن ئۆتۈلىدۇ. شۇڭا مەكتەپنى ئەينى يىللاردا بەش مىللەت تىلىدىكى مەكتەپ دەپ ئاتايدۇ. قىرغىز ياشلىرى قازاق سىنىپلىرىدا ئوقۇغانغا ئوخشاش تاتار، ئۆزبېك ياشلىرى ئۇيغۇر سىنىپلاردا ئوقۇۋېرىدۇ. خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇر، قازاق، شىبە، خۇيزۇ ياشلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن خەنزۇ سىنىپلاردا ئوقۇيدۇ. مەسىلەن: ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئاۋجۇنچىڭ (مانجۇ)، «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن ئەبدىبېك بايبولات ئوغلى (قازاق)، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەرجىمانى مەرھۇم ئىمىنوۋ ئابدۇرىشىت، غۇلجا شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان ماۋېنشىڭ (خۇيزۇ)، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولغان جى تيەنشۇ (خۇيزۇ) قاتارلىقلار خەنزۇ سىنىپتا ئوقۇغانلارنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. ئۇيغۇر شائىرى مۆمىن سەيپىرى باشتىن ئاخىر قازاق سىنىپتا ئوقۇپ چىقىدۇ.

ئۆتۈلگەن دەرسلىكلەر، دەرس پروگراممىلىرى پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقى مىللىي رېسپوبلىكىلىرىنىڭ شۇ دەرىجىدىكى مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكى بولۇپ، لاتىن يېزىقىدا بېسىلىپ كېلىدۇ. چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى شۇ يىللاردا ئۇيغۇر كونا يېزىقى بويىچە دەرسلىك ئىشلىمەيتتى. پەقەت 1938-يىلى 9-ئايدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچى ئىسمايىل ھېۋىزۇللايېۋنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن مەخسۇس جۇڭگو تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا كونسپېك قىلىپ ئايرىم تۈزۈلۈپ، مەكتەپ باسمىسىدا بېسىلىپ ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىلىدۇ. بۇ شۇ ۋاقىتقا نىسبەتەن ئىنتايىن چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىل-ئەدەبىيات دەرسىدە ھەر قايسى مىللەت ئۆز ئانا تىلى يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن پايدىلىنىپ دەرس ئۆتۈلىدۇ. سىياسەت دەرسىدە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۆتۈلىدۇ. بۇ خىل دەرسلىكلەرنىڭ كىرگۈزۈلۈشى زور

بۇسۇش بولۇپ، ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماھىيەتلىك بۇرۇلۇش ياساپ، دۇنياغا ماتېرىيالىستىك ئاساستا قارىشى ۋە ئىنقىلابىيلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغانىدى. ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىدە ئىلغار مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى، بۇ ۋاقىتتىكى مەدەنىي مائارىپنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى «شەكلى مىللىيچە، مەزمۇنى ئالتە سىياسەتكە ئاساسلانغان مىللىي مەدەنىيەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش» شوئارى ئاساس قىلىنغانىدى. مەكتەپتىكى ھەر خىل تەلىم-تەربىيە مەزمۇنلىرىمۇ مۇشۇ يۆنىلىش بويىچە راۋاجلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق 13 ناھىيە، شەھەرلەردىن كېلىدۇ (ئۇ ۋاقىتلاردا ھازىرقى بورتالا ئوبلاستى ۋە بايىنغولىن مۇڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بىر قىسىم رايونلىرى ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئىدى) ئوقۇغۇچىلار مىللەت، دىن، سىنىپ، كەسىپ ئايرىماي پەقەت ئىمتىھاندىن ئۆتۈش شەرتى بىلەن قوبۇل قىلىنىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن (دىپلوم ئالغانلىرى) بۇيرۇق بويىچە ئاساسەن ئۆز ناھىيە، شەھەر، رايونلىرىغا ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە تەقسىم قىلىنىدۇ. مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانلىرى چىڭ باشقۇرۇلغانلىقتىن ئۇنىڭ ئابرويى يۇقىرى بولىدۇ. نەتىجىدە «يۈزلۈك» سىستېمىلار بويىچە نومۇر قويۇلۇپ، دەرىجىلەرگە بۆلۈنگەن ھالدا ھەم مەۋسۇم ئاخىرىدا ئېلان قىلىنىپ تۇرىدۇ (دەرىجىلەرگە ئايرۇپىلان، ماشىنا، ئات، پاقا بەلگىلىرى چۈشۈرۈلىدۇ.) ئىلمىي نەتىجىلەردە ھەتتا ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ 0.1، 0.01 پەرقلىرىمۇ كۆرسىتىلىدۇ ۋە نەتىجىلەر تۇرمۇش تەمىناتى بىلەن تەمىنلەشنىڭ بىرىنچى شەرتى قىلىنىدۇ، مەكتەپ قوشۇمچە نەچچە يۈز مو بىنەملىك ئېچىپ ئاشلىق تېرىپ، چىققان مەھسۇلاتنى ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشىغا، ئەلا ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاشقا ئىشلىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممە تەشكىللىرى دېموكراتىك ئاساستا سايلام ئارقىلىق تۇرغۇزىلىدۇ. مەكتەپنىڭ بۇ خىل دېموكراتىك ئاساستا باشقۇرۇلىشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئىجابىي تەربىيە ئېلىشىغا زور ياردەم بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىلىدۇ. پۈتكۈل ئوقۇغۇچىلار ئۈچ شەرت بويىچە تۇرمۇش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. بىرىنچى-ئۆگىنىش، ئىككىنچى-مەكتەپ ئىنتىزامى، ئۈچىنچى-ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى. مۇشۇ شەرتلەر بويىچە تولۇق تەمىنات (كىيىم-كېچەك، ياتاق، تاماق)، يېرىم تەمىنات (ياتاق، تاماق) ۋە تەمىناتسىز دەپ ئايرىلغان. ھەممە مىللەت ياشلىرى دوست، ئىناق ئۆتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ فورمىسىدا بولۇپ، ئوغۇللار جۇڭسەنفۇ بىلەن بۇرۇلكا، قىزلار كاستۇم-يوپكا كىيىپ، گالستۇك تا-

قاپ يۇرىدۇ ۋە ھەممىسى قوش قانىتى شەكىلدىكى «ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى» دېگەن ئىزنەك تاقايدۇ. ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى ئەشۇ يىللاردا پۈتكۈل ئىلى رايونى بويىچە تەنتەربىيە، مەدەنىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ بازىسى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، 1939-، 1940-يىللىرى گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرى ئويناپ چىققان «كۆرەش» دراممىسى شەھەر خەلقىنى تاڭ قالدۇرىدۇ. بۇ كومېدىيە خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ «مىللىي بىرلىكسەپ» نى تەشۋىق قىلىش ئاساسىدا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى مەزمۇن قىلغان. درامىدا شاڭخەيلىك بىر ۋەتەن خائىنىنىڭ ياپون ئالۋاستىلىرىغا سېتىلىپ قىلغان شۇملۇقلىرى ۋە بۇنىڭغا قارشى يەر ئاستى پارتىزانلىرىنىڭ كۆرەشلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. سىنىپلار ئارا شېئىر مۇسابىقىلىرىدە پىدائىيلار مارشى، 8-ئارمىيە ناخشىلىرى ۋە ئىنتېرناتسىئونال ناخشىلىرى ئېيتىلىدۇ. نامايىشلارغا چىققاندا رەسسام ئوقۇغۇچىلار سىزغان ھەجۋىي رەسىملەرنى كۆتۈرۈپ «جوڭخۇا مىللەتلىرى خەۋپ ئىچىدە»، «لۇگوچياۋ كۆۋرۈكىنى قوغدايلى»، «فاشىزمغا قارشى تۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياردەم بېرەيلى» دېگەن مەزمۇنلاردا تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىمۇ چېنىقىپ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ دۇنيانىڭ، ۋەتەنىنىڭ، مىللەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىدىيىۋى ھېسسىيات يېتىلىدۇ. مەكتەپتە چوڭ قىرائەتخانا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلغار مەزمۇنغا باي خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، تاتارچە، رۇسچە كىتابلار يېتەرلىك ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتەرلىك ئەركىن پايدىلىنىشىغا بولاتتى. مەسىلەن، ئۇنىڭدا سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرىنىڭ 1930-، 1940-يىللاردا يېزىلغان رومانلىرى، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرى، سوۋېت بەش يىللىقلارغا ئائىت ئىلمىي نەزەرىيىۋى ماقالىلەر، ھەتتا 19-ئەسىردە ئۆتكەن رۇس دېموكراتىك يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى قويۇلغانىدى. چۈنكى بۇ يىللاردا شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈزگەن مەدەنىيەت كېلىشىملىرى بولغانلىقتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك بولغان كىتاب-ژۇرناللىرى، كىنو-كارتىنىلىرى سۇدەك ئېقىپ كىرەتتى. مەسىلەن، لېنىننىڭ «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب» دېگەن ئەسىرى، ستالىننىڭ «ماركسىزم ۋە مىللىي مەسىلە» دېگەن ئەسىرى، ئېنگېلسنىڭ «سوتسىيالىزمنىڭ ئۇتوپىيەدىن پەنگە تەرەققىي قىلىشى»، «مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىشىدا مېھنەتنىڭ (ئەمگەكنىڭ) رولى»، «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»

دېگەن ئەسەرلەر. قويۇلۇۋاتقان كىنولاردىن «13 قەھرىمان»، «چاپايوېف»، «كاتاۋۇسكىي»، «لېنىن ئۆكتەبىر» قاتارلىق كىنولار ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىدىكى ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىنقىلابىيلىشىپ ئۆسۈپ يېتىلىشتە ئىجابىي تەسىرلەرنى بېرىدۇ ۋە ئىنقىلاب قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىپ بارىدۇ. ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ توغرا سىياسىي ئىدىيىۋى جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشتە مەكتەپتە قۇرۇلغان فەندىخوي-جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش تەشكىلاتىنىڭ رولىمۇ چوڭ بولىدۇ. بۇ تەشكىلات ئۆزىنىڭ ھەرخىل پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك سىياسىي تەشكىلاتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ھەر ۋاقىتتىكى يىغىن ۋە مۇزاكىرىلەر ئارقىلىق تەشكىلات ئەزالىرى خەلقئارا ۋەزىيەت، مىللىي بىرلىكسەپ ئەھۋالى ئۈستىدە خېلى تەپسىلىي مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇپ ماڭىدۇ. بولۇپمۇ ماركسىزم-لېنىنىزمنى تونۇش جەھەتتىن، جاھانگىرلىكنى تونۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىيات جەھەتتىن، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب قائىدىلىرىنى بىلىپ يېتىش جەھەتلەردىن خېلىلا ئىلگىرىلەپ كېتىدۇ. شۇڭا مەكتەپ جۇشقۇن، قاينام-تاشقىنلىققا تولغان بىر ئەۋلاد ھەر قايسى مىللەت ياشلىرىنىڭ جەڭگىۋار بازىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىن كامال تېپىپ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوينىغان رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلى رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىمۇ بەزى ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە ئىدى. مەسىلەن، شۇ ۋاقىتتىكى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ۋە سىلىڭى ياۋشۇن شېڭ شىسەينىڭ دوگېيى (شەرقىي شىمال) قىسىملىرىدىكى ھەربىي ئەمەلدارى بولۇپ، ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، مىللىي بىرلىكسەپنى قىزغىن ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەر ھەربىي بولۇپ، ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئۆزىدىن بۇرۇنقى ھەر قانداق سىلىڭ ۋە ۋالىيلارغا ئوخشىمايدىغان ياخشى تەسىرات قالدۇرۇپ كەتكەن كىشى. ئۇ ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ راۋاجلىنىشىغىمۇ زور ھېسداشلىق بىلدۈرگەن ۋە ياردەم بەرگەنىدى. ئۇ مەكتەپ ئەھۋالىدىن دائىم خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ. ئۆزىمۇ داۋاملىق مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىپ، دوكلاد بېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خىزمەت ئىستىلى، يۈرۈش-تۇرۇشلىرى، ئوقۇغۇچىلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرغانىدى. ئۇ مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە كەلگىنىدە كۆپ ھاللاردا خەۋەرلەندۈرمەيلا كېلەتتى. 1940-يىلى 10-ئايدا بىر قېتىم گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرىغا دوكلات بېرىش ئۈچۈن كېلىدۇ (بىرلا نەپەر مۇھاپىزەتچىسى بىلەن) دوكلات تەرجىمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئارقىلىق ئىككى سائەتتەك داۋاملىشىدۇ. دوكلاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە، ئالتە سىياسەتنى قانداق ئىجرا قىلىش ھەققىدە، بولۇپمۇ مۇسۇلمان مىللەت خانىم-قىزلىرىنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەكتەپلەرگە تارتىش، بۇنىڭدا، گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاكتىپ رول ئويناش جەھەتلەردىن سۆزلەپ كېلىپ ئەڭ ئاخىرىدا: «ئىسمى جىسمىغا لايىق يېڭى شىنجاڭ قۇرايلى» دەپ تۈگەتتىدۇ. ئەپسۇس ئۇ كىشىنى شىڭ شىسەي 1941-يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەكتەپ مۇدىرى گۇفىدىڭ بىلەن بىرگە تۇتۇپ كېتىدۇ. مەكتەپ مۇدىرى گۇفېيدىڭ مەكتەپتىكى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارغا خېلىلا تونۇش، بەلگىلىك مۇھەببەت ئورناتقان، ئىلى مىللىي مائارىپىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى تۆككەن نامسىز قەھرىمان. ئۇ ئەسلى شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ چوڭ بولغان يۇقىرى مەلۇماتلىق زىيالىي ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئۆلكىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇدىر بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا، مائارىپ نازارىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 1937-يىلى كۈزدە ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ مۇدىر بولۇپ يۆتكىلىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۆلكىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەۋاتقان چېغىدىلا لى يۈنياڭ (كوممۇنىست) بىلەن بىللە ئىشلەپ ئۇنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرايدۇ. ئىدىيىۋى خىزمەت ئىستېلى، تۇرمۇش ئىستېلى ۋە ئۆگىنىش ئىستېللىرىدا بىۋاستە ئۇنىڭ ياخشى ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىدە مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقتى دەل «مىللىي بىرلىكسەپ» دەۋرى بولۇپ، مەكتەپنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللەنگەن دەۋرىدۇر. ئۇ مۇشۇ دەۋردە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ تۇرۇپ يەنە بىر جەھەتتىن قوشۇمچە سىياسەت دەرسىمۇ بېرىدۇ. مەكتەپنى دېموكراتىك ئىستىل بىلەن باشقۇرۇشتا باشتىن-ئاخىرى چىڭ تۇرۇپ ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان چوڭ ئائىلىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئوقۇتۇشنى، تەلىم-تەربىيىنى، ئىنتىزامنى چىڭ تۇتۇپ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلى ئازادە، ئاكتىپ بىلىم ماكانىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ ئۆز دوكلاتلىرىدا ئېنىق قىلىپ: «بىزنىڭ كەلگۈسى نىشانىمىز-سوتسىيالىزم، مەملىكىتىمىز ھازىر يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە ھالەتتە تۇرىۋاتىدۇ، بىزنى ھازىر ياپون جاھانگىرلىكى بوزەك قىلماقتا، شىنجاڭ مىللىي، دىنىي، سىنىپىي ئېزىلىش ئېغىر بىر جاي بولۇپ، فېئوداللىزمنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر. بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىمىز <مىللىي بىرلىكسەپ> نى كۈچەيتىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتىپ، شىنجاڭنى يەن-

مەدەنىيەت بىلەن ئىسلاھ قىلىپ يېڭى شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش» دېگەن مەزمۇنلاردا سۆزلەيدۇ. بەزىدە ئوقۇغۇچىلار ياتاقلىرىغا كىرىپ مۇڭدىشىپ قالغان چاغلىرىدا «مېنىڭ بىردىن-بىر مەقسىدىم سىلەرنى ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلغان بىلىملىك زىيالىيلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش، يۇرتۇڭلارنىڭ خوجايىنلىرىدىن قىلىشتىن ئىبارەت» دەپ سۆزلەيدۇ. ئۇ بەزى سىياسىي دوكلاتلىرىدا بايلىق، كەمبەغەللىك، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى، ئىنقىلاب ۋە ئىنقىلابتىكى «سولچىللىق»، «ئوڭچىللىق» دېگەنلەر ئۈستىدە چۈشەنچە بېرىپ كېلىپ، لېنىننىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ بىرەر ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن چوقۇم بىر ئىلغار تەشكىلاتنىڭ بولۇش زۆرۈرلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. ئەلۋەتتە بۇندىن 50 يىل بۇرۇن ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ مۇنبىرىدە سۆزلىنىۋاتقان بۇ سۆزلەرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقى، ئەينى يىللاردىكى ئىلى رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا تولىمۇ مۇھىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆزىمۇ مۇئامىلىدە سەمىمىي ۋە كەمتەر بولۇپ، مىللىي ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەمنەپەس دوستى ئىدى. مىللىي ئۆرپ-ئادەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. مەكتەپتىكى ھەرقانداق پائالىيەتتە ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە بولاتتى. شىڭ شىسەي ئۆزگىرىپ پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە كوممۇنىستلارنى قولغا ئالغاندا ئىلى رايونىدىن ئۇنىمۇ قولغا ئېلىپ كەتكەنىدى.

ئوقۇتقۇچىلاردىن: سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ھەمدۇللا قۇربانوف، ئىسمايىل ھېۋىزۇللايېۋ، ھوشۇر كەرىموف، مالىك بېكتۆمۇروف، شۇمۇتۇڭ، تاھىر دەۋلەتوف، ئابدۇرېھىم ئابلايېۋ، ئەسەيىن جاقسىلىق قاتارلىق ھۆرمەتلىك پېشۋالىرىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ، يېڭىلا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قىران ۋاقىتلىرىدا بۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. بۇلارنىڭ كەسپىي قابىلىيىتى، دەرسلەرنىڭ ئىلمىيلىكى ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپ، كەڭ ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەشۇ يىللاردا ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە ياشلىرى بۇ ئون نەچچە نەپەر ياشنى «تاشكەنتچىلەر» دەپ ئاتايدۇ. بۇ نام شۇ چاغلاردا ئەڭ يۇقىرى بىلىملىك، تەربىيە كۆرگەن ئىلغار زىيالىيلار مەنىسىنى بېرەتتى. بۇلار ئۆزلىرىگە نىسبەتەن ناھايىتى تەلەپچان بولۇپ، ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىدى. شۇڭلاشقا كۈچلۈك پېداگوكلار بولۇپلا قالماستىن ئەڭ قىممەتلىكى قىزغىن ئىنقىلابىي پائالىيەتچى، جامائەت ئىچىدە ئىناۋىتى يۇقىرى بولغان پېداگوكلار ئىدى. مانا مۇشۇ بىر نۇقتا ئۇلارنى گىمنازىيە ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە زور تەسىرگە ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىپ، نەچچە يۈزلىگەن ھەر مىللەت ياشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن تەشۋىقاتسىز، ئۈن-تىنسىزلا مۇقىم بىر ئىنقىلابىي غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا يېتىشتۈرۈپ بارىدۇ. بولۇپمۇ سەيپۇللايوف ئۆز دەرسىنى ئەتراپلىق تەييارلاپ ياخشى ئۆتۈشتىن سىرت، ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ۋاقتىدىكى ئۆگىنىش تەجرىبىلىرىنى ئېيتىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى تېپىشىغا ياردەم بېرەتتى. بۇ ئۇستازنىڭ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسى تولىمۇ ئوبدان بولۇپ، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ياتاقلارغا كىرىپ مۇڭدىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ياشلىرىنىڭ ئۆگىنىش، ئىش-ھەرىكەتلىرى، ئارزۇلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ياشلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك سىياسىي ئاڭ ۋە ئەخلاق پەزىلەتلەرنى تونۇشتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئۇستاز ئىسمايىل ھېۋىزۇللايېفمۇ ئۆزىگە خاس پىسخىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، كەمسۆز، سۇرلۇك ئەمما ئاقكۆڭۈل ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ ئۆز دەرسىنىڭ ئىلمىيلىك سەۋىيىسىگە ۋە سۈپىتىگە جىددىي پوزىتسىيە تۇتىدىغان، ئازراقمۇ بىپەرۋالىق قىلىشقا يول قويمايدىغان، تەلەپچان ئوقۇتقۇچىدۇر. شۇڭا بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىدە ياخشى نەتىجىگە ئىگە بولۇش زور غەلىبە ھېسابلىناتتى. ئەشۇ يىللاردا جۇڭگو تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىدىن دەرسلىك تۈزۈپ كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەنىدى.

ئوقۇتقۇچى مالىك بېكتۆمۇروف (تاتار) ئالىي مەلۇماتقا ئىگە، تەبىئىي پەنلەرگە پۇختا، ئەڭ كۈچلۈك ئوقۇتقۇچىدۇر. بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق ھاياتىدىكى ئىلىم-پەن ئۆگىنىش دەۋرى گېرمانىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆتكەن بولۇپ، پۈتۈن ئىلى رايونى ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جامائەتچىلىككە تونۇلغان يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيدۇر، بولۇپمۇ تەبىئىي پەنلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەشتىكى ماھىرلىقى ئالاھىدە ئىدى. ئۇ ئۆز دەرسىنىڭ ئىلمىيلىك سەۋىيىسىگە ئىنتايىن جاۋابكارلىق بىلەن قارايتتى. بۇلاردىن باشقا ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ تەدرىجىي راۋاجلىنىپ يۇقىرى ئابروي قازىنىشىغا جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرگەن ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى؛ داموللا رازىيېۋ، ئابدۇرېھىم يۈسۈپ، ھۈسەيىن سامساق، سابىت قاپىز بوزوف، ئالىمجان (قازاق)، كەنزەي (مۇڭغۇل)، بايىن چاغان (مۇڭغۇل)، شايماردان (قازاق)، دېلىن (شىبە)، مەھەممەت سوپۇر (خۇيزۇ)، مۇنىرە خانىم (تاتار)، لىنا پاۋلىنا (رۇس)، ئالىيتىنا پاۋلىنا (رۇس) قاتارلىق 20 نەچچە نەپەر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى.

## گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى

1942-يىلىنىڭ ئاخىرى سوڭ مېيلىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ كەتكەندىن كېيىن جاھان مالىماتاڭلىشىپ، 1943-يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپلا ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى ھەر جەھەتتىن جىددىيلىشىپ، خانىۋەيران بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. تەسلىكتە ئېچىلدۇرغان مىللىي مائارىپ گۈللىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى. گومىنداڭ ۋىلايەتلىك پىرقىسى قۇرۇلۇش بىلەن گومىنداڭچىلار مەكتەپكە كۆپلەپ كېلىشكە باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شىڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىشپىيونلۇق ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن جۇڭگوەنلەر (ئوفىتسېرلار) بولسا، بىر قىسمى مەخسۇس ئېچكىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن گومىنداڭنىڭ سەنمىنجۇيىچىلىرى ئىدى. ئۇلار يېتىپ كېلىپ مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى ئىگىلەپ، «فەندىخۇي» تەشكىلاتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ مەسئۇللىرىنى نەزەربەنت ئاستىغا ئالدۇ ۋە مەكتەپتە گومىنداڭ پىرقىسىنى قۇردۇ. «ھەممە بىرلىكسەپ ئۈچۈن» دېگەن شوئارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر پارتىيە (گومىنداڭ پارتىيىسى)، بىر مەسلەك (گومىنداڭ سەنمىنجۇيى مەسلىكى)، بىر داھى (جياڭ جيېشى) غا سادىق بولۇشنى ئوقۇتۇش مەقسىتى قىلىپ بەلگىلەپ جاھان ئاستىن-ئۈستۈن قىلىنىدۇ. مەكتەپنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى فاشىستىك دىكتاتۇرلىقتىكى ئىشپىيونلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگىرىدۇ. خۇددىي جەمئىيەتتىكە ئوخشاش مەكتەپتىمۇ ئىشپىيونلار ھەرىكىتى ئەۋج ئېلىپ، تېررورلۇق باشلىنىدۇ. بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار قولغا ئېلىنىدۇ. ئاز بولمىغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار پاناھلىق ئىزدەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ (سەيپۇللايوف، مەھەممەت يولداش قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار ۋە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغان) سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارنى ۋە بىر قىسىم يەرلىكتە تەربىيىلەنگەن ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنى، يىراق يېزا-قىشلاقلارغا ئەۋەتىش باھانىسىدا خىزمەتلىرىنى يۆتكىۋېتىدۇ. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ياردەم بېرىش، بىرلىكتە ئالغا بېسىش، باراۋەرلىك ئىتتىپاقلىق ئورنىنى گومىنداڭنىڭ مەكتەپ تەرتىپ-تۈزۈملىرى ئىگىلەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئۇنىڭ دەرسلىكى، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى، سىياسىي، ئەدەبىي كىتابلىرى، گېزىت-ژۇرناللىرى كۆيدۈرۈلۈپ، ئۇلارنى ئوقۇش مەنئىي قىلىنىدۇ. ئەگەر يوشۇرۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوقۇغانلار سېزىلسە (ئىشپىيونلار ئارقىلىق) سىياسىي جىنايەتچى دەپ قارىلىپ، ساقچى ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىناتتى. ھەتتا «مىللىي بىرلىكسەپ» نى مەدھىيىلەيدىغان كىتابلار، ئويۇنلار، شېئىرلار، رەسىملەرمۇ مەنئىي قىلىناتتى. سىياسەت دەرسىدىكى بۇرۇنقى مەزمۇنلار چىقىرىپ تاشلىنىپ، گومىنداڭنىڭ سەنمىنجۇيىسىنى ئۆگىنىشكە ئۆزگەرتىلدى. مەكتەپ قىرائەتخانىسى سەنمىنجۇيىنى مەدھىيىلەيدىغان، جياڭ جيېشىنى مەدھىيىلەيدىغان كىتابلار بىلەن تولۇپ كېتەتتى. مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيدىغان ماتېرىياللار ئۈزۈلۈپ قالدى. شەھەر، يېزا-قىشلاقلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە ناچارلىشىپ بارغىنىدەك، مىللەتلەر گىمنازىيىسى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىمۇ ناچارلىشىپ كېتەتتى. تەمىنات قىسقىراپ، تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئاشخانىدىكى تاماقنى ئوقۇغۇچىلار پۇلغا ئېلىپ يەيدۇ. ئاق موما قوناق مومىسىغا ئۆزگىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قورسىقى تويماي ئائىلىسىدىن توقاش، گۆش ئالدۇرۇپ يەپ ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى. ھەتتا ئوقۇغۇچىلار تازىلىق ئۈچۈن سوپۇنغا پۇل تاپالماي، كېرەكسىز كىتاب قەغەزلەرنى يىغىپ سېتىپ راسخوت قىلدى. كىيىم بەرمىگەنلىكتىن يېتىم ۋە ئىقتىسادى ناچار ئوقۇغۇچىلار ماتا سەرگەزدىن كىيىم كىيىپ ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى، بۇنىڭ بىلەن مەكتەپتە ئىنتىزام بۇزۇلۇپ، نارازىلىقلار ئەۋج ئالدى. بۇ نارازىلىقلار قورۇق ۋەدىدىن باشقا ھېچقانداق ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. تۇرلۇك كۆڭۈلسىزلىكلەر كېيىنى-كېيىندىن چىقىپ، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن كېتىپ قېلىشلار بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىكى ئىشپىيونلارنىڭ، باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ ھەتتا ئىلى ھەربىي گارنىزونىنىڭ قانچىلىق ۋەھشىلىكىدىن قەتئىينەزەر، يوشۇرۇن ئاساستا ئورتاق تىل تېپىپ تەشكىللىنىشكە ۋە جەڭگىۋارلىششقا قاراپ يۈزلىنىپ باردى. سەۋەبى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى «ئالتە سىياسەت» ۋە «مىللىي بىرلىكسەپ» دەۋرىدە ئوقۇغانلىقى، دۇنيا قاراش، سىياسىي ئىدىيىۋى ئاڭ ۋە بىلىم جەھەتتىن خېلى يېتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە بولۇۋاتقان زۇلۇم ۋە ئەكسىيەتچىلىكنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، سېلىشتۇرۇشلار ئارقىلىق تېخىمۇ قەتئىي ۋە تېخىمۇ ھوشيارلىق بىلەن تەشكىللىنىشكە قاراپ راۋاجلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن ئىنقىلابىي شېئىرلار، ھەجۋىي رەسىملەر ھەتتا شوئارلار كوچىلارغا، مەكتەپ تاملىرىغا يېزىپ چاپلىنىدۇ. بارغانسېرى خەلق ۋە ياشلار ئويغىنىپ، جەمئىيەتتە پوتكول قاتلام بويىچە بىر چىقىش يولى ئىزدەشكە باشلايدۇ. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەت

ئاستىدا ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى 1943-يىلى 9-ئايدا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىسمۇ، ئوقۇغۇچىلار بىر يولى قىسقىراپ شىبە، موڭغۇل، رۇس سىنىپلىرى ئېچىلمايدۇ. پەقەت بىر ئۇيغۇر سىنىپى، بىر قازاق سىنىپى، تۆت خەنزۇ سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. 1944-يىلى 9-ئايدا ھېچقانداق سىنىپقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنمايدۇ. 11-ئايدا ئىنقىلاب پارتلاپ، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئوقۇشنى تاشلايدۇ، مەكتەپ توختاپ قالىدۇ.

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى

بۇندىن 40 نەچچە يىل بۇرۇن بولغان شانلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيە ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى تىللاردا داستان بولغۇدەك سەھىپە ئېچىپ، ئىنقىلاب غەلىبىسى ئۈچۈن زور ھەسسە قوشىدۇ. 1944-يىلى 11-ئاينىڭ 7-كۈنى پارتىزانلار غۇلجا شەھىرىگە ئىككى تەرەپتىن باستۇرۇپ كىرىپ، گومىنداڭنىڭ ئىلى ھەربىي گارنىزون قوماندانلىق شتابىنى، ساقچى، پوچتا-تېلېگراف، بانكا قاتارلىق ئورۇنلارنى ئىگىلەپ، 12-كۈنى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، شەھەر، ناھىيىلەردىكى ۋە يېزا-قىشلاقلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە ياشلىرى غۇلجا شەھىرىگە سەلدەك ئېقىپ كىرىپ، پۇلى بارلار پۇلى بىلەن كۈچى بارلار كۈچى بىلەن ياردەم قىلغاندى. بەزىلەر ھارۋىلارغا ئوت-چۆپ بېسىپ كەلسە، بەزىلەر ئاتلار يەيدىغان قوناق، بېدىلەرنى بېسىپ كېلەتتى. بەزىلەر تەييار سويۇلغان قوي-كالا گۆشلىرىنى بېسىپ كېلەتتى. بولۇپمۇ ھەر مىللەت ياشلىرى قوماندانلىق شتابقا كىرىپ، ھەربىي سەپەرۋەرلىك بۆلۈمى ئالدىدا ئۆچىرەتتە تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى تىزىملاپ جەڭ مەيدانىغا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلاتتى. ھەربىي سەپەرۋەرلىك بۆلۈمى ئۇلارنىڭ سەۋىيە، ئىقتىدار ۋە ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، مۇۋاپىق خىزمەت تەقسىماتىغا بويسۇنۇشنى چۈشەندۈرەتتى. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە ھەربىي جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن بىلىملىك، گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەڭ مۇھىم ھالقىلىق ئورۇنلارغا تەقسىم قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنى ھەر قايسى جەڭ مەيدانلىرىغا ئەۋەتسە، بىر قىسمىلىرىنى قوماندانلىق شتابقا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىگە، ساقچى ئورۇنلىرىغا تەقسىم قىلاتتى. يەنە بىر قىسمىلىرىنى ناھىيە، شەھەرلەردىكى ئىدارە-جەمئىيەت خەلق تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ چىقىشقا يوللايتتى. بىر قىسىم يازغۇچى-شائىر، رەسساملارنى گېزىتخانىغا،

www.uyghurkitap.com



تەشۋىقات ئورۇنلىرىغا ۋە جەڭ مەيدانلىرىدا مۇخبىرلىق قىلىشقا يوللايتتى. قوماندانلىق شتابى ئالدىدىكى چوڭ يولنىڭ ئىگىز تېمىغا، گىمنازىيە 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئابلەي روزى سىزغان، ئەر-ئايال دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئارا-گۈرجەك، نەيزە تۇتۇپ، «ئۇررا» ۋارقىرىغان ھالدا، پىلىموت، مىلتىق ئېتىپ تۇرغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە دەھشەتلىك ئېتىلىپ كېتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن چوڭ رەسىم چاپلاپ قويۇلغانىدى. مانا بۇ رەسىم ھەممە كىشىنىڭ بۇ ئىنقىلابقا ئاتلانغانلىقىنى روشەن ئىپادىلەپ تۇراتتى.

شتاب ئىچىدىن ھەرخىل جەڭگىۋار قوراللارنى تۇتقان پارتىزانلار رەتلىك تىزىلىپ چىقىپ (ئارىسىدا بولغار سومكىلارنى ئېسىۋالغان قىزلارمۇ بار) سۇرلۇك، جەسۇرانە قىياپەت بىلەن تەرەپ-تەرەپكە يۈرۈپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ تېخى دۈشمەن قولىدا تۇرىۋاتقان لىياڭشاڭ، ھەرەمباغ ۋە ئايرودروم جەڭ مەيدانلىرىغا كېتىۋاتقانلىقى مەلۇم ئىدى. ئەنە شۇنداق گۇرۇپپىلارنىڭ بىرىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئاپتومات ئېسىۋالغان سالاھىدىن سىدىق (گىمنازىيە سىفەن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن) دەك نەچچە يۈزلىگەن ھەر مىللەت گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرى كۆكرەك كېرىپ كېتىپ باراتتى. نەچچە يۈزلىگەن ئاتلىق پارتىزان ئۈرۈمچى ئىلى تاشيولىدا (بورتالانى ئازاد قىلىش ئۈچۈن) كېتىپ باراتتى.

مۇشۇنداق جەڭگىۋار كۈنلەردە ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى ئادەتتە مەرىپەتچىلەرلا ئەمەس بەلكى ئۆتكۈر سىياسىيون، كۈچلۈك تەشكىلاتچىلار سۈپىتىدە تونۇلغانىدى. ئوقۇتقۇچى سەيدۇللا سەيپۇللايوف ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ چىقىش، ياشلار خىزمىتىنى تۇتۇش ئارقىلىق ئىنقىلاب رەھبەرلىرىگە ياردەم بەرگەن بولسا، ئوقۇتقۇچى ھەمدۇللا قۇربانوف، ئامانتۇر بايزاكوف (قىرغىز)، شۇمۇتۇڭ (شىبە) قاتارلىقلار بىر پۈتۈن پولكلارغا، ساقچى قىسىملارغا رەھبەرلىك قىلىپ ئەڭ ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرگەنىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇنتۇلماس قەھرىمان قىزى رىزۋانگۈل بىلەن بىرگە قانلىق جەڭلەرگە قاتنىشىپ ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتىنى قۇربان قىلغان مىللەتلەر گىمانازىيە ئوقۇغۇچىلىرىدىن: ئېلەكپەر، تاتار يىگىتى شۆھرەت، ئىككى ئوردېنلىق پاتىمە (تاتار)، ئىككى ئوردېنلىق رازىيە (خۇيزۇ قىزى)، ئىككى ئوردېنلىق ۋېراشاخ ۋىرىستىدۋا، ئىككى ئوردېنلىق ئولگا يېۋتىشۋا (بۇ ئىككىسى گىمنازىيىنىڭ رۇس ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى) لار گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان قەھرىمان جەڭچىلەر تىزىملىكىدىن ئورۇن

ئالدۇ. مۇشۇنداق قانلىق جەڭلەرگە قاتنىشىپ، ھايات قالغان ئۈچ ئوردېنلىق رەيخانە گايىتۇۋا (تاتار) ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى قىزلار 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرىدۇر. رەيخانە ئەشۇ جەڭگىۋار يىللاردا ھەمشىرە بولۇپ، نۇرغۇن قېتىملىق جەڭلەرگە قاتنىشىدۇ. مىللىي قىسىملار بىلەن بىرگە نەچچە يۈز كىلومېتىر يول بېسىپ، ماناس دەرياسىغىچە يېتىپ بارىدۇ. ئەشۇ قانلىق جەڭلەرنىڭ بىرىدە (غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي دۆڭلىكى-لىياڭشاڭنى ئېلىش جېڭىدە) گومىنداڭ پوتىيىنىڭ ئالدىدا يارىدار بولۇپ يىقىلغان ئىككى جەڭچىنى ئەكىلىش ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەنلەر قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن ھېچكىم ئەكىلەلمەي قالىدۇ. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە لىياڭشاڭنى ئېلىش ئالدىنقى سەپ كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن رەيخانە مىللىي قىسىملار دۈشمەن پوتەيلىرىگە قارىتىپ ئوت كۈچىنى كۈچەيتىپ تۇرۇشى ئارقىلىق، يارىدار بولغان ئىككى جەڭچىنى ئىككى نۆۋەت ئۆمىلەپ بېرىپ، مۇرىسىگە ئارتىپ ساق-سالامەت قۇتقۇزۇپ كېلىدۇ. 19 ياشلىق تاتار قىزى رەيخانەنىڭ بۇ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى، گومىنداڭنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم ئىستىھكاملىرىدىن بولغان غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىي دۆڭلۈكىگە جايلاشقان ھەربىي گازارما ھەرەمباغنى ئېلىشتا بولسۇن، ئايرودرومنى ئېلىشتا بولسۇن، مىللىي قىسىملار ۋە ھەمشىرىلەر ئۈچۈن چوڭ ئىلھام بولىدۇ. قوماندانلىق شتاب رەيخانەنى بىرىنچى دەرىجىلىك «باتۇرلۇق» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلايدۇ ۋە ئەتىسلا ھەربىي مۇخبىر (1945-يىلى 2-ئاينىڭ 28-كۈندىكى «ئىلى گېزىتى» دە) رەيخانەنىڭ ئوردېنلىرىنى تاقاپ چۈشكەن سۈرىتى بىلەن «ئاق جۇۋىلىق ھەمشىرە» ماۋزۇسى ئاستىدىكى ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. پولك شتابى رەيخانەنى 1948-يىلى ئىلى تېببىي تېخنىكومىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. 1951-يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، 1981-يىلى دەم ئېلىشقا چىققىچە نەق 30 يىل ئاق خالات كىيىپ ھەربىي دوختۇرخانىدا يەنە مىڭلىغان كىشىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئىشلەيدۇ. ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرىدىن بەزىلىرى قانلىق جەڭلەرگە قاتنىشىپ ھەربىي مۇخبىرلىق قىلىپ، جەڭ خەۋەرلىرىنى گېزىتلەردە ئېلان قىلىپ تۇرغان بولسا، بەزىلىرى قەلىمىنى قورال قىلىپ، ئوت يۈرەك، يالقۇنلۇق شېئىرلىرى بىلەن خەلقىمىزنى كۈرەش مەيدانىغا چۈشۈشكە دەۋەت قىلىدۇ، ئازادلىق ئىنقىلاب تۇغى ئاستىغا چاقىرىدۇ.

uyghurkitap.com



# ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى ۋە بىلىم يۇرتى

مەن 1946-يىلى 8-ئايدا ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن 9-ئايدىن باشلاپ دەرس باشلىنىپ كەتكەندى. بۇ ۋاقىتتا مەكتىپىمىزنىڭ نامى يەنىلا «ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى» بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، خۇيزۇ، موڭغۇل، شىبە ياشلىرىدىن بولۇپ سەككىز مىللەتنىڭ 450 كە يېقىن ئوغۇل-قىزلىرى ئوقۇيتتى. مەكتىپىمىزدە 1946-يىلى 12 سىنىپ، 1947-يىلى يەنە ئىككى سىنىپ قوشۇلۇپ، 14 سىنىپ بىلەن تۆت خىل يېزىقتا (ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، شىبەچە) ئوقۇش داۋاملاشقانىدى. بىر تولۇق ئوتتۇرا سىفەن سىنىپىدىن باشقا بارلىق سىنىپلار تولۇقسىز سىفەن 2-يىللىقىدىن دەرس باشلىغاندۇق. بىر مۇدىر رەھبەرلىكىدە ئىلمىي بۆلۈم، ھەربىي بۆلۈم، ئارقا سەپ بۆلۈملىرىدىن باشقا تۇرمۇش بۆلۈم، تەنتەربىيە بۆلۈم، تېببىي بۆلۈملەر ئىشلەيتتى ۋە 30 ئەتراپىدا ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلىرى بولغان، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسى بويىچە بىردىن-بىر ئوتتۇرا سىفەن تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكى مەكتەپ ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىمىز تولۇق تەمىناتتا بولۇپ، ياتاقتا ياتاتتۇق (مەخسۇس قىزلار سىنىپى بىلەن ئاز بىر قىسىم شەھەرلىك ئوغۇللار قاتناپ ئوقۇيتتى.) بىزنىڭ بارلىق يازلىق، قىشلىق كىيىم - كېچەكلىرىمىز، ئورۇن-كۆرپە ھەتتا پىراستىنا (ياپقۇچ) لارغىچە ھەربىي تەمىناتتىن ئەكىلىپ تارقىتىلاتتى. ھەممىمىز سېرىق مەلىسكىدىن تىكىلگەن ھەربىي فورمىدا كىيىمەتتۇق. كاكار، پاگونلىرىمىز بولمىغان، زىيالىي ھەربىيلەر ئىدۇق. بىز تولۇق ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن 1948-يىلى 7-ئايدا گىمنازىيىنى پۈتتۈرۈپ چىقتۇق (تولۇقسىز سەۋىيىسىدە) ئوقۇشنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 60 پىرسەنتىگە يېقىنراقى (300 نەپەرچە بار) ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى ۋە رىغبەتلەندۈرىشى ئارقىلىق جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن يەنە بىر بالداق يۇقىرى بولغان زىيالىيلارنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە ئېچىلغان «بىلىم يۇرتى» نىڭ كەسپىي سىنىپلىرىغا ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن بۆلۈنۈپ كىرىپ كەتتۇق. بۇ ۋاقىتتا مەكتىپىمىزنىڭ تولۇق نامى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى» غا ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «بىلىم يۇرتى» دەپ ئاتىلىدۇ) 40 پىرسەنتكە يېقىن ساۋاقداشلىرىمىز (200 نەپەرچە بار) مىللەتلەر گىمنازىيىسىنى

پۈتتۈرگەندىن كېيىن 20 نەپەردىن كۆپرەكى ھەربىي قىسىملارغا (بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مىللىي ئارمىيىدە ئوفىتسېر بولۇپ كەتتى.) 30 دىن ئارتۇقراقى شۇ ۋاقىتدا (1948-يىل 8-ئاي) تەشكىل قىلىنغان تېببىي تېخنىكومغا ئوقۇشقا كىرىپ كەتتى. 150 كە يېقىنراق ئوغۇل - قىز ساۋاقداشلار ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچىلىققا يۆرۈپ كەتتى.

1948-يىلى ئېچىلغان «بىلىم يۇرتى» ئەسلىدىكى گىمنازىيىنىڭ راۋاجى ئىدى. «بىلىم يۇرتى» يېڭى ئوقۇش باشلىغان يىلى ئىككى دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى (بىر ئۇيغۇر، بىر قازاق سىنىپ)، بىر ئاگرانوم سىنىپى، بىر چارۋىچىلىق سىنىپى، ئۈچ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى (بىرى مەخسۇس قىزلار سىنىپى)، بىر بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى بار ئىدى. 1949-يىلى 8-ئايدا بۇنىڭغا يەنە بىر سىياسىي-قانۇن (ئەدلىيە) سىنىپى، بىر قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىق سىنىپى، ئىككى دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى، ئىككى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى (بىر ئۇيغۇر، بىر قازاق سىنىپ) قوشۇلۇپ 14 سىنىپ، 550 تىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئوغۇل-قىزلىرى ئوقۇدى. «بىلىم يۇرتى» نىڭ بۇ كەسپىي سىنىپلىرىغا يەنە ئىدارە-جەمئىيەت كادىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقانلار، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغانلارمۇ ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەنلىرى قوبۇل قىلىنغانىدى. ھەر قايسى كەسىپلەر تولۇق ئۈچ يىل ئوقۇغاندىن كېيىن داجۇەن (ئالىي تېخنىكوم) ھېسابلىناتتى. بىزنىڭ ئىچىمىزدە 1947 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ «شىنجاڭ شۆيۈەن» ئوقۇغۇچىلىرىدىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چىرىك مائارىپ سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، ئۇ يەردە ئوقۇشنى خالىمىغان جەنۇبىي شىنجاڭلىق ۋە ئۈرۈمچىلىك 30 غا يېقىن ئوقۇغۇچى كېلىپ قوشۇلغانىدى، «بىلىم يۇرتى» غا يەنە تۇنجى قېتىم چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ 30 غا يېقىن ئوغۇل-قىز، ئالتاي ۋىلايىتىدىن 36 نەپەر ياش تاللىنىپ كېلىپ قوشۇلغانىدى. بۇنىڭ بىلەن «بىلىم يۇرتى» ھەقىقەتەن پۈتۈن ئۆلكە بويىچە بىردىن-بىر ئىلغار، ئىنتايىن كۆڭۈللۈك، جۇشقۇن، ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەش ئىمكانىيىتى زور بولغان ئىسمى-جىسمىغا لايىق بىر بىلىم ماكانىغا ئايلانغانىدى.

دەرسلىكىمىز، پىلان-پروگراممىلىرى، ھەتتا قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرىياللارغا قەدەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي رېسپوبلىكىلىرىدىكى يۇقىرى تېخنىكوم سىنىپلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن پروگراما ماتېرىياللار ئىدى. ھەتتا ئىمتىھان ئېلىش سوئاللىرىغا قەدەر ئالمۇتۇدىن ئالدۇرۇلاتتى. ئەلۋەتتە دەرسلىكنىڭ ئىلمىيلىكى

www.uyghurkitap.com



ئۈستۈن ئىدى. دەرس جەدۋىلىگە ھەر قايسى كەسپىي سىنىپلارنىڭ ئۆز كەسپىي دەرسلىرىدىن باشقا ئوتتۇرا ئومۇميۈزلۈك ھەربىي دەرس، رۇسچە، تەنتەربىيە دەرسلىرى كىرگۈزۈلگەنىدى. مەكتىپىمىزنىڭ ئىمتىھان ئېلىش، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ دىپلوم بېرىش تۈزۈملىرى سوۋېت مەكتەپلىرىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، مۇتلەق كۆپچىلىك دەرسلەردە ئىمتىھاننى ئېغىزچە بېرەتتۇق (پەقەت تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىدىكى ماقالە يېزىش يازمىچە بولاتتى.) شۇڭا بىز دەرسلىك ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئۆز ئالدىمىزغا تۈزگەن تېزىسلىرىمىز بويىچە ئېغىزچە جاۋاب بېرىشكە تەييارلىناتتۇق. بىزنىڭ ھەر قايسى پەنلەرنى تاماملاش ۋە يىللىق نەتىجىلىرىمىز كەم دېگەندە ئۈچ قېتىملىق نومۇر بىلەن خۇلاسىلىناتتى. مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىمىز (ئەينى يىللاردا بۇنى دۆلەتلىك ئىمتىھان دەپ ئاتايتتى) ئىنتايىن سۈرلۈك ۋە جىددىي بولغانىدى. ئىمتىھاننى شۇ پەندىن خەۋىرى بار ئۈچ نەپەر ئوقۇتقۇچى كومىسسىيىلەر ئالدىدا بېرەتتۇق. سوئال پېچىتىمۇ شۇ ۋاقىتتا ئېچىلاتتى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن پېچەتنى ئېچىشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق ئىدى. پېچەتنى بۇزۇش دۆلەت قانۇنىغا خىلاپ دەپ قارىلىپ بىر تەرەپ قىلىناتتى. ئىمتىھان مەيدانىغا ئۈچلا ئوقۇغۇچى كىرەتتۇق. ئويلىنىپ، تەييارلىق قىلىۋېلىشىمىزغا 2 ـ 3 مىنۇت ۋاقىت بېرەتتى (ئەگەر بىلمەيدىغان سوئال بولسا، ئولتۇرمايلا جاۋاب بېرىشىمىزگە بولاتتى) ئىمتىھان مەيدانىغا ھېچ نەرسە ئېلىپ كىرمەيتتۇق. ئىمتىھان مەيدانىدىكى ئۈستەللەر ئۈستىگە قەلەم، قەغەز ۋە قاچا گۈللەر قويۇپ قويۇلاتتى. باھانى ھەربىر كومىسسىيە ئۆز ئالدىغا قويۇپ، كېيىن ئۆزئارا مۇزاكىرە قىلىپ باھايىمىزنى بېكىتەتتى. بۇ بىزنىڭ شۇ پەندىكى ئەڭ نوپۇزلۇق نومۇرىمىز بولاتتى. بۇنى ھېچكىم، ھېچقانداق كىشى ئۆزگەرتەلمەيتتى. يالغۇز دەرس ئوقۇتقۇچىسىنىڭ باھاسى مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھان نومۇرىمىز ھېسابلانمايتتى. بۇ ۋاقىتتا «بەشلىك سىستېما» بويىچە باھا قويۇلاتتى. مۇشۇ نەتىجىلەر بويىچە مەكتەپ پۈتتۈرۈپ دىپلوم ئېلىش پرىنسىپلىرى بەلگىلەنگەنىدى. نىئوت «2» (لاياقەتسىز) بولۇش ئېغىر نومۇس ئىدى.

«بىلىم يۇرتى» دا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمى بولۇپ، ئۇنىڭ مەسئۇلى ـ مىللىي ئارمىيە كاپىتانى ئابدۇرېھىم ئىلياس ئىدى. يەنە ئىككى نەپەر لېيتىنانت ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىرىمىزمۇ ئىشلەيتتى. مەكتىپىمىزدە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە يۈرگۈزۈش – «بىلىم يۇرتى» ئوقۇتۇش ئىشىدا مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز «بىلىم

يۇرتى» ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھەربىي تەلىم-تەربىيىدىمۇ سۆزسىز ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم ئىدى. مەسىلەن، مەكتىپىمىز تولۇق بىر باتالىيون (يىلىك) بولۇپ، سىنىپلار دەرىجىسى ۋە خاراكتېرىگە قاراپ روتا (لىيەن)، ۋىزۋود (پەي) لەرگە بۆلۈنگەنىدى. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ھەربىي سەپتە ئىشلىگەن ساۋاقداشلار ھەر دەرىجىلىك كوماندىرلىقلارغا قويۇلغان بولۇپ، مەكتەپتىكى بارلىق ئىش-پائالىيەتلىرىمىز ھەربىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇلاتتى. بۇ خىل پائالىيەتلەردە سەۋەبسىز يوق بولۇش ياكى كېچىكىپ قېلىش جاۋابكارلىققا تارتىلاتتى. مەسىلەن، ئاشخانىغا نۆۋەت (سىنىپ) بويىچە رەتلىك كىرىپ بەش مىنۇتتىن كېيىن تاماق يېيىلىپ بولۇنسۇن ياكى چالا يېيىلسۇن، كوماندا بويىچە ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ چىقىپ كېتەتتۇق. ياتاققا تاماق، نان ئېلىپ چىقىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. ھويلىدا مېڭىپ يۈرۈپ تاماق يېيىشنى نومۇس بىلەتتۇق. ئوزۇقلىنىشنىڭ بارلىق شەرتلىرى ئاشخانىدا تۈگىشى شەرت ئىدى.

مۇشۇنداق ھەربىي تەلىم-تەربىيە بىزنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكىتىمىزگە سىڭدۈرۈپ مېڭىلغانىدى. بىزنىڭ ھەر قانداق ئىشقا جىددىي قارايدىغان، جەڭگىۋار روھتا ئۆسۈشىمىز ئۈچۈن ئىجابىي روللارنى ئويتىغان ئىدى.

مەكتىپىمىزنىڭ دەرس جەدۋىلىگە ھەر ھەپتىدە ئىككى سائەت ھەربىي دەرس كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ھەربىي ئوقۇتقۇچىلار بۆلۈنۈپ كىرەتتى. ھەربىي دەرس مەزمۇنىدا بىرىنچى يىلى ئاددىي ئەسكەرلەر ئۆستاۋى (ۋەزىپىسى، ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى، ئىنتىزام-قائىدىلىرى) ئۆتۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى يىلى ھەرخىل ماركىلىق بەش ئاتار مىلتىقلار، ھەرخىل دۆلەتلەردە ئىشلەنگەن گىراناتلار ۋە ئولارنى (مىلتىقلارنى) چۇۋۇش (چوڭ-كىچىك)، مايلاش، قۇراشتۇرۇش ۋە ئاسراشلارغا قەدەر ئۆتۈلگەنىدى. ئۈچىنچى يىلى ھەرخىل يىنىك پىلىمۇتلار، ئېغىر پىلىمۇتلار ۋە ھەر دەرىجىلىك مىناميوتلار ئۆتۈلگەنىدى. دەرستە بىر ياقتىن نەزەرىيە سۆزلەپ بىر ياقتىن مەشىق قىلدۇراتتى. ئەمەلىي مەشىقتە نەتىجىسى يۇقىرى بولغانلارنى تاللاپ، جەڭگىۋار ئوق ئاتقۇزاتتى ۋە گىرانات تاشلىتاتتى. قوراللار مەكتەپ ھەربىي بۆلۈمىدە بولۇپ ھەر كۈنى كەچلىكى ئىككى نەپەر پوست ساقلايتتۇق. بۇنىڭغا كۆپرەك ئەڭ ئىلغار ئوقۇغۇچىلار تاللىنىپ تۇراتتۇق. بىز بايرام ۋە نامايىشلاردا ھەربىي قىسىملاردىن كېيىنلا ماڭاتتۇق. بۇ «بىلىم يۇرتى» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئالدىدا زور ئۈمىد ۋە ئىشەنچىگە ئىگە بولغانلىقىدىن ئىدى. ھەممىمىزنىڭ كىيىم-فورمىلىرى، بويلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىر خىل بولغان ئوغۇل-قىز بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇنداق پاراتلاردىن تولىمۇ ھەيۋەتلىك ئۆتەتتۇق. چۈنكى بىز زاپاستىكى مەدەنىيەتلىك قىسىم ئىدۇق. مانا بۇ ئىشلارغا 40 يىل بولغان بولسىمۇ، شۇ ۋاقىتتىكى مەنزىرىلەر سابىق «بىلىم يۇرتى» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ھازىرقىدەك تۇرماقتا. بۇ خىل پائالىيەتلەر بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك غۇرۇرىمىزغا، جەڭگىۋارلىققا تەييارلىنىشتا، خەلق ئالدىدىكى بۇرچنى ئادا قىلىش ئىرادىمىزگە زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بىزنىڭ ھەممىمىز دېگۈدەك 1946-يىلى 10-ئايدىن باشلاپ «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ ئەزالىرى ئىدۇق. مەكتىپىمىزدە بۇنىڭ 5-رايونلۇق باش ياچېيكىسى قۇرۇلغان بولۇپ، خىمىيە ئوقۇتقۇچىمىز تۇرسۇن سادىق مەسئۇل ئىدى. بىز بۇ تەشكىلات قويىندا تولۇق ئىككى يىل پائالىيەت ئېلىپ بارغاندىن كېيىن 1948-يىلى 8-ئايدا قۇرۇلغان «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش دېموكراتىك ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندا «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى «ئىتتىپاق» ياشلار بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشى بىلەن ئۆز تەشكىلىرىمىز بويىچە 1948-يىلى 9-ئايدىن باشلاپ، «ئىتتىپاق» ئەزالىرى بولۇپ قالغانىدۇق. بۇ «ئىتتىپاق» رەھبىرىمىز- ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىللىشى بويىچە، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك باشلىق رەھبەرلىرىمىزنىڭ قوللىشى ئارقىلىق ئەينى يىللاردىكى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى ۋە ئۆلكىمىزنىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلغان ھالدا قۇرۇلغانىدى. شۇڭا «بىلىم يۇرتى» ئوقۇغۇچىلىرى بۇ تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاڭلىق ۋە ئاكتىپلىق بىلەن ئاۋاز قوشقانىدى.

بىز «بىلىم يۇرتى» دىكى «ئىتتىپاق» ئەزالىرى مەدەنىيەت دەرسلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىش، ھەربىي تەلىم-تەربىيىدىمۇ قاتتىق چېنىقىشتىن باشقا يەنە ھەر مىللەت ياشلىرىنى ۋە خەلقنى تەشكىلەپ، كۆرەشكە ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن تەشۋىقاتچىلىق ئىقتىدارىمىز ۋە رولىمىز بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ رولىمىز مەكتەپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە كۆرۈلۈشى كېرەك ئىدى. شۇڭا بىز تەقسىم قىلىنغان ئاساسىي قاتلام شۆبە ياچېيكىلارغا بېرىپ، ئۇلارغا ھەمكارلىشىپ ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تۈرلۈك سىياسەت-پەرمانلىرى، ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەت ھەققىدە تەشۋىق-تەرغىبات ئېلىپ باراتتۇق ۋە نۆۋەت بىلەن ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىدا دەرس ئۆتەتتۇق. ياشلارنى بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇشلارغا كىرىشكە دەۋەت قىلاتتۇق. (بۇ ۋاقىتلاردا ئاز بولمىغان ياشلار دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇيتتى ياكى ئۆششاق ئېلىپ-

ساتارلىق قىلاتتى). بولۇپمۇ قاتمۇقات بېسىم ئاستىدا تۇرۇۋاتقان خانىم-قىزلارنى مەكتەپلەرگە كىرىشكە، ئەڭ بولمىغاندا ھۈنەر مەكتەپلىرىگە كىرىپ (بۇ ۋاقىتلاردا شەھىرىمىزدە كۆلىمى خېلىلا زور بولغان ئىلمىي ئاساستىكى كىيىم تىكىش ۋە كەشتىچىلىك سىنىپلىرى بولغان ھۈنەر مەكتىپى بار ئىدى) ئوقۇشقا ئۈندەيتتۇق. بولۇپمۇ، ئاتا-ئانىلارنىڭ گۆدەك قىزلارنى زورلاپ تۇرمۇشقا چىقىرىۋېتىشىگە بولمايدىغانلىقى، كۆپ نىكاھلىق بولۇش قالاق ۋە نومۇس ئىش ئىكەنلىكى ھەققىدە چۈشەنچىلەر بېرەتتۇق. ھەمدە بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ ئۆز ئارا ھۆرمەتچان، دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق بولۇشلىرى ھەققىدە سۆزلەيتتۇق. ئىدارىلەردىكى ياچېيكىلارغا بارغاندا ئوغرىلىق، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، پاك، ئادىل خەلق خىزمەتچىلىرى بولۇشنىڭ شەرەپلىكلىكى ھەققىدە تەشۋىق قىلاتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋەزىيەت ھەققىدە گومىنداڭنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك سىياسىتى بىلەن تىنچلىق بېتىمىنىڭ بۇزۇلۇش سەۋەبلىرى ھەققىدە، پانتۇركىست، پان ئىسلامىزمىنىڭ ئىنقىلابىمىزغا كەلتۈرۈۋاتقان زىيانلىرى ھەققىدە سۆزلەيتتۇق. بۇ خىل تەشۋىق-تەرغىباتلاردا كۆپرەك «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدىن پايدىلىناتتۇق. ئۇنىڭدا بۇ ھەقتە نۇرغۇن ماتېرىيال بېسىلىپ تۇراتتى.

«بىلىم يۇرتى» دىكى كەسپىي سىنىپلار ۋە ئوقۇغۇچىلار سانى جەھەتتىن ئەڭ كۆپ نىسبەتنى پېداگوگىكا سىنىپلار ئىگىلەيتتى. 1948-يىلى 9-ئايدىن باشلاپ جەمئىيەتتىكى دېھقانچىلىق قىلىپ يۈرگەن، ھۈنەرۋەنچىلىككە شاگىرتلىققا كىرگەن ھەتتا ئۆز ئالدىغا ئېلىپ-ساتارلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن ناھايىتى نۇرغۇن ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرگەنلىكلىرىنى كۆرۈپ ئىچ-ئىچىمىزدىن خۇشال بولغانىدۇق. ھەتتا ھەربىيلىكتىن كەسىپ ئالماشقانلارمۇ خىزمەت قىلماي ھەر خىل تېخنىكوملارغا ئوقۇشقا كىرگەنىدى. ئومۇمەن بىز «بىلىم يۇرتى» ئوقۇغۇچىلىرى «ئىتتىپاق» تەشكىلى قوينىدا ئۆتكەن ئىككى يىل جەريانىدا مەزمۇنغا باي ئىجابىي تەربىيىلەرگە ئىگە بولغان ئىدۇق. ھەقىقەتەن بۇ يىللاردا «ئىتتىپاق» پائالىيىتى جانلىنىپ كەتكەنىدى. ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇش ۋەزىيىتى ھەققىدە داۋاملىق خەۋەردار بولۇپ تۇراتتۇق. ھەتتا مەيدانغا ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى چۈشەندۈرىدىغان كىچىك ماسشتابلىق خەرىتىلەر ئېسىپ قويۇپ دوكلادلار بولۇپ تۇراتتى. بىز بۇ دوكلادلارنى سىنىپ ۋە ياتاقلاردا مۇنازىرە قىلاتتۇق. بۇ ئىشتا ئابباسوفنىڭ ئۆيىدە تۇرىۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رادىستلارنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولغان. ئۇلار شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئاڭلىتىشلىرىغا قاراپ، كۆپلەپ خەۋەرلەرنى «ئىتتىپاق» ئورگىنى ئارقىلىق تارقىتىپ تۇرغانلىقىنى بىز بىلمەيتتۇق. بۇ ئىشلار ئۇ ۋاقىتتا مەخپىي تۇتۇلغانىكەن.

«بىلىم يۇرتى»دا بىز كۆرگەن تەلىم - تەربىيىلەر خىلمۇخىل ئەتراپلىق بولۇپ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۆزلۈكىمىزدىن ئۆگىنىشىمىزنىمۇ چىڭ تۇتاتتۇق. ئوقۇيدىغان كىتابلىرىمىزمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي رىسپۇبلىكىلىرىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە، ئۆزبېكچە، تاتارچە تىللاردىكى رومان، پوۋېست ۋە تۈرلۈك ژۇرناللار ئىدى. ئۇلاردىن تولىمۇ قىممەتلىك مەنىۋى ئوزۇقلۇق ئالاتتۇق. سوتسىيالىستىك جەمئىيەت كىشىلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق - پەزىلەتلەر بىلەن ئۆزىمىزنى سىلىشتۇرۇپ، تەربىيە ئالاتتۇق. ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان ئەسلى پاكىت شۇكى: ئەشۇ يىللاردا لېنىن - ستالىن رەھبەرلىك قىلىپ يېتىشتۈرگەن سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سوۋېت يېڭى ئادەملىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى ھەرخىل كىتاب، كىنو - كارتىنىلىرى بىزگە جانلىق دەرس بولغانىدى.

بىزنىڭ «بىلىم يۇرتى» دىكى تۇرمۇشىمىزمۇ رەتلىك، مەقسەتلىك ئۆتەتتى. يەكشەنبە كۈنلىرى كىر يۇيۇش، ياماقچىلىق قىلىش، كىتاب كۆرۈش، شېئىر يېزىش، كىنوغا بېرىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بەنت بولاتتۇق. ئوغۇل - قىزلار ئارا مۇناسىۋىتىمىز ياخشى بولۇپ، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۆز ئارا ئەدەب - قائىدىلىك ئىدۇق. نەچچە يۈزلىگەن ياشنىڭ بەش يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بىللە ياشاپ ۋە بىللە ئۆگىنىپ، بىردىنىكىمۇ تۇرمۇش ئىستىلىدا خاتالاشقانلىقىنى بىلمەيتتۇق. ياتاقتىكى ئورۇن-كۆرپىمىزنى پاكىزە، رەتلىك تىزىپ، ھەربىي تۈزۈم بويىچە باش-ئايغىنى تۈز قىلىپ، قىر چىقىرىپ، ئاق كىرلىك ياپاتتۇق. تۇرمۇش بۇيۇملىرىمىز تومپۇچكىلارغا سېلىنغان بولۇپ، ئۈستەل ئۈستى ۋە دېرىزىلەردە قويۇشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. يازلىق، قىشلىق تەتىللەردە ئۆز ئائىلىمىزنىڭ ئەمگىكىگە قاتنىشاتتۇق ياكى قورۇلۇش ئورۇنلىرىدا ئىشلەپ پۇل تاپاتتۇق. بۇ پۇلنى ساقلاپ قويۇپ، تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئېلىشقا، كىنو ۋە كونسېرتلارنى كۆرۈشكە ئىشلىتەتتۇق، ھەرگىزمۇ سودىگەرچىلىك قىلىپ پۇل تاپمايتتۇق. بۇنداق قىلىشنى «بىلىم يۇرتى» ئوقۇغۇچىلىرى شەنىگە داغ چۈشۈرگەنلىك دەپ ھېس قىلاتتۇق. ئاساسەن ئۆز ئائىلىمىزگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېسىم سالمايتتۇق. ھەر جەھەتتىن قانائەتچان بولۇپ، سۆلەتبازلىق قىلمايتتۇق، ھەممىلا ۋاقىت مەكتەپ فورمىسىدا يۈرەتتۇق. ۋاقتى-ۋاقتىدا مەكتەپنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىپ

تۇراتتۇق (مەكتىپىمىزنىڭ ئۆز ئالدىغا كۆكتاتلىقى ۋە بېنەملىك يېرى بار ئىدى.) مەكتىپىمىز پۈتكۈل ئىلى رايونىنىڭ تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ بازىسى ئىدى. ھەرقانداق مۇسابىقىلەردە مەكتەپلەر بويىچە ئەمەس، بەلكى، ئىدارە-جەمئىيەت، ياچېيكىلار ۋە ھەربىي قىسىملار بويىچە ھەم ئالدىدا بولۇپ، مۇكاپاتلارنىڭ 70 پىرسەنتىنى «بىلىم يۇرتى» ئوقۇغۇچىلىرى ئالاتتى. «بىلىم يۇرتى» كۆپ مىللەتلىك بولۇشى بىلەن مىللىي ئىتتىپاقلىق ئاجايىپ ياخشى ئىدى.بۇ سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز - ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوفلارنىڭ مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى كۆپ قېتىملىق دوكلاد ۋە يول-يورۇقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. مەكتىپىمىزدە شۇنچە يىللار داۋامىدا مىللىي مەسىلىدە بىرەر ۋەقە يۈز بەرگەن ئەمەس، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار قازاق ساۋاقداشلارنىڭ ئۆيىدىن كەلگەن گۆش - مايلارغا ئېغىز تەگسەك، قازاق ئوقۇغۇچىلار بىزنىڭ مايلىق توقاچلىرىمىزغا ئېغىز تېگەتتى. بىزنىڭ خۇيزۇ، ئۆزبېك دوستلىرىمىز بولغىنىدەك تاتار ئوقۇچىلارنىڭمۇ قازاق، ئۇيغۇر دوستلىرى بار ئىدى. تۇرمۇشتىكى كۆپ قىسىم نەرسىلىرىمىز ئۆزئارا ئورتاق بولۇپ، ياتاقلىرىمىز، ئويۇن تاماشىلىرىمىزمۇ بىر ئىدى. مەسىلەن: يېنىمىزدىكى يۇقىرى دارىلمۇ ئەللىمىن سىنىپىدا ئالتە مىللەتنىڭ 30 نەچچە ياشلىرى بىر قانچە يىل بىرگە ئوقۇپ چىققاندى، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۆز مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى بولۇپلا قالماي، باشقا مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ ئارىلىشىپ دەرسكە كىرىۋېرەتتى. ئۇلار ئۆتكەن دەرسلىك مەزمۇنلىرىنى يۈزدە-يۈز چۈشىنىپ كېتىۋېرەتتۇق، ھېچ غەلىتىلىك ھېس قىلىنمايتتى. «بىلىم يۇرتى» ھەقىقەتەن ئاز سانلىق مىللەت ياش زىيالىيلىرىنىڭ چوڭ ئائىلىسى ئىدى.

«بىلىم يۇرتى» نىڭ راۋاجلىنىپ، تەرەققىي قىلىشىدا سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رولى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغاندى. ئۇ كىشى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزدىن تارتىپ ھەتتا تۇرمۇشىمىزغا قەدەر كۆڭۈل بۆلۈپ، داۋاملىق دوكلاد ئېلىپ، يوليورۇق بېرىپ تۇراتتى، ئۆزىنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارىماي ۋاقىت چىقىرىپ مەكتىپىمىزگە كېلىپ، ياتاق، ئاشخانىلارنى كۆرۈپ، ئاشپەزلەر بىلەن سۆھبەتلىشەتتى. سىنىپلارغا كىرىپ دەرس ئاڭلايتتى ياكى دوكلاد بېرەتتى. مەسىلەن: 1948-يىلى 10- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇ كىشى يولداش سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن بىر كالاسكىغا ئولتۇرۇپ مەكتىپىمىزگە كەلدى. مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆھبەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن

سۇلتان ئۆسكەنباي، ئىسمايىل ياسىنوف ۋە ئىسمايىل ھېۋىزۇللايېۋنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاشخانا ۋە ياتاقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولۇپ، يېنىمىزدىكى كۇلۇپ (ئۇ·قا·ق)دا دوكلات بەردى. مەزمۇنى: قانداق قىلغاندا ئىسمى-جىسمىغا لايىق بىر ئوتتورا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەردىن بولۇپ چىققىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىدى. ئۇ كىشى ئۆز سۆزىدە ئىلىم-پەن تەھسىل قىلىشقا بىر ئۆمۈر ئاشىنا بولۇپ ئۆتۈش - بىر غايىلىك ياشنىڭ ئەخلاق سۈپىتى ئىكەنلىكىدە كەڭ توختالغاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىزنىڭ سىياسىي ئاڭ ۋە ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىدا ياخشى تەربىيىلىنىشىمىزنى، ھەممىگە قابىل زىيالىيلاردىن بولۇپ چىقىشىمىزنى ئۈمىد قىلغانىدى. ھازىر بىزگە ھېچيەردىن ياردەم بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ1 / 3 قىسمىنى مەدەنىي-مائارىپقا سەرپ قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئېيتىپ كېلىپ، ھەر جەھەتتىن ئىشلەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن خىزمەتلەر بارلىقىنى ئەسكەرتكەن ۋە بۇ جەرياندا يولۇققان ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەلەپ قىلغانىدى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئىلىم-پەن چوققىسىغا چىقىش ئۈچۈن تىك قىيا تاشلاردىن قورقماسلىق ھەققىدىكى ماركىسنىڭ ئۆزۈندە سۆزى بىلەن تاماملىغانىدى. بۇ دوكلاد بىر سائەتتىن ئارتۇق داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئۇ كىشى ھېچبىر ھارغانلىق ھېس قىلمىغانىدى. ئۇ كىشى سۆزنى سىلىق، بىر خىل ئاھاڭدا سۆزلەتتى، زادىلا زورۇقۇپ كەتمەيتتى. ئارقىدىن سەيپىدىن ئەزىزى قوشۇمچە سۆز قىلدى. پەقەت سۇلتان ئۆسكەنباي مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ۋاكالىتەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمىلىك تەلىم-تەربىيە خىزمىتىدە تېخىمۇ تىرىشىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ ئۆتكەنىدى. مانا ئارىدىن 40 يىل ئۆتۈپ كەتتى. سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى ۋە تالانتلىق ئۇستازلىرىمىز ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتىكى ئۈمىد-ئارزۇلار سابىق «بىلىم يۇرتى» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلبىدە ھېلىمۇ ساقلانماقتا. 1949-يىل4-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئەتىگەن سائەت توققۇزلاردا ئەخمەتجان قاسىمى يەنە بىر قېتىم كېلىپ مەكتەپ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگەنىدى. نەق ئۈچ سائەت ۋاقىت يېنىمىزدىكى يۇقىرى دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىنىڭ تارىخ دەرسىگە قاتناشقانىدى. ئوقۇتقۇچى شاۋدۇن يېڭى دەرس ئۆتمەي ئۆتكەندە ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى سوراشنى ئېلىپ باردى. ئارىلىقتا ئەخمەتجان قاسىمى «ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلىرىڭىزدىن سوئال سورىشىمغا

روخسەتمۇ؟» دەپ روخسەت ئالغاندىن كېيىن كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىپ: «جاننا دىئارىك كىم؟ ئۇ نېمە ئىشلارنى قىلغان؟» دەپ سورايدۇ. بۇ خېلى بۇرۇنلا ئۆتۈلۈپ بولۇنغان دەرس بولۇشىغا قارىماي، بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ، «14-ئەسىرنىڭ بېشىدىن 15-ئەسىرنىڭ بېشىغا قەدەر داۋام قىلغان فرانسىيە-ئەنگلىيە 100 يىللىق ئۇرۇشىدا (1337- 1453يىللىرى) ئەنگلىيە قوشۇنلىرى فرانسىيىنىڭ شىمالىي قىسمىنى بېسىپ ئالغاندا، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەۋپ ئىچىدە قالغان ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا ئاتلانغان قەھرىمان فىرانسۇز قىزىدۇر. ئۇ ھەربىي كىيىم كىيىپ، قولىغا قورال ئېلىپ، قوشۇن تۈپلاپ، شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، فرانسىيە جەڭچىلىرىگە ۋە فرانسىيە خەلقىغە جاسارەت بېغىشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەنگلىيە باسقۇنچىلىرىنى ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا ئىلھام بېرىدۇ. كېيىن ئۆزى مەرتلەرچە قۇربان بولغان ۋەتەنپەرۋەر فىرانسۇز قىزىدۇر (يەنى 1429-يىل 17 ياش ۋاقتىدا)» دەپ قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە تەسىرلىك جاۋاب بېرىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ئوقۇغۇچىغا ئۆزىنىڭ رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. سىرتقا چىققاندىن كېيىن تارىخ ئوقۇتقۇچىسى-شاۋدۇن ئاكىغا كۆپ خۇرسەنلىكىنى بىلدۈرۈپ رەھمەت ئېيتىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىدە كۈچلۈك پېداگوگىكىلىق ھېسسىيات بولغانلىقى ئۈچۈن، «بىلىم يۇرتى» غا ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئۈمىد باغلاپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. 1949-يىلى 4-ئاينىڭ بېشىدا پۈتۈن شەھەر بويىچە كۆچەت تىكىپ، ئورمان بەرپا قىلىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى مەكتىپىمىزنىڭ مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلۈپ، «بىلىم يۇرتى» ئوقۇغۇچىلىرى «ئىتتىپاق» ئورگان كادىرلىرى بىلەن بىرگە كۆچەت تىككەن ئىدۇق. بۇ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى گەلەپى شىم بىلەن ئۆتۈك كىيىپ راسا قىزغىن ئەمگەك قىلغانىدى. بۇ كۆچەت تىكىشكە بارلىق ئىدارە-جەمئىيەت كادىرلىرى ۋە مەكتەپلەر قاتناشقان بولۇپ، ئەمگەك مەيدانى بايرام تۈسىنى ئالغانىدى. دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئۇ كىشى يېنىمىزغا كېلىپ: « بىلىم يۇرتچىلار ئەمگەك بىلەن چېنىقىڭلار» دەپ چاقچاق قىلىپ كۈلدۈرگەنىدى. سۆيۈملۈك رەھبەرلىرىمىزنىڭ قولى تېگىپ، قەدەم ئىزلىرى قالغان بۇ تەۋەرۈك ئورۇن-غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان (ئىلى ھەربىي رايون رادىئو ئىستانسىسىنىڭ يېنىدا) بۈك-باراقسانلىق ئورمانلىقلاردۇر. نەچچە ئون يىللاردىن كېيىن بۇ تەۋەرۈك جايلاردىن ئۆتكىنىمدە،

ھەرمىللەت ياشلىرىنىڭ ھوزۇرلىنىپ سەيلە قىلىۋاتقانلىرىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ئەشۇ ئۇلۇغ زادنى ئەسلىدىم...«بىلىم يۇرتى» نىڭ مۇشۇنداق ئابرۇيى قازىنىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرسى ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ خىللىقى ئىدى. ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ خېلى بىر قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەنلەر ياكى شۇلار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئوقۇتقۇچىلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك پېداگوگىكىلىق خىسلەتلەرگە ئىگە ئىدى. ئىلمىي سەۋىيىلىرى يۇقىرى ۋە ئەتراپلىق بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بېرىۋاتقان پەنلىرىگە ناھايىتى پۇختا ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ دەرسلىرىنى ھەۋەس بىلەن قىزىقىپ ئۆگىنەتتۇق. چۈنكى ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا چەت ئەلگە تاللىنىپ چىقىرىلغانلار ياكى سابىق مىللەتلەر گىمنازىيىسىنى ئەلا پۈتتۈرگەنلەر ئىدى. شۇڭا ئۇلاردا ئۆز يۇرتى ۋە ئەۋلادلىرىغا ياخشى خىزمەت قىلىپ بېرىش ئىرادىلىرى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلاردىكى بۇ خىل غۇرۇر ئىش ـ ھەركەتلىرىدە بىلىنىپلا تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز ئوقۇتقۇچىلارنى، قايسى مىللەت ئوقۇتقۇچىسى بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئەڭ قەدىرلىك ئۇستازلىرىمىز دەپ تونۇيتتۇق. ئۇلارمۇ بىزگە شۇنداق قارايتتى، نەچچە يىللار جەريانىدا ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۇرغان ئەمەس.ھەتتا تىل ـ ھاقارات قىلغاننى بىلمەيتتۇق.چۈنكى ئوقۇتقۇچىلىرىمىز «بۇنداق قىلىش قانداقلا بولمىسۇن ئەڭ ئاجىز پېداگوكنىڭ خىسلىتى» ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتۇق. بىز ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئىلمىي، ئىنتىزاملىق، ئورتاق غايىلىك مۇناسىۋەت قىلاتتۇق. «ئارقا ئىشىك» دېگەننى قىلچە بىلمەيتتۇق. بۇ خىل پەسكەشلىك، خوشامەتگۈيلۈق قىلىشنى ئىقتىدارسىزلىق ۋە ۋىجدانسىزلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراپ ئىنتايىن نومۇس كۆرەتتۇق. چۈنكى ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئۆزىدە ئەڭ ئېسىل ئەخلاق پەزىلەتلەرنىمۇ جەملەلىگەنىدى. شۇڭا بىز ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بىلەن پەخىرلىنەتتۇق. بىز ئادەتتىكى كەسىپتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا جەمئىيىتىمىزدىكى نادانلىق ۋە قالاقلىقنى تۈگىتىش ھەققىدە، كىشىلىك تۇرمۇشقا قانداق قاراش ھەققىدىكى سوئاللىرىمىزغا ئەينى ۋاقىتلاردىلا ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق نۇقتىئىينەزەر روھى سىڭدۈرۈلگەن جاۋاب ئالاتتۇق. بىز شۇنداق ئوقۇتقۇچىلارغا ئامراق بولۇپ ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، ئازراق بولسىمۇ مەنىۋى ئوزۇق ئېلىشقا خۇشتار ئىدۇق. سابىق «بىلىم يۇرتى» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دۇنيا قاراشتىن تارتىپ خىزمەت، تۇرمۇش ئىستىللىرىدىكى بەزى مەنىۋى سۈپەتلىرىگىچە ئەنە ئاشۇ ئۇستازلاردىن يۇققان ئىدى. ئۇلار بىزنىڭ مەيلى بىلىم قانۇنىيەتلىرىنى

ئىگىلەشتە بولسۇن ياكى ئۆزىمىزنى تەربىيىلەشتە بولسۇن، ئازراقمۇ، ئۆتكەن سەۋەنلىكلىرىمىزگە يول قويماتتى. بەلكى جىددىي قاراپ ھەقىقەتنى تېپىشىمىزغا يېتەكلەتتى. شۇڭا ئۇ ئۇستازلار 40 يىلدىن بېرى سابىق «بىلىم يۇرتى» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالدىدا ئەڭ قەدىرلىك كىشىلەر بولۇپ ياد ئېتىلىپ كەلمەكتە. ئەنە شۇلاردىن: مەرھۇم سۇلتان ئوسكەنباي (قىرغىز)، سابىق مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ ئىلى تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئېچىلغان گاۋسى (يۇقىرى دارىلمۇئەللىمىن) سىنىپىنى «ئەلا» دەرىجىدە پۈتتۈرۈپ چىققان قىرغىز مىللىتىنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالىيسى ئىدى. ئۇ رۇسچىنى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ ماتېرىياللاردىن تولۇق پايدىلىنالايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. ئۇ كۈچلۈك ماتېماتىك بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى سەۋىيىسىنى ئالىي مەلۇماتقا يەتكۈزگەن. ئۇ مەكتىپىمىزنىڭ مۇدىرلىق خىزمىتىنى تولۇق تۆت يىل ئاجايىپ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يۇقىرى ئابروي قازانغانىدى. ئۇ «بىلىم يۇرتى» نىڭ ھەر قايسى جەھەتتىكى شەرت-شارائىتلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قان-تەر ئاققۇزۇش بىلەن بىرگە دەرسمۇ بېرەتتى. ئۇ «بېتىم» ۋاقتىدا نەچچە رەت ئۇرۇمچىگە بېرىپ، مەكتەپ ئۈچۈن ئىقتىسادىي ياردەم ئالالماي، قۇرۇق قول قايتىپ كېلىپ، ئاچچىقلانغان ۋە ھەسرەتلەنگەن ھالدا بىز ئوقۇغۇچىلارغا دوكلات بېرىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بېتىم روھى بويىچە ئىشلىمىگەنلىكىنى پاش قىلىپ كېلىپ «بىلىم يۇرتى» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قوناق يەپ بولسىمۇ، ھەر جەھەتتىن ياخشى تەربىيىلىنىپ، كېلەچەكتە ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇكسەلدۈرۈشتىكى ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇپ چىقىشىمىزنى رىغبەتلەندۈرگەن ئىدى. ئۆزى كەمتەر، يۇۋاش، يامان غەرەزسىز، پاك كىشى ئىدى، «بىلىم يۇرتى» ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى تۆككەن، لېكىن كىشىلەر ئۇنتۇپ قالغان ئىنسانىدى. ئىسمايىل ياسىنوف (ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش رەئىسى) مەكتىپىمىزنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولۇپ، ئۆزى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ، ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بولغان، ئەشۇ يىللاردىكى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ رۇسچىدىن تولۇق پايدىلىنالايدىغان ھەممە پەندىن يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە كۈچلۈك ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئىدى. ئۇ كىشى يۇقىرى دارىلمۇئەللىمىن سىنىپلارنىڭ ماتېماتىكىسى، پسىخولوگىيىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك بېرىپ چىققانىدى. بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنىڭ ئىلمىيلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەممىدىن ئۈستۈن ئىدى. شۇڭا بۇ كىشىنىڭ دەرسىنىڭ ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش-بىز ئۈچۈن چوڭ غەلىبە ھېسابلىناتتى. ئۆزى كەمسۆز، ئەمما ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك ئىدى. مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرلىق سۈپىتى بىلەن «بىلىم يۇرتى» نىڭ ھەر قايسى كەسپىي سىنىپلىرىنىڭ پروگراممىسى بويىچە دەرسلەرنىڭ تولۇق، سۈپەتلىك ئۆتۈلۈشىنى، ئۆزلىشىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى باشتىن-ئاخىر ئەڭ قاتتىق ۋە چىڭ تۇتقان ئىلمىي مۇدىر ئىدى. شۇڭا ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار پەخىرلىنىپ ھۆرمەت قىلىدىغان، ئابرويلۇق ئۇستازىمىز ئىدى. ئىسمايىل ھېۋىزۇللايېف (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان) سابىق مىللەتلەر گىمنازىيىسىدىن تارتىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان مەكتىپىمىزنىڭ پېشقەدەم ئىلمىي مۇدىرى بولۇپ، «بىلىم يۇرتى» دېكى خېلى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار بۇ ئۇستازلار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن شاگىرتلىرى ئىدى. بۇ ئوقۇتقۇچى 1937-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەندىن بۇيان، مۇشۇ بىلىم ئوچىقىدا ئون نەچچە يىل ئىشلىگەن ئىدى. ئىسمايىل ھېۋىزوللايېف، سۇلتان ئۆسكەنباي ۋە ئىسمايىل ياسىنوفلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ مەكتىپىمىزنى ئىسمى-جىسمىغا لايىق «بىلىم يۇرتى» قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا ئۆزىنىڭ قان-تەرىنى ئەڭ ئۆزۈن تۆككەن، نام شۆھرەتسىز، ھەقىقىي مائارىپچىدۇر. بۇ ئۇستازنىڭ ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرى مۇشۇ بىلىم ماكانىدا ئۆتتى. بۇ كىشى مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن تاشقىرى ئالگېبرادىن دەرس بېرەتتى. ئۆز دەرسىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، سۈپەت ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشنى چىڭ تۇتاتتى. بۇ ئوقۇتقۇچى كەم سۆز، سۇرلۇك ئەمما تۈزكۆڭۈل، ھەرقانداق ئىشقا جىددىي پوزىتسىيە تۇتىدىغان ئوقۇتقۇچىمىز ئىدى. مەرھۇم ئابدۇقادىر ھەسەن(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان) يۇقىرى دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، جۇغراپىيە دەرسىنى بېرەتتى. ئۆزى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەنلىكتىن رۇسچىدىن تولۇق پايدىلىناتتى. بۇ ئۇستاز 1947-يىلى ئابدۇراخمان مۇھەممەدى بىلەن بىرگە تورپان پارتىزانلىرىنى باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا قاتنىشىش ئۈچۈن تاغ-داۋانلارنى ئېشىپ ئىلىغا كېلىپ مەكتىپىمىزدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانىدى. بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ جۇغراپىيە سەۋىيىسى يۇقىرى بولۇپ، دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى جانلىق، كۆرسەتمىلىككە ئىگە كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى. پەقەت مۇشۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەجرى بىلەن «بىلىم يۇرتى» ئوقۇتقۇچىلىرى ئەشۇ يىللاردىكى مەملىكىتىمىز ۋە

دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئۈستىدە ئەتراپلىق بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانىدۇق ۋە باشقىلار.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 1949-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىلى رايونىغا يېتىپ كەلگەندە «بىلىم يۇرتى» ئوقۇغۇچىلىرى كوچىلارغا چىقىپ قىزغىن چاۋاك چېلىپ، «ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى!»، «ياشىسۇن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى!» دەپ شوئار توۋلىغان ئىدى. 1950-يىلى 1-، 2-ئايلاردىن باشلاپ ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، يېزا-قىشلاقلارغا، زاۋۇت-كارخانىلارغا بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى تەشۋىق قىلغان، دېھقانلار جەمئىيىتىنى، كومسومول تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا ياردەم بەرگەن، يەر ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتلىرىغىمۇ يۈزلەپ ئەشۇ «بىلىم يۇرتى» ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشقان، 1950-يىلىنىڭ باشلىرىدىكى ئىلى تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق كومسومۇللار، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك كومسومۇللار تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ ئەشۇ بىلىم يۇرتچىلار بولغانىدى، ئەگەر ئۈچ ۋىلايەتلىك ئالاھىدە رايونلۇق توغرا سىياسىي يۆنىلىش ۋە ئىلغار مائارىپ لۇشيەنى يۈرگۈزۈلمىگەن بولسا، «بىلىم يۇرتى» ئوقۇغۇچىلىرى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سىياسىتى بىلەن مۇنداق تېز ماسلىشىپ كېتەلمىگەن بولاتتى. شۇڭا سىنىپ، مىللىي، دىنىي، تارىخىي جەھەتلەردىكى پەرقلەر مۇرەككەپ بولغان بۇ رايوندا ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرگۈزۈلۈپ، راۋاجلىنىشىغا «بىلىم يۇرتى» چىلار ئاجايىپ روللارنى ئوينىغان ئىدى، شۇنداق قىلىپ «بىلىم يۇرتى» دىن ئۆلكىمىز تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا ھەدەر ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ تولۇق ۋە تولۇقسىز سىفەن سەۋىيىسىدە 700 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئوغۇل - قىز زىيالىي ياشلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئوبلاستىمىزنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلىرىدىكى ھۆكۈمەت مەمۇرىي ئورۇنلىرىدىكى، مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىغا، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەربىيىلىنىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت 1950-يىلى 10-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۆلكىلىك مەدەنىي-مائارىپ خىزمىتى يىغىنىدا سابىق «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى» نى « شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتى» غا ئۆزگەرتىشكە قارار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 1952-يىلى 270 نەپەر، 9-ئايدا 110 نەپەر، 1952-يىلى 8-ئايدا 180 نەپەر، جەمئىي 550 نەپەر ئوغۇل- قىز «ئىلى بىلىم يۇرتى»دىن

www.uyghurkitap.com



ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلىپ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ، ئەنە شۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەينى يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتىغا، مائارىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەۋەتىلگەندى. 1953-يىلى جۇڭگو مائارىپ مىنىستىرلىقى ئۇيۇشتۇرغان مائارىپنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئىلى «بىلىم يۇرتى»نىڭ شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپ تارىخىغا قوشقان تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىپ، ئالاھىدە خۇسۇسىي خۇلاسە ماتېرىيالى يېزىپ چىقىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن تارقاتقانىدى.

# تارباغاتاي ئاياللار مائارىپىنىڭ پېشۋاسى - گۈلەندەم خەبىبۇللىنا

تاھىر تاشباييېۋ، ياڭ رىنجى

گۈلەندەم خەبىبۇللىنا، تاتار، 1888 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى رۇسىيىنىڭ قازان ئوبلاستىدا تۇغۇلغان. 1914 - يىلى شىنجاڭنىڭ تۇرپان ناھىيىسىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زات - مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەكلىپى بويىچە يولدىشى مىرخەبىبۇللا بىلەن بىللە شىنجاڭغا كېلىپ، تۇرپاننىڭ ئاستانە كەنتىدە ھازىرقى زامان مائارىپى بىلەن شۇغۇللانغان. مىرخەبىبۇللا ئاستانىدىكى ھەيدەر سايرانى قۇرغان مەكتەپنى داۋاملاشتۇرغان. گۈلەندەم ئۆز ئائىلىسىدە مەكتەپ ئېچىپ، كەنتتىكى قىزلارنى يىغىپ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت بىلىملىرىدىن دەرس ئۆتكەن. شۇڭا يەرلىك خەلقلەر گۈلەندەمنى «ئابىستاي» (مۇئەللىمە) دەپ ئاتاشقان.

1921 - يىلى مىرخەبىبۇللا ئەپەندى كېسەل بولۇپ ۋاپات بولدۇ. ياڭ زېڭشىننىڭ جاھالەتلىك سىياسىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە دىنىي كۈچلەرنىڭ بېسىمى ئارقىسىدا، تۇرپاندىكى يېڭى زامانچە مەكتەپلەر تاقىلىپ، ھازىرقى زامان مائارىپ ئىشلىرى يۇرۇشمەي قالدۇ. بۇ چاغدا بىر بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان گۈلەندەمنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا قالدۇ، 1935 - يىلى تۇرپاندىكى تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن گۈلەندەم چۆچەككە كۆچۈپ كېلىدۇ.

ئەينى زاماندىكى چۆچەكنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت سەۋىيىسى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇشنىڭ شەرت - شارائىتى، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا قارىغاندا بىر قەدەر ياخشى ئىدى.

گۈلەندەم چۆچەككە كەلگەندىن كېيىن ئىجارىگە ئۆي ئېلىپ، خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى قىزلار مەكتىپى - «گۈلەندەمىيە مەكتىپى» نى ئاچىدۇ. دەسلەپتە قوبۇل قىلغان 60 نەپەردىن ئوشۇق ئوقۇغۇچىنى يېشىغا ۋە بىلىم سەۋىيىسىگە قاراپ ئۈچ سىنىپقا بۆلىدۇ. جەمئىيەتتىكى دىنىي كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ھەپتىسىگە ئىككى سائەت دىنىي دەرس ئۆتىدۇ. لېكىن بۇ دىنىي مۇتەئەسسىپ دەرستە دىنىي خۇراپاتلىق سۆزلەنمەستىن، پەقەت مەدەنىيەت تارىخى، ئەخلاقتا ئائىت مەزمۇنلار سۆزلىنىدۇ. مەكتەپتە ئاساسلىقى تىل، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، تەبىئەت قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. ئۇندىن باشقا يەنە رەشلىيە ئىشلەش، كىيىم تىكىش، كانۋاي توقۇشقا ئوخشاش قول ھۆنەر ئۆگىتىلگەنىدى.

ئوقۇغۇچىلاردىن يىللىق ئىمتىھان ئېلىش، يازلىق تەتىل قويۇش مۇراسىملىرى چۆچەك باغچىسىدا ئۆتكۈزۈلەتتى. ئىمتىھانغا مەكتەپ مۇدىرى گۈلەندەم ئابىستاي رىياسەتچىلىك قىلاتتى. يەرلىك مۆتىبەرلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇرۇلاتتى. ئالدى بىلەن ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپتىكى ئەخلاق پەزىلىتى، ئۆگىنىش ئەھۋالى دوكلاد قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمتىھان ئېلىناتتى، ئىمتىھان نەتىجىسى نەق مەيداندا ئېلان قىلىناتتى. ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشلىگەن تاپشۇرۇقلىرى، رەشلىيىسى، تىككەن كىيىملىرى، توقۇغان ئىلمە ـ كانۋايلىرىغا ئوخشاش قول ھۆنەر سەنئەتلىرى كۆرگەزمە قىلىناتتى.

گۈلەندەم ئابىستاي ئوقۇغۇچىلارنى باي ـ گاداي دەپ ئايرىماي، ھەممىسىگە بىردەك قاراپ، باشتىن ـ ئاخىرغىچە مەسئۇل بولاتتى. ئوقۇش بەدەل تۆلىيەلمەيدىغان باللارنى ھەقسىز ئوقۇتقان، دەپتەر، قەلەم سېتىۋالالمايدىغانلارغا، مەكتەپ دەپتەر، قەلەم ئېلىپ بەرگەنىدى. 1938 ـ يىلى قىشتا بىر ئوقۇغۇچى ئاياغ كىيىمى بولمىغانلىقتىن مەكتەپكە كېلەلمەي قالىدۇ، گۈلەندەم ئابىستاي ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ئىئانە توپلاپ بىر پارە يېڭى ئۆتۈك سېتىۋېلىپ، ئۆز قولى بىلەن بۇ بالىغا يېڭى ئۆتۈكنى كىيگۈزۈپ مەكتەپكە باشلاپ كەلگەن. شۇنىڭدەك شۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن كارامەت ئىسىملىك بىر قىز تۇرمۇشقا چىققاندىن كېيىن قېيىناتىسى ئۆرپ ـ ئادەت تەسىرى بىلەن ئائىلە قىيىنچىلىقىمىز بار دېگەن باھانە بىلەن كېلىنىنى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەپ ئوقۇشقا ئىجازەت بەرمەيدۇ. گۈلەندەم ئابىستاي كۆپ قېتىم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ چۈشەنچە بەرگەندىن كېيىن "ئۇ كىشى: «مەكتەپتە ئوقۇسا مەيلى، بىراق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشمىسۇن» دەپ ماقۇل بولىدۇ. بۇ كېلىن كېيىن ئوتتۇرا ھۆنەر مەكتىپىنى پۈتتۈرىدۇ ھەم خىزمەتمۇ تاپىدۇ. بۇ ئىشتىن مەمنۇن بولغان قېيىناتىسى گۈلەندەمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ ھەم ئۆز ۋاقتىدا نادانلىق قىلغانلىقىغا ئەپسۇسلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

1938 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ مائاۋىن نازىرى قۇربان

سوۋېت ئىتتىپاقىغا زىيارەتكە بېرىپ، قايتىشىدا چۆچەككە چۈشۈپ، مەكتەپلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، «گۈلەندەمىيە مەكتىپى» نى ئالاھىدە ماختايدۇ. شۇ يىلى كۈزدە ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى مەزكۇر «گۈلەندەمىيە مەكتىپى» نى ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتكۈزۋالىدۇ. مەكتەپ چۆچەكتىكى سابىق «ئۇيغۇرىستان سودا شىركىتى» ئورنىغا كۆچۈپ بارىدۇ. مەكتەپ نامى «چۆچەك 1 ـ قىزلار مەكتىپى» قىلىنىپ ئۆزگەرتىلىدۇ. يەرلىك خەلق ئۇنى يەنىلا «گۈلەندەمىيە مەكتىپى» دەپ ئاتاۋېرىدۇ.

مەكتەپ مۇدىرى گۈلەندەم ئابىستاي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆز، تەققى ـ تۇرقى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلىتى جەھەتتە ئۈلگىلىك رول ئوينىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئوقۇتقۇچىلار ھەر كۈنى چۈشتە ئۆيلىرىگە قايتماي مەكتەپتە ئۆزلىرى تاماق تەييارلاپ يەيتتى. تاماقتىن كېيىن تۇرمۇش يىغىنى ئېچىپ تۇراتتى، خىزمەت ئۈستىدە پىكىر ـ مەسلىھەتلەر قىلىشاتتى، شۇڭا ئوقۇتقۇچىلار ياخشى ئىناق ئۆتكەن. ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتكەندە بىر تۈتاش مەكتەپ فورمىسى كېيىش، ھالقا ـ ئۈزۈككە ئوخشاش زىننەت بۇيۇملىرى تاقىماسلىق بەلگىلەنگەن. 1939 ـ يىلى چۆچەك تولۇقسىز سىنەپ (دارىلمۇئەللىمىن) مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن يەتتە نەپەر ئوقۇغۇچى بۇ مەكتەپكە تەقسىم قىلىنىپ كەلگەندە، گۈلەندەم ئۇلار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆھبەتلەشكەن. ئۇلاردىن بىرسى ھەدېگەندىلا: «ماڭا قانچىلىك ئايلىق مائاش بېرىسىز؟» دەپ سورىغان. گۈلەندەم ئابىستاي: «بالام، مەكتەپنىڭ بوسۇغىسىنى ئاتلاپ كىرە ـ كىرمەيلا، قانچە مائاش بېرىسىز دېگىنىڭ نېمىسى؟ ساڭا ئوخشاش بالا ياخشى ئوقۇتقۇچى بولالمايدۇ. ئۇنداقتا سېنى قوبۇل قىلالمىغۇدەكمىز. سەن شتات ئىگىلەپ تۇرما. مائارىپ ئىدارىسى سېنى باشقا ئورۇنغا تەقسىم قىلسا بولغىدەك» دېگەن.

گۈلەندەم خەبىبۇللىنا ئايالLارنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈش، ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆستۈرۈش يولىدا كۈچ چىقىرىپ، ئاخىرقى ئۆمرىگىچە ئايالLار مائارىپى ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ گۈلەندەم نامىدىكى چۆچەك بىرىنچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىگە 30 يىل مۇدىر بولغان ۋە چۆچەك تولۇقسىز سىنەپ مەكتىپىگە مۇئاۋىن مۇدىر بولغان، ئۆزى تۇرمۇشتا ئاددىي ـ سادده، مۇلايىم، ئېغىر ـ بېسىق، ئالىيجاناپ خىسلەتكە ئىگە ئايال بولغانلىقتىن چۆچەكتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. تارباغاتاي «ئىنقىلابىي ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ 1947 ـ يىلىدىكى 3 ـ سانىغا «بىزنىڭ ياخشى ئانىمىز» دېگەن مەخسۇس ماقالە بېسىلغانىدى. 1938 ـ يىلى گۈلەندەم شىنجاڭ ياپونغا قارشى ئىتتىپاقىنىڭ تارباغاتاي ئىئانە توپلاش كومىتېتىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەزا بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە تارغاباتاي ۋىلايىتى ئاياللار ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋە تارغاباتاي ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ پەخرى رەئىسى بولغان.

1953 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشكە ئەزالىققا سايلانغان. 1955 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ قازاقىستاننىڭ ئۆلجار(ئۆلۈغيار) شەھىرىگە ئورۇنلاشقان. 1972 ـ يىلى 85 يېشىدا ۋاپات بولغان.

# 1950-يىلدىن بۇرۇن ئىلىدا چىققان گېزىتلەر توغرىسىدا

مەھەممەت توخسۇنوپ، زۇنۇن تاھىر

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو جەمئىيىتىدە زور داۋالغۇشلار يۈز بېرىپ، ئەكسىيەتچىلىككە، ئىستىبداتلىققا قارشى تۇرۇش، ھۆرلۈككە، يېڭىلىققا ئىنتىلىش يولىدىكى خەلق ھەرىكەتلىرى كەينى-كەينىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. جۈملىدىن شىنجاڭدىمۇ بۇ خەلق ھەرىكەتلىرىگە ئاۋاز قوشقان ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر قوزغالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدا خەلقنىڭ ئويغىنىشى، يېڭىلىققا كۆچۈشنى تەرغىب قىلىدىغان كىشىلەر ۋە پائالىيەتلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

قوماندان ياڭ زەنشۈي ئۆزى بىلەن بىر مەسلەكتىكى فېڭ تېمىن قاتارلىق بىر نەچچە كىشى بىلەن بىرلىكتە چىڭ خاندانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيىتىگە ( شۇ چاغدا سۈيدۈڭ كۆرە شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي مەركىزى ئىدى) قارشى ھەرىكەتنىڭ تەشۋىقات قورالى سۈپىتىدە ئىلىدا گېزىت چىقىرىشنى مەسلىھەتلەشتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي 1910-يىلى 3-ئايدا ھازىرقى يېڭى كۆرەدە خەنزۇچە «بەيخۇاباۋ» گېزىتى نەشر قىلىندى. گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە فېڭ تېمىن تەيىنلەندى. شۇ يىلى يەنە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن ئىنقىلابىي ئىرادىلىك، مەرىپەتنى، يېڭىلىقنى ياقلايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر ھازىرقى يېڭى كۆرەدە ئۇيغۇرچە «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى»نى نەشر قىلدى. بۇ شىنجاڭ بويىچە ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا چىققان تۇنجى گېزىت ھېسابلىنىدۇ.(تارىخىي پاكىتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە 1910-يىلى قەشقەردە قۇتلۇق ھاجى شەۋقى تەرىپىدىن «ئاڭ گېزىتى» ناملىق ئۇيغۇرچە گېزىت نەشر قىلىنغان. -مۇھەررىردىن ئىزاھات) ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى ئابدۇقېيۇم ئەپەندى بولدى. بۇ گېزىتنىڭ كەڭلىكى63.5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى56.8 سانتىمېتىر بولۇپ، تۆت قاتلىناتتى، ئاق قەغەزگە بېسىلاتتى. بۇ گېزىتكە ئاساسەن، ئوردا خەۋەرلىرى، تېلېگرامما خەۋەرلەر، ئىشلەپچىقىرىش،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قورۇلۇشقا دائىر ئىشلار، نەرخ-ناۋا، ئىلىم-سېتىم ئىشلىرى، ئېلانلار بېسىلاتتى.

«ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى» 1912-يىلى 12-ئايغا كەلگەندە ئىستىبدات يالڭ زېڭشىن تەرىپىدىن پېچەتلىۋېتىلدى. يالڭ زېڭشىن چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە چىڭ ئوردىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تەپتىش ئەمەلدارى ئىدى. شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئىلىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى.

ئىستىبدات ھاكىمىيەت گېزىتنى پېچەتلىۋەتكەن بىلەن خەلقنىڭ ئويغانغان روھىنى، ئېڭىلىقنى، ئالغا ئىنتىلىشكە بولغان ھەرىكىتىنى توختىتالمىدى.

## «يېڭى ئىلى گېزىتى»

1912-يىلى 2-ئايدىن تارتىپ يەنە يېڭى كورىدە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىقلاردا «يېڭى ئىلى گېزىتى» چىقىشقا باشلىدى. ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى يەنە ئابدۇقېيۇم ئەپەندى بولدى، گېزىتنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى» بىلەن ئوخشاش ئىدى. گېزىتنىڭ مەزمۇنمۇ ئاساسەن «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى» گە ئوخشاپ كېتەتتى.

## «ھۆر سۆز گېزىتى»

1919-يىلى يېڭى كورىدە ھۈسەيىنبەگ يۇنۇسوپ، پازىل يۇنۇس قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ مەسئۇللۇقىدا «ھۆر سۆز گېزىتى» نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. گېزىتنىڭ ھەجمى «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى» بىلەن ئوخشاش ئىدى. گېزىتكە ئاساسەن خەلقئارادىكى مۇھىم ئىشلار، مەملىكەت ئىچىدىكى تۈرلۈك سىياسىي پائالىيەتلەر، دېھقانچىلىق، سانائەت، چارۋىچىلىق، مائارىپ ئەھۋاللىرى ۋە ئۆلكىنىڭ، ئىلىنىڭ خەۋەرلىرى بېرىلەتتى. لېكىن ھازىرغىچە بۇ گېزىتنىڭ بىرەر سانى قولىمىزغا يېتىپ كېلەلمىگەنلىكتىن، گېزىتنىڭ جەمئىي قانچە سان چىققانلىقى، قاچان توختىغانلىقى ھەققىدە بىرەر ئىشەنچلىك مەلۇماتقا ئىگە بولالمىدۇق.

## «ئىلى دەرياسى گېزىتى»

1928-يىلى 7-ئاينىڭ 8-كۈنى فەن ياۋنەن قاتارلىقلار سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ يالڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا جىن شۇرېن چىقتى، يالڭ

زېڭشىن دەۋرىدە بىر مەزگىل چىقىپ توختاپ قالغان «ئىلى دەرياسى گېزىتى» 1930-يىلى كۈرەدە قايتىدىن چىقىشقا باشلىدى. 1932-يىلىغا كەلگەندە گېزىتخانىنىڭ ئورنى كۈرەدىن غۇلجا شەھىرى قارا دۆڭ مەھەللىسىدىكى لېۋېرنىڭ دىڭگە يۆتكەپ كېلىندى. گېزىت دەسلەپ نەشر قىلىنغان مەزگىللەردە سامان قەغەزگە كىچىك فورماتتا بېسىلاتتى، ئىككى بېتى ئاق تاشلىنىپ، ئىككى بەت چىقاتتى. بەزەن ھەرپلەر ئوچۇق كۆرۈنمەيتتى. تەھرىر بۆلۈمىدە يۇسۇپجان غوپۇرى، مەرۇپ سەئىدى، ئەنۋەر ناسىرى، ئابدۇرېھىم ئەخمىدى قاتارلىق كىشىلەر ئىشلەيتتى. دەسلەپتە يۇسۇپجان غوپۇرى مۇۋەققەت باش مۇھەررىر بولدى، ئۇ چاغلاردا گېزىتنىڭ مەخسۇس مۇخبىرى يوق ئىدى، مۇخبىرلىقنى لازىم تېپىلغاندا مۇھەررىرلەر ئۆزلىرى ئىشلەيتتى. خەلقئارا خەۋەرلەر، ئاساسەن چەت ئەللەرنىڭ گېزىتلىرىدىن كۆچۈرۈپ ئېلىناتتى. يەرلىك خەۋەرلەر ۋە ئىمزالىق ماقالىلەر كەم بېرىلەتتى. «ئىلى دەرياسى گېزىتى» ئىچكى - تاشقى خەۋەرلەرنى بەرگەندىن باشقا تۈرلۈك مەزمۇندىكى ماقالىلەرنى، ساۋاتلارنى، ئىلىمدىكى ئۆزگىرىش، نەتىجىلەرنى تەشۋىق قىلاتتى.

«ئىلى دەرياسى گېزىتى» نىڭ 1935-يىلى 6-ئاينىڭ26-كۈنى(چارشەنبە) كۈنىدىكى نۇسخىسى (201-سان) ھازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم ئارخىپ بۆلۈمىدە ساقلاقلىق. بۇ سان گېزىت تۆت بەتلىك بولۇپ، ئىككى بېتى ئۇيغۇرچە، ئىكى بېتى خەنزۇچە، گېزىتكە يەنە «مۇۋەققەت باش مۇھەررىر يۇسۇپجان غوپۇرى» دەپ يېزىلغان.

## «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى»

1933-يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنى جىن شۇرېن تەختتىن چۈشۈپ، شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ دۇبەنى ھەم باش قوماندانى بولدى.گېزىت بۇ ئارلىقتا بىرەر يىلغىچە توختاپ قېلىپ، 1934-يىلى 10-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن تارتىپ يەنە شۇ بۇرۇنقى «ئىلى دەرياسى گېزىتى» دېگەن نام بىلەن ئەسلىدىكى ئورنىدا داۋاملىق چىقىشقا باشلىدى.

شېڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش كويىدا ئاخبارات سېپىنى تۇتۇشقا كىرىشىپ، ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنىۋاتقان «تيانشان گېزىتى»نى «شىنجاڭ گېزىتى»گە ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا دىگۇدەك «ئىلى دەرياسى گېزىتى» نىڭ نامىمۇ «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى»گە ئۆزگىرىپ، گېزىت چوڭ فورماتتا ئىككى بېتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇرچە، ئىككى بېتى خەنزۇچە چىقىشقا باشلىدى. بۇ گېزىت سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئەدەبىي كۈندىلىك گېزىت ئىدى. ئۇ چاغدا ھەبىب يۇنۇچى گېزىتخانا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى ئىدى. رەپىق ئابدى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئەنۋەر ناسىرى مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى. 1938-يىلىدىن 1940-يىلىغىچە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە تۇرسۇن ئىسرائىل باشلىق بولدى. 1940-يىلى ئابدۇللا زاكىرى چۆچەكتىن يۆتكىلىپ كېلىپ باشلىق بولدى. تەھرىر بۆلۈمىدە يەنە ئابدۇرېھىم ئەپەندى، ھەبىبۇللا، يۇنۇسجان، مۇھەممەت، خۇدابەردى تالىپ، تاھىر دۆلەتشۇپلار ئىشلىدى. 1940-يىلىدىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف يۆتكىلىپ كېلىپ تەرجىمانلىق قىلدى.

گېزىتخانا ئىشچى- خىزمەتچىلىرى 1938-يىلىغىچە يېرىم ھەربىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇلۇپ، پۇلىنىڭ ئورنىغا كىيىم - كېچەك، ئاشلىق، ماي قاتارلىقلار قوللىرىغا تارقىتىلىپ بېرىلەتتى. 1938- يىلدىن كېيىن ئىش ھەققى بېرىلدى.

گېزىتكە كۆپرەك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش خەۋەرلىرى، كېيىنچە 2- دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ جايلاردىكى ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە مەملىكەت خەۋەرلىرى، يەرلىك خەۋەرلەر، تۈرلۈك ماقالىلەر، تەنقىد-تەكلىپلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئېلانلار، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى، ئوبزور، باشماقالە، تېببىي مەسلىھەت، تۇرمۇش ساۋاتلىرى بېرىلەتتى. خەلقئارا خەۋەرلەر 1-، 2- بەتلەرگە، يەرلىك خەۋەرلەر 3-،4- بەتلەرگە بېسىلاتتى.

گېزىتخانىنىڭ مەخسۇس مۇخبىرلىرى يوق ئىدى. يەرلىك خەۋەرلەر ئاساسەن ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ ئەۋەتكەن خەۋەر - ماقالىلىرى بىلەن چىقىرىلاتتى. ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ سانى 40 نەپەرگە يېقىن ئىدى. ئۇلارنىڭ يازغان خەۋەر-ماقالىلىرىگە قەلەم ھەققى بېرىلەتتى. 1936-يىلى گېزىتخانىغا بىر رادىئو قوبۇللىغۇچ ئورنىتىلىپ، خەلقئارا خەۋەرلەر ۋە مەملىكەت خەۋەرلىرى شۇ ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىپ بېرىلىدىغان بولدى. ئۇ چاغدا كۆپىنچە خەۋەرلەر مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقىدىن قوبۇل قىلىنىپ بېرىلەتتى، قىسمەن خەلقئارا خەۋەرلەر ت ئا س س نىڭ تاشكەنت، ئالمۇتىلاردىن تارقىتىلغان خەۋەرلىرىدىن قوبۇل قىلىنىپ بېرىلەتتى. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە گېزىت 1940-يىلى 1-ئايدىن تارتىپ ئايرىم - ئايرىم گېزىت بولۇپ چىقىشقا باشلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1941-يىلى يانۋاردىن باشلاپ ئىلىدا قازاقچە گېزىتمۇ چىقىشقا باشلىدى(دەسلەپتە ھەپتىسىگە

بىر سان، كېيىن ھەپتىسىگە ئىككى سان چىقتى.) بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىلىدا ئىككى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقتىلا گېزىت چىقىرىلغانىدى.

«ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى بىلەن خەنزۇچىسى بۆلۈنۈپ چىققاندىن كېيىنكى تۇنجى سان تېپىلمىدى. تېپىلغىنى 1941-يىلى 1-ئاينىڭ 1-(چارشەنبە) كۈندىكى 1495-سانى بولدى(ئۇيغۇرچىسى). ئەڭ ئاخىرقى سانى 1944-يىل 5-ئاينىڭ 31-(چارشەنبە) كۈندىكى 2524 سان بىلەن تۈگىدى. بۇ ئاخىرقى سان گېزىت سامان قەغەزگە بېسىلغان.

گېزىتخانىنىڭ ئورنى 1937-يىلى قارا دۆڭدىن كېيىنكى غۇلجا شەھەرلىك پارتكوم ئىشخانا بىناسىنىڭ (ھازىرقى توغلۇقۋەن بازىرى ئورنىدا ئىدى) ئورنىدىكى قورۇغا كۆچۈپ كەلدى. 1940-يىلى توغرا كۆۋرۈككە (ھازىرقى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى قورۇسىنىڭ بىر قىسمىغا) كۆچۈپ، تەھرىر بۆلۈم مەمۇرىيەت ئىشخانىلىرى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتى.1955-يىلى 10-ئايغىچە گېزىتخانىنىڭ ئورنى شۇ يەردە بولدى.

1930-يىللاردا يېتىشىپ چىققان جامائەتچىلىككە تونۇلغان ئۇيغۇر ۋە تاتار زىيالىيلىرىدىن داموللا رازىيوف، قاسىمجان قىسمىتى، قاسىمجان قەمبىرى، زىيا سەمىدى، تېيىپزات خەلپەت، خېلىل ساتتارى، يۇسۇپجان غوپۇرى، ھەبىب يۇنۇچى (تاتار)، رەپىق ئابىدى(تاتار)، زۇنۇن قادىرى، كېۋىر نىياز قاتارلىقلار ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئۇنى ئاكتىپ قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، گېزىت ئارقىلىق خەلققە بىلىم-مەرىپەت بېرىش، خەلقنى فېئودال خۇراپاتلىق ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا نۇرغۇن جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. دامولla رازىيوف 1935-يىلى «ئىلى دەرياسى گېزىتى» دە «يامانلىقنى دىل توسمىسا لاتا توسىيالمايدۇ» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە يېزىپ، ئاياللارنى پەرەنجىنى تاشلاپ، خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن-ئازادە يورۇشقا دالالەت قىلدى. جەمئىيەتتە بۇ دەۋەتنىڭ تەسىرى، رولى ناھايىتى چوڭ بولدى. جۈملىدىن شۇ مەزگىلدە غۇلجىدا «غېرىپ-سەنەم» ئوپېراسى ئوينالغاندا، رازىيە خانىم تۇنجى قېتىم سەھنىدە سەنەمنىڭ رولىنى ئېلىپ، ئاياللارنىڭ سەھنىگە چىقىشىغا يول قويۇلمايدىغان ئەھۋالغا خاتىمە بەردى. 1935-يىلى دامولla رازىيوف «ئىلى دەرياسى گېزىتى» دە پەننىي مەكتەپنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلىدىغان بىر ماقالە ئېلان قىلدى. زۇنۇن قادىرى بۇ ماقالىنى دەرھال قوللاپ، شۇ گېزىتتە «ئالغا قاراپ ماڭايلى» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە يېزىپ، يېڭى بىلىم، يېڭى ھۈنەر-سەنئەتنىڭ مۇھىملىقىنى، ئەۋزەللىكىنى شەرھىيلىدى.

www.uyghurkitap.com



مەتبەئە ئىشلىرىدا ئابلەت سەمەت، تاش مەھەممەت، شاراخمان، ئەخەت زايىدى قاتارلىق كىشىلەر ئىشلەيتتى. ھەرپ قويۇش كاسسىلىرى بولمىغاچقا، ھەرپلەر ھىجىرلارغا قويۇلاتتى. توك بولمىغاچقا، ئاخشىمى قارا چىراغ ياندۇرۇپ ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. گېزىت باسىدىغان ماشىنا قول بىلەن ئايلاندۇرۇلاتتى.

## «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان گېزىتى»

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئىلغارلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1944-يىلى كۈزدە ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە جاھانگىرلىككە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. شۇ يىلى 10-ئايدا نىلقىدا كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاب يالقۇنى ناھايىتى تېز ھەم شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ، 11-ئاينىڭ 7-كۈنى غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىندى.

ئىنقىلابتا ئاخبارات سېپىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بىلگەن ئىنقىلاب رەھبەرلىكى غۇلجا شەھىرىدىكى گومىنداڭ قوماندانلىق شتابى ئېلىنغان كۈننىڭ ئەتىسىلا پېشقەدەم ئاخباراتچىلاردىن ھەبىپ يونۇچى، زۇنۇن قادىرى قاتارلىق بىر نەچچە كىشىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، گېزىتخانىنىڭ خىزمىتىنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يېڭىدىن گېزىت چىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى تېز ۋە قىزغىنلىق بىلەن تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ، شۇ ئاينىڭ 17-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى سۈپىتىدە «ئازاد شەرقىي تۈركىستان گېزىتى»دۇنياغا كەلدى (1946-يىلى تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن بۇ گېزىت «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» دېگەن نام بىلەن چىقتى.) گېزىت كىچىك فورماتتا تۆت بەتلىك گېزىت بولۇپ كۈندە چىقاتتى. گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى دەسلەپ ھەبىپ يونۇچى بولدى. 1945-يىلى 8-ئايدا ھەبىپ يونۇچى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھۈسەيىن ناسىر باش مۇھەررىر بولدى. دەسلەپتە بۇ گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىرى مۇقىم ئەمەس ئىدى (چۈنكى ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى بىلەن خادىملار ئارىسىدا ئۆزگىرىش بولۇپ تۇراتتى.) مۇھەررىرلىرى زۇنۇن قادىرى، نۇر بوساقوپ، ئەلقەم ئەختەم، قاسىم مۇسايوف، تېيىپچان ئېلىيېف، تۇرسۇن ۋاھىدى، مەننان قېيۇم، خەمىت تۆھفى، ئارمىيە داموللا (نىمشېھىت) قاتارلىقلار ئىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمىدىن مۇتەللىپ قاسىم، كېۋىر نىيازلار گېزىتنىڭ سېنزورلۇقىنى ئۈستىگە

ئالدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاشتىن ئىلگىرى، يەنى 1944-يىلى 8-ئايدا غۇلجا شەھىرىدە كىچىك فورماتلىق يار ئاستى شاپىگراف گېزىتى «ئۈچقۇن» گېزىتى چىقىرىلغانىدى. بۇ گېزىت شۇ چاغدا ئىلىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىنقىلابنىڭ يادرو كۈچى «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ نەشر ئەپكارى ئىدى. 1944-يىلى 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرى «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ 19 ماددىلىق سىياسىي پروگراممىسى ئەنە شۇ «ئۈچقۇن» گېزىتىدە بېسىلىپ، چاقماق تېزلىكىدە ھەر قايسى ناھىيە ۋە ئاساسلىق يېزىلارغا يەتكۈزۈلگەنىدى. ئىنقىلابىي ئىدىيىگە ئىگە ياشلارنىڭ گومىنداڭغا قارشى تەشكىللىنىشىدە «ئۈچقۇن» گېزىتى، ئۇنىڭدا ئېلان قىلىنغان «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ سىياسىي پروگراممىسى ناھايىتى زور ئويغىتىش رولىنى ئوينىدى. شۇ چاغلاردا «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى ھەبىب يونۇچى ۋە ئىمىنجان، ئابدۇرېشىت ئىمىنوفلار ئاخباراتچىلىققا بىۋاستە قاتنىشىپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلغانىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە چىققان گېزىتلەر ئىنقىلابنىڭ ھەرقايسى مەزگىللەردىكى ۋەزىيىتى، ۋەزىپىلىرىگە يېقىندىن ماسلىشىپ ۋە شۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، جەڭگىۋارلىق بىلەن جىددىي ھەم ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلىدى. پېشقەدەم ئاخباراتچى زۇنۇن قادىرى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا گېزىتنىڭ ھەربىي مۇخبىرى ئىدى. ئۇ ھەرەمباغ، ئايرودروملاردىكى ئۇرۇشلاردا يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار بىلەن ھېسابلاشماي، ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ، ئۇرۇش قايناملىرىدىكى يېڭى-يېڭى غەلىبىلەرنى، يېڭى - يېڭى باتۇرلارنى گېزىتتە تەشۋىق قىلىپ، جەڭچىلەرگە ئىلھام ۋە باتۇرلۇق بېغىشلىغانىدى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى، ئىنقىلابىي قۇربان رىزۋانگۈلنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدىكى قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرىنى يازدى. بۇ گېزىت ھەرقايسى فرونتلاردىكى جەڭچىلەر ئارىسىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، جەڭچىلەر «قەھرىمان رىزۋانگۈل ئۈچۈن ئۇررا! رىزۋانگۈل ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمىز!» دەپ، دۈشمەنگە سەلدەك ئېتىلدى. يەنە كۈرەش قەھرىمانى نادىروف زىخرۇللامنىڭ جېنىنى قولىغا ئېلىپ، ئۈزمەي ئوت ئېچىۋاتقان دۈشمەن پوتمىيگە بۆسۈپ بېرىپ، ئۇنى پارتلىتىپ جەڭچىلەرنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە يول ئېچىپ بەرگەنلىكىدەك قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى بېسىلغان گېزىتلەر ئۇرۇش سەپلىرىدىكى جەڭچىلەرنىڭ شىجائىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى.

www.uyghurkitap.com



گېزىتتە يەنە ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ تەشەببۇس ۋە سىياسەتلىرى تەشۋىق قىلىندى ھەم چۈشەندۈرۈلدى؛ ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، كۈرىشى ۋە تۆرلۈك خىزمەتلىرى خەۋەر قىلىندى ھەم تونۇشتۇرۇلدى؛ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ۋە سىياستى پاش قىلىندى؛ باشقا ۋىلايەتلەردىكى (يەنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى) ۋەتەنپەرۋەرلىك دېموكراتىك ھەرىكەتلەر قوللاندى؛ ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى تەشۋىق قىلىندى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىرى، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە خەلقئارا مەسىلىلەر، خەلقئارا ئىشچىلار ھەرىكىتى، فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش نەتىجىلىرى، ھەرقايسى ئەل كومپارتىيىلىرىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى خەۋەر قىلىندى.

ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى، ھەبىب يونۇچى، ھۈسەيىن ناسىرى، نۇر بوساقوۋ قاتارلىق يولداشلار گېزىتكە داۋاملىق باش ماقالە يېزىپ تۇراتتى. يەنە جەمئىيەتتىكى مەشھۇر تەرەققىيپەرۋەر زاتلارمۇ ماقالە يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىناتتى. گېزىتكە يەنە ت ئا س س ۋە شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرى بېسىلىپ تۇراتتى، ئىختىيارىي مۇخبىرلار بىلەن بولغان ئالاقە چىڭ تۇتۇلغاچقا، ئۇلار دائىم خەۋەر ـ ماقالىلەرنى يېزىپ تۇراتتى. نەتىجىدە گېزىت ئىنقىلابىي تەشۋىقاتتىكى رولىنى ئوبدان ئويناپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەر جەھەتتىكى غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلدى.

1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالاندى. ئىنقىلاب تەرەققىي قىلىپ بۇ باسقۇچقا كەلگەندە، ئاخباراتنىڭ، گېزىتنىڭ رولى تېخىمۇ مۇھىم بولدى، ۋەزىيىسى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. گېزىت گومىنداڭچىلارنىڭ تىنچلىق بىتىمگە ئوچۇقتىن ئوچۇق بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق جىنايى قىلمىشلىرىنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن پاش قىلدى، خەلقنى دۈشمەننىڭ سۇيىقەستىدىن ھوشيار بولۇپ، ئىنقىلاب غەلىبە مېۋىلىرىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەشكە چاقىردى.

## «ئالغا گېزىتى»

1948 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلابچىل ياشلار

تەشكىلاتى، خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە قاتارلىق تەشكىلاتلار ۋە ئۇرۇمچىدىكى بەزى ئىلغار تەشكىلاتلار بىرلەشتۇرۇلۇپ ئۆلكە بويىچە ئاممىۋىي خاراكتېرگە ئىگە سىياسىي تەشكىلات «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا ئەخمەتجان قاسىمى رەئىس بولۇپ سايلاندى. ئىتتىپاقنىڭ مۇھىم ئاپپاراتلىرىدىن بىرى بولۇپ ئاخبارات باشقارمىسى قۇرۇلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشقارمىنىڭ باشلىقى بولدى. ئاخبارات باشقارمىسى ئۈچ ۋىلايەتتىكى پۈتكۈل ئاخبارات ئىشلىرىغا، جۈملىدىن گېزىتلەرگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلدى. ئىتتىپاقنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ «ئالغا گېزىتى» نەشر قىلىندى. سەيپىدىن ئەزىزى بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى بولدى.

«ئالغا گېزىتى» ئىنقىلابنىڭ يېڭى باسقۇچىدىكى يېڭى، مۇھىم ۋەزىپىلەرنى، سىياسەتلەرنى تۇپ نىشان قىلغان ھالدا ئۆزىنىڭ تەرغىباتچىلىق، تەشكىلاتچىلىق رولىنى ئاكتىپ ۋە ئەستايىدىل جارى قىلدۇردى. بۇ گېزىت چوڭ فورماتتا كۈن ئارىلاپ چىقاتتى. گېزىتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى » نىڭ تورلۇك پائالىيەتلىرىنى، سىياسەت، پرىنسىپلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش، مىللىي مەسىلىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن كۆڭۈل بۆلۈش، ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قارار، چارە، پرىنسىپلىرىنى ئىزچىل تەشۋىق قىلىش ھەمدە بۇ جەھەتتىكى تېپلارنى تىكلەشتىن ئىبارەت ئىدى.

«ئالغا گېزىتى» 1949 - يىلى12 - ئايغىچە غۇلجا شەھىرىدە چىقتى، 1949 -يىلى12 -ئايدا «ئىتتىپاق» مەركىزى ئۇرۇمچىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، گېزىتمۇ بىللە يۆتكەلدى. 1954 -يىلى«ئىتتىپاق» ئەمەلدىن قالدى.

«ئۈچ ۋىلايەت گېزىتى» دەسلەپ نەشر قىلىنغاندا ھەبىب يۈنۈچى گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى بولدى. 1945 -يىلى ھەبىب يۈنۈچى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ھۈسەيىن ناسىر باش مۇھەررىر بولدى. 1946 -يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ 1947 -يىلى 10 -ئايغىچە ئەسئەت ئىسھاقوپ باش مۇھەررىر بولدى. ئۇ ۋالىي مەھكىمىسىگە يۆتكىلىپ، ئورنىغا ياسىن خۇدابەردى باش مۇھەررىر بولدى. 1948 -يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئازادلىققىچە ئۇيغۇر سايرانى باش مۇھەررىر بولدى. گېزىتخانىدا زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيېف، ئارمىيە ئېلى داموللا (نەمشېھىت)، مەنئان قېيۇم، ساۋۇر ئۆمەر، نۇربوساقوپ، ھۈسەيىن ئەبەيدۇللا، ئابلىز نازىرى، قاسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پەرسا، ئىمىن موللا ھاجى، ئابلەت سەمەت، يارمۇھەممەت، تۇرسۇن ئىمىن، ماخمۇت ئېلاچى، ئابدۇقادىر تۇردى، ئەنۋەر ناسىرى، سىرگىي، مۇھەممەت سىدىق نورۇز، خەمىت سۇلتان، ئابدۇرېشىت ئىمىنوف، تۇردۇش، ناسىر ھەسەن، قاسىم مۇسايوف، تۇرغۇن ئالماس، تۇرسۇن ۋاھىدى، خەمىت تۆھفى قاتارلىق كىشىلەر مۇھەررىر، مۇخبىر، كوررېكتور، تەرجىمان، مەتبەئە ساھەلىرىدە ئىشلىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە ئۇيغۇرچە گېزىت كۈندىلىك بولۇپ، كىچىك فورماتتا چىقاتتى. ئەلقەم ئەختەم ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىدى. قازاقچە گېزىت ھەپتىدە ئۈچ سان چىقاتتى. فورماتى كىچىك بولۇپ، تەھرىر بۆلۈم باشلىقى قۇرمانئەلى ئوسمانوف ئىدى. موڭغۇلچە گېزىت كىچىك فورماتتا بولۇپ، ھەپتىسىگە ئىككى سان چىقاتتى. تەھرىر بۆلۈم باشلىقى داشجاپ ئىدى. خەنزۇچە گېزىت كىچىك فورماتتا ھەپتىسىگە ئىككى سان چىقاتتى. تەھرىر بۆلۈم باشلىقى چىن شىخۋا ئىدى. شىبەچە گېزىت كىچىك فورماتتا ھەپتىسىگە ئىككى سان چىقاتتى، تەھرىرى بۆلۈم باشلىقى جوڭچيەن ئىدى. رۇسچە گېزىت كىچىك فورماتتا ھەپتىسىگە بىر سان چىقاتتى.

ئۈچ ۋىلايەتتە چىققان گېزىتلەرنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدا تەسىرى ئىنتايىن چوڭ ئىدى. خەلق ئۇلارنى تەشنالىق بىلەن ئوقۇپ، مەنىۋى ئوزۇق ئالاتتى. بۇ گېزىتلەر ئۈرۈمچى ۋە باشقا ۋىلايەتلەرگە مەخپىي يەتكۈزۈلەتتى. ئىنقىلابچىلار ھاياتىنىڭ خېيىم-خەتەرگە ئۇچرىشىدىن قورقماي، بۇ گېزىتلەرنى كوچىلارغا چاپلاپ قوياتتى ۋە ئۆي-ئۆيلەرگە تارقىتاتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇركېرىم ئابباسوفلار ئاخبارات ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلەيتتى، باش ماقالە، ئوبزور ۋە مەخسۇس ماقالىلەرنى يېزىپ بېرەتتى. گېزىتكە بېرىلىدىغان ئاساسلىق ماقالىلەرنى مەخسۇس تەھرىرلەپ بېرەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارىماي گېزىتخانىغا پات-پات كېلىپ، ئەھۋال سوراپ، مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلار بولسا ھەل قىلىپ بېرەتتى. ئۇ گېزىتخانىنىڭ قاتناش قوراللىرى يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن 1948-يىلى ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈپ چىققاندا خەلق تەقدىم قىلغان ئىككى ئاتنى گېزىتخانىغا بەردى. (بۇ چاغلاردا ئات ھارۋا ئاساسلىق قاتناش قورالى ئىدى.) ئابدۇكېرىم ئابباسوفمۇ ئاخبارات ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغاندىن باشقا،

دائىم گېزىتخانىغا كېلىپ خىزمەتكە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قىزغىن كۆيۈنەتتى، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى، ئۇلارغا ئىلھام بېرەتتى.

قىسقىسى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە چىققان گېزىتلەر ئىنقىلابنىڭ كۈچلۈك جەڭگىۋار قورالى بولۇپ، خەلقنى قوزغاپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىنقىلاب مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملەش، شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش، ئاخىرىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلابى بىلەن غەلىبىلىك تۈردە بىرلەشتۈرۈشتە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئاخىرىدا شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئىنقىلاب قوشۇنىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، بىر قىسىم رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋالغان ئېلىخان تۆرىگە ئوخشاش بىر ئوچۇم كىشىلەر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرىمىز» دەپ چۇقان سېلىپ، بەزى ئەكسىيەتچىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كۆرۈلگەن بەزى خاتالىقلار، نۇقسانلار گېزىتنىڭ تەشۋىقات، تەرغىبات ئىشلىرىدا ئەكس ئەتمەي قالمىدى. لېكىن بۇ خاتالىقلار ۋە نۇقسانلار مەلۇم دائىرىدە، قىسقا ۋاقىتلا داۋام قىلدى. چۈنكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ۋە سىياسىي-قانۇن، مەدەنىي-مائارىپ، ئاخبارات قاتارلىق ئاساسلىق ئورۇنلىرىدىكى ھوقۇق چېن تيەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلارنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپ ماركسىزم، لېنىنىزم ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن ھەر مىللەت زىيالىيلار ۋە باشقا ئىلغار كىشىلەرنىڭ قولىدا بولغاچقا، ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلار سۇيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرى، گېزىتلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۈپ نىشانى بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، جاھانگىرلىككە، پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمغا قارشى تۇرۇشنى ئاممىغا تەشۋىق قىلىش ۋە ئاممىنى شۇ يولدا قوزغاش، تەشكىللەشنى ئۆزىنىڭ تۈپ يۆنىلىشى ھەم ۋەزىپىسى قىلدى. ئەمدى ئەينى ۋاقىتتىكى گېزىت نامىنىڭ «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» ياكى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىلىشىغا كەلسەك، بۇنى شۇ چاغدىكى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەت، تارىخىي شارائىت بەلگىلىگەن. بۇ ئىنقىلابنىڭ ئەنە شۇ باسقۇچىدا خەلقنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ئىنقىلابنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا

قوللىنىلغان ۋاقىتلىق تاكتىكا، خالاس. بۇ ھەرگىز ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋە ئۇنىڭ جەڭگىۋار قورالى بولغان گېزىتىنىڭ توپ يۆنىلىشى، توپ نىشانىدىكى خاتالىق ئەمەس، بۇنىڭغا تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرى بىلەن قاراپ، شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىت، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن تەھلىل يۈرگۈزۈش، باھا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

# قەدىمىي يولدىكى ئۆچمەس خاتىرىلەر

غوجائەخمەت يۇنۇس

ئىلى ۋادىسىدىن مۇڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى شوتا دەرياسىنى بويلاپ ھەيۋەتلىك تەڭرىتېغىدىن ئۆتىدىغان «شوتا قەدىمكى يولى» (« مۇز ئارت قەدىمكى يولى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە. ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى، داۋانلىرىنىڭ خەتەرلىكلىكى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى-سىرتىغا مەشھۇر بولغان بۇ قەدىمكى يولدا سان ـ ساناقسىز تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەردىن قالغان ئىزلار قاتارىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە مىللىي ئارمىيە كوماندىر-جەڭچىلىرىدىن قالغان ئۆچمەس خاتىرىلەر بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ ئۆچمەس خاتىرىلەر ئىچىدە شوتا دەرياسى بويىغا ئورنىتىلغان خاتىرە تاش، شوتا ئارشىڭىدىكى مەسچىد، خادا مۇز مۇزلىقىدىكى خەت ئويۇلغان تاش قاتارلىقلار بار.

خاتىرە تاش شوتا يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا يەتتە كىلومېتىر كېلىدىغان يول بويىغا شوتا دەرياسىنى ياقىلاپ تاغقا ئۆرلىگەندە، يولنىڭ ئوڭ تەرەپ ياقىسىغا كۆن چىقىشقا قارىتىلىپ قويۇلغان. بۇ ئاق رەڭلىك خاتىرە تاشنىڭ ئېگىزلىكى 160 سانتىمېتىر (يەردىن چىقىپ تۇرغان قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 133 سانتىمېتىر) كېلىدۇ. ئاستىنىڭ كەڭلىكى 166 سانتىمېتىر كېلىدۇ. تاشقا ئەينى ۋاقىتنىڭ ئىملاسى بويىچە ئۇيغۇرچە 12 قۇر خەت ئويۇلغان. خاتىرە تاش ئورنىدىن قوزغىتىلىش، زەخمە يېيىش نەتىجىسىدە قىسمەن يېرىقلار بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئويۇلغان خەتلەرنى ئوقۇغىلى بولىدۇ. خاتىرە تاشنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ھىلال ئاي بىلەن بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇزنىڭ رەسمى ئويۇلغان. ئۇنىڭ ئاستىغا تۆۋەندىكى خەتلەر ئويۇلغان:

«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

ئازاد شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ 1-تېكەس ئاتلىق پولكى، غۇلجا، جىڭ، شىخولارنى دۈشمەندىن ئازاد قىلغاندىن سوڭ 1945-يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا شاتىغا كېلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئەسىرلەر بويى خەلق ئۆتۈشكە قىينىلىپ كەلگەن

شاتى يولىدىكى چوڭ تاشلارنى ئېلىپ، ھارۋا يۈرۈشكە لايىق قىلىپ ياسادى. II ئارشاڭدىن قۇمبېلگە قەدەر ياڭىدىن ئۆي، مەسچىت، مۇنچالار سالىندى. 1946-يىلى ئاپرېل ئايىدا شاتى خەلق فايدىسى ئۈچۈن كاتتا توغان قازىلىپ، سۇ چىقىرىلدى. توققۇز يەرگە كۆۋرۈك سېلىنىپ، بىتىم كۈنى خەلققە ئەركىن بېرىلدى. يۇقارقى ئىشلار پولكىمىزدىكى ئەسكەر ئەفتسەرلەرنىڭ جىسمانىي غەيرىتى بىلەن تاماملاندى.

كوماندىر پالكا-پالكاۋنىك مەۋلانوۋ»

بۇ خاتىرە تاشنى مىللىي ئارمىيە تېكەس بىرىنچى ئاتلىق پولكى 1945-يىلى 10-ئايدا موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شوتا يېزىسىغا كېلىپ، شوتا قەدىمكى يولىدا مۇداپىئەدە تۇرغان مەزگىلىدە، پولك كوماندىرى 60 ياشلىق پولكوۋنىڭ ئىسھاقجان مەۋلانوۋ (قىرغىز) ئورناتقۇزغان. تاشقا ئويۇلغان يېزىق تېكىستىنى پولكنىڭ كاتىپى سىدىقجان يېزىپ چىققان. تاشقا خەت ئويغۇچى ئادەم ئۈستىدە خەلق ئارىسىدا ئىككى خىل گەپ بار : 1. خەتنى پولكنىڭ تۆمۈرچىسى ئەمەت ئۇستا ئويغان. كۆپ جەھەتتە ماھارەتلىك بولغان بۇ ئادەم 1982- يىلى شوتا يېزىسىدا ۋاپات بولغان؛ 2. خەتنى پولكنىڭ قورال-ياراغ، تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى 45 ياشلاردىكى ستارشىن ھاشىم ئويغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىشى بىلەن بۇ خاتىرە تاش ئاغدۇرۇۋېتىلگەن، 1978-يىلى ئاما تەرىپىدىن قايتا تۇرغۇزۇپ قويۇلغان.

مىللىي ئارمىيە تېكەس بىرىنچى ئاتلىق پولكى شوتا قەدىمكى يولىدا مۇداپىئەدە تۇرغان مەزگىلىدە شوتا خەلقىنىڭ غېمىنى يەپ، بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ بەردى: پولكتىكى كوماندىر-جەڭچىلەر بىر ئايغا يېقىن جاپالىق ئىشلەپ شوتا مەھەللىسىدىن (مەھەللىنىڭ بۇرۇنقى ئورنىدىن) شوتا ئارشىڭىغىچە بولغان 28 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئات-ئۇلاغ يولىدىكى چوڭ تاشلارنى ئېلىپ تاشلاپ، يولنى كېڭەيتىپ، هارۋا يۈرەلەيدىغان يول قىلىپ ياسىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇز ئارت داۋىنى ئارقىلىق ئىلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا كېلىدىغان يولۇچىلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى. ھەربىي ئىشلارغىمۇ ئاسانلىق تۇغۇلدى. پولكتىكى كوماندىر - جەڭچىلەر شوتا خەلقىنىڭ دېھقانچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 1946-يىلى 4-ئايدا 3.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چاپتى. شوتا دەرياسىنىڭ سۈيى بۇ

ئۈستەڭ ئارقىلىق مۇنبەت شوتا يەرلىرىگە باشلىنىپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قولايلىق يارىتىلدى. ئۇلار يەنە شوتا دەرياسىغا ۋە باشقا ئېقىنلارغا توققۇز يەرگە كۆۋرۈك سېلىپ، قاتناش ئىشلىرىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. بۇ پولك خەلق ۋە ئەسكەرلەرنىڭ پاناھلىنىشى ئۈچۈن، مۇز ئارت داۋىنىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى شىپالىق دېگەن يەرگە تۇمان ۋە بوراندىن ساقلىنىدىغان ياغاچ ئۆي ياسىدى، بۇ ئۆينى ياساشقا كېرەكلىك قارىغايلارنى كوماندىر-جەڭچىلەر 10 نەچچە كىلومېتىر تۆۋەندىن داۋانغا كۆتىرىپ ئېلىپ چىقتى (داۋاندا قارىغاي بولمايدۇ.) پولكتىكى كوماندىر-جەڭچىلەر شوتا ئارشىڭدا يەتتە ئېغىز ئۆي ۋە بىر مەسچىد سالدى. ئارشاڭ ۋانىسىنى قېزىپ، ئەتراپىنى تاختاي بىلەن توسىدى. بۇ ئارقىلىق كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ ۋە بۇ ئەتراپتىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئارشاڭغا چۈشۈپ داۋالىنىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى.

مىللىي ئارمىيە تېكەس 1-ئاتلىق پولكى شوتا قەدىمكى يولىدا مۇداپىئەدە تۇرۇشتىن ئىلگىرى، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ بۇ قەدىمكى يولدا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلىرىمۇ بار. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ ئۇرۇش قىلىش پىلانى بويىچە 1945-يىلى 7-ئايدا پولك كوماندىرى سوپاخۇننىڭ باشچىلىقىدا ئاقسۇغا ماڭغان ئاتلىق پارتىزان ئەترىتى 8-ئاينىڭ 24-كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى قورغاننى ئىگىلەپ ۋە داۋان چارسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ، مۇز ئارت داۋىنى يولىنى راۋانلاشتۇردى. داۋان يولى ئېچىلغاندىن كېيىن مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى قىسىملىرىدىن 1000 غا يېقىن كىشى 8-ئاينىڭ 30-كۈنى بۇ قەدىمكى يول بىلەن ئاقسۇغا چۈشتى. شۇ يىلى 10-ئاينىڭ 19-كۈنى مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى قىسىملار مۇز ئارت داۋىنىدىن شىمالغا چېكىندى. ئۇلار مۇز ئارت داۋىنىنى ساقلاشقا بىر قىسىم جەڭچىلەرنى قالدۇردى. داۋاننى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى تاكى ئازادلىققا قەدەر قار-مۇزنى بازا قىلىپ، بۇ مۇھىم ئۆتكەلنى مۇداپىئە قىلدى.

مىللىي ئارمىيە كوماندىر-جەڭچىلىرى شوتا ئارشىڭدا سالغان ئۆيلەردىن ھازىر پەقەت مەسچىدلا ساقلىنىپ قالغان. ھازىر ئارشاڭغا داۋالانغىلى كەلگەنلەر ھېيت نامىزىنى مۇشۇ مەسچىدتە ئۆتەيدۇ. مەسچىد ئارشاڭدىكى ياغاچ ئۆيلەر بىلەن قورشالغان مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا ياغاچتىن ئۇزۇن چاسا قىلىپ سېلىنغان،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مەسچىدنىڭ ياغاچ تاملىرى ئەينى ۋاقىتتا ۋە كېيىنكى چاغلاردا قېرىنداش، قەلەم بىلەن يېزىلغان خەتلەر بىلەن تولغان. مېھراپقا يېقىن ئۇڭ تەرەپتىكى ياغاچ تامغا مۇنداق دەپ يېزىلغان: «ئۇشبۇ مەسچىد 5 ـ ئىسكادرون كوماندىرى قادىر بېردىيوۋ نۇرمۇھەممەت (كۆككۆز) نىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ئەسكەرلىرى ئارقىلىق ياسىلىپ پۈتتى. 1946 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى.

يازدىم شاياخونوۋ ئابدۇللا.»

شوتا قەدىمكى يولى بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ، توغرا سۇ، ئايغىر ئالدى مۇزلۇقلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مۇز ئارتتىكى 3 ـ مۇزلۇق بولغان خادامۇز مۇزلىقىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تاشقا ئويۇپ يېزىلغان . «1.10.1949» دېگەن رەقەملەر ھېلىھەم ساقلاقلىق. بۇ ئاددىي رەقەملەردىن مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ جەڭگىۋار ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى كۇتۇۋالغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خادا مۇز مۇزلۇقىغا يېقىن جايلاشقان شىپالىق دېگەن يەردىكى مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى سالغان ياغاچ ئۆي ھېلىھەم بار.

يۇقىرىقى ئۆچمەس خاتىرىلەر بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى بۇ قەدىمكى يولدا بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ئىشلارنىڭ شاھىدى ھېسابلىنىدۇ.

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە كۆرەدە ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىم

ۋاڭ جۇنجاڭ

1944-يىلى 10-ئايدا نىلقا ناھىيىسىدە مىللىي ئارمىيە قوراللىق ئىنقىلابى (يەنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى) پارتلىدى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنىڭ تاشقىنى غايەت زور بولۇپ، چاقماق تېزلىكىدە ئىلگىرلەپ بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا غۇلجا شەھىرىنى ئىگىلىدى. 12-ئاينىڭ 7-كۈنى شەھەردە ئىلى ساقچى ئىدارىسى بىلەن ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلدى. گومىنداڭنىڭ بىر تۈركۈم كوماندىر - ئەسكەرلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى ھەرەمباغقا قېچىپ بېرىۋېلىپ، ئەسكەر كۆچى توپلاپ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە ئۇرۇندى، گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇۋەققەت مەمۇرىي تەپتىشى ۋە ئامانلىق ساقلاش قوماندانى گاۋجاڭ باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم قالدۇق ئەسكەرلەر غۇلجا شەھىرىدىكى دۆڭمەھەللىدىن يولغا چىقىپ خۇاڭساۋخۇ ئارقىلىق كۆرەگە قېچىپ باردى. ئۇلار كۆرە قەلئەسىگە كىرىپلا كۆرەدە تۇرۇشلۇق ئامانلىقنى ساقلاش 4- پولكىنىڭ كوماندىرى چېڭ جىلياڭ ۋە ئامانلىقنى ساقلاش چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى ليۇ جېنشىن (يەنە بىر ئىسمى ليۇكېبا) لار بىلەن بىرلىكتە قەلئەنى مۇھاپىزەت قىلىش ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ «قەلئەنى مۇھاپىزەت قىلىش قوماندانلىق شتابى» قۇراشتۇرۇپ چىقتى ھەمدە قەلئە ئىچىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت باۋ جاڭ، ئون بېشى ۋە سودىگەرلەر جەمئىيىتىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قەلئە سېپىلىنىڭ ھەربىر دوقمۇشىغا پوتەي، ئىستىھكام قاتارلىق ھەربىي ئىنشائاتلارنى بىر ھەپتە ئىچىدە ياساپ پۈتكۈزۈشكە مۆھلەت بەلگىلەپ بەردى. ئۇلار ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە پۈتكۈزۈش ئۈچۈن، قەلئە ئىچىدىكى ئەر - ئايال، قېرى - ياشلارنى سېپىل ئۈستىگە تاش، خىش، كېسەك يەتكۈزۈپ بېرىشكە ۋە قۇم خالتىسىنى يۆدۈپ توشۇشقا مەجبۇرلىدى، نازارەتچىلەر تېز ماڭمىغانلارنى ئاق قارىسىنى سورۇشتۇمەيلا ئۇرۇپ دۇمبالايتتى.

www.uyghurkitap.com



ھېلىمۇ ئېسىمدە گومىنداڭنىڭ ئىككى ئەمەلدارى (بىرسىنىڭ ئىسمى جاڭ، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى سۇ) قوماندانلىق قىلاتتى. جاڭ رۇخەن ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ پۇتى ئاغرىق بولۇپ ھەرىكىتى تېز بولمىغانلىقى ئۈچۈن سۇ فامىلىلىك ئەمەلدار ئۇنىڭ كاچىتىغا نەچچە شاپىلاق ئۇرۇپ يۈز-كۆزىنى ئىششىتىۋەتكەنىدى. ئۇلار يەنە خەلقنى ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىپ كۈندۈزى پوستتا تۇغۇزۇپ، كېچىسى كۆزەتچىلىك قىلدۇرۇپ قەلئە مۇھاپىزىتىنى كۈچەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا قەلئە ئىچىدە زورلۇق-زومبۇلۇق ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، بەزىدە يېرىم كېچىلەردىمۇ يىراقتىكى ئېچىنىشلىق چىرقىراشلارنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. ساقچى ئىدارىسى يەنە سېپىلنىڭ تۆت دەرۋازىسىنى تاقاپ خەلقنىڭ سىرتقا چىقىشىنى چەكلىگەن، شەرقىي دەرۋازىدا بىرلا كىشى كىرىپ چىقالايدىغان يوچۇق قالدۇرۇپ، ئۇ يەرگە پەيچۇسونىڭ سوجاڭى تاۋگوجېڭنى تەكشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرغان. مۇشۇنداق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مىللىي ئەسكەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇلار دىققەت قىلمىغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ سېپىلدىن ئارغامچىغا ئېسىلىپ چۈشۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەتتى، خەلق بۇنداق ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تېخىمۇ قورقۇپ پاراكەندە بولاتتى. سېپىل دەرۋازىسىنىڭ تاقىلىشى بىلەن تۇرمۇش قىيىنلاشقان، بەزى ئائىلىلەر ئۇن ئالالماي كېپەك يەپ كۈن ئۆتكۈزگەن، كۆمۈرى قالمىغاندا ئۆيلىرىنى بۇزۇپ ياغاچ-چەنزىلىرىنى قالاپ ئىسسىنغان. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قەلئە ئىچىدە ھەربىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاتلىق 4-پولكتىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ قورال-ياراغلىرىنى يىغىۋېلىپ خەنزۇ ئەسكەرلەرگە، ساقچىلارغا تارقىتىپ بەرگەن.

گومىنداڭ كۈچى ئاجىزلاپ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ قېلىپ ھەم ئۇرۇش قىلالمايتتى ھەم مۇداپىئەلىنىشكە مادارى قىلمىغانىدى. پەقەت تىنچلىق يولىغا مېڭىشتىن ئىبارەت بىرلا يولى قالغانىدى. مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيە قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىش، تىنچ يول بىلەن كورەنى ئازاد قىلىشنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم سىدىق ئىمىن، بەكرى غازى ۋە جاڭ شاۋزېڭ قاتارلىق كىشىلەرنى شەرقىي دارۋازىدىن كىرىپ گومىنداڭنىڭ كورەدە تۇرۇشلۇق كاتتىباشلىرى بىلەن سۆزلىشىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار قەلئەگە كىرىپ كېلىشتىكى مەقسەتلىرىنى بايان قىلدى ھەم سۈيدۈڭدە تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغانلىقتىن كېلىپ چىققان پاجىئەلىك ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ، كورە قەلئەسى ئىچىدىكىلەرنىڭ قورالىنى تاشلاپ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش يولىغا

مېڭىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا پۈتۈن قەلئە ئىچىدىكى ھەربىي، خەلقنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى دېيىشتى. 12-ئاينىڭ 30-كۈنى گومىنداڭنىڭ ئىلىدىكى ۋالىيسى گاۋجاڭ، مەجرۇھ ئەسكەرلەر تەربىيە يۇرتىنىڭ باشلىقى گويىڭكۈي، «دېشىڭتاڭ» دورىخانىسىنىڭ باشقۇرغۇچىسى جاڭ تۇڭيى قاتارلىق بەش كىشى بىلەن قەلئەدىن چىقىپ سېپىل سىرتىدىكى ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ كوماندىرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ھەر ئىككى تەرەپ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش شەرتلىرىنى ۋە كونكرېت تەلەپلەرنى ئىجرا قىلىشنى قارار قىلدى ھەم 12-ئاينىڭ 31-كۈنى چۈشتىن كېيىن سېپىلنىڭ شەرقىي، جەنۇبىي دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋېتىشنى، ئاق بايراق چىقىرىپ مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ قەلئەگە كىرىشىنى بېكىتتى، گاۋ جاڭ قەلئەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پولك كوماندىرى چېڭ جىلياڭ بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن ساقچىنىڭ كاتتىباشلىرىنى ۋە يەرلىك سىياسىي ساھەدىكى ئەربابلارنى چاقىرىپ پولك شتابىدا يىغىن ئاچتى. يىغىندا گاۋجاڭ، چېڭ جىلياڭ تىنچلىق يولىغا مېڭىشنى ئوچۇق ئېلان قىلىپ، تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش شەرتلىرى بويىچە سېپىل دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋېتىپ قورال تاپشۇرۇشنى ۋە باشقا ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى. يىغىن تارقىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا پولك شتاب ئىشخانىسىدىن ئارقا-ئارقىدىن ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گومىنداڭنىڭ ئىككى كاتتىبېشى ئۆزلىرىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالغانىكەن.

مۇشۇنىڭدىن ئىلگىرى قەلئە ئىچىدە كىشىلەر دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ تەرتىپ بەكمۇ قالايمىقان بولۇپ كەتكەنىدى. شۇ ۋاقىتتا ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت ئىدى، بىر قىسىم كىشىلەر ئۇرۇش قىلىشتا چىڭ تۇردى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر يارىشىشتا چىڭ تۇردى. مەسىلەن: ئامانلىقنى ساقلاش 4-پولكىدىكى بىر قانچە جاھىل لىيەنجاڭ، پەيجاڭلار يارىشىشنى خالىماي بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى باشلاپ قورال-ياراغلارنى ئېلىپ سېپىلنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئۆلە-تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ كەتتى. يەنە بىر قىسمى سۇيدۇڭدە مەغلۇب بولۇپ كۈرەگە ئەمدىلا قېچىپ كېلىۋاتقانلار بولۇپ، ئۇلار تەسلىم بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپلا جەنۇبىي دەرۋازىدىن چىقىپ ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە قاراپ قاچتى. نەتىجىدە بۇ ئىككى قىسىم قاچاق كوماندىر-ئەسكەرلەر سېپىلدىن چىقىپلا پېتىراپ كېتىپ ھەممىسى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيىسى تەرىپىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىلدى.

كۆرەدىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي قەلئە 1944-يىلى 12-ئاينىڭ 31-كۈنى ھېچ-قانداق قان تۆكۈلمىگەن ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان ئەھۋال ئاستىدا تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلىپ خەلق ئاممىسى خۇشال-خۇرام ياشاشقا باشلىدى.

# ئاخىرقى سۆز

«ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» بىرلەشمە توپلىمىنى نەشر قىلىپ تارقىتىشتا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىرىنىڭ ۋە ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، شۇنداقلا زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتۇق. ئۇلار توپلامنىڭ تەھرىرلەپ نەشردىن چىقىرىش جەريانىغا كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى. مۇشۇ پۇرسەتتە، بىز ئۇلارغا چىن دىلىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز.

«ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» بىرلەشمە توپلىمىنى نەشر قىلىشتا، ئەسلى ھالىتىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئالدىنقى شەرت قىلىنىپ، بۇرۇنقى نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ تولۇقلاپ رەتلەش، تەھرىرلەپ سېلىشتۇرۇش، قايتىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

ۋاقتىمىز زىچ، ۋەزىپە ئېغىر بولغانلىقتىن تەھرىرلەش جەريانىدا قىسمەن يېتەرسىزلىكلەردىن ساقلىنالىدۇق، دېيەلمەيمىز. ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ۋە تېگىشلىك تەنقىدىي پىكىر بېرىپ تۈزىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**تەھرىراتتىن**

**2009- يىلى 12- ئاي ، غۇلجا**

伊犁文史资料(维文)

中国人民政治协商会议伊犁哈萨克自治州委员会
文 史 资 料 委 员 会

伊宁市阿合买提江街83号　　邮编:835000

伊犁金圣经贸有限责任公司(印刷厂)印制

伊宁市飞机场路28号　　邮编:835000

18开　　印数　1-700本

2009年12月

新疆维吾尔自治区内部资料准印证(第26号)